ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھماز

يېڭى ئۇسلۇبتىكى

# ھەنەفى فىقھىسى

ئىككىنچى قىسىم

(2)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد ئابدۇللاھ**

تەھرىرى:

**مۇنەۋۋەر نىياز**

رىياسەتچى:

**شەيخ فەھد ئىبنى ئابدۇسسالام**

**الفقه الحنفي في ثوبه الجديد**

**عبد الحميد محمود طهماز**

**الجزء الثاني**

**المترجم : محمد عبد الله**

**المحرر : منور نياز**

**المشرف : ف. عبد السلام**

**مركز الترجمة الأويغورية**

# مۇندەرىجە


مۇندەرىجە......................................................................3
ئۇيغۇرتەرجىمە مەركىزىدىن....................................................13
كىتابنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ كىرىش سۆزى........................................15


## بىرىنچى پەسىل


نىكاھنىڭ باياني.................................................................19
نىكاھ باشقا سۆزلەرنى قىلىش بىلەنمۇ چۈشەمدۇ؟...................................24
مەخلۇقاتلارنىڭ ئەركەك چىشى قىلىنىپ يارىتىلغانلىقى.................................25
ئەرنىڭ بۇرۇن يارىتىلغانلىقىنىڭ باياني..........................................28
بالىنى قۇتۇدا يېتىشتۇرۇشنىڭ ھۆكمى.............................................30
ئەر دوختۇرنىڭ ئايال كىشىنى داۋالىشىنىڭ ھۆكمى.................................34
ئۆيلىنىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان ئېھتىياج...................................36
ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىنىش شەكىللىرى...................38
بىر ـ بىرىنىڭ قىزلىرىنى تويلۇقسىز ئېلىشىنىڭ ھۆكمىنىڭ باياني.....................40
بۇ خىلدىكى نىكاھنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ...................................40
قۇرئان كەرىم ۋە توي قىلىش......................................................42
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە توي قىلىش...............................44
فىقھشۇناسلار ۋە توي قىلىش.....................................................47
قول بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ ھۆكمى................................................50
ئىسلام دىنىدا تۇغۇتقا چەكلىمە قويۇشنىڭ يوقلۇقىنىڭ باياني.........................51
نىكاھ قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان ئىشلار......................................55
خېرىدار بولۇش.................................................................55
1 ـ ئايال دىيانەتلىك بولۇشى لازىم................................................55
2 ـ چىرايلىق ئايالنى تاللاش لازىم................................................57

3 ـ تۇغۇدىغان ئايالنى تاللاش لازىم.......................................................58
تويى قىلماقچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈتۈپ بېقىشىنىڭ
ھۆكمى.......................................................................................60
4 ـ ئايال ئېسىل ئائىلىدىن بولىشى لازىم...................................................62
5 ـ ئايال ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەمەس ياتلاردىن بولىشى لازىم....................................64
ئايال تەرەپنىڭمۇ ياخشى ئادەمنى تاللىشى................................................65
ياخشى ئەردە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان سۈپەتلەر........................................65
1 ـ ئەرنىڭ دىيانەتلىك بولىشى..........................................................65
2 ـ تويى قىلماقچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ياشتا بەك
چوڭ پەرق بولماسلىق لازىم..............................................................68
خېرىدار بولۇپ بارغان قىزنى كۆرۈش........................................................70
خېرىدار بولۇپ بارغان ئايال بىلەن خالى بىر يەردە قېلىشنىڭ ھۆكمى...........72
ئۆيلىنىشكە بەرگەن سۆزنى بۇزۇشنىڭ ھۆكمى..............................................74
تەلەپ قويۇلغان ئايالغا باشقا بىرىسىنىڭ تەلەپ قويىشىنىڭ ھۆكمى..............75
نىكاھ قىلىش...............................................................................76
نىكاھنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتلىرى......................................................79
1 ـ تويى قىلىدىغان ئەر ۋە ئايالنىڭ بۇ تويغا رازى بولىشى.............................80
بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارنى ئۆيلەندۈرۈشنىڭ ھۆكمى..........................82
2 ـ تويى قىلماقچى بولغان ئايالغا بىر ئادەمنىڭ ئىگە بولىشى.............................84
3 ـ ئىككى گۇۋاھچى.......................................................................85
ياخشى كۆرۈپ قېلىش ۋە تويى.............................................................86
تويى قىلىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنىڭ بايانى..........................................92
1 ـ تويى قىلىش مەڭگۇ ھارام قىلىنغان ئاياللار...........................................92
2 ـ تويى قىلىش ۋاقىتلىق ھارام قىلىنغان ئاياللار.........................................98
ۋاقىتلىق نىكاھنىڭ ۋە پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ بايانى....................................107
كاپىرلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا قىلىنغان نىكاھنىڭ ھۆكمى...................................114
شەرتكە توشمىغان نىكاھنىڭ ھۆكمى......................................................125
تەگتۈشنىڭ تويلۇقنىڭ قانداق بېكىتىلىدىغانلىقىنىڭ بايانى ..........................129
نىكاھ قىلغان ۋاقىتتا ئايالنىڭ ئەرگە قويىدىغان شەرتلىرىنىڭ ھۆكمى............133
ئايالنىڭ تاكى تويلۇقنى قولغا ئېلىپ بولغىچە ئۆزىنى ئەرگە
تاپشۇرماسلىقىنىڭ بايانى...................................................................137
ئىگدارچىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ تويلۇققا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ ھۆكمى......138

تويلۇق ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قېلىشنىڭ ھۆكمى.......................143
ئەرنىڭ ئايالغا ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىسىنىڭ ھۆكمى.......................148
ئايالى بىلەن سەپەرگە چىقىشنىڭ ھۆكمى.......................155
ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بالىسىنى ئېلىپ
سەپەرگە چىقىشىنىڭ ھۆكمى.......................157
ئايالنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىش مۇراسىمى...159
1 - تاماق تەييارلاش.......................159
2 - يىغىلىش.......................163
3 - قىزنى چىقىرىدىغان كېچىدە رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر.......................165
ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدە.......................170
ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................174
ئايال كىشىنىڭ ھەقلىرى.......................176
1 - تويلۇق.......................176
2 - تەمىنات.......................183
ئىشلەيدىغان ئايال ھەققىدە.......................185
3 - چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىش.......................186
4 - ئايالغا بىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىتىش.......................196
ئەرنىڭ ھەقلىرى.......................197
ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر.....197
1 - گۇناھ ئەمەس ئىشلاردا ئەرگە بويسۇنۇش.......................198
2 - ئېرىنىڭ ئۆيىنى ۋە مال - دۇنياسىنى ساقلاش.......................205
3 - ئېرىنىڭ ئالدىدا ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە كۆرۈنۈش.......................205
كۆپ خوتۇنلۇق ئەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشىنىڭ ھۆكمى..........209
ئەر - خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپلار ھەققىدە.......................214
ئايال بىلەن قېيىن ئانىنىڭ ئارىسىدىكى جىدەلنىڭ بايانى.......................221
ئېمىلدەشلىكنىڭ بايانى.......................225
ئېمىلدەشلىك ئۇقۇمى.......................225
ئېمىلدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشىنىڭ بايانى.......................233
ئېمىلدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھۆكۈملەر.......................237
تالاقنىڭ بايانى.......................238
تالاقنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى.......................238
تالاقنىڭ ئەرنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى.......................241

تالاقنىڭ تۈرلىرى...................................................245
1 ـ سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنغان تالاق..............................245
2 ـ بىدئەت تالاق يەنى سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنمىغان تالاق..........246
تالاقنىڭ چۈشۈشىنىڭ شەرتلىرى.......................................252
ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر.......................256
1 ـ ئوچۇق سۆزلەر...................................................256
2 ـ كىنايە سۆزلەر...................................................258
تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇشنىڭ بايانى........................261
سورۇننى ئۆزگەرتىشنىڭ ھۆكمى.......................................266
ئەرنىڭ تالاق ئىشىنى ئايالنىڭ قولىدا قىلىشىنىڭ ھۆكمى....................269
ئايالنى تالاق قىلىشنى ئۇنىڭ خالىشىغا قويۇپ قويۇش......................277
بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان تالاقنىڭ بايانى.................283
تالاققا تالاقنى چاپلاشنىڭ بايانى.....................................302
نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت
تۇتۇۋاتقان ئايالغا تالاقنىڭ چۈشمەيدىغانلىقى توغرىسىدا....................309
تالاقنىڭ كەينىدىن <اﷲ خالىسا> دېگەن گەپنى قىلىشنىڭ ھۆكمى.............312
كېسەل ئادەمنىڭ ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشىنىڭ ھۆكمى......................316
توي قىلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن تالاق
قىلىنغان ئايالنىڭ ھۆكمى............................................320
يېنىشىشنىڭ بايانى.................................................324
ئىددەتنىڭ بايانى...................................................330
قارىلىق تۇتۇشنىڭ بايانى............................................333
بالىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا..........................................337
بالىنى تەربىيلەش توغرىسىدا.........................................339
ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئەيىبلەر...........342
ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قىلغان قەسەمنىڭ بايانى...346
ئايالنى ئانىسىنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشىتىشنىڭ ھۆكمى.........................355
ئايالنى ئانىسىغا ئوخشىتىشنىڭ كاففارىتىنىڭ بايانى........................360
<كاففارەت> دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇمى توغرىسىدا...........................360
ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن
تالاق قىلىشنىڭ بايانى...............................................364
بۇ خىل تالاقنىڭ سۈپىتى.............................................367

لەنەت ئېيتىششنىڭ بايانى.................................................371
<لەنەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا.................................371
لەنەت ئېيتىششنىڭ شەرتلىرى..............................................373
لەنەت ئېيتىششنىڭ شەكلى.................................................376
ئەسكەرتىش..................................................................381
تەمىناتنىڭ بايانى..........................................................381
ئىشلەيدىغان ئايالنىڭ تەمىناتى ھەققىدە......................................385
بىر ئادەمگە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ
تەمىناتىنى بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا..............................388
بىر جانلىققا ئىگە بولغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنى بېقىش توغرىسىدا..............395
ۋەسىيەتنىڭ بايانى.........................................................396
ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر....................401
ۋەسىيەت قىلىنغۇچىدا تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر.......................402
ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر...............404
بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ توغرىسىدا..........404
بۇ كىشىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر................................404
مىراس ئىلمى توغرىسىدا.....................................................408
ئۆلگەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىغا قاراشلىق بولغان ھەقلەر...409
مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى.........................................411
مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولارنىڭ بايانى....................412
مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۈلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنىڭ بايانى......420
مىراس ئېلىشتىن چەكلىنىشنىڭ بايانى..........................................426
مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇش بىلەن مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى
ئازايتىشنىڭ بايانى.........................................................432
ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى
بولغانلىق سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدىغانلارنىڭ بايانى...............438
بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ مىراسلىرىنىڭ بايانى.........440
تېخى تۇغۇلمىغان بالىنىڭ مىراسىنىڭ بايانى...................................441
يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى.............................442
قوش جىنسلىق ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى..................................447
مىراس ئېلىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان ئامىللار.....................................449
تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى...................................453

تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكمى.......................................454
چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى.........................458
چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىنى ئۇچراتقان ئادەمنىڭ ئېلىشىنىڭ ھۆكمى............458
چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان
چاغدىكى ھۆكمى.....................................................................460
كۆندۈلۈك تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بايانى.....................465
مەلۇم سەۋەب تېپىلغان ئادەملەرنى تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەشنىڭ بايانى..467
چەكلىمىنىڭ سەۋەبلىرى.................................................................468
بىر ئادەمگە ئۇنىڭ ئەخمەق ئادەم بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن چەكلىمە
قويۇلۇشىنىڭ بايانى.....................................................................469
قەرزدارغا چەكلىمە قويۇشنىڭ بايانى.....................................................474
بىر بالىنىڭ قاچان بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى...........478
چەكلىمىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنىڭ بايانى.............................................481
كىچىك بالىغا ۋە ئەقلى ئاجىز ئادەمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر
ۋە ئۇلارنىڭ تەرتىۋىنىڭ بايانى..........................................................482

## ئىككىنچى پەسل

قەسەم ئىچىشنىڭ بايانى.....................................................................489
قەسەمنىڭ ئاتالغۇللىرى.....................................................................489
قەسەمنىڭ شەرتلىرى.......................................................................490
قەسەمنىڭ ھۆكمى.........................................................................493
قەسەمنى الله نىڭ نامى بىلەن ئەمەس باشقا بىرسىنىڭ نامى
بىلەن قىلىشنىڭ ھۆكمى...................................................................496
قەسەمنىڭ تۈرلىرى..........................................................................501
1 ـ قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم....................................................501
2 ـ مەقسەتسىز قىلغان قەسەم..........................................................504
3 ـ قەستەن قىلغان قەسەم ياكى رەسمىي قەسەم.....................................506
قەسەمنىڭ ھەرىپلىرى......................................................................508
نېمىنىڭ قەسەم بولىدىغانلىقىنىڭ ۋە نېمىنىڭ قەسەم بولمايدىغانلىقىنىڭ
بايانى.........................................................................................509
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىلغان قەسەملىرىنىڭ بايانى............................518

ھالال نەرسىنى ھارام دەپ قاراشنىڭ بايانى............................................520
قەسەمنىڭ كەينىدىن <الله خالىسا> دېگەن گەپنى قىلىشنىڭ ھۆكمى...........526
قەسەمدىكى مۇھىم ئىككى قائىدە ھەققىدە..................................................528
بىر يەرگە كىرىش ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرۇش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى....531
پەقەت قەسەم ئىچكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدىغان
قەسەمنىڭ بايانى.................................................................................536
يېيىش ۋە ئىچىش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى.....................................539
بىر ئادەمگە گەپ قىلماسلىق ئۈچۈن ئىچكەن قەسەمنىڭ بايانى.........................545
سودا ـ سېتىق قىلىش ۋە ئۆيلىنىش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى.........548
ھەج، ناماز ۋە روزا ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى..................................550
كىيىم ـ كېچەك كىيىش ۋە زىبۇ ـ زىننەت تاقاش ھەققىدە قىلىنغان
قەسەمنىڭ بايانى.................................................................................553
قەرزنى بېرىش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى......................................554
قەسەمنىڭ كەففارىتىنىڭ بايانى...............................................................556
ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنىڭ بايانى.......................................560
ياخشى ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش
ئىكەنلىكىنىڭ بايانى...............................................................................562
ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلىش ۋە قەدەر......................................566
بىرەر ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ
شەرتلىرى...........................................................................................568
بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان ۋەدىنىڭ ۋە بىر ئىشنىڭ
يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلمىغان ۋەدىنىڭ بايانى...........................................573
قىلىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەپ تۇرۇپ قىلىشنى ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ ۋە
قىلىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلىمەستىن قىلىشنى ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ بايانى......576
ئۆلگەن كىشىلەرگە ئاتاپ بىر نەرسە بېرىشكە قىلىنغان ۋەدىنىڭ بايانى..........581
ۋەقپە قىلىنغان ماللارنىڭ بايانى..............................................................583
<ۋەقپە> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا......................................583
مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا.......585
مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ ھېكمىتى........................589
مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى..............590
مال ـ مۈلۈكنى الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشنىڭ ھۆكمى........................595
بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنىڭ ھۆكمى.....599

ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋەقپە قىلىشنىڭ بايانى............**602**
ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلىش لازىم..............................**603**
ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ بايانى........................................**608**
كېسەلچان ياكى قەرزدار ياكى نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ
مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىشنىڭ بايانى.....................................................**609**
ۋەقپە قىلىنغان مەسچىتلەرنىڭ بايانى.......................................................**611**
ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى رېمونت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ بايانى.........**614**
ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئىجارىگە قويۇشنىڭ ھۆكمى...................................**615**
بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ بايانى............................................**619**
بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش
ئىكەنلىكىنىڭ بايانى.................................................................................**619**
بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ ھۆكمى..........................................**622**
بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر...........**625**
سوۋغا قىلىشنىڭ بايانى..............................................................................**633**
سوۋغىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى............................................................**633**
سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ توغرا سوۋغا ـ سالام بولۇشىنىڭ شەرتلىرى...........**636**
بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغا ـ سالامنىڭ بايانى...........**638**
سوۋغا قىلىش ۋە پارا بېرىشنىڭ بايانى........................................................**642**
سوۋغا ـ سالامنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ بايانى.....................................................**645**
سوۋغا ـ سالامدا شەرت قويۇشنىڭ بايانى.....................................................**649**
نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشنىڭ بايانى................................................**652**
بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى.............**654**
باشقىلارغا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسىنىڭ ھۆكمى........................**656**
كېپىل بولۇشنىڭ بايانى..............................................................................**672**
<كېپىل بولۇش> دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇمى....................................................**672**
كېپىل بولۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى..................................................**673**
كېپىل بولۇشنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى....................................................**677**
كېپىل بولۇشنىڭ شەرتلىرى........................................................................**678**
كېپىل بولۇشنىڭ ھۆكمى.............................................................................**680**
قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم مالغا كېپىل بولۇشنىڭ بايانى............................**682**
كېپىل بولۇشنى شەرتكە باغلاشنىڭ بايانى...................................................**685**
كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئادا ـ جۇدا بولۇشىنىڭ بايانى...................................**688**

ئالدىغانلىقتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىشنىڭ بايانى.................692
كېپىللىككە ئالاقىدار مەسىلىلەر......................................................694
ھاۋالە قىلىشنىڭ بايانى...................................................................695
<ھاۋالە> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى......................................................695
ھاۋالەنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى...................................................697
ھاۋالەنىڭ شەرتلىرى.......................................................................699
ھاۋالەنىڭ ھۆكمى...........................................................................701
يول خەتىرىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن پۇلنى قەرز بېرىپ
تۇرۇشنىڭ ھۆكمى...........................................................................705
ۋەكىل بولۇشنىڭ بايانى.......................................................................709
<ۋەكىل بولۇش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى..................................................709
ۋەكىل بولۇش يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى.........................709
ۋەكىللىكنىڭ تۈرلىرى.........................................................................711
ۋەكىللىكنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى...............................................713
بىر نەرسە ئۈستىدە داۋا قىلىشىش ئۈچۈن ۋەكىل تەيىن قىلىشنىڭ بايانى........714
بىر ئادەمنى بىر نەرسە سېتىشقا ۋە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشنىڭ بايانى.............716
بىر نەرسە ئېلىپ - سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ قىلىشقا كۈچى
يېتىدىغان تەسەررۇپلارنىڭ بايانى.........................................................722
داۋا قىلىششقا ۋە قەرز پۇلنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشنىڭ بايانى......................729
ۋەكىلنى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنىڭ بايانى...........................734

## بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن؛

خەلقىمىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا فىقھى ساھەسىدە، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىبادەت، مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەت... ۋاھاكازالارنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەنەفىي مەزھىبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، پىكىر - تەپەككۇر، ھەتتا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى تارىخىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ھالبۇكى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېڭى ۋە سەۋىيىسىگە ماس بىرەر فىقھى كىتابىنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئائىت ساغلام ۋە توغرا شەكىلدە يېزىلغان بىرەر كىتابنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقى، ھېچبولمىغاندىمۇ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىنى نادانلىق ئىبارىسى بىلەنمۇ، چارىسىزلىك دېيىش بىلەنمۇ ئىزاھلاپ بەرگىلى بولمىسا كېرەك. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان سۇ ۋە ھاۋاغا ئوخشاش ئېھتىياجلىق بولۇپ كېلىۋاتقان، بىراق ھېچبىر شەكىلدە روياپقا چىقىرىلمىغان بۇ خىل بوشلۇقلارنى «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ تولدۇرۇشقا تىرىششنى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە، دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا «بىسمىللاھ» دېدۇق، نەتىجىدە جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تەرجىمە قىلىندى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىزاھات ۋە ئەسكەرتىشلەرنى ئەستىن چىقارمىغايسىز...

بىرىنچى: چۈشۈنۈشلۈك بولسۇن ئۈچۈن ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا دائىر بەزى مەزمۇنلارنى بىرمۇ بىر ئەمەس، بەلكى مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلىندى. زۆرۈر بولمىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تەپسىلاتلار چىقىرىپ تاشلاندى.

ئىككىنچى: تەرجىمە جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنى

ئۆزگەرتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئامال بار كىتابنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق.

ئۈچىنچى: ئاپتور، «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھسى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە ئەسەر بولۇشىنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان؛ ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈچۈن, تارىختا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى مەشھۇر ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئۆز پېتى نەقىل كەلتۈرگەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى پىكىرلەرنى ئۇچراتقىنىدا، بىرىنى توغرا، يەنە بىرىنى خاتا، دەپ يەكۈن چىقارماستىن، بۇلارنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پىكىر بايلىقى، دەپ چۈشىنىشىنى، نەقىللەرنىڭ بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆتىنچى: ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جايلاردا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى يەر - جاي ئىسىملىرى ۋەتىنىمىزدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ ئىسمى بويىچە بېرىلدى، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىڭلارنى سورايمىز.

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا سەھۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەيلى تەرجىماننىڭ خاتالىقى ياكى تەھرىرنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خاتالىقلار ياكى كەمچىلىكلەر بولسا، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنىڭ بىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا دوستانە پىكىر، تەلەپ ۋە تەۋسىيەڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا بىۋاستە كۈچ چىقارغان، رىياسەتچىلىك قىلغان، تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭدەك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچ چىقارغان بارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ دۇئالىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# كىتابنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ كىرىش سۆزى

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا بولسۇن! ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك: ئوقۇرمەنلەرنىڭ خۇسۇسەن بۇ ھەقتىكى ئىلىم ۋە كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ ئىبادەت ھەققىدە كەلگەن بىرىنچى تومىغا، خوشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن يۈزلەنگەنلىكى مېنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھىي ھۆكۈملەرگە ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىل ـ پاكىتلىرىغا ئالاقىدار بولغان قىسمىلىق بۇ ئىلمىي خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

اللّٰه تائالا ماڭا بۇ ئىلمىي خىزمىتىمنىڭ ئىككىنچى تومىنى ئاياغلاشتۇرۇشقا نېسىپ قىلدى. اللّٰه تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا بولسۇن! بۇ خىزمەتنىڭ ئىككىنچى تومى مۇنداق ئىككى پەسىلگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى پەسىلدە توي قىلىش، ئېملەدەشلىك، ئاجرىشىش، يېنىشىش، ئىددەت تۇتۇش، نەپىقە بېرىش، ۋەسىيەت قالدۇرۇش، مىراسنى بۆلۈش ۋە چەكلىمە قويۇشقا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر ھەققىدە توختالدىم.

ئىككىنچى پەسىلدە قەسەم ئىچىش، بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئۆزىگە ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلىش، ۋەقپە قىلىش، سوغا قىلىش، ئارىيەتكە بېرىش، ئامانەتكە قويۇش، كاپالەتلىك قىلىش، ھاۋالە قىلىش ۋە ۋەكىللىك قىلىشقا

ئوخشاش ھۆكۈملەر ھەققىدە توختالدىم.

مەن بۇ تومدىمۇ بىرىنچى تومدىكىدەكلا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۇ ھۆكۈملەر چىقىرىلغان دەلىل - پاكىتلار بىلەن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنى ئۇلارغا يېقىنلاشتۇرۇش پرىنسىپىمنى تۇتتۇم.

مەن ئوقۇرمەنلەردىن بەزى سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ ئۇلارنى چۈشۈنۈش بىر ئاز قىيىن بولۇپ قالغان شەكىلدە قورۇلغانلىقتىن ئۆزرە تىلەيمەن. چۈنكى مەنانى ئىنچىكە ھالدا ئىپادىلەش بەزى چاغدا جۈملىلەرنى كەڭ شەكىلدە بايان قىلىش ۋە ئۇلارنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا چۈشەندۈرۈش دائىرىسىنى قىسىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جۈملىلەر پەقەت ياخشى ۋە ئەستايىدىل دىققەت قىلىنغاندىن كېيىنلا چۈشۈنىلىدۇ.

ھەقىقەتەن مەن الله تائالانىڭ ماڭا قىلىشقا ئۇتۇقلۇق ۋە نېسىپ قىلغان ئىشلىرىدا ماڭا مەرھەمەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. مەن ئۇلۇغ الله دىن ماڭا قىلغان نېمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى، بەرگەن ياخشى خىسلەتلىرىنى مەندىن ئېلىۋالماسلىقىنى ۋە بۇ خىزمىتىمنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىنغان بىر خىزمەت قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن الله تائالا ياخشىلىق قىلغۇچى، شەپقەتلىك، مەرت ۋە سېخى زاتتۇر.

الله تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

ھەمدۇ - سانا ئىشنىڭ بېشىدا، ئاخىرىدا، باشلىنىشتا ۋە تۈگەشتە الله تائالاغا خاستۇر.

الله تائالانىڭ رىزاسىغا ئېھتىياجلىق بەندە:

ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھماز

مەككەتۇل مۇكەررەمە

ھىجرىيە: 1419 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

مىلادىيە: 1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

بىرىنچى پەسىل

# ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر

تويقىلىش، ئېمىلدەشلىك، ئاجرىشىش، يېنىشىش، ئىددەت تۇتۇش، نەپىقە بېرىش، ۋەسىيەت قالدۇرۇش، مىراسنى بۆلۈش ۋە چەكلىمە قويۇشقا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر

# نىكاھنىڭ بايانى

ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ (ئەر بولسا: مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم. ئايال بولسا: مەن ئۆزەمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەنگە ئوخشاش) سۆز ئېچىشى بىلەن يەنە بىر تەرەپنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن نىكاھ باغلىنىدۇ ۋە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشلەتكەن سۆزى ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولىشى لازىم. مەسىلەن: ئايال تەرەپنىڭ: ئۆزۈمنى ياكى قىزىمنى ياكى مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئايالنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەنگە، ئەر تەرەپنىڭ: مەن سىزنى ياكى قىزىڭىزنى ياكى سىزنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئايالنى ئۆزۈم ياكى ئوغلۇم ياكى مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئادەم ئۈچۈن خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش. ياكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشلەتكەن سۆزى ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولىشى لازىم. مەسىلەن: ئايال تەرەپنىڭ: ئۆزۈمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇرۋاتىمەن ياكى سىزگە تېگىۋاتىمەن، دېگەنگە، ئەر تەرەپنىڭ: مەن سىزنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىۋاتىمەن ياكى سىزنى ئېلىۋاتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى ئۆتكەن زامانىنى ۋە ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىر نەرسىنىڭ چوقۇم بولغانلىقىنى ۋە ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشلەتكەن سۆزى مەسىلەن: ئايال تەرەپنىڭ: ئۆزۈمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇرۇمەن ياكى سىزگە تېگىمەن، دېگەنگە، ئەر تەرەپنىڭ: مەن سىزنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىمەن ياكى سىزنى ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قىلىنغان نىكاھ توغرا بولمىغان بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى مەسىلەن: ئەر بولسا ئايالغا: سىز ئۆزۈڭىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا تاپشۇرۇڭ ياكى سىز مېنىڭ ياكى ئوغلۇمنىڭ ياكى مېنى

ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئايالى بولۇڭ! ياكى بولىۋاتامسىز، دېگەنگە، ئايال بولسا ئەرگە: سىز مېنىڭ ياكى قىزىمنىڭ ياكى مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئايالنىڭ ئېرى بولۇڭ! ياكى بولىۋاتامسىز، دېگەنگە ئوخشاش كەلگۈسى ياكى ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، يەنە بىر تەرەپ مەسىلەن: ئەر بولسا: مەن سىزنى ئۆزۈم ياكى ئوغلۇم ياكى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئادەم ئۈچۈن خوتۇنلۇققا ئالدىم ياكى قوبۇل قىلدىم ياكى گېپىڭىزنى تىڭشىدىم ۋە بويسۇندۇم، دېگەنگە، ئايال بولسا: سىزگە ياكى ئوغلۇڭىزغا ياكى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان ئادەمگە ئۆزۈمنى خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم ياكى قوبۇل قىلدىم ياكى گېپىڭىزنى تىڭشىدىم ۋە بويسۇندۇم، دېگەنگە ئوخشاش ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ يەنە نىكاھ توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى كەلگۈسى ياكى ھازىرقى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولسا، (مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم ياكى مەن ئۆزۈمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەنگە ئوخشاش) كەسكىن سۆز ئېچىشنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن بولماستىن بەلكى ۋەكىل قىلىش خاراكتېرلىق سۆزلەردۇر. مەسىلەن: بىر ئەرنىڭ بىر ئايالغا: سىز ئۆزىڭىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا تاپشۇرۇڭ! دېگەن سۆزى ئوچۇق ئاشكارا ئەمەس يۇشۇرۇن مەن سىزنى ماڭا ئۆزىڭىزنى خوتۇنلۇققا تاپشۇرۇشقا ۋەكىل قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش ۋەكىل قىلىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئەر ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەرگە ۋەكىل قىلىپ تاپشۇرۇشنى ئوچۇق ئاشكارا دېگەن، مەسىلەن: ئەر ئايالغا: مەن سىزنى ماڭا ئۆزىڭىزنى خوتۇنلۇققا تاپشۇرۇشقا ۋەكىل قىلدىم، دېگەن بولسا، ئايال: مەن ئۆزۈمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەنگە ئوخشاش (ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى ئىشلەتكەن) بولسا، نىكاھ توغرا بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ۋەكىل قىلىپ تاپشۇرۇشنى ئوچۇق ئاشكارا ئەمەس يۇشۇرۇن ۋە كەلگۈسى ياكى ھازىرقى زامانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزكۇر سۆزلەرنى ئىشلەتكەن يەنە بىر تەرەپ (ئالدىم، قوبۇل قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش) ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتكەن بولسا، نىكاھ توغرا بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى نىكاھنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوچۇق سۆز بىلەن ئەمەس، ئايال بولسا تويلۇقنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانغا ئوخشاش، ئەر بولسا تويلۇقنى تاپشۇرۇپ بەرگەنگە ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىگەن

بولسا، بۇ ھالەتتە نىكاھ توغرا بولمىغان بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال مىڭ دانە گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا مەن پالانىغا تەگدىم، دېگەن، ئەر ھېچقانداق گەپ قىلماستىن شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە تويلۇقنى ئۇنىڭغا بەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە تاكى ئەر ئېغىزى بىلەن مەن ئۇنى ئالدىم ياكى قوبۇل قىلدىم، دېمىگىچە نىكاھ توغرا بولمىغان بولىدۇ.

بۇ ھەقتە سودا ـ سېتىق نىكاھقا ئوخشىمايدۇ. سودا ـ سېتىقتا بىر نەرسىنى ئالغانلىقنى ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىسىمۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلىمىز.

ئەمما نىكاھ نازۇك بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن نىكاھ ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن توغرا بولمايدۇ. نىكاھ يەنە گۇۋاھچىلارنىڭ بولۇشىغا باغلىقتۇر. گۇۋاھچى يوق قىلىنغان نىكاھ توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك نىكاھ يەنە نىكاھ سورۇنىدا بار تەرەپلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تەككەنلىكىنى ياكى ئالغانلىقنى (ئېغىز ئارقىلىق ئەمەس) خەت يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەنمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەمما ئەگەر ئۆزىنىڭ تەككەنلىكىنى ياكى ئالغانلىقنى (ئېغىز ئارقىلىق ئەمەس) خەت يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن تەرەپ نىكاھ سورۇنىدا يوق ئادەم بولغان ۋە ئۇنىڭ خەتتە يازغان ئىپادىسىنى گۇۋاھچىلارغا بىلدۈرۈپ قويغان بولسا، بۇ ھالەتتە نىكاھ توغرا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەر بىر ئايالغا: مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم، دەپ خەت يازغان، ئايال ئۇنىڭغا: مەن بۇنى قوبۇل قىلدىم، دەپ خەت يازغان ياكى (ئادەم يوق يەردە ) ئېغىزىدا بۇنى قوبۇل قىلدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالەتتە بۇ ئىككى تەرەپنىڭ <ئالدىم> <قوبۇل قىلدىم> دەپ دېيىشكەن گەپلىرىنى گۇۋاھچىلار ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ نىكاھ توغرا بولمايدۇ.

<فەتھۇل قەدىر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «نىكاھ <ئالدىم> <تەگدىم> دېگەن سۆزلەرنى خۇددى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن توغرا بولغىنىدەك خەت ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەنمۇ توغرا بولىدۇ. خەت ئارقىلىق نىكاھ قىلىشىشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: ئەر خېرىدار بولۇپ ئايالغا خەت يازىدۇ. خەت ئايالغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئايال گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ ئەكىرىپ خەتنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا: مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دەيدۇ ياكى گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ ئەكىرىپ پالانى ماڭا خېرىدار بولۇپ خەت يېزىپتۇ، شۇڭا سىلەر گۇۋاھ بولۇپ

قويۇڭلار، مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دەيدۇ. ئەمما ئۇ ئايال گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا: (ئۇلارغا ئەردىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ بەرمەيلا ياكى پالانى ماڭا خېرىدار بولۇپ خەت يېزىپتۇ دېمەستىنلا) پەقەت مەن ئۆزۈمنى پالانىغا خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەن بولسا، بۇ ھالەتتە نىكاھ توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى گۇۋاھچىلارنىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ تەگمەكچى ۋە ئالماقچى بولغانلىقىنى) ئىپادىلەيدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىشى نىكاھنىڭ توغرا بولىشىنىڭ بىر شەرتىدۇر. ئايال كىشى ئەردىن كەلگەن خەتنى گۇۋاھچىلارغا ئوقۇپ بېرىپ ياكى شۇ مەزمۇندا خەت كەلگەنلىكىنى ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى دېگەن ۋاقتىدا، گۇۋاھچىلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ تەگمەكچى ۋە ئالماقچى بولغانلىقىنى) ئىپادىلەيدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئايال ئەردىن كەلگەن خەتنى گۇۋاھچىلارغا ئوقۇپ بەرمەستىن ياكى شۇ مەزمۇندا خەت كەلگەنلىكىنى ئۇلارغا خەۋەر بەرمەستىن پەقەت مەن ئۆزۈمنى پالانىغا خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەن ۋاقتىدا، گۇۋاھچىلار پەقەت بىر تەرەپنىڭ تەگمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى ئاڭلىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ نىكاھ توغرا بولمىغان بولىدۇ.»[1]

<بۇ مېنىڭ ئايالىم> دەپ ئىقرار قىلىش بىلەنلا نىكاھ قىلىنغانلىق ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئەر ئارىلىقىدا نىكاھ يوق بىر ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ <بۇ مېنىڭ ئايالىم> دەپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ <بۇ مېنىڭ ئايالىم> دېيىشى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا نىكاھ چۈشۈپ قالمايدۇ. چۈنكى ئىقرار (ئارىلىقىدا يوق نىكاھقا ئوخشاش) يوق بىر نەرسىنى پەيدا قىلىپ ئوتتۇرغا ئېلىپ چىقىشتىن ئىبارەت بولماستىن بەلكى بار بىر نەرسىنى ئاشكارا قىلىپ ئوتتۇرغا قويۇشتىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. لېكىن بەزى ئالىملار سۈلھىنىڭ بابىدا مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان، ئايال بۇ داۋانى ئىنكار قىلغان، ئاندىن ئەر ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ ئۇ ئەرنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، ئۇ ئايالغا **100** مال بېرىشكە كېلىشكەن، ئاندىن ئايال ئۆزىنىڭ ئۇ ئەرنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ توغرا ئىقرار دەپ قارىلىدۇ ۋە ئۇ ئەرگە مەزكۇر مالنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

[1] «رەددۇلمۇھتار»، **2** ـ توم، **265** ـ بەت.

مانا بۇ ئىقرار (خۇددى <تەگدىم> <ئالدىم> دېگەنگە ئوخشاش) نىكاھنى پەيدا قىلىپ ئوتتۇرغا ئېلىپ چىققان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىقرارنىڭ بەدىلىگە **100** مال كېلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن بۇ ئىقرار شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە باشلانغان بىر ئىگىدارچىلىقتىن ئىبارەت بىر نەرسە بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىقرار قىلىشقان تەرەپلەرنىڭ يېنىدا گۇۋاھچىلار بولسا، ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇ ئەرنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىش بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نىكاھ قىلىنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ يېنىدا گۇۋاھچىلار بولمىسا، توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە قارىغاندا ئۇ ئايالنىڭ ئۇنداق دەپ، ئىقرار قىلىش بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نىكاھ قىلىنغانلىق بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.»

باشقا بىر قىسىم ئالىملار <بۇ مېنىڭ ئايالىم> دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن نىكاھ قىلىنغانلىق ھېسابلىنامدۇ ياكى ھېسابلانمامدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق تەپسىلىي جاۋاب بەردى: «ئەگەر ئارىلىقىدا نىكاھ يوق بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئىلگىرى نىكاھ بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان (مەسىلەن: مەن بۇنىڭ ئېرى ئىدىم ۋە مەن بۇنىڭ ئايالى ئىدىم، دېگەنگە ئوخشاش) سۆز بىلەن ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ئىقرار بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا نىكاھ چۈشۈپ قالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىقرار بىر يالغانچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسى ئىقرارنى، <مەن ئۇنىڭ ئېرى> ۋە <مەن ئۇنىڭ ئايالى> دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا نىكاھ قىلىنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىقرار ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا (خۇددى <تەگدىم> <ئالدىم> دېگەنگە ئوخشاش) نىكاھنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ». بۇ جاۋاب خۇددى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئايالىغا: سەن مېنىڭ ئايالىم ئەمەس، دېگەن ۋە ئۇ ئادەم بۇ سۆزى بىلەن ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم خۇددى مەن سېنى تالاق قىلىمەن، دېگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: (ئۇنىڭ ئۆتكەن زاماندا ئۆزىنىڭ ئايالى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىلەن) مەن سەن بىلەن توي قىلمىغان ئىدىم، دېگەن ۋە ئۇ ئادەم بۇ سۆزى بىلەن ئايالىنى

تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دېگەن بۇ گېپى بىر يالغانچىلىقتۇر خالاس»[1]

## نىكاھ باشقا سۆزلەرنى قىلىش بىلەنمۇ چۈشەمدۇ؟ [2]

ھەر قانداق تىلدا بىر ئىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر سۆز باردۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسە يېگەنلىكىنى ۋە ئىچكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن <يېمەك> ۋە <ئىچمەك> دېگەنگە ئوخشاش خاس سۆزلەر بار. شۇنىڭدەك بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن: مەن بۇنى ياكى پالاننى <نىكاھىمغا ئالدىم> ياكى <خوتۇنلۇققا ئالدىم> ياكى <ئالدىم> دېگەنگە ئوخشاش ۋە ئايالنىڭ بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن: بۇنى <قوبۇل قىلدىم> ياكى <تەگدىم> دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر باردۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ياكى بىر ئايال ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەزكۇر سۆزلەرنى ئىشلەتمەي بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقا سۆز ئىشلەتكەن، مەسىلەن: ئەر: <مەن بۇنى ئۆز نىكاھىمغا ئالدىم> دېگەننىڭ ئورنىغا: <مەن بۇنى يېدىم> ياكى <مەن بۇ يەردە ئولتۇردۇم> دېگەنگە ئوخشاش، ئايال ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن: <مەن ئۇخلۇدۇم> ياكى <ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتتىم> دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتكەن بولسا، نىكاھ چۈشەمدۇ؟

بارلىق ئالىملارنىڭ بىر دەك قارىشى بويىچە: مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر شۇ خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە شۇ ئىشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلمىسە، ئۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نىكاھ چۈشمەيدۇ. ئەگەر مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر شۇ خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە شۇ ئىشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسا، بەزى ئالىملار: «بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەنمۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 265 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 265 ـ بەت.

نىكاھ چۈشىدۇ» دەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: <مەن بۇ ئايالنى ئالدىم> دېگەننىڭ ئورنىغا: <مەن بۇنى يېدىم> دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە <مەن بۇنى يېدىم> دېگەن سۆز پەقەت بىر نەرسە يېگەنلىكتىن باشقا ئىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدىغان ۋە شۇ يەردە تۇرغان ئادەم ئۇنىڭ <مەن بۇنى يېدىم> دېگەن سۆزىدىن: <مەن بۇنى ئالدىم> دېگەننى ئىپادىلىگەنلىكنى چۈشەنمەيدىغان بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك بارلىق ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە: بۇ سۆزنى ئىشلىتىش بىلەن نىكاھ چۈشمەيدۇ. چۈنكى <مەن بۇنى ئالدىم> دېگەن سۆز بىلەن <مەن بۇنى يېدىم> سۆزىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىر باغلىنىشلىق يوقتۇر.

ئەمما <مەن بۇنى يېدىم> دېگەن سۆز شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر نەرسە يېگەنلىكنى، ئەگەر نىكاھ سورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىپ قالسا، <مەن بۇنى ئالدىم> دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغان ۋە شۇ يەردە تۇرغان ئادەملەر ئۇ سۆزدىن: <مەن بۇنى ئالدىم> دېگەن مەنانى چۈشىنىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە بەزى ئالىملار: «ئۇنىڭ <مەن بۇنى ئالدىم> دېگەننىڭ ئورنىغا <مەن بۇنى يېدىم> دېگەن بولسىمۇ نىكاھ توغرا بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئالىملار بولسا، رۇم دىيارىنىڭ مۇفتىسى ئەبۇسۇئۇد[1] ۋە شافىئىي مەزھەپىدىكى بەزى ئالىملاردۇر.

# مەخلۇقاتلارنىڭ ئەركەك چىشى قىلىنىپ يارىتىلغانلىقى

دۇنيادىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەركەك چىشى قىلىنىپ يارىتىلىشى اللە تائالانىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كاتتا ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا اللە تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «الله ئىنسانىنى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ. الله ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر. الله بىر جۈپنى ــ ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى)[2]»

(1) يەنى ئۇ ئوسمانىي ئىمپىراتۇرلىقىنىڭ ئىستانبۇلدىكى باش مۇفتىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىدۇر. ت.

(2) سۈرە نەجم 43 ــ 46 ـ ئايەتكىچە.

مەخلۇقاتلارنىڭ ئەركەك ـ چىشى بولۇشى پەقەت ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارغىلا خاس بولماستىن بەلكى ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتنىڭمۇ ئەركەك ـ چىشىسى بار. ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرى چىشلىرىغا ئىنتىلگىنىدەك ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭمۇ ئەركەك جىنىستىكلىرى چىشى جىنىستىكلىرىگە ئىنتىلىدۇ. الله تائالا ھەممە نەرسىنى ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ جۈپ ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «الله (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۇنۇپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار» [1] «سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ» [2] «سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق» [3]

مەخلۇقاتنى ئەركەك ياكى چىشى يارىتىش الله تائالاغا خاس بىر ئىشتۇر. ھېچكىم بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ. بۇنى ئەركەك ئۇنى چىشى يارىتىدىغان، بۇ ئادەمگە ئوغۇل بالا ئۇ ئادەمگە قىز بالا بېرىدىغان زات پەقەت الله تائالادۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: »ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر« [4] ئىبنى كەسىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «الله ئىنسانلارنى: بىرىنچى قىز بالا بېرىلىدىغان ئادەم. ئىككىنچى ئوغۇل بالا بېرىلىدىغان ئادەم. ئۈچىنچى ئوغۇل ـ قىز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدىغان ئادەم. تۆتىنچى قىزمۇ ۋە ئوغۇلمۇ بېرىلمەيدىغان ئادەم، دەپ تۆت قىسىمغا بۆلدى. الله تائالا تۆتىنچى قىسىمدىكى ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بالىسى بولمايدۇ

(1) سۈرە ياسىن 36 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ھەج 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە زارىيات 49 ـ ئايەت.

(4) سۈرە شۇرا 49 ـــ 50 ـ ئايەتلەر.

ۋە نەسلى قالمايدۇ.»[1]

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دېدى: »ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن اللّٰه ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇ مەنىدىن ئەر ـ ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى. ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان اللّٰه) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟« [2]

ھەر قانداق مەخلۇقاتنىڭ ئەركەك ـ چىشى بولىشى اللّٰه تائالانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: »الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، الله سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق الله سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر« [3] يەنى تۇغۇلۇش ئارقىلىق كۆپەيسۇن، دەپ اللّٰه تائالا ئىنسانلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ جۈپىنى ياراتتى. ھەممە مەخلۇقاتلار بىرى ـ بىرىدىن تۇغۇلۇش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. ئەمما اللّٰه تائالا پەقەت بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس بىر زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالا مەخلۇقاتلاردىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: »ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر« يەنى بىر نەرسە مەيلى زاتى تەرەپتىن بولسۇن مەيلى سۈپەت تەرەپتىن بولسۇن اللّٰه تائالاغا ھېچقانداق تەرەپتىن ئوخشىمايدۇ.

گەرچە اللّٰه تائالانىڭ (مەسىلەن: بىلگۈچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر، ئاڭلىغۇچىدۇر، دېگەنگە ئوخشاش) بەزى سۈپەتلىرى ئىنسانلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشۇشۇپ كەتسىمۇ، لېكىن مەزكۇر سۈپەتلەر اللّٰه تائالانىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ كەلگەندە ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ كەلگەندە بېرىدىغان مەنالارنى ئىپادىلىمەيدۇ.

(1) <تەپسىر ئىبنى كەسىر>.

(2) سۈرە قىيامەت 36 ـــ 40 ـ ئايەتكىچە.

(3) سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەت.

# ئەرنىڭ بۇرۇن يارىتىلغانلىقىنىڭ بايانى

الله تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە خالىشى ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىدىن بۇرۇن يارىتىلىشىنى ۋە ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىدىن كېيىن يارىتىلىشىنى خالىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله دىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[1] بۇ ئايەت ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەر كىشى يارىتىلىش ۋە ۋۇجۇدقا كېلىش جەھەتلەردىمۇ ئايال كىشىدىن ئىلگىرى بولغاندۇر. شۇنىڭدەك ئەر كىشى ئايالنىڭ يىلتىزىدۇر. ئايال ئۇنىڭدىن چىققان بىر شاخچىدۇر. الله تائالا ئەر بىلەن ئايالغا، ھەر بىرىنىڭ بۇ ھاياتى دۇنيادا ئۆزىگە خاس رول ئوينىشى ۋە ۋەزىپە ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ئالاھىدىلىكلەرنى بەردى. شۇڭا ھاياتى دۇنيادا ئەرنىڭمۇ ئوينايدىغان مەلۇم رولى ۋە ئادا قىلىدىغان مەلۇم ۋەزىپىسى باردۇر. الله تائالا ئۇنى شۇ رولنى ئوينىيالايدىغان ۋە شۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالايدىغان قىلىپ ياراتتى. شۇنىڭدەك ئايالنىڭمۇ بۇ ھاياتى دۇنيادا ئوينايدىغان مەلۇم رولى ۋە ئادا قىلىدىغان مەلۇم ۋەزىپىسى باردۇر. الله تائالا ئۇنى شۇ رولنى ئوينىيالايدىغان ۋە شۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالايدىغان قىلىپ ياراتتى.

كۈنىمىزدە ئىنسان جەمئىيەتكە يەتكەن ئەڭ يامان كېسەل بولسا، ئايال كىشىنىڭ ئەرلىششىگە، ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدە ۋە ئىش - ھەركەتلىرىدە ئەرگە ئوخشىشى ئۈچۈن ئۇرۇنىشىغا، ياكى ئەرنىڭ ئاياللىششىغا، ئەرنىڭ ئۆزىنى ئەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن چىقىرىپ كۆرۈنۈش، كىيىم - كېچەك كىيىش، گەپ - سۆز قىلىش ۋە ئىش - ھەركەتلىرىدە ئايالغا ئوخشىشى ئۈچۈن ئۇرۇنىشىغا ئوخشاش ئەر بىلەن ئايالنىڭ الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ياراتقان تەبىئەتلىرىدىن چىقىپ كېتىشكە قاراپ كېتىپ بارغانلىقىدۇر. ئىسلام

(1) سۈرە نىسا 1 - ئايەت.

ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىشىنى ھارام قىلدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاشقان ئەرلەرگە، ئەرلەشكەن ئاياللارغا لەنەت قىلدى، ئۇنداقلارنى ئۆيلىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، دېدى. ئۆزىمۇ بىر ئەرنى (ئۆيدىن) چىقىرىۋەتكەن ئىدى ۋە ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر ئايالنى چىقىرۋەتكەن.» [1]

ئىبنى ئابباس يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى.» [2]

ئەبۇھۇرەيرە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالچە كىيىم كىيىۋالغان ئەرگە، ئەرچە كىيىم كىيىۋالغان ئايالغا لەنەت قىلدى.» [3]

ئىمام تەبري: «مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى ئەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە ۋە ياسىنىشتا ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشىغا، ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە ۋە ياسىنىشتا ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشىغا بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: «شۇنىڭدەك كەپ ـ سۆز قىلىش ۋە يۇرۇش ـ تۇرۇشلەردىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىۋېلىشىغا بولمايدۇ. ھەر قانداق شەھەر ۋە ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئايالنىڭ كىينىشى بىلەن ئەرنىڭ كىينىشى ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ. (دۇنيادا) ئايالنىڭ كىينىشى بىلەن ئەرنىڭ كىينىشى بىر ـ بىرىگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلار كىينىشتە بىر ـ بىرىگە ئوخشۇشۇپ كەتسىمۇ، لېكىن ئاياللار يەنە بېشىغا بىر نەرسە ئارتىش ۋە ھەممە يەرلىرىنى يۆگەش بىلەن ئەرلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە يۇرۇش ـ تۇرۇشلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىۋېلىشقا كەلسەك، مەيلى ئايال بولسۇن مەيلى ئەر بولسۇن بۇنى قەستەن شۇنداق قىلغان ئادەم مەزكۇر ھەدىستە كۆرسىتىلگەن لەنەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەمما ئۇ ئەسلى يارىتىلىشتا ئۇنىڭ تەبىيىتىدە شۇنداق گەپ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

قىلىش ۋە شۇنداق ھەرىكەت قىلىش بار ئادەم بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ خۇيىنى ئاستا ـ ئاستا تاشلاشقا بۇيرۇلىدۇ[1]. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ خۇيىنى تاشلاشقا تىرىشماي ئۇنى داۋام قىلىۋەرسە، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم مەزكۇر ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. خۇسۇسەن ئەگەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بۇ خۇيىغا رازى بولغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئىبنى ئەلتىين مۇنداق دېدى: مەزكۇر ھەدىستىكى لەنەتلەرنىڭ ئىچىگە پەقەت ياسىنىشتىلا ئاياللغا ئوخشىۋالغان ئەرلەر ۋە ئەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارلا كىرىدۇ. ئەمما بىر ئەر ئاياللغا ئوخشىۋېلىش دەرىجىسىدە ھەتتا باشقا ئەرلەر بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىدىغان يەرگە يەتكەن، بىر ئايال ئەرگە ئوخشىۋېلىش دەرىجىسىدە ھەتتا باشقا ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان يەرگە يەتكەن بولسا، بۇ ئىككىسىگە بولىدىغان ئازاپ ۋە لەنەتلەر پەقەت ياسىنىشتىلا بىر ـ بىرىگە ئوخشىۋالغانلارغا بولىدىغان ئازاب ۋە لەنەتلەردىن قاتتىق ۋە ئېغىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە ياسىنىشتا بىر ـ بىرىگە ئوخشىۋالغان ئادەملەرنى ئوخشىۋېلىش ھەتتا ئەرنى باشقا ئەرلەر بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىدىغان، ئايالنى باشقا ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۆيلەردىن چىقىرىپ يىراق يەرلەرگە قوغلىۋېتىشكە بۇيرۇلدى.»[2]

# بالىنى قۇتۇدا يېتىشتۈرۈشنىڭ ھۆكمى

بەزى دوختۇرلار تۇغماس ئاياللارنىڭ تۇغماسلىقىنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن بەزى يېڭى يوللارنى ئىجاد قىلىپ چىقتى. ئۇلار <قۇتۇدا يېتىشتۈرۈلگەن بالىلار> دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان بىر يولنى ئىجاد قىلىپ چىقىپ ئوتتۇرغا قويدى ۋە بۇ يولنى ئايالنىڭ ئۇرۇغدانلىقى چىقارغان ئۇرۇغنىڭ، ئۇرۇغداننى بالا ياتقۇغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يولنىڭ تامىلىرىغا چاپلىشىپ قېلىپ ئۇرۇغنىڭ ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىغا يېتىپ بارماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۇغماسلىقنى داۋالاش ئۈچۈن بىر ۋاستە قىلدى. <بالا ياتقۇدىكى

(1) يەنى ئايال كىشى ئەسلى يارىتىلغاندىلا ئەردەك گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان يارىتىلغان، ئەر كىشى ئەسلى يارىتىلغاندىلا ئايالدەك گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان يارىتىلغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خۇيىنى ئاستا ـ ئاستا تاشلاشقا بۇيرۇلىدۇ. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 10 ـ توم، 333 ـ بەت.

باللار> ھەققىدىكى ئىلمىدە بايان قىلىنىشىچە: ئەردىن چىققان مەنىي ئايال كىشىنىڭ ئۇرۇغى بىلەن چاپلىشىش اللە تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ يولدا تاماملىنىدۇ. بۇ يولنىڭ ئىتىلىپ قېلىشى ئەرنىڭ مەنىي بىلەن ئايالنىڭ ئۇرۇغىنىڭ چاپلاشماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغ چاپلاشقان تەقدىردىمۇ ئۇ يولنىڭ ئىتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ بالا ياتقۇغا يېتىپ بېرىشىنى چەكلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى ئاياللار تۇغماس كېلىدۇ. ئەنگلىيەلىك ئىككى دوختۇر مۇشۇ سەۋەب بىلەن تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاياللارنىڭ ئۇرۇغىنى ئەرنىڭ مەنىيسى بىلەن ئايالنىڭ تېنىنىڭ سىرتىدا چاپلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىر يول تېپىپ چىققان. بۇ يول بولسا ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئايالنىڭ ئۇرۇغدانىدىن ئۇنىڭ ئۇرۇغى ئېلىنىپ ئايالنىڭ ئېرىدىن ياكى باشقا بىر ئەردىن ئېلىنغان مەنىي بىلەن تەجرىبە قۇتۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىچىدە چاپلاشتۇرۇلىدۇ، ئايالنىڭ ئۇرۇغى قۇتۇنىڭ ئىچىدە ئەرنىڭ مەنىيسى بىلەن چاپلىشىپ ۋە ئارىلىشىپ بولغاندىن كېيىن قۇتۇدىن چىقىرىلىدۇ، ئۇرۇغنىڭ ھەتتا خۇددى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن قورساق كۆتۈرگەن ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىدا چۇڭقايغىنىغا ئوخشاش ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىدا ئۇسۇپ يېتىلىپ چۇڭقىيىشى ئۈچۈن ئۇ ئۇرۇغ تەكرار ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىغا قويۇلۇپ بالا ياتقۇغا تىكىلىدۇ.

مەن، ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغماسلىقىنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن بۇ يولنى تۇتۇشنى چەكلەيدىغان نۇرغۇنلىغان سەۋەب بار، دەپ قارايمەن. تۆۋەندىكىلەر ئۇ سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى:

1 ـ ئۇ ئايال، ئۇنىڭدىن ئۇرۇغ ئېلىش ۋە ئۇ ئۇرۇغ چاپلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بالا ياتقۇغا تەكرار سېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئوپېراتسىيە جەريانىدا ئۆزىنى خەتەرگە دۇچار قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ۋۇجۇدقا چىقىشى چوقۇم ۋە نەتىجىسى يۈزدە ـ يۈز بولمىغان بىر ئىشنى قىلىمەن، دەپ ئېنىق بولغان بىر خەتەرگە ئۆزىنى دۇچار قىلىشى توغرا ئەمەستۇر.

2 ـ بالىنىڭ نەسەبىنىڭ يوق بولۇپ كېتىش خەتىرىگە دۇچار بولۇش ئېھتىمالى بار. چۈنكى ئايالنىڭ ئۇرۇغى بىلەن ئەرنىڭ مەنىيسىنى چاپلاشتۇرغان دوختۇر سەۋەنلىك ياكى قەستەنلىك بىلەن ئايالنىڭ ئۇرۇغىنى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ مەنىيسى بىلەن ئەمەس باشقا بىر ئەرنىڭ مەنىيسى بىلەن چاپلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ ھالەتتە بالىنىڭ نەسەبى ئېنىقسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئىسلام دىنىدا

تويى قىلىشقا، نىكاھنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن نىكاھنىڭ مەھرەملىرىدىن باشقا بىر ئادەم بىلەن قىلىنىشىغا، مەھرەملىرىگە قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا، مەھرەملىرىدىن باشقا بىرسىگە قاراشنىڭ ھارام بولۇشىغا، مىراس ئېلىش ۋە ئۆلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ قالدۇرۇپ قويغان مال ـ دۇنياسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ يۆتكۈلۈشىگە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈشكە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەر نەسەبنىڭ ئېنىق ۋە توغرا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بالىنىڭ نەسەبىنىڭ ئېنىق، پاك ۋە توغرا بولۇشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالا بىر ئىنساننىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولمىغان بىر بالىنى: <مېنىڭ بالام> دېيىشنى ھارام قىلدى ۋە ئۇنى ھەقىقىي ئۆز دادىسى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشقا بۇيرۇدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: »اللّٰه ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى اللّٰه سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ اللّٰه (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، اللّٰه ھەق (سۆز)نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر«[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دادىسىدىن باشقا ئادەمنى <مېنىڭ

(1) مەسىلەن: بىر ئايالدىن ئېلىنغان ئۇرۇقتا باشقا بىر ئەرنىڭ مەنىيسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىغا سالغان، ئاندىن ئۇ ئايال بالىنى تۇغقان بولسا، بۇ ھالەتتە بالا ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بالىسى ھېسابلانمايدۇ. بالىنىڭ ئايالنىڭ ئېرىدىن نەسەبى يوق بولىدۇ. بالا مەنىيسى ئېلىنغان ھېلىقى ئەرنىڭ بالىسى ۋە ئۇ ئۇ ئەرنىڭ بالىلىرى بىلەن دادا تەرەپتىن بىر تۇغقان ھېسابلىنىدۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بىلمەستىن مەنىيسى ئېلىنغان ھېلىقى ئادەمنىڭ بالىلىرى بىلەن توي قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھالەتتە دادا بىر، ئانا باشقا بىر تۇغقانلار توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ توي قىلىشى ئىسلام دىنىدا توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ بالا ئەرنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان بالىلىرى بىلەن بىر تۇغقان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ بالا ئوغۇل بولسا، ئەرنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان قىز بالىلىرى بىلەن، ئەگەر ئۇ بالا قىز بولسا، ئەرنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان ئوغۇل بالىلىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشى توغرا ئەمەس. مانا بۇ مەزكۇر ئىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتكە بېرىلگەن ئىككى مىسالدۇر. ت.

(2) سۈرە ئەھزاب 4 ــ 5 ـ ئايەتلەر.

دادام> دېگەن كىشىگە قاتتىق تەھدىت قىلىپ مۇنداق دېدى: «كىمكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى <دادام> دەپ دەۋا قىلسا، كاپىر بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى <مېنىڭ> دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ كىشى بىزدىن ئەمەس. ئۇ ئۆز جايىنى جەھەننەمدىن تەييارلىۋالسۇن» [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى <ئاتام> دەپ دەۋا قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ» [2]

مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىسلام دىنىنىڭ نەسەبلەرنى پاك ساقلاشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ﷲ تائالا بالىلارنىڭ نەسەبلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەي پاك ساقلىنىشى ئۈچۈن زىنانى ھارام قىلدى. ئايال تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشىنى ئىسلامنىڭ بىر قانۇنى قىلىپ بېكىتتى ۋە چۆرە سېتىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىنى پاكىزلاشنى بۇيرۇدى[3].

دوختۇر قانچىلىك ئېشەنچىلىك بولسا بولسۇن بۇ ئىشتا دوختۇرنىڭ قارارى بالىنى ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ يوق بولۇپ كېتىش خەتىرىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىر تەرەپتىن ئايالنىڭ ھاياتىنىڭ خەتەرگە يولۇقىشىنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن بالىنىڭ نەسەبىنىڭ خەتەرگە يولۇقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇغماس ئايالنى بۇ خىل يول بىلەن تۇغدۇرۇشنى توغرا بولمايدۇ، دەپ قارايمەن. شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغاندۇر: <يامان ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياخشى ئىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھارامغا سەۋەبچى بولىدىغان ئىشنى قىلىشمۇ ھارامدۇر>.

مەزكۇر خەتەردىن باشقا يەنە ئايالنىڭ شەرىئەتنىڭ قاراشى بويىچە ئۆزىنىڭ ئېچىشقا بولمايدىغان يەرلىرىنى بىر نەچچە دوختۇر، ئەر ۋە ئايال

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) يەنى بىر ئادەم چۆرە سېتىۋالسا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قورسىقىدا بار چۆرە بولسا، سېتىۋالغان ئادەمنىڭ تاكى ئۇ چۆرە تۇغۇپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقىدا بولمىسا، سېتىۋالغان ئادەمنىڭ تاكى چۆرە بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ بالا ياتقۇسىنى پاكىزلىمىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس. ئۇ تاكى بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ بولغىچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تۇرۇش ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىنى پاكىزلاش دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

سىستىرالارنىڭ ئالدىدا ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

# ئەر دوختۇرنىڭ ئايال كىشىنى داۋالىشىنىڭ ھۆكمى

بىزنىڭ بۇ يەردە: ئايالنىڭ تۇغماس بولىشى ئۆزىنى داۋالاش ئۈچۈن يات بىر ئەر دوختۇرنىڭ ئالدىدا شەرىئەتنىڭ قاراشى بويىچە ئۆزىنىڭ ئېچىشقا بولمايدىغان يەرلىرىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىدىغان كېسەللەرنىڭ قاتارىدىنمۇ؟ دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزدىن سورۇشىمىز لازىم.

مەن تاكى ھازىرغا قەدەر بۇ سوئالنىڭ ئېنىق بىر جاۋابىنى ئۇچراتمىدىم. لېكىن مەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىر ئايالنىڭ تۇغماس بولىشى ئۇنىڭ يات بىر ئەر دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېچىشقا بولمايدىغان يەرلىرىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىدىغان كېسەللەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمەن. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بىر ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىكى كېسەل بىلەن ئۇنىڭ باشقا ئەزالىرىدىكى كېسەلگە باشقا ـ باشقا ھۆكۈم بېرىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئەگەر كېسەل بىر ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا بولسا، ئەگەر ئايال ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە بولمىسىلا ياكى تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە بەك ئاغرىپ كەتمىسىلا، ئۇ ئايالنى ئەر دوختۇرنىڭ داۋالىشى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «دوختۇر ئايال كىشىنىڭ كېسەل يېرىگە پەقەت ئۇ كېسەلنى كۆرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغانغا چۈشلۇق يەرگىلا قارايدۇ. چۈنكى چەكلەنگەن ئىشلارنى پەقەت ئۇنىڭغا چۈشكەن ئېھتىياجقا چۈشلۇقلا قىلىش رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئايال كىشىنى داۋالاشقا توغرا كەلسە، باشقا بىر ئايالغا ئۇنى قانداق داۋالايدىغانلىقىنى ئۆگىتىش لازىم ۋە (ئۇنى، داۋالاشنى ئۆگەنگەن ھېلىقى ئايال داۋالىشى لازىم). چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ جىنسىتىكى ئادەمنىڭ يېپىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلىرىگە قاراش باشقا جىنستىكى ئادەمنىڭ قارىغىنىغا قارىغاندا (گۇناھى) يەڭگىلرەك بولىدۇ.»

ئىبنى ئابىدىن (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <جەۋھەر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقلە قىلىدۇ: «ئەگەر ئايال

كىشىنىڭ كېسىلى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن باشقا يەردە بولسا، كېسەلنى داۋالىغاندا ئۇ يەرگە (ئەر دوختۇرنىڭ) قارىشىغىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، قاراشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان يەردۇر. ئەگەر ئايالنىڭ كېسىلى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا بولسا، باشقا بىر ئايالغا ئۇنى قانداق داۋالاشنى ئۆگىتىپ قويۇش لازىم ۋە (ئۇنى ئۇ ئايالنىڭ داۋالىشى لازىم). ئەگەر ئايال كىشى تېپىلمىغان ۋە كېسەل ئايالنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان ياكى ئۇ ئايالنىڭ كېسىلى تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كېسەل يېرىدىن باشقا ھەممە يەرنى قاتتىق يۆگۈۋېتىپ ئۇ ئايالنى ئەر دوختۇر داۋالايدۇ. ئۇنى داۋالىدىغان ئادەم ئايالنىڭ كېسىلى بار يەردىن باشقا يەرگە ئامال بار قارىمايدۇ.»

ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدىن بىز ئەر دوختۇرنىڭ تۇغماس ئايالنى داۋالاشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىدىن بىر ئايالنىڭ تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەر دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېپىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلىرىنى ئېچىشقا شەرىئەتتە توغرا بولمايدىغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى تۇغماسلىق كېسىلى بىر ئايالنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ياكى ئۇنىڭغا ھەتتا ئۇ تاقەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئاغرىپ قېلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان كېسەللەردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىدىن يەنە بىز ئايالنىڭ ھاياتىغا ھېچقانداق خەتىرى يوق ياكى ئايالغا ھېچقانداق بىر ئاغرىققا سەۋەبچى بولمىغان كىچىك كېسەللەر ئۈچۈن كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەر دوختۇرلارنىڭ قېشىغا كېتىدىغان ئاياللارنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇ مەسىلىگە ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ بەرگەن ھۆكمى ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرگە قارىغاندا ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەر: «كېسەلنىڭ ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا بولىشى بىلەن ئۇنىڭ باشقا يەرلىرىدە بولىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىماستىن كېسەل ئايالنىڭ قانداق يېرىدە بولسا بولسۇن، ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن ئەر دوختۇرنىڭ ئۇ يەرگە قارىشىغا بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە ھەنبەلىي مەزھەپدىكى ئالىملاردىن بولغان ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى ئايالنىڭ جىنسى ئەزاسى بولسۇن مەيلى باشقا يەر بولسۇن (داۋالاش

ئۈچۈن) قاراشقا ئېھتىياج چۈشكەن يەر بولسا، ئەر دوختۇرنىڭ ئۇ يەرگە قارىشىغا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ (قاراشقا) ئېھتىياج چۈشكەن يەردۇر.»[1]

س: ئاياللىنىڭ تۇغماس كېسەلگە گىرىپتار بولىشى ئۈنىڭغا قاراشنى ئېھتىياجلىق قىلىدىغان كېسەللەردىنمۇ؟

كۈنىمىزدە پىتنە ـ پاساتنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى تۇتۇشىمىز ياخشىدۇر. بولۇپمۇ بۇ، ئىسلام دىنى بەك ئېھتىيات قىلىشقا بۇيرۇغان مۇھىم بىر تېمىغا ئالاقىدار مەسىلىدۇر.

# ئۆيلىنىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان ئېھتىياج

الله تائالا ئىنساننى يەر يۈزىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇنى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولۇشقا تەييارلىدى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئورۇنلاشتۇرغان خىلمۇ ـ خىل مەرىپەت ۋە بىلىملەر بىلەن نامايەندە قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. الله «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى. الله پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى. پەرىشتىلەر: «سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى. الله: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، الله: «مەن سىلەرگە،

(1) <ئەلمۇغنى>، 6 ـ توم.

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى» [1]

بۇنداق بولغان ئىكەن، الله تائالانىڭ يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلىپ ياراتقان بۇ مەخلۇق ئۈچۈن ئۇنىڭ نەسلىنىپ كۆپىيىشتىن ۋە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئالاقىسىنى رەتكە سېلىشتىن ئىبارەت ئۇ مەخلۇقنىڭ ئۆزلۈكسىز قالماي يەر يۈزىدە بارلىققا كېلىشىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىر تۈزۈمنى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئىنسانغا ئۆيلىنىشنى يولغا قويدى. ئۆيلىنىش ئۈچۈن بىر تۈزۈم توختۇتۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھەممە ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بەردى. ھەتتا بىز قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئايەتلىرى ئۆيلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ماۋزۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ كەلگەن بىر نەچچە سۈرىلەرنى ئۇچرىتىمىز. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆيلىنىش مەسىلىسىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ۋە ئۆيلىنىشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۆيلىنىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. الله تائالا ئىنسانلارغا قىلغان بۇ نېمىتىنى: «ئاياللار بىلەن ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار» [2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرىدە بايان قىلىپ كەلدى.

ئۆيلىنىش ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئۆيلىنىش بولسا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى يېقىن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق، مېھرىبانلىق، ئۆز - ئارا ياردەملىشىش ئالاقىسىنى تۇرغۇزىدۇ. ئۆيلىنىشتە يىراق ئىنسان يېقىنىغا، يات ئىنسان سۆيۈملۈك ئادىمىگە ئايلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله ئىنساننى ئابىمەنىدىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا - باجىلىق پەيدا قىلىدىغان

(1) سۈرە بەقەر 30 ــ 33 - ئايەتكىچە.

(2) سۈرە رۇم 21 - ئايەت.

ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر » [1]

ئۆيلىنىش ئارقىلىق باللارنىڭ نەسەبلىرىنىڭ يوق بولۇپ ۋە ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ. ئۆيلىنىش بىلەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىنى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۆيلىنىش ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. ئۆيلىنىش يەنە اللە تائالا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ياراتقان ئۇنىڭ تەبىيىتىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەخلاقى كامىللىققا قايتۇرغان بىر جاۋابتۇر.

# ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىنىش شەكىللىرى

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەرنىڭ قانداق ئۆيلىنىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتە ئۇرۋە ئىبنى ئەلزۇبەير مۇنداق دېدى: مائىشا ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە نىكاھلىنىشنىڭ تۆت خىل شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى:

ئۇ تۆت خىل نىكاھنىڭ بىر خىلى خۇددى كىشىلەر بۇ كۈنكى دەۋرىمىزدە ئۆيلەنگەندە قىلىدىغانغا ئوخشاشلا بىر كىشى قىزى ياكى ھەمشىرىسى بار ئادەمنىڭ قېشىغا قىزىغا ياكى ھەمشىرىسىگە خېرىدار بولۇپ بېرىپ ئۇنىڭ تويلۇقىنى بېرىپ نىكاھلاپ ئالاتتى.

ئىككىنچى خىلى: بىر كىشى ئايالىغا ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن: سىز پالانىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىڭ، دەيتتى. تاكى ئۇ ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ھېلىقى ئادەمدىن قورساق كۆتۈرگەنلىكى ئاشكارا بولغانغا قەدەر ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيتتى. ھەتتا ئۇ ئايالنى تۇتمايتتى. ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ

(1) سۈرە فۇرقان 54 ـ ئايەت.

قىلغان ھېلىقى ئادەمدىن قورساق كۆتۈرگەنلىكى ئاشكارا بولسا، خالىسا ئېرى ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى. باشقا ئادەم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىش تۇغۇلىدىغان بالىنى ئەقىللىق ۋە شۆھرەتلىك تۇغۇلسۇن، دېگەن مەقسەتتە ئۇچۇن ئىدى[1]. مانا بۇ نىكاھ <جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىش نىكاھى> دەپ ئاتىلاتتى.

ئۈچىنچى خىلى: سانى 10 كىشىدىن ئاز بولغان بىر توپ كىشى يىغىلىپ ھەممىسى بىر ئايالنىڭ قېشىغا كىرەتتى ۋە ھەر بىرى ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئايال قورساق كۆتۈرۈپ بالىنى تۇغۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى چاقىرىپ ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىمۇ ئايالنىڭ قېشىغا كېلىشتىن باش تارتالمايتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايالنىڭ قېشىغا توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئايال ئۇلارغا: مانا سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ قانداق ئىش قىلغانلىقىڭلارنى كۆردۈڭلار، مەن تۇغدۇم، دەپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ مانا بۇ سېنىڭ بالاڭ ئى پالانى! دەيتتى. ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ھېچبىر قارشىلىق كۆرسىتەلمەي قوبۇل قىلاتتى.

تۆتىنچى خىلى: بىر نەچچە كىشى يىغىلىپ بىر ئايالنىڭ قېشىغا كىرەتتى. ئايال قېشىغا كىرگەن ئادەم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باش تارتالمايتتى. ئەسلىدە ئۇنداق قىلىدىغان ئايال ئىشىكلىرىگە (ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن) بايراق چىقارغان بۇزۇق ئاياللاردىن تەركىب تاپقان بولاتتى. خالىغان ئادەم ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى قورساق كۆتۈرۈپ بالىنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قېشىغا توپلىناتتى ۋە ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا شەكىل ئوقۇيدىغان ئادەملەردىن[2] چاقىرتىپ كېلەتتى. شەكىل ئوقۇيدىغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بالىغا ئوخشايدىغان بىر ئادەمگە: بۇ بالا سېنىڭ ئىكەن، دەيتتى. ئاندىن ئۇ ئادەم بالىنى ئېلىپ باغرىغا باساتتى. شۇنىڭ بىلەن بالا ئۇنىڭ بالىسى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئادەم بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى

(1) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە تۇغۇلىدىغان بالىسىنى باتۇر ئادەم بولسۇن دېسە، ئايالىنى باتۇر بىر ئادەم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە، يۇزلۇك شۆھرەتلىك ئادەم بولسۇن دېسە، ئايالىنى يۇزلۇك ئادەم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيتتى. ت.

(2) بۇلار بىر ئادەمگە قاراپ ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالالايدىغان كىشىلەردۇر. ت.

قوبۇل قىلىشتىن باش تارتالمايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى نىكاھلارنىڭ ئىچىدىن كىشىلەر دەۋرىمىزدە ئۆيلەنگەندە قىلىدىغان نىكاھتىن باشقا (يەنى بىرىنچى خىلدىكى نىكاھتىن باشقا) ھەممە نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.[1]

## بىر ـ بىرىنىڭ قىزلىرىنى تويلۇقسىز ئېلىشنىڭ ھۆكمىنىڭ بايانى

بۇ خىل نىكاھمۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ نىكاھلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ ئىسلام دىنى ئۇنى ھارام قىلىپ چەكلىگەندۇر. بۇ خىل نىكاھنىڭ چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ـ بىرىنىڭ قىزلىرىنى تويلۇقسىز ئېلىشتىن توستى.»[2]

### بۇ خىلدىكى نىكاھنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئەھمەد قىزىنى سەمەتكە، سەمەت قىزىنى ئەھمەدكە تويلۇقسىز بېرىدۇ. (بىز بۇ خىلدىكى نىكاھنى <بىر ـ بىرىنىڭ قىزلىرىنى تويلۇقسىز ئېلىش> دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىدۇق.)

ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دېدى: «بارلىق ئالىملار بۇ خىلدىكى نىكاھ بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ بولمايدىغانلىقىغا بىر پىكىرگە كەلدى. لېكىن ئۇلار بۇ خىلدىكى نىكاھنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: بۇ خىلدىكى نىكاھ توغرا بولمايدۇ، دەيدۇ. بىر رىۋايەتتە ئىمام مالىك: بۇ خىلدىكى نىكاھ قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر قىزنى بۇ خىل نىكاھ بىلەن ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغان بولسا، ئۇ نىكاھ توغرا نىكاھ، دەپ قارىلىدۇ، دېدى. ئىبنى مۇنزىر بۇ ھەقتە ئەۋزائىينىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ھەنەفىي

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەزھەپدىكىلەر: بۇ خىلدىكى نىكاھ توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ قىزلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلارنىڭ تەڭتۇشلىرىگە ئېلىنغان تويلۇقنى بېرىش لازىم، دېدى. زۆھرىي، مەكھۇل، سەۋرىي، لەيس، بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق ۋە ئەبۇسەۋرى قاتارلىقلار ئالىملارمۇ بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرگە ئوخشاش قاراشتىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: بۇ نىكاھ توغرا بولىدۇ، دېگەنلىكى ئۈچۈن شافىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بەزى ئالىملارمۇ بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرگە ئوخشاش قاراشقا كەلدى. لېكىن ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): پەقەت الله تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن (نىكاھنىڭ ھەممە شەرتلىرى تولۇپ بولغاندىن كېيىن نىكاھ قىلىنغان) ياكى سېتىپ ئالغان ئايالاردىن باشقا ئايالار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارامدۇر. ئەگەر شەرىئەت قانداق بىر خىل نىكاھتىن چەكلىسە، ئۇ خىل نىكاھ بىلەن نىكاھ قىلىشنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى كۈچلۈكتۇر، دېدى[1].»

ھەدىستە مىسال ئۈچۈن پەقەت قىزلا بايان قىلىندى. ھەدىسنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە قىزنىڭ ئورنىغا ھەمشىرە بايان قىلىنغاندۇر. ئىمام نەۋەۋىي: «مەيلى ھەمشىرە بولسۇن مەيلى ئۇغۇل قېرىندىشىنىڭ قىزلىرى بولسۇن بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ ھۆكمى قىزنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدىغانلىقىغا بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلدى[2]. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر» دېدى.[3]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «بىر ـ بىرىنىڭ قىزلىرىنى تويلۇقسىز ئېلىشتىن توسالغانلىقنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ خىلدىكى نىكاھنىڭ تويلۇقسىز بولغانلىقى ۋە قىزلارنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن تويلۇق ئورنىدا ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز (يەنى ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر) ئەگەر بىر قىز بۇ خىل نىكاھ بىلەن ياتلىق قىلىنسا، ئۇ قىزغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا ئېلىنغان مىقداردا تويلۇق ئېلىنىدۇ، دېدۇق. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلارنىڭ تەڭتۇشىغا ئېلىنغان مىقداردا تويلۇق ئېلىنسا، بۇ خىل نىكاھنىڭ چەكلىنىشى ئۈچۈن سەۋەب بولغان ئامىل يوق بولغان بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن (بۇ توغرا بىر نىكاھ بولغان ھېسابلىنىدۇ).

(1) يەنى ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): بۇ خىل نىكاھ بىلەن نىكاھ قىلىش كەسكىن ھارام بولمىسىمۇ، ئەمما ھارامغا يېقىندۇر، دەپ بۇ خىلدىكى نىكاھنىڭ بولمايدىغانلىقى كۆز قارىشىدىدۇر. ت.

(2) يەنى ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ھەمشىلىرىنى تويلۇقسىز ئۆيلەندۈرۈشمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇغۇل قېرىندىشىنىڭ قىزىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ بولمايدىغانلىقىغا بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەندۇر، دېمەكچىدۇر. ت.

(3) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 164 ـ بەت

بىز ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ بۇ خىلدىكى نىكاھنى پۈتۈنلەي توغرا بولىدۇ، دەپ قارىمايمىز. بۇ پەقەت تويلۇق ئۈچۈن ھاراقتا ۋە توڭغۇزغا ئوخشاش تويلۇق بولىشنى شەرىئەت قوبۇل قىلمايدىغان نەرسىلەر ئاتالغان نىكاھلارغا ئوخشاش ئىككى تەرەپنىڭ ھەر بىرىنىڭ تويلۇقىغا تويلۇق بولۇش قوبۇل قىلىنمايدىغان نەرسە ئاتالغان نىكاھدۇر، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى نىكاھتا ئۇ قىزلارغا خۇددى تويلۇقىغا ھاراق ياكى توڭغۇز ئېلىنغان قىزغا ئېلىنغىنىدەك ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەڭتۇشىگە ئېلىنغان تويلۇق ئېلىنىدۇ.

تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ قانداق ئۆلچىلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى اللہ تائالا خالىسا ئالدىمىزدا كېلىدۇ.

# قۇرئان كەرىم ۋە تويى قىلىش

اللہ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدا تويى قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە ئۇنىڭغا ئۈزىنىڭ: «ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اللہ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، اللہ نىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، اللہ بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىلگۈچىدۇر» [1] دېگەن ئايىتىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرىدە تەرغىب قىلدى.

اللہ تائالا (تويلۇققا ئوخشاش) تويى قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان كىشىلەرنى ھەتتا اللہ تائالا ئۇلارغا تويى قىلىشنىڭ يولىنى ئاسان قىلغانغا قەدەر سەۋرى قىلىشقا ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۆيلىنەلمەيدىغانلار اللہ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن» [2]

شۇنىڭدەك اللہ تائالا ھۆر ئاياللاردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلارنى چۆرىلەردىن ئۆيلىنىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى چۆرىلەر بىلەن ئۆيلىنىش ھۆر ئاياللار

(1) سۇرە نۇر 32 ـ ئايەت.

(2) سۇرە نۇر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن ئۆيلەنگەنگە قارىغاندا ئەزەن توختايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. الله ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى الله غا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار، لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك. بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر. سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [1]

كۈنىمىزدە چۆرىلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆر ئاياللار بىلەن توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان ياشلارنىڭ ئايەتنىڭ «سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېگەن يېرىگە ئەمەل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئۆيلىنىشنىڭ ئورنىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ: «بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە بالىلار بەردۇق، ھەرقانداق پەيغەمبەر الله نىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەربىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ» [2] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇشلا يېتەرلىكتۇر.

الله تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ئەڭ ئېسىل ئادەملەر بولغان پەيغەمبەرلەرگە ئاياللارنى ۋە بالىلارنى بەردى. بۇ ئۆيلىنىشنىڭ ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ئىنسانلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەرلەر ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى قورئان كەرىمدە ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە بايان قىلدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆيلىنىش الله تائالاغا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز

(1) سۈرە نىسا 25 - ئايەت.

(2) سۈرە رەئىد 38 - ئايەت.

ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن»[1] دەپ دۇئا قىلىدىغان الله تائالانىڭ تەقۋادار ياخشى بەندىلىرىنىڭ ئىسىل سۈپەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ بەختى ـ سائادىتى ۋە خۇشاللىقى تېخىمۇ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ مۆمىن ئاياللىرى ۋە مۆمىن بالىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىش بولسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرگەنلەرگە بەرگەن نېمەتلەرنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. الله تائالا جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىن ئاياللىرى ۋە مۆمىن بالىلىرى بىلەن جەننەتتە بىر يەرگە جەم بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ»[2]

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە توي قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن! پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلەندى ۋە <ئۆيلەندى> دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ئەڭ ياخشى، ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ مېھرىبان ئەر ئىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەم خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا ئەڭ ياخشى بولغىنىدۇر. مەن خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىمغا ئەڭ ياخشى بولغان كىشىدۇرمەن.»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەردىن ئىمانى كامىل بولغىنى، ئەخلاقى گۈزەل ۋە خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا ئەڭ مېھرىبان بولغىنىدۇر.»[4]

(1) سۈرە فۇرقان 74 ـ ئايەت.

(2) سۈرە رەئد 23 ــ 24 ـ ئايەتلەر.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئۆيلىنىشكە تەرغىپ قىلاتتى ۋە ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەنلەرنى ئۆيلىنىشكە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «ئى ياشلار گۇرۇھى! ئىچىڭلاردىكى توي قىلىشقا ئىمكانىيىتى بارلار توي قىلسۇن. چۈنكى توي قىلىش كۆزنى (نامەھرەمگە) قاراتمايدۇ ۋە ئەۋرەتنى (زىنا قىلىشتىن) ساقلايدۇ. توي قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوقلار روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا ئۇنى تىزگىنلەيدۇ.» [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ۋاقتىنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا قارىتىشنى مەقسەت قىلىپ توي قىلماي بويتاق ئۆتۈشنى ئويلاشقان ساھابىلەرنى شۇنداق قىلىشتىن توسقان. بۇ ھەقتە سەئدى ئىبنى ئەبۇۋاققاس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلماي بويتاق ئۆتۈشنى نىيەت قىلغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇننى شۇنداق قىلىشتىن توستى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئەلۋەتتە بىزلەرمۇ ئۆزلىرىمىزنى پىچىۋەتتەتتۇق.» [2]

ئەنەس ئىبنى مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ نەپەر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرى ھەققىدە سورىدى. (ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىدىن خەۋەر بېرىلگەن چاغدا، ئۇلار بۇ ئەمەللەرنى ئاز سانىغاندەك قىلىپ) ئۇلارنىڭ بىرى: مەن ئاياللاردىن ئايرىلىپ تۇرىمەن، مەڭگۈ ئۆيلەنمەيمەن، دېدى. يەنە بىرى: مەن گۆش يېمەيمەن (يەنى مەن يىل بويى روزا تۇتىمەن روزىسىز يۈرمەيمەن)، دېدى. ۋە يەنە بىرى: مەن كۆرپەمنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىمايمەن، (يەنى ھەمىشە كېچىدە ناماز ئوقۇيمەن)، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ اللە تائالاغا ھەمدۇ - سانا ئېيتتى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مۇنداق - مۇنداق دېگەن كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! مەن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن، روزا تۇتىمەن ۋە روزىسىزمۇ يۈرىمەن، ھەم ئاياللار بىلەن تويمۇ قىلىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.» [3]

ئەنەس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام توي قىلىشقا بۇيرۇيتتى، توي قىلماي بويتاق ئۆتۈشتىن قاتتىق توساتتى ۋە توي قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيتتى: «سىلەر كۆيۈمچان ۋە تۇغۇشلۇق ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىڭلار. ھەقىقەتەن مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىدا سىلەرنىڭ كۆپ بولىشىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.» (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئۇلار يوقسىز بولغان تەقدىردىمۇ توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد بىلەن تىرمىزىي ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىگە: «ئى پالانى! ئۆيلەندىڭمۇ» دېدى. ئۇ كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ياق، مەندە توي قىلغۇدەك مال يوق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بىلەن سۈرە ئىخلاس يوقمۇ؟ (يەنى سەن سۈرە ئىخلاسنى يادقا بىلمەمسەن)» دېدى. ئۇ كىشى: بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بىلەن سۈرە نەسر يوقمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بىلەن سۈرە زەلزەلە يوقمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۆيلەن ئۆيلەن» دېدى.

ئەنەس يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆيلەنسە ئىماننىڭ يېرىمىنى تولۇقلىغان بولىدۇ. قالغان يېرىمىدە الله تائالادىن قورقسۇن» (2)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرنىڭ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە شەھۋىتىنى ئايالى بىلەن قاندۇرغانلىقىنى ساۋاب بېرىلىدىغان بىر ئىبادەت ھېسابلىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇزەر مۇنداق دېدى: بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بايلار ساۋاب، ئەجىرلەرنى ئېلىپ كەتتى. بىز ئوقۇغان نامازنى ئۇلارمۇ ئوقۇيدۇ، بىز تۇتقان روزىنى ئۇلارمۇ تۇتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ماللىرىدىن سەدىقە بېرىدۇ. (ئەمما بىز بېرەلمەيمىز)،

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) تەبرانىي رىۋايىتى.لېكىن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەرتىگە توشمىغان ئادەملەردۇر.

دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە سىلەرگىمۇ سەدىقە قىلىدىغان نەرسىنى قىلىپ بەرمىدىمۇ؟ (ئېيتقان) ھەر بىر تەسبىھ سەدىقىدۇر، ھەر بىر تەكبىر سەدىقىدۇر، ھەر بىر ھەمدۇ سەدىقىدۇر، ھەر بىر تەھلىل سەدىقىدۇر ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقىدۇر، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقىدۇر، بىرىڭلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقىدۇر» دېدى. كىشىلەر: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە شەھۋىتىمىزنى (ئاياللىرىمىز بىلەن) قاندۇرغانلىق ئۈچۈنمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىپ بېقىڭلار؟ ئەگەر بىر ئادەم شەھۋىتىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدىغۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ» دېدى.(1)

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا خەجلەپ بەرگەن پۇللار ئىسلامدا ياخشى يوللارغا خەجلەنگەن پۇللارنىڭ ئىچىدە ساۋابى ئەڭ كاتتا پۇل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالانىڭ يولىدا خەجلىگەن پۇلنىڭ، قۇل ئازات قىلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنىڭ، يوقسۇزغا خەجلىگەن پۇلنىڭ ۋە ئايالىڭغا خەجلىگەن پۇلنىڭ ئىچىدە، ئايالىڭغا خەجلەپ بەرگەن پۇلنىڭ ساۋابى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدى ئىبنى ئەبۇۋاققاس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قا مۇنداق دېدى: «سېنىڭ اللە نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپلا قىلغان خىراجەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئەجىر بېرىلىدۇ. ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان نەرسەڭ ئۈچۈنمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ.»(2)

# فىقھىشۇناسلار ۋە توي قىلىش

بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنساننىڭ شەرت شارائىتى ۋە ئەھۋالى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن فىقھىشۇناسلارنىڭ (يەنى ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ) كۆز قارىشىدا توي قىلىشنىڭ ھۆكمىمۇ بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنساننىڭ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئارىسىدا پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: ھالى ئەگەر ئۆيلەنمىسە زىنا قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەمنىڭ ئۆيلىنىشى ۋاجىپتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ھالى ئەگەر ئۆيلەنمىسە زىنا قىلىپ قالمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى نامەھرەمگە قاراشتىن ياكى قول بىلەن لەززەتلىنىشتىن يىغالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئادەمنىڭمۇ ئۆيلىنىشى ۋاجىپتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆيلەنمىسە زىنا قىلىپ قېلىشى چوقۇم بولغان ۋە ئۇنىڭ تويلۇق ئالالايدىغان ۋە ئايالىنىڭ چىقىملىرىنى بېرەلەيدىغان ئىمكانىيىتى بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى پەرزدۇر. چۈنكى ھارام بىر ئىشنى قىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئىشنى قىلىش پەرزدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تويلۇق ئالغۇدەك ئىمكانىيىتى يوق، لېكىن ئۆيلەنمىسە زىنا قىلىپ قېلىشى ئېنىق بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ قەرز ئېلىپ ئۆيلىنىشى ۋاجىپتۇر. الله تائالا ئۇنىڭغا قەرزىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا ياردەم قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار. ئۇلار بولسا، بېرىشنى كۆزلەپ (مەلۇم مىقداردا بەرسە ھۆر بولۇپ كېتىشكە خوجايىنى بىلەن) پۈتۈشكەن قۇل، ئىپپەتنى كۆزلەپ توي قىلغۇچى ۋە الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچىلاردۇر.» [1]

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆيلەنمىسە زىنا قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى، ئۆيلەنسە ئايالىغا زۇلۇم ۋە ئۇۋال قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى زۇلۇم ۋە ئۇۋال قىلىش بەندىلەرگە ئالاقىدار بىر گۇناھ ئىشتۇر. ئەمما زىنا قىلىشتىن چەكلەش الله تائالانىڭ ھەققىدۇر. الله تائالانىڭ ھەققى بىلەن بەندىنىڭ ھەققى قارمۇ - قارشى كەلسە، بەندىنىڭ ھەققى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. چۈنكى بەندە ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئەمما الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىشتىن بىھاجەتتۇر[2].

بىر ئادەمنىڭ ئەگەر ئۆيلەنسە ئايالىغا زۇلۇم قىلىپ قېلىشى چوقۇم بولسا، ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئۆيلىنىش ئىنسانى ھارامدىن ساقلاش

(1) تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(2) يەنى بەندە زۇلۇم قىلىنماسلىققا ۋە ئۇۋال قىلىنماسلىققا ئېھتىياجلىقتۇر. ئەمما الله تائالا بىر ئىنساننىڭ زىنا قىلماي زىنادىن يېنىشىغا ئېھتىياجلىق ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ ئىنسان زىنادىن يانسا الله تائالا ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ. ئەگەر يانمىسا الله تائالا خالىسا ئۇنى ئازاپلايدۇ، خالىسا كەچۈرىدۇ. ت.

ۋە ئۇنىڭ ئۆيلىنىش بىلەن ساۋابقا ئېرىششى ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر. ئىنسان ئايالىغا زۇلۇم قىلىش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ ۋە چەكلەنگەن ھارام ئىشنى قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە گۇناھ تەرىپى ساۋاپ تەرىپىنى بېسىپ كېتىدۇ[1].[2]

ھالى نورمال ئادەمنىڭ ئۆيلىنىشى ۋە خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى بىلەن مەشغۇل بولىشى نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغاندىن ياخشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتۈش مۇسۇلمانلىقتىن ئەمەس. كىمكى بىرىنى ئۆيلەنمەسلىككە دەۋەت قىلسا، ئىسلامدىن ئەمەس بىر ئىشقا دەۋەت قىلغان بولىدۇ.»[3]

سەلەپلەر ئۆيلەنمەي يۈرۈشنى يامان كۆرەتتى ۋە ئۆيلەنمىگەنلەرنى ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئىبراھىم ئىبنى مەيسەرە تاۋۇسقا: سەن ياكى ئۆيلىنىسەن ياكى مەن ساڭا ئۆمەرنىڭ ئەبۇززاۋائىدقا: سېنىڭ ئۆيلىنىشىڭگە پەقەت ياكى سېنىڭ (ئاياللارنىڭ ئالدىدىكى) ئاجىزلىقىڭ ياكى سېنىڭ بۇزۇقلىقىڭ توسالغۇ بولدى، دېگەن سۆزىنى دەيمەن، دېگەن.

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سەئىد ئىبنى جۇبەيرىگە: «ئۆيلەنگىن. چۈنكى بۇ، ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى نىكاھىدا خوتۇن ئەڭ كۆپ بولغانلار» دېگەن.

بەزى فىقھىشۇناسلار: ئۆيلىنىشتىن ۋە خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىش ياخشىدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا الله تائالانىڭ يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىشتىن پەرھىزكار، دەپ مەدھىلەپ كەلگەن الله تائالانىڭ: «ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا الله نىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى»[4] دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى ۋە ئەگەر

(1) يەنى بىر ئادەم ئۆيلىنىپ ساۋاپقا ئېرىشىش بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئايالىغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشىدىغان گۇناھى ئېغىر بولىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھارام بولىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

(3)<ئەششەرھۇلكەبىر>.

(4) سۈرە ئالى ئىمران 39 ـ ئايەت.

ئۆيلىنىش ياخشى بولسا ئىدى، الله تائالا يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالنىڭ قېشىغا كېلىشتىن پەرز تۇتۇپ ئۆيلەنمەي ياشىغانلىقىنى مەدھىلىمىگەن بولاتتى، دېدى. لېكىن توي قىلىش ياخشى دېگەن قاراشتىكىلەرنىڭ دېگەنلىرى بىلەن بۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى سېلىشتۇرساق، توي قىلىش ياخشى دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىستە ئۇلارنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىل ـ پاكىتلار بار. بىز ئۇ دەلىللەرنىڭ بىر قىسمىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمما قۇرئاندا الله تائالانىڭ يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرھىزكار ئىكەنلىكىنى مەدھىلەپ كېلىشى بولسا، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەتىگە قارىتا ئۆيلەنمەي يۈرۈش ياخشى ئىشتۇر. بۇ ھەقتە بىزنىڭ شەرىئەتىمىز ئۇنىڭ شەرىئەتىگە ئوخشىمايدۇ.[1]

## قول بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ ھۆكمى

كۈنىمىزدە نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ئارىسىدا ئۇمۇملىشىپ كەتكەن قول بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ ياكى <يۇشۇرۇن ئادەت> دەپ ئاتىلىدىغان ئىشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. فىقھشۇناسلار بولسا: بۇ توغرا ئەمەس چەكلەنگەن ئىش، دەپ قارايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا الله تائالانىڭ: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ. (جىنسىي تەلەپىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر»[2] دېگەن ئايەتلىرىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ ئايەتلەر بىر ئىنسان شەھۋىتىنى پەقەت ئايالى ۋە چۆرىسى بىلەنلا قاندۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر يولنىڭ يوقلىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن فىقھشۇناسلار: «ئەگەر بىر ئادەم قول بىلەن لەززەتلىنىش ئارقىلىق شەھۋىتىنى توختاتمىسا زىنا قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ قولى بىلەن لەززەتلىنىپ شەھۋىتىنى توختاتسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولماسلىقى مۇمكىن» دېدى. بۇ ھەقتە <پەتھۇل قەدىر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «بىر ئادەمنىڭ شەھۋىتى بەك

---

(1) <ئەششەرھۇلكەبىر>.

(2) سۈرە مەئارىج 29 ــ 31 ـ ئايەتكىچە.

كۆچلۈنۈپ كەتكەن، ئۇ شەھۋىتىنى پەسەيتمەك ئۈچۈن قولى بىلەن لەززەتلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئازابلانماسلىقى ئۈمىد قىلىنىدۇ» دېدى. <سىراج> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: «ئەبۇللەيس دېگەن ئالىم: ئەگەر قولى بىلەن لەززەتلەنمەكچى بولغان ئادەم ئايالى ياكى چۆرىسى يوق بويتاق ياكى ئايالى ۋە ياكى چۆرىسى بار، لېكىن بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارالمايدىغان ئادەم بولسا، دىلىنى بىئارام قىلىپ تۇرىدىغان شەھۋىتىنى توختۇتۇش ئۈچۈن قولى بىلەن لەززەتلەنسە، ئۇنىڭ گۇناھكار بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى شەھۋىتىنى قوزغاش ئۈچۈن قىلسا گۇناھكار بولىدۇ، دېگەن».[1]

روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىپ ئۇنىڭدىن مەنىي چىقسا، ئۇزىنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۇ كۈن ئۈچۈن بىر كۈن قازا روزا تۇتۇشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى لازىم.[2]

# ئىسلام دىنىدا تۇغۇتقا چەكلىمە قويۇشنىڭ يوقلۇقىنىڭ بايانى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئۆيلىنىش ھەققىدە كەلگەن ئايەت، ھەدىس ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆيلىنىشنىڭ الله تائالا ئىنسان زېمىننى الله تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتىنى ھاكىم قىلىپ تىكلەپ ئاۋات قىلسۇن، دەپ ئۇنى زېمىنغا ئورۇنباسار قىلىپ ياراتقاندىن كېيىن ئىنسان كۆپىيىپ نەسلىنىڭ يەر يۈزىدە تۈگەپ كەتمەي داۋام قىلىشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر تۈزۈم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئىنسان يارىتىلىشتىن ئىلگىرى بۇ زېمىندا يارىتىلىدىغانلارنىڭ ۋە ياشايدىغانلارنىڭ سانى پۈتۈلۈپ كېتىپ بولغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ»[3]

الله تائالا تەقدىرىدە زېمىندا ياشاشقا پۈتىۋىتىلگەن ئادەملەر تاكى زېمىندا ياشىمىغۇچە ۋە ئۇلارنىڭ سانى تولۇق تولمىغىچە قىيامەت ھەرگىز بولمايدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار».

(2) <ئەھكامۇسسىيام>.

(3) سۈرە مەريەم 94 ــ 95 ـ ئايەتلەر.

شۇنىڭدەك يەنە الله تائالا بۇ زېمىندا يارىتىلىدىغانلارنىڭ ۋە ياشايدىغانلارنىڭ يېتەرلىك رىزىقلىرىنى تەقدىرىدە پۈتىۋەتكەن. الله تائالا ئۇلارنىڭ رىزىقلىرىنى زېمىننى يوقلۇقتىن بارلىققا ئېلىپ چىقىپ يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىنسانىنى يارىتىشتىن سانىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۇزۇن بىر مۇددەت ئىلگىرى پۈتىۋەتكەندۇر. بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدىن بىلىۋالالايمىز: «(سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللهنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم - زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر)» (1)

ئىبنى كەسىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) الله تائالانىڭ: «ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: «الله تائالا زېمىن ئەھلىنىڭ ئېھتىياجى بار رىزىقلارنى، زىرائەت تېرىيدىغان ۋە كۆچەت تىكىدىغان ئورۇنلارنى بەلگىلىدى، دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى. ئىبنى زەيد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئۆز ئىرادىسى بويىچە بىر ئادەمنىڭ رىزقىنى ياكى ھاجىتىنى شۇ ئادەمگە چۇشلۇق قىلىپ كەم - زىيادىسىز ياراتتى. ھەقىقەتەن الله تائالا ئۇ ئادەمنىڭ نېمىگە ئېھتىياجى بولسا، شۇنى بەلگىلىدى.»

ئىبنى كەسىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىبنى زەيدنىڭ بۇ سۆزى الله تائالانىڭ: «الله تائالا سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى» (2) دېگەن ئايىتىدە ئىپادىلىنىدۇ» دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ: الله تائالا سىلەر ئۆزەڭلار ئۈچۈن سورىغان، سىلەر ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئەھۋالدا موھتاج بولىدىغان نەرسىلەرنى سىلەرگە تەييارلاپ بەردى، دېگەنلىك بولىدۇ دەپ بايان قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ سانى قانچىگە يەتسە يەتسۇن ۋە ئۇلارنىڭ

(1) سۈرە فۇسسىلەت 9 ــ 10 - ئايەتلەر.

(2) سۈرە ئىبراھىم 34 - ئايەت.

قانچىلىك كۆپەيسە كۆپەيسۇن، اللە تائالا ئۇلار تۇرمۇشىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەممە نەرسىنى زېمىندا ئورۇنلاشتۇردى. اللە تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەتلىكتۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر ۋە ھەممىگە قادىردۇر. ئۇنداق ئىكەن ئىنسانلارغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ، يېتەرلىك رىزق يوق، دېگەن باھانىلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تۇغۇت چەكلەش قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر ئايەتلىرىگە زىت ۋە قارشى كېلىدۇ. زامانىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ئەگەر ئىنسانلار زېمىندىكى بايلىقلارنى پىلانلىق ھالدا كۆپەيتسە ۋە ئۇلاردىن ياخشى ئۇسۇلدا پايدىلانسا، يەر يۈزىدە ئىنسانلارنىڭ مىقدارى قانچىلىك دەرىجىگە يەتسە يەتسۇن زېمىندا ئۇلارغا يېتەرلىك نۇرغۇنلىغان ئوزۇقلۇق ۋە بايلىق بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. لېكىن بەزى مىللەتلەرنىڭ زېمىنىنىڭ خام ئەشيالىرىدىن ۋە بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشقا تىرىشماسلىقى، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدىلىنىپ كېتىشىگە ۋە بايلىقلارنى زۆرۈل ئېھتىياجى بولمىغان يەرلەرگىمۇ ئىشلىتىشىگە، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ياشاشقا، ئويۇن تاماشىلار ئۈچۈن بۇزۇپ چېچىشقا ۋە ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئىشلىتىۋېلىشىگە، زېمىن بايلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تۆگەپ كېتىشىگە ۋە نۇرغۇنلىغان ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا.

شۇنىڭدەك يەنە كۈنىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ مەدىنىيتىدە ئوچۇق ئاشكارا كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك ۋە بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك زېمىنىنىڭ بايلىقلىرىنى ۋە ئېنېرگىيەلىرىنى ئۇرۇش قۇراللىرىغا ۋە جەڭ سايمانلىرىغا ئىشلىتىش ئاچارچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى ۋە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان بالىلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زالىم كۈچلەر ئاجىز مىللەتلەرنىڭ بايلىقلىرىنى ۋە رىزىقلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ئوغۇرلاپ ئېلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى يوق يەرلەرگە ۋە كېرەكسىز نەرسىلەرگە ياكى ياساپ ۋە ئىجاد قىلىشتا ھۆنەر كۆرسۈتۈشىدىغان ئۇرۇش قۇراللىرى ۋە جەڭ سايمانلىرىنى ياساپ چىقىشقا بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ.

ئەسلىدە ئىسلام دىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك تۇغۇت چەكلەش، دېگەن بىر ئىش يوق. ئىسلامدا پەقەت قورساقتا قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دېگەن قاراشلا بار. ئايالنىڭ قورسۇقىدا قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى (ھەممە ئادەملەر ئەمەس)

مەلۇم سەۋەب ۋە خۇسۇسىي ئەھۋال ئاستىدا قالغان ئادەم قوللانسا بولىدۇ. ئەمما بۇنى بىر مىللەتنىڭ نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش ۋە قىرىپ يوقۇتۇش ئۈچۈن بىر سىياسى تەدبىر ئورنىدا قوللىنىش توغرا ئەمەستۇر.

(ئايالىنىڭ قورسىقىدا قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) ئەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، ئايالىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن مەنىينى ئايالنىڭ ئىچىگە ئەمەس تېشىغا تۆكسىمۇ ئىسلامدا توغرىدۇر. ئايالىنىڭمۇ (فىقھىشۇناسلارنىڭ بايان قىلغىنىغا قارىغاندا) بالا ياتقۇسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ ئەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ مەنىيسىنى بالا ياتقۇغا كىرىپ قېلىشىنى چەكلىشى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئەر ئايال بالا ئالماسلىق ئۈچۈن مەزكۇر يوللارنى قوللانسا، ئۇلارغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. بۇنىڭ دەلىل پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

(ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى خالىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان) بەزى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەنىينى تېشىغا تۆكۈش ھەققىدە سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەنىينى تېشىغا تۆكمىسەڭلىمۇ سىلەرگە ھېچقانداق زىيان يوق. الله تائالا قىيامەت بولغانغا قەدەر يارىتىشنى پۈتىۋاتقان ئادەملەر (مەيلى مەنىينى تېشىغا تۆكۈڭلەر مەيلى ئۇنداق قىلماڭلار) دۇنياغا كېلىدۇ» دەيدۇ.[1]

فىقھىشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەر زامانىنىڭ پىتنە - پاسات بولغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ بالىدىن يىراق بىر يەردە ياشايدىغانلىقى ياكى بولغۇسى ئۇ بالا، ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى كاپىر بىر شەھەردە ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ ئەسكى، ئەخلاقسىز ۋە دىنسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورققان ياكى ئايالى ئەخلاقى ناچار ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتى بولۇپ ئايالنىڭ قورسىقىدا قېلىشىدىن قورققان بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئەر ئايالىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن مەنىينى تېشىغا تۆكسە بولىدۇ.»[2]

ئايال بالا ئېمىتىۋاتقان بولۇپ ئەگەر قورسىقىدا قالسا، سۈتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقسا ياكى كېسەلچان بولۇپ قورساق كۆتۈرۈپ قالسا كېسىلى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

ئېغىرلىشىپ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالىدىغان بولسا، قورسىقىدىكى بالىغا جان پۈدۈلۈشتىن ئىلگىرى يەنى قۇرساق كۆتۈرۈپ تۆت ئاي تۇشۇشتىن ئىلگىرى بالىنى چۈشۈرۈۋاتسە بولىدۇ(1). ئەمما تۆت ئاي ئۆتۈپ بالىغا جان پۈدۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قانداق ئەھۋال ئاستىدا قالسا قالسۇن، بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بالا، تۆت ئاي ئۆتۈپ پۈتۈن ئەزالىرى يارىتىلىپ جان كىرگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ھەق ـ ھوقۇقى بار تىرىك بىر جانلىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى چۈشۈرۈۋېتىش توغرا ئەمەس.

# نىكاھ قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان ئىشلار

## بىرىنچى: خېرىدار بولۇش:

خېرىدار بولۇش تويدىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر رەسمىيەتتۇر. ئۇنىڭ مەئەييەن بىر ۋاقتى يوق. بۇ رەسمىيەتتە ئەرنىڭ كەلگۈسىدە ئايالى بولىدىغان ئايالنى تاللاش ئىشى تاماملىنىدۇ.

بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش ئەرنىڭ ياخشى ئايال تاللىشىغا ۋە ئايالنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەر تاللىشىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىلىقىدا يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كۆپۈنچىسى تاللاشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

خوتۇنلۇققا ياخشى ئايال تاللاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

### 1 ـ ئايال دىيانەتلىك بولىشى لازىم:

ئەر، خوتۇنلۇققا دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئايالنى تاللىشى لازىم. چۈنكى دىيانەتلىك ئايال ئېرىگە ياخشى بويسۇنىدۇ. ئەرنى بەخت ـ سائادەت ۋە خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلىمىز. دىيانەتلىك ئايال يەنە ئىپپەت نومۇسىنى ياخشى ساقلايدۇ. يات

(1) بالىغا مەنىي ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىغا كىرگىلى تۇلۇق تۆت ئاي بولغان ۋاقتىدا جان كىرگۈزىلىدۇ. ت.

ئەرنىڭ ئالدىدا يېپىشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى ئاچمايدۇ. اللہ تائالا ئايالىلارغا كىيىنىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. اللہ تائالا ئاياللارنىڭ قانداق كىيىنىدىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ ئالدىدا زىنەتلىك يەرلىرىنى ئاچسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: « مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىنىنەتلىرىدىن باشقا زىنىنەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىنىنەتلىرىدىن باشقا) زىنىنەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىنىنەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللہ غا تەۋبە قىلىڭلار[1] »

دىيانەتلىك ئاياللار ئۆزلىرىگە، اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا لايىق بولسۇن، دەپ ئەڭ ئېسىل ئەدەب ـ ئەخلاقلار بىلەن تەربىلىگەن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئۈلگە قىلىدۇ. اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى: « ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئىچىڭلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، بۇ اللہ غا ئاساندۇر. سىلەردىن كىمكى اللہ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ساۋابنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق. ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (گۇماندىن خالى) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار. ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى

(1) سۈرە نۇر 31 ـ ئايەت.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اﷲ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! اﷲ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ» [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەمگە دىيانەتلىك ئايال ئېلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئايال كىشىگە مۇنداق تۆت تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆيلىنىدۇ، ئۇنىڭ مېلىنى، نەسەبىنى، جامالىنى ۋە دىنىنى. سەن دىيانەتلىك ئايالنى تاللىغىن، شۇنداق قىلساڭ قولۇڭ توپىغا مىلىنىدۇ (يەنى قىلغان ئەمگىكىڭگە مەنپەئەت يوقىدۇ) [2] » [3]

<قولۇڭ توپىغا مىلىنىدۇ> ئەسلىدە بىر دۇئا سۆزى بولۇپ، لېكىن ئەرەبلەر بۇ سۆز ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى سۆزلىگەن ۋاقىتدا دۇئانى مەقسەت قىلمايدۇ. بۇ سۆزلەرنى پەقەت بىر نەرسىدىن ھەيران قالغان ۋە تەئەججۇپلەنگەن ۋاقىتدىلا دەيدۇ.

مانا بۇ ھەدىس ئۆيلىنىش ئۈچۈن خوتۇننىڭ دىيانەتلىكىنى تاللاشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2 ـ چىرايلىق ئايالنى تاللاش لازىم:

خوتۇن ئالماقچى بولغان كىشى خوتۇنلىققا ئايالنىڭ چىرايلىقىنى تاللىشى لازىم. چۈنكى ئايالنىڭ چىرايلىق بولىشى ئېرىنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ نامەھرەمگە قارىماسلىققا ۋە ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە تولۇق تارتىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى خېرىدار بولغان ئەرنىڭ خېرىدار بولغان ئايالنىڭ چىرايىغا قاراشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ھەقتە اﷲ تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

(1) سۈرە ئەھزاب 30 ــ 33 ـ ئايەتكىچە.

(2) بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرىۋالىمىزكى، ئەرلەر ئۆيلىنىشتە ئاشۇ تۆت خىسلەتنىڭ مەلۇم بىرىنى كۆزلەيدۇ. ئەگەردە بىر مۇسۇلمان ئەر توي قىلماقچى بولغان لايىقىنىڭ دىيانىتىنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، بەركەتلىك، پەرزەنتلىرىمۇ دىيانەتلىك بولىدۇ. ت.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بىر ئايالنىڭ ئەڭ ياخشى ئاياللاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا قارىسا، ئېرىنى خۇرسەن قىلغۇدەك چىرايلىق بولىشىدۇر.

ئايالدا بۇ سۈپەتنىڭ بولىشى تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندۇر: ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئايالالرنىڭ قانداق خىلدىكى ئايال ئەڭ ياخشى ئايال ھېسابلىنىدۇ، دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئەڭ ياخشى ئايال) ئېرى قارىسا خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرۇقىقا بويسۇنىدىغان، ئېرىغا كۆڭلىدىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان ۋە مېلىنى ئەر يامان كۆرىدىغان يەرگە ئىشلەتمەيدىغان ئايالدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆيلەنگەن ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «قانداق خوتۇن ئالدىڭ؟» دېدى. مەن: سىكىلەك (يەنى چوكان) ئالدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كاشكى قىز ئالغان بولساڭ، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى» دېدى. ئىمام مۇسلىمدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: «سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ ئۇ سېنى كۈلدۈرەتتى.» [1]

قىز كۆپۈنچە ۋاقىتتا سىكىلەكتىن (چوكاندىن) چىرايلىق بولىدۇ. قىزنىڭ ئېرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىشتىياقى سىكىلەككە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ئېرىدىن باشقا بىر ئەرنى كۆرمىگەندۇر.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئەمىلىيەتكە ئويغۇن كېلىدىغان ۋە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا مېھرىبانلىقنىڭ ۋە مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىغا ناھايىتى ھېرىسمەن بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئايالنىڭ چىرايلىق بولىشى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

## 3 ـ تۇغۇدىغان ئايالنى تاللاش لازىم:

ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەم خوتۇنلۇققا تۇغۇدىغان ئايالنى تاللىشى لازىم. ئايالنىڭ تۇغماس بولىشى ئۇنىڭدىكى بىر كەمچىلىك ھېسابلىنىدۇ. تۇغماسلىق

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايالدىكى بىر كەمچىلىك ئىكەنلىكىنى الله تائالانىڭ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەققىدە دېگەن سۆزىدىن كۆرۈۋالالايمىز. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى تۇغماس ئىدى. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلىشى ئارقىلىق الله تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ توغماسلىقىنى ئۆزگەرتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «زەكەرىيانىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)» دەپ نىدا قىلدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى» [1]

ئەگەر سەن الله تائالانىڭ: «ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق)» ئايىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزسەڭ، سەن ئايالنىڭ كامىل ۋە ساغلام ئايال بولۇشىنىڭ بىر شەرتىنىڭ ئۇنىڭ تۇغماس ئەمەس الله تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۇغۇدىغان بولۇشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغاس ئاياللار بىلەن توي قىلىشتىن توستى ۋە تۇغۇدىغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە تەۋسىيە قىلدى. بۇ ھەقتە مەئقەل ئىبنى يەسار (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەن نەسەبى ياخشى ۋە چىرايلىق، لېكىن تۇغماس بىر ئايال ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنسەم بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۈچىنچى قېتىم كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىمدا مۇنداق دېدى: «سىلەر كۆيۈمچان ۋە تۇغۇشلۇق ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىڭلار. ھەقىقەتەن مەن ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىدا سىلەرنىڭ كۆپ بولۇشۇڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن. » [2]

ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

---

(1) سۈرە ئەنبىيا **89 — 90** - ئايەت.

(2) ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام تويي قىلىشقا بۇيرۇيتتى، تويي قىلماي بويتاق ئۆتۈشتىن قاتتىق توساتتى ۋە تويي قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيتتى: «سىلەر كۆيۈمچان ۋە تۇغۇشلۇق ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىڭلار. ھەقىقەتەن مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىدا سىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.» (1)

مەزكۇر ھەدىسلەر ئۆيلىنىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەتنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ھېكمەت بولسا، ھەتتا الله تائالا زېمىنغا ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارچىگە ۋارىسلىق قىلغانغا قەدەر زېمىن ئۈستىدە ئىنسان نەسلىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۇنىڭ داۋام قىلىشىدۇر. تۇغماس ئايال بىلەن ئۆيلىنىش بۇ ھېكمەتكە زىت كېلىدۇ ۋە ئەر ـ خوتۇنىنىڭ ئالاقىسىنى پەقەت شەھۋىتىنى ۋە نەپسىنى قاندۇرۇشتىنلا ئىبارەت بىر نەرسە ئىكەنلىكىگە چەكلەپ قويىدۇ. بىر ئايالغا خېرىدار بولغان ئادەم ئۇنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ياكى بۇرۇنقى ئېرىنىڭ قولىدا تۇغمىغانلىقى ياكى تۇغماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىرەر كېسەلگە ياكى ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى ياكى ئۇنى تەكشۈرتىپ بېقىش ئارقىلىق بىلىدۇ.

## تويي قىلماقچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈتۈپ بېقىشنىڭ ھۆكمى:

بىزنىڭ بۇ يەردە ئۆيلەنمەكچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەر تۈرلۈك كېسەللەردىن خالى ياكى خالى ئەمەسلىكىنى ۋە ساغلىق تەرىپىدىن ئۆيلىنىشكە شەرتلىرى توشقان ياكى توشمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى تەكشۈرتىشكە قارىتا ئىسلام دىنىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى ئىزدىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. تويدىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى تەكشۈرتىش بولسا، كۈنىمىزدە پەيدا بولغان يېڭى تۈزۈمدۇر.

مەن ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ساق ـ سالامەت كۆرۈنسە ۋە ئۇلاردا بىرەر كېسەلنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمىسە، شەرىئەتنىڭ قارىشى بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرتىشى كېرەك ئەمەس، دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەر قانداق ئىنساننىڭ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ساق ـ سالامەت بولۇشى ئەسلى بىر ئىشتۇر (يەنى ئەسلىدە ھەر قانداق ئىنسان ساق ـ سالامەت تۇغۇلىدۇ). كېسەل ئۇنىڭدا كېيىن كۆرۈلىدىغان بىر ئىشتۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىنساندا تاكى كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگىچە ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ). شۇڭا فىقھشۇناسلار: «سۇنىڭ پاكىز بولۇشى ئەسلى بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇدا تاكى نىجاسەتنىڭ ئالامىتى كۆرۈلمىگىچە ئۇنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر بىر كىشى: كېسەلنىڭ ئالامىتى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يوشۇرۇن كېسەل بولۇشى مۇمكىن، دەپ مېنىڭ قارىشىمغا ئېتىراز بىلدۈرسە، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: «بىر ئىنساندا يوشۇرۇن كېسەلنىڭ بولۇش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز بىر ئىشتۇر. (ئىسلام دىنىدا) بولۇش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز بىر ئىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى مەۋجۇتلۇقى چوقۇم بولغان نەرسە شەكلىنىپ قېلىش بىلەن يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىسلامدىكى ئىككى قائىدە بولۇپ نۇرغۇنلىغان فىقھى ھۆكۈملەر بۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. بىز ئۈستىدە توختۇلۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىمۇ مەزكۇر مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىر دوختۇرنىڭ توي قىلماقچى بولغان ئەر ـ ئايالنى تەكشۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭ (تەكشۈرىمەن دەپ) ئۇلارنىڭ قاراشقا بولمايدىغان يەرلىرىگە قارىشىنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايمەن. لېكىن مەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قان تىپى بىر ـ بىرىگە ئويغۇن كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قانلىرىنى تەكشۈرتىپ بېقىشلىرىنى چەكلەيدىغان شەرىئەتتە بىرەر چەكلىمە بار، دەپ قارىمايمەن. تېخى مەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قانلىرىنى تەكشۈرتىپ بېقىشلىرىنى مۇستەھەپ، دەپ قارايمەن. چۈنكى قاننى تەكشۈرتىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشكە قانچىلىك دەرىجىدە تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بالا يۈزى كۆرۈش ئىسلام دىنى تەلەپ قىلغان بىر ئىشتۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشكە تەييار ياكى تەييار ئەمەسلىكىنى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋۇجۇدىدا بالا يۈزى كۆرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بار يوقلىقىنى بىلىپ بېقىشمۇ شەرىئەت تەلەپ قىلغان بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. شەرىئەت قوبۇل قىلغان قائىدىلەردىن بىرى بولسا <ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ھۆكمى ئۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە قارىتا بولىدۇ> دېگەن قائىدىدۇر. (شەرىئەت تەلەپ قىلغان بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا

چىقىرىش ئۈچۈن) قان تەكشۈرتۈش جەريانىدا يېپىشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئاچسىمۇ بولىدۇ.

مانا بۇلار بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىم. ئەگەر بۇ ھەقتە باشقا ئىسلام ئالىملىرى ئىزدىنىپ قاراپ باقماقچى بولسا، ئۇلارغىمۇ يول ئوچۇقتۇر. توغرىسىنى ﷲ تائالا بىلگۈچىدۇر.

## 4 ـ ئايال ئېسىل ئائىلىدىن بولىشى لازىم

ھەتتا ئايالدىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئائىلىنىڭ بارلىق ياخشى سۈپەتلىرىگە ياكى ئۇنىڭ بەزىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۈيلەنمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئايالنى ئائىلىسىدىكى ئادەملەر ياخشى ئەخلاق ۋە گۈزەل سۈپەت بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن ئائىلىدىن تاللىشى ياخشىدۇر.

ئىلىم ۋە تەجرىبە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نۇرغۇن سۈپەتلىرىنىڭ بالىلارغا يۆتكۈلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ ھەقىقەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ھەدىسلىرىمۇ ئىشارەت قىلدى. بۇ ھەقتە ئائىشە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مەنىيلىرىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئايال تاللاڭلار. توينى سىلەرگە (ھەممە تەرەپتىن) تەڭ كېلىدىغان ئاياللار بىلەن قىلىڭلار ۋە ئۇلارغا ياتلىق قىلىڭلار.» [1] يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر مەنىيلىرىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئايال تاللاڭلار. چۈنكى ئاياللار (سۈپەتلىرىدە) خۇددى ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش بالا تۇغىدۇ.» [2]

مەزكۇر ھەدىسنى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا): ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئايالىم قارا بالىدىن بىرنى تۇغدى، دېدى[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە بار، دېدى.

(1) ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(2) ئىبنى ئەدىييە رىۋايىتى.

(3) يەنى ئۇ كىشى ئۆزى ئاق تەنلىك ئەمما بالىسى قارا تەنلىك بولۇپ تۇغۇلغاندىكىن ئۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن يۇقىرىقىدەك سوئالنى سورايدۇ. ت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ رەڭگى قانداق؟» دېدى. ئۇ كىشى: قىزىل، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدا بوز رەڭمۇ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا بۇ رەڭ قەيەردىن كەلدى؟» دېدى. ئۇ كىشى: ئۇ ئەسلىنى تارتقان بولىشى مۇمكىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ بالاڭمۇ ئەسلىنى تارتقان بولىشى مۇمكىن» دېدى.(1)

ئەنەس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مىللەتنىڭ ئاياللىرىنىڭ بالىلىرى ئۇ مىللەتكە ئوخشاش بولىدۇ.» (2)

ماقالە تەمسىلدە: ئايال كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى توغقىلى تاسلا قالىدۇ(3)، دېيىلگەن.

ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە شەكىل ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇ بولسا بالىنىڭ سۈپەتلىرىگە قاراپ بالىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغان ئادەمدۇر. ئەرەبلەر ئەگەر بىر بالىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغاندا شەكىل ئوقۇيدىغان ئادەم بۇ پالانىنىڭ بالىسى ئىكەن دېسە، بالىنى شۇ ئادەمگە نىسبەت بېرەتتى.

شەكىل ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلىش ھەققىدە فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەستۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى، سەۋرىي ۋە ئىسھاق قاتارلىق ئالىملار: «ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە باشقا كۆپ قىسىم ئالىملار: «ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېدى. ئىمام شافىئىي ۋە باشقا كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ بۇ سۆزىنى ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قېشىمغا ناھايىتى خۇرسەن ھالدا كىرىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئائىشە خەۋىرىڭىز بارمۇ مۇدلجىيلىك مۇجەززەز قېشىمغا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) يەنى ئايال كۆپ سۈپەتلىرى قېرىندىشىغا ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان بالا تۇغقانلىقى ئۈچۈن ئۇ خۇددى قېرىندىشىنىڭ ئۆزىنى تۇغقۇلى تاسلا قالغان ھېسابلىنىدۇ. ت.

كىردى، ئۇسامە بىلەن (دادىسى) زەيدنى بېشلىرىغا بىر نەرسە يېپىپلىق، پۇتلىرى ئوچۇق ھالەتتە كۆرۈپ: بۇ پۇتلار بەزىسى بەزىسىدىندۇر، دېدى.» [1] ئۇسامەنىڭ رەڭگى قارا ئىدى. دادىسى زەيدنىڭ رەڭگى ئاق ئىدى[2]. شەكىل ئوقۇيدىغان ھېلىقى كىشى رەڭلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ئۇسامەنىڭ دادىسىنىڭ زەيد ئىكەنلىكىنى دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇسامەنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى شۈبھىنىڭ ئالدىنى كېسىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەن بولۇپ كەتكەن[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىدا بىر ـ بىرىگە لەنەت ئوقۇشقان ئەر ـ خوتۇن ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە ئېرى بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بالا ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مۇبادا ئايال بالىنى (چېچىنىڭ رەڭگى) قارا ئارىلاش قىزىل، ساغرىسى كىچىك ۋە ئىنچىكە تۇغسا، بالا ھىلالدىن (يەنى ئۆزىنىڭ دادىسىدىن) بولغان بولىدۇ، مۇبادا ئايال بالىنى بوغداي ئۆڭلۈك، بۇدرە چاچ، ئۇستىخانلىرى چوڭ، يوتىسى توم ۋە ساغرىسى چوڭ تۇغسا، بالا قارا چاپلانغان كىشىدىن بولغان بولىدۇ.» [4]

مەزكۇر ھەدىسلەر ئاتا ـ ئانىلاردىكى سۈپەتلەرنىڭ مەيلى ئوغۇل مەيلى قىز بولسۇن بالىلىرىغا يۆتكۈلۈدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

فىقھشۇناسلار: «ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەم ئايالىنىڭ تۇغقان بالىسىنىڭ سۈپەتلىك بولىشى ئۈچۈن (ئائىلىسىنىڭ نەسەبى ياخشى ۋە ئېسىل) ئايالنى تاللىشى لازىم. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا: سەن بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولساڭ ئۇنىڭ دادىسى بىلەن قېرىندىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە قارىغىن، دېگەن ماقالە تەمسىل بار» دېدى.[5]

## 5 ـ ئايال ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەمەس ياتلاردىن بولىشى لازىم

توي قىلماقچى بولغان ئايال ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەمەس يات ئايالدىن بولىشى

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. لېكىن ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام مۇسلىمنىڭدۇر.

(2) يەنى دادا بالىنىڭ رەڭگىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولماسلىقى ئۇسامەنىڭ نەسەبىنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسىدىن ئىكەنلىكىدىن شۈبھە پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولغان ئىدى. ت.

(3) مانا بۇ ھەدىس شەكىل ئوقۇيدىغان ئادەمنىڭ سۆزۈنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. ت.

(4) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

(5) <ئەششەرھۇلكەبىر>.

ياخشىدۇر. چۈنكى يات ئايال (ئۇرۇق - تۇغقانغا قارىغاندا) بەك تۇغۇشلۇق ۋە باللىرى بەك بېجىرىم ۋە بەك كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقالە تەمسىلدە: ياتلىشىڭلار ۋە ئاجىزلاشماڭلار، يەنى ھەتتا تۇغۇلغان باللىرىڭلار ئاجىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يات ئاياللار بىلەن توي قىلىڭلار، دېيىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدە يەنە مۇنداق سۆز بار: «يات ئاياللار بەك تۇغۇشلۇق، تاغىنىڭ قىزلىرى بەك سەۋرجان كېلىدۇ».

ئەگەر ئۇرۇق - تۇغقان توي قىلغان ۋاقىتدا ئەر - خوتۇن ئارىسىدا بەزى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاجرىشىپ كەتسە، بۇ ئاجرىشىپ كېتىش الله تائالا كۈچلەندۈرۈشكە بۇيرۇغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى: ئايال تەرەپنىڭمۇ ياخشى ئادەمنى تاللىشى

ئەرنىڭ توي قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئايالنى تاللىشى لازىم بولغىنىدەك ئايال تەرەپنىڭمۇ قىزنى بېرىش ئۈچۈن ياخشى ئەرنى تاللىشى لازىم. قىزنى پەقەت ئۇنىڭغا ھەممە تەرەپتىن مۇناسىپ كېلىدىغان بىر ئەرگە ياتلىق قىلىشى لازىم.

## ياخشى ئەردە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان سۈپەتلەر

### 1 - ئەرنىڭ دىيانەتلىك بولىشى

قىزنى بەرمەكچى بولغان ئەر دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئادەم بولىشى لازىم. بۇ ئىككى سۈپەت ياخشى ئەردە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. ئەگەر ئەر تەقۋادار ۋە الله تائالادىن قورقىدىغان ئادەم بولسا، ئايالغا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق شەكىلدە ياشاشقا ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىلارنى قىزلىرىنى پېقىر بولسىمۇ دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئادەملەرگە ياتلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «(قىزلىرىڭلارغا) دىيانىتىگە ۋە ئەدەب - ئەخلاقىغا رازى بولىدىغان بىرەرسى خېرىدار بولۇپ كەلسە، (قىزلىرىڭلارنى) ئۇلارغا ياتلىق قىلىپ بېرىڭلار.

ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار زېمىندا چوڭ پىتنە ـ پاسات يۈز بېرىدۇ.» [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرى ناھايىتىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر دىيانەتلىك بىر ياش قولىنىڭ قىسقا ۋە پېقىر بولغانلىق سەۋەبى بىلەن قىز بېرىلمەي قۇرۇق قول قايتۇرۇلسا، كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە جەلب قىلىدىغان بۇزۇق ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئاجىز قېلىپ ھارام ئىشلارنى قىلىپ سېلىشى ۋە دىنىدىن ئازدۇرۇلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايال دىيانەتسىز ۋە ئەخلاقسىز بىر ئادەمگە ياتلىق قىلىنسا ياكى باي ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتلىق قىلىنماي ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇلسا، ئۇ ئايال يامان ئادەتلەرنى ياكى بۇزۇق ئىشلارنى قىلىپ سېلىشى مۇمكىن.

قىزىنى دىيانەتسىز ۋە ئەخلاقسىز بىرىگە ياتلىق قىلغان ئاتا ـ ئانا قىزى ھەققىدە الله تائالا ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن ئامانەتكە ۋە مەسئۇلىيەتلىككە خىيانەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۆمىنلەرنى ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» [2]

الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئامانەتكە سەل قارىغانلىقىدىن ئۇلاردىن سوئال سورايدۇ. بىر ئادەمنىڭ قىزىنى الله تائالادىن قورقمايدىغان پاسىق بىر ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىنمۇ ئېغىر سەل قاراش ۋە خىيانەت قىلىش بارمۇ؟ بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانىلار قىزىغا ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغان، بەلكى قىزىنىڭ ھايات بويىچە بەختسىز بولۇشىغا سەۋەب بولغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەختسىزلىك ئەگەر قىز ئېرىنىڭ پاسىقلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەخلاقلىرىدىن تەسىرلىنىپ دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتسە ھەتتا ئاخىرەتتىمۇ داۋام قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانا الله تائالانىڭ: «مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بۆھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ» [3] دېگەن ئايىتىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانا يەنە يامان سۆز ۋە يامان ئىشلارنىڭ جەمىيەتكە

---

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(2) سۈرە ئەنفال 27 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت.

تاراپ كېتىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەردىن ھېسابلىنىدۇ ۋە الله تائالانىڭ: «مۆمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، الله (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر» [1] دېگەن ئايىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ دىيانەتلىك بولۇشى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى كۆپۈنچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە سەپداشلىرىغا قاراش بىلەن بېلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىرگە ئولتۇرۇپ قوپقان ئادەمنىڭ بىلەن بىر تىپتىن بولىدۇ. دوست دوستىنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولۇشقا تارتىدۇ. كىمكى دوست ـ بۇرادەرلىرى دىيانەتلىك ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق ئادەملەر بولسا، ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئوخشاش بولۇشى ئېنىقتۇر. كىمكى دوست ـ بۇرادەرلىرى ئەخلاقلى ناچار، نامى يامان، دىنى ئاجىز ۋە توغرا يولدىن يىراق ئادەملەر بولسا، ئۇنىڭمۇ دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئوخشاش بولۇشى ئېنىقتۇر. الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ: «شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن، شەك ـشۈبھىسىزكى، ئازدۇردى» دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ» [2]

مانا بۇ ئايەتلەر دوستنىڭ دوستقا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەتتا دوست دوستىنى دىنىدىن ئازدۇرۇپ ئىماندىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاختا مەڭگۈ قېلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھقا كەلتۈرگەن مىسالى ئەجەپمۇ ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى خىل ھەمراھقا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ھەقىقەتەن ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىغا كەلسەك، ئۇ ئىپاردىن ساڭا بېرىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن ياكى ئۇنىڭ ياخشى پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. تۆمۈرچىگە كەلسەك،

(1) سۈرە نۇر 19 ـ ئايەت.

(2) سۈرە فۇرقان 27 ــ 29 ـ ئايەتكىچە.

ئۇ ياكى (گۇپىلا قىلىپ) كېيىمىڭنى كۆيدۈرۋاتىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن.» [1]

خېرىدار بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتقا قاراش بىلەن ئۇنىڭ دىنىنىڭ ۋە ئەخلاقىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا چىقىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قىز ئىگىسىنىڭ ديانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئادەمنى تاللىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشى، ئادەمنىڭ تاشقىرى كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكى ۋە الله تائالا ئۇستىگە، ئىشلىرىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئامانەت قويغان قىزنى (تاكى لايىقىدا ئادەم كەلگەنگە قەدەر) ئالدىراپ ياتلىق قىلىۋاتمەسلىكى لازىم.

## 2 ـ توي قىلماقچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ياشتا بەك چوڭ پەرق بولماسلىق لازىم:

يەنە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلىقىدا ياش جەھەتتە بەك چوڭ پەرق بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىزنى، يېشى دادىسىنىڭ ياكى چوڭ دادىسىنىڭ يېشىدەك بىر ئادەمگە ياتلىق قىلىش ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى بەختىلىك تۇرمۇش ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى سۆيگۈ ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئۈستىگە قورۇلىدۇ. زامانىمىزدا ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى سۆيگۈ ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنى باغلاپ تۇرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ ياشتا بىر ـ بىرىگە يېقىن بولىشىدۇر.

بىر ئادەم: ئىككى تەرەپ ياشتا بىر ـ بىرىگە يېقىن بولماي تۇرۇپ قىلغان تويمۇ شەرىئەتتە توغرىغۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (يېشى 50 ياشتىن يۇقىرى تۇرۇپ) ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى ئۇ تولۇقۇز ياشقا كىرگەندە ئالغان، شۇنىڭدەك يەنە بەزى سەلەپلەرمۇ ئارىلىقىدا ياش جەھەتتە بەك چوڭ پەرق بار قىزلارنى ئالغان، دېيىشى مۇمكىن.

مەن بۇنداق دېگەن ئادەمگە تۆۋەندىكى جاۋابنى بېرىمەن: «توغرا بۇ خىلدىكى تويمۇ شەرىئەتتە توغرىدۇر. بۇ توينى شەرىئەت خاتا دېمەيدۇ. لېكىن

(1) بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى مەلۇم بىر كەسىپ ئەھلى بىلەن دوستلىشىش ياكى دوستلاشماسلىق مەسىلىسى بولماستىن بەلكى ياخشى يامان ئادەم بىلەن ئارىلىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىگە كەلتۈرگەن مىسالدۇر. ت.

بۇ خىلدىكى توي زامانىمىزدىكى ئۆرپ ـ ئادەتكە ماس كەلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەر زاماندا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەرەپلىرىدە بەك چوڭ تەسىرى بار. بۇ خىلدىكى توي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان ۋە ئادەتكە ئايلانغان بىر توي ئىدى. ھەم كىشىلەرمۇ ئۇنداق توي قىلىشقا كۆنگەن ئىدى. قىزلارمۇ ئەگەر يېشى دادىسىدەك ياكى چوڭ دادىسىدەك ئادەمگە ياتلىق بولۇپ قالسىمۇ ھېچقانداق بىر بىئاراملىق ھېس قىلمايتتى.»

بىر ئادەم: بىز ئۆزىمىزگە ئۆرپ ـ ئادەتنى ئەمەس شەرىئەتنى ھۆكۈمران قىلىشىمىز لازىم، دېيىشى مۇمكىن.

مەن بۇنى دېگەن ئادەمگە تۆۋەندىكى جاۋابنى بېرىمەن: شەرىئەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق. لېكىن شەرىئەتنى ھۆكۈمران قىلىش، قىلىشمۇ ئىختىيار قىلماسلىقمۇ ئىختىيار بولغان ئىشلاردا ئەمەس شەرىئەت قىلىشنى بۇيرۇپ كەلگەن ئىشلاردا بولىدۇ. يېشى چوڭ بىر ئادەمنىڭ كىچىك بىر قىز بالا بىلەن توي قىلىشى، قىلىشمۇ ئىختىيار قىلماسلىقمۇ ئىختىيار بولغان ئىشلاردىندۇر. ئۇ شەرىئەت قىلىشنى بۇيرۇپ كەلگەن ئىشلاردىن ئەمەستۇر. يەنە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر زامانىدىكى ئىسلام جەمئىيىتى ئىنسان تارىختا تونۇغان ئەڭ پاك ۋە ياخشى جەمئىيەتتۇر. ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتلەر ۋە ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ بىر ئادەم بىلەن كىچىك بىر قىزنىڭ توي قىلىشى ئائىلىدە ياكى جەمئىيەتتە ھېچقانداق يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولمايتتى. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ پاكلىقى ۋە ساپلىقى بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىگە يوچۇق قالدۇرمايتتى. ئەمما بىزنىڭ زامانىمىزدا ۋەزىيەت باشقىچىدۇر. بىزنىڭ ھازىرقى ئىسلام جەمئىيىتىمىز (ئەپسۇس) ئۆزىنىڭ ساپلىقىدا، پاكلىقىدا، الله تائالانىڭ شەرىئەتىنى تۇتۇشتا ۋە الله تائالانىڭ دىنىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىغا ئېسىلىشىدا ئىلگىرىكى ئىسلام جەمئىيەتىگە ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغىنىدەك يىراقتۇر.

شۇڭا بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتىمىزدە چوڭ بىر ئەرنىڭ قىزىدەك بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىشى ئائىلە ئىچى ۋە تېشىدا نۇرغۇنلىغان يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولىدۇ. ئېرىنىڭ يېشى قىرىق ئەللىك ياشلىق يىگىرمە ياشتىكى بىر چوكان

ئالدىدا تېلېۋىزور، ئوك تەرىپىدە تېلېفون، سول تەرىپىدە رادىيو، بېشىدا ئۇن ئالغۇ تۇرىدىغان، ئۆيىنىڭ ھەر تەرىپى پىتنە ـ پاساتقا ئۈندەيدىغان گېزىت ـ ژۇرناللار بىلەن توشۇپ كەتكەن ۋە ئۆيىنىڭ ئىشىك دەرىزىللىرى قوشنىسىنىڭ ئىشىك دەرىزىللىرىگە قاراپ تۇرىدىغان بىر ۋەزىيەتتە نېمە ئىشلارنى قىلار! ياشلىقى تازا ۋايىغا يېتىپ تۇرىۋاتقان ئۇ چوكان بىلەن ئەرنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان يىگىتلىكى تازا قۇرامىغا يەتكەن ۋە ياش قۇرامى چوكانىنىڭ يېشىدىكى ئوغلىمۇ چوكان بىلەن بىرگە بىر ئۆيدە تۇرىشى مۇمكىن. دىندا ئىمانىنىڭ سۇسلىقى ۋە ئىرادەكى ئاجىزلىقى بىلەن ياشاۋاتقان ئۇ ئوغۇل چوكانىنى ئۇخلاش كىيىمى بىلەن كۆرىدۇ. چوكانمۇ ئۇنى ئۇخلاش كىيىمى بىلەن كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىدا بارمىدى؟

ئىسلام بولسا ھەر زاماندا، ھەر يەردە، ھەر ئەسىردە ۋە ھەر شەھەردە مەڭگۈگە قالىدىغان الله تائالانىڭ دىنىدۇر. ئىسلام دىنىدا ھەر زامان ۋە ھەر يەردە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان شەرىئەت قويغان قائىدىلەر بار.

ئۇ قائىدىلەرنىڭ قاتارىدىن: <پىتنە ـ پاساتقا ۋاستە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پىتنە ـ پاساتنى توسۇپ قېلىش پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، بەزى ھۆكۈملەر زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ھۆكۈم چىقىرىلىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ> دېگەن قائىدىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا ـ ئانا قىزنى بەك قېرىپ كەتكەن ئادەمگە ياكى سەت ئادەمگە ياتلىق قىلمايدۇ. ئۇنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كىشىگە ياتلىق قىلىدۇ. ئەگەر قىزغا دىندار مۇناسىپ بىرى خېرىدار بولۇپ كەلسە، كېچىكتۈرمەستىن توينى قىلىپ بېرىدۇ.»[1]

مەن يەنە چوڭ بىر ئادەمنىڭ كىچىك قىزلارنى ئېلىشى شەرىئەتتە توغرا ئەمەس دېمەيمەن. لېكىن مەن بۇ ئىش ئۆرپ ـ ئادەتكە ماس كەلمەيدۇ، دەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزنىڭ ئىگىللىرى قىزغا ئەڭ مۇناسىپ ئەرنى تاللىشى ۋە بۇ تاللاشتا الله تائالادىن قورقىشى لازىم.

## ئۈچىنچى: خېرىدار بولۇپ بارغان قىزنى كۆرۈش

ئىسلام دىنى خېرىدار بولۇپ بارغان ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە رۇخسەت

(1) «رەددۇلمۇھتار».

قىلدى. بۇنىڭدىكى ھېكمەت ئەر - ئايال ئارىسىدىكى كېلىشىشنىڭ سۆيگۈ ۋە مېھرى - مۇھەببەت ئىچىدە تاماملىنىشىن، دەپ خېرىدار بولۇپ كەلگەن ئەرنىڭ كەلگۈسىدە ئايالى، بالىلىرىنىڭ ئانىسى ۋە ھاياتىنىڭ شېرىكى بولىدىغان ئايال ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشىشى، ئايالنىڭمۇ كەلگۈسىدە ئېرى بولىدىغان ئادەم ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئەنسارلىق بىر ئايال بىلەن توي قىلماقچى بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېرىپ ئۇنىڭغا قارىغىن، چۈنكى ئەنسارلىقلارنىڭ كۆزىدە بىر نەرسە بار» دېدى.[1]

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئايالغا خېرىدار بولغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئۇ ئايالنى كۆرگىن. چۈنكى ئۇنداق قىلىش (قەلبىلىرىڭلارنىڭ) بىرلىشىشى ئۈچۈن سەۋەب بولىدۇ» دېدى.[2]

مەيلى ئايال رۇخسەت قىلسۇن مەيلى قىلمىسۇن خېرىدار بولۇپ بارغان ئادەمنىڭ ئۇنى كۆرۈشى دۇرۇستۇر. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرىڭلار بىرەر ئايالغا خېرىدار بولۇپ بارسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان قاراشقا قادىر بولالىغان يەرلىرىگە قارىسۇن» دېدى. كېيىن مەن بىر ئايالغا خېرىدار بولدۇم. مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇ ئايالنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان يەرلىرىگە قارىدىم، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم.[3]

خېرىدار بولۇپ بارغان ئادەم ئايالغا تەكرار تەكرار قارايدۇ. ئەگەر شەھۋەت بىلەن بولسىمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنى ئىنچىكىلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىش مەقسىتى پەقەت مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئايالنىڭ يۈزىدىن ۋە ئالقانلىرىدىن باشقا يەرلىرىگە قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى خېرىدار بولۇپ بارغان ئايالغا قاراش (ئۇنىڭ بىلەن توي

(1) ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

(2) تىرمىزىي ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

قىلىش ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈشكە) ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلدى. چۈنكى چەكلەنگەن ئىشلارنى پەقەت ئۇنىڭغا چۈشكەن ئېھتىياجقا چۈشلۇقلا قىلىش رۇخسەت قىلىنىدۇ. يۈز ئىنساننىڭ چىرايىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنىڭ مەركىزىدۇر. ئايالنىڭ يۈزىگە قاراش بىلەن ئۇنىڭ قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، ئالقانلىرىغا قاراش بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قانچىلىك يۇمشاق ۋە بەدىنىنىڭ رەڭگىنىڭ قايسى رەڭدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كىمكى بىر ئىنساننىڭ يۈزىنى كۆرسە ئۇنى كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرىگە ئۇنىڭ كىيىم ئۈستۈدىن قارىغان ئادەممۇ ئۇنىڭغا قارىغان ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ[2] »[1]

خېرىدار بولۇپ بارغان ئايالنىڭ پەقەت يۈزى بىلەن ئالقانلىرىغىلا قاراش كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ۋە ئەۋزائىيدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر قاراش بار. ئىمام ئەھمەد بىلەن ئەۋزائىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئايالنىڭ ئادەتتە ئۆيدە تۇرغاندا ئېچىلىپ قالىدىغان يەرلىرىگە قارىسا بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ گەردەنلىرىگە، قوللىرىغا ۋە پۇتلىرىغا قارىسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالنىڭ خەۋىرىدە بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا قاراشقا بەرگەن رۇخسىتىدىن ئادەتتە ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاراشقا بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ.[3]

## تۆتىنچى: خېرىدار بولۇپ بارغان ئايال بىلەن خالى بىر يەردە قېلىشىنىڭ ھۆكمى

خېرىدار بولۇپ بارغان ئەرنىڭ ئايال بىلەن بىر ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قېلىشى ياكى ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ (باغچىدەك) ئايلىنىپ كېلىدىغان ئورۇنلارغا ئاپىرىپ كېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى شەرىئەت قاراشتىن باشقا ئىشلارغا رۇخسەت قىلمىدى. خېرىدار بولۇپ بارغان ئادەم بىلەن ئايال

(1) الله تائالا بۇ ئايەتتە بىرىگە ئۇنىڭ كىيىمى ئۈستۈدىن قارىغان ئادەمنىمۇ قارىغان ھېساپلىدى. ت.

(2) سۈرە مۇنافىقۇن 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) <ئەششەرھۇلكەبىر>.

(ئىسلامنىڭ قارىشى بويىچە) تېخى بىر ـ بىرىگە يات ھېسابلىنىدۇ. ئەرنىڭ يات بىر ئايال بىلەن ئايرىم بىر يەردە قېلىشى توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار مەھرەمسىز ئايال بىلەن يالغۇز يەردە تۇرمىسۇن»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ ئايرىم يەردە قېلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. ئەگەر ئايال بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ مەھرىمى بولمىسا، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «نامەھرەم ئايالLارنىڭ يېنىغا كىرمەڭلار» دېۋىدى. ئەنسارلىق بىرى: ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى كىرسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەرنىڭ قېرىنداشلىرى كىرسىغۇ ئۆلگىنى شۇ»، دېدى. يەنى ئەرنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ كىرگەنلىكىنىڭ ئەندىششى ئۆلۈمنىڭ ئەندىشىشىدىنمۇ ئېغىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭمۇ قېرىندىشىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە قېلىشى توغرا ئەمەستۇر.

بەزى بىر ئىنسانلارنىڭ: بىر ئايالغا خېرىدار بولغان ئادەمنىڭ توي قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ ئەخلاقىنى ۋە مىجەز خاراكتىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن خېرىدار بولۇپ بارغان ئەرنىڭ ئايال بىلەن ئايرىم بىر يەردە قېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن (بىرەر مۇددەت) بىللە ئولتۇرۇپ قوپۇشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن سۆزلىرى شەرىئەت ۋە ئەقىل جەھەتتىنمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى خېرىدار بولۇپ يۈرگەن مۇددەت ئىچىدە مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن بىر ـ بىرىنىڭ ئەخلاقىنى ۋە مىجەز ـ خاراكتىرىنى بىلىپ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ مۇددەت ئىچىدە ھەر بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا چىرايلىق ئەخلاق ۋە گۈزەل سۈپەتلىرى بىلەن كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ. كۆپۈنچە ۋاقىتتا بىز بىر ـ بىرىمىزنى چۈشۈنىشىمىز، دەپ بىر يەرلەرگە بېرىپ كېلىش ئەر ئايالنى ھالاللاپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىشكە ۋە ئىپپەتىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

بىز بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ مەنپەتىنى كۆزلىگەن بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئىسلام ھەتتا ئەر ئايال ئارىسىدا بىرلىشىش بولسۇن دەپ خېرىدار بولغان ئادەمگە توي

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

قىلماقچى بولغان قىزنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلدى. ئايالنىڭ نۇمۇسىنى ۋە ئۇنىڭ يۈز ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر يەردە قېلىشىنى ھارام قىلىپ چەكلىدى.

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ نۇمۇسىنى، دەپ كۈندەشلىك قىلىپ خېرىدار بولۇپ كەلگەن ئادەمگە قىزلىرىنى كۆرسەتمەسلىك توغرا بولمىغان، ئورۇنسىز يەردە قىلغان كۈندەشلىكتۇر. الله تائالا مۆمىن ئاياللارنىڭ نۇمۇسىنى ساقلاشتا ئاتا - ئانىلاردىنمۇ بەك كۈندەشلىك قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىپپەت نۇمۇسىنى ساقلاشقا ئاتا - ئانىلاردىنمۇ بەك ھېرىسمەندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر مۆمىن ئەر ۋە ئاياللارغا ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىللىرىدىنمۇ بەك چارىدۇر. (شۇنداق ئىكەن الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى يولغا قويغان ئىشقا ئاتا - ئانىلارنىڭ قارشى چىقىشى توغرا ئەمەس.)

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ چۈشۈنۈشۈش ئىسمى بىلەن قىزىغا، ئۇنىڭ يات بىر ئەر بىلەن يالغۇز بىر يەردە قېلىشىغا ياكى ئەر بىلەن ئايلىنىپ كېرىشكە ۋە باغچىلارغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ يۈز ئابرۇيىنى، قىزىنىڭ نۇمۇسىنى ۋە ئەخلاقىنى ساقلاشتا بەك سەل قارىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ئۇ ئاتا - ئانىلاردىن ئۇلار زايە قىلىۋاتقان ئامانەتتىن ۋە يوقۇتىۋاتقان نۇمۇستىن ھېساب ئالىدۇ.

الله تائالا يولغا قويغان دىن، بەك ھەددىدىن ئاشۇرۋېتىش بىلەن بەك سەل قاراشنىڭ ۋە بەك چىڭىتىۋېتىش بىلەن بەك بوش قويىۋېتىشنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرھال بىر دىندۇر.

## بەشىنچى: ئۆيلىنىشكە بەرگەن سۆزنى بۇزۇشنىڭ ھۆكمى

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەر ئىككى تەرەپ خېرىدار بولۇپ چاي ئىچىرۇپ توي قىلىشقا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، چوقۇم توي قىلىشقا مەجبۇر ئەمەستۇر. يەنى ھەر ئىككى تەرەپ ئەگەر يېنىشىپ كېتىش ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۇلارنىڭ توي قىلىشقا بەرگەن سۆزلىرىنى بۇزۇپ توي قىلىشتىن يېنىۋېلىش ھەققى بار. بەزى ئىنسانلار بۇ قاراشنى بىر پۇرسەت بىلىپ خېرىدار بولغان قىز بىلەن ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالغاندىن ۋە ئۇنىڭدىن خۇددى بىر ئەر ئايالدىن پايدىلانغاندەك پايدىلانغاندىن كېيىن

ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ، مىجەز خاراكتېرىنىڭ ئۆزىگە ياقمىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنداق قىز بىلەن ئۆي تۇتالمايدىغانلىقى باھانەسى بىلەن سۆزىدىن يېنىۋالىدۇ. (بۇ ھالەتتە زىيان تارتقان تەرەپ قىز بولىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى چاي ئىچىرۈلگەن قىزى بولسىمۇ بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن ئايرىم بىر يەردە قېلىشىنى ھارام قىلدى.

ھەر ئىككى تەرەپ بەرگەن سۆزۈدىن يېنىۋالسا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا بۇرۇن تەلەپ قويغان قېرىندىشى تەلىۋىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ توي قىلماقچى بولغان قىزىغا بىرىنىڭ توي تەلىپىنى قويۇشتىن توسقان.» [1] مانا بۇ ھەدىس تەلەپ قويغان ئەرنىڭ تەلىۋىنى قايتۇرۇۋېتىپ توي قىلىشتىن يېنىۋېلىش ھەققىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خۇددى ئەرنىڭ يېنىۋېلىش ھەققى بولغىنىدەك ئايالنىڭمۇ يېنىۋېلىش ھەققى بار. چۈنكى توي قىلىش ياكى قىلماسلىقتا قارارنى بېرىش ھەققىدە ئايال كىشىمۇ ئەر كىشى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ئەر ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىغىنىدەك ئايال كىشىمۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى لازىم. ئەگەر ئايال ياكى ئۇنىڭ ئىگىلىرى توي قىلىشقا بەرگەن سۆزۈدىن يېنىۋېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى، دەپ قارىسا يېنىۋالسا بولىدۇ. لېكىن توي قىلىشقا بەرگەن سۆزۈدىن ھېچقانداق سەۋەبسىز يېنىۋېلىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى توي قىلىشقا بەرگەن سۆزۈدىن ھېچقانداق سەۋەبسىز يېنىۋېلىش بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

## ئالتىنچى: تەلەپ قويۇلغان ئايالغا باشقا بىرسىنىڭ تەلەپ قويىشىنىڭ ھۆكمى

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا بۇرۇن تەلەپ قويغان قېرىندىشى تەلىۋىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ توي قىلماقچى بولغان قىزىغا باشقا بىرىنىڭ توي تەلىپىنى قويۇشتىن توسقان» دېگەن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

سۆزى بىرسى تەلەپ قويغان ئايالغا باشقا بىرسىنىڭ تەلەپ قويۇشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى تەلەپ قويۇلغان ئايالغا تەلەپ قويۇش دەسلەپتە تەلەپ قويغان ئادەمگە زەرەز ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە بىر - بىرىنى يامان كۆرۈش ئۇرۇقىنىڭ چېچىلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە بىر - بىرىنى يامان كۆرۈش ئۇرۇغىنىڭ چېچىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بەك ئەھمىيەت بەرگەن بىر دىندۇر.

ئەگەر ئايال كىشى بىر ئادەمنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشكە رازى بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۇ ئايالغا تەلەپ قويۇشى دۇرۇس ئەمەستۇر. ئەگەر ئايال بىرىنچى كىشىنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلماي رەت قىلغان ياكى ئېنىق بىر نەرسە دېمەي ئىككىلىنىپ تۇرغان چاغدا، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇشى توغرىدۇر. بۇنىڭ دەلىل - پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

قەيسىنىڭ قىزى پاتىمە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزىگە مۇئاۋىيە بىلەن ئەبۇجەھمىنىڭ تەلەپ قويغانلىقىنى دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مۇئاۋىيە مال - مۈلك يوق بىر پېقىر ئادەمدۇر. ئەمما ئەبۇجەھمى بولسا، ھاسىسىنى دۈلىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر ئادەمدۇر[1]. سىز ئۇسامە ئىبنى زەيد بىلەن توي قىلىڭ» دېدى.«[2]» مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيسىنىڭ قىزى پاتىمەنى ئۇنىڭغا مۇئاۋىيە بىلەن ئەبۇجەھمىنىڭ تەلەپ قويغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇسامە بىلەن توي قىلىشقا بۇيرۇشى بۇرۇن تەلەپ قويغانلارغا رازى بولۇپ ئېنىق ماقۇل دېمىگەن بىر ئايالغا، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تەلەپ قويۇشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# نىكاھ قىلىش

نىكاھ، توي قىلماقچى بولغان ئەر بىلەن ئايالنى ئەر خوتۇن قىلىپ

(1) يەنى ئۇ ھاسىسىنى دۈلىسىدىن چۈشۈرمەي تۇلا سەپەر قىلىدىغان ئادەم ياكى ئايالنى كۆپ ئۇرۇدىغان ئادەم دېمەكچىدۇر. ت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

باغلاشتىن ئىبارەتتۇر. نىكاھ ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ (ئەر بولسا: مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم. ئايال بولسا: مەن ئۆزۈمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم، دېگەنگە ئوخشاش) سۆز ئېچىشى بىلەن يەنە بىر تەرەپنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قىزنىڭ ئىگىسى قىز بىلەن توي قىلماقچى بولغان ئەرگە: مەن پولانىنى سىزگە خوتۇنلۇققا بەردىم ياكى پولانىنى سىزگە نىكاھلاپ بەردىم، دېسە بۇمۇ قىز تەرەپتىن ئېچىلغان سۆز بولىدۇ. بۇچاغدا ئەر: مەن قوبۇل قىلدىم ياكى رازى بولدۇم، دېسە ياكى ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق بىر سۆزنى قىلسا، بۇ ئەرنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ياكى بۇ ھالەتتە ئەرنىڭ ۋەكىلى نىكاھنى ئەرنىڭ نامىدىن قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇ ئايالنىڭ نىكاھىنى مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان كىشىنىڭ نامىدىن قوبۇل قىلدىم.

بىر تەرەپنىڭ: <مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم> ياكى <مەن ئۆزۈمنى سىزگە خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم> دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئېچىشى يەنە بىر تەرەپنىڭ: <مەن قوبۇل قىلدىم> دېيىشى بىر ئورۇندا تاماملىنىشى لازىم. نىكاھ خەت ئەۋەتىش بىلەنمۇ بولىدۇ. خەت ئارقىلىق نىكاھ قىلىشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: ئەر خېرىدار بولۇپ ئايالغا خەت يازىدۇ. خەت ئايالغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئايال گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ ئەكىرىپ خەتنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا: <مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم> دەيدۇ ياكى قىزنىڭ ئىگىللىرى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى: <مەن مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغان پولانىنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا تاپشۇردۇم> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ تاماملىنىدۇ ۋە ئۇ ئايال ئۇ ئەرنىڭ ئايالى ھېسابلىنىدۇ.[1]

ھەر قانداق يەردە ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەر ئايالنى نىكاھلاشقا بولىدۇ. نىكاھ قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ۋاقىت ياكى مۇئەييەن بىر بىر يەر شەرت ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە نىكاھ ئۆتكۈزۈلگەن يەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرەرسى ۋە ياكى قازىلىرىدىن بىرەرسى كەلمىسىمۇ نىكاھ توغرا بولىدۇ.

نىكاھ قىلىپ توي قىلغانلار، قىلغان نىكاھىنىڭ ئىسپاتى بولۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ توي خېتى ئېلىش لازىم. چۈنكى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغاننىڭ ۋە توي خېتى ئالغاننىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار».

نۇرغۇنلىغان پايدىلىرى بار. مەسىلەن: ئۇنداق قىلىش نىكاھ قىلغانلىقنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. ھەر ئىككى تەرەپكە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ساقلايدۇ. يالغاندىن ياكى بوھتان چاپلاپ ئەرنىڭ نىكاھىدا باشقا بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى ياكى ئايالنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايال ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتمەكچى بولغانلار ئۇچۇن (ئۇ ھىلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشلىتىشكە) تۇسالغۇ بولىدۇ.

ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇش باللارنىڭ نەسەبلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىش ياكى ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۈنكى توي قىلغان ۋاقىتدا ئىسىملىرىنى تىزىملىتىپ قويغان كاتاكچىنىڭ ئۆزىگە ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان باللىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ تىزىملىنىدۇ. تىزىملىتىپ قويۇلغان ۋاقىتدا ئۇلارنىڭ قاچان توي قىلغانلىقى بىلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قاچان توي قىلغانلىقىنى بىلىشكە مىراسقا، نەسەبكە ۋە ئىددەتكە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەر باغلىنىشلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن توي قىلغانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توي قىلغانلىقىنى ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بېرىپ تىزىملىتىپ قويۇشنى شەرىئەت تەلەپ قىلغان بىر ئىش، دەپ قارايمەن. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى توي قىلغانلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇسا، شۇنداق قىلىش ۋاجىبقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى قىلىشمۇ ئىختىيار قىلماسلىقمۇ ئىختىيار بولغان ئىشلار مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ بۇيرۇشى بىلەن قىلىش ۋاجىبقا ئايلىنىشى شەرىئەتنىڭ بىر ھۆكۈمىدۇر. الله تائالا مۇسۇلمان باشلىقلارغا بويسۇنۇش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر[1]»

ئەگەر بىر ئەر بىلەن بىر ئايالدا نىكاھنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاقچاق يۈزۈسىدىن بولسىمۇ: (مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم، مەن بۇنى قوبۇل قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش) سۆز ئېچىش ۋە قوبۇل

(1) سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

قىلىش ئىشلىرى يۈز بەرسە، ئۇلار نىكاھلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم چاقچاق قىلىپ بىر كىشىگە: <مەن قىزىم پولانىنى ساڭا خوتۇنلۇققا بەردىم> دېگەن، قارشى تەرەپمۇ چاقچاق قىلىپ: <مەن ئۇنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىم> دېگەن بولسا، شەرىئەتنىڭ قارىشى بويىچە ئۇ ئىككىسى نىكاھلانغان بولىدۇ ۋە ئۇ قىز ئۇ كىشىنىڭ ئايالىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم چاقچاق قىلىپ بىر ئايالغا: <ئۆزۈڭنى ماڭا خوتۇنلۇققا تاپشۇرامسىز> دېگەن، ئايالمۇ چاقچاق قىلىپ: <بولىدۇ> دېگەن ۋە ئايال بالاغەتكە يەتكەن ئايال بولغان بولسا، ئۇ ئىككىسى نىكاھلانغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ نىكاھ بالاغەتكە يەتكەن ئايال ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بەرسە بولىدۇ، دەپ قارايدىغان فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا بولىدۇ. بىز الله تائالا خالىسا بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇلىمىز. چاقچاق بىلەن بولسىمۇ <ئالدىم> <تەگدىم> دېيىش بىلەن نىكاھلىنىپ قالىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈچ ئىش بار، ئۇلارنىڭ چاقچىقىمۇ راستتۇر، راستىمۇ راستتۇر. ئۇلار بولسا: تالاق، نىكاھ ۋە (ئايالى بىلەن) يېنىشىش قاتارلىقلاردۇر» دېگەن ھەدىستۇر.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ نىكاھنى ئىلان قىلىڭلار، نىكاھنى مەسچىتلەردە قىلىڭلار ۋە نىكاھ قىلغان ۋاقتىدا داپلارنى ئۇرۇڭلار» دېگەنلىكى ئۈچۈن نىكاھ قىلغانلىقنى خەلق ئىچىگە يېيىش ۋە ئۇلارغا بىلدۈرۈش مۇستەھەپتۇر. نىكاھنىڭ ئادىل گۇۋاھچىلارنىڭ قېشىدا ئەقىللىق بىر كىشى تەرىپىدىن جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتتە قىلىنىشى مۇستەھەپتۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشى بىلەن بىر يەردىن چىقىشى ئۈچۈن نىكاھ ئايالنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىرەر ئەر كىشىمۇ بولماستىن پەقەت ئاياللارنىڭ ياكى ئايالنىڭ پەقەت پاسىق تۇغقانلىرىنىڭ ياكى ئادىل ئەمەس گۇۋاھچىلارنىڭ قېشىدا قىلىنمايدۇ.[2]

## نىكاھنىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتلىرى

نىكاھنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر لازىم:

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

## 1 ـ توي قىلىدىغان ئەر ۋە ئاياللىنىڭ بۇ تويغا رازى بولۇشى:

ئەگەر تويغا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ياكى بىرى رازى بولمىسا، نىكاھ توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى نىكاھ ئۇ ئىككىسى ئۈچۈندۇر. شۇڭا خۇددى سودا ـ سېتىققا ئوخشاش نىكاھنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ توي قىلىشقا رازى بولۇشى ئاساسلىق شەرتتۇر. اللّٰه تائالا سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ رازى بولۇنغان ھالدا قىلىنىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» [1]

ئەگەر سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى شەرت بولسا، نىكاھدا ئۇنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى ئەلۋەتتە شەرتتۇر. چۈنكى نىكاھ ئىشى سودا ـ سېتىق ئىشىدىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر ئىشتۇر.

ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ئاياللارنى ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپلا ياتلىق قىلاتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە توي قىلماقچى بولغان ئايالغا توي ھەققىدە مەسلىھەت سېلىشقا بۇيرۇپ: «چوكان ھەتتا ئۇنىڭدىن (تويىنى قىلىش ھەققىدە) ئوچۇق بۇيرۇق كەلمىگىچە، قىز ھەتتا ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئېلىنمىغىچە ياتلىق قىلىنمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: ئى اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبىرى! قىزنىڭ رۇخسەت بېرىشى قانداق بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىزنىڭ (ئۇنىڭدىن پولانى بىلەن تويۇڭنى قىلىپ قويايلىمۇ؟ دەپ سورىغان ۋاقتىدا) گەپ قىلماي جىم تۇرۇشى ئۇنىڭ رۇخسەت بەرگىنىدۇر» دېدى.[2] شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان چوكاننىڭ توي قىلىشقا ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىپادىلىشى لازىم.

(1) سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەمما قىز بالىدىن توي قىلىشقا رازىلىقى بار ياكى يوقلىقىنى سورىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ رەددىيە بەرمەي جىم تۇرۇشى ئۇنىڭ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ گەپ قىلماي جىم تۇرۇشى ئۇ قىزنىڭ بۇ تويغا رازى بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئادەتتە قىز بالىلار ھايالىق كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تويغا زارى بولغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىپادىيەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادىسى، ئۇنىمىسىمۇ زورلاپ ياتلىق قىلغان قىزغا ئېرىنىڭ قولىدا قېلىش ياكى ئايرىلىپ كېتىش ئىختىيارلىقىنى بەرگەن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر چوكان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ دادىسى ئۇنى، ئۇنىمىسىمۇ مەجبۇرلاپ ياتلىق قىلغانلىقىنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا (ئېرىنىڭ قولىدا قېلىش ياكى ئايرىلىپ كېتىش) ئىختىيارلىقىنى بەردى.[1]

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شەھىد قىلىنغان ئۇنەيس ئىبنى قەتادەنىڭ ئايالى ئەنسارلىق خۇنسا بىنتى خۇدامنى، ئۇنىڭ دادىسى ئەۋف جەمەتىدىن بولغان بىر كىشىگە ياتلىق قىلىپ بەردى. ئەسلىدە ئۇ ئايال ئۇ كىشىنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەبۇلۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرگە تارتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ دادىسىنى ئۇ ئايال خالىغاندەك قىلىشقا بۇيرۇدى، كېيىن ئۇ ئايال ئەبۇلۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر بىلەن توي قىلدى.[2]

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر چوكان قېشىمغا كېلىپ: «دادام مېنى ئۆزىدىن ئۆزىنىڭ ناتۇنۇش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى يوقۇتۇش (يەنى مەشھۇر بولۇش) ئۈچۈن قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ بەردى، مەن ئۇنى ياقتۇرمايتتىم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلسۇن، سىز بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەڭ» دېدىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ كەلدى. ئۇ چوكان ئۇ گەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دادىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئەكەلدۈرۈپ (دادىسىنىڭ ئالدىدا ئېرىنىڭ قولىدا قېلىش ياكى ئايرىلىپ كېتىش) ھوقۇقىنى

---

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى، تىرمىزىي، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايىتى.

ئۇ چوكانىنىڭ ئىختىيارىدا قىلدى. ئۇ چوكان ھوقۇقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «مەن دادام قىلغان ئىشنى بۇزمايمەن. مەن بۇ قىلمىشىمدىن پەقەت ئاياللارنىڭ ھوقۇقى بار ياكى يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغان ئىدىم» دېدى.[1]

مەزكۇر ھەدىسلەر نىكاھنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن ئايالنىڭ توي قىلىشقا رازى بولىشىنىڭ ئاساسلىق بىر شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ ھەقىقي رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشكارا ئوتتۇرغا چىقىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ <ئالدىم> <تەگدىم> دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىشى لازىم» دەيدۇ.[2]

## بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارنى ئۆيلەندۈرۈشنىڭ ھۆكمى

ئادەتتە دادا، بالىلىرىغا كۆيۈنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا پايدا بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلىرىنى ئۆيلەندۈرۈش ھەققى بار. يەنى دادىنىڭ شەرىئەتنىڭ قارىشى بويىچە ئاچ ياكى يالىڭاچ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش بالىلارغا پايدىلىق بىر ئىشنى كۆزلەپ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىزىنى ياكى كىچىك ئوغلىنى ياكى بالاغەتكە يەتكەن، لېكىن ئېلىشىپ قالغان ساراڭ ئوغلىنى ئۆيلەندۈرۈش ھەققى بار. بەزى ۋاقىتتا ئېلىشىپ قالغان بالىنى ئۆيلەندۈرۈش ئۇنىڭ ئوڭشۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ دوختۇرلار ئۇنى ئۆيلەندۈرۈشكە تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيلەندۈرۈش ياخشىدۇر. ئەگەر دادا بولمىسا، دادىنىڭ دادىسى دادىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ كىچىك بالىلارنى ئۆيلەندۈرىدۇ. تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارنى ئۆيلەندۈرۈشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، اللە تائالانىڭ بۇ ئايىتىدۇر: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ

(1) نەسائىي رىۋايىتى.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 2 ـ توم، 271 ـ بەت.

ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ، كىمكى اللهدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [1] مانا بۇ ئايەت كىچىكلىكتىن ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتىنى ئۈچ ئاي قىلىپ بېكىتتى. ئىددەت تۇتۇش، دېگەن تالاق قىلىنغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن بۇ ئايەت شەرىئەتنىڭ قارىشى بويىچە تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىزنىمۇ بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەرىئەتنىڭ قارىشى بويىچە كىچىك قىز بالا تويغا رۇخسەت بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەم رۇخسەت بەرسە بولىدۇ.

مانا بۇ مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بالىلارنى كىچىك ئۆيلەندۈرۈشنىڭمۇ ئىسلامدا توغرا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بالىلارنى كىچىك ئۆيلەندۈرۈش بەزىلەر گۇمان قىلغىنىدەك مەكرۇھ ئەمەستۇر. ئەكسىچە ئۇ بىزنىڭ زامانىمىزدەك پىتنە ـ پاسات تاراپ كەتكەن زامانغا نىسبەتەن تېخىمۇ ياخشى بىر ئىشتۇر. كىچىك ئۆيلىنىش ھەققىدە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن مەن ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا ئۆيلەندى. مەن توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويدى.»[2]

مەن بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر دادا ياكى چوڭ دادا ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس، پاسىق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن كىچىك قىزغا ئۆز لايىقىدا ئادەم تاللىيالمايدىغان ئادەم بولسا، ئۇلارنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىزنى ئۆيلەندۈرۈشى توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى دادا بولسۇن مەيلى چوڭ دادا بولسۇن ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ۋە پاسىق كىشى ئەمەس بولۇپ ئۆز لايىقىدا ئادەم تاللىيالايدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك ئوغۇل ياكى قىز بالىلىرىنى ئۆيلەندۈرۈش ھوقۇقى بار. ئەگەر دادا ياكى چوڭ دادا بالىلىرىغا ئۆز لايىقىدا ئادەم تاللىيالمايدىغان كىشى بولسا، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە ئۇنىڭ بالاغەتكە

(1) سۈرە تالاق 4 ـ ئايەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

يەتمىگەن كىچىك ئوغۇل ياكى قىز بالىلىرىنى ئۆيلەندۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە دادا ياكى چوڭ دادا مەست ھالىتىدە بولۇپ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىزىنى پاسىق ياكى ئەسكى ياكى پېقىر ياكى ئاددىي ھۈنىرى بار ئادەم بىلەن ئۆيلەندۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەم تاللاشنى ياخشى تاللىيالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ نىكاھمۇ توغرا بولمايدۇ. مەزكۇر ھالەتلەردە مەيلى دادا بولسۇن مەيلى چوڭ دادا بولسۇن بالىلىرىغا مېھرىبان كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن: ئۇلار قانداق ئادەمنى تاللىسا تاللىسۇن بالىلىرىغا ئۆز لايىقىدا ئادەم تاللايدۇ، دەپ قارالمايدۇ.»[1]

ئەگەر تويى قىلىنغان بالاغەتكە يەتمىگەن قىز جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە كىچىك بولسا، ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ بېرىلمەيدۇ. كىچىك بىر قىزنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەلەيدىغان ياكى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئاياللار قارار قىلىپ بېكىتىدۇ. ئەگەر ئەر قىز بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ: قىز جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەلەيدۇ، دېگەن ۋە دادا بولغۇچى: بۇ قىز جىنسى مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن بولسا، بۇ ھالەتتە قازى قىزنى ئاياللارغا كۆرسىتىدۇ. (ئەگەر ئاياللار بۇ قىز جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەلەيدۇ، دېسە ئەر ئۇ قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئاياللار بۇ قىز تېخى جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆتۈرەلمەيدۇ، دېسە ئەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ). بۇ ئىشتا ياش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[2]

## 2 ـ توي قىلماقچى بولغان ئايالغا بىر ئادەمنىڭ ئىگە بولىشى

كۆپ قىسىمدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە: نىكاھنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن نىكاھ ئىشلىرىنى (دادا ياكى چوڭ دادىغا ئوخشاش) ئايالغا ئىگە بولغان ئادەم ئۈستۈگە ئېلىشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قىسىمدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە: نىكاھ ئىشلىرىنى توي قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ ئۆزى ئۆز ئۈستۈگە ئېلىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە: بالاغەتكە يەتكەن قىز نىكاھ ئىشلىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرەلەيدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئۇ باشقا بىر ئايالنىڭ نىكاھ

(1) «رەددۇلمۇھتار».

(2) «رەددۇلمۇھتار».

ئىشلىرىنى ئۇستۇگە ئېلىپ ئۇنى ئەرگە بىرەلەيدۇ، ئۇ يەنە ئۆزىنى ئەرگە بېرىش ئۇچۇن خالىغان ئادەمنى تەيىن قىلىپ ۋەكىلمۇ قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىل - پاكتى بولسا، الله تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر ئايالالارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن يۇتۇشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار» [1] دېگەن ئايىتىدۇر. مانا بۇ ئايەتتە الله تائالا: «ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن» دەپ نىكاھلىنىش ئىشىنى ئايالالارغا نىسبەت بەردى ۋە ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشتىن چەكلىدى. (ئەگەر ئايالالارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرىش ھوقۇقى بولمىسا، الله تائالا نىكاھ ئىشىنى ئۇلارغا نىسبەت بەرمەيتتى). يەنە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(مەيلى قىز بولسۇن مەيلى سىكىلەك بولسۇن) ئېرى يوق ئايال (ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىشىدا) ئۇ ئايالغا ئىگە بولىدىغان ئادەمگە قارىغاندا بەك ھەقلىقتۇر»[2] دېگەن ھەدىسىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنىش يول جەھەتتىن كۈچلۈك ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىگە بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس بولغانلىقى ئۇچۇن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قانداق بىر ئايال ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بەرسە، ئۇنىڭ نىكاھى توغرا ئەمەستۇر، ئۇنىڭ نىكاھى توغرا ئەمەستۇر، ئۇنىڭ نىكاھى توغرا ئەمەستۇر» [3] دېگەن ھەدىسىدىن ۋە: «ئايالغا ئىگە بولغان ئادەمسىز (قىلىنغان نىكاھ) نىكاھ ھېسابلانمايدۇ» [4] دېگەن ھەدىسىدىن كۈچلۈك، دەپ قارىدى.

ئايالغا ئىگە بولىدىغان ئادەمنىڭ ئەر، ئەقلى ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان بىر ئادەم بولىشى شەرتتۇر. ئەگەر ئايالنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن شۇ سۈپەتتە بىرەر ئادەم تېپىلمىسا، ئۇ ئايالغا يۇرتنىڭ قازىسى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. قازى ئايالدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

## 3 ـ ئىككى گۇۋاھچى

(1) سۇرە بەقەر 232 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(4) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

نىكاھنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىل - ھۇشى جايىدا ۋە مۇسۇلمان ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولۇشى شەرتتۇر. گۇۋاھچىسىز قىلىنغان نىكاھ توغرا بولمايدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. گۇۋاھچىنىڭ شەرت قىلىنىشى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە نىكاھنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاياللارنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا قىلىنغان نىكاھ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاياللار ئادەتتە نىكاھ قىلىنغان سورۇنلارغا بارمايدۇ. بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ باشقىچە كۆز قارىشى بولۇپ ئۇلار: «خۇددى بىر مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئىككى خىرىستىيان ياكى ئىككى يەھۇدىينىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا بىر خىرىستىيان ياكى بىر يەھۇدىي ئايال بىلەن قىلغان نىكاھى توغرا بولغىنىدەك ئىككى ئەر كىشىنىڭ ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا قىلىنغان نىكاھمۇ توغرا بولىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام مالىك ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەھمەد: «ئەگەر بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ توي قىلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ كىشىلەر ئارىسىغا تارالسا، نىكاھنى گۇۋاھچىسىز قىلىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.

## ياخشى كۆرۈپ قېلىش ۋە توي

نىكاھنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن توي قىلىشقا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى شەرتتۇر، دېگەن سۆزۈمىزگە ئاساسەن بىزنىڭ بۇ يەردە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسەن ئەدەبىياتچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ سۆز تىمىسىغا ھەتتا شېئىر ۋە نەسىر يازغۇچىلارنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان ماۋزۇ ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ: <ياخشى كۆرۈپ قېلىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا بولغان كۆز قارىشى> دېگەن ماۋزۇدۇر. بىز بۇ ماۋزۇنىڭ پەقەت توي قىلىشقا ئالاقىدار تەرىپىدىلا توختۇلۇپ ئۆتۈمىز.

ياخشى كۆرۈپ قېلىش بولسا، دىلنىڭ ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان بىر ئىشىدۇر. ئىنسان ئىختىيارسىز بىر ئىنساننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ياكى يامان كۆرۈپ قالىدۇ. ھەتتا ئىنسان بەزى ۋاقىتتا بىر ئىنساننى ياخشى كۆرۈپ

قالىدۇ ياكى ئۇنى ئەڭ قاتتىق يامان كۆرۈپ قالىدۇ. بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەممۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن قورتۇلالمايدۇ، يامان كۆرۈپ قالغان ئادەممۇ يامان كۆرۈپ قېلىشتىن قورتۇلالمايدۇ. ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنىڭ مەنبەئى بولسا، الله تائالا ئىنسانىنىڭ تەبىيىتىدە، ۋۇجۇدىدا ياراتقان مايىللىقتۇر (يەنى تەبىئەتتۇر). الله تائالا ئىنساندا شۇ تەبىئەتنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن تويلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك) » [1]

بۇ ئايەتكە ياخشى دىققەت قىلغان ئادەم، ئايەتتە ئاياللارنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ. مانا بۇ ئەرلەردە باشقا نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بەك كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كاتتا زات تۇرۇپمۇ الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن خۇشبۇي نەرسىلەرنى ۋە ئاياللارنى ياخشى كۆرسەتكەنلىكىنى ئاشكارا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ماڭا بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەردىن خۇشبۇي نەرسىلەر ۋە ئاياللار ياخشى كۆرۈلدى ۋە مېنىڭ شادلىقىم نامازدا قىلىندى.» [2]

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ئەرلەر دۇچ كېلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك پىتنە، دەپ قاراپ مۇنداق دېدى: «مەن كىشىلەر ئىچىدە ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق بىر پىتنىنى قويۇپ قويمىدىم.» [3]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىنى توستى. ھەمدە ئاياللارنى نامەھرەم ئەرلەردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئەرلەرنىڭ يات ئاياللار بىلەن يالغۇز ئايرىم بىر يەردە قېلىشىنى ھارام قىلىپ

(1) سۈرە ئالى ئىمران 14 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد، نەسائىي، ھاكىم ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(3) تەبرانىي رىۋايىتى.

چەكلىدى ۋە ئاياللارنىڭ قىشدا ئىرى ياكى مەھرىمى بولماستىن يالغۇز سەپەرگە چىقىشىنى هارام قىلدى.

ياخشى كۆرۈپ قىلىشنىڭ ۋە يامان كۆرۈپ قىلىشنىڭ دىلنىڭ، ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان بىر ئىشى ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ راستچىل مىسالى بولسا، مۇغىس بىلەن بەرىرە (الله تائالا ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدۇر. مۇغىس بولسا بەرىرەنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ھەتتا ئۇ بەرىرىگە يالۋۇرۇپ ياشلىرى مەڭزىلىرىگە تامچىغان هالدا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا، يوللاردا بەرىرەنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئەمما بەرىرە بولسا ئۇنى بەك يامان كۆرەتتى. بەرىرە مۇغىسنى بەك يامان كۆرگەنلىكتىن ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدىن مۇغىسنىڭ قولىدا قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ قىلغان ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلمىغان.

مۇغىس بىلەن بەرىرەنىڭ قىسسىسى ھەدىس كىتابلىرىدا كەلگەن ئەڭ چىرايلىق ۋە ئاجايىب بىر قىسسىدۇر. بۇ قىسسە ئەدەبىياتچىلار ۋە ھېكايە يازغۇچىلارنىڭ خىياللىرى توقۇپ چىققان قىسسە ئەمەستۇر. ئۇ ئەمەلىيەتتە بولغان ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنغان ھەقىقي بىر قىسسىدۇر.

بۇ قىسسىنىڭ باش رولچىسى بەرىرە ئىسىملىك بىر چۆرىدۇر. ئۇ مۇغىسنىڭ ئايالى ئىدى. بەرىرەنى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆرلىكىگە ئېرىشكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مۇغىس بىلەن ئەر خوتۇنلۇقنى ئۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىش (ياكى ئۇنىڭ قولىدا قېلىشنى) تاللاش ھوقۇقى بېرىلدى. بۇ ئەرنىڭ قولىدىكى چاغدا ئازات قىلىنغان ھەر قانداق بىر چۆرىگە شەرىئەت بەرگەن بىر ھەقتۇر. شەرىئەت ئېرى بار بىر چۆرە ئازات قىلىنسا، ئۇنىڭغا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ياكى ئۇنىڭ قولىدا قېلىپ قېلىشنى تاللاش ھوقۇقىنى بېرىدۇ.

بەرىرە ھۆر بولغان ھامانلا ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق باغلانغان ئادەم مۇغىسەدىن ئايرىلىپ كېتىشنى تاللىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئاbbasqa: «ئى ئاbbas! سەن مۇغىسنىڭ بەرىرەنى ياخشى كۆرۈشىدىن، بەرىرەنىڭ مۇغىسنى يامان كۆرۈشىدىن ھەيران

قالامسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرەگە: «سىز ئۇنىڭغا قايتقان بولسىڭىز. (يەنى سىز ئۇنىڭ نىكاھىدا قالغان بولسىڭىز.)» دېدى. بەرىرە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمغا بۇيرۇق بېرىۋاتامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت (شۇنداق قىلىشىڭىزنى) ئۆتۈنىمەن» دېدى. بەرىرە: ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئۇنىڭ قولىدا قېلىشىمغا ھېچقانداق ھاجەت يوق، دېدى.

ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئادەم ئىبنى ئابباس: «بەرىرەنىڭ ئېرى مۇغىس ئىسىملىك بىر قول ئىدى. ئۇ يىغلاپ ساقاللىرىغا ياشلىرى تامچىغان ھالەتتە بەرىرەنىڭ ئارقىسىدىن پىرقىراپ يۈرەتتى» دېدى.[1]

ئىنسان ياخشى كۆرۈشنى ۋە يامان كۆرۈشنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشقا قادىر بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ كېلىپ چىقىشنى ۋە ئۇنىڭ كۈچلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىردىغان ھېسسىي سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىرادىسى ئاستىغا ئېلىشقا قادىر بولالايدۇ. ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىككى ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ قاراش ۋە ئاۋالنىڭ سۆزىنى ئىڭشاش. كۆز بىلەن قۇلاق مۇھەببەتنىڭ دىلغا يېتىپ بېرىشىغا ئەڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن يولدۇر. الله تائالا قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى بايان قىلغۇېتىپ كۆز بىلەن قۇلاقنى دىلنىڭ قېشىدا بايان قىلىدۇ. شۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن الله تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۇچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر»[2]» دېگەن ئايىتىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئىنساننى مەزكۇر ئەزالارنى ياخشى بىر شەكىلدە ئىشلىتىشكە بۇيرۇپ نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر كەلدى. شۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن الله تائالانىڭ: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم ، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[3] دېگەن ئايىتىدۇر.

ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى شەرئەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە

(1) نەسائىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىمام بۇخارى قاتارلىقلار رىۋايىتى.بۇ ھەدىسنىڭ سۆزى ئىمام بۇخارىنىڭدۇر.

(2) سۈرە مۇلك 23 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت.

ئادەمنىڭ تەبىئىتى خالىغان بىر ئىشتۇر. ئەر - خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەتىنى يېتىشتۇرۇشى ۋە كۈچلەندۈرۈشى لازىمدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللىق ئېرىنىڭ ئالدىدا، ئېرى قارىسا خورسەن بولىدىغان ۋە ئايالغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچلىنىدىغان بىر شەكىلدە كۆرۈنىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ ئېرىگە ئۆزىدىن ئېرىنى سوغۇتىدىغان ياكى ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىرەر سۆز ياكى ئىشنى قىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

ئەرنىڭمۇ ئايالىنىڭ ئالدىدا، ئايالىنىڭ پەقەت ئۇنىڭغىلا قارايدىغان ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەرگە باغلىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدىن پىرقىراپ كېتەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەرلىكىگە مۇناسىپ كېلىدىغان چىرايلىق بىر شەكىلدە كۆرۈنىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ ئايالغا ئۆزىدىن ئايالنى سوغۇتىدىغان ياكى ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىرەر سۆز ياكى ئىشنى قىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئۈندەيدىغان ئىشلارنى قىلىشى ئىسلامدا توغرا ۋە ياخشى ئىشتۇر. لېكىن بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا ئىسلام دىنىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىشىمىز لازىم. بۇنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى شەرىئەتنىڭ بەزى مۇھىم قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ قائىدە بولسىمۇ: ئىنسان ئىسلام دىنىدا كۆڭلىگە ۋە ئۇنىڭ خىيال خەزىنىسىگە كەلگەن پىكىرلەردىن سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىرەر يامان ئىشنى قىلىش كەلگەن، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلمىغان بولسا، الله تائالا ئۇ ئادەمنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامان ئىش قىلىش كەلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئازابلىمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كۆڭلىگە كەلگەن ئۇ ئىشنى الله تائالادىن قورقۇپ قىلمىغان بولسا، الله تائالا تېخى ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلىشتىن الله تائالادىن قورقۇپ يانغاندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بىرەر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن پىكىر ئۈچۈن ئازابلىمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن الله تائالا ئەمەلىيىتىدە قىلمىغانلا ياكى سۆزلىمەنگەنلا بولسا، ئۈممىتىمنى

كۆڭلىگە پۈككەن يامان پىكىر (ئۈچۈن ئازابلىماي) كەچۈرۋەتتى.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھەدىسى قۇدۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن اﷲ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى يازدى، ئاندىن ئۇنى مۇنداق بايان قىلدى: كىمكى بىر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، اﷲ ئۇنىڭغا كامىل بىر ياخشىلىقنى قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، اﷲ تائالا ئۇنىڭغا 10 دىن تارتىپ 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىقنىڭ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر يامانلىقنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، اﷲ ئۇنىڭغا كامىل بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، پەقەت بىر يامانلىقنىڭ گۇناھىنى يازىدۇ.» [2]

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم بىر ئايالغا قارىغانلىق ياكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە (ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە چىقماي پەقەت) ئۇنىڭ دىلىدا قېلىپ قالغان بولسا، اﷲ تائالا ئۇ ئادەمنى ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىمايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئايالغا بولغان ئاشىقلىقى ئۇنى ئايالغا قاراشقا ياكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى تەكرار ئاڭلاشقا سەۋەب بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم سوراق قىلىنىدىغان دائىرىنىڭ ئىچىگە ۋە ئىسلام توختۇتۇپ بەرگەن چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىپ چەكلەنگەن دائىرىگە كىرىپ قالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا تەلەپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا قارىغان ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

مەن بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر ئايالغا خېرىدار بولۇپ تەلەپ قويغان ئادەمنىڭ خېرىدار بولۇپ يۈرۈۋاتقان ۋاقىتلاردا ئۇ ئايالغا قارىشى توغرىدۇر. ئەمما بىر ئادەم بىر ئايالغا خېرىدار بولۇپ تەلەپ قويغان، لېكىن رەت قىلىنغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئۇ ئايالغا ئىككىنچى قېتىم قارىشى ھالال ئەمەستۇر.

ئوغۇل ـ قىز بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھالەتلەردە ئىسلام دىنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى قىزلىرىنى ئوغۇلنىڭ ئەخلاقى ۋە دىنى ئازراق ناچار

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولسىمۇ ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە ياتلىق قىلىپ بېرىشكە، ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئوغلىغا قىزنىڭ ئەخلاقى ۋە دىنى ئازراق ناچار بولسىمۇ ياخشى كۆرگەن قىزنى ئېلىپ بېرىشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئادەمگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن بىر ساھابى ئايالنىڭ دادىسىنى قىزنى ياخشى كۆرۈدىغان ئادەمگە ياتلىق قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەگەر بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەم ئۇ ئايال بىلەن توي قىلالمىسا، ئۇ ئايالنىڭ ئىشقىنى ۋە ئۇ ئايالنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىشى لازىم. قارىغانغا ۋە ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانغا ئوخشاش ھېسسىي سەۋەبلەرنىڭ، ئىشقىنىڭ ئىنسانىنىڭ دىلىدا ئورۇن تۇتۇپ قېلىشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىرىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن يىراق تۇرۇش كۆڭۈلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئايالنى ئۇنتۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەم الله تائالادىن قورقىدىغان ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان ئادەم بولسا، ياخشى كۆرگەن ئايالنى ئاسان ئۇنتۇپ قالىدۇ. الله تائالادىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش بىر ئىنساننىڭ گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىشقىدىن قورتۇلۇشقا ئەڭ چوڭ ياردەمچى بولىدۇ.

## توي قىلىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنىڭ بايانى

نىكاھنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن توي قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ توي قىلىش ھارام قىلىنغان ئاياللاردىن ئەمەس توي قىلىش ھالال قىلىنغان ئاياللاردىن بولىشى شەرتتۇر. توي قىلىش ھارام قىلىنغان ئاياللار ئىككى خىل بولىدۇ:

### 1 ـ توي قىلىش مەڭگۈ ھارام قىلىنغان ئاياللار

### 2 ـ توي قىلىش ۋاقىتلىق ھارام قىلىنغان ئاياللار

بىر ئايال بىلەن توي قىلىشنىڭ مەڭگۈ ھارام بولىشىنىڭ سەۋەبلىرى

تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق سەۋەبى بىلەن:

ئارىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار ئايال بىلەن تويى قىلىش مەڭگۈ ھارامدۇر. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن تويى قىلىش مەڭگۈ ھارام قىلىنغان ئاياللار بولسا، اللہ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلىنغان ئاياللاردۇر: «سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى»[(1)]

بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈن تەرەپتىن ئانىسى، ئانىسىنىڭ ئانىسى، دادىسىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسى بىلەن، ئاستىن تەرەپتىن قىزلىرى، نەۋرىللىرى ۋە نەۋرىللىرىنىڭ قىزلىرى بىلەن، يان تەرەپتىن مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن ھەمشىرىلىرى، قېرىنداشىنىڭ ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ قىزلىرى، قېرىنداشىنىڭ ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ باللىرىنىڭ قىزلىرى بىلەن تويى قىلىشى ھارامدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن ھاما ئاچىلىرى بىلەن تويى قىلىشى ھارامدۇر. ئەمما مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن تاغىلارنىڭ ۋە ھاما ئاچىلارنىڭ قىزلىرى بىلەن تويى قىلىش ھارام ئەمەستۇر.

بىر ئايال بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغانلىق سەۋەبى بىلەن تويى قىلىشنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ھېكمەت ناھايىتى ئوچۇقتۇر. مەسىلەن: بىر قىزنىڭ ئۆز دادىسىغا ياكى قېرىندىشىغا خوتۇن بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر دادىنىڭ ئۆز قىزىنى ئېلىشقا ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن بەس ـ بەسكە چۈشۈپ قېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنى بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قىزىنى ياكى ھەمشىرىسىنى ئېلىش ئىنساننىڭ تەبىيتىگە ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىغا زىت بىر ئىشتۇر. يەنە كېلىپ شۇنداق قىلىشنىڭ ئىنساننىڭ تەن ـ سالامەتلىكى ئۈچۈن قاتتىق زىيىنى بار. بىز بۇ ھەقتە تويى قىلماقچى بولغان ئادەم تويى قىلىش ئۈچۈن قانداق سۈپەتلىك ئايالنى تاللىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندا توختۇتۇلۇپ ئۆتتۇق.

تويى قىلىش مەڭگۈ ھارام قىلىنغان مەزكۇر ئاياللارنىڭ ئىچىگە يەنە بىر

(1) سۇرە نىسا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەمنىڭ زىنادىن تاپقان قىزى ۋە ئۇ قىزنىڭ قىزىمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قىز بىلەن زىنا قىلغان، ئاندىن ئۇ قىزنى تاكى ئۇ تۇغقانغا قەدەر ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلىغان ۋە تۇغۇلغان بالا قىز بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشى ھارامدۇر. چۈنكى تۇغۇلغان ئۇ قىز ئۇ ئادەمنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. زىنا قىلغان قىزدىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان ئادەمنىڭ بالىسى بولۇش ئۈچۈن ئۇ قىزنىڭ تاكى بالىنى تۇغۇپ بولغانغا قەدەر ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ قىز ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرمىسا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۇنىڭ ئەمەس بەلكى زىنا قىلغان باشقا بىرسىنىڭ بالىسى بولۇشىغىمۇ ئېھتىماللىقى بار بولىدۇ.

2 ـ ئېمىتىش سەۋەبى بىلەن:

اللہ تائالا بىر ئادەمگە ئېمىتكەنلىك ۋە بىر ئەمچەكنى باراۋەر ئەمگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلغان ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى ھارام قىلدى: «(سىلەرگە) سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى (ئېلىش ھارام قىلىندى)» [1]

بىر ئادەمگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق سەۋەبى بىلەن قانداق ئاياللار بىلەن توي قىلىش ھارام قىلىنسا، ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن شۇ ئاياللار بىلەن توي قىلىش ھارام قىلىندى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن. مەسىلەن: بىر ئايال ئۆمرى ھىجرىيە يىلى بويىچە ئىككى ياشتىن، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىدا ئىككى يېرىم ياشتىن ئېشىپ كەتمىگەن بىر ئوغۇل بالىنى ئېمىتكەن بولسا، ئۇ ئايال ئۇ بالىنىڭ سۈت ئانىسى بولىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرى ۋە ئۇ ئايالنى ئەمگەن بارلىق قىز بالىلار ئۇ بالىنىڭ سۈت ھەمشىرى بولىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ بارلىق ھەمشىرىلىرى ئۇ بالىنىڭ سۈت ھامما ئاچىللىرى بولىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئۇستۇن تەرەپتىكى ھەممە ئاياللار ئۇ بالىنىڭ سۈت چوڭ ئانىللىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بالىنىڭ مەزكۇر ئاياللار بىلەن توي قىلىشى ھارامدۇر.

شۇنىڭدەك بىر ئايال ئۆمرى ھىجرىيە يىلى بويىچە ئىككى ياشتىن، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆزقارىشىدا ئىككى يېرىم ياشتىن ئېشىپ كەتمىگەن بىر قىز

---

(1) سۈرە نىسا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بالىنى ئېمىتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇ قىز بالىنىڭ سۈت دادىسى بولىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئوغۇل بالىلىرى ۋە ئۇ ئايالنى ئەمگەن بارلىق ئوغۇل بالىلار ئۇ قىز بالىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرى بولىدۇ ۋە ئۇ ئايالنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇ قىزنىڭ سۈت تاغىللىرى بولىدۇ. مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۇ قىز بىلەن تويي قىلىشى ھارامدۇر.

مەن بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئېمىلدەشلىك پەقەت ئاياللارنىڭ سۈتىنى ئېمىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما قويغا ياكى كالىغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ سۈتىنى ئېمىش بىلەن ئېمىلدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. سۈت ئەمگەنلىك سەۋەبى بىلەن بىر ـ بىرى بىلەن تويي قىلىشنىڭ ھارام بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىنسانىنىڭ ھۆرمەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما ھايۋانلار ئۇنداق ئەمەستۇر. ئەگەر ھايۋاننىڭ سۈتلىرى بىلەنمۇ ئېمىلدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش بولسا، ساغلىق قوينى ياكى كالىنى ئىنسانىنىڭ سۈت ئانىسى، قوشقارنى ياكى تۇپاقنى ئىنسانىنىڭ سۈت دادىسى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ھايۋانلارنى ئىنسانىنىڭ دادىسى، ئانىسى دېيىش ئىنسانىنىڭ ھۆرمەتلىك يارىتىلىشى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. الله تائالا ئىنسانىنىڭ ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» [1]

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئىنساندىن قان ئېلىنىپ يەنە بىر ئىنسانغا سېلىنغان بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تويي قىلىش ھارامدۇر، دېيىلمەيدۇ. چۈنكى سۈت ئەمگەنلىك سەۋەبى بىلەن بىر ـ بىرى بىلەن تويي قىلىشنىڭ ھارام بولۇپ كېتىشى قىياسقا زىت ھالەتتە كەلگەن بىر ھۆكۈمدۇر. قىياسقا زىت ھالەتتە كەلگەن ھۆكۈمگە باشقا بىر ھۆكۈم قىياس قىلىنمايدۇ. بۇ، فىقھى قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىققانلار بېكىتكەن بىر قائىدىدۇر.

ئالىملار ئېمىلدەشلىكنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن قانچىلىك مىقداردا سۈت ئېمىلىشىنىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. مەسىلەن:

(1) سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت.

ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر: «سۈت مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى چىق بولسۇن بىر بالىنىڭ ئىچىگە يېتىپ كىرسىلا ئېمىلدەشلىك چۈشىدۇ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا اللە تائالانىڭ: «سۈت ئانىلىرىڭلارنى (ئېلىش ھارام قىلىندى)» دېگەن ئايىتىدۇر. مانا بۇ ئايەتتە ئېمىلدەش بولۇش ئۈچۈن مۇنچىلىك مىقداردا سۈت ئېمىش، دېگەن گەپ يوق. ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەر: «ئېمىلدەشلىك تويۇپ بەش قېتىم ئېمىش بىلەن بولىدۇ» دەيدۇ[1]. بۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىر ئىككى قېتىم شۇراش بىلەن ئېمىلدەشلىك چۈشمەيدۇ.»[2]

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندا چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە ئانىسىدىن باشقا ئاياللارنى ئون قېتىم ئېمىش ھارام قىلىدۇ، (يەنى ئېمىلدەشلىك چۈشۈرىدۇ) دەپ بار ئىدى. ئاندىن ئۇ ھۆكۈم بەش قېتىم ئېمىش، دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە بەش قېتىم ئېمىش قۇرئاننىڭ ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىدى.»[3]

ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كەلتۈرگەن مەزكۇر دەلىللىرىگە: ئېمىلدەشلىكنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن بەش قېتىم ئېمىشنىڭ لازىملىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىر ھۆكۈمدۇر. بۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىبنى ئابباس بىلەن ئىبنى مەسئۇد (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!): ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلدى. ئەمما ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە بەش قېتىم ئېمىش قۇرئاننىڭ ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىدى> دېگەن سۆزى بولسا، بەش قېتىم ئېمىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كېتىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىر ھۆكۈم ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. ھەتتا ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىق خەۋىرى يەتمىگەن كىشىلەر ئۇنى ئايەت دەپ ئوقۇيتتى، دېگەن جاۋابنى بەردى.

(1) مەيلى تويۇپ چىقىرۋاتسۇن مەيلى بىر ئەمچەكتىن يەنە بىر ئەمچەككە ئالمىشىش ئۈچۈن چىقىرۋاتسۇن ئېغىزىنى ئەمچەكتىن بىر قېتىم چىقىرۋېتىش بىر قېتىم ئېمىش ھېساپلىنىدۇ. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرى بار. ھەر مەزھەپ ئالىملىرى (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قارشى تەرەپنىڭ كۆزقارىشى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا زىت بولسىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشاتتى. ھەتتا ئۇلار: شافىئىي مەزھەپىدىكى بىر ئالىم بىر قېتىملىق ئېمىش بىلەن ئېمىلدەشلىكنىڭ چۈشمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئورۇنلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بەرگەن ھۆكۈمى ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر قازىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلسە، قازىنىڭ ئۇ ھۆكۈمنى ئىقرار قىلىشى ۋە ئورۇنلىشى لازىم، دەيدۇ.[1] الله تائالا خالىسا بىز ئېمىلدەشلىكنىڭ ھۆكۈملىرى ھەققىدە ئالدىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

3 ـ ئېلىپ ـ تېگىشىش سەۋەبى بىلەن:

الله تائالا بىر ئادەمگە ئېلىپ ـ تېگىشىش سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلغان ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى ھارام قىلدى: «(سىلەرگە) قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار (ھارام قىلىندى)»[2] «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ). بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!»[3]

ئېلىپ ـ تېگىشىش بىلەن تۆۋەندىكى ئاياللار بىلەن توي قىلىش ھارام قىلىنىدۇ[4]:

● جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالىنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزىنى ئېلىش. مەيلى ئۇ قىز ئانىسى بىلەن ئىككىنچى ئەرنىڭ ئۆيىدە ياشىسۇن مەيلى ئۇ ئۆيدە ياشىمىسۇن، ئەگەر ئىككىنچى ئەر ئۇ قىزنىڭ ئانىسى بىلەن بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغان بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئۇ قىز بىلەن

(1) «رەددۇلمۇھتار».

(2) سۈرە نىسا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە نىسا 22 ـ ئايەت.

(4) «رەددۇلمۇھتار».

توي قىلىشى هارام قىلىنىپ كېتىدۇ. ئايەتنىڭ: «ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىڭلار» دەپ قىزلارنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىلىرىدە تەربىيىلەنگەنلىكىنى قوشۇپ قويۇشى بولسا، شۇ چاغدا جەمئىيەتتە بار بىر ئادەتنى بايان قىلىپ كەلگەندۇر. (بۇنىڭدىن ئەگەر ئايالنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزى ئىككىنچى ئەرنىڭ ئۆيىدە ئەمەس باشقا يەردە تەربىيىلەنسە، ئۇ قىزنى ئانىسىنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئالسا بولىدىكەن دېگەن مەنا چىقىرىلسا بولمايدۇ.)

● ئايالىنىڭ ئانىسىنى، مەيلى دادا تەرىپىدىن بولسۇن مەيلى ئانا تەرىپىدىن بولسۇن ئايالىنىڭ چوڭ ئانىلىرىنى ئېلىش هارامدۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «(سىلەرگە) قېيىن ئاناڭلارنى (ئېلىش هارام قىلىندى)» قېيىن ئانىنى ئېلىشنىڭ هارام بولىشى ئۇنىڭ قىزىغا نىكاھ ئوقۇش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى تالاق قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايالنىڭ ئانىلىرىنى ئېلىش هارام بولۇپ كېتىدۇ.

● ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ۋە ئۇ بالىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش هارامدۇر. ئەگەر بالا ئۆز پۇشتىدىن ئەمەس بېقىۋالغان بالا بولسا، ئۇنىڭ ئېلىپ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئېلىش هارام ئەمەس. چۈنكى اللە تائالا: «يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار (هارام قىلىندى)» [1] دېدى. بالىنىڭ ئايالىنى ئېلىشنىڭ هارام بولىشى بالىنىڭ ئۇ ئايالغا نىكاھ ئوقۇش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە بالىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى شەرت ئەمەس. يەنى قانداق بىر ئايال بولسۇن بىر ئادەمنىڭ بالىلىرىنىڭ بىرەرسى ئۇ ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالسا، مەيلى ئۇ بالا ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسۇن مەيلى ئۆتكۈزمىسۇن ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشى مەڭگۈ هارامدۇر.

## 2 ـ توي قىلىش ۋاقىتلىق هارام قىلىنغان ئاياللار

بۇ، توي قىلىشنى چەكلەيدىغان بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن توي قىلىش هارام قىلىنغان ئاياللاردۇر. ئەگەر ئۇ سەۋەب يوقالسا، ئۇلار بىلەن توي قىلىشقا

(1) سۇرە نىسا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدۇ. ئۇ ئاياللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

**1 ـ ئايالىنىڭ ھەمشىرىسى، دادا تەرەپتىن ۋە ئانا تەرەپتىن بولغان ھاما ئاچىللىرىدۇر.**

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ ھەمشىرىلىرى ياكى مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن ياكى ئانا تەرەپتىن بولسۇن ئۇنىڭ ھاما ئاچىللىرى بىلەن توي قىلىشى ھارامدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى.» [1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ھاما ئاچىسى بىرلا ۋاقىتتا (بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە) ساقلانمايدۇ. بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئانا تەرەپتىن بولغان ھاما ئاچىسى بىرلا ۋاقىتتا (بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە) ساقلانمايدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ھاما ئاچىسىنى ياكى بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئانا تەرەپتىن بولغان ھاما ئاچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدا ساقلىشىدىن توسقان.»[2]

بىر ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى ياكى ئۇنىڭ ھاما ئاچىللىرىنى ئەمرىدە بىرلا ۋاقىتتا ساقلاشنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى بولسا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ئىككى ئايالنى ئەمرىدە بىرلا ۋاقىتتا ساقلاش ئىككى ئۇرۇق ـ تۇغقان ئارىلىقىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئىككى ئايال ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە جېدەل ـ ماجرا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇق ـ تۇغقان ئىككى ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاشنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇسىلەر.» [3] شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار مۇنداق دېدى: «بىر ئادەمنىڭ ئارىلىقىدا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى بار ئىككى ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلىشى توغرا ئەمەس. ئىككى ئايالنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىنى ئەر دەپ پەرىز قىلىنسا

(1) سۈرە نىسا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(3) تەبرانىي رىۋايىتى.

ئۇنىڭ يەنە بىرىنى ئېلىش توغرا بولمايدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۇلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە ساقلىنىشى ھارامدۇر[1].»

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ ھەمشىرىسى ياكى ھاما ئاچىللىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن توي قىلىشى ھالالدۇر. ئەمما بىر ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالىنىڭ ھەمشىرىسى ياكى ھاما ئاچىللىرىنىڭ بىرى بىلەن توي قىلىشى ئۈچۈن ئۇ ئايالىنىڭ ئىددىتىنىڭ چىقىشى شەرتتۇر. ئايالى ئۆلۈپ قالغان ئادەم ئايالى ئۆلۈپ قالغان كۈنىنىڭ ئەرتىسىلا ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ياكى ھاما ئاچىللىرىنىڭ بىرى بىلەن توي قىلالايدۇ. ئەمما ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان ئادەم تاكى ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغانغا قەدەر ئايالىنىڭ ھەمشىرىسى ياكى ھاما ئاچىللىرىنىڭ بىرى بىلەن توي قىلالمايدۇ.

2 ـ ئىمان ئېيتمىغان مۇشرىك ئاياللار:

مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ ئىمام ئېيتمىغان مۇشرىك ئايال بىلەن توي قىلىشى ھالال ئەمەس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر.»[2]

كۈنگە، يۇلتۇزلارغا، ئوتقا، سۈرەتلەرگە ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنىدىغان ھەر قانداق بىر ئايال مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ. باتىنىيە ۋە ئاتېزىمغا ئوخشاش باتىل مەزھەپكە ئېتىقاد قىلغان ھەر قانداق بىر ئايال مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىباھىيە مەزھەپىگە ئېتىقاد قىلغان ياكى زىندىقلارغا ياكى كوممۇنىستلارغا ئوخشاش الله تائالانىڭ ۋە دىنىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىز ئاياللارمۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئاياللىرىغا ئوخشاش پەيغەمبەرگە ۋە

(1) مەسىلەن: بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە ساقلىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئەگەر ئۇ ئايال ئەر دەپ پەرىز قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمشىرىسىنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ھاما ئاچىللىرىنىڭ بىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە ساقلىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئەگەر ئۇ ئايال ئەر دەپ پەرىز قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاما ئاچىسىنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما بىر ئادەمنىڭ بىر نەۋرە ئىككى ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلىشى ھالالدۇر. چۈنكى ئەگەر بىر نەۋرە ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئەر دەپ پەرىز قىلىنسا، ئۇنىڭ بىر نەۋرە قىز تۇغقىنى بىلەن توي قىلىشى ھالالدۇر. ت.

(2) سۈرە بەقەر 221 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئاسماندىن چۈشكەن كىتابقا ئىشەنگەن ئاياللار مەزكۇر مۇشرىك ئاياللارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئاياللىرى ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن تەۋرات بىلەن ئىنجىلغا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ ئۇلار بىلەن تويى قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: « بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر، كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەملى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ » [1]

يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئاياللىرى بىلەن تويى قىلىش توغرا بولسىمۇ، لېكىن مەكرۇھتۇر. ئەگەر تويى قىلماقچى بولغان يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ئايال مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مىللەتتىن بولغان ياكى ئۇلار بىلەن تويى قىلىش مۇسۇلماننى كاپىر دۆلەتتە ياشاشقا ۋە بالىلىرىنىڭ كاپىرلارنىڭ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشقا سەۋەبچى بولىدىغان بولسا، بۇ ھالەتتە بىر مۇسۇلماننىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ئاياللىرى بىلەن تويى قىلىشى ھارامدۇر.[2]

بىز بۇ يەردە شۇنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەر مەيلى يەھۇدىي دىنىغا ياكى خىرىستىيان دىنىغا ياكى باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم بولسۇن مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئەردىن باشقا ھېچبىر ئادەم بىلەن تويى قىلىشى ھالال ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ باتىنىيە ۋە ئىباھىيە مەزھەپىگە ئوخشاش باتىل مەزھەپلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەملەر بىلەن تويى قىلىشى ياكى زىندىقلارغا ياكى كوممۇنىستلارغا ئوخشاش الله تائالانىڭ ۋە دىنىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىزلار بىلەن تويى قىلىشى ھالال ئەمەس. بۇلارنىڭ قوللىرىدا بۇغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ

(1) سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

گۆشلىرىنى يېيىشمۇ هالال ئەمەستۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (هۆر) مۇشرىك ئايال (هۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (هۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ الله ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ» [1]

3 ـ ئەرنىڭ قولىدىكى ئاياللار، تالاق قىلىنغانلىق ياكى ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئاياللار:

ئېرى بار ئايال بىلەن توي قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە هارام قىلىندى» [2]

شۇنىڭدەك يەنە تالاق قىلىنغانلىق ياكى ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئاياللار بىلەنمۇ توي قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ هەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ هەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى هەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس» [3] يەنى تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايال تالاق قىلىنغاندىن كېيىن تاكى ئۈچ هەيز كۆرگەنگە قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىش هالال ئەمەس. ئەگەر تالاق قىلىنغان ئايال قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايال بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تاكى ئۇ بالىنى تۇغۇپ بولغانغا قەدەر ئۆيلىنىش هالال ئەمەس. ئەگەر تالاق قىلىنغان ئايال هەيز كۆرمەيدىغان ئايال بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى تالاق قىلىنغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئۈچ ئايدۇر. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى هەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن هەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك

(1) سۈرە بەقەر 221 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نىسا 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە بەقەر 228 ـ ئايەت.

بولىدىغانلىقىدىن) شۇبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [1]

اللە تائالا ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئىددىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئېگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اللە سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» [2]

ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايال بىلەن تويى قىلىش توغرا بولمىغىنىدەك ئۇنىڭغا ئوچۇق ئاشكارا تەلەپ قويۇپ خېرىدار بولۇشمۇ توغرا ئەمەستۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئىددىتى چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلغۇسىنىڭ بارلىقىنى پۈرۈتۈپ قويۇش توغرىدۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار اللە غا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، اللە دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى اللە نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (اللە دىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)» [3]

### 4 ـ بەشىنچى ئايال:

ئىسلام دىنىدا بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۆتتىن ئارتۇق خوتۇننى ئەمرىدە

(1) سۈرە تالاق 4 ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەر 234 ـ ئايەت.

(3) سۈرە بەقەر 235 ـ ئايەت.

ساقلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمرىدە تۆت خوتۇن بار ئادەم ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تالاق قىلىۋاتمىگىچە ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ئۆلۈپ قالمىغىچە بەشىنچى خوتۇن بىلەن ئۆيلىنىشى توغرا ئەمەس. ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر سانىنى توختۇتۇپ بەردى. ئو سان بولسىمۇ تۆتدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ساندىن ئېشىپ كېتىش توغرا ئەمەستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر» [1]

ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق ئادەمنى ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ئىسلام دىنىنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى مەزكۇر ئايەتتىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئىنسان قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشى لازىم. مەسىلەن: ئەر ئاياللىرى ئارىسىدا ئۇلارغا ئۆي تۇتۇپ بىرىشتە، خىراجەت بېرىشتە، قېشىدا قونۇشتا ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتا ئادىللىق قىلىشى لازىم. ئەمما ئىش ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى بەكرەك ياخشى كۆرۈپ قالغانغا ۋە ئۇنىڭغا كۆڭلى بەكرەك چۈشۈپ قالغانغا ئوخشاش دىلغا ئالاقىدار بولۇپ ئىنسان ئىرادىسىدىن تاشقىرى بولسا، بۇ ئىشلاردا ئىنسان ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ياخشى كۆرۈپ قېلىش دىلنىڭ ئىشى بولۇپ ئىنسان ئۆزىنىڭ دىلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قادىر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېدى: «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىغىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن)

(1) سۈرە نىسا 3 ـ ئايەت.

ساقلانساڭلار، اللە ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ» [1]

ئىسلام دىنىدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىنىڭ نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىرى بار. كۆپلىگەن ئالىملار بۇ ھېكمەتلەر ھەققىدە توختالدى. بەزى ئالىملار بۇ ھەقتە ئايرىم ـ ئايرىم كىتابلار يازدى. بىز بۇ يەردە پەقەت كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھالاك قىلغۇچى ئۇرۇشلار سەۋەبى بىلەن ئاياللارنىڭ سانىنىڭ ئەرلەرنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك نەتىجىسىدە كۆنىمىزدە ئىنسان جەمئىيىتى كۆرۈۋاتقان پىتنە ـ پاساتلارنى ۋە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغۇچى ھالقىلىق بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز بىلەنلا قانائەت قىلىمىز. يەنە كېلىپ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى ئاياللىنىڭ تۇغماس چىقىپ قالغانلىغا ياكى ئاياللىنىڭ ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە تۇسالغۇ بولىدىغان بىرەر كېسەلگە دۇچار بولغانلىقىغا ياكى قېرىپ قالغانلىقىغا ياكى ئەر كۈچلۈك بولغانلىق سەۋەبى بىلەن بىر ئايالغا قانائەت قىلمايدىغان ۋە ئۆزىنى زىنادىن ساقلىشى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ئايال بىلەن تويي قىلىشقا ئېھتىياجى چۈشكەنگە ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن بىر ئائىلە دۇچ كەلگەن نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە زىنا ـ پاھىشىلەرنىڭ تاراپ كېتىشىنى چەكلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. زىنا غەرب جەمئىيىتىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتتى. غەربلىكلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلىگەنلىك ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قارىشىچە توغرا ئەمەس، دەپ قارىغانلىق نەتىجىسىدە غەربتە ئايالى بار بىر ئەر ئۆزىگە ئاياللاردىن ئاشىق ۋە دوست تۇتۇش، ئېرى بار بىر ئايال ئۆزىگە ئەرلەردىن ئاشىق ۋە دوست تۇتۇش ئومۇملىشىپ كەتتى. ئۇلار ئايالى بار بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا يولى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشىنى توغرا، دەپ قارايدىيۇ، لېكىن ئۇ ئايال بىلەن ئۇنى پۈتۈن ھەقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ قانۇنلۇق خوتۇن قىلىپ ئېلىپ جىنسىي ئالاقە قىلىشىنى توغرا دەپ قارىمايدۇ.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى ۋە كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغىنى شۇكى، غەربلىكلەرنىڭ سەپسەتىسىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىش نەتىجىسىدە بۇ كېسەل

---

[1] سۈرە نىسا 129 ـ ئايەت.

غەرب جەمئىيىتىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسلام ۋە ئەرەب جەمئىيىتىگىمۇ ئېقىپ كىردى. ھەتتا بەزى ئەرەب ھۆكۈمەتلىرى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى چەكلەيدىغان ۋە ئۇنداق قىلىشنى جىنايەت، دەپ قارايدىغان قانۇنلارنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى خوتۇن ئالغان بىر ئادەم ئىككىنچى خوتۇنى بىلەن تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇزىنى جازادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئۇ ھالال خوتۇنىنى ئۆزىنىڭ ئاشىقى ۋە دوستى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان جىنسىي ئالاقىنى زىنا، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مانا مۇشۇنداق ئەسلىدە توغرا ئەر ـ خوتۇنلۇق چەكلەنگەن، ئەيىپلىنىدىغان ۋە جازالىنىدىغان بىر جىنايەتكە، ئەسلىدە خاتا بولغان زىنا چەكلەنمەيدىغان ۋە ئەيىپلەنمەيدىغان نورمال بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

بۇنىڭ ئۇچۇن كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت يۈكسەك ۋە كاتتا اللە غا خاستۇر، دېمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوقتۇر.

بىرەر ئادەم: ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن ئەرلەرگە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى يولغا قويىدى، ئەمما ئاياللارغا كۆپ ئەرلىك بولۇشنى يولغا قويمىدى؟ دەپ سورىسا.

ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيمەن: ئىسلام دىنى مۇكەممەل بىر دىندۇر ۋە ھېچقانداق قارمۇ ـ قارشىلىق ۋە زىتلىك يوق كامالەتكە يەتكەن بىر تۈزۈمدۇر. ئۇنى ھېكمەتلىك ۋە (دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن) خەۋەردار زات اللە تائالا مەيلى ئىنسان يالغۇز ياشىسۇن ياكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ياشىسۇن ئىنسان ھەر زامان ۋە ھەر يەردە بەخت ـ سائادەتلىك بولسۇن، دەپ ئۇنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن يولغا قويدى. ئەگەر ئىسلام ئاياللارنىڭ كۆپ ئەرلىك بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولسا ئىدى، بۇ تۈزۈم بىر ئائىلىنى رەتكە سېلىش، ئۇنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بارلىق ھۆكۈم ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى پاچاقلاپ تاشلىغان بولاتتى. چۈنكى بىر ئائىلىنى پەقەت بىر ئادەم ئىدارە قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىرلا ئادەم ئۈستۈگە ئالغان ۋاقىتدىلا ئۇ ئائىلە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ ۋە روناق تاپىدۇ. بىر ئايالنىڭ بىردىن كۆپ ئېرى بولغان ۋاقىتدا ئۇ ئايالنىڭ ئائىلىسىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ئايال ئەرنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر. ئەر ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋاقىتدا ئايال ئەرنىڭ مەنىيسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەر بولسا ئۇ ئېكىنزارلىقنىڭ ئىگىسىدۇر ۋە ئايالنىڭ بالىلىرىنىڭ دادىسىدۇر. ئەگەر بىر ئايالنىڭ بىردىن

ئارتۇق ئېرى بولغان چاغدا ئېكىنزارلىقنىڭ ئىگىسى كىم بولىدۇ؟؟؟

ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى زىنانى بالىلارنىڭ نەسەبلىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھارام قىلدى ۋە ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن پەقەت ئەر ـ خوتۇنلۇق يولى بىلەنلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنى يولغا قويدى.

ئەگەر بىز ئاياللارنىڭ كۆپ ئەرلىك بولىشىغا يول قويساق بالىلارنىڭ نەسەبلىرىنى قانداق ساقلىيالايمىز ۋە ئۇنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى قانداق ئالىمىز؟ ھەقىقەتەن اللە تائالا ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنى قىلدى ۋە ئايالنى ئەرنىڭ دىلى ۋە تېنى راھەتلىنىدىغان بىر ئورۇن قىلدى. ئەگەر ئاياللارغا كۆپ ئەرلىك يولغا قويۇلسا، ئايال ئۆزىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىنى قايسى ئېرىگە ئىزھار قىلىدۇ ۋە قايسى ئېرى ئۈچۈن دىلى ۋە تېنى راھەتلىنىدىغان ئورۇن بولىدۇ؟

# ۋاقىتلىق نىكاھنىڭ ۋە پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ بايانى

ئىسلام دىنىدا (مەن سىزنى بەش يىلغىچە خوتۇنلۇققا ئالىمەن دېگەنگە ئوخشاش ئايال بىلەن بىر ئۆيدە ياشاش ئۈچۈن) مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ قىلغان نىكاھ توغرا ئەمەس. ئەگەر (ئەرنىڭ ئايال بىلەن بىر ئۆيدە ياشاش ئۈچۈن) توختاتقان مۇددىتى (5 ياكى 10 يىلغا ئوخشاش مەلۇم بىر مۇددەت بولماستىن مەن سىزنى بىر مۇددەتكىچە خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) نامەلۇم بولسىمۇ ياكى مەن سىزنى **100** يىلغىچە ياكى سىزدىن ئايرىلغانغا قەدەر خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ئۇزۇن بىر مۇددەتكىچە بولسىمۇ نىكاھ قىلغان ۋاقىتدا مۇددەت سۆزى قېتىپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نىكاھ يەنىلا توغرا ئەمەس[1]. شۇنىڭدەك يەنە پايدىلىنىش نىكاھىمۇ توغرا ئەمەس. پايدىلىنىش نىكاھىمۇ ۋاقىتلىك نىكاھ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ نىكاھ (مەن سىزنى پالانى مۇددەتكىچە ئالىمەن، دېگەن ئۇسلۇب بىلەن

(**1**) يەنى بىر ئەر بىر ئايالنى نىكاھلىغان ۋاقتىدا: مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ھېچبىر مۇددەت سۆزىنى نىكاھقا قاتماستىن نىكاھىغا ئالسا، نىكاھ توغرا بولىدۇ ۋە ئايالنى بۇگۈنى ئېلىپ ئەرتىسى تالىقىنى بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بىر ئەر بىر ئايالنى نىكاھلىغان ۋاقتىدا: گەرچە ئۇ مۇددەت **50** يىل ياكى **100** يىلغا ئوخشاش ئۇزۇن بىر مۇددەت بولسىمۇ، مەن سىزنى پالانى مۇددەتكىچە خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش نىكاھنى ئۇنىڭغا مۇددەت سۆزىنى قېتىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، بۇ نىكاھ توغرا بولمايدۇ. ت.

ئەمەس، <مەن سىزدىن پايدىلىنىمەن> دېگەن ئۇسلۇب بىلەن) قىلىنىدۇ. پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن نەسىل قالدۇرۇشقا، ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئوخشاش نورمال بىر نىكاھتىن مەقسەت قىلىنىدىغان ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ نىكاھتىن پەقەت ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ۋە مەنىيلىرىنى تۆكۈشلا مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن بارلىق ئالىم ۋە فىقھشۇناسلار پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ ھارام نىكاھ ئىكەنلىكىدە بىر قاراشقا كەلدى. بەزى ئالىملار ئىسلام دىنىنىڭ بۇ نىكاھنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئايرىم بىر كىتاب يېزىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا پەقەت بىر قىسىم شىئەلەرلا قېتىلمىدى. چۈنكى شىئەلەر <پايدىلىنىش نىكاھى> ھارام ئەمەستۇر، دەيدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ بۇ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ نۇرغۇنلىغان ھەدىس كەلدى. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرى (شىئەلەر ئىمامىمىز دەپ قارايدىغان) ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئىمام مالىك بۇ ھەقتە زۆھرىدىن ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن ئېلىشتىن ۋە يەرلىك ئىشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى.»

پايدىلىنىش نىكاھىنى ھارام دېگۈچىلەرنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل - پاكىتلىرىنى، ئۇ نىكاھنى ھالال دېگۈچى شىئەلەرنىڭ ئۇ دەلىللەرگە بەرگەن جاۋابىنى ۋە ئۇ دەلىللەرنى خاتا چىقارغانلىقىنى تەپسىلىي بىلمەكچى بولغان ئادەم شەيخ مۇھەممەد ھامىد ئەلھەمەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يازغان <پايدىلىنىش نىكاھى ئىسلامدا ھارام قىلىنغان نىكاھدۇر> دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان كىتابقا قارىسۇن. بۇ كىتاب بۇ ھەقتە يېزىلغان ئەڭ ئېسىل كىتابتۇر.

پايدىلىنىش نىكاھىنى ھالال، دەپ قارايدىغان شىئەلەر ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا الله تائالانىڭ: «بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنا دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى. قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار، مەھرى بېكىتىلگەندىن

كېيىن، ئۆز ئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا (يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مەھرى ئۈچۈن) سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [1] دېگەن ئايىتىدىكى «قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشى توغرا ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئايەتنى ياخشى چۈشۈنۈپ تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا: «بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنا دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى» دېدى. زىنادا ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك شەھۋەتنى قاندۇرۇشتىن ۋە مەنىيىنى تۆكۈشتىن باشقا ھېچقانداق مەقسەد يوق. بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شىئىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىش نىكاھىنى ھالال دەپ قارايدىغان ئىمامىيە پىرقىسى ئىراندا ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپى بويىچە دۆلەت قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۈنىمىزدە كىتابلىرىدا ۋە خىلمۇ ـ خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا: پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن نىكاھلانغۇچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بۇ نىكاھتىن بولغان مەقسىدى، پەقەت لەززەتلىنىشتىن ۋە مەنىيىنى تۆكۈش بىلەن شەھۋەتنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر، دەپ سۆزلەيدۇ.

ئاندىن اللە تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئېرى توغرا نىكاھ بىلەن نىكاھلاپ ئېلىپ پايدىلانغان ئايالنىڭ تويلۇقىنىڭ ھەممىسىگە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار» يەنى سىلەر توغرا نىكاھ بىلەن نىكاھلاپ ئېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن پايدىلىنىپ لەززەتلەنگەن ئاياللىرىڭلارغا ئۇلارنىڭ تويلۇقلىرىنى بېرىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم بىر ئايالنى توغرا نىكاھ بىلەن نىكاھلاپ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت

(1) سۈرە نىسا 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆتكۈزسە، ئەگەر تويلۇق (مۇنچىلىك تويلۇق بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسا، مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر تويلۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇ ئايالغا ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن تويلۇقنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن الله تائالانىڭ: «قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئەمەس توغرا نىكاھ بىلەن نىكاھلاپ ئېلىپ پايدىلانغان ئايالغا تويلۇق بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.[1] بۇ ئايەت مەنا جەھەتتىن الله تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئاياللار ئۆتۈنسە (يەنى مەھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە) شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆز ئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [2] دېگەن ئايىتىگە ئوخشاش كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن يۇقىرىدىكى مەزكۇر ئايەت شىئەلەر دېگەندەكدەك پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ ھالال بىر نىكاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: «بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنا دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى» مانا بۇ ئايەت بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان نىكاھتىن پايدىلىنىش نىكاھى ئەمەس ماللارنى سەرپ قىلىپ تويلۇقنى ئېلىپ قىلغان توغرا نىكاھنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

زەججاج، الله تائالانىڭ: «قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: «سىلەر الله تائالانىڭ: «زىنا

(1) <تەپسىر قۇرتۇبىي>.

(2) سۈرە بەقەر 238 ـ ئايەت.

دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا» دېگەن ئايەتلىرىدىكى شەرت بويىچە نىكاھلاپ ئالغان ئاياللىرىڭلارغا، ئۇلارنىڭ تويلۇقىنى بېرىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ، كىمكى بۇ ئايەتتىن بۇنىڭدىن باشقا بىر مەنانى چىقارسا، ئۇ خاتالاشقان ۋە ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىللىرىنى بىلمىگەن ھېسابلىنىدۇ» دېدى.[1]

شەيخ ئالۇسي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مەزكۇر ئايەت پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ ئايەت پايدىلىنىش نىكاھى ھەققىدە چۈشتى، دېيىشمۇ خاتادۇر. بەزىلەرنىڭ بۇ ئايەتنى شۇ مەناغا قارىتىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئايەتلەرنىڭ رەتلىنىش ئۇسلۇبى بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ بېشىدىكى ئايەتتە توي قىلىپ ئېلىش دۇرۇس ئەمەس ئاياللارنى بايان قىلىپ بولۇپ: «بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنا دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى» دېدى. يەنى بۇ ئايەت مەنا جەھەتتىن شەرت مەنىسىنى بېرىدۇ. (يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: توي قىلىپ دۇرۇس ئەمەس مەزكۇر ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى تويلۇقلىرىنى جايىدا بېرىپ نىكاھلاپ ئالساڭلار ھالالدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىنىش ئۈچۈن جىنسىي ئەزالارنى ئارىيەتكە بېرىش توغرا ئەمەس. (يەنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس.) الله تائالانىڭ: «زىنا دىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا» دېگەن سۆزى نىكاھنىڭ مەقسىتىنىڭ پەقەت شەھۋەتنى قاندۇرۇش ۋە مەنىينى تۆكۈپ ئۇرۇغدانىنى بىكارلاشتىن ئىبارەت بولسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىنىش نىكاھى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى پايدىلىنىش نىكاھتىن بولغان مەقسەد شەھۋەتنى قاندۇرۇش ۋە مەنىينى تۆكۈپ ئۇرۇغدانىنى بىكارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغان سەبرە ئەلجۇھەنىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى خالايىقلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشىڭلارغا (يەنى ئايالنى

(1) «زادۇل مەسىر»، 2 ـ توم، 54 ـ بەت.

پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن نىكاھلاپ ئېلىشىشلارغا) رۇخسەت قىلغان ئىدىم. اللہ تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلدى. ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ قېشىدا ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئالغان ئايالى بولسا، ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋەتسۇن. سىلەر ئۇلارغا بەرگەن تويلۇقتىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار.» [1]

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى ئاياللارنى پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن ئېلىشتىن ۋە يەرلىك ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى.» [2]

ھەيران قالارلىقى شۇكى، شىئىيلارنىڭ ئىمامىيە پىرقىسى <پايدىلىنىش نىكاھى پەقەت توغرا بىر ئىشتۇر> دەپلا قالماستىن ئۇنداق قىلىش تېخى ساۋابى ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان ۋە ھەج قىلغاندىنمۇ بېسىپ چۈشىدىغان كاتتا بىر ئىبادەت، دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزى ئالىملىرى بۇ ھەقتە ئايرىم بىر كىتاب يازدى. كىتاب يازغان ئالىملارنىڭ ئىچىدە مىلادىنىڭ 10 - ۋە 11 - ئەسرىدە شىئىيلارنىڭ ئەڭ كاتتا مۇجتەھىدى ۋە ھەدىسشۇناس ئالىمى ھېسابلىنىدىغان باقىر مەجلىسىي، دېگەن ئالىممۇ بار. ئۇ ئالىم پايدىلىنىش نىكاھى ھەققىدە پارىسچە بىر كىتاب يېزىپ چىققان ۋە ئۇ كىتاب <چىرايلىق ئالدىراش> دېگەن ئىسىم بىلەن ئۇردۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ كىتابنى 70 يىل بۇرۇن سەييىد مۇھەممەد جەئفەر قۇدۇسىي دەيدىغان ئالىم نەشر قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى يېڭى نۇسخۇسى لاھۇردا بېسىلدى.

كىتابنىڭ ئاپتورى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدىن كېيىن پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ئەجرى ۋە كاتتا ساۋابى ھەققىدە توختىلىدۇ، ئاندىن بۇ ھەقتە ئۇزۇن بىر ھەدىس كەلتۈرۈپ بۇ ھەدىسنى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دەپ بايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ھەدىسنىڭ توقۇلغان ھەدىس ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇنىڭ توقۇلغان ھەدىس ئىكەنلىكى ھەدىسنىڭ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەدىسنىڭ ئۇردۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان تېكىستى تۆۋەندىكىچىدۇر:

سەلمان ئەل پارىسىي، مىقداد ئىبنى ئەسۋەدۇلكىندىي ۋە ئەممار ئىبنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ياسىر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھاياتىدا بىر قېتىم (بىر ئايالنى) پايدىلىنىش نىكاھى بىلەن ئالسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن بولىدۇ. ئۇ ئادەم شۇ نىكاھ بىلەن ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئاسماندىن تاكى ئۇ ئادەم ئايالنىڭ قېشىدىن قوپۇپ كەتكەنگە قەدەر ئولتۇرغان يەردە ئۇنى ساقلاپ تۇرۇدىغان بىر پەرىشتە چۈشىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىدا قىلىنغان گەپ ـ سۆز تەسبىھ ئېيتقاننىڭ ئورنىدىدۇر. بىرى ـ يەنە بىرىنىڭ قولىنى تۇتسا ھەر ئىككىسىنىڭ بارماقلىرىدىكى گۇناھلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئەر ئايالنى سۆيگەن ۋاقتىدا ھەر بىر سۆيۈش ئۈچۈن الله تائالا ئەرگە پەرز ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. ئەر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ھەر بىر لەززەت ئۈچۈن الله تائالا ئەرگە تاغدەك ساۋاب بېرىدۇ. ئەر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ: <الله تائالا ھەقتۇر ۋە پايدىلىنىش نىكاھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىر سۈننەتتۇر> دېگەن ئېتىقاد بىلەن يۇيۇنغان ۋاقتىدا الله تائالا پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار. ئۇ (جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن) قوپۇپ يۇيۇندى ۋە مېنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلدى، شۇڭا گۇۋاھچى بولۇپ قويۇڭلاركى مەن ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتتىم، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تېنىنىڭ تۈكۈگە باراۋەر كېلىدىغان ساۋاب بېرىمەن، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان گۇناھلىرىنى كەچۈرۈمەن ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى قاتمۇ ـ قات كۆتۈرۈمەن.»

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار: «پايدىلىنىش نىكاھىنىڭ مۇشۇنداق پەزىلەتلىرىنى ئاڭلىغان مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى: مۇشۇ ئىشنى قىلغان ئادەم قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ساۋابلارغا ئېرىشىدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ (جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئاياغلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن) قوپۇپ يۇيۇنغان ۋاقتىدا الله تائالا ئۇنىڭ بەدىنىدىن چۈشكەن ھەر بىر تامچە سۇدىن بىر پەرىشتە يارىتىدۇ، ئۇ پەرىشتە الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئاشۇنداق ساۋابقا ئېرىشىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن» دەيدۇ.

# كاپىرلارنىڭ ئۆز ئارىسدا قىلىنغان نىكاھنىڭ ھۆكمى

ئىسلام دىنى شەرتلىرىگە توشۇپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىلىنغان ھەر قانداق نىكاھنى توغرا، دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش مەيلى مۇشرىكلاردىن بولسۇن مەيلى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولسۇن كاپىرلارنىڭمۇ ئۆز ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن نىكاھلىرىنى توغرا، دەپ قارىدى. بۇنىڭ دەلىل پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالى ھەققىدە دېگەن: «ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ» [1] دېگەن ئايىتىدۇر[2] ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن زىنادىن ئەمەس نىكاھتىن تۇغۇلدۇم» دېگەن سۆزىدۇر[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى زەينەپنى بۇرۇنقى ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئەگە (ھەر ئىككىلىسى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئارىلىقدا نىكاھنى يېڭىلىماستىن) ۋە تويلۇق ئالدۇرماستىن بۇرۇنقى نىكاھى بىلەنلا قايتۇرۇپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ ئېرى ئەبۇلئاستىن ئالتە يىل بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن ئىدى[4].[5]

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئەبۇلئاس بەدرى كۈنى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ پىدىيە بېرىپ (ئۇنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن)

(1) سۈرە تەببەت 4 ـ ئايەت.

(2) يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ كاپىرلارنىڭمۇ ئۆز ئارىسدا ئۆتكۈزگەن نىكاھنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ت.

(3) ئىبنى ئەبۇئۆمەر ئەلئەدەنىي رىۋايىتى.

(4) بۇ ۋەقەنى ئىبنى كەسىر تەپسىلىرەك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مۇشرىكنىڭ مۆمىن ئايالنى ئېلىشى دۇرۇس ئىدى. شۇڭا ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئالغان ئىدى. زەينەپ ئۇ چاغدا مۇسۇلمان ئىدى، ئېرى بولسا قەۋمىنىڭ شېرىك دىنىدا ئىدى. ئەبۇلئاس بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەر قاتارىدا ئەسىرىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى زەينەپ ئانىسى خەدىچە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەدىيە قىلىپ بەرگەن بۇلاپكىسىنى ئېرى ئۈچۈن فىدىيە قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلاپكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى ۋە مۇسۇلمانلارغا: «ئەگەر زەينەپنىڭ ئەسىرىنى قويۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرسەڭلار قويۇپ بېرىڭلار» دېدى. مۇسۇلمانلار ئەبۇلئاسنى قويۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇلئاسنى، قىزى زەينەپنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويۇپ بەردى. ئەبۇلئاسمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ زەينەپنى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يەنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بەردى. بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن زەينەپ تاكى ئېرى مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر مەدىنىدە تۇردى. يەنى زەينەپ ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ تاكى ئېرى ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەنگە قەدەر مەدىنىدە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنى يېڭىدىن تويلۇق بەلگىلىمەستىن ئېرىگە بۇرۇنقى نىكاھى بىلەن قايتۇرۇپ بەردى. تەپسىر ئىبنى كەسىرگە قارالسۇن.

(5) بۇ ئەسەرنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ئانىسى خەدىچە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەدىيە قىلىپ بەرگەن بۇلاپكىسىنى مەككىدىن ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇلئاسنى قىزى زەينەپنى ئەۋەتىۋېتىش شەرتى بىلەن پىدىيە ئالماي قويۇپ بېرىدۇ. ئەبۇلئاس بۇ شەرتكە رىئايە قىلىپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپنى مەدىنىگە ئەۋەتىۋېتىدۇ.)

(يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشاش) كىتاب بېرىلگەن بىر ئادەمنىڭ ئايالى ئىسلامغا كىرسە، ئېرى ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئېرى ئىسلامغا كىرسە بەك ياخشى ئىش بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئېرى ئىسلامغا كىرىشكە ئۇنىمىسا، قازى ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ.[1] بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: زىممىي بىر ئادەمنىڭ نىكاھىدىكى خىرىستىيان بىر ئايال ئېرىدىن ئازراق بۇرۇن ئىسلامغا كىرسە، ئۇ ئايال ئېرىگە ھارام بولۇپ كېتىدۇ.[2] (يەنى ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھارامدۇر.)

كىتاب بېرىلگەن بىر ئايالنىڭ ئېرى ئىسلامغا كىرسە، ئايال ئۇنىڭ نىكاھىدا قېلىپ قالىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان بىر ئەرنىڭ كىتاب بېرىلگەن بىر ئايالنى ئېلىشى توغرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرى ئىسلامغا كىرگەن كىتاب بېرىلگەن ئايالنىڭ ئېرىنىڭ نىكاھىدا قېلىشى توغرىدۇر.

(مەيلى يەھۇدىي بولسۇن مەيلى خىرىستىيان بولسۇن مەيلى بۇت پەرەس بولسۇن) كاپىرلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر خىرىستىيان ئەرنىڭ خىرىستىيان ئايالى ئوتپەرەس دىنىغا كىرسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى خىرىستىيان بىر ئەرنىڭ ئوتپەرەس بىر ئايالنى ئېلىشى توغرىدۇر. ئوتپەرەس ئادەمدىن ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن بىرەر كىتابقا ئىشەنمەيدىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتپەرەسنىڭ ئىچىگە بۇتپەرەس ۋە دىنغا ئىنكار قىلىدىغان ئاتېئىزىمچىلارمۇ كىرىدۇ.

ئوتپەرەس بىر ئايالنىڭ ئېرى ئىسلامغا كىرگەن، ئېرى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئايال يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنىغا كىرگەن بولسا،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 389 - بەت

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇرۇنقى نىكاھ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان بىر ئەرنىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان دىنىدىكى بىر ئايالنى ئېلىشى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسى بولسا، توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ئېرى ئىسلامغا كىرگەن ۋاقىتدا خىرىستىيان بولغان، ئاندىن ئوتپەرەس دىنىغا كىرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى ئۇ ئايالنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ ئولتۇرماستىنلا ۋە قازىنىڭ ئايرىپ ئولتۇرۇشىغا قاراپ تۇرماستىنلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال خىرىستىيان دىنىدىن ئوتپەرەس دىنىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن خۇددى دىنىدىن يېنىۋالغان ئايالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ[1].

ئەگەر ئوتپەرەس دىنىدىكى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى ياكى كىتاب بېرىلگەن ئەرنىڭ ئايالى (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق) بىر كاپىر دۆلىتىدە ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كاپىر دۆلىتىگە تەۋە بىر يەردە ئىسلامغا كىرگەن بولسا، ئۇ ئايال تاكى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەنگە قەدەر ياكى ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئاي ئۆتكەن مۇددەتكىچە ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئايالنىڭ باشقا ئەرگە تېگىشى ھالال ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئېرىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بىلەن ھۇزۇرلىنىشى ھالال ئەمەس. (چۈنكى ئايال مۇسۇلمان، ئۇنىڭ ئېرى بولسا كاپىردۇر). الله تائالا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كاپىرلارغا ھالال ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس»[2] ئەگەر ئۇ ئايال قورساق كۆتۈرۋاتقان ئايال بولسا، ئۇ تاكى بالىنى تۇغۇپ بولغىچىلىك باشقا ئەرگە ياتلىق بولالمايدۇ. (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق) كاپىر دۆلىتىدە ئىسلامغا كىرگەن بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈشنى ياكى ھەيز كۆرمەيدىغان ئايال بولسا ئۈچ ئاي ئۆتۈشنى شەرت قىلىشىمىز بولسا، بۇ ئۈچ قېتىملىق ھەيزنى ياكى ئۈچ ئاي مۇددەتنى تالاق قىلىنىپ ئايرىلىپ كېتىشنىڭ سەۋەبىنىڭ ئورنىدا

(1) ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى دىنىدىن يېنىۋالسا، شۇچاغنىڭ ئۆزۈدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ت.

(2) سۈرە مۇمتەھىنە 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرغۇزىشىمىز ئۇچۇندۇر. ئايالى ئىسلامغا كىرگەن بىر ئەرنىڭ ئۇ ئايالدىن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشتىن باش تارتىشىدۇر. ئەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۇنىڭغا ئىسلامنى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىلىنىدۇ. (يەنى ئايالىنىڭ ئىسلامغا كىردى سەنمۇ ئىسلامغا كىرەمسەن، دېيىش بىلەن بىلىنىدۇ)، لېكىن ئۇلار ياشاۋاتقان يەر (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق) كاپىر دۆلىتى بولغاچقا مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسىنىڭ ئىسلامنى ئۇنىڭ ئېرىگە تەكلىپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىش ھەققى يوق. ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى زۆرۈردۇر. چۈنكى مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا تۇرۇشى ھالال ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر مۇددەتنىڭ ئۆتۈشى (يەنى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەن مۇددەت ياكى ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئاي مۇددەتنىڭ ئۆتۈشى) خۇددى قازى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەننىڭ ئورنىدا ھېساب بولىدۇ[1]. بۇ مۇددەت (يەنى ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ ھەيز كۆرگەنلىكى ياكى ئۆتكۈزگەن ئۈچ ئاي مۇددەت) ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتىگە ھېساب بولمايدۇ. چۈنكى توي قىلىپ تېخى ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن خىرىستىيان بىر ئايال ئىسلامغا كىرسىمۇ ئۇنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈشى ياكى ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئەگەر بۇ مۇددەت ئىددەتكە ھېساب بولىدىغان بولسا، بۇ ھۆكۈم پەقەت ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئاياللارغىلا خاس بولغان بۇلاتتى.

س: مەزكۇر مۇددەت ئايالنىڭ ئىددىتىگە ھېساب بولمىسا، بۇ مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم بولامدۇ؟

ئەگەر ئىسلامغا كىرگەن ئايال (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق) كاپىر دۆلىتىدىن بولسا، ئىددەت تۇتۇش كېرەك ئەمەس[2]. چۈنكى كاپىر

(1) يەنى ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان بىر خىرىستىياننىڭ ئايالى مۇسۇلمان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلامغا كىرسە ئايال ئۇنىڭ نىكاھىدا قالىدۇ. ئەگەر ئىسلامغا كىرىشتىن باش تارتسا، قازى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ. ئەمما ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش بولۇۋاتقان كاپىر دۆلىتىدە ياشايدىغان ئايالى ئىسلامغا كىرگەن بىر خىرىستىيان ئەرنى قازىنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئەر ئىسلامغا كىرىشتىن باش تارتسا ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى ئايرىۋېتىش ھەققى يوق. كاپىر دۆلىتىدە ئىسلامغا كىرگەن ئايالنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى خۇددى قازىنىڭ ئايرىۋەتكىنىنىڭ ئورنىدا بولىشى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ ھەيز كۆرۈشى ياكى ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئاي مۇددەت ئۆتۈشى شەرتتۇر. ت.

(2) يەنى ئۇنىڭغا ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىددەت تۇتۇش لازىم ئەمەس. لېكىن باشقا بارلىق فىقھشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇ ئايال بالا ياتقۇسىنى بىر قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن پاكىزلىۋېتىشى لازىم. بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ بالا ياتقۇسىنى پاكىزلىۋېتىش ئىددەت تۇتقان ھېسابلانمايدۇ. ت.

دۆلىتىدە (ئىسلامغا كىرگەن) ئايال مۇسۇلمان بىر ئەر بىلەن توي قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتۇش لازىم بولمايدۇ[1]. لېكىن ئىمام بۇخارى (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىتابىدا <مۇشرىك ئاياللاردىن مۇسۇلمان بولغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىددىتى> دەپ بىر باب قويۇپ ئۇ بابتا ئىبنى ئاببااس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: « مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆمىنلەرگە قارىتا ئىككى قىسىم بولىدۇ. بىر قىسمى: مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئاچىدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىدىغان (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق) مۇشرىكلاردۇر. يەنە بىر قىسمى بولسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئاچمايدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچمايدىغان (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم بار) مۇشرىكلاردۇر. ئەگەر (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق) مۇشرىكلاردىن بىرەر ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا تاكى ئۇ بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاك بولغانغا قەدەر توي قىلىش تەلەپ قويۇلمايدۇ. ئۇ (ھەيز كۆرۈپ) پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ (كاپىر دۆلىتىدىكى) ئېرىمۇ ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇ ئايال ئۇ ئەرنىڭ نىكاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. »

ئىبنى ھەجەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئىبنى ئاببااسنىڭ: <ئۇنىڭغا تاكى ئۇ بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ پاك بولغانغا قەدەر توي قىلىش تەلەپ قويۇلمايدۇ> دېگەن سۆزىنىڭ ئاشكارا مەنىسىنى تۇتۇپ كاپىر دۆلىتىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارغا پەقەت بىر قېتىم ھەيز كۆرۈشلا لازىم بولىدۇ، دېدى. ئەمما كۆپ قىسمىدىكى ئالىملار: ئىبنى ئاببااس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر سۆزىدىن ئۇ ئايال ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرىدۇ دېمەكچىدۇر، دەپ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرگە جاۋاپ قايتۇردى » دېدى.[2]

(ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم بار) كاپىر دۆلىتىدىكى كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ئايال مۇسۇلمان بولغان ھالەتتە ياكى ئۆز

---

(1) بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم، دەيدۇ. ت.

(2) « فەتھۇلبارى »، 9 - توم، 418 - بەت.

دىنىدا قالغان ھالەتتە ئۆزىنىڭ كاپىر دۆلىتىگە قايتماسلىققا نىيەت قىلىپ مۇسۇلمان دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇ ئايال (كاپىر دۆلىتىدىن مۇسۇلمان دۆلىتىگە يۆتكىلىش بىلەن) كاپىر دۆلىتىدىكى ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتۇش لازىم ئەمەس[1]. مەيلى ئۇ ئايال قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايال بولسۇن مەيلى قورساق كۆتۈرمىگەن ئايال بولسۇن (مۇسۇلمان دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىنلا) باشقا بىرسىگە ياتلىق بولالايدۇ. لېكىن قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايال ئىددەت تۇتۇش يۈزىسىدىن ئەمەس ئەكسىچە بالىسىنى تۇغۇپ ئېچىنى بىكارلاپ (ئىككىنچى ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنى چەكلەيدىغان) توسالغۇنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تاكى بالىسىنى تۇغۇپ بولغانغا قەدەر ياتلىق بولماي تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىدا باشقىلارنىڭ نەسلىدىن بولغان بالا باردۇر. ئۇ ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىغا ئىككى ئەرنىڭ مەنىيسى توپلىنىپ قېلىنماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات يۈزىسىدىن بالا ياتقۇدا بالىنىڭ بولۇشى ئۇ ئايالنىڭ ئۇ بالىنىڭ دادىسىدىن باشقا بىرسىگە ياتلىق بولۇشىنى چەكلەيدىغان ئامىلدۇر، دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى بالا ئايال بىلەن توغرا ھالال يول بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالا، كۆرپىسى ئۇستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. (يەنى بالا ھالال يول بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە تەۋەدۇر.) زىناخور (بالىدىن) مەھرۇم قىلىنىدۇ.» (بالا ياتقۇسىدا بىر ئەرنىڭ مەنىيسى بار بىر ئايال بالىنى تۇغۇشتىن ئىلگىرى باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال بالا ياتقۇسىغا ئىككى ئەرنىڭ مەنىيسىنى توپلىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال تاكى تۇغۇپ بولغىچە ئېھتىيات يۈزىسىدىن باشقا ئەرگە ياتلىق بولماي تۇرىدۇ.)

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، (اللہ تائالا ساقلىسۇن!) ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى ئىسلامدىن يېنىۋېلىش تالاققا ئەمەس نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى دىنىدىن يېنىۋېلىش (ئەر ـ خوتۇن ئارىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان) ئالاقىغا زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر.

---

(1) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىمدۇر. ت.

**تالاق بولسا (ئەر - خوتۇن ئارىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان) ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتمەي تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (يەنى بىر ئايالنىڭ تالاق قىلىنىپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئارىسىدا ئەر - خوتۇنلۇق ئالاقە بولۇشى لازىم، دېمەكچىدۇر.) شۇنىڭ ئۈچۈن دىندىن يېنىۋېلىشنى تالاق، دەپ قاراش بىر ئاز قىيىندۇر. ئەر - خوتۇننىڭ بىرىنىڭ دىندىن يېنىۋالغانلىقى سەۋەبى بىلەن (ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ) ھارام بولۇشى مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر. چۈنكى (ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ) ھاراملىقى دىندىن يېنىۋالغان تەرەپنىڭ دىنغا قايتا كىرىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. دىندىن يېنىۋېلىش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى تالاقنىڭ سانىنى كەمەيتىۋەتمەيدۇ. (يەنى بىر ئەرنىڭ ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىش ھەققى بار. دىندىن يېنىۋېلىش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۇ ئۈچ قېتىملىق ھەققىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم بىر نەچچە قېتىم دىندىن يېنىۋېلىپ دىنغا قايتا كىرگەن ۋە ھەر قېتىمدا ئايالى بىلەن نىكاھىنى يېڭىلاپ يېنىشقان بولسا، ئايال ئىككىنچى بىر ئەرگە ياتلىق بولمىسىمۇ ئۇ ئادەمگە ھالال بولۇۋېرىدۇ[1].**

**ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئايال تاكى ئىسلامغا قايتقانغا ياكى ئۆلگەنگە قەدەر تۈرمىگە تاشلاش ئارقىلىق ئىسلامغا قايتىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايال ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىش يۈزۈسىدىن ئازراق تويلۇق بىلەن ئېرى بىلەن يېنىشىشقا مەجبۇرلىنىدۇ[2]). ئەمما ئېرى (ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقۇسىنىڭ بارلىقىنى) ئوچۇق ئىپادىلىمىگەن ياكى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىپادىلىگەن بولسا، ئايال ئېرى بىلەن يېنىشىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئۇ باشقا بىر ئەر بىلەن توي قىلىدۇ. چۈنكى ئەر ئۆز ھەققىدىن ۋازكەچكەندۇر.**

**بەلەخىنىڭ ئالىملىرى تاكى ئاياللار دىندىن يېنىۋېلىشنى ئەرلىرىدىن**

(1) يەنى ئەگەر دىندىن يېنىۋېلىش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى تالاقنىڭ سانىنى كەمەيتىۋاتىدىغان ئىش بولسا، بىر ئادەم ئۈچ قېتىم دىندىن يېنىۋېلىپ دىنغا قايتقان ۋە ھەر قېتىمدا ئايالى بىلەن نىكاھىنى يېڭىلاپ يېنىشقاندىن كېيىن تۆتىنچى قېتىمدا دىندىن يېنىۋېلىپ دىنغا قايتا قايتقاندىن كېيىن ئايالى بىلەن يېنىشماقچى بولسا، ئۇ ئادەم تاكى ئايالى ئىككىنچى بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپ ئاجراشمىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشالمايدۇ. ت.

(2) يەنى بەزى ئاياللار ئېرىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن دىندىن يېنىۋېلىشنى ۋاستە قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىر ئايال دىندىن يېنىۋېلىپ ئېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە دىنغا قايتقان بولسا، ئۇنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىشقا بۇ ۋاستىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىش يۈزۈسىدىن ئەر يېنىشىشنى خالىسا ئايال ئۇ ئەر بىلەن يېنىشىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ت.

ئايرىلىش ئۈچۈن بىر ۋاستە ۋە ئۇلاردىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن بىر ھىلە قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئايالىنىڭ دىنىدىن يېنىۋالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. بولۇپمۇ (ئېرىدىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن) دىندا كۆپۈر ھېسابلىنىدىغان سۆز ۋە ياكى بىرەر ئىشنى قىلىپ ئاندىن ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىۋالىدىغان ئاياللارنىڭ (شۇنداق قىلىشى بىلەن ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىغا) پەتىۋا بەرگەن.[1]

ئەگەر بىر ئەر - خوتۇن قايسىسىنىڭ ئىلگىرى دىنىدىن يېنىۋالغانلىقى بىلىنمەيدىغان دەرىجىدە بىرلا ۋاقىتتا دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمى خۇددى ماشىنا ياكى ئايروپىلان ھادىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ياكى ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. مۇشۇنىڭدەك ھادىسىدە بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە مۇناسىۋەتى ئاتا - بالىدەك، ئاكا - ئۇكىدەك بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلار بولسا، ئۇلارنىڭ قايسىسى قايسىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك قايسىسىنىڭ بۇرۇن دىنىدىن يېنىۋالغانلىقى بىلىنمەيدىغان دەرىجىدە بىرلا ۋاقىتتا دىنىدىن يېنىۋالغان ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر بىرلا ۋاقىتتا دىنىدىن يېنىۋالغان ئەر - خوتۇننىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئىلگىرى دىنغا قايتا يېنىۋالغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىر تەرەپنىڭ دىنىدىن يېنىۋالغان ھالەتتە بولۇشى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنى چەكلەيدىغان ئامىل ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە نىكاھلىق ھالەتتە بولغان چاغدىمۇ بىر تەرەپنىڭ دىنىدىن يېنىۋالغان ھالەتتە بولۇشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىكاھنىڭ داۋاملىشىنى چەكلەيدىغان ئامىلدۇر.

بىر ئايال توي قىلىپ ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا تويلۇق بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى ئايرىلىشقا سەۋەب بولغۇچى ئايال كىشىدۇر. ئەمما بىر ئەر

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 393 - بەت.

توي قىلىپ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى دىندىن يېنىۋالغان بولسا، ئەر ئايالغا بېرىشكە تەيىنلەنگەن تويلۇقنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ. ئەگەر توي قىلغاندا قانچىلىق تويلۇق بېرىدىغانلىقىنى توختاتمىغان بولسا، ئايالغا بەلگىلىك مىقداردا پول بېرىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا) ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆزھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئاياللار ئۆتۈنسە (يەنى مەھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھىنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە) شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆز ئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. اللە ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1] ئاتا ـ ئانا ئىككىسىدىن قايسىسى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلسا بالا شۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن: بىر بالىنىڭ ئانىسى يەھۇدىي ياكى خرىستىيان ئەمما دادىسى مۇسۇلمان بولسا، بالا دىندا دادىغا تەۋە بولىدۇ. (يەنى بالا مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.)

ئەسلىدە ھەر قانداق بىر بالا ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەر بوۋاق تۇغۇلسىلا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياكى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خرىستىيان قىلىدۇ، ياكى ئوتپەرەس قىلىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇ خۇددى تۆت پۇتلۇق ھايۋان ھەممە ئەزاسى ساق تۇغۇلغىنىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھايۋاننىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ (يەنى

(1) سۇرە بەقەر 236 ـــ 237 ـ ئايەتلەر.

قۇلاق، بۇرۇنلىرىنىڭ) كېسىلگەن ھالەتتە تۇغۇلغانلىقىنى كۆرەمسىلەر؟»» ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئەگەر خالىساڭلار الله تائالانىڭ: «الله نىڭ دىنىغا ئەگەشكىنىكى الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر» ئايىتىنى ئوقۇڭلار» دېدى.[1]

بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرىگە دىندا تەۋە بولۇش مۇددىتى ئۇ بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىش ياكى ئۇنىڭ ئۆزى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئەگەر بىر بالا بالاغەتكە يەتكەن ۋاقتىدا ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس ساراڭ ھالىتىدە بولسا، ئۇ بالىنىڭ دىندا ھەق دىن ئۈستىدە ماڭغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرىگە تەۋە بولۇشى يەنە داۋام قىلىۋېرىدۇ.

ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرى يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان يەنە بىرى ئوتپەرەس بولسا، بالا يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار بەزى ھۆكۈملەردە (باشقا دىندىكىلەرگە قارىغاندا) دۇنيا ئالىمىزدە مۇسۇلمانلارغا يېقىندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگەن (ئەسلىدە يېيىش ھالال بولغان) ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېگىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن توي قىلغىلى بولىدۇ.

ئاتەشپەرەس ۋە (بۇتپەرەسكە ئوخشاش) بىرەر سەماۋىي كىتاب بېرىلمىگەن دىندىكى ئادەملەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن بەتتەردۇر. خىرىستىيانلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە يەھۇدىيلاردىن بەتتەردۇر. چۈنكى خىرىستىيانلار ھايۋاننى بوغۇزلاپ ئەمەس بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھايۋاننى بۇ شەكىلدە ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ئىشتۇر. ئەگەر خىرىستىيانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ ئوغلى، دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرغان ھالىتىدە ھايۋاننى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرسە، ئۇلار ئۆلتۈرگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ.[2]

نىكاھىدا ئەڭ ئاز بەش ئايال ياكى ئىككى ھەمشىرە ياكى بىر ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزى بار بىر كاپىر ئىسلامغا كىرگەن ۋە مەزكۇر ئاياللارنى بىر نىكاھ بىلەن نىكاھىغا ئالغان بولسا، ئۇ كاپىرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كاپىر ئۇلارنى بىر

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 359 ـ بەت.

بىرلەپ نىكاھىغا ئالغان بولسا، ئايالىنىڭ سانى (تاكى تۆتكە قەدەر قالغۇچە) ئەڭ ئاخىرىدا نىكاھىغا ئالغان ئايالىنىڭ نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

تۆتتىن ئارتۇق ئايالىنىڭ نىكاھىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

غەيلان ئىبنى سەلەمە ئەسسەقەفي ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ نىكاھىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلامغا كىرگەن 10 ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇلارنىڭ ئىچىدىن تۆت ئايالنى تاللىغىن» دېگەن.[1]

نىكاھىدا ئانىسى بىلەن قىزى بار ئادەم (مەيلى ئانىسى بولسۇن مەيلى قىزى بولسۇن) نىكاھىغا بۇرۇن ئالغىنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم نىكاھىغا ئالغىنىنىڭ نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ مەيلى ئانىسى بولسۇن مەيلى قىزى بولسۇن نىكاھىغا بۇرۇن ئالغىنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، ئاندىن ئىككىنچىسىنى نىكاھىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ھەر ئىككىسىنىڭ نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھەر ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى بۇزىدۇ.

بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ياتلىق قىلىنغان ۋە ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان بولغان بىر قىز بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئارىسىدا بولغان نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئىماننىڭ سۈپەتلىرى تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان شەكىلدىدۇر: «ئىمان دېگەن الله غا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، الله نىڭ كىتابلىرىغا، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر»[2] ئۇ قىزنىڭ يېنىدا يەنە الله تائالانىڭ بارلىق سۈپەتلىرى بايان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىقرار قىلىشى لازىم.[3]

(1) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.بۇ ئۇزۇن بىر ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدۇر.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 395 ـ بەت.

# شەرتىگە توشمىغان نىكاھنىڭ ھۆكمى

شەرتىگە توشمىغان نىكاھ بولسا، نىكاھتا تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلماي قالغان نىكاھتۇر. مەسىلەن: نىكاھنى گۇۋاھچى يوق تۇرۇپ قىلغانغا، ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىغا ئالغانغا، ئىددىتى چىقمىغان ئايالنى ئالغانغا، تۆتىنچى ئايالنىڭ ئىددىتى تۈگىمەي تۇرۇپ بەشىنچى ئايالنى ئالغانغا ۋە تالاق قىلىۋاتقان ئايالنىڭ ئىددىتى چىقماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى ئالغانغا ئوخشاش نىكاھلاردۇر. بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى ئېلىش تاكى ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغانغا قەدەر توغرا ئەمەستۇر. مەزكۇر ھالەتلەردە قىلىنغان نىكاھ توغرا بولمايدۇ. بۇ >شەرتىگە توشمىغان نىكاھ< دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما نىكاھ قىلغان چاغدا توغرا ئەمەس بىر شەرتنى قويغان بولسا، بۇ ھالەتتە نىكاھ توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال: مەن پولانى بىلەن توي قىلىمەن، لېكىن ئۇ، مەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ، دېگەنگە ئوخشاش توغرا ئەمەس بىر شەرتنى قويغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال بىلەن ئۇنى ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا قىلىنغان نىكاھ توغرا بولىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇ شەرتكە ئەمەل قىلىنمايدۇ.[1]

بىر ئادەم (مەسىلەن: ئىددىتى چىقمىغان ئايالنى ئالغانغا ئوخشاش) نىكاھ قىلىشقا شەرتى توشمىغان بىرەر ئايالنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەخىتۇشىنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىمدۇر. ئۇنىڭغا تەخىتۇشىنىڭ تويلۇقىنى بېرىشىنىڭ لازىم بولىشى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ھارام بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئەمەس ئۇنىڭ چوڭ تەرەت يولىغا قىلغان ياكى (ئۇنىڭ ھېچقانداق يېرىگە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي) ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالغان بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئۇنىڭغا تەخىتۇشىنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئايالنىڭ چوڭ تەرەت يولى نەسىل قالدۇرۇش ئورنى ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن ئۇ ئايالنى سىلىغانلىق ۋە شەھۋەت بىلەن سۆيگەنلىك

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 350 ـ بەت.

ئۇچۇنلا ئۇ ئادەمنىڭ ئايالغا ھېچقانداق نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ، بىر ئادەم نىكاھ قىلىشقا شەرتى توشمىغان بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىش بىلەنلا (تاكى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگىچە) ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايال ئۇچۇن بىر نەرسە بېرىشنىڭ لازىم بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر ئايالنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقى ئۇ ئايال بىلەن نىكاھ قىلغان چاغدا ئۇ ئايالغا بېرىشكە تەيىن قىلىنغان تويلۇقتىن ئارتۇق بولسا، ئۇ ئايالغا نىكاھتا تەيىن قىلىنغاندىن ئارتۇقى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال نىكاھتا تويلۇقنى تەيىن قىلغان چاغدا ئارتۇقىنى تەلەپ قىلمىغاندۇر، ئارتۇقىنى تەلەپ قىلمىغانلىقى بولسا ئۇنىڭ تەيىن قىلغان شۇ ئاز تويلۇققا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر ۋە ئۇ، بۇ ھالەتتە ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ئۆزى ۋاز كەچكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەر نىكاھ قىلغان چاغدا تويلۇقنى تەيىن قىلمىغان ياكى تويلۇق بېرىشنى سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن قانچىلىك بېرىشنى بېكىتمىگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقى قانچىلىك مىقداردا بولسا بولسۇن ئەرگە ئۇ ئايالغا شۇ تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىش لازىم بولىدۇ.

بىر ئەر نىكاھ قىلىشقا شەرتى توشمىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، ئۇ ئەر مەيلى ئايال بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسۇن ياكى ئۆتكۈزمىسۇن ئايالى يېنىدا بولمىسىمۇ گۇناھنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن نىكاھنى بۇزۇۋېتىپ ئايرىلىپ كېتىشى لازىم. ئايالنىڭمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گۇناھنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئايرىلىپ كەتمىسە، قازىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشى لازىم.

نىكاھ شەرتىگە توشماي تۇرۇپ توي قىلغان ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايال رەسمىي ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى ئەمەس بەلكى تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئايال ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرسە، ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئايال ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەس ئايرىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئېرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى جىنسىي مۇناسىۋەت ۋاقتىدىن تارتىپ ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ (تاكى ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگەنگە قەدەر) ئەرگە تېگىشى توغرا ئەمەس.

نىكاھ قىلىشقا شەرتى توشمىغان ئايالنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىش تالاق ھېسابلانمايدۇ.

ئۇ تاشلىشىپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ئايالنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىش بىلەن تالاقنىڭ سانى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. (يەنى بىر ئەرنىڭ ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىش ھەققى بار. مەزكۇر ئايالنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىش ئۇ ئۈچ قېتىملىق تالاق قىلىش ھەققىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم نىكاھ قىلىش شەرتىگە توشماي تۇرۇپ ئالغان ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان، ئاندىن ئۇنى (ئۇ نىكاھ قىلىش شەرتىگە توشقاندىن كېيىن) ئالماقچى بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئەر ئۇ ئايال بىلەن ھەتتا ئۇ ئايال باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىپ ئۆزىنى ئۇ ئەرگە تېگىش ئۈچۈن بولىدىغان قىلىپ ھالاللىمىسىمۇ ئۇ ئەر بىلەن توي قىلالايدۇ.

مەيلى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن تاشلىشىپ كېتىش <يولىڭىز ئوچۇق> ياكى <مەن سىزنى تاشلىۋەتتىم> دېگەنگە ئوخشاش پەقەت سۆز ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن ئارىسىدا نىكاھنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلغانلىقى ئۇنىڭ بىلەن تاشلىشىپ كەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئۇ ئەر ئۇ ئايال بىلەن ئارىسىدا نىكاھنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئايالغا: <يۇقال ۋە ئەرگە تەگ> دېگەن بولسا، بۇ تاشلىشىپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرى - يەنە بىرىنىڭ قېشىغا كەلمىگەنلىكى ئۇلارنىڭ تاشلىشىپ كەتلىكى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى تاشلىشىپ كېتىش يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش پەقەت سۆز ئارقىلىقلا بولىدۇ.

بالىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، نىكاھ قىلىش شەرتىگە توشمىغان ئايالدىن بولغان بالىنىڭ نەسەبى ئەرگە تەۋە بولىدۇ. نىكاھ قىلىش شەرتىگە توشمىغان بىر ئايال توي قىلىپ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىگە ئەڭ ئاز ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن توغقان ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە ئېرى بىلەن ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسا، بالىنىڭ نەسەبى ئۇنىڭ ئېرىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىگە تېخى ئالتە ئاي بولمىغان بىر مۇددەت ئىچىدە توغقان بولسا، بۇ ھالەتتە بالىنىڭ نەسەبى ئۇنىڭ ئېرىگە تەۋە بولمايدۇ. چۈنكى قورساق كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئالتە ئايدۇر. بۇ ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «قورساق كۆتۈرۈشنىڭ مۇددىتى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن باشلاپ ئەمەس نىكاھ قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بەزى ئالىملار

بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قاراشلىرىنى <كۈچلۈك قاراش> دەپ قارىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ قاراشلىرى ئېھتىيات تەرىپىنى تۇتىدۇ[1].[2]

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ:

ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس بىلەن زەمئەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بىر بالا توغرىسىدا داۋالىشىپ قالدى. سەئىد: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ قېرىندىشىم ئۇتبە ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ بالىسى، ئۇ ماڭا بۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ئېيتقان ۋە بالىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىغا قارىغىن، دېدى. زەمئەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، بۇ بالا دادامنىڭ كۆرپىسى ئۈستىدە دادامنىڭ چۆرىسىدىن تۇغۇلدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۇتبە ئىبنى ئەبۇۋاققاسقا بەك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ يەنە: «ئى زەمئەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ بۇ ساڭا تەۋە (يەنى بۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ)، بالا كۆرپىسى ئۈستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. زىناخۇر (بالىدىن) مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئى زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە! سىز ئۆزىڭىزنى بۇ بالىدىن پەردە ئارقىسىغا ئېلىڭ. (يەنى ئۇنىڭغا قېرىندىشىڭىزغا ئېچىش توغرا بولىدىغان يەرلىرىڭىزنى ئاچماڭ)» دېدى. ئۇ بالا سەۋدەنى شۇنىڭدىن كېيىن بىر قېتىممۇ كۆرمىگەن[3].[4]

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇھۇرەيرە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر

---

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم نىكاھ قىلىش شەرتىگە توشمىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلغىلى ئالتە ئاي بولغان، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى باشلىغىلى بەش ئاي بولغان ۋاقتىدا ئۇ ئايال توغقان بولسا، بۇ ھالەتتە بالىنىڭ نەسەبى ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشى بويىچە ئۇ ئادەمگە تەۋە ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشى بويىچە بالىنىڭ نەسەبى ئۇ ئادەمگە تەۋەدۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 350 ـ بەت.

(3) ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ چۆرىسى بىلەن زىنا قىلغان ۋە ئۇ چۆرىدىن تۇغۇلغان بالىنى <مېنىڭ بالام> دەپ داۋا قىلسا، بالا زىنا قىلغۇچىغا تەۋە بولىدىغان ئادىتى بار ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە مەزكۇر قىسسىدىمۇ ئۇتبە ئىبنى ئەبۇۋاققاس زەمئەنىڭ چۆرىسى بىلەن زىنا قىلغان ۋە ئۆلىدىغان چاغدا قېرىندىشى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاسقا ئۇ چۆرىدىن تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى دېگەن. سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ئەرەبلەرنىڭ مەزكۇر ئادىتىگە ئاساسەن ئۇ بالىنىڭ قېرىندىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان. ئەمما زەمئەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ چۆرىسىدىن دادىسىنىڭ كۆرپىسى ئۈستىدە تۇغۇلغانلىقىنى، دەپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۇتبە ئىبنى ئەبۇۋاققاسقا ئوخشايدىغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۇتبە ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ مەزكۇر ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بالىنى كۆرپىسى ئۈستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە تەۋە قىلىپ مەزكۇر ھۆكۈمنى چىقارغان. بالا ئەمەلىيەتتە زەمئەنىڭ بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن زەمئەنىڭ قىزىغا ئۆزىنى بالىنىڭ ئالدىدا خۇددى يات ئەرنىڭ ئالدىدا پەردە ئارقىسىغا ئالغىنىغا ئوخشاش پەردە ئارقىسىغا ئېلىشقا بۇيرۇغان. ت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالا، كۆرپىسى ئۇستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. زىناخور (بالىدىن) مەھرۇم قىلىنىدۇ.» [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بالا، كۆرپىسى ئۇستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: بالىنىڭ نەسەبى كۆرپە ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. كۆرپە ئىگىسى بولسا، ياكى ئايالنىڭ ئېرىدۇر ياكى ئۇنىڭ خوجايىنىدۇر. الله تائالا بىر ئايال بىلەن پەقەت ئۇنىڭ ئېرى ياكى ئۇنىڭ خوجايىنى[2]) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)» [3]

## تەڭتۇشنىڭ تويلۇقنىڭ قانداق بېكىتىلىدىغانلىقىنىڭ بايانى [4]

تەڭتۇشنىڭ تويلۇقنى بېرىش لازىم بولۇپ قالغان بىر ئايالغا، ئانىسىنىڭ جەمەتىدىن ئەمەس، دادىسىنىڭ تاغىسىنىڭ قىزىغا ئوخشاش دادىسىنىڭ جەمەتىدىن ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئايالغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ. ئەگەر دادىنىڭ جەمەتىدىن ئۇ ئايالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر ئايال بولمىسا، ئۇ ئايالغا ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن ھامما ئاچىللىرىغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ. ئەگەر ھامما ئاچىللىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەرسى بولمىسا، ئۇنىڭغا ھەمشىرىلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ يەردىكى خوجايىندىن بىرەر كارخانا ياكى بىرەر ئاشخانىنىڭ خوجايىنى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بىرەر كارخانىنىڭ خوجايىنىڭ مەنمۇ خوجايىن، دەپ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس. بۇ يەردىكى خوجايىندىن بىر چۆرىنى پۈتۈن ھاياتى بىلەن سېتىۋالغان خوجايىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(3) سۇرە مۆمىنۇن 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

(4) بىر ئايالغا تۆۋەندىكى ھالەتلەردە تەڭتۇشنىڭ تويلۇقنى بېرىش لازىم بولىدۇ:

- توي قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا پەقەت تويلۇق تەيىن قىلمىغان ۋاقىتتا.
- تويلۇق بېرىشنى دېگەن، لېكىن قانچىلىك بېرىش ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشمىگەن ۋاقىتتا.
- ئۇنىڭغا تويلۇق ئۈچۈن مەسىلەن: توڭغۇزغا ياكى ھاراققا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ قارىشى بويىچە مال ھېسابلانمايدىغان بىر نەرسە بېرىشنى ئاتىغان ۋاقىتتا. ت.

بىرەرسىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا دادا تەرەپتىن بولغان تاغىلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرەرسىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ. بىر ئايالنى سېلىشتۇرۇش مەزكۇر تەرتىپ بىلەن بولىدۇ. بىر - بىرىگە سېلىشتۇرىلىدىغان ئاياللار توي قىلغان چاغدا ياش، چىراي، مال - دۇنيا، شەھەر، ۋاقىت، ئەقىل، دىن، قىزلىق، چوكانلىق، ئىپپەتلىك، بىلىملىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق ۋە توغمىغان بولۇشقا ئوخشاش جەھەتلەردە ئوخشاش بولۇشى لازىم.[1] يەنى مەزكۇر سۈپەتلەر تېپىلىدىغان بىر ئايالغا تويلۇق بەرمەكچى بولغان چاغدا توي قىلغان چاغدا مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بىر ئايالغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ. ئەگەر تويلۇق بەرمەكچى بولغان ئايال بالىسى بار چوكان بولسا، توي قىلغان چاغدا بالىسى بار بىر چوكانغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ مەزكۇر سۈپەتلەردە بىر - بىرىگە ئوخشۇشۇپ كېتىشى پەقەت توي قىلغان ۋاقىتىدىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[2]. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايال ئۇرۇق - تۇغقان ئەمما باشقا شەھەردە ياشايدىغان بىر ئايالغا سېلىشتۇرۇلمايدۇ. چۈنكى بىر شەھەرنىڭ تويلۇق سېلىش ئادىتى بىلەن يەنە بىر شەھەرنىڭ تويلۇق سېلىش ئادىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەرنىڭ هال ئەھۋالىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى باشقا ئايالغا سېلىشتۇرۇلماقچى بولغان ئايالنىڭ ئېرىمۇ مال - دۇنيادا، ياشتا، نەسەبتە ۋە قالغان سۈپەتلەردە مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە ئوخشىشىشى لازىم. چۈنكى مەسىلەن: تەقۋادار بىر يىگىت خوتۇننى قېرى پاسىق بىر ئادەمگە قارىغاندا ئەرزەن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئايالغا سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ جەمەتىدىن ھەممە سۈپەتلەردە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر ئايال چىقماي قالسا، ئۇ ئايال ھەممە تەرەپتىن دادىسىنىڭ جەمەتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 2 - توم، 355 - بەت.

(2) يەنى بىر ئايال توي قىلغان ۋاقتىدا ئەقلى - هوشى جايىدا ئايال بولغان توي قىلغاندىن كېيىن ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغان هالىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى بىر ئايالنى ئۇ ئايالغا سېلىشتۇرماقچى بولساق ئۇنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغان هالىتىنى ئەمەس توي قىلغان ۋاقتىدىكى هالىتىنى ئېتىبارغا ئالىمىز. ت.

جەمەتىنىڭ ئاياللىرىغا سېلىشتۇرۇلىدۇ[1]. ئەگەر بۇمۇ تېپىلماي قالسا، ئىش ئەرنىڭ قەسەم بىلەن ئىسپاتلاپ دېگىنىچە بولىدۇ[2].

بىر ئايالغا مەزكۇر سۈپەتلەردە ئوخشىشىپ كەتكەن ئايالغا بېرىلگەن مىقداردىكى تويلۇقنىڭ بېرىلىشى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ يەنە بىر ئايالغا ھەممە سۈپەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا (قازىنىڭ ئالدىدا) ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال گۇۋاھلىقتىن ئۆتىشى شەرتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە گۇۋاھچىلارنىڭمۇ ئادىل ئادەملەر بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئادىل گۇۋاھچىلار تېپىلمىسا، قانچىلىك تويلۇق بېرىش ئەرنىڭ قەسەم بىلەن ئىسپاتلاپ دېگىنىچە بولىدۇ[3]. چۈنكى ئەر ئايال تەلەپ قىلىۋاتقان ئارتۇق تويلۇقنى ئىنكار قىلىپ تۇرىۋاتقان ئادەمدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەسەم قىلىش لازىم بولىدۇ.)

ئەگەر ئەر - خوتۇن ئۆلۈپ قالغان ۋە ئەر ئايالغا تويلۇقنى تەيىن قىلغان بولسا، ئايالنىڭ مىراسخورلىرى ئايالنىڭ تويلۇقنى ئەرنىڭ مال - مۈلكىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالغا تويلۇقنى تەيىن قىلمىغان بولسا، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇ ئايالنىڭ مىراسخورلىرىغا ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە مەيلى تويلۇق تەيىن قىلىنغان ھالەتتە بولسۇن مەيلى تەيىن قىلىنمىغان ھالەتتە بولسۇن ئۇ ئايالنىڭ مىراسخورلىرىغا بىر نەرسە

(1) بىر قاراشتا بىر ئايالغا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ جەمەتىدىن ئوخشايدىغان بىرەرسى چىقمىسا ئانىنىڭ جەمەتىگە قارىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالغا ئانىنىڭ جەمەتىدىن بىرسى ۋە ھەممە تەرەپتىن دادىنىڭ جەمەتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بىر جەمەتتىن بىرسى بولۇپ ئىككى ئايال ھەممە سۈپەتلەردە ئوخشاپ كەتسە، ئۇ ئايال ھەممە تەرەپتىن دادىنىڭ جەمەتىگە ئوخشاپ كەتكەن باشقا جەمەتتىكى ئايالغا سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر باشقا جەمەتتىنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەرسى چىقماي قالسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال ئانىسىنىڭ جەمەتىدىن ھەممە سۈپەتلەردە ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاياللارغا سېلىشتۇرۇلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. ت.

(2) باشقا ئالىملار بۇ ھەقتە: ئەر ئايالغا: مەن ساڭا تويلۇقۇڭ ئۈچۈن مىڭ سوم بەرمەكچى بولغان ئىدىم دېگەن، ئايال ئەرگە: ياق ئۇنداق ئەمەس، سەن ماڭا ئىككى مىڭ سوم بەرمەكچى بولغان ئىدىڭ، دېگەنگە ئوخشاش ئەر - خوتۇن ئىككىسى تويلۇقنىڭ مىقداردا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا گۇۋاھچى بولمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەر سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ قەسەم قىلىدۇ ۋە ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەر ئايال تەلەپ قىلىۋاتقان ئارتۇق تويلۇقنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. بىر نەرسىگە ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ قەسەم ئىچىشى لازىم، دەيدۇ. توغرىسى بۇ ئالىملارنىڭ دېگەن سۆزلىرى بولىشى مۇمكىن. چۈنكى دادىسىنىڭ جەمەتىدىن ياكى باشقا جەمەتتىن ئۇ ئايالغا ئوخشايدىغان بىر ئايال يوق ۋاقتىدا تويلۇقنىڭ قانچىلىك بېرىش ئىشى ئەرنىڭ قەسەم قىلىپ دېگىنىچە بولۇشى ئۈچۈن ئەر ئىلگىرى بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېگەن بولىشى لازىم. ئەمەلىيەتتە ئەر بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېمىگەندۇر. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(3) بىز بىر ئاز بۇرۇن ئىزاھاتتا قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەرنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ت.

بېرىش لازىمدۇر.

تويلۇقنى تەيىن قىلغان ۋاقىتدا ئۇنى بېرىشنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، تەيىن قىلىنغان تويلۇقنى بېرىش ئەرنىڭ ئۇستۇدىكى بىر قەرزدۇر. ئەرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇ قەرزنى بېرىش تېخىمۇ لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلگەن ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىدىن تەيىن قىلىنغان تويلۇق ئۇچۇن ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا بىر نەرسە بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋالدا ئايال ئەردىن بۇرۇن ئۆلگەن بولسا، ئەرگە ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيادىن تېگىدىغان مىراستىكى نېسىۋىنىڭ ئىچىگە تويلۇق ئۇچۇن تەيىن قىلىنغان مەزكۇر نەرسە كىرمەيدۇ[1].

ئەمما تويلۇق تەيىن قىلىنمىغان ۋاقىتدا ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا بىر نەرسە بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، تويلۇق تەيىن قىلىنغان ۋاقىتدا ئۇنى بېرىش خۇددى ئەرنىڭ ئۇستۇدىكى بىر قەرز بولغىنىدەك (تويلۇق تەيىن قىلىنمىغان ۋاقىتدىمۇ) ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىش قەرزدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن تويلۇقنى بېرىش قەرزى خۇددى ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتدىمۇ چۈشۈپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش ھەر ئىككىسى ئۆلگەن ۋاقىتدىمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى ئۆلگەن ۋە تويلۇق تەيىن قىلىنمىغان چاغدا ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ، دېگەن سۆزىگە دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈپ: ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئايالنىڭ تەڭتۇشى ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن (ئەگەر بىز ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا ئايالنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا بىر نەرسە بېرىلىدۇ، دېسەك) قازى ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا بىر نەرسە بېرىش ئۇچۇن ئايالنى كىمگە سېلىشتۇرىدۇ؟ دەيدۇ.[2]

---

(1) يەنى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگىمۇ ئايالىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن مىراس تېگىدۇ. بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن توي قىلغان ۋاقتىدا تويلۇق ئۇچۇن ئۇنىڭغا 10 مىڭ سوم پۇل بېرىشنى دېگەن ۋە ئۇ ئايال مەزكۇر پۇلنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۆلگەن بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش ئۇ پۇلنى ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياغا قېتىپ ھېسابلاپ ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا بېرىلىدۇ. ئايالنىڭ ئېرىمۇ ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەرگە ئۇ 10 مىڭ سومدىن مىراس ئايرىپ بېرىلمەيدۇ. ئۇ پۇل ئايالنىڭ ئەردىن باشقا مىراسخۇرلىرىغا تارقىتىلىپ بېرىلىدۇ. ت.

(2) «ئەلھىدايە»، 1 ـ توم، 213 ـ بەت.

# نىكاھ قىلغان ۋاقىتتا ئايالنىڭ ئەرگە قويىدىغان شەرتلىرىنىڭ ھۆكمى

نىكاھ قىلغان ۋاقىتتا ئايالنىڭ ئەرگە قويىدىغان شەرتلىرىنىڭ ھۆكمى بىر خىل بولمايدۇ. ئۇ شەرتلەرنىڭ ئىچىدە بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەرنىڭ ئورۇنلىشى لازىم بولغان شەرتلەرمۇ بار. ۋاپا قىلىش لازىم بولغان ئۇ شەرتلەر بولسا، ئايالنى چىرايلىقچە ساقلاشقا ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىشكە، خىراجىتىنى بېرىشكە ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئوخشاش الله تائالا قىلىشقا بۇيرۇغان شەرتلەردۇر. ئەگەر بىر ئايال نىكاھ قىلغان ۋاقىتتا ئېرىگە مەزكۇر شەرتلەرنى قويغان بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەرنىڭ ئايالنىڭ قويغان ئۇ شەرتلىرىنى ئورۇنلىشى لازىم. ئۇ شەرتلەرنىڭ ئىچىدە بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەرنىڭ ئورۇنلىشى لازىم ئەمەس شەرتلەرمۇ بار. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئەرنىڭ قولىدىكى ئايالنى قويۇۋېتىشنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش. (بىر ئايال نىكاھ قىلغان ۋاقىتتا ئېرىنىڭ قولىدىكى بۇرۇنقى ئايالىنى قويۇۋېتىشنى شەرت قىلغان ۋە ئەر ئۇنىڭغا ماقۇل دېگەن بولسا، بۇ ئەھۋالدا بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەرنىڭ ئۇ شەرتنى ئورۇنلىشى لازىم ئەمەس). چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنىڭ ئەردىن قېرىندىشىنىڭ تالىقىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشىدىن توسقان. الله تائالا خالىسا ئۇ ھەدىسنى بىر ئازدىن كېيىن بايان قىلىمىز. ئۇ شەرتلەرنىڭ ئىچىدە بەزى ئالىملار: ئورۇنلاش لازىم، بەزىلىرى بولسا: ئورۇنلاش لازىم ئەمەس، دەيدىغان شەرتلەرمۇ بار. مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆزىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالماسلىقنى ياكى ئۆزىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن باشقا ئۆيگە يۆتكىمەسلىكنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش. (بىر ئايال ئېرىگە مەزكۇر شەرتلەرگە ئوخشاش بىرەر شەرت قويغان بولسا، بۇ ھالەتتە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە: ئەرنىڭ ئۇ شەرتنى ئورۇنلىشى لازىم، بەزىلىرىنىڭ قارىشى بويىچە: ئەرنىڭ ئۇ شەرتنى ئورۇنلىشى لازىم ئەمەس.)

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): كىتابىنىڭ نىكاھقا ئالاقىدار قىسمىدا <شەرتلەرنىڭ بابى> دەپ بىر باب ئېچىپ ئۇ

باتا ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئايال قېرىندىشىنىڭ قاچىسىدىكى ئېشىنى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى ھالال ئەمەس. چۈنكى (بىر ئەردىن قېرىندىشىنى تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان) ئايالغا تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكىنى بولىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھالال ئەمەس» دېگەن سۆزى شۇنداق قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىدا ئۇنىڭ بىلەن بەخت ـ سائادەتلىك ياشىشىغا تەسىر يەتكۈزۈدىغان بىر شۇبھىلىك ئىش كۆرمىسە، ئۇ ئادەمنىڭ (بىر ئايال ئۇنىڭدىن ئايالىنىڭ تالاقىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى بىلەن) ئايالىنىڭ تالاقىنى بېرىۋېتىشى ھارامدۇر.

ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسى بىر ئايال قېرىندىشى ھېسابلىنىدىغان يەنە بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن كۆرىدىغان پۈتۈن ئىشلىرىغا ئۆزى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن ئۇ ئايالنىڭ تالاقىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشتىن توسۇشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنانى ئۆزىنىڭ: «ئايال قېرىندىشىنىڭ قاچىسىدىكى ئېشىنى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن» دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلىدى، ھەدىستىكى «ئايال قېرىندىشىنىڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئىچىگە مەيلى بىر تۇغقان قېرىندىشى بولسۇن ياكى ئىسلامدىكى قېرىندىشى بولسۇن ياكى دىنىي قېرىندىشى بولسۇن ھەممە ئاياللار كىرىدۇ» دېدى.

ئىبنى ئابدۇل بەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئايال قېرىندىشىنىڭ> دېگەن سۆزىدىن ئايالنىڭ كۈندىشى مەقسەت قىلىنىدۇ، شۇڭا بىر ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆزى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئېرىدىن ئۆزىنىڭ كۈندىشىنىڭ تالاقىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ» دېدى[1].

ئەگەر نىكاھ قىلىنغان ۋاقىتتا نىكاھنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدىغان شەرتلەر قويۇلسا، ئۇ شەرتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەمەل

(1) يەنى ئىككى خوتۇنى بار ئادەمنىڭ بىر خوتۇنى ئېرىدىن ئۇنىڭ يەنە بىر خوتۇنىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلمىسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ت.

قىلىنمايدۇ. لېكىن نىكاھ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەتائۇل خۇراسانىي (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئىبنى ئابباس (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردىن توي قىلغان، ئايالى ئۇ ئادەمگە ئايرىلىپ كېتىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە تويلۇقنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بىر ئادەمنىڭ ھەققىدە سوئال سورالغان ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بىلەن ئىبنى ئابباس (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئادەمگە: سەن سۈننەتنى بىلمەي قېلىپسەن، سەن ئىشنى ئۇنىڭ ئەھلى ئەمەس بىرىگە تاپشۇرۇپسەن، (ئايالىڭغا) تويلۇقنى بەرگىن، لېكىن ئايرىلىپ كېتىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىنىڭ ھوقۇقى سېنىڭ قولۇڭدا بولىدۇ، دېگەن». بۇ ئەسەرنى زىيائۇل مەقدەسىي <مۇختارەت> دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلدى. بۇ ئىمام سۇيۇتى (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەردۇر.

مەزكۇر ئەسەردە بايان قىلىنغان شەرتلەر نىكاھنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدىغان ۋە ئىشنى ئۇلۇق تەتۈر قىلىدىغان توغرا بولمىغان شەرتلەردۇر. لېكىن نىكاھ توغرىدۇر. مەزكۇر شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مانا بۇ نىكاھتا ئۇنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدىغان توغرا بولمىغان شەرت قويۇلغان تەقدىردىمۇ ئۇ شەرتلەرنىڭ نىكاھغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.(1)

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: نىكاھنى مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ (نىكاھ قىلغان ۋاقىتىدا) ئايالغا: <ئەگەر دادام قوشۇلسا مەن سىزنى خوتۇنلۇققا ئالدىم> دېگىنىگە ئوخشاش بىرەر شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە نىكاھنى مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ (نىكاھ قىلغان ۋاقىتىدا) ئايالغا: <مەن سىزنى ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە خوتۇنلۇققا ئالىمەن> دېگىنىگە ئوخشاش كەلگۈسى بىر زامانغا باغلاشمۇ توغرا بولمايدۇ.

نىكاھغا قويۇلغان توغرا ئەمەس شەرتلەر نىكاھنىڭ توغرا بولۇشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ شەرتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. يەنى نىكاھ توغرا بولىدۇ، شەرتلەرگە ئەمەل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 - توم، 64 - بەت.

بىر ئايالنى ئۆزىنىڭغا تويلۇق بەرمەسلىك شەرتى بىلەن نىكاھىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالەتتە نىكاھ توغرا بولىدۇ. ئەمما شەرت ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايال ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

ئەمما ئىمام بۇخارى ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەرتلەرنىڭ ئىچىدە ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان شەرت ئاياللارنى ھالال قىلىپ ئالغان شەرتلەردۇر» [2] دېگەن سۆزىگە كەلسەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ھەققىدە ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۆپ ساندىكى ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن نىكاھنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدىغان شەرتلەرگە ئەمەس ئەكسىچە نىكاھنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەرتلەرگە ۋاپا قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئەرنىڭ توي قىلغان ۋاقىتدا ئايالغا ئۇنى چىرايلىقچە ساقلاشنى ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىشنى، ئىمكانىيىتىگە قارىتا خىراجەت، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي تۇتۇپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ھەققىلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ كەم قىلماسلىقنى ۋە ئۇنىڭغىمۇ كېچىنى خۇددى باشقا ئاياللىرىغا ئوخشاش بۆلۈشنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش. (بىر ئادەم بىر ئايالنى ئۆزىنىڭغا مەزكۇر ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ شەرتلەرگە ۋاپا قىلىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر ئىشلارنى ئايال ئەرگە شەرت قىلغان بولسىمۇ ئەرنىڭ شۇ ئىشلارنى ئايالغا قىلىپ بېرىشى لازىم.)»

ئەمما نىكاھتا ئايالنىڭ ئەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالماسلىقنى ۋە ئۆزىنى سەپەرگە ئېلىپ چىقماسلىقنى شەرت قىلغىنىغا ياكى ئەرنىڭ ئايالغا ئۇنىڭغا كېچىنى خۇددى باشقا ئاياللىرىغا بۆلگىنىگە ئوخشاش بۆلمەسلىكنى ياكى تويلۇق بەرمەسلىكنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش نىكاھنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدىغان شەرتلەر قويۇلغان بولسا، ئەرنىڭ بۇ شەرتلەرگە ۋاپا قىلىشى

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 295 ـ بەت.

(2) يەنى توي قىلغان ۋاقىتدا ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرگە قويغان ۋە سىلەرمۇ قوبۇل قىلغان شەرتلەرگە ۋاپا قىلىڭلار.

لازىم ئەمەس. ئەكسىچە بۇ شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. نىكاھ بولسا توغرا بولىدۇ ۋە ئايالغا ئۇنىڭ تەخىتۇشىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىش لازىم.[1]

## ئايالنىڭ تاكى تويلۇقنى قولىغا ئېلىپ بولغىچە ئۆزىنى ئەرگە تاپشۇرماسلىقنىڭ بايانى

ئايالنىڭ تاكى ئەر ئۇنىڭغا بېرىشكە تەيىن قىلىغان تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قولىغا ئالغانغا قەدەر ئەرنى ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن، ياكى سۆيۈشتىن ياكى قۇچاقلىشىدىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەش ھەققى بار. ئەگەر ئەر ئايالغا تەيىن قىلغان تويلۇقتىن بىر سومغا قەدەر تويلۇقنى كەم بەرگەن بولسا، ئايالنىڭ ئەرنى ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توسۇش ھەققى بار. ئەرنىڭ بەرگەن تويلۇقنى ئايالدىن قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. تويلۇق ئايالغا ئايالنى ئۆيگە يۆتكەپ ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بېرىلىپ بولۇشى لازىم. بۇ، ئەگەر ئەر - ئايال تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئەر ئايال بىلەن تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشكەن بولسا، ئىش پۈتۈشكەن بويىچە بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر ئايالغا ئۇنىڭ تويلۇقنى بېرىش ئۈچۈن مەن سىزگە تويلۇقنى مەن باي بولغان ۋاقتىدا ياكى شامال چىققان چاغدا، ياكى يامغۇر ياغقان چاغدا بېرەي، دېگىنىگە ئوخشاش قاچان كېلىشى نامەلۇم بولغان بىر ۋاقىتنى بېكىتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇ ئايالغا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا تويلۇقنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايالغا: مەن سىزگە تويلۇقنى سىز بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن چاغدا، ياكى مەن ئۆلگەن ۋاقتىدا بېرەي، دېگەن بولسا، بۇ ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئېيتقاندا توغرىدۇر. ئەگەر شۇنداق دېگەن ئادەم ئايالنى يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىۋاتقان بولسا، تويلۇقنى تاكى ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغانغا قەدەر بېرىپ

---

(1) <ئومدەتۇل قارى>، 13 - توم، 299 - بەت.

بولۇشى لازىم.[1]

گەرچە توي قىلغان ۋاقىتتا تويلۇقنى كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈش توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان چاغدا ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ تويلۇق بېرىش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد ساھابىلەرنىڭ بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەلى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە بىلەن توي قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى ھەتتا پاتىمەگە (تويلۇققا ھېسابلاپ) ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە بەرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توستى. بۇ چاغدا ئەلى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەندە ئۇنىڭغا بەرگىدەك بىر نەرسە بولمىسا، دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭغا ساۋۇتىڭنى بەرگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پاتىمەگە ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى.»[2]

## ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ تويلۇققا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ ھۆكمى

مەيلى قىز ـ ئوغۇل تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك ياشتا بولسۇن مەيلى بالاغەتكە يەتكەن بولسۇن قىزغا ئىگە بولىدىغان ئادەمنىڭ[3] ياكى ئوغۇلغا ئىگە بولىدىغان ئادەمنىڭ (ئوغۇل قىزغا بەرمەكچى بولغان) تويلۇقنى كاپالەتكە ئېلىشى توغرىدۇر. ئەگەر توي قىلغانلار بالاغەتكە يەتكەن بولسا، مەيلى قىزگە ئىگە بولغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئوغۇلغا ئىگە بولغان ئادەم بولسۇن تويلۇققا كاپالەتلىك قىلغۇچى خۇددى يات بىر ئادەمگە كاپالەتلىك قىلغۇچىغا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئادەم ئوغۇلنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 359 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 87 ـ بەت.

(3) مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن ئۇلارغا ئىگە بولىدىغان ئادەم ئۇلارنىڭ دادىسىنى، چوڭ دادىسىنى، ئوغۇل بىر تۇغقانلىرىنى ۋە تاغىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ت.

بۇيرۇقى بىلەن كاپالەتلىك قىلغان ۋە (تويلۇقنى قىزغا بەرگەن) بولسا، بۇ ھالەتتە بەرگەن تويلۇقنىڭ پۇلىنى ئوغۇلدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر ئىشلارنى ئوغۇلنىڭ بۇيرۇقىسىز قىلغان بولسا، تويلۇقنىڭ پۇلىنى ئوغۇلدىن ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە (قىزغا بەرگەن تويلۇقنىڭ پۇلىنى) ئوغۇلغا سوغا قىلىۋەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما (قىزغا بەرگەن تويلۇققا) كاپالەتلىك قىلغان، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئىگىسى تويلۇق ھەققىدە خۇددى بىر ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر (كېپىل بولغان ئۇ ئادەم تويلۇقنى قىزغا بېرىشتىن ئىلگىرى) ئۇ كىچىك بالا ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تويلۇقىنى ئۇ كىچىك بالا قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيادىن بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن ئۇنىڭ قالغان مىراسخورلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئېلىشىدۇ.

كىچىك بالىنىڭ ئىگىسى تويلۇققا كېپىل بولغان چاغدا كېسەلجان بولماسلىقى شەرتتۇر. مەيلى قىزغا ئىگە بولغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئوغۇلغا ئىگە بولغان ئادەم بولسۇن تويلۇققا كېپىل بولغان ئادەم، تويلۇققا كېپىل بولغان چاغدا كېسەل بولغان ۋە كېسىلىدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئەگەر ئۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرى بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ تويلۇققا كاپالەتلىك قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئەگەر شۇنداق شارائىت ئاستىدا تويلۇققا كاپالەتلىك قىلسا، ئۆلۈپ كېتىش كېسىلىدە مىراسخورىغا ھەدىيە بەرگەن ھېسابلىنىدۇ[1]. ئەگەر ئۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسى بولمىسا، مەسىلەن: توي قىلغان ئوغۇل ئادەمنىڭ تېخى ئۆلۈپ كەتمىگەن ئوغلىنىڭ بالىسىغا[2] ياكى قىز تاغىسىنىڭ قىزىغا[3] ئوخشاش ئادەملەر بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەمنىڭ (گەرچە ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىش كېسىلىدە بولسىمۇ) پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنىڭ ئۈچتەن بىرقىسمىغا باراۋەر كەلگىدەك مىقداردا تويلۇققا كاپالەتلىك قىلىشى توغرا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ كاپالەتلىك قىلغان تويلۇقنىڭ پۇلى ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىغا باراۋەر كۆلگىدەك مىقداردا بولسا، ئۇنىڭ كېپىللىكى توغرا بولىدۇ. ئەگەر

(1) بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا مىراسخورلىرىنىڭ بىرىگە ھەدىيە بېرىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كاپالەتلىك قىلىشى توغرا ئەمەس. ت.

(2) بىر ئادەمگە، ئۇنىڭ تېخى ئۆلۈپ كەتمىگەن بالىسىنىڭ بالىسى مىراسخور بولالمايدۇ. ت.

(3) بىر ئادەمگە، ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى مىراسخور بولالمايدۇ.

تويلۇقنىڭ پۈلى ئۇنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسىنىڭ ئۈچتەن بىرقىسمىدىن ئارتۇق بولسا، پەقەت ئۈچتەن بىر قىسمىغا باراۋەر كەلگىدەك مىقداردىكى كاپالەتلا توغرا بولىدۇ. (ئۇنىڭدىن ئارتۇقى توغرا ئەمەس.) چۈنكى كاپالەتلىك خۇددى بىر ھەدىيەگە ئوخشاشتۇر[1]. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر كېسەل بولغان ئادەم ئوغۇلغا ئىگە بولغان ئادەم بولسا، كاپالەتنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن ئەگەر ئەرگە تەككەن قىز بالاغەتكە يەتكەن قىز بولسا، قىزنىڭ ئۆزى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە (ئۇ ئادەمنىڭ كاپالەتلىكنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى) قوبۇل قىلىشى، ئەگەر قىز تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن قىز بولسا، قىزنىڭ ئىگىسىنىڭ (ئۇ ئادەمنىڭ كاپالەتلىكنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى) قوبۇل قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما كاپالەتلىكنى ئۈستىگە ئالغان كىشى قىزغا ئىگە بولغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ (بۇ قىزنىڭ تويلۇقىغا مەن كېپىل بولايمۇ) دىگەنلىكى كېپىللىكنى قوبۇل قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

قىزنىڭ ئېرى بالاغەتكە يەتكەن بولسا، قىز تويلۇقنى خالىسا ئېرىدىن تەلەپ قىلىدۇ، خالىسا كېپىل بولغان ئادەمدىن تەلەپ قىلىدۇ. ئەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تويلۇققا كېپىل بولغان ئادەم، ئەگەر قىزغا تويلۇقنى بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى ئەردىن ئالىدۇ.

مانا بۇ ھۆكۈم، ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئىگىسى يەنى ئۇ بالىنىڭ دادىسى (ئۇ بالىنىڭ ئايالىنىڭ تويلۇقىغا) كاپالەتلىك قىلغان ۋە ئۇنىڭ نامىدىن قىزغا تويلۇقنى بەرگەن بولسا، تويلۇققا كەتكەن چىقىمنى ئۇ بالىدىن ئالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى كىچىك بالىلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن كەتكەن تويلۇق ۋە باشقا چىقىملار ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. لېكىن (مەيلى دادا بولسۇن مەيلى باشقا بىر ئادەم بولسۇن) كىچىك بالىغا ئىگە بولغان ئادەم كېپىل بولىدىغان چاغدا: مەن كېپىل بولىمەن، ئەگەر تويلۇقنى مەن بەرسەم ئۇنىڭ پۇلىنى سەندىن ئالىمەن، دىگەن ۋە (قىزغا) تويلۇقنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئادەم تويلۇقنىڭ پۇلىنى بالىدىن ئالىدۇ.

(1) بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسىنىڭ ئومۇمىيدىن ئۈچتەن بىر قىسمىدىن ئارتۇقنى ھەدىيە قىلىشى توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلىشمۇ بىر ھېساپتا ھەدىيە قىلىش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ تويلۇقنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسىنىڭ ئومۇمىيسىنىڭ ئۈچتەن بىرقىسمىدىن ئېشىپ كېتىدىغان قىسمىغا كاپالەتلىك قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ت.

ئەگەر بىر دادا بالاغەتكە يەتمىگەن پېقىر بالىسىنى ئۆيلەپ قويغان بولسا، ئۇ دادىنىڭ ئۇ بالىنىڭ خوتۇنىغا بېرىدىغان تويلۇققا مەسئۇل بولۇشى لازىم ئەمەس. يەنى بالىنىڭ ئايالى تويلۇقنى بالىنىڭ دادىسىدىن تەلەپ قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر تويلۇققا كېپىل بولۇپ ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا، بۇ ھالەتتە بالىنىڭ ئايالى تويلۇقنى بالىنىڭ دادىسىدىن تەلەپ قىلالايدۇ. نەپىقىنىڭ ھۆكمىمۇ تويلۇقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئەگەر دادا (بالاغەتكە يەتمىگەن بالىسىنىڭ ئايالىنىڭ) نەپىقىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا، بالىنىڭ ئايالى نەپىقىسىنى بالىنىڭ دادىسىدىن تەلەپ قىلىدۇ. بەزى ئالىملار نەپىقە ھەققىدە: «پېقىر ياكى ئاجىز ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ دادىسى ئۇ بالىنىڭ ئايالىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىشنى (ئۆز ئۈستىگە ئالمىسىمۇ) ئۇنىڭغا ئۇنى بېرىش لازىم» دەيدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ دېگەن بۇ سۆزى دادا بالىسىنىڭ ئايالىغا خەجلەپ بەرگەن پۇلنى بالىسى باي بولغان ۋاقتىدا بالىسىدىن ئېلىۋېلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ، دېگەن مەناغا قارىتىلىدۇ.[1]

بىر ئادەم ئوغلىنىڭ ئايالىنىڭ تويلۇقىنى، تويلوققا كېپىل بولمىغان بولسىمۇ ئوغلىنىڭ نامىدىن بېرىپ قويغان بولسا، تويلۇقنى ئوغلىنىڭ نامىدىن بېرىپ قويغانلىقىغا گۇۋاھچى تاپالىسا ئۇنىڭ پۇلنى ئوغلىدىن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر دادا كىچىك بالىسىغا كىيىم ياكى تاماق ئالغان ۋە ئۇنىڭ پۇلنى بالىسىدىن ئالىدىغان بولغانلىقىغا گۇۋاھچى تاپالىغان بولسا، ئەگەر ئۇ، پۇلى بار بالا بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى بالىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ پۇلى بولمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى بالىدىن ئالمايدۇ. چۈنكى كىچىك بالىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش دادىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەندۇر.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر دادا بالىغا ئۆي ياكى قۇل ئېلىپ بەرگەن ۋە (شۇنداق قىلىپ بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى تۇرغۇزغان) بولسا، مەيلى بالىنىڭ پۇلى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئېلىپ بەرگەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى بالىدىن ئالىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىپ بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى تۇرغۇزۇلمىغان بولسا، ئېلىپ بەرگەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى بالىدىن ئالمايدۇ. تاماق ۋە كىيىم ـ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 357 ـ بەت.

كىچەك بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا ئۆي ۋە قۇلنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، دادا تاماق ۋە كىيىم ـ كىچەكتىن باشقا نەرسىلەردە، مەسىلەن ئويگە ۋە قۇلغا ئوخشاش نەرسىلەردە بالاغەتكە يەتمىگەن بالا مەيلى پېقىر بولسۇن ياكى باي بولسۇن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى تۇرغۇزسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى بالىدىن ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر كىچىك بالا باي بولسا، ئېلىپ بەرگەن تاماق ۋە كىيىم ـ كىچەكنىڭ پۇلىنىمۇ بالىدىن ئالىدۇ. ئەمما بالا پېقىر بولسا، ئۇنىڭغا تاماق ۋە كىيىم ـ كىچەك ئېلىپ بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى تۇرغۇزغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ پۇلىنى بالىدىن ئالمايدۇ. چۈنكى بالىغا تاماق بېرىش ۋە كىيىم ـ كىچەك ئېلىپ بېرىش دادىنىڭ ئۈستۈدىكى بىر مەجبۇرىيەتتۇر. ئەمما بالىغا ئۆي ياكى قۇل ئېلىپ بېرىش دادىنىڭ ئۈستۈدىكى مەجبۇرىيەت ئەمەستۇر.

بۇ، كېيىلىسز تويلۇقنىڭ ھۆكمىنىڭ خۇددى ئۆي ۋە قۇلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىر بالىنىڭ ئايالىنىڭ تويلۇقىنى بېرىش ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مەجبۇرىتىي ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا پېقىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر دادا بالىنىڭ ئايالىنىڭ تويلۇقىنى بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى تۇرغۇزالىسا، دادا تويلۇقنىڭ پۇلىنى بالىسىدىن ئالىدۇ. ئەگەر گۇۋاھچى تۇرغۇزالمىسا، تويلۇقنىڭ پۇلىنى بالىسىدىن ئالمايدۇ.

بۇ ھەقتە بىر بالىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەممۇ دادىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر بىر بالىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەم بالىنىڭ چىقىملىرىنى پۇلنى بالىدىن ئېلىۋېلىش نىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ پۇلىدىن چىقىم قىلىپ قويغان بولسا، پۇلنى بالىدىن ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇش شەرتمۇ ياكى گۇۋاھچى تۇرغۇزمىسىمۇ بولامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى بۇ ئادەممۇ (خۇددى بىر بالىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش) ئۇنىڭ چىقىملىرىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىلىپ بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشى كېرەكتۇر. ئۇنداق ئىكەن بىر بالىغا قىلىپ بەرگەن چىقىملارنىڭ پۇلىنى بالىدىن ئېلىشتا ئۇ بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمىغان بولىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 358 ـ بەت

# تويلۇق ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قېلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار بىرى: <تويلۇقنى تەيىن قىلغان>، يەنە بىرى: <تەيىن قىلمىغان> دەپ تويلۇق ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، <تەيىن قىلدۇق> دېگىنى (ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە) پاكىت كۆرسىتىشكە ئاجىز كەلگەندىن كېيىن <تەيىن قىلمىدۇق> دېگىنى (سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى پاكىتلاش ئۈچۈن) قەسەم ئىچىدۇ. ئەگەر قەسەم ئىچىشتىن باش تارتسا، تويلۇقنىڭ تەيىن قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تەرەپ قەسەم ئىچسە، (تويلۇقنى تەيىن قىلمىغانلىق ئىسپاتلانغان بولىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر تويلۇقنى تەيىن قىلغانلىقىنى داۋا قىلغان تەرەپ ئايال كىشى بولسا، ئايالغا تويلۇق داۋا قىلغان مىقداردىن ئارتۇق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر تويلۇقنى تەيىن قىلغانلىقىنى داۋا قىلغان تەرەپ ئەر كىشى بولسا، ئايالغا تويلۇق ئەر داۋا قىلغان مىقداردىن كەم بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار تويلۇقنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپلىشىپ قالسا، مەيلى ئەر تەرەپ بولسۇن مەيلى ئايال تەرەپ بولسۇن تويلۇقنىڭ ئايالنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن تويلۇققا باراۋەر كېلىدىغان مىقداردا ئېلىنماقچى بولغانلىقىنى، دېگەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قەسەم قىلىدۇ[1]. ئەگەر تويلۇقنىڭ مىقدارى مۇنچىلىك ئىدى، دېگەن سۆزنى قىلغان تەرەپ ئايال بولغان ۋە ئۇنىڭ دېگەن مىقدارى ئۆزىنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارى بىلەن باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق جىق بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر تويلۇقنىڭ مىقدارى مۇنچىلىك ئىدى، دېگەن سۆزنى قىلغان تەرەپ ئەر بولغان ۋە ئۇنىڭ دېگەن مىقدارى ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارى بىلەن باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئاز بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارى، ئەر دېگەن مىقداردىن

(1) يەنى مەسىلەن: ئەر ـ خوتۇنلار بىرى: تويلۇقنىڭ مىقدارى 1000 سوم ئىدى، يەنە بىرى: 2000 سوم ئىدى، دەپ تويلۇقنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، ئەگەر ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارى 1000 سوم ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق جىق ياكى ئازراق ئاز بولسا، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن تويلۇقنىڭ مىقدارى 1000 سوم ئىدى، دېگەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قەسەم قىلىدۇ. ت.

كۆپ جىق ۋە ئايال دېگەن مىقداردىن كۆپ ئاز بولغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) پاكىتى بولمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ھەر ئىككىسى قەسەم ئىچىدۇ ۋە ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقى بېرىلىدۇ.

ئەگەر (ئايالغا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر ئايالنىڭ يوقلىقى سەۋەبى بىلەن) ئايالنىڭ تەڭتۇشى تېپىلمىغان ھالدا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئەرنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەر ئارتۇقىغا ئىنكار قىلىپ تۇرىۋاتقان ئادەمدۇر.

قايسى تەرەپ ئۆزىنىڭ گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرەلىسە، مەيلى ئۇنىڭ دېگەن مىقدارى ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىغا باراۋەر كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرەلىسە، قايسى تەرەپ بولسۇن ئايالغا بەرمەكچى بولغان تويلۇق ئۇچۇن ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىغا زىت كېلىدىغان بىر مىقدارنى، دېگەن تەرەپنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1]. چۈنكى پاكىت ئەسلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەتنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن كەلتۈرۈلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەت بولسا، تويلۇق ئۇچۇن ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىغا باراۋەر كېلىدىغان بىر مىقدارنى دېگەن تەرەپنىڭ سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىدۇر. بۇ، ئەگەر ئىختىلاپلىشىپ قېلىش ئەر - خوتۇن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ھالەتتە تۇرغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ ئېخى ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالماي تۇرۇپ ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالغا بېرىش كېرەك بولغان) بەلگىلىك مىقداردىكى پۇل - مال مىقدارى ھەققىدە ئايال بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن ئايالنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن بەلگىلىك

(1) يەنى مەسىلەن: ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارى **2000** سوم بولسا، ئايال ئۆزىنىڭ تويلۇقىنىڭ **2000** سوم بولغانلىقىنى، دېگەن ۋە سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرگەن، ئەمما ئەر: مەن ئايالغا **1000** سوم تويلۇق بەرمەكچى بولغان ئىدىم، دەپ دېگەن سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرگەن بولسا، بۇ ھالەتتە بەرمەكچى بەرگەن تويلۇق ئۇچۇن ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىغا زىت كېلىدىغان بىر مىقدارنى، دېگەن تەرەپ بولغان ئەرنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ت.

مىقدارىدىكى پۇل - مالغا باراۋەر كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق جىق ياكى ئازراق ئاز مىقدارنى، دېگەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1]. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بەك چوڭ بولغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپ دېگەن سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئۇچۇن پاكىت كەلتۈرگەن بولسا، بۇ ھالدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتلىرى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ ۋە ھەر ئىككىسى قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالغا بېرىلىدىغان بەلگىلىك مىقدارىدىكى پۇل - مالدىن اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلىنغان پۇل - مال مەقسەت قىلىنىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا) ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆزھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر»[2]

اللە تائالانىڭ: «ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال) بېرىشىڭلار كېرەك» ئايىتىدىن بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتكەن شارائىت ئاستىدا ئۇ ئايالغا يەتكەن مەنىۋىي زەرەر ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل ئاساسىدا ئۇنىڭغا بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال بېرىشىڭلار لازىم، دېگەن مەنا مەقسەت

(1) توي قىلىپ تېخى ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالماي تۇرۇپ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئايال، ئەگەر توي قىلغان چاغدا تويلۇقنى تەيىن قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا تەيىن قىلىنغان تويلۇقنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ توي قىلغان چاغدا تويلۇقنى تەيىن قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بەلگىلىك مىقداردا پۇل - مال بېرىش لازىم كېلىدۇ. تويلۇقنى تەيىن قىلماستىن تۇرۇپ توي قىلىپ تېخى ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قېلىشتىن ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئايال ئېرى بىلەن ئۆزىگە بېرىلىدىغان بەلگىلىك مىقدارىدىكى پۇل - مال ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، مەسىلەن: ئايال ئېرىگە: بەلگىلىك مىقدارىدىكى پۇل - مال ئۇچۇن سەن ماڭا 700 سوم بېرىسەن، دېگەن، ئەر ئۇنىڭغا: مەن ساڭا 400 سوم بېرىمەن، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن بەلگىلىك مىقدارىدىكى پۇل - مال 600 ياكى 650 سوم بولسا، ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن بەلگىلىك مىقدارىدىكى پۇل - مال 400 ياكى 350 سوم بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ت.

(2) سۈرە بەقەر 236 - ئايەت.

قىلىنىدۇ. چۈنكى ئايال كىشى توي قىلىپ بولۇپ ئايرىلىپ كەتسە، كۆڭلى سۇنۇپ ۋە ئۈمىدسىز ھالەتكە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ھۆكۈمدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. چۈنكى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئايالنىڭ تەكتۈشىنىڭ تويلۇقنى ئېلىش چۈشۈپ كەتمەيدۇ. (يەنى بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئايالنىڭ تەكتۈشى تۆگەپ كەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ئايالنىڭ تەكتۈشى تۆگەپ كەتكەنلىك ھېساپلىنىدۇ).

ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ ئىككى تەرەپنىڭ مىراسخۇرلىرى ئىختىلاپلىشىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ تويلۇقنىڭ مىقدارى ھەققىدە بولسا، ئەرنىڭ مىراسخۇرلىرىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تويلۇقنىڭ مىقدارىنى قانچىلىك دېگەن بولسا، ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا شۇنچىلىك بېرىش لازىمدۇر. بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقىنى ئۇنىڭ تەكتۈشىگە بېرىلگەن تويلۇققا سېلىشتۇرۇپ بېكىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنى ئۇنىڭ تەكتۈشىگە سېلىشتۇرۇلمايدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئايالنىڭ تويلۇقىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەكتۈشىنىڭ تويلۇقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مىراسخۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ تويلۇقنىڭ (مىقدارى ھەققىدە ئەمەس) تويلۇقنىڭ تەيىن قىلىنغان ياكى تەيىن قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە بولسا، ئەگەر ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرى تويلۇقنىڭ تەيىن قىلىنغانلىقىغا پاكىت كەلتۈرەلمىسە ئۇنىڭ تەيىن قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلغان تەرەپ بولغان ئەرنىڭ مىراسخۇرلىرىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. (بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بولىشى مۇمكىن). ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھالەتتە يەنە ئايالنىڭ مىراسخۇرلىرىغا خۇددى ئەر ـ خوتۇن ھايات ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ئايالنىڭ تەكتۈشىگە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ» دەيدۇ. پەتۋا

**بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. لېكىن ئىمام شافىئىي: «(توي قىلغان ۋاقتىدا تويلۇقنىڭ تەيىن قىلىنمىغانلىقىغا) قەسەم ئىچىشكەندىن كېيىن ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدا تويلۇق بېرىلىدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام مالىك: «قەسەم ئىچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دېدى.[1]**

**بىر ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدىكى تويلۇقنىڭ ھەممىسى بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنىشى، ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنى ئەرگە تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەر بىلەن تويلۇق ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنى ئېرىگە تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئېرى ئارىسىدا تويلۇق ھەققىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان بولسا، مەيلى ئايال ھايات بولسۇن مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن مىقداردىكى تويلۇقنىڭ ھەممىسى بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئايال ئۆزىنى ئېرىگە تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئادەتتە (ئېرىدىن تويلۇققا ھېسابلاپ) ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە ئالىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدىكى تويلۇقنىڭ ھەممىسى بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ). ئەكسىچە ئۇنى: سىز ياكى ئەرگە ئۆزىڭىزنى تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ئالغان تويلۇقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىسىز ياكى سىزگە (ئەمەلىيەتتە ئالمىغان بولسىڭىزمۇ) ئادەتتە بىر ئايال (ئۆزىنى ئېرىگە تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى) ئالىدىغان مىقداردىكى تويلۇقنى ئالدى دەپ ھۆكۈم قىلىمىز، دەپ ئەسكەرتىلىدۇ ۋە شۇنچىلىك پۇلنى ئالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن قالغىنى بېرىلىدۇ.[2][3]**

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 362 ـ بەت.

(2) بىر ئايال ئۆزىنى ئېرىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن يەنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن ئېرى بىلەن تويلۇق ھەققىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان ۋە ئۇ يۇرتنىڭ ئادىتىدە ئادەتتە ئاياللار ئېرىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن ئىلگىرى تويلۇققا ھېسابلاپ ئەڭ ئاز 100 سوم پول ئالىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا ئېلىنغان تويلۇقنىڭ ھەممىسى بېرىلمەيدۇ. يەنى ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىغە 1000 سوم تويلۇق ئېلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا 1000 سومنىڭ ھەممىسى بېرىلمەيدۇ. ئۇ ئايالنى دەسلەپ ئۆزىنى ئېرىگە تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى قانچىلىك پۇل ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئېتىراپ قىلسا، ئۇ مىقداردىكى پۇل ئۇ 1000 سوم پۇلدىن چىقىرۋېتىلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېتىراپ قىلمىسا، مەيلى ئۇ ئايال ئىلگىرى تويلۇققا ھېسابلاپ پۇل ئالغان بولسۇن مەيلى ئالمىغان بولسۇن ئۇنى ئادەت بويىچە 100 سوم ئالدى، دەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا 1000 سومدىن قالغىنى بولغان 900 سوم بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ت.

(3) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 2 ـ توم، 363 ـ بەت.

# ئەرنىڭ ئايالىغا ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىسىنىڭ ھۆكمى

**بىر ئادەم ئايالىنى مەيلى ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىلگىرى بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن <تويلۇق> ياكى <ھەدىيە> دېمەستىنلا ئايالىغا پۇل ياكى كىيىم ـ كېچەك ياكى يەيدىغان نەرسە ئەۋەتىپ بەرگەن، ئاندىن: مەن ئۇ نەرسىنى تويلۇققا ھېسابلاپ ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدىم، دېگەن بولسا ئۇنىڭ بۇ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە <ھەدىيە> دەپ قوبۇل قىلىنغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسە كېيىن <تويلۇق> ھېسابلانمايدۇ[1].**

**ئەگەر ئايال (ئەرنىڭ ئۆزىگە) ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىلىرىنى <ھەدىيە> دېگەن، ئەر: (بۇنىڭغا ئىنكار قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن ئۇ نەرسىلەرنى) <تويلۇق> ياكى <نەپىقە> ياكى <ئۆتنىگە> بېرىپ تۇرغان نەرسىلەر دېگەن بولسا، ئەر سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئەر قەسەم ئىچسە، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرسە، ئايالنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر (ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ) قەسەم ئىچكەن ۋە (ئايالىغا ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسە ئايالنىڭ يېنىدا) تېخى ئىشلىتىلىپ بولماي ساق ـ سالامەت ساقلانغان بولسا، ئايال ئۇ نەرسىنى ئەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەگەر بۇرۇن تويلۇققا ھېسابلاپ بىر نەرسە ئالغان بولسا، تويلۇقنىڭ قالغىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئەردىن بۇرۇن تويلۇققا ھېسابلاپ بىر نەرسە ئالمىغان بولسا، تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ. ئەگەر ئەۋەتىلگەن نەرسە يوقاپ كەتكەن ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە بىر نەرسىسى قالغان بولسا، بىر نەرسىسى قالغان تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن قالغان نەرسىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئەگەر يوقاپ كەتكەن نەرسىنىڭ قىممىتى ئايالنىڭ تويلۇقىنىڭ قىممىتى بىلەن باراۋەر بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشمايدۇ.**

**ئەگەر ئايالمۇ (ئەر ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئەۋەتىپ بەرگەندىن كېيىن) ئەرگە**

(1) بەزى يۇرتلارنىڭ ئادىتىدە ئايالىغا تويدىن ئىلگىرى مەلۇم مىقداردا تويلۇق بېرىش، ئايرىلىپ كەتكەندىن ياكى بىر مۇددەت ئۆي تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم مىقداردا تويلۇق بېرىش ئادىتى بار بولۇپ، بىر ئايال بىر ئەر بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى بەرگەن. ت.

بىر نەرسە ئەۋەتىپ بەرگەن، ئاندىن ئەر ئۆزىنىڭ ئايالغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئۇ نەرسىسىنى <ئۆتنىگە> بېرىپ تۇرغان نەرسە، دېگەن ۋە ئەرنىڭ ئەۋەتىپ بەرگەن ئۇ نەرسىسى تاماقتىن باشقا كىيىم ـ كېچەككە، تىرىك قويغا، قويرۇق مايغا، ھەسەلگە ئوخشاش ساقلىغىلى بولىدىغان نەرسە بولغان بولسا، ئايال ئەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنىڭ ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىسىنى يوقۇتۇپ قويغان بولسا، ئايال ئەردىن ئۇ نەرسىگە ئوخشاش نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ ئايالغا ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىسى نانغا ۋە پۇشۇرۇلغان گۆشكە ئوخشاش تاماق بولسا، بۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئايالنىڭ قەسەم بىلەن دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. (يەنى ئەگەر ئەر ئۇنى <تويلۇق> ياكى <ئۆتنىگە> بېرىپ تۇرغان نەرسە، دېگەن بولسىمۇ ئايال قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ بۇ <ھەدىيە> دېسە، ئايالنىڭ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.) چۈنكى نانغا ياكى پۇشۇرۇلغان گۆشكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسە ياكى تويلۇق بولۇشىنى ئادەت قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەر ئايالغا ناۋاتغا ۋە كەمپۈتكە ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەر بىلەن بىللە كىيىم ـ كېچەك ئەۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئەرنىڭ سۆزى ئەمەس (ئايالنىڭ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىشى) لازىم. (يەنى ئەگەر ئەر ئۇ نەرسىلەرنى <تويلۇق> ئاكى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان نەرسە دېسە، ئايال بۇ نەرسىلەر ھەدىيەدۇر دېسە، ئايالنىڭ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.) چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە تاتلىق ـ تۇرۇملەر بىلەن ئايالغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن نەرسىلەر <ھەدىيە> ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەر ئايالنى ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىلگىرى ھېيتلاردا ۋە (باھارنىڭ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش) بىرەر مۇناسىۋەت سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۈزۈك ـ بىلەيزۈكلەر <ھەدىيە> ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئايالنى ئۆيىگە يۆتكەپ كەلگەن كېچىسىنىڭ ئەتىسىگىنى ئايالغا بېرىلگەن پۇل ياكى كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ <ھەدىيە> ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۆرپ ـ ئادەتتە <ئەتىسىگەنلىك ھەدىيەسى> دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ئادەم بىر ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىزىغا خېرىدار بولغان ۋە ئۇ قىزغا بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئەۋەتكەن، كېيىن قىزنىڭ دادىسى قىزىنى ئۇ

ئادەمگە بەرمىگەن ياكى قىزنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمىغان بولسا، ئەگەر ئۇ قىزغا <تويلۇق> دەپ ئەۋەتىپ بېرىلگەن نەرسىلەر ئۆز پېتى بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئىشلىتىش سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بەدىلىنى قايتۇرۇۋېلىدۇ. چۈنكى <تويلۇق> (ئايالدىن پايدىلىنىش بەدىلىگە بېرىلگەن) نەرسىلەردۇر. (ئايالدىن پايدىلىنالمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئىشلىتىلىپ كېتىلمەي قىزنىڭ قولىدا ساقلاپ قويۇلغان ھەدىيەلەرنىمۇ قايتۇرۇۋېلىش توغرىدۇر. ئەگەر بەرگەن ھەدىيەلەر يوق بولۇپ كەتكەن ياكى ئىشلىتىلىپ كېتىلگەن بولسا، ئۇلار قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ. ئەگەر ئەۋەتىلگەن ھەدىيە رەخ بولۇپ قىز ئۇنى بويۇغان ياكى كىيىم تىكىپ كىيىپ بولغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېلالمايدۇ.

بىر ئايال ئېرى ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىلەرنى <تويلۇق> دەپ دەۋا قىلغان، ئەر ئۇنى ئايالىمنىڭ يېنىدا ئامانەت قويۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىلەر، دەپ ئۇنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئەگەر ئەۋەتىلگەن ئۇ نەرسىلەر ئايالغا بەرگەن تويلۇقنىڭ تىپىدىن بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئايالغا بەرگەن تويلۇقنىڭ تىپىدىن ئەمەس باشقا خىلدىكى نەرسىلەر بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئايالنىڭ ئېرى ئەۋەتىپ بەرگەن نەرسىلەرنى <تويلۇق> دەپ دەۋا قىلىشىنىڭ پايدىسى بولسا، ئەرنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر[1]. ئەمما ئەرنىڭ ئۇنى ئامانەتكە قويۇپ قويغان نەرسە دەپ دەۋا قىلىشىنىڭ پايدىسى بولسا، ئەگەر ئايالنىڭ يېنىدا ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش، ئەگەر ئايال ئۇنى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى تۆلىتىپ ئېلىش ئۈچۈندۇر.[2]

(1) چۈنكى بىر ئەر ئايالى بىلەن بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ياكى ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشى توغرا ئەمەستۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 365 ـ بەت.

بىر ئادەم، ئىددىتى چىققاندىن كېيىن توي قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ باشقا بىر ئەرنىڭ ئىددىتىنى تۇتىۋاتقان بىر ئايالغا پۇل خەجلەپ بەرگەن ۋە ئاخىرىدا ئۇ ئايالنى ئالغان بولسا، ئەر ئۇ ئايالغا خەجلەپ بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال (ئىددىتى چىقىپ بولغاندىن كېيىن) ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئەر ئۇ ئايالغا خەجلەپ بەرگەن پۇل ئۇنىڭ قولىغا بەرگەن پۇل بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل ئۇ ئايال بىلەن بىللە تاماق يېگەن ۋە بىر نەرسە ئىچكەن چاغلاردا خەجلەپ بەرگەن پۇل بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بەرمىگەن ياكى ئۇ، ئەگەر ئايال تۆلۈمەكچى بولسا قانچىلىك تۆلەيدىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان پۇلدۇر.

بىر ئادەم ئايالىغا چىقىم قىلىپ بەرگەن، ئاندىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھنىڭ، مەسىلەن ئىككىسى ئېمىلدەش چىقىپ قالغىنىغا ئوخشاش شەرتىگە توشمىغان نىكاھ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەم ئايالىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم قازىنىڭ بەلگىلەپ بېرىشى بىلەن ئايالىغا چىقىم قىلىپ بەرگەن پۇلىنى ئايالىدىن ئالىدۇ. چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھنىڭ شەرتكە توشمىغان بىر نىكاھ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇشى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئەرنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولمىسىمۇ ئالغانلىقى ئاشكارا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالغا قازىنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىچە ئەمەس ئۆز ئىختىيارى بىلەن خەجلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ پۇلدىن ئازراقمۇ ئېلىشى توغرا بولمايدۇ.[1]

بىر دادا ساق ۋاقتىدا قىزىغا (ئىشكاپقا ياكى ماشىنىغا ئوخشاش) بىر سايمان بەرگەن بولسا، ئۇ ئادە مىنىڭ ياكى ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئۇ قىزدىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ سايماننى قىزىغا ئۆلۈپ كەتكەن كېسىلىدە بەرگەن بولسا، ئۇ (ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا) مىراسخورلىرىنىڭ بەزىسىگە ئايرىم بىر نەرسە بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر باشقا مىراسخورلار ئۇنىڭغا رازى بولمىسا، ئۇ ئادە مىنىڭ قىزغا ئۇ سايماننى بېرىشى توغرا ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە بىر دادا قىزغا ئۇ قىز كىچىك ۋاقتىدا بىرەر سايمان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 365 - بەت.

ئېلىپ قويغان بولسا، دادا مەيلى ئۇ سايماننى قىزىغا ئۆلۈپ كېتىش كېسىلىدە تاپشۇرۇپ بەرسۇن مەيلى پەقەت تاپشۇرۇپ بەرمىسۇن قىز دادىسىنىڭ سايماننى ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ قويۇشى سەۋەبى بىلەن ئۇ سايماننىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر دادا ئۇ سايماننىڭ پۇلىنى بېرىپ بولغىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ساتقان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال - دۇنيادىن ئېلىۋالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئۇ سايماننى ئۇ قىزدىن ئېلىۋېلىش ھەققى يوق.

ئەگەر بىر ئادەم (مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن) بالىسىغا بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر يول تاپاي دېسە، بالىسىغا ئۇ نەرسىنى بەرگەندە گۇۋاھچى چاقىرتىپ كىرىپ گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا ئۇ نەرسىنى بالىسىغا «ئۆتنە» دەپ بېرىش لازىم[1]. بالىسىغا بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنىڭ ئەڭ ئېھتىياتلىق يولى دادا ئۇ نەرسىنى بالىسىدىن سېتىلىۋالىدۇ، ئاندىن بالىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى دادىسىدىن ئالماي ئۆتۈۋېتىدۇ. چۈنكى دادا ئۇ نەرسىنى بالىسى كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر دادا ئۇ نەرسىنى بالىسىغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان بولسا، دادىسىنىڭ ئۇنى (بەرگەندە گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا «ئۆتنە» دەپ بېرىشى بىلەن) قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرا بولمايدۇ.

بىر ئايالنىڭ مەيلى قېرىندىشى بولسۇن ياكى دادىسى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولسۇن ئۇ ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ بېرىشىغا ياكى ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشىگە قېتىلماي تۇرۇۋېلىپ ئەردىن بىر نەرسە ئالغان بولسا، مەيلى ئۇ نەرسە بار بولسۇن مەيلى ئىشلىتىپ بولۇنغان بولسۇن ئەر ئۇ نەرسىنى بەرگەن ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ پارە بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم مەيلى ئايالنىڭ ئادەملىرىدىن بولسۇن مەيلى باشقا ئادەملەردىن بولسۇن قۇدا - باجىنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشقا ياكى بۇزۇشقا قادىر بولالايدىغان بىر كىشىگە قۇدا - باجىنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاپ قويۇش ئۈچۈن: بۇ سېنىڭ ئىش ھەققىڭ، دەپ بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قۇدا -

(1) چۈنكى ئۆتنىگە بەرگەن نەرسىنى خالىغان ۋاقتىدا قايتۇرۇپ ئالسا بولىدۇ. ت.

باجىنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشقا ياكى بۇزۇشقا قادىر بولالايدىغان كىشىگە: سەن بۇ نەرسىنى ئېلىپ قۇدا ـ باجىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلما، دەپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى ئۇ (ئىش ھەققى ئەمەس) پارە بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىش ھەققى، دېگەن بىرەر ئىشنىڭ قارشىسىدا بولىدۇ. ئەمما (ئىككى ئائىلىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلماي تۇرغانلىق بولسا)، بىرەر ئىش ھېسابلانمايدۇ.

بىر دادا قىزىغا بىر نەرسە بېرىپ بولۇپ كېيىن ئۇ ياكى ئۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ نەرسە ئۇ قىزغا <ئۆتنە> سۈپۈتىدە بېرىلگەن، دېگەن، قىز ياكى قىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرى ئۇ نەرسىنى مىراس قىلىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسە (ئۆتنە سۈپۈتىدە ئەمەس) پۈتۈنلەي ئىگە قىلىپ بېرىلگەن، دېگەن بولسا، ئەگەر شۇ يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر دادا قىزىغا ئۇنچىلىك نەرسىنى ئۆتنە ئەمەس پۈتۈنلەي ئىگە قىلىپ بېرىدىغان بولسا، قىزنىڭ ياكى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما شۇ يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئۇنچىلىك نەرسىنى بىر دادا قىزىغا خالىسا ئۆتنىمۇ بېرىدىغان، خالىسا پۈتۈنلەي ئىگە قىلىپ بېرىدىغان ئىش بولسا، ئەگەر دادا ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى قىزىغا <ئۆتنە> دەپ بەرگەنلىكىگە قەسەم ئىچسە دادىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر دادا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىدىن چىقارغان بولسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەمما دادا ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ بەزىسىنى قىزىغا <تويلۇق> ئۈچۈن كەلگەن پۇلدىن، بەزىسىنى (ئۆز يېنىدىن چىقارغان) بولسا، پەقەت ئۆز يېنىدىن چىقارغان پۇلنىلا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر دادا يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئادەم بولسا، قىزىغا بەرگەن نەرسىنى: مەن بۇنى ئۇنىڭغا ئۆتنىگە بەرگەن، دېگەن سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. (چۈنكى ئېسىل يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئائىلىدە دادىنىڭ ئۇنچىلىك نەرسىنى قىزىغا ئۆتنىگە ئەمەس ھەدىيە بېرىۋېتىشى ئېھتىمالغا بەكرەك يېقىندۇر.)

بەزى ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەرتلەرنىڭ ئىچىدە ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان شەرت ئاياللارنى ھالال قىلىپ ئالغان شەرتلەردۇر» دېگەن ھەدىسىنى پاكىت قىلىپ تۇرۇپ، ئەگەر بىر ئايالنىڭ دادىسى ياكى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇ ئايالنى ئالماقچى بولغان ئادەمگە، ئۆزلىرىگىمۇ بىرەر نەرسە ئېلىشنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنى ئالماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇنى

ئېلىشى لازىمدۇر، چۈنكى ئۇمۇ ئاياللارنى ھالال قىلىپ ئالغان شەرتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دېدى. ئاتا، تاۋۇس ۋە زۆھرىي قاتارلىقلار: «مەزكۇر شەرتلەردىن پەقەت ئاياللار (ئەرلىرىگە قويغان) شەرتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزمۇ شۇنداق ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. بۇ ھەققتە يەنە سەۋرى ۋە ئەبۇئۇبەيدىلەرمۇ شۇنداق قاراشتىدۇر. ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن ۋە مەسرۇق قاتارلىقلار: «قىزنىڭ دادىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولغان ئادەمگە، (ماڭا ئۇنداق نەرسە ئېلىپ بەر، مۇنداق نەرسە ئېلىپ بەر، دەپ) شەرت قويۇش ھەققى بار» دېدى. ئىكرەمە: «(مەزكۇر ھەدىستىكى ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇلغان شەرتتىن) قىزغا ئىگە بولۇپ ئۇنى ياتلىق قىلغان ئادەمنىڭ قويغان شەرتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. بەزى ئالىملار: «قىزنىڭ جەمەتىدىن پەقەت ئۇنىڭ دادىسىلا (قىزنى ئالماقچى بولغان ئادەمگە) شەرت قويالايدۇ، چۈنكى بىر دادىنىڭ بالىنىڭ مېلىغا قول ئۇزارتىش ھەققى بار» دەيدۇ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە ئۆرۋە ئىبنى زۇبەير قاتارلىقلار بىر ئايال نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولغان ئادەمگە قويغان شەرتلىرىنىڭ ئارىسى بىلەن ئۇ ئايال نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولغان ئادەمگە قويغان شەرتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ مۇنداق دېدى: «قايسى بىر ئايال ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە بىرەر نەرسە ئېلىشنى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى شەرت قىلسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئايالنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئەر بىلەن نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ شەرتنى ئېرىگە قويغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ بولىدۇ.»

ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر مەزكۇر شەرت (بەك بۇرۇن ئەمەس ئەكسىچە) ئايالنى ئەرگە نىكاھلايدىغان چاغنىڭ ئۆزىدە بولسىمۇ، ئۇ نەرسە يەنە ئايالنىڭ بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر شەرت نىكاھنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قويۇلغان بولسا، ئۇ نەرسە كىمگە ئاتاپ ئېلىنغان بولسا شۇنىڭ بولىدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى:

ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ بۇۋىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: «قايسى بىر ئايال ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە بىرەر نەرسە بېرىشىنى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى شەرت قىلسا، ئۇ نەرسە ئايالنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئەر بىلەن نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ شەرتنى ئېرىگە قويغان بولسا، ئۇ نەرسە كىمگە ئاتاپ ئېلىنغان بولسا شۇنىڭ بولىدۇ. بىر ئادەم قىزى ياكى ھەمشىرىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ھەدىيە بېرىلىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر (يەنى بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ياكى ھەمشىرىسىنى ئالغان ئادەم ئۇ ئادەمگە ھەدىيە بېرىش ئەڭ ياخشىدۇر.)»(1)

# ئايالى بىلەن سەپەرگە چىقىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بېرىلىدىغان تويلۇقىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولغان ۋە ئەر ئايال ئۇچۇن ئىشەنچلىك ئادەم بولغان بولسا، ئەرنىڭ ئايالنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىش ھوقۇقى بار. ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ تويلۇقىنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولالمىغان ياكى ئايال ئەرگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولسا، ئۇ ئەر ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقالمايدۇ. پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. لېكىن ئەر ئايالىنى سەپەرگە زورلاپ ئېلىپ چىقمايدۇ.

<ئەلبەھرى> دېگەن كىتابتا: ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ نىكاھتىن ئىلگىرى بېرىلىدىغان تويلۇقىنى تولۇق بېرىپ بولسا، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىش ھوقۇقى بار، دەپ بايان قىلىندى. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدە ئەڭ كۈچلۈك، دەپ قارالغان قاراشتۇر.

بەززازىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئەر نىكاھىدىكى ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىش ياكى چىقماسلىق ئىشى شۇ يۇرتنىڭ مۇپتىسىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا پۈتۈن تويلۇقنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئايالىنى ياقا يۇرتقا ئېلىپ چىقماقچى بولسا، ئەر ئۇنىداق قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. چۈنكى بىر يەرگە ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئادەم ئۇ يەردە خارلىنىدۇ ۋە مۇھىت يامان بولغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ يەردە ئەزىيەت چېكىدۇ، (مانا بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ ئەڭ توغرا دەپ قارىغان قارىشىدۇر)»

(1) <ئۇمدەتۇل قارى>، 13 ـ توم، 299 ـ بەت.

دېدى. ئەمما ئىمام قازى مۇنداق دېدى: «اللہ تائالانىڭ: «ئۇلارنى (يەنى ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار» دېگەن ئايىتى فىقھىشۇناسلار (ئەر ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ياقا يۇرتقا ئاپارمايدۇ) دېگەن سۆزىدىن ئەلادۇر. لېكىن اللہ تائالانىڭ: «ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار» [1] دېگەن ئايىتى فىقھىشۇناسلارنىڭ دېگەن سۆزىگە ئازراق دەلىل بولالايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ زامانىمىزدا بىر يەرگە ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ زىيان تارتىشى (يەنى خارلىنىشى، ئەزىيەت چېكىشى) چوقۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرتنىڭ مۇپتىسى شۇ چاغنىڭ شەرت ـ شارائىتىگە قاراپ (ئەر ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقسا بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، دەپ) پەتىۋا بېرىدۇ. ئىككى سۆزنىڭ بىرىنى چوقۇملاشتۇرۇۋېتىش يەنى ئەر ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ھەرگىز ئېلىپ چىقالمايدۇ ياكى ئەر نەگە بارسا ئايالىنى شۇ يەرگە بىللە ئېلىپ بارىدۇ، دەپ سۆزنى كېسىۋېتىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئەر ئىشەنچىسىز ئادەم بولۇپ ئايالىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ يېنىدىن باشقا يەرگە ئېلىپ بېرىشتىكى مەقستى ئۇنى بوزەك قىلىش ۋە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئېلىپ خەجلىۋېلىش بولىشى مۇمكىن. رىۋايەت قىلىنىشىچە: بىر ئادەم ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىپ ئايالىنى: بۇ مېنىڭ چۆرەم، دەپ ساتقانمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرتنىڭ مۇپتىسى بىر ئادەمنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش يامان نىيىتىنىڭ بارلىقىنى سەزسە، ئۇنىڭغا ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىشقا پەتىۋا بەرمەيدۇ. مانا بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدە كۈچلۈك، دەپ قارالغان قاراشتۇر. چۈنكى، بىز ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئايالىغا يامانلىق قىلىش نىيىتى بار بىر ئادەمگە، ئايالىنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز.»

بەزى ۋاقىتتا ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئادەم بىلەن ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئايال ياشاش شارائىتلىرى بەك ئاسانغا چۈشمەيدىغان بىر يات شەھەردە توي قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئەر ئۇ ئايالنى ياكى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا ياكى ئايالنىڭ يۇرتىغا يۆتكەپ بارماقچى بولىدۇ. ئايال ئەرگە ئېشىنىدۇ. بۇ ھالدا ئەر قانداق قىلىش كېرەك؟

---

(1) سۈرە تالاق 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئىش يەنە شۇ يۇرتنىڭ مۇپتىسىغا تاپشۇرۇلىدۇ. مۇپتىنىڭ پەتىۋا بېرىشى پەقەت بۇ مەسىلىگىلا خاس ئەمەس. ئەكسىچە قانداق ئادەم بولسا بولسۇن بىر ئادەمنىڭ ئايالىنى بىر يۇرتتىن باشقا بىر يۇرتقا يۆتكىۋېشىدىن بولغان مەقسىتى ئۇ ئايالغا بىرەر يامانلىق قىلىش بولسا، مۇپتىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىپ پەتىۋا بېرىشى توغرا ئەمەس.[1]

## ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بالىسىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىشىنىڭ ھۆكمى

ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ بالىسىنى ئېلىپ (بالىنىڭ دادىسى بار يۇرتنى تاشلاپ) باشقا يۇرتقا كېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا بالىنىڭ دادىسى (بالىنى كۆرەلمەي) ئەزىيەت چېكىدۇ. لېكىن ئايال بالىنى ئەر ئۇ ئايال بىلەن توي قىلغان ئايالنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىغا ئېلىپ بارالايدۇ. چۈنكى ئەر (ئايال بىلەن توينى شۇ يۇرتتا قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۆرپ - ئادەت ۋە شەرىئەتنىڭ قارىشىچە شۇ يۇرتتا قالالايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى بىر يۇرتتىن ئۆيلەنسە، ئۇ شۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.»[2] شۇنىڭ ئۈچۈن (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم يوق كاپىر دۆلىتىدىن بىر ئادەم) مۇسۇلمان دۆلىتىدە ياشايدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلسا، ئۇ ئادەم، ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم بار ئادەمگە ئايلىنىدۇ. (يەنى ئۇ خۇددى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ بىر پۇقراسىغا ئوخشاش ئۇ دۆلەتنىڭ شەرت - شارائىتلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشى توغرا بولمايدۇ.)

ئەگەر ئۇ ئايال بالىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىغا ئەمەس ئېرى بىلەن تويى بولغان باشقا بىر يۇرتقا سەپەر قىلماقچى بولسا، ئۇ ئايال شۇ يۇرتقا سەپەر قىلالامدۇ؟ دېگەن سوئالغا قارىتا ئالىملارنىڭ مۇنداق ئىككى خىل كۆز قارىشى بار:

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 361 - بەت.

(2) ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: مەن مەزكۇر ھەدىسنى ئۇ شەكىلدە ئۇچراتمىدىم. لېكىن مەن ئۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ كىتابىدا تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە ئۇچراتتىم: «كىمكى بىر يۇرتتىن ئۆيلەنسە، ئۇ ئادەم نامازنى شۇ يۇرتتا ياشىغان كىشىلەر ئوقۇغاندەك ئوقۇسۇن. (يەنى نامازنى مۇساپىرلىق ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى شۇ يۇرتتا ياشايدىغان كىشىلەردەك ئوقۇسۇن.)» <جامىئۇل ئەھادىس> دېگەن كىتابتىمۇ مەزكۇر ھەدىس ئىككىنچى شەكىل بويىچە رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

● ئايالنىڭ بالىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىدىن باشقا يۇرتقا سەپەر قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىر يۇرتتا ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن ئىككى ئادەمنىڭ توي قىلىشى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇ يۇرتتا قېلىشىنى لازىم قىلمايدۇ.

● <ئەلجامىئۇسسەغىر> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: ئايال بالىنى ئېلىپ سەپەر قىلماقچى بولغان يۇرت گەرچە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەر بىلەن تويىنى ئۇ يۇرتتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يۇرتقا سەپەر قىلالايدۇ. چۈنكى نىكاھمۇ خۇددى سودا ـ سېتىققا ئوخشاش قەيەردە ۋۇجۇدقا چىقسا ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ شۇ يەردە داۋام قىلىشىنى لازىم قىلىدۇ. سودا ـ سېتىقمۇ قەيەردە ۋۇجۇدقا چىقسا سېتىلغان نەرسىنى ئالغان ئادەمگە شۇ يەردە تاپشۇرۇشنى لازىم قىلىدۇ. نىكاھنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بىرى بولسا بالىلارنىڭ قەيەردە ياشاش ھەققىدۇر[1]. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرىسى ئەۋۋەلقى قاراشتۇر.

گەپنىڭ قىسقىسى (بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر يۇرتتا ياشاشقا ھەقلىق بولىشى ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ) شۇ يۇرتلۇق بولىشى ۋە نىكاھنىڭ شۇ يۇرتتا ۋۇجۇدقا چىقىشى لازىمدۇر. ئەگەر ياشاپ كېلىۋاتقان يۇرت بىلەن يۆتكەلمەكچى بولغان يۇرتنىڭ ئارىسى يىراق بولسا، ئىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىچە بولىدۇ. ئەمما ئىككى يۇرتنىڭ ئارىسى يېقىن بولۇپ دادا بالىنى خالىغان چاغدا كۆرەلەيدىغان بولسا، ئايال بالىنى ئېلىپ يۆتكەلمەكچى بولغان يۇرتقا يۆتكەلسە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. ئىككى كەنتنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. (يەنى ئەگەر ئىككى كەنتنىڭ ئارىسى يىراق بولسا، ئايالنىڭ بالىنى باشقا كەنتكە ئېلىپ كېتىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر يېقىن بولسا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.)

ئەگەر بىر ئايال بالىنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكەپ كىرگەن بولسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق. چۈنكى بالا شەھەرلىكلەرنىڭ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىپ ياخشى ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭدا دادا ھېچقانداق زىيان تارتمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بالىنى شەھەردىن يېزىغا يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ

(1) يەنى بالىنىڭ قەيەردە ياشاش ھەققى نىكاھنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بىرىدۇر. نىكاھ قەيەردە ۋۇجۇدقا چىقسا ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ شۇ يەردە داۋام قىلىدىغان پرىنسىپكە ئاساسەن بالىنىڭ نىكاھ ۋۇجۇدقا چىققان يەردە تۇرۇشى لازىمدۇر. شۇڭا ئايال بالىنى ئېلىپ نىكاھ ۋۇجۇدقا چىققان شۇ يۇرتقا سەپەر قىلالايدۇ. ت.

كېتىشى ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى كىچىك بالا يېزىدىكىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىپ يامان ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ[1].[2]

## ئايالنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىش مۇراسىمى

ئىسلامدا ئايالنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سۈننەت ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلار بار. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

### 1 ـ تاماق تەييارلاش:

ئايالنى ئۆيگە يۆتكەپ كېلىش مۇراسىمىدا تاماق تەييارلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان ۋە ئۆزىمۇ قىلغان بىر سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزۈمنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىمنى خەۋەر قىلغان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن (ئايالنى ئۆيگە يۆتكەپ كەلگەن ۋاقتىدا) بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ بولسىمۇ تاماق تەييارلا» دېدى.[3]

بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن زەينەپكە تاماق تەييارلىغىنىدەك ھېچبىر ئايالىغا تاماق تەييارلىمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (زەينەپ بىلەن توي قىلغان كۈنى) مېنى ئادەملەرنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلارنى گۆش ۋە نان بىلەن مېھمان قىلدى.»[4]

تاماقنى تەييارلاشقا كەتكەن چىقىم ئەرنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. تاماقنى تەييارلاشقا ئەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى ياردەملىشىپ بېرىدۇ. شۇ كۈنى تاماق تەييارلاشتا ياردەملىشىش بىر يۇرتتا

---

(1) ئەمما بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە شەھەردە چوڭ بولغان بالىغا قارىغاندا يېزىدا چوڭ بولغان بالا ئەخلاقلىق چوڭ بولىشى مۇمكىن. ت.

(2) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 39 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆرۈلگەن ماختاشقا تېگىشلىك ئېسىل بىر ئىشتۇر.

كۈنىمىزدە كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش تاماق تەييارلاشقا بەك كۆچەپ كەتمەسلىك لازىم. ھەتتا (كۈنىمىزدە توي كۈنى) تاماق تەييارلاش پەخىرلىنىدىغانغا، ئۆزىنى كۆرسۈتىدىغانغا ۋە شۆھرىتىنى چىقىرىدىغانغا بىر مەيدان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز توي داستىخانلىرىدا ئىسراپچىلىق مەنزىلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئېسىل كەڭ تاشادە ئۆيلەرگە سېلىنغان داستىخان ئۈستۈگە قويۇلغان خىلمۇ ـ خىل ئالىي تاماقلار. ھەتتا بەزىلەر ئالىي مېھمانخانىلارنى ياكى ئېچى خىلمۇ ـ خىل زىننەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ۋال ـ ۋۇل چىراقلار چاقناپ تۇرىدىغان، ئۈستەللىرىنىڭ ئۈستىدە گۈللەر قويۇلغان ۋە تۆت ئەتراپىغا ناخشا ـ مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرىدىغان كانايلار ئورنىتىلغان مەخسۇس شۇ ئىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرلەرنى ئىجارىگە ئالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئەسلى (ئەسلى گۇناھلاردىن خالى) ياخشى بىر توي مۇراسىمى گۇناھ ۋە يامان ئىشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

يەنە كېلىپ بۇنداق قىلىش نۇرغۇنلىغان مال ـ دۇنيانى ئورۇنسىز يەرگە چېچىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەتتا بەزى ئەرلەر توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئائىلە ھاياتىنى قەرزلەر بويىنىغا مىنىۋالغان ۋە غەملەرگە چۆككەن ھالەتتە باشلايدۇ. مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ ئائىلە ھاياتىنى ۋە شېرىن ئايلىرىنى جەھەننەمگە ئايلاندۇرىغان ئامىلدۇر. كۈنىمىزدە تويلارغا ئاجرىتىلغان پۇل، ئىسراپچىلىق قىلىش ۋە بۇزۇپ چېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدى. ئىسراپچىلىق قىلىش ۋە مال ـ دۇنيانى بۇزۇپ چېچىش ئىسلامدا ھارام قىلىپ چەكلەنگەن بىر ئىشتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللە ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ» [1] «(پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى» [2] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىسراپ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماستىن يەڭلار،

(1) سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سۈرە ئىسرا 26 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى ۋە 27 ـ ئايەت.

ئېچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە <ئۇنداقمىش> ۋە <بۇنداقمىش> دەپ ئاڭلىغان سۆزنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشتىن، ئورۇنسىز كۆپ سوئال سوراشتىن ۋە ماللارنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ئىشلىتىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

توي مۇراسىمىدا بۇ شەكىلدە خەجلەنگەن مال - دۇنيالارنىڭ كۆپ قىسمى بىزنىڭ مال - دۇنيالىرىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يولنى پەيدا قىلغان، بىزنى پايدىسىز شەكىلۋازلىقنىڭ ۋە يامان ئادەتلەرنىڭ قۇللىرى قىلىۋالغان دۆشمەنلىرىمىزنىڭ يانچۇقلىرىغا ئېقىپ كىرىپ كېتىدۇ.

تويدا داستىخان سېلىش ئىشى بالىلىرى ئۆيلەنمەكچى بولغان كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ بېشىنى بىر نەچچە قېتىم قاتۇرمىسا بولمايدىغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ياشلار تويىنىڭ مۇشۇ چىقىمىنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ توي قىلىشتىن يۈز ئۆرۈمەكتە. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ قىلغاندا (قىلىشنى ئىسلام دىنى تەرغىب قىلغان ئىش) توي قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ نېگىزىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋە سەلەپلەر ماڭغان يولدىن چەتنەپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا تارتقان زىيىنىمىز نېمە دېگەن ئېغىر!

ئاددىي - ساددىلىق، كۆيۈنۈش، سەمىمىي كۆلۈمسىرەش ۋە ياردەملىشىش بىزنىڭ سەلەپلىرىمىزنىڭ تويلىرى تۈس ئالغان ئالاھىدىكى ئىدى. ئەمما تەكەللۇپ، پەخىرلىنىش، شەكىلۋازلىق ۋە ئىپاقلىق كۈنىمىزدە بولىۋاتقان كۆپ قىسىم تويلار تۈس ئالغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئايلىنىپ قالدى. سەن بىزلەر ئۆتكۈزۈۋاتقان تويلار ھەققىدە گېزىت ۋە ژۇرناللاردا كۆرگەن ۋە ئوقۇغانلىرىڭ بىلەن ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تويلىرى ھەققىدە ھەدىس كىتابلىرىدا كەلگەنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باققىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئەنەس ئىبنى مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى سەپىيە بىلەن (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) توي قىلغاندا تەييارلىغان تاماقنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن قايتىپ مېڭىپ ھەتتا خەيبەر خىلى

(1) ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايىتى.

يىراقتا قالغان بىر يەرگە كەلگەن ۋاقتىدا ئۇلۇغىدىن چۇشۇپ سەپىيەگە بىر جېدىر تىكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى ئەتتىگىنى: «قېشىدا ئارتۇق تاماق بار ئادەم ئۇنى ئېلىپ كەلسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىرى خورما، بىرى تالقان ئېلىپ كېلىشكە باشلاپ يەرنى بىر دۆۋە يەيدىغان نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. ئاندىن كىشىلەر شۇ نەرسىلەردىن يېدى ۋە قېشىدىكى يامغۇر سۈيى كېلىپ يىغىلىپ قالغان كۆلچەكنىڭ سۈيىدىن ئىچتى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (سەپىيە بىلەن) توي قىلغانلىقى ئۈچۈن تەييارلىغان داستىخىنى بولدى.[1]

ئەگەر بىز ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ تويدا تەييارلىغان داستىخانلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاددىي ـ ساددىلىق، كۆيۈنۈش ۋە تەكەللۇپسىز ياردەملىشىش بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان رەبىئە ئىبنى كەئب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) توي قىلغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەسلەم قەبىلىسىنىڭ ئاق ساقىلى بولغان) بۇرەيدىگە: «يىغىش قىلىپ رەبىئە ئىبنى كەئب ئۈچۈن بىر قوي ئېلىپ بېرىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىغىش قىلىپ رەبىئە ئۈچۈن سېمىز چوڭ قوشقاردىن بىرنى ئېلىپ بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئەگە: «سەن ئائىشەگە بېرىپ دېگىن، ئۇ ئاشلىق بار قاچىنى بەرسۇن» دېدى. رەبىئە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قېشىغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ كەلدى. ئائىشە ئۇنىڭغا ئىچىدە ئون توققۇز يېرىم كىلۇ ئارپا بار بىر قاچىنى بېرىپ: «بۇنى ئېلىپ تۇرغىن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۆيگە بۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق كەلسە ئۇنىمۇ ئېلىپ بارغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەبىئە ھېلىقى قاچىدىكى ئارپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن بۇنى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا بۇنى نانغا ئايلاندۇرۇڭلار، دېگىن» دېدى. رەبىئە ئارپا بىلەن قوشقارنى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ: «بۇنىڭ بىلەن نان يېقىڭلار ۋە بۇنى ئۆلتۈرۈپ پۇشۇرۇڭلار» دېدى. قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا: «نانىنى بىز ياقايلى ئەمما قوشقارنى ئى ئەسلەم قەبىلىسىدىكى ئەرلەر! سىلەر ئۆلتۈرۈڭلەر» دېدى. رەبىئە قوشقارنى

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر نەچچە كىشىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئۆلتۈرۈپ سويۇپ پۇشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەملەرگە كەڭ تاشادا يەتكۈدەك گۆش ۋە نان تەييارلاندى. كىشىلەر نانلارنى شۇرپىغا چىلاپ يېيىشتى. رەبىئە تاماقنى مانا مۇشۇنداق تەييارلىدى، ئاندىن قىزنى يۆتكەپ ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن) دۇئا قىلدى.[1]

## 2 ـ يىغىلىش:

بۇ يىغىلىش، قىزنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن يۆتكەپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئوغۇل ـ قىزنىڭ بىر يەرگە جەم بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان يىغىلىشتۇر. بۇ ھەممە ئادەم خوش ـ خۇراملىقتا تولىدىغان چاغدۇر. مۇسۇلمان جەمىيىتىدە بەخت ـ سائادەتلىك ۋە مۇسۇلمان يېڭى بىر ئائىلە قورۇلغان ۋە يېڭى بىر كۆچەت يېتىشىپ چىققان تۇرسا، كىشىلەر قانداقمۇ خۇشال ـ خورام بولماي تۇرالىسۇن! شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ خۇشاللىقتا قېتىلىشى لازىم. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بۇ خۇشاللىقتا قېتىلىشى لازىم. ئۆيلەنگەنلەرنى تەبرىكلەش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنگەن ئادەمنى: «اللہ تائالا ساڭا بەرىكەت بەرسۇن ۋە بەرىكىتىنى داۋام قىلسۇن ۋە ئاراڭلارنى ياخشىلىق بىلەن جەم قىلسۇن» دەپ تەبرىكلەيتتى.[2]

ئىسلام دىنى بۇ يىغىلىشتا قىزنى (يېڭى ئۆيگە) كۆندۈرۈش ۋە توينىڭ زىننىتى ئۈچۈن (گۇناھلاردىن يىراق بولغان) ئويۇن ـ تاماشىلارنى ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلدى. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنسارلىق بىرى بىلەن تويى بولغان بىر ئايالنى ئۇ ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئائىشە! سىلەر بىلەن ئويۇنچى يوقمىدى. چۈنكى ئەنسارلار ئويۇننى ياقتۇرىدىغان ئادەملەردۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى. ئىمام تەبرانىي <ئەۋسەت> دېگەن كىتابتا ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مېنىڭ قېشىمدا

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

(2) تىرمىزىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

چوڭ بولغان بىر قىزنى سوراپ «پالانىنى قانداق قىلدىڭ؟» دېدى. مەن: ئۇنى (تويىنى قىلىپ) ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدۇق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ بىلەن داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان بىرەر ئايالنى بىللە ئەۋەتتىڭمۇ؟» دېدى. مەن: ناخشا ئېيتىدىغان ئايال نېمە دەيدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايال مۇنداق دەيدۇ» دېدى:

بىز سىلەرگە (مېهمان بولۇپ) كەلدۇق، بىز سىلەرگە (مېهمان بولۇپ) كەلدۇق. بىزگە سالام بېرىڭلار. بىزمۇ سىلەرگە سالام بېرىمىز.

ئەگەر قىزىل ئالتۇن بولمىسا ئىدى، قىز سىلەرنىڭ چىلغىلىرىڭلارغا چۈشمەيتتى.

ئەگەر ئېزىلگەن ئاشلىقلار بولمىسا ئىدى، قىزلىرىڭلار سەمىرمىگەن بولاتتى.

بۇ يىغىلىشتا خۇشاللىق ۋە خۇرسەنلىك ئۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلغانلىقىنى كىشىلەر ئارىسىغا يايدۇ ۋە بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تويىنىڭ (مەھەللىدىكى كىشىلەر بىلمەيدىغان دەرىجىدە) مەخپىي بولىشى ياخشى ئەمەس. توي قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە جەمىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ بۇ تويىنىڭ خۇشاللىقىغا قېتىلىشى بىر سۈننەتتۇر. چۈنكى قىز بۇ هالدا ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپى سايىسى ئاستىدا ئىززەتلەنگەن، هۆرمەتلەنگەن، ئەتراپىنى زىبۇ ـ زىننەتلەر قورشىغان ۋە كۆلۈمسىرەشلەر بىلەن ئۇزاتقان هالدا كىرىدۇ. ئەمما زىناخۇر ئايال زىناخۇر ئادەمنىڭ ئۆيىگە يۇشۇرۇن، كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەن، گۇمانلار قورشىغان، نۇمۇسسىزلىقىغا پۈركەنگەن، گۇناهىغا ۋە ئەخلاقسىزلىققا چۆمگەن هالدا كىرىدۇ. هالال بىلەن هارامنىڭ، توغرا ئىش بىلەن خاتا ئىشنىڭ ئارىسىدا پەرق نېمە دېگەن چوڭ!

قاتتىق ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلار مۇشۇ يىغىلىش مۇراسىمىدە نۇرغۇنلىغان يامان ئىش ۋە كۆپلىگەن هاراملارنى پەيدا قىلدى. يەنى هالال بىلەن هارامنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى ۋە بۇ يىغىلىشنىڭ ساپلىقىنى ئىسلام دىنى تەلەپ قىلغاننىڭ ئەكسىچە كىرلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ يىغىلىشتا پەيدا قىلىنغان ئەڭ چوڭ هارام ئىش بولسا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كىشىنىڭ نۇمۇستىن پىشانىلىرىدىن تەر تۆكۈلىدىغان دەرىجىدە ئارىلاش ئولتۇرۇشىدۇر. يەنى ئەرلەر بولسا ئەڭ ئېسىل كىيىملىرى ئىچىدە ئاياللارمۇ ئەڭ چىرايلىق زىنەتلىرى ئىچىدە، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تېنىدىكى ئەرلەرنى ئۆزلىرىگە جەلىپ قىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان

قىلىپ لايىلەنگەن ۋە تىكىلگەن نىپىز كىيىملەرنى كەيگەن ھالىتىدە ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىدۇ. ئاياللار بۇ ھالىتى بىلەن پۈتۈن ئەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر يەرلىرىگە قاراشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق يەرلىرىنى ئويلاشقا چاقىرىدۇ. يەنە كىلىپ ئۇلاردىن ئىنسانىنىڭ ھېسياتىنى قوزغايدىغان ئەتىرلەرنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستۇگە ئەر ـ ئايال ئۇسۇلچىلارنىڭ ھېسياتلارنىڭ تېخىمۇ قوزغۇلىشىغا ۋە پاشۋازلىققا ئۇندەيدىغان ناخشىلارغا ماسلاشتۇرۇپ ئوينىغان ئۇسۇللىرى ۋە بۇنىڭغا چېلىنغان مۇزىكىلار ياردەملىشىدۇ. توي ئاخشىمىدىكى بۇ يىغىلىش نەدىدۇر، ئىسلام دىنى يولغا قويغان يىغىلىش نەدىدۇر.

ئىسلام دىنى ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا ھەتتا نامازدا پەرۋەردىگارىنىڭ ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان چاغدىمۇ ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئارىلىشىشىنى ھارام قىلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىسلام دىنى نامازدا ئاياللارنىڭ تۇرۇشى ئۇچۇن باشقا سەپ ۋە ئەرلەرنىڭ تۇرۇشى ئۇچۇن باشقا سەپ ئاچراتتى. ئاياللارنىڭ تۇرۇدىغان سەپلىرىنى ئەرلەرنىڭ سەپلىرىنىڭ ئارقىسىدا قىلدى. ئەرلەرنى نامازنى ئوقۇپ بولۇپ تاكى ئايالار (مەسچىتتىن) چىقىپ كېتىپ بولغىچە ئورنىلىرىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنداق ئىكەن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ توي مۇراسىملىرىدا ئەرلەرنىڭ ئايالارغا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشلىرىنى توغرا دەپ، قارىشى قانداق ئىش! توي دىگەندە ھېسياتلارنى قوزغاشقا سەۋەبچى بولىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلار تۇرسا! شۇ يىغىلىشتا مەسلەن توي قىلغان يىگىتنىڭ كۆزى نىكاھىغا ئالغان قىزىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىزغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قىزنى ئەڭ خۇشاللىق كېچىسىدە تاشلاپ يۈز ئۆرۈپ كەتمەسلىكتىن خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟ چۈنكى نۇرغۇنلىغان تويلاردا يىگىت قىزدىن چىرايلىق كېلىدۇ.

## 3 ـ قىزنى چىقىرىدىغان كېچىدە رىئايە قىلىنىدىغان ئەدەبلەر:

ئىسلام دىنى قىزنى چىقىرىدىغان كېچىدە رىئايە قىلىش ئۇچۇن ئىنسانىنىڭ پاك تەبىئىتىگە ۋە گۈزەل ئەخلاقىغا ماس كېلىدىغان ئەدەبلەرنى يولغا قويدى. بۇ ئەدەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ قىزنى چىرايلىق كىيىندۇرۇش. قىزنى يىگىتكە چىقىرىپ بېرىدىغان

كېچىسى ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈرۈش سۈننەتتۇر. قىز ئۇ كېچىسى ئەڭ چىرايلىق كىيىم ۋە زىبۇ - زىننەتلەر ئىچىدە چىقىرىلىپ بېرىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) چىقىرىلىپ بېرىلگەن كېچىدە بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئانام مېنى ئەنسارلىق ئايالنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۆيدە بىر مۇنچە ئايالار بار ئىكەن. ئاياللار: (توي) ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە كاتتا نېسىۋە ئۈستىگە بولسۇن، دېدى. كېيىن ئانام مېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار بېشىمنى يۇدى ۋە مېنى ياساندۇردى.»

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئانام مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇزىتىپ بېرىش ئۈچۈن مېنىڭ سەمىرىشىمنىڭ چارىسىنى قىلاتتى. قىلغان چارىلەرنىڭ ھېچبىرى كارە قىلمىدى. ئاخىرىدا تەر خەمەكنى ھۆل خورما بىلەن يېدىم. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بىر شەكىلدە سەمرىپ كەتتىم.»

ئەنەس ئىبنى مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپىيە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى نىكاھىغا ئالغان چاغدا ياساندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۇممۇسۇلەيمنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن.»

مانا بۇ ھەدىس ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرىگە ياسىنىشى ۋە زىننەتلىنىشى ئۈچۈن ئاياللارنى ياساندۇرۇشنى ۋە زىننەتلەشنى بىلىدىغان ئايالنىڭ قېشىغا بارسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئاياللارنى زىننەتلەيدىغان ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايال بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا كاپىر ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالنى ياساندۇرۇشى ۋە زىننەتلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئاياللارنىڭ زىننەتلىنىش ئۈچۈن مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن مەيلى كاپىر بولسۇن زىننەت ئىشىنى ئەرلەر قىلىدىغان يەرلەرگە بېرىشى توغرا ئەمەس.

2 - توي كېچىسى يىگىت قىزنىڭ قېشىغا كىرگەن ۋاقىتدا، ئۇنىڭ قىزنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ: «ئى اللە مەن سەندىن بۇ قىزنىڭ ياخشىلىق تەرىپىنى ۋە سەن ئۇنىڭدا ياراتقان ئۇنىڭ ياخشى خىسلىتىنى تىلەيمەن، مەن ساڭا سىغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىق تەرىپىدىن ۋە سەن ئۇنىڭدا ياراتقان ئۇنىڭ

يامان خىسلەتتىن پاناھ تىلەيمەن> دېگەن دۇئانى قىلىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ دۇئانى قىلىش ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بايان قىلىندى.

3 ـ يىگىتنىڭ قىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى قۇچاقلاش، ئۇنىڭ بىلەن ئوينۇشۇش، شىرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلىش، چىمدەش ۋە سۆيۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىشى مۇستەھەپتۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدۇر: «سەن ئايالدىن ئىلگىرى مەنىينى تۆكۈۋەتمەسلىكىڭ ئۈچۈن ئايال بىلەن تاكى ئۇنىڭغا ساڭا كەلگەن ھېسسىيات كەلگەنگە قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى باشلىما.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: «سەن (دەسلەپ) ئايالنى سۆيۈسەن، چىمدەيسەن ۋە قۇچاقلايسەن. سەن ئۇنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى باشلايسەن.»[1] بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئەبۇمەنسۇرۇل دەيلەمىدىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرىڭلار ئايالى بىلەن خۇددى ھايۋان جىنسىي ئالاقە قىلغاندەكلا جىنسىي ئالاقە قىلمىسۇن. (جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن ئىلگىرى) ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئەلچى بولسۇن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا بولىدىغان) ئەلچى نېمە، دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ بولسا، سۆيۈش ۋە شىرىن سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

4 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يالاڭاچلىنىشتىن ئىلگىرى <الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى الله! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، شەيتاننى بىزگە بەرگەن نېمىتىڭدىن (يەنى بىزگە بېرىدىغان بالىدىن) يىراق قىلغىن> دەپ دۇئا قىلىشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئايالى بىلەن بىللە بولماقچى بولسا، الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى الله! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، شەيتاننى بىزگە بەرگەن نېمىتىڭدىن يىراق قىلغىن ـ دېسە، شۇ قېتىمقى بىللە بولۇشتىن الله پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالسا، شەيتان ئۇ بالىغا زىيان سالالمايدۇ.»[2]

(1) بۇ ئىككى ھەدىس شەرھۇلكەبىر دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىندى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

5 ـ ئەر كىشى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن چاغدا تاكى ئايالىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ لەززەتكە ئېرىشكەنلىكىنى سەزگەنگە قەدەر جىنسىي ئەزاسىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالماسلىقى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئايالىنىمۇ (لەززىتىگە) قاندۇرسۇن. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئايالدىن بالدۇر ئادا قىلىپ بولسا تاكى ئايال ھاجىتىنى ئادا قىلغانغا قەدەر (جىنسىي ئەزاسىنى تارتىۋېلىشقا) ئالدىراپ كەتمىسۇن.»[1]

6 ـ جىنسىي مۇناسىۋەتنى يېپىنچىدىن پۈتۈن ئېچىلىپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈش مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن چاغدا يۆگەنسۇن ۋە ئىشەكتەك يالاڭاچلىنىۋالمىسۇن. (يەنى ئوچۇق ھالەتتە قالمىسۇن)»[2]

7 ـ ئەر ئايال جىنسىي مۇناسىۋەتنى باشقىلار ئۇلارنى كۆرۈپ قالىدىغان ياكى شۇنداق ئىش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدىغان يەردە قىلماسلىقى لازىم. ئەر ئايالىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سۆيمەيدۇ ياكى قۇچاقلىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش سۈپەتكە دەخلى يەتكۈزىدۇ.

8 ـ ئەرنىڭ ئۆزىنى پاكىزلىشى ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ يېنىدا بىر پارچە لاتىنى ساقلىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئايال ئەقىللىق ئايال بولسا، قېشىدا بىر پارچە لاتا ساقلايدۇ. ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆزىنى پاكىزلىشى ئۈچۈن لاتىنى ئەرگە بېرىدۇ. (ئەردىن كېيىن) ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى پاكىزلايدۇ.»

9 ـ ئەر ئايالى بىلەن بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن (شۇ كېچىنىڭ ئۆزىدە) يەنە تەكرار جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولسا، يۇيۇنمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن كىچىك تاھارەت ئېلىۋېتىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى تاھارەت ئۇنى تېخىمۇ روھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پاكىزلىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار ئايالى بىلەن

---

(1) ئەبۇيەئلا رىۋايىتى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە كىملىكى تونۇلمايدىغان ئادەمدىن بىرسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر بولسا ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەرتلىرىگە توشقان ئادەملەردۇر.

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئىككى ئالاقىنىڭ ئارىسىدا كىچىك تاھارەت ئېلىۋەتسۇن.»[1]

10 - ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ بارلىق ئەزا ۋە پۈتۈن جىسمىدىن پايدىلىنىشى ۋە ھۇزۇرلىنىشى توغرىدۇر. لېكىن ئەر كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار (ئەركىشى) ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلسە، بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار» يەنى مەيلى ئالدى تەرەپتىن كېلىڭلار مەيلى كەينە تەرەپتىن كېلىڭلار، لېكىن كېلىدىغان يەر پەقەت ئالدى بولسۇن، دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەن.[2] يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئالدى تەرىپىنى نىشان قىلسىلا ئايالنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بولامدۇ ياكى كەينى تەرىپىدىن بولامدۇ (خالىغان رەۋىشتە) كەلسە بولىۋېرىدۇ.»[3] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «اللە ئەر كىشىنىڭ ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقىسىغا (ئارقا تەرەت يولىغا) كەلگەن كىشىلەرگە قارىمايدۇ.»[4]

11 - ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئارىسىدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى ۋە ئىشلارنى كىشىلەرگە سۆزلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشتىن توستى. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مۇنچە ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئەرلەرگە قاراپ: «ئىچىڭلاردىن بىرىڭلار (ئايالىدىن) ئايرىم بولغان چاغدا (كىشىلەرگە) ئايالى بىلەن قىلغان ئىشلارنى سۆزلەمدۇ» دېدى، ئاندىن ئاياللارغا قاراپ: «ئىچىڭلاردىن بىرىڭلار (كىشىلەرگە) ئېرى بىلەن قىلغان ئىشلارنى سۆزلەمدۇ» دېدى. بىر ئايال قوپۇپ: ئەرلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلماڭلار. (ئەگەر سىلەر ئۇنداق قىلساڭلار)

(1) ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى..

(4) تىرمىزىي ۋە نەسائىي رىۋايىتى..

سىلەرنىڭ ئۇ چاغدىكى مىسالىڭلار چىشى شەيتان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئەركەك شەيتاننىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر.» دېدى.

بۇ ھەقتە ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى اللە نىڭ دەرگاھىدا ئورنى ئەڭ ناچار بولىدىغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ئاندىن ئۇنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا يايغان ئادەمدۇر.»[1]

## ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدە

ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر دىندۇر. ئىنساننىڭ مەيلى دۇنيادىكى ھاياتىغا ئالاقىدار ئىش بولسۇن ۋە ياكى ئاخىرەتتىكى ھاياتىغا ئالاقىدار ئىش بولسۇن ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ۋە ئەڭ تەپسىلىي ھالەتتە بايان قىلىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى جىنسىي ئالاقىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىسلام دىنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى بۇ ئالاقىنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ بايان قىلىدۇ. ھەتتا ئىسلام دىنى بۇ ئالاقىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىبادەتلەردىن، ئىنسان ساۋاب بېرىلىدىغان ۋە اللە تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلاردىن دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى چىرايلىق شەكىلدە ۋە ناھايىتى سىلىق ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتتە كەلگەن قۇرئاننىڭ گۈزەل ئۇسلۇبىنى ۋە اللە تائالانىڭ بۇنى بايان قىلىشتىكى كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى ئويلا: «روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). اللە ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. اللە تەۋبەڭلارنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، اللّٰه سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن, كېچە بولسۇن), ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار اللّٰه بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، اللّٰه ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ[1]» ساڭا بۇ ئايەتتىكى جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بايانلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولغان روزىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئارىسىدا كەلگەنلىكى مەخپىي ئەمەس ئەلۋەتتە.

ئەگەر سەن بۇ ھەقتە بۇنىڭدىنمۇ روشەن ۋە ئوچۇق بىر بايان بىلمەكچى بولساڭ، اللّٰه تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقۇغىن: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا اللّٰه بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ. ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار، (گۇناھتىن چەكلىنىش بىلەن) اللّٰه دىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى سىلەر اللّٰه غا مۇلاقات بولۇسىلەر، مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن» [2]

سەن يەنە جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋە ئېنىق بىر تەربىيەنىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟ مەزكۇر ئايەتلەردە بايان قىلىنغان تەربىيەلەر بولسا، ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ھېكمەت

(1) سۈرە بەقەر 187 ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەر 222 ـــ 223 ـ ئايەتلەر.

بىلەن ئۆگىتىدىغان جىنسىي ئالاقىغا ئائىت بولغان تەربىيەدۇر. مەزكۇر تەربىيەلەر، ياشلار تىگىگە يېتىشكە ۋە سىرلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق بولغان جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار تەربىيەنى ئۇلارغا ئۆگىتىشىمىز كېرەك دېگەن شۇئار ئاستىدا تاراتقان، يايغان، ھېسياتلارنى قوزغايدىغان ۋە ھارام ئىشلارغا يېقىنلىششقا ئۈندەيدىغان ھاياسىز قىسسىلەردىن بىزنى بىھاجەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بۇ باھانە بىلەن يازغان ۋە يايغان كىتابلىرىدىن تەربىيە ياكى بىلىم ياكى ئەدەب دەيدىغان بىرەر نەرسە ئۇچراتمايسەن. ئەكسىچە ئۇ كىتابلاردا شەھۋەت، ھېسياتلارنى قوزغاش ۋە ھارام ئىشلارنى ھالال قىلىش بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسەن. كىشىلەر بۇنداق ئادەملەرنى گېزىتلەردە، ژۇرناللاردا ۋە يىغىلىشلاردا ئەدىبلەر، دەپ قارغۇلارچە باھا بېرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار ئەدىبلىكتىن كىچىككىنىمۇ نېسۋىسى يوق ئادەملەردۇر.

ئەگەر سەن جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار ناھايىتى پاكىز بىر تەربىيەنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ، مەن بىلەن بىللە سۈننەت باغچىسىغا كىرگىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگىن: «ھەر بىر تەسبىھ سەدىقە، ھەر بىر تەكبىر سەدىقە، ھەر بىر ھەمد سەدىقە، ھەر بىر تەھلىل سەدىقە ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقە، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقە» دېدى. كىشىلەر: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ بىرەرىمىز ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدىغۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا ئۇنىڭغا ئەجىر باردۇر» دېدى.[1]

سەن ماڭا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىپ باق: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن بولغان مەقسىتىنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق ساھابىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئى ھېسياتىنى ۋە شەھۋىتىنى ھالال ئىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ھارامدىن بىھاجەت قىلىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىچىدە قاندۇرۇش ئۈچۈن جىنسىي ئالاقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن قىلىشقا ھېكمەت، ئوچۇقلۇق

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**ۋە ئىپپەتلىك بىلەن تەرغىپ قىلغانلىقىنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟**

**ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قۇرەيز قەبىلىسىدىكى رۇفائىنىڭ ئايالى كىرىپ مۇنداق دېدى: مېنى رۇفائى ئۈچۈنچى تالىقى بىلەن (يەنى بۇرۇن ئىككى قېتىم تالاق قىلىۋەتكەن ۋە بۇ قېتىمدا تالاقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولغان ئۈچۈنچى تالاق بىلەن) تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئاندىن مېنى ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەير نىكاھىغا ئالدى. ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسى كىيىمنىڭ پېشىگە ئوخشاش ئىكەن، دەپ كىيىمنىڭ بىر پېشىنى تۇتتى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىسسىڭدە كۈلۈپ قويۇپ (ھېلىقى ئايالغا): «سىز (بۇرۇنقى ئېرىڭىز) رۇفائى بىلەن يارىششىنى خالايدىغاندەك تۇرىسىز. سىز (كېيىنكى ئېرىڭىزنىڭ) ھەسىلىنى، (كېيىنكى ئېرىڭىز) سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغىچە (يەنى ئاراڭلاردا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتۈلمىگىچە) سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز بىلەن يارىشىۋېلىشىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ» دېدى.[2]**

**سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئاجىز ئىكەنلىكىنى قانداق ئوچۇق بىر شەكىلدە بايان قىلغانلىقىغا ۋە ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى ئاجىزلىقىنى كىيىمنىڭ بىر پېشىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرگەنلىكىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى قانداق ئېتىبارغا ئالغانلىقىغا، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزىنى چۈشەنگەنلىكىگە ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا: «سىز (كېيىنكى ئېرىڭىزنىڭ) ھەسىلىنى، (كېيىنكى ئېرىڭىز) سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغۇچە» دېگەن ئاجايىب بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جاۋابىنى بەرگەنلىكىگە قارا.**

**ئەگەر سەن جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئېسىل ئەدەب ۋە ئاجايىب ھېس بىلەن سۈپەتلەنگەن سۈپەتنى بىلمەكچى بولساڭ، تۆۋەندىكى ھەدىسكە قۇلاق سال: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىسىدا ساھابىلار، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، لېكىن مەنىي تۆكۈلمىگەن بىر ئادەمگە يۇيۇنۇشنىڭ لازىم بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كاتتا ساھابىلاردىن**

(1) يەنى ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتەئاجىز ئىكەن دېمەكچى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

بولغان ئەبۇمۇسا ئەلئەشئەري (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مەن سىلەرگە بۇ مەسىلە ھەققىدە قانائەتلىك جاۋاب تاپىمەن، دېدى ـ دە ئورنىدىن تۇرۇپ (ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يېنىغا كېلىپ) ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت بەردى. ئۇ ساھابە ئائىشەگە: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! ھەقىقەتەن مەن سىزدىن بىر سوئال سورىماقچى، لېكىن مەن سىزدىن (بۇ سوئالنى سوراشتىن) خىجىل بولىۋاتىمەن، دېدى. ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: سەن سېنى تۇغقان ئاناڭدىن سوراشتىن خىجىل بولمايدىغان سوئالنى مەندىن سوراشتىنمۇ خىجىل بولمىغىن. چۈنكى مەنمۇ سېنىڭ ئاناڭ، دېدى. ئۇ ساھابە: قانداق ئىش يۇيۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ دېدى. ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): سەن بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان بىرىنىڭ قېشىغا كېلىپسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئەر ئايالنىڭ تۆت شېخىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرسا، (ئۇنىڭ) خەتنىگايى (ئايالنىڭ) خەتنىگايىغا تەگسە يۇيۇنۇش لازىم بولىدۇ» دېگەن، دېدى.[1]

خۇشبۇيلۇقتا، تويى يېقىندا بولغان قىزنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان خۇشبۇي نەرسە يوق ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار تېمىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئوچۇق ۋە چىرايلىق سۆز يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا ئىخچام، لېكىن مەزمۇنى مول سۆزلەر بىلەن سۆزلەش ئىقتىدارىنى بەرگەن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغان، پەقەت ئۆزىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭغا ئەڭ كاتتا سالاملار بولسۇن!

## ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ئىسلام دىنىدا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدە ھەقلىرى ۋە ھەر بىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى بار. ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان اللّٰه تائالا ھەقلەر بىلەن مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئارىسىدا بىر تەڭپۇڭلۇقنى قىلدى. شۇڭا اللّٰه تائالا بىر

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەرەپ پايدىلىنىدىغان ھەر بىر ھەقنىڭ قارشىسىدا ئۇ تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپ ئۈچۈن ئۈستۈگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مەجبۇرىيەتنى بېكىتتى. مانا بۇ الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتە ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە بايان قىلىنغاندۇر: «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. الله غالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (1)

الله تائالا ئەرلەرنى ئىگە قىلغان بىر دەرىجە بولسا ھامىيلىق ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستۈگە ئالغانلىق دەرىجىسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)» (2)

الله تائالانىڭ: «ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە» ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئۇ بولسىمۇ الله تائالا ئەرلەرنىڭ ئۈستۈگە يۈكلىگەن ئۇلارنىڭ ئاياللارغا ھامىيلىق قىلىش، نەپىقە بېرىش، مەسئۇل بولۇش ۋە (ئاياللارنىڭ ئۇلارغا) بويسۇنۇش دەرىجىسىدۇر. بۇ ئارتۇقچىلىق ئەرلەرگە ئۇلارنىڭ ئاياللاردىن ئۇلۇغ ۋە ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ئارتۇقچىلىق دەرىجىسى بولماستىن بەلكى مەسئۇلىيەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن دەرىجىسىدۇر.

الله تائالا: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» دېگەن ئايىتىدە ئەرنىڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ئۇنى توغرا تەرەپكە يۈزلەندۈرۈشكە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. يەنى ئەرلەر خۇددى دۆلەت مەسئۇللىرى خەلقنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغىنىدەك ئاياللارنى بىر ئىشقا بۇيرۇش، بىر ئىشتىن توسۇش، ئۇلارغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرىلىققا يۈزلەندۈرۈش ئىشلىرىغا

(1) سۈرە بەقەر 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەسئۇلدۇر. الله تائالانىڭ: «بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ــ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: بۇ الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەقىل ـ پاراستى، تەدبىر ۋە ئۇلارنى ئىگە قىلغان كەسىب ـ ھۈنەر سەۋەبىدىندۇر. يەنى ئۇلار ئاياللارنى (خەيىم ـ خەتەردىن) ساقلاش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، نەپىقە بېرىش ۋە ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش ئىشلارغا مەسئۇلدۇر.[1]

ھەر قانداق بىر جەمىيەتتە ئۇ جەمىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى رەتكە سالىدىغان بىر مەسئۇلنىڭ بولىشى لازىم. ئائىلە بولسا ئەڭ مۇھىم بىر جەمىيەتتۇر. ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىشلارنى تەييارلاش ئائىلىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئامىللىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىشى لازىم. بىر ئائىلىنىڭ ئىچىدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئەڭ ھەقلىدۇر. چۈنكى ئەر دۇنيا ئىشلىرىنى ئايالغا قارىغاندا كۆپ بىلگەندىن سىرت ئائىلىدىكى كىشىلەرگە نەپىقە بېرىشكە مەسئۇل كىشىدۇر.

## ئايال كىشىنىڭ ھەقلىرى

ئىسلام دىنىدا بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ھەقلىرى بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

### 1 ـ تويلۇق:

تويلۇق بولسا نىكاھ قىلغان ۋاقىتدا ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق مۇددەت بۇرۇن ئەر توي قىلماقچى بولغان ئايالغا بېرىدىغان مەلۇم مىقداردىكى مال ـ دۇنيادۇر. ئايال بىلەن سۆزلىشىپ تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى نىكاھ قىلغان ۋاقىتدىن كېچىكتۈرۈپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

(1) <سەپۋەتۇتتەپاسىر>.

تويلۇق بولسا نىكاھنىڭ لازىمەتلىرىدىن، لېكىن نىكاھنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەردىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن (نىكاھ قىلىنىغان چاغدا) تويلۇقنى تەيىن قىلماي تۇرۇپ قىلغان نىكاھمۇ توغرا بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئايال ئۆزىنىڭ جەمىيەتتە بار تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقىنى تەلەپ قىلىش ھەققە ئىگىدۇر. ئايەت ۋە ھەدىسلەر تويلۇقنىڭ ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاك ھالال بىلىپ) يەڭلار» [1]

ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپنىڭ ئۈستىدە زەپەرنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە؟» دېدى. ئۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆيلەنگەن ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ تويلۇقىغا نېمە بەردىڭ» دېدى. ئۇ: بىر ئۈچكە ئېغىرلىقىدا[2] ئالتۇن بەردىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا ساڭا بەرىكەت بەرسۇن بىر قوي ئۆلتۈرۈپ بولسىمۇ (توي قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن) تاماق تەييارلىغىن» دېدى.[3]

نىكاھ قىلىنىغان چاغدا (تويلۇقنى تەيىن قىلماي تۇرۇپ قىلغان نىكاھ توغرا بولسىمۇ)، لېكىن بۇ چاغدا تويلۇقنى تەيىن قىلىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزلىرىنى ياتلىق قىلغان ۋە ئۆزى ئۆيلەنگەن چاغلاردا تويلۇقنى تەيىن قىلغان. نىكاھ قىلغان ۋاقىتدا تويلۇقنى تەيىن قىلىش كېيىن يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئايالغا تويلۇق بېرىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىرى بار. تويلۇق بولسا، ئەرنىڭ ئايالنى تەقدىرلەيدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ماددىي بىر ئالامەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا تويلۇقنى ئۆزىنىڭ: «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ

(1) سۈرە نىسا 4 ـ ئايەت.

(2) بۇ بىر ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ گىرام ھېسابىدا 15 گىرامغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. ت.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

بېرىڭلار » [1] دېگەن ئايىتىدە <سوغات> دەپ سۈپەتلىدى. تويلۇق ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى مەنىۋىي ئالاقىنى كۈچلەندۈرىدىغان ماددىي بىر ئالاقىدۇر. تويلۇق يەنە ئايال ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەرنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرلىدىغان كېچىدە ئېھتىياج بولىدىغان يىڭى كىيىم ـ كېچەك، زىنەت بۇيۇملىرى، ئەتىر ۋە بەزى ئۆي سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى قامدايدۇ. ئايالنىڭ شۇ كېچىدە مەزكۇر نەرسىلەرگە ئېھتىياجىنىڭ چۈشۈشىدە شەك يوق.

ئىسلام دىنىدا تويلۇقنىڭ مۇئەييەن بىر مىقدارى يوق. بارلىق ئالىملارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە تويلۇقنىڭ يۇقىرىسىنىڭ چەك ـ چېگراسى يوق. شۇنىڭدەك يەنە كۆپ قىسىم فىقھشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇنىڭ تۆۋىنىنىڭمۇ چەك ـ چېگراسى يوق. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك تويلۇق دېگەن ئەرنىڭ ئايالنى تەقدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ماددىي ئالامەتتۇر. شۇڭا تويلۇق ئۈچۈن مۇئەييەن بىر مىقدار بېكىتىۋېلىش ئەقىلغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئايالлар سۈپەتتە، چىرايدا، خىسلەتتە، قابىلىيەتتە ۋە ئىقتىداردا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تويلۇقىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى ناھايىتى تەبىئىدۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپىلىك زامانىدا تويلۇقنىڭ يۇقىرىسىغا چەك ـ چېگرا قويماقچى بولىۋىدى، بىر ئايال قوپۇپ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ (تويلۇقنىڭ يۇقىرىسىغا چەك ـ چېگرا قويۇشنىڭ بولمايدىغانلىقىغا) اللہ تائالانىڭ: « ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ » [2] دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۆزىنىڭ (تويلۇققا چەك ـ چېگرا قويۇش) پىكرىدىن قايتقان[3].

(1) سۈرە نىسا 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نىسا 20 ـ ئايەت.

(3) بۇ قىسسىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ مۇنداق دېدى: ئى خالايىقلار! سىلەر تويلۇقنى نېمە دەپ جىق سالىسىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سالىدىغان تويلۇقلىرى 400 كۈمۈش تەڭگە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدى. ئەگەر تويلۇقنى جىق سېلىش اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدا تەقۋالىق بولىدىغان ياكى بىرەر ياخشىلىق بولىدىغان بولسا، سىلەر بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيتتىڭلار (يەنى ئەگەر تويلۇقنى جىق سېلىش بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ

تويلۇقنىڭ بىر چەك ـ چېگراسى بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى دەۋرىمىزدە كۆپلىگەن ئىسلام دۇنياسىدا كۆرۈلگىنىدەك ھەتتا تويلۇقنىڭ ئۆيلىنىشكە تۇسالغۇ بولىدىغان بىر ئامىل بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تويلۇقنى يەڭگىل قىلىش ياخشىدۇر، ئۇنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش بولسا يامان بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايالغا تەلەپ قويۇشنىڭ ئاسانغا چۈشۈشى، ئۇنىڭ تويلۇقىنىڭ ئاز بولىشى ۋە ئاسان قورسىقىدا قېلىشى ئۇنىڭ بەرىكەتلىك ئايال ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدىندۇر.» [1]

ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چىقىمى ئەڭ ئاز بولغان ئايال ئەڭ بەرىكەتلىك ئايالدۇر.» [2]

ئەبۇسەلىمە ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئاياللىرىغا بەرگەن) تويلىقلىرى قانچىلىك ئىدى؟ دەپ سورىدىم. ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن تويلۇقلىرى ئون ئىككى يېرىم ئۇقىيە[3] بولۇپ ھەممىسى 500 كۇمۇش تەڭگىدىن ئىبارەت ئىدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا بەرگەن تويلىقىدۇر، دېدى.» [4]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تويلۇقنىڭ بەك ئېغىر بولۇپ كېتىشىدىن توسۇپ مۇنداق دەيتتى: سىلەر تويلۇق سېلىشتا بەك ئاشۇرۇۋەتمەڭلار! ئەگەر ئۇ تويلۇق كىشىنى دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر

ساھابىلىرى ئاللىقاچان بۇنى سىلەردىن بۇرۇن قىلاتتى). مەن (بۇنىڭدىن كېيىن) بىر كىشىنىڭ بىر ئايالغا ئالغان تويلۇقى 400 كۇمۇش تەڭگىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەي، دېدى. كېيىن ئۆمەر مۇنبەردىن چۈشۈۋېدى، قۇرەيشلىك بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! سەن كىشىلەرنى ئاياللارنىڭ تويلۇقىدا 400 كۇمۇش تەڭگىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن توستۇڭمۇ؟ دېدى. ئۆمەر: ھەئە! دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئايال: سەن اللہ تائالا قۇرئاندا چۈشۈرگەن ئايىتىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ: قايسى ئايەت؟ دېدى. ئۇ ئايال: سەن اللہ تائالانىڭ «ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئۆمەر: ئى اللہ! گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ھەممە كىشىلەر ئۆمەردىن بەك ئالىم ئىكەن، دېدى ـ دە كەينىگە قايتىپ مۇنبەرگە چىقىپ: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئاياللارنىڭ تويلۇقىدا 400 كۇمۇش تەڭگىدىن ئاشۇرۇۋېتىشىڭلارنى توسقان ئىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن خالىغان كىشى ئايالىغا ئۆزىنىڭ بەرگىسى بارنى بەرسۇن، دېدى. ئىبنى كەسىرگە قارالسۇن. ت.

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايىتى.

(3) بىر ئۇقىيە تەقرىبەن 37. 44 گىرامغا تەڭ. ت.

(4) ئىمام مۇسلىم، نەسائىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايىتى.

قىلىدىغان ئىش بولىدىغان ياكى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا تەقۋالىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇنى قىلىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەردىن بەك ھەقلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ياكى ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ تويلۇقى ئون ئىككى ئۇقىيەدىن ئارتۇق بولمىغان ئىدى. بىر كىشىگە ئايالىنىڭ تويلۇقى ئېغىر سېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئايالى ئۇچۇن بىر ئۆچمەنلىك قالىدۇ ـ دە: (مەن ساڭا ھەتتا خالتىنىڭ يىپىغىچىلىك چىقىم قىلدىم، دەيدۇ.)[1]

تويلۇقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ئۆيلەنمەكچى بولىۋاتقان ياشلار (ئۆيلىنىش يولىدا) دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ كاتتا توسالغۇدۇر. كۆپلىگەن ياشلار تويلۇقنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن توي قىلىشتىن يۈز ئۆرۈمەكتە، تويلۇق تەييارلاشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۇچۇن توي قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىشتىن قاچماقتا. بۇ ھەقىقەتتە نۇرغۇنلىغان پىتنە ـ پاساتلارغا يول ئاچىدىغان جەمىيەتنىڭ ئەڭ ئېغىر مەسىلىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ ئاساسى ۋە كېلىش مەنبەيى كۆڭۈللىرىمىزگە ئورنۇشۇپ كەتكەن شەكىلۋازلىق ۋە شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشتۇر. شۇنىڭدەك يەنە خۇددى قۇرۇق ئوت ـ چۆپكە تۇتاشقان ئوتتەك بىزنىڭ جەمىيىتىمىزگە ئېقىپ كىرگەن (غەربكە) قارىغۇلارچە ئەگىشىش ئىشى بىزنىڭ دىللىرىمىزنى ھەقنى كۆرۈشتىن كور قىلدى ۋە قۇلاقلىرىمىزنى ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس قىلدى.

تويلۇق ئېغىرلىشىپ كەتتى، دېگەنلىكنىڭ مەنىسى قانداق مەناغا كېلىدۇ؟ تويلۇق ئېغىرلىشىپ كەتتى دېگەنلىك نۇرغۇنلىغان ياشلارنى بويتاق قېلىشقا، نۇرغۇنلىغان قىزلارنى تۇل ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقا ۋە ئۇلارنى پىتنە ـ پاساتنىڭ يولىغا، دىنىدىن ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقىدىن ئاجراپ چىقىشقا ئىتتىرىش دېمەكتۇر. تويلۇق ئېغىرلىشىپ كەتتى، دېگەنلىك يەنە پەقەت بايلارلا ۋە قول ئىلكىدە بار ئادەملەرلا ئۆيلەنسۇن، دېمەكتۇر. چۈنكى پەقەت ئۇلار ئاياللارنىڭ تويلۇقنى ۋە نەپىقىسىنى بېرىشكە قادىردۇر. جەمىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئوغۇل ـ قىزلارنى توي قىلىش نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىش، تويدا ماددىي تەرەپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ۋە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن (توي قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ دىيانىتىگە قاراش دېگەنگە ئوخشاش) تەرەپلەرنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، دېگەنلىكتۇر.

(1) بۇ ئەسەرنى نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

تويى قىلماقچى بولغان، لېكىن تويلۇقنىڭ ئېغىر بولۇش سەۋەبىدىن تويى قىلالمىغان بىر ياش، دىلدا يۈرەكنى ئېزىدىغان بىر دەرت ھېس قىلىدۇ ـ دە بۇنىڭدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى پاھىشىگە، ئېچىملىككە ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىدۇ. ئۇ دەرت ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقىمۇ ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ياكى ئۇنىڭغا ئەقلىدىن ئېزىپ كېتىشكە ۋە نىرۋا خارەكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشقا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. ھارامنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشنىڭ ئۆزىمۇ ھارامدۇر. قىزلىرىنىڭ تويلۇقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدىغان ئاتا ـ ئانىلار اللّٰه تائالانىڭ: «مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، اللّٰه (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ كۆرۈشى كېرەك.

قىزلىرىنىڭ تويلۇقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدىغان بەزى ئاتا ـ ئانىلار بىز شۇنداق قىلىش ئارقىلىق قىزىمىزنىڭ ھەققىنى ساقلاپ قالىمىز ۋە ئېرىنىڭ ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز، دەپ باھانە كۆرسىتىشى مۇمكىن. مەن بۇنىڭغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىلارغا مۇنداق دەيمەن: «تويلۇق بىر ئەرنى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەرنى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان پەقەت بىرلا نەرسە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئورنىتىلمىسىدۇر. تويلۇقنىڭ ئېغىر بولۇپ كېتىشى تېخى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئورنىتىلىشىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سۆزى بۇ مەنانى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئەر (ئايالىغا تويلۇقنى چىق سالغان ۋاقتىدا) ئۆزىنى مال ـ دۇنيايىم بىلەن ئايالنى سېتىۋالدىم ۋە ئەگەر بۇ مال ـ دۇنيا بولمىغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلالمايتتىم، دەپ قارايدىغان تۇرسا، بۇ ھالەتتە بۇ ئەر قانداقمۇ ئايالىنى ياخشى كۆرسۇن؟ مېھرى ـ مۇھەببەت دېگەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ماددىي پرىنسىپ ئاستىدا مەۋجۇت بولالمايدۇ. بىزنىڭ تويلۇقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىش مەسىلىسىدىن قوتۇلۇش يولىمىز پەقەت سەلەپلەر تۇتقان يولغا قايتىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تويلۇقنى يەڭگىل قىلىشتۇر،

(1) سۈرە نۇر 19 ـ ئايەت.

ئۆيلىنىش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشتۇر. ئەگەر تويلۇقنى ئېغىرلاشتۇرۇش لازىم بولىدىغان ئىش بولسا، ئوغۇل تەرەپكە ئاسانلاشتۇرۇش ۋە ياشلارنى ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن تويلۇقنىڭ ھەممىسنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى (نىكاھ قىلغان چاغدا ئەمەس) كېيىن تاپشۇرۇپ ئېلىش ئارقىلىق قىلىسمۇ بولىدۇ.»

بەزى ئىسلام جەمىيىتىدە مەۋجۇت بولغان تەيىن قىلىنغان تويلۇقنىڭ بىر قىسمىنى كېچىكتۈرۈپ كېيىن ئېلىش ئادىتى ياخشى بىر ئادەتتۇر. ئوغۇل قىزنىڭ تويلۇقىغا قانچىلىك نەرسە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە قىزغا ئىگە بولغان ئادەم بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئاندىن يەنە تويلۇقنىڭ قانچىلىك مىقدارىنى نىكاھ قىلغان ۋاقىتدا بېرىدىغانلىقىنى (بۇ نىكاھتىن ئىلگىرى بېرىلىدىغان تويلۇق، دەپ ئاتىلىدۇ.) ۋە قالغىنى كېچىكتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلىشىدۇ. (بۇ نىكاھتىن كېيىن بېرىلىدىغان تويلۇق، دەپ ئاتىلىدۇ.) نىكاھتىن كېيىن بېرىلىدىغان تويلۇق قىز تويلۇقنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان ياكى تالاق قىلىنغان ياكى ئەر ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا بېرىلىدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنى قانچىلىك مىقدارىنى نىكاھتىن ئىلگىرى ۋە قانچىلىك مىقدارىنى نىكاھتىن كېيىن بېرىلىدىغانلىقى نىكاھ قىلىنغان چاغدا سۆزلىشىلىدۇ ۋە نىكاھنى تىزىملاش دەپتىرىگە تىزىملىتىپ قويۇلىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئايالغىمۇ ئۇ ئالماقچى بولغان تويلۇقنى بىرىپ ھەققىنى ساقلاپ قالغان، ئەرگىمۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرغان بولىمىز. ئەر نىكاھتىن ئىلگىرى تويلۇقتىن پەقەت بېرىشكە كۈچى يەتكەن مىقدارىنى بېرىدۇ. تويلۇقنىڭ نىكاھتىن كېيىن بېرىلىدىغان قىسمى بولسا، ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى ئالاقىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ قىسمى ئايال ئۈچۈن ئايال ئۇنىڭدىن ئېغىر كۈنلەرگە ۋە بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالغان چاغلاردا پايدىلىنىدىغان بىر خەزىنە بولۇپ ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

تويلۇق پەقەت ئايالنىڭلا ھەققىدۇر. ئايال ئۇنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئىشلىتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ تويلۇق ئۈچۈن ئايالغا بېرىلگەن (پۇل ياكى نەرسە كېرەكلەردىن) ئايالنىڭ رازىلىقىسىز ئازراق بولسىمۇ ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ تويلۇقىنىڭ ھەممىسنى

ياكى بىر قىسمىنى، بەزى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ تويلۇقىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئايالنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋېلىشلىرى شەرىئەتتە توغرا ئەمەس. ئەگەر تويلۇقنىڭ ئىگىسى بولغان ئايال رازى بولۇپ تويلۇقنى بەرسە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۇنى ئېلىشى توغرىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاك ھالال بىلىپ) يەڭلار» [1]

## 2 ـ تەمىنات:

تەمىنات بولسا، ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىدىكى ئىككىنچى ھەققىدۇر. ئايال باي بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىگە ياكى ئېرىگە ياكى ئائىلىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرەرسىگە تەمىنات بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئىسلام دىنىدا ئائىلىدىكىلەرگە تەمىنات بېرىشكە بۇيرۇلىدىغان كىشى بولسا، پېقىر بولغان تەقدىردىمۇ ئەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئايالىغا، بالىۋاقىلىرىغا ۋە ئائىلىدىكى ئادەملەرگە تەمىنات بېرىش ئۈچۈن ئىشلىشى، تىجارەت ۋە ھۈنەر قىلىشى لازىم. الله تائالا تەميناتنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بىر مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـقۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر).» [2] بىز بۇ ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەرنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. الله تائالا بۇ ھەقتە باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېدى: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك» [3] تەمىنات ئايالغا ئۆي تۇتۇپ بېرىش، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بېرىش ۋە تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) سۈرە نىسا 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە بەقەر 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەمىناتنىڭ مىقدارى ئەرنىڭ بايلىق ۋە پېقىرلىق ئەھۋالىغا قارىتا بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «باي ئادەم (ئايالنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ﷲنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). ﷲ ئىنسانىنى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، ﷲ قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)» [1]

ئائىلىنى تەمىنلەش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئايالنىڭ بۇنىڭدا ئەرگە ياردەملىشىپ بېرىشى توغرىدۇر. (يەنى ئايال ئۆينىڭ بەزى چىقىملىرىنى ئۆزىنىڭ پۇلىدىن چىقىرىپ قىلىپ بەرسە بولىدۇ.) بۇ ھالدا ئايال ئائىلىگە ياخشىلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئايال خالىغان ۋاقىتتا ياردەم قىلىشتىن توختىۋالالايدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا يېتەرلىك تەمىناتنى بەرمىسە ئايالنىڭ ئەرگە بىلدۈرمەستىن ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن ئۆزىگە يېتەرلىك مىقداردا ئېلىش ھەققى بار. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئۇتبەنىڭ قىزى ۋە ئەبۇسۇپيانىنىڭ ئايالى بولغان ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئەبۇسۇپيان ناھايىتى بېخىل ئادەم، ئەگەر مەن ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەستىن بىر نەرسە ئالمىسام ئۇ ماڭا مېنىڭ تۇرمۇشىمغا ۋە ئوغلۇمنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك تەمىنات بەرمەيدۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا بىلىندۈرمەي ئۇنىڭ مېلىدىن ئېلىۋالسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭ مېلىدىن قائىدە بويىچە سىزگە ۋە ئوغلۇڭىزغا يەتكۈدەك ئېلىپ ئىشلىتىڭ» دېدى.[2]

ئەر ئايالىغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىش لازىم. ئۇ ئۆيدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ ئايالى بىلەن بىللە تۇرغۇزماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۆيمۇ ئايالغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايالغا ئۆي تۇتۇپ بېرىشى خۇددى ئايالغا تەمىنات بېرىش لازىم بولغىنىدەك لازىمدۇر. ﷲ تائالا ئايالغا ئۆي تۇتۇپ بېرىش بىلەن ئۇنىڭغا تەمىنات بېرىشنى

(1) سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بىر يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلارنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار» [1]

ئەگەر ئۆي تۇتۇلۇپ بېرىلىش ئايالنىڭ ھەققى بولسا، ئەرنىڭ ئۇ ئۆيدە ئايالدىن باشقا (مەسىلەن: ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئوخشاش) بىر ئادەمنى تۇرغۇزۇش ھوقۇقى يوق. چۈنكى ئايال ئۆيدە يېنىدا باشقا بىرسىنىڭ تۇرۇشىدىن سىقىلىدۇ. نەرسىلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ ۋە ئايالنىڭ ئېرى بىلەن خالىغان ۋاقىتتا بىر يەردە بولۇشىغا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. لېكىن ئايال ئەگەر يېنىدا باشقا بىرسىنىڭ تۇرۇشىنى ئۆزى تەلەپ قىلسا، بۇ ھالدا ئەر ئۆيدە باشقىلارنى تۇرغۇزسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئايال (ئۆيدە كۆرۈلىدىغان بەزى سىقىلىشلارغا) ئۆزى رازى بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ ئۇ ئايالدىن باشقا بىرسىدىن بولغان بالىسى بولسىمۇ ئۇنى ئۇ ئايالغا تۇتۇپ بەرگەن ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغۇزۇش ھەققى يوق.[2]

## ئىشلەيدىغان ئايال ھەققىدە

ئىسلام دىنى ئايالنى ئايال ھاياتىنىڭ قايسى باسقۇچىدا بولسا بولسۇن تىجارەت قىلىشقا ياكى ئىشلەشكە بۇيرۇمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئائىلىنىڭ تەمىنات ۋە چىقىملىرىدىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسىنى ئايالنىڭ ئۈستىگە يۈكلىمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ تەمىناتىنى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. مەسىلەن: بىر ئايال قىز ھالىتىدە بولسا ئۇنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈستىگە، ھەمشىرە بولسا تەمىناتىنى بېرىشكە قۇدرىتى يەتكەن قېرىندىشىنىڭ ئۈستىگە، ياتلىق بولسا ئېرىنىڭ ئۈستىگە، ئانا بولسا كەسىپى بار بالىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. ئىش شۇنداق بولسىمۇ ئىسلام دىنى مەلۇم شەرتلەر ئاستىدا ئايالنىڭ ئىشلەپ پۇل تېپىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئەگەر ئايال ئېرى بار ئايال بولسا، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشلەشكە رۇخسەت بېرىشى لازىم.

(1) سۈرە تالاق 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 43 ـ بەت.

2 ـ ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ قىلىدىغان ياكى ئەرلەر بىلەن ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالىدىغان ئىش بولماسلىقى لازىم.

3 ـ ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى مەسىلەن: تىككۈچىلىك، سېستىرالىق، دوختۇرلۇق ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئاياللىق سۈپىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن بولىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ھەتتا ئەرلەرگە ئوخشاپ قالماسلىقى ۋە مىجەز ـ خاراكتىرى ئۇلارنىڭكىدەك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەرلەرگە خاس قاتتىق ۋە ئېغىر ئىشلارنى قىلىشى توغرا ئەمەس.

ئايالنىڭ ئىشلەش ئارقىلىق تاپقان پۇلى ئۇنىڭ خاس مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىش ھەققى پەقەت ئۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئەرنىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ پۇلنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىش ھەققى يوق. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! اللہ سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. اللہ دىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (اللہ بېرىدۇ). اللہ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» [1]

## 3 ـ چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىش:

ئەرنىڭ ئايالى بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار» [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان تەۋسىيەلىرى ئاياللار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىش ھەققىدىدۇر. تۆۋەندىكى ئۇ تەۋسىيەلەرنىڭ بىرىدۇر: «ئاياللارغا ياخشى نەسىھەت قىلىڭلار، چۈنكى ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلدى. قوۋۇرغىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئەگرى كېلىدۇ. سەن قوۋۇرغىنى تۈزلەيمەن

(1) سۈرە نىسا 32 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن[1]. ئەگەر سەن ئۇ ئەگرى قوۋۇرغىدىن ئۆز پېتىچە مەنپەئەتلىنەي دېسەڭ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەلەيسەن. ئاياللارغا ياخشى نەسىھەت قىلىڭلار.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان مەقسىتى ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان كەمچىلىكلەرنىڭ (ئاياللار تۇغۇلۇپ بولغان كېيىن) ئۇلارنى ئۆزلىرى يېتىشتۈرۈۋالغان كەمچىلىكلەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇ كەمچىلىكلەرنىڭ ئاياللار ئەسلى يارىتىلغاندا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بار ھالەتتە يارىتىلغان ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر ئاياللاردا كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەرگە سەۋر قىلىشى ۋە ئۇ جەھەتتىكى ئېغىرلىقلىرىنى كۆتۈرۈشى لازىم.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كەمچىلىكلەر ئاياللاردىلا بولماستىن نۇرغۇنلىغان ئەرلەردىمۇ تېپىلىدۇ. كەمچىلىكى يوق كامالەتكە يەتكەن ئادەملەر پەقەت الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپىسىگە تاللىغان پەيغەمبەرلەردۇر. الله تائالا ئۇلارنى ئۇلار كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە ۋە گۈزەل نەمۇنە بولسۇن، دەپ مۇكەممەل ۋە ياخشى ئەخلاقلىق قىلىپ ياراتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەرلەردىن خېلى نۇرغۇن كىشىلەر كامالەتلىك دەرىجىسىگە يەتتى، ئاياللاردىن پەقەت پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەملا كامالەتلىك دەرىجىسىگە يەتتى، شەكسىز ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن بولغان ئارتۇقچىلىقى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا تاماقلارغا قارىغاندا ئارتۇق بولغانلىقىغا ئوخشاشتۇر»[3] دېگەن سۆزىدىن مەقسىتى: الله تائالا ئەرلەردە قىلغان پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدۇر. بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىمراننىڭ قىزى مەريەم ۋە پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەلەرمۇ پەيغەمبەردۇر، دېگەن قاراشقا كەلگەن. لېكىن كۆپ ساندىكى ئالىملار ئاياللارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر بولمىغانلىقىنى پەيغەمبەرلىكنىڭ پەقەت ئەرلەرگىلا خاس ئىكەنلىنى، تەكىتلەيدۇ.

(1) يەنى بۇ يەردىكى «قوۋۇرغىنى تۈزلەيمەن دېسەڭ» دېگىنى ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ مىجەزىنى بىرلا قېتىمدا ئۆزگەرتىمەن دەپ قالسا، ئايالىدىن ئاجرىشىپ كېتىش ئاقىۋىتىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا ئەرلەر ئاياللارغا خۇددى ئەگرى قوۋۇرغىغا مۇئامىلە قىلغاندەك ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم، دېگەنلىكتۇر. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كەمچىلىك ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئى بار بىر نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايالىنىڭ خاتالىقلىرىغا، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە سەۋر قىلىشى ۋە شۇ سەۋەب بىلەن ئۆزىگە كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈشى ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: « ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن[1] » ئەر ئايالىنىڭ كەمچىلىكلىرىگىلا قارىماستىن ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەسلەشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ئەسلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « بىر مۆمىن كىشى يەنە بىر مۆمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئەگەر ئۇ مۆمىن ئۇ ئايالنىڭ بىر ئەخلاقىنى يامان كۆرسە، ئۇنىڭ يەنە بىر ئەخلاقىغا رازى بولىدۇ. » [2]

ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن يەنە ئۇنىڭغا تەمىناتنى كەڭرى قىلىپ بېرىشتۇر، سوۇغا ـ سالام ۋە ھەدىيەلەر ئېلىپ بېرىشتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئارتتۇرىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىنى ۋە كۆيۈمچانلىقنى كۈچلەندۈرىدۇ. شەرىئەت ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ۋە ئالاقىنىڭ كۈچلۈك بولىشىنى خالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىيەلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « بىر ـ بىرىڭلارغا ھەدىيە سوۇغا قىلىشىڭلار. چۈنكى ھەدىيە دىلدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ. » [3] كىشىلەر ئۆز ئارا قىلىشقان ھەدىيەلەرنىڭ تەسىرى شۇنداق بولغان يەردە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا قىلىنغان ھەدىيەلەرنىڭ تەسىرى قانداق بۇلار!

ئايالى بىلەن چاقچاقلىشىش، ئوينۇشۇش ۋە مۇڭدىشىشلارمۇ ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بىزگە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر نەچچە ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىنى ۋە ئۇلارغا قىلغان مېھرىبانلىقنى سۈپەتلەپ بەردى. ئۇ مۇئامىلىلەرنىڭ بىرى بولسا،

---

(1) سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) تىرمىزي رىۋايىتى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھېيت كۈنى مەسچىتتە نەيزىلىرى بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقان ھەبىشلەرنىڭ ئويۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن دۈلىسىنى ئائىشەگە تۇتۇپ بېرىشىدۇر.[1] يەنە بىرى تۆۋەندىكىسىدۇر: بىر كۈنى ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتاپ ھالۋا ئېتىپ ئېلىپ كېلىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا) سەۋدامۇ بار ئىدى. ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سەۋداغا: (ھالۋىدىن) يېگىن، دەيدۇ. سەۋدا يېگىلى ئۇنىمايتۇ. ئاندىن ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): (ھالۋىنى) ياكى يەيسەن ياكى يۈزۈڭگە سۈۋايمەن، دەيدۇ. سەۋدا بۇ قېتىممۇ (ئۇنىڭدىن يېگىلى) ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قولىنى ھالۋىغا تىقىپ (ھالۋىدىن) ئېلىپ ئۇنى سەۋدانىڭ يۈزىگە سۈۋايدۇ. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە قولىنى سەۋداغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: سىزمۇ ئائىشەنىڭ يۈزىگە ھالۋا سۈركەڭ، دەيدۇ. سەۋدامۇ شۇنداق قىلىدۇ.[2]

بىزگە ھەدىس كىتابلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: سەن ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە ئۇممۇزەرنىڭ ئۇزۇن سۆزىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەنلىكىگە ۋە كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەگە: «مەن سىز ئۈچۈن خۇددى ئەبۇزەر ئۇممۇزەرگە (قانداق بولغان بولسا) شۇنداق بولىمەن، لېكىن ئەبۇزەر ئۇممۇزەرنى تالاق قىلىۋەتتى. مەن سىزنى تالاق قىلمايمەن» دېگەنلىكىگە قارىغىن.

ئەرنىڭ ئەگەر ئايالى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئۇنىڭغا قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق قىلماستىن يۇمشاقلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشمۇ ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. قوپاللىق قىلماسلىق ھەققىدە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ھېچ نەرسىنى ئۇرۇپ باققان

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇيەئلا رىۋايەت قىلدى. بىر ئادەمدىن باشقا بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى توغرا ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەرتلىرىگە توشقان كىشىلەردۇر. ئەمما ئۇ بىر كىشىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە ئەمەس ياخشىلىق دەرىجىسىدە تۇرىدۇ.

ئەمەس. ئايالىنىمۇ، خىزمەتچىسىنىمۇ ئۇرۇپ باقمىغان. پەقەت الله يولىدا جىھاد قىلغاندىلا دۈشمەننى ئۇرغان. . . » [1]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر. مەن ئاياللىرىمغا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇرمەن. » [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: « مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىل بولغىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى گۈزەل ۋە ئاياللىرىغا مېھرىبان بولغىنىدۇر. » [3]

ئەر ئايالىغا ئۆيگە كىرگەندە سالام بېرىشى ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سالام بېرىشىش مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ داۋام قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگەندە سالام قىلىپ كىرىشكە تەۋسىيە قىلىپ ئەنەس ئىبنى مالىككە مۇنداق دېگەن: « ئى ئوغلۇم! ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىڭدا سالام قىلغىن. ئۇ ساڭا ۋە ئۆيۈڭدىكىلەرگە بەرىكەت بولىدۇ. » [4]

ئەرنىڭ ئايالىغا مۇمكىن بولسا ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشىپ بېرىشىمۇ ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىشلىرىدا ئايالىغا ياردەملىشىپ بېرىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈلگىدۇر. بۇ ھەقتە ئەسۋەد ئىبنى يەزىد مۇنداق دەيدۇ: « مەن ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ دەپ سورىدۇم. ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆيدە) ئاياللىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئەزاننى ئاڭلىغان ھامانلا نامازغا چىقاتتى، دېدى. » [5]

ئەرنىڭ ئايالىغا ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىشىمۇ ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر.

(3) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى، بۇ ياخشىلىق ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ مەزكۇر كىشىلەرنى زىيارەت قىلىشى ئىسلام دىنى كۈچلەندۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە ئۈزۈۋېتىشتىن توسقان ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرسۇن.» [1]

ھەتتا ئايالدىن يامان گۇمان قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن شەكلىنىدىغان دەرىجىدە ئۇنى قاتتىق كۆنلەپ كەتمەسلىكمۇ ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى (سەۋەبسىز) قاتتىق كۆنلەپ كېتىش ئايالنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى يامان كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. اللە تائالا بىر مۇسۇلماننىڭ سەۋەبسىز يەنە بىر مۇسۇلماندىن يامان گۇمانلىنىشىدىن توستى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر[2]» بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى: «اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئائىلىدىكىلەرگە، تۇغقانلارغا ۋە كىشىلەرگە ئورۇنسىز تۆھمەت قىلىشتىن ۋە خىيانەت قىلىشتىن ئىبارەت نۇرغۇن گۇمانلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەزىسى ئېغىر گۇناھتۇر.»[3]

ئەگەر يامان گۇمان قىلىش كىشىلەر ئارىسىدا چەكلەنگەن يەردە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا ساھابىلەرنى ئاياللىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىرىنى ماراش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرۈش نىيىتى بىلەن كېچىدە تۇيۇقسىز ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كىرىشتىن توساتتى. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاياللىرىنى ماراش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئىزدەش مەقسىتى بىلەن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) <تەپسىر ئىبنى كەسىر>.

ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كىچىدە كىرىشتىن توساتتى.» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەر (سىلەر سەپەرگە چىققان چاغدا ئۆيدە) تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئاياللىرىڭلارنىڭ قېشىغا كىچىدە كىرمەڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرنىڭ قان ماڭىدىغان يېرىڭلىدە ماڭىدۇ» دېدى. ساھابىلار: (شەيتان) سەندىمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىمۇ شۇنداق قىلاتتى. لېكىن الله تائالا شەيتانغا قارشى ماڭا ياردەم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن شەيتان مۇسۇلمان بولدى» دېدى.[1]

لېكىن بۇنداق دېيىش بىر ئەر ئايالنى پەقەت كۆنلىمىسۇن، دېگەنلىك ئەمەس. ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنى كۆنلۈشى ئىنسان تەبىئىتىدە ۋە شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى ئايال ئېرىنىڭ نومۇسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەر ئۆزىنىڭ نومۇسىنى قوغدىشى ۋە يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىششى لازىم. ئەگەر ئەر ئۇنداق قىلمىسا دۆيۈز ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئايالدا نومۇسسىز قىلىقلارنى كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا بىر نىمە دېمەستىن ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى توغرا، دەپ تۇرىدىغان ئادەمدۇر. ئايالنى كۆنلىمەسلىك ئەسلىدە توڭغۇزلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. بىز الله تائالاغا سېغىنىپ توڭغۇزنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىپ قېلىشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز. چۈنكى توڭغۇز تەبىئەت ۋە مەينەتلىك جەھەتتە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ناچىرىدۇر.

ئەپسۇس بۇ دۆيۈزلۈك ياۋروپالىشىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىتىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ بىرى ئايالىنىڭ ياكى ھەمشىرىسىنىڭ ياكى قىزىنىڭ تولۇق زىننەتلەنگەن ۋە ياسانغان تۇرۇقلۇق ئەرلەرگە ئارىلاشقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەن ھەتتا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ تانسا ئوينىغانلىقىنى كۆرسىمۇ ھېچقانداق غەزەپلەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا بۇ ئىشقا قارشى ھېچقانداق بىر يىرگىنىش ھېسسى تېپىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ ئادەم بۇ ئىش بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە خۇرسەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ئادەملەر بۇنداق قىلىشنى <مەدىنىيەت> <تەرەققىي قىلىش> ۋە <ئەركىنلىك> دەپ قارايدۇ. ئەمما يۈز - ئابرۇيىنى، نومۇسىنى ۋە شەرىپىنى قوغداش بولسا بۇلارنىڭ قارىشىچە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن دىندارلىق ۋە جەمىيەتنىڭ ئارقىسىدا قېلىش ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالامۇ كۆندەشلىك قىلىدۇ، مۆمىنمۇ كۆندەشلىك قىلىدۇ. الله نىڭ كۆندەشلىكى الله ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلغان مۆمىن كىشىگە بولىدۇ.» (1)

سەئىد ئىبنى ئۇبادە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئايالىم بىلەن زىنا قىلىۋاتقان بىر ئەرنى تېپىۋالسام تاكى (ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىغا گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن) تۆت گۇۋاھچىنى ئېلىپ كەلگىچە ئۇنى شۇ پېتى قويۇپ قۇيامدىمەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە شۇنداق قىلىسەن» دېدى. سەئىد: سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ئەگەر مەن تۆت گۇۋاھچىنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەسسەم بولسام (قانداق بولىدۇ) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشلىقىڭلارنىڭ دېگەن سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار. ئۇ ھەقىقەتەن كۆندەشلىكى كۈچلۈك ئادەمدۇر. مېنىڭ كۆندەشلىكىم ئۇنىڭكىدىن كۈچلۈكتۇر. الله تائالانىڭ كۆندەشلىكى مېنىڭكىدىن كۈچلۈكتۇر» دېدى. ((2))

دىن ياكى دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇلمەن، دەپ ئايالىنى (ھەر كېچە) ياتاق ئۈستىدە يالغۇز تاشلاپ قويماي ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشمۇ ئايال بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەرنىڭ ئايالى ئۇلپەت ۋە ئىپپەت بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش((3)) ۋە ئۇنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۈستۈدىكى بىر ھەققى، دەپ قارىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: دادام مېنى ئېسىل نەسەبلىك بىر ئايالغا ئۆيلەپ قويدى. ئۇ قاچانلا بولسۇن ئۆزىنىڭ كېلىنىنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئايالىمدىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى. ئايالىم ئۇنىڭغا: نېمە دېگەن ياخشى ئەر! بىز كەلگەندىن بۇيان ئۇ بىزنىڭ كۆرپىلىرىمىزنى دەسسەپمۇ قويمىدى ۋە بىزنىڭ پەردىلىرىمىزنى ئېچىپمۇ قويمىدى، دېدى. بۇ ئىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دادام بۇ

(1) بۇخارى، ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(3) يەنى ئايالنىڭ ھەر تۈرلۈك ھىسياتلىرى قاندۇرۇلسا ئايال ئىپپەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئايالىنىڭ ھەر تۈرلۈك ھىسياتلىرىنى قاندۇرۇش لازىم. ت.

ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېگەن ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سېنى كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيدىكەن، دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟» دېدى. مەن: شۇنداق، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق قىلمىغىن. بەزى كۈنلىرى روزا تۇتقىن. بەزى كۈنلىرى روزىسىز يۈرگىن. كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇخلىغىن. بىر قىسمىدا قوپۇپ ئىبادەت قىلغىن. بەدىنىڭ ھەقىقەتەن سەندە ھەققى بار. كۆزۈڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار. ئايالىڭنىڭمۇ ۋە مېھمانلىرىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار...» دېدى.[1] شۇنىڭدەك يەنە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇدەردا بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويغان سەلمان) بىر قېتىم ئەبۇدەردانى يوقلاپ كېلىپ، ئۇممۇدەردانىڭ (يەنى ئەبۇدەردانىڭ ئايالىنىڭ) ناھايىتى ئاددىي كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: بۇ نېمە ئىش؟ دېدى. ئۇ ئايال: قېرىندىشىڭ ئەبۇدەردانىڭ دۇنياغا ھاجىتى يوق، دېدى. ئەبۇدەردا كېلىپ سەلمانغا تاماق تەييارلىدى ۋە سەلمانغا: سەن يېگىن، مەن روزا تۇتۇۋالغان، دېدى. سەلمان: سەن يېمىگىچە مەنمۇ يېمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇدەردامۇ يېدى. كېچىدە ئەبۇدەردا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرماقچى بولدى، سەلمان ئۇنىڭغا: ئۇخلىغىن، دېدى. ئەبۇدەردا ئۇخلىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا يەنە: ئۇخلىغىن، دېدى. كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سەلمان: ئەمدى ئورنىڭدىن تۇرغىن، دېدى. ئىككىسى بىللە ناماز ئوقۇدى. سەلمان ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن سەندە رەببىڭنىڭ ھەققى بار، سېنىڭ بەدىنىڭنىڭمۇ ۋە ئەھلىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار. ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى جايىدا بەرگىن، دېدى. ئەبۇدەردا پەيغەمبەر ئەلەيىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەلمان راست ئېيتىپتۇ» دېدى.[2]

بىر ئەرگە مۇئەييەن بىر مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش لازىم بولامدۇ؟

بۇ ھەقتە فىقھشۇناسلارنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرى بار. ئىمام مالىك بىلەن ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر بىرەر ئۆزرى بولمىسا ئەر ئايالى بىلەن ھەر بىر تۆت ئايدا بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى لازىم» دېدى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئاياللىرىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنلەرگە الله تائالانىڭ توختىتىپ بەرگەن تۆت ئاي مۇددىتىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈپ بۇ مۇددەت باشقىلارغىمۇ يۈرگۈزۈلىدۇ، دېدى. الله تائالا ئاياللىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئادەملەرگە تۆت ئاي مۇددەت توختىتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى) الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. الله ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1] بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئەگەر بىر ئەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم ئىچكەن بولسا، ئايالى ئۇنى تۆت ئاي كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئەر بۇ مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ناھايىتى ياخشى بولغان بولىدۇ. ئەر بۇ ھالدا قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا (قەسىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن) كاففارەت بېرىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر ئەر بۇ مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە (تۆت ئاي توشقاندىن كېيىنلا) ئايال ئۆزلىگىدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە (تۆت ئاي توشقاندىن كېيىنلا) ئايال قازىغا شىكايەت قىلىدۇ. قازى ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئەر ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىسا قازى ئايالنى ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ.[2]

يەنە بىر قىسىم فىقھشۇناسلار: «ئەرنىڭ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر مۇددەت توختىتىۋىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئايەتتە كەلگەن مۇددەت پەقەت ئاياللىرىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم ئىچكەن ئادەملەرگە خاستۇر» دەيدۇ.

(1) سۈرە بەقەر 226 ــــ 227 - ئايەتلەر.

(2) <سەپۋەتتۇتتەپاسىر>.

ئىككىنچى قاراش بىرىنچى قاراشقا قارىغاندا ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ تەبىئىتىگە بەكرەك مۇناسىپ كېلىدۇ. ئەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكتىن ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلمىغان بولسىلا ئەر ـ خوتۇنغا خاس بىر ئىشنى سەن (بۇ ئىشنى پالانى مۇددەت ئىچىدە قىلىشىڭ، لازىم دەپ) ئەرگە تېخىشنىڭ ھاجىتى يوق. يەنە بۇ ئىش مەجبۇرلاش ۋە تېخىش بىلەن قىلىنىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىش ئىنساننىڭ ھېسياتىغا، ئۇنىڭ مىجەزىگە ۋە سالامەتلىگىنىڭ ياخشى بولىشىغا ئالاقىدار ئىشتۇر.

## 4 ـ ئايالغا بىلىم ۋە ئەدەب ئۆگىتىش

ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستۈدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرى ئەر ئايالغا ئايال ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك بولغان دىن ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدۇ ياكى تېگىشلىك بولغان دىن ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاياللارغا خاس بولغان ئىلىم سورۇنلىرىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئىسلام جەمىيىتىدە ئاياللار دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىدىغان ئاياللارغا خاس مەكتەبلەر ياكى مەسچىتلەردە ئاياللارغا خاس ئىلىم سورۇنلىرى بولىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا خاس سورۇن تۈزۈپ بېرىشنى، بىر كۈنى بىر ئايالنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەرلەر سېنىڭ ھەدىسلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى، سەن الله تائالا ساڭا بىلدۈرگەن بىلىمنى بىزگە بىلدۈرۈشۈڭ ئۈچۈن بىزگىمۇ بىر كۈننى ئاجراتساڭ، دېگەن ۋاقتىدا يولىغا قويۇپ: «پالانى پالانى كۈندە يىغىلىڭلار» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالا ئۆزىگە ئۆگەتكەن بىلىمنى ئاياللارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلەتتى.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستۈدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرى ئەرنىڭ ئايالىنى ئىسلام ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى بىلەن يېتىشتۈرۈشىدۇر. ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىدۇر ۋە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللهنىڭ بۇيرۇقىدىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» [1] «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر» [2]

ئەرنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى ئايالىنى ھەيزدىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇنى ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە ئەردىن سوئال سورايدۇ. ئايالىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. پادىشاھمۇ پادىچى، ھەر بىر ئادەم ئۆز ئەھلىگە پادىچىدۇر. ئۇ پادىسىدىن سوراق قىلىنىدۇ . . .» [3]

## ئەرنىڭ ھەقلىرى

ئىسلام دىنىدا ئەرنىڭمۇ ئايالىنىڭ ئۈستىدە ھەقلىرى بار. بۇ ھەقلەر بولسا ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئۈستۈدىكى ھەقلىرى ئۈچۈن ئىسلام دىنى قىلىشنى ئاياللارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتلەردۇر. بۇ ھەقلەر الله تائالا ئايالنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئىچىدە الله تائالانىڭ ھەقلىرىدىن قالسا ئەڭ كاتتا ھەقتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئايالنىڭ ئۈستىدە ھەققى ئەڭ كاتتا كىشى كىمدۇر؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايالنىڭ ئېرى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئەرنىڭ ئۈستىدە ھەققى ئەڭ كاتتا كىشى كىمدۇر؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئانىسى» دەپ جاۋاب بەردى.[4]

### ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئۈستۈدىكى ھەقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر

(1) سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت.

(2) سۈرە تاھا 132 ـ ئايەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلدى. بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر.

## 1 ـ گۇناھ ئەمەس ئىشلاردا ئەرگە بويسۇنۇش

ئىسلام دىنى ئايالنى گۇناھ ئەمەس ئىشلاردا ئېرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. بىز يۇقىرىدا الله تائالانىڭ: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» دېگەن ئايىتىنى كەلتۈرۈپ ئىسلام دىنىنىڭ ئەرلەرگە ئاياللارغا مەسئۇل بولۇش دەرىجىسىنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ مەسئۇلىيەتلىك ئايال ئېرىگە بويسۇنغان ۋاقتىدىلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئايال ئېرىگە بويسۇنغان ۋاقتىدا ئائىلىنى (ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن) ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ۋە ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مەسئۇلىيىتى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە (ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، شەكسىز ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم.» [1] ئىسلام دىنى ئايالنىڭ ئېرىگە بويسۇنۇشىنى الله تائالاغا يېقىنلىشىدىغان بىر ئىبادەت، دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قانداق بىر ئايال ئېرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئايال جەننەتكە كىرىدۇ.» [2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «بىر ئايال بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، جىنسىي ئەزاسىنى (زىنادىن) ساقلىسا ۋە ئېرىگە بويسۇنسا، ئۇنىڭغا جەننەتكە خالىغان ئىشىكتىن كىرگىن، دېيىلىدۇ.» [3]

ئايال ھەيزدار ياكى نىفاسدار بولمىسىلا ئەر ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاقىرغان چاغدا ئۇنىڭ ئەرنىڭ قېشىغا كېلىشى ئەرگە بويسۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەر چاقىرسا كەلمەيدىغان ئاياللارنىڭ لەنەتكە قالىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قاچانكى بىر ئەر ئايالىنى بىللە بولۇشقا چاقىرغان، ئايالى ئۇنىمىغان، ئەر ئۇ ئايالغا غەزەپلەنگەن ھالدا يېتىپ قالغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا ھەتتا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ.»[4] يەنى ئايالنىڭ ئۈستىگە ياغقان لەنەت تاكى تاڭ ئېتىپ ئايالنىڭ ئىسيانى تۈگىگەنگە ياكى ئايال قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ئەرنىڭ ياتىقىغا كىرگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

---

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

بەزى ئاياللار ئېرىنىڭ ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئۆزىنىڭ (كىيىم ـ كېچەك ئېلىشقا ئوخشاش) تەلىۋىنى قويۇۋېلىشىنىڭ پۇرستى قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ئايال ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش تەلىۋىگە ئۇنىماي ئۆزىنى ئەردىن چەتكە ئالىدۇ. ئەر پېقىر بولغانلىق سەۋەبىدىن ئايالىنىڭ بۇ تەلىۋىنىڭ بەزىلىرىنى قامدىيالماي قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئەر ئايالىنى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەلىۋىنى قامداش ئۈچۈن ھارام يوللار بىلەن مال ـ دۇنيا توپلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئاياللىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان تەلەپلىرىنى قامداش ئۈچۈن قانچىلىغان ئەرلەر پارە ئېلىش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش پاتقىقىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئايالىنىڭ ئېرى جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئايالىنى ياتىقىغا چاقىرغان ۋاقىتتا ئايالىنىڭ ئەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىنى ۋە ئەرنىڭ ياتىقىغا بېرىشتىن باش تارتىشىنى ھارام قىلدى ۋە بۇنى ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن دەپ قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بىللە بولۇشتىن باش تارتىپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ.»[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەيزدار ياكى نىفاسدارلىق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى چەكلەيدىغان ئامىللاردۇر. لېكىن ھەيز بىلەن نىفاس ئايالدىن (ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن) باشقا يوللار بىلەن يەنى كىيىمىنىڭ ئۈستۈدىن پايدىلىنىشنى چەكلىمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە بىلەن مەيمۇنە (اللە تائالا ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيز كۆرۈپ قالغان ئاياللىرىنى ئىشتانلىرىنىڭ ئۈستۈدىن قۇچاقلايتتى.»

ئەر ئادەتتە سىرتلاردا ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئادەملەرنى كۆرۈدىغان ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋاقتى ئايالى بىلەن بىللە ئۆتۈدىغان ۋاقتىدىن كۆپ بولىدۇ. ئەر يوللاردا ياكى ئىشلەيدىغان يەردە شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ۋە ھېسسىياتىنى ئويغۇتىدىغان بەزى ئوچۇق ئاياللارنى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئادەم دىيانەتلىك كىشى بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ ھېسسىياتىنى توختۇتۇش ئۈچۈن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا يول يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ھالەتلەرگە دۇچ كەلگەن ئەرلەرنى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۆزلىرىنىڭ شەھۋەتلىرىنى ئاياللىرى بىلەن قاندۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئايال كىشى ئالدىنى قىلىپ كەلگەن چاغدىمۇ شەيتاننىڭ سۈرۈتىدە كېلىدۇ. كەينىنى قىلىپ كەتكەن چاغدىمۇ شەيتاننىڭ سۈرۈتىدە كېتىدۇ. شۇڭا بىرىڭلار بىر ئايالنىڭ ياقتۇرۇپ قالىدىغان بىرەر يېرىنى كۆرۈپ قالسا، ئايالىنىڭ قېشىغا كەلسۇن (يەنى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسۇن). چۈنكى شۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قوزغالغان ھەۋەسلىرىنى باسىدۇ.» [1]

شۇڭا ئايال ئۆيدە مەيلى قانداق بىر ئىش قىلىۋاتقان بولسا بولسۇن ئېرى چاقىرغان چاغدا ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىشتىن باش تارتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشى ئۇنىڭ قىلىدىغان باشقا ھەممە ئىشلىرىدىن ئەلادۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى ھاجىتى ئۈچۈن چاقىرسا، ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن.» [2]

ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتماسلىقى ئەرگە بويسۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئايال روزا تۇتۇۋالسا ئېرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئايالنىڭ تولا روزا تۇتۇۋېلىشى تېنىنىڭ ئاجىزلاپ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئايال كىشىنىڭ ئېرى بار چاغدا ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى، (ئېرى كىرىشىنى ياقتۇرمايدىغان) بىراۋنى ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشى ھارامدۇر.» [3]

ئەگەر ئايال ھەيزدار ياكى نىفاسدار ياكى كېسەلچان بولغانلىق ياكى بىر يەرگە سەپەر قىلغانلىق ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قازا قىلىۋاتقان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتماقچى بولسا، قازا روزىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئېرى قېشىدا بولمايدىغان ياكى ئېرى روزا تۇتۇۋاتقان كۈنلەرنى تاللىشى لازىم. ئاياللارغا بۇ ئىشتا ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىي بۇ ياخشىلىق ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

بولسۇن!) ناھايىتى ياخشى ئۆلگۈدۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇستۇمدىكى رامىزان روزىسىنىڭ قازالىرىنى پەقەت شەئبان ئېيىدىلا تۇتالايتتىم». ئاندىن ئائىشە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەئبان ئېيىدىن باشقا ئايدا كۆپ روزا تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىم»[1].

ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىن چىقماسلىقىمۇ ئەرگە بويسۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەرنى ئايالدىن يىرگۈندۈردىغان ئىشنىڭ بىرى بولسا، ئەر ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە ئايالنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ ئېرىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرمەسلىكى، ئەكسىچە ئىشنىڭ ھاردۇقى بىلەن قورساق ئاچلىقى ئەزگەن ھالدا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئايالنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇشى لازىم. ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئۇستۇدىكى ھەققى باشقىلارنىڭ ھەققىگە قارىغاندا بەك رىئايە قىلىنىش لازىم بولغان ھەقدۇر. ئىمام ئەھمەد (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئېرى بىلەن كېسەلجان ئانىسى بار بىر ئايال ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئايالنىڭ، ئانىسىغا بويسۇنغىنىدىن ئېرىگە بويسۇنۇشى لازىم (يەنى ئۇ ئايالغا ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش لازىم). لېكىن ئەر رۇخسەت قىلسا بېرىپ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولىدۇ.»

ئايالنىڭ ئۆيگە مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن ئەر يامان كۆرۈدىغان بىرەر كىشىنى باشلىماسلىقىمۇ ئەرگە بويسۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاگاھ بولۇڭلار، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۇستىدە ھەققىڭلار بولغىنىدەك، ئاياللىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۇستىڭلاردا ھەقلىرى بار. سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ھەققىڭلار، سىلەر يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنى تۆشەكلىرىڭلارغا يولاتماسلىق ۋە يات كىشىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە (سىلەردىن ئىجازەت سورىماي) رۇخسەت قىلماسلىق، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۇستىڭلاردىكى ھەققى ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە تائاملىرىنى ياخشىلاشتۇر.»

(1) يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىدا كۆپ روزا تۇتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئائىشەگىمۇ ئۇستۇدىكى قازا روزىللىرىنى تۇتۇۋېلىشقا پۇرسەت چىقاتتى. ت.

(1)

ئەرنى ئايالدىن شەكلەندۈرىدىغان ئىشنىڭ بىرى ئەر يوق ۋاقتىدا ئايالنىڭ ئۆيگە ئەر يامان كۆرۈدىغان بىرسىنى باشلاپ كىرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئەگەر ئېرى بىلەن ئارىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەتنى ساقلاپ قالاي دېسە، بۇنداق ئىشنى قىلىشتىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئۇنداق ئىشنى قىلىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى لازىم.

ئايالنىڭ مەسىلەن: تاماق تەييارلىدىغانغا، كىيىم - كېچەكلەرنى يۇغانغا ۋە ئۆي ئىچىنى رەتلىگەنگە ئوخشاش ئۆينىڭ خىلمۇ - خىل ئىشلىرىنى قىلىشمۇ ۋە ئۆي ئىچىدە ئەرنى راھەتلىتىشكە ئۇرۇنۇشمۇ ئەرگە بويسۇنغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەر ئۆينىڭ تىشىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە پۇل تېپىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئەمما ئايال ئۆي ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئىش مانا بۇ شەكىلدە يۈرۈشسە ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشى رەتكە سېلىنىدۇ. ئەگەر ئىش ئۇ شەكىلدە يۈرۈشمىسە ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسى بۇزۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللىرىنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ھەدىسلەردە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئى ئائىشە! سۇ بەرسەڭ، ئى ئائىشە! تاماق تەييارلىساڭ، ئى ئائىشە! پىچاقنى ئېلىپ كېلىپ تاش بىلەن بىلىسەڭ . . . دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانلىقى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

پۈتكۈل مۆمىن ئاياللىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان پاتىمە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆي ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۆزى قولى بىلەن ياغۇنچاقتا ئۇن تارتاتتى، ھەتتا ياغۇنچاق قوللىرىنى قاپارتىۋېتىپ شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە بىر خىزمەتچى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ بارغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «مەن سىزنى خىزمەتچىنىڭ (ئېلىپ كەلگەن پايدىسىدىنمۇ) ياخشىراق بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ. سىز ياتقان ۋاقتىڭىزدا ئوتتۇز ئۈچ قېتىم سۇبھانەللاھ، ئوتتۇز ئۈچ قېتىم ئەلھەمدۇ لىللاھ ۋە ئوتتۇز تۆت قېتىم ئەللاھۇ ئەكبەر! دەڭ.»[2]

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى، بۇ ياخشى ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەبۇ بەكرنىڭ قىزى ۋە زۇبەير ئىبنى ئاۋامنىڭ ئايالى بولغان ئەسماﺀ (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۆي ئىشلىرىدىن سىرت ئېرىنىڭ ئېتىنى ۋە سۇ تارتىدىغان تۆگىسىنى باقاتتى. (تەرگەن) ئۇكچىلەرنى بېشىغا ئېلىپ مەدىنىنىڭ سىرتىدىن ئۆيگە كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بۇ ھەقتە ئەسما (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مېنى زۇبەير نىكاھىغا ئالدى. (ئۇ چاغدا) ئۇنىڭ قولىدا ئېتى ۋە (تۆگىسىدىن) باشقا تېرىغۇدەك يەر، بىرەر قول ۋە ھېچقانداق مال - دۇنيا يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئېتىغا يەم تەييارلايتتىم. ئۇنى (سۇغارغانغا ئوخشاش) ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتىم، ئۇنى ئايلاندۇراتتىم، مەن ئۇنىڭ تۆگىسىگە ئۇكچە ئىزەتتىم، ئۇنىڭغا يەم تەييارلايتتىم، سۇغۇراتتىم، تاغىرىنى تىكەتتىم، خېمىر يۇغۇراتتىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەيرىگە بۆلۈپ بەرگەن يەردىن (توپلىغان) ئۇكچىلەرنى بېشىمغا ئېلىپ ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان يىراقلىقتىن كۆتۈرۈپ كېلەتتىم.» [1]

بەزى فىقھشۇناسلار: «ئايالنىڭ ئۆي ئىچىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئايال ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتىن باش تارتسا، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ فىقھشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشىچە بىر ئايالغا توي قىلىش بىلەن ئۇ ئايالغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت پەقەت ئۇنىڭ ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار خىزمىتىدىن چىقىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ بۇنىڭدىن باشقا خىزمەتنى قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق.

لېكىن ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكىلا قارىتىلىپ قىلىشى ۋە ئايالنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلماسلىقى ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتنىڭ تەلىۋىگە زىت، ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى قويمايدىغان ۋە ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە يارەملىشىش پرىنسىپىگە قارشى كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. بىز يۇقىرىدا الله تائالانىڭ: »ئاياللار بىلەن ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر«[1] دېگەن ئايىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر ئەر - خوتۇن ئارىسىدا بىر - بىرىگە ياردەملىشىش بولمىسا، ئايال ئەرنىڭ ۋە ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلمىسا قانداقمۇ ئەر - خوتۇن ئارىسىدا مېھرى - مۇھەببەت ۋە ئۇلپەت بولسۇن؟

شۇنداق ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن يېزىلىرىدا بولۇپ كېلىۋاتقاندىكىدەك ئايال مەسىلەن ئەرنىڭ ھايۋانلىرىنى سۇغارغانغا ۋە ئۇنىڭ زىرائەتلىرىنى ئورىغانغا ئوخشاش ئۆينىڭ تېشىدىكى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاياللارنىڭ زىرائەت تېرىشقا ۋە ئۇنى يېغىشقا ياردەملىشىپ بېرىشلىرى ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە قىلغان ياخشىلىقى ھېسابلىنىدۇ. شەرىئەت ئاياللارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ ۋە يات ئەرلەرگە ئارىلىشىش يۈز بېرىپ قالمىسىلا ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشلىرىنى ھەم چەكلىمەيدۇ.

مەزكۇر ئىشلاردا ئەرگە بويسۇنۇش پەقەت شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىچىدە بولىدۇ. چۈنكى ئەرگە بويسۇنۇش الله تائالا يولغا قويغان ۋە قىلىش الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بولىدۇ. الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئىشلاردا ھېچقانداق بىر ئىنسانغا بويسۇنۇش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى ئەگەر ئېرى ئۇنى گۇناھ بولىدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇسا، ئېرىگە بويسۇنماسلىقى لازىم. مەسىلەن: خۇددى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقلىرىنى دەۋا قىلىدىغان ياۋرۇپالىشىپ كەتكەن بەزى ئادەملەرنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش ئەر ئايالىنى دوستلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈشكە، ئۇلار بىلەن بىللە بىر سورۇندا ئولتۇرۇشقا ۋە پاراڭلىشىشقا بۇيرۇسا، بۇ ھالدا ئايال ئېرىگە بويسۇنماسلىق لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەر ئايالىنى ئۇستەل ئۈستىگە ھاراق ئېلىپ كېلىشكە ياكى ئۇ يەر - بۇ يەر ئوچۇق قالىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىپ ئۆزى بىلەن بىللە باغچىلارغا ياكى مەھرەم ئەمەس ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ياكى دوست - بۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلىشقا بېرىشقا بۇيرۇسا، ئايالنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقى لازىم. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەر ئايالىنى الله تائالانىڭ ئالدىدا ھارام ياكى گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق لازىم.

(1) سۇرە رۇم 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 2 - ئېرىنىڭ ئۆيىنى ۋە مال - دۇنياسىنى ساقلاش

مانا بۇ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەر ئۆيدە يوق چاغلاردا ئايالىنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىنى ۋە ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى ساقلىشى نورمال بىر ئىشتۇر. چۈنكى ئايال كىشمۇ ئېرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىن سورىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئايال كىشمۇ پادىچى ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن سورىلىدۇ ...» اللە تائالا ياخشى ئاياللارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: »ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا اللە نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر« [1] يەنى ئۇلار ئەرلىرىگە بويسۇنىدىغان ۋە ئەرلىرى ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۆزىنى ۋە ئەرنىڭ مال - دۇنياسىنى ساقلايدىغان ئاياللاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلىك ئاياللارنى مەدھىلىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلاردا مۇشۇ ئېسىل سۈپەتلەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېگەن: «قۇرەيشلىك ئاياللار ئاياللارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر. ئۇلار تۆگىگە مىنەتتى. بالىسىغا كىچىك ۋاقتىدا ئەڭ مېھرىبان ئىدى. (يەنى ئېرى ئۆلۈپ قالسا بالىسىنى دەپ ياتلىق بولمايتتى.) ۋە ئېرىنىڭ قولىدا بار نەرسىنى بەك كۆڭۈل بېرىپ ساقلايتتى.» [2]

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئايال بىرەرسىگە ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ئەرنىڭ مال - مۈلكىدىن سەدىقە ياكى ھەدىيە بېرەلمەيدۇ.»

## 3 - ئېرىنىڭ ئالدىدا ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە كۆرۈنىش

مانا بۇ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئالدىدا ئەڭ چىرايلىق سۈپەت ۋە شەكىل بىلەن كۆرۈنىشى لازىم. ئايال ئېرىنىڭ ئالدىدا ئېرىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئارتتۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئىشتىياقىنى ۋە ھەۋىسىنى ئۆزىگە تارتىدىغان شەكىلدە كىيىنىشى ۋە ياسىنىشى لازىم. ئەر ئايالىدىن ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدىغان ۋە ئۆزىنى ئايالىغا ئىشتىياق باغلاتتۇرىدىغان شەكىل ۋە ئىشتىن باشقىسىنى كۆرمەسلىكى

(1) سۈرە نىسا 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

لازىم. مانا بۇ ياخشى ئايالنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دۇنيا دېگەن ھۇزۇرلىنىدىغان نەرسىدۇر. ھۇزۇرلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئايالدۇر. ياخشى ئايال دېگەن؛ ئەگەر ئېرى ئۇنى بىر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئەگەر ئېرى ئايالىغا قارىسا، ئايال ئۇنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ (يەنى ئەر كىشى ئۇنى ئۆيدە قويۇپ بىر يەرگە) كەتسە، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى (خىيانەت قىلماي) ياخشى ساقلايدۇ.» [1]

ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىگە ۋە ياسىنىشىغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى پەقەت خۇرسەن بولىدىغان ھالەتتىلا كۆرۈشىگە بەك ھېرىسمەن ئىدى. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) قېشىمغا كىرىپ قولۇمدا كۈمۈشتىن ياسالغان چوڭ بىر ئۈزۈكنى كۆرۈپ: «ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟» دېدى. مەن: بۇنى ساڭا چىرايلىق ياسىنىش ئۈچۈن ياساتقان ئىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنىڭ زاكىتىنى بىرەمسىز؟» دېدى. مەن: ياق، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ سىزنى دوزاختىن قوتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ» دېدى.[2]

ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئاياللارغا ئەرلىرى ئۈچۈن زىنەتلىنىشكە تەۋسىيە قىلاتتى. ھەتتا ئائىشە ئۇلارنىڭ بىرىگە: «ئەگەر سېنىڭ ئېرىڭ بولسا كۆزۈڭنىڭ قارچۇغىنى ئېلىپ بۇرۇڭقىدىن چىرايلىقراق قىلىپ سېلىشقا قادىر بولالىساڭ شۇنداق قىلغىن» دېدى.

بىر ئايال: ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن يۈزۈمدە تۈك بار، ئېرىم ئۈچۈن چىرايلىق بىر شەكىلدە بولۇش ئۈچۈن ئۇ تۈكنى يۇلسام بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: «سەن ئۆزۈڭدىن (ئېرىڭ يىرگىنىدىغان) ھەر قانداق ئىشنى يوقات. سەن ئېرىڭ ئۈچۈن خۇددى زىيارەتكە چىققان ۋاقتىدا قانداق ياسانغان بولساڭ شۇنداق ياسان. ئۇ سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇسا ئۇنىڭغا بويسۇن. ئۇ

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى..

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

سىنىڭ ئۇستۇڭدىن قەسەم ئىچسە سەن ئۇنىڭ قەسىمىنى ئاقلا[1] ۋە ئېرىڭ يامان كۆرۈدىغان بىرەرسىنى ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلما.» دېدى[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يۇقىرىدا دېگەن سۆزى ئائىشە رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەڭ چەككۈچىگە، مەڭ چەكتۇرگۈچىگە، چاچ ئۇلىغۇچىغا، چاچ ئۇلاتقۇچىغا ۋە (يۈزىدىكى) تۈكنى تەرگۈچىگە ۋە تەردۈرگۈچىگە لەنەت قىلغان، دېگەن ھەدىسكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىستىن يۈزدىكى تۈكنى پەقەت يىلتىزىدىن تارتىپ يۇلۇۋېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئائىشەنىڭ دېگەن سۆزىدىن يۈزدىكى تۈكنى پەقەت يىلتىزىدىن يۇلۇۋېتىش ئەمەس باشقا شەكىلدە يوق قىلىۋېتىپ چىرايلىقلىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ. فىقھشۇناسلار: «ئەگەر ئەر رۇخسەت قىلسا ئايالنىڭ (يۈزدىكى تۈكنى) تازىلىشى، (ئالقىنىغا ياكى يۈزىگە) قىزىل رەڭ قوللىنىشى، خېنى يېقىشى ۋە تىرناقنى ئىككەگەدەپ چىرايلىق قىلىشى توغرىدۇر» دەيدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىشمۇ بىر زىنەت ھېسابلىنىدۇ. ھەنبەلىي فىقھشۇناسلارمۇ: «ئەگەر يۈزدىكى تۈكنى تازىلاش ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىز ئاياللىقىغا خاس بىر ئالامەت بولمايدىغان ئىش بولسا، ئەرنىڭ رۇخستى بىلەن يۈزىنىڭ تۈكىنى تازىلاش توغرا بولىدۇ» دەپ <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (يۈزدىكى) تۈكنى تەرگۈچىگە ۋە تەردۈرگۈچىگە لەنەت قىلغان> دېگەن ھەدىسنى شۇنداق قىلىشنىڭ (ھارام ئەمەس) مەكرۇھ بولىدىغانلىقىغا قاراتتى. (يەنى بىر ئايالنىڭ يۈزدىكى تۈكلەرنى تازىلىشى ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىز بىر ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر نىشان ئۈچۈن بولمىسا، ئايالنىڭ يۈزدىكى تۈكلەرنى تازىلىشى ھارام ئەمەس پەقەت مەكرۇھتۇر، دېمەكچىدۇر.)

ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئايال كىشىگە ساقال ياكى بۇرۇت ياكى ساقالدۇرۇق چىقىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ بۇلارنى چۈشۈرۈۋېتىشى ھارام ئەمەستۇر. ئەكسىچە ئۇلارنى يۈزىدىن يوقۇتىشى مۇستەھەپتۇر.»

(1) يەنى مەسىلەن: ئەر اللە تائالانىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن سەن بۇ ئىشنى قىلىسەن، دېسە، سەن ئۇ ئىشنى ئېرىڭنىڭ دېگىنىدەك قىلغىن. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى تەبرىي رىۋايەت قىلدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان ئاياللىرى زىننەتنى ۋە ياسىنىشنى ئۆيدە ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئەمەس تېشىغا چىققاندا ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بارغاندا قىلىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئاددىي ۋە رەتسىز كىيىنىدۇ. ئەمما ئۆيدىن چىققاندا پۈتۈن زىننەت ـ بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىدۇ. ئىش ئەسلىدە شەرىئەت ۋە مەنتىق بويىچە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدە ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا پۈتۈن زىننەت ـ بۇيۇملىرىنى تاقىشى ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشى لازىم ئىدى.

ئەگەر ئايال ئەر سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ئۆيدە يوق ۋاقىتدا ئۆزىنى ياساپ پادازلىمىغان بولسا، ئەر (سەپەردىن قايتىپ) ئۆيگە يېتىپ كېلىپ بولغىچە ئايال ئۆزىنى چىرايلىق ياساپ ئەرنى چىرايلىق كىيىنگەن ھالەتتە كۈتۈۋېلىشى لازىم. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر جەڭگە چىققان ئىدۇق. جەڭدىن قايتىۋېتىپ مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا ناھايىتى ئاستو ماڭىدىغان بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ (مەدىنىگە كىرىشكە) ئالدىراۋاتاتتىم. ئۇلاغقا مىنگەن بىرى كەينىمدىن كېلىپ تۆگەمنى قولىدىكى تاياق بىلەن بىرنى نوقۇۋىدى بىلەنلا تۆگەم سەن كۆرگەن ئەڭ ئېسىل تۆگىدەك مېڭىشقا باشلىدى. (ئۇ ئادەمگە) شۇنداق قارىغۇدەك بولسام ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەن. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تېخى يېڭى توي قىلغان ئىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خوتۇن ئالدىڭما، دېدى. مەن: ھەئە، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىزبالا ئالدىڭمۇ سىكىلەك (چوكان) ئالدىڭمۇ؟ دېدى. مەن: سىكىلەك ئالدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىزبالا ئالغان بولساڭچۇ ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ؟ دېدى. بىز مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتدا (كۈپ كۈندۈزدە ئۆيلىرىمىزگە) كىرىش ئۈچۈن مېڭىشىدۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېشى چۇۋۇق ئاياللار بېشىنى تارىۋالسۇن ۋە سۈننەت قىلىدىغان ئاياللار سۈننەت قىلىۋالسۇن (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى ياسىۋالسۇن. ئۆيلىرىڭلارغا بىر ئاز) ساقلاپ ئاخشام تەرەپتە كىرىڭلار، دېدى.»[1]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# كۆپ خوتۇنلۇق ئەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشىنىڭ ھۆكمى

كۆپ خوتۇنلۇق ئەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشى شەرىئەت تەلەپ قىلغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر» [1] يەنى الله تائالا ئاياللىرىغا زۇلۇم قىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان ئەرنىڭ بىر ئايال ئېلىشىگە بۇيرۇدى. مانا بۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاياللار ئارىسىدا قىلىش كېرەك بولغان بۇ ئادىللىق قىلىشتىن مېھرى - مۇھەببەتتە ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئەمەس پەقەت تەمىناتتا، كېچىدە يېنىدا قېلىشتا ۋە ئۇنسە - ئۈلپەت ئېلىشتا ئادىللىق قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت ئىشى دىلنىڭ ئىشىدۇر. دىلغا بىر ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. (يەنى بىر ئادەمدىن ھەممە ئايالغا مۇھەببەتتە ئوخشاش بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ قولىدىن دىلنى ھەممە ئايالنى ئوخشاش بىر شەكىلدە ياخشى كۆرىدىغان قىلىش كەلمەيدۇ.) الله تائالا دىلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىنساننىڭ قولىدا ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). (قىيامەت كۈنى) سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر [2]» يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر

(1) سۇرە نىسا 3 ـ ئايەت.

(2) سۇرە ئەنفال 24 ـ ئايەت.

مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، الله ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ،رەھىم قىلىدۇ» [1]

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئارىسىدا (يەنى كېچىدە ئۇلارنىڭ قېشىدا يېتىش ئىشلىرىدا) ئادىللىق قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! بۇ مېنىڭ قىلالايدىغان ئادىل تەقسىماتىمدۇر (يەنى مەن كېچىنى بۆلۈشتە ئادىللىق قىلالايمەن). ئەمما سەن ئۆزەڭ ئىگە بولىدىغان، مەن ئىگە بولالمايدىغان ئىشتا ماڭا مالامەت قىلمىغىن.[2] »[3] تىرمىزىي مۇنداق دېدى: «يەنى ماڭا مېھرى ـ مۇھەببەت ئىشىدا مالامەت قىلمىغىن.» ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى. الله تائالانىڭ: «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە بەيھەقىي ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھەدىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەنى قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلار ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئىشلىرىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشقا قادىر بۇلالمايسىلەر.»[4]

ئىسلام شەرىئىتىدە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش ۋە قىلىشتىن توسۇلغان ئىشلاردىن يېنىش ئىنساننىڭ قۇدرىتىنىڭ ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىگە باغلىقتۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: »الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ« [5] يەنى بىر ئەر ئاياللىرى ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتكە ۋە مايىللىققا ئوخشاش دىلغا ئالاقىدار ئىشلاردا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ كۆپ خوتۇنلۇق ئەرنىڭ بىر خوتۇنى

(1) سۇرە نىسا 129 ـ ئايەت.

(2) يەنى دىلىمنىڭ ئاياللىرىمدىن بىرىنى بەكراق ياخشى كۆرۈشىگە ۋە بېرىلىپ كېتىشىگە سەن ئىگە بولىسەن، مەن ئىگە بولالمايمەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە بەكرەك مۇھەببەت باغلاپ قالسام، بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا مالامەت قىلمىغىن. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 313 ـ بەت.

(5) سۇرە بەقەر 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويۇپ يەنە بىرىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ كېتىشى توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئىسلامدا چەكلەنگەن زۇلۇمدۇر. ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىر يېنى (بىر تەرەپكە) ئېگىلىپ قالغان ھالەتتە كېلىدۇ.»[1] بۇ ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

كۆپ خوتۇنلۇق بىر ئادەم بىر ئايالىنىڭ قېشىدا بىر ئاي قالغان، ئاندىن يەنە بىر ئايالى ئۇنىڭدىن ئۇستۇدىن داۋا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇستۇدىن داۋا قىلىنغاندىن تارتىپ ئىككى ئايالىنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. گەرچە ئۇ ئادەم گۇناھكار بولغان ھېسابلانسىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ بىر ئاينىڭ سورۇقى سورالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئۇستۇدىن داۋا قىلغان يەنە بىر ئايالنىڭ (ئۇ بىر ئاي ئۈچۈن) ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىمۇ بىر ئاي قېلىشىنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى ئاياللار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش ئادىللىق قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قازى ئۇنى (ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلماي)ئاياللىرىنىڭ بىرەرسىگە زۇلۇم قىلىشتىن توسقاندىن كېيىن بىرەرسىگە يەنە زۇلۇم قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم جازالىنىدۇ. لېكىن تۈرمىگە تاشلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم (ئەگەر تۈرمىگە تاشلانسا) تۈرمىدە قالغان مۇددەت ئىچىدە ئايالى ئۇ ئادەم بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

كېچىنى بۆلۈشتە قىز بىلەن سىكىلەك (چوكان) ئارىسىدا، يېڭى ئايال بىلەن بۇرۇنقى ئايالنىڭ ئارىسىدا، مۇسۇلمان ئايال بىلەن كىتاب بېرىلگەن ئايالنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، اللە كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن[2]» يەنى اللە تائالا بۇ ئايەتتە ھېچبىر ئايالنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ھاكىم بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئارىسىنى ئايرىماستىنلا «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار» دېدى. ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشتىن توسۇپ كەلگەن يۇقىرىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردىمۇ بىر ئايال بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ ئارىسى پەرقلەندۈرۈلمىگەن. چۈنكى كېچىنى بۆلۈش نىكاھنىڭ ھەقلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشتا بىر ئايال بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ ئارىسى ئايرىلمايدۇ. ئەمما ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان: «قىز بالا ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا يەتتە كۈن تۈرۈشى، سىڭلەك (چوكان) ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا ئۈچ كۈن تۈرۈشى سۈننەتتۇر»[(1)] دېگەن سۆزى بولسا، كېچىنى بۆلۈشتە قىز بىلەن سىڭلەكنىڭ ئارىسىدا پەرقنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ سۆز پەقەت (بىر ئادەمنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا) ئېلىپ بېرىلىدىغان كېچە تەقسىماتىنىڭ يا ئۈچ كۈندىن بولىدىغانلىقىنى ياكى يەتتە كۈندىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىسنىڭ ئىككىنچى رىۋايىتى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەنەس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «نىكاھىغا سىڭلەك ھالىتىدە (ئالغان) بىر خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە قىز بالا ئالغان ئادەمنىڭ قىزنىڭ قېشىدا يەتتە كۈن تۈرۈشى ئاندىن (ھەر بىر خوتۇنىنىڭ قېشىدا) تەقسىمات بويىچە تۈرۈشى، نىكاھىغا قىز ھالىتىدە (ئالغان) خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە سىڭلەك ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا ئۈچ كۈن تۈرۈشى ئاندىن (ھەر بىر خوتۇنىنىڭ قېشىدا) تەقسىمات بويىچە تۈرۈشى سۈننەتتۇر.[(2)] »[(3)]

ئەرگە قېيىنچىلىق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەر سەپەرگە چىققان ۋاقىتتا ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا كېچە تەقسىماتىنى ئوخشاش قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ئەرگە ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەپەرگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر سەپەرگە ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزى بىلەن بىللە خالىغىنىنى ئېلىپ چىقالايدۇ. لېكىن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) يەنى كۆپ خوتۇنلۇق ئادەمنىڭ قىز بالا بىلەن سىڭلەكنىڭ ئارىسىنى ئايرىماستىن ئۇلارنىڭ قېشىدا ئوخشاش تۈرۈش ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما باشقا مەزھەپتىكىلەر: قولىدىكى خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە قىز بالا ئالغان ئادەم ئۇنىڭ قېشىدا يەتتە كۈن تۈرغاندىن كېيىن ئاياللىرىنىڭ قېشىدا تەقسىمات بويىچە بىر كېچە - بىر كېچىدىن ياكى ئىككى كېچە - ئىككى كېچىدىن قالىدۇ، قولىدىكى خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە سىڭلەك ئالغان ئادەم ئۇنىڭ قېشىدا ئۈچ كۈن تۈرغاندىن كېيىن ئاياللىرىنىڭ قېشىدا تەقسىمات بويىچە بىر كېچە - بىر كېچىدىن ياكى ئىككى كېچە - ئىككى كېچىدىن قالىدۇ، دەيدۇ. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەرنىڭ ئۇلارنى رەنجىتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىشى مۇستەھەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولسا ئاياللىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتتى، چەك چىققان ئايالنى ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە ئېلىپ چىقاتتى، دېگەن ھەدىس چەك تاشلاشنىڭ مۇستەھەپ ئىش ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئارىسىدا (بىر كېچە ـ بىر كېچىدىن) كېچە تەقسىماتى قىلىش ۋاجىب ئەمەس. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)» [1]

كۆپ خوتۇنلۇق ئادەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى ئۆز نۆۋىتىنى يەنە بىرىگە ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ. ئۇ ئايال كېيىنكى قېتىملاردا خالىسا بۇنىڭدىن يېنىۋالالايدۇ. چۈنكى نۆۋەتى كەلگەن كېچە ئۇ ئايالنىڭ ھەققى، شۇڭا ئۇ ئايال خالىغان چاغدا ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن يېنىۋالالايدۇ.

بىر ئايالنىڭ نۆۋىتىنى باشقا بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) يېنىدا (ئائىشەنىڭ) ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كېچىسىدە ۋە سەۋدانىڭ نۆۋەت كېچىسىدە قالاتتى.» [2] يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدى: «سەۋدا نۆۋىتىنى ئائىشەگە ئۆتۈنۈپ بېرىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنى خالايتتى.»

ئىمام مۇسلىم، ئۇقبە ئىبنى خالىددىن ھىشامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەۋدا ياشتا چوڭ بولۇپ قالغاندا (نۆۋىتىنى ئائىشەگە) ئۆتۈنۈپ بەرگەن». ئەبۇداۋۇد بۇ ھەدىسنىڭ ئۆزىنى رىۋايەت قىلدى ۋە سەۋدانىڭ ئۆز كېچىسىنى ئائىشەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ سەۋەبىنى ئىمام مۇسلىمغا

(1) سۈرە ئەھزاب 51 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قارىغاندا ئۇچۇقراق بايان قىلدى. ئەبۇداۋۇد ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە تەقسىماتىدا بىرىمىزدىن يەنە بىرىمىزنى ئارتۇق كۆرمەيتتى. زەمئەنىڭ قىزى سەۋدا قېرىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن كۈنۈمنى ئائىشەگە ئۆتۈنۈپ بېرەي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى قوبۇل قىلدى. سەۋدا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ ھەققىدە الله تائالانىڭ: «ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى» [1] دېگەن ئايىتى چۈشتى.[2]

## ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپلار ھەققىدە

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپ بولسا، خۇددى بىر ئادەمنىڭ تىنىگە چۈشكەن كېسەلگە ئوخشاش بىر ئائىلىنىڭ تىنىگە چۈشكەن كېسەلدۇر. ئىنسان ھەر ۋاقىتتا خىلمۇ ـ خىل كېسەلگە ئۇچراش تەھدىتى ئالدىدا تۇرغىنىدەك بىر ئائىلىمۇ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىش تەھدىتى ئالدىدا تۇرىدۇ. ناھايىتى ئاز ئائىلە مەيلى ئۇ ئىختىلاپ كۆپ بولسۇن مەيلى ئاز بولسۇن ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپتىن خالىدۇر.

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ئەر ـ خوتۇننىڭ دەسلەپتە بىر ـ بىرىنى ياخشى تاللىماسلىقىدۇر. بۇ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى، بىر ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىشىنى بۇزۇدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئىختىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئىختىلاپنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن) ساقلىنىش (ئىختىلاپ يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن) ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىشتىن ياخشىدۇر. كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ

(1) سۈرە نىسا 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 313 ـ بەت.

ئالدىنى ئېلىش ئۇنىڭغا گىرىپتار بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشتىن كۆپ ئاساندۇر. ئوغۇل ـ قىز بىر ـ بىرىنى ياخشى تاللاش ۋە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەر ئايالنى، ئايال ئەرنى تاللىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەزكۇر پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش ئائىلىنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىپ قالىدىغان ئىختىلاپ كېسىلىدىن ساقلايدىغان ۋە ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىگە ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىشىغا تەھدىت سالىدىغان ۋابانى يىراقلاشتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

2 ـ ئائىلىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ناچار بولىشىدۇر. جەمئىيەتنىڭ ناچار بولىشمۇ ئائىلىنىڭ تىنىگە كېسەلنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ ۋە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئىختىلاپنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ناچار بولىشى كۆپۈنچى ۋاقىتلاردا بىر ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىغا ۋە ئائىلە ھاياتىنىڭ ئاياغلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ناچار بولىشى بىر ئائىلە ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خەتەردۇر. ناچار جەمئىيەتتە ياشايدىغان ياخشى بىر ئائىلىگە (جەمئىيەتنىڭ يامان تەسىرىنىڭ تەسىر قىلماسلىقى) ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ناچار جەمئىيەتتە ياشايدىغان ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىچىگە جەمئىيەتنىڭ يامان تەسىرلىرى ئاز بولسىمۇ يېتىدۇ.

بىز ناچار جەمئىيەت دېگەن سۆزىمىز بىلەن ئەدەب ـ ئەخلاقتىن يىراقلاشقان، ئەر خالىغان بىر ئايالغا ئارىشالايدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قوپالايدىغان ئايالمۇ تولۇق زىننەت ئىچىدە تۇرۇقلۇق ئەرلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشتىن ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن ھېچبىر تارتىنىپ قالمايدىغان دەرىجىدە ئەرلىرى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا پەردە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئەر ـ ئاياللىرى تارتىنماستىن بىر ـ بىرىگە ئارىشالايدىغان، ئاياللارنىڭ كىيىملەرنى يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىشلىرى ۋە ئەرلەرنىڭ (يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى) ئايالنىڭكىگە ئوخشۇشۇپ كېتىشى ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر جەمئىيەتنى مەقسەت قىلىمىز.

مۇشۇنىڭدەك جەمئىيەتتە ياشايدىغان بىر ئائىلە، ئىچىگە ئەر ـ خوتۇن غەۋغاسىنىڭ كىرىپ كېلىشىدىن قانداقمۇ ساقلىنالايدۇ. ئەر ھەر كۈنى (جەمئىيەتتە) ئۆزىنى ئايالىدىن يۈز ئۆرگۈزۈپ ئۆزىگە قارىتىدىغان ۋە ئازدۇرىدىغان ئاياللارنى كۆرۈۋاتقان، ئايالمۇ شۇنىڭدەك باشقا ئەرلەر بىلەن

ئولتۇرۇپ ـ قوپۇۋاتقان ۋە ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئېرى ئۈچۈن ياسانغاندەك ياسانغان ھەتتا بەزىدە ئۇلار ئۈچۈن ئېرىگە قىلمىغان پادازلارنى قىلىدىغان تۇرسا؟

مانا بۇ بىزگە گېزىت ۋە ژۇرناللار <سەنئەتچىلەر> دەپ ئاتايدىغان ئەرچىسلەر ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئارىسىدا، شۇنىڭدەك يەنە غەرب جەمىيەتلىرىگە ۋە غەربلىشىپ كەتكەن بەزى ئىسلام جەمىيەتلىرىگە ئوخشاش ئەدەب ـ ئەخلاقتىن يىراقلىشىپ كەتكەن جەمىيەتلەردە نېمە ئۈچۈن تالاقنىڭ كۆپ يۈز بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3 ـ ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەر ـ خوتۇننىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشلىرىدۇر. بۇمۇ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپقا ناھايىتى كۆپ سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈدىغان چەكچە ـ جىدەل ۋە ماجرالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەتتا بۇ بەزىدە ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىغا ۋە ئائىلە ھاياتىنىڭ ئاياغلىشىشىغا سەۋەب بولىشى مۇمكىن.

مانا بۇلار ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر. ئىختىلاپ چىقىشقا سەۋەبچى بولغان كېسەلنى بىلىش ئىختىلاپنىڭ چارىسىنى قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئىختىلاپ چىقىشقا سەۋەبچى بولغان كېسەلنى بىلىش شۇنىڭدەك يەنە ئىختىلاپنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئۇنى ھەل قىلىشتا ۋە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ قايتا تۇرغۇزۇلۇشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

مەن بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، توي قىلىشنى يولغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرگەن ئىسلام دىنى ئائىلىنىڭ بەختلىك بولىشىغا ۋە ئۇنىڭ خاتىرجەم ھالدا داۋام قىلىشىغا ناھايىتى ھېرىسمەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئائىلە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىلمۇ ـ خىل چارىلەرنى يولغا قويدى ۋە ئائىلىدە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىسلام دىنى دەسلەپ ئەر ـ خوتۇننى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپنىڭ چارىسىنى قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل بولىشقا بۇيرۇدى. ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەر

بىرىنىڭ بۇ ئىختىلاپقا قارىتا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سىزىشى ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپنىڭ چارىسىنى قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئۆز ئارىلىرىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپنىڭ چارىسىنى قىلىشقا ئىنتىلمەسلىكى ۋە باشقىلارنى ئارىغا سېلىپ بولسىمۇ ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشماسلىقى بولسا، ئىختىلاپنى ھەل قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ۋە ئۇنى قىيىنلاشتۇرىدىغان دەرىجىدە كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىنى ۋە ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ چۇڭقۇرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى ياكى ئايال تەرىپىدىن ياكى ئەر تەرىپىدىن كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىختىلاپقا سەۋەبچى بولغان تەرەپ ئايال بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ قارىشى بويىچە بۇ ئىختىلاپنىڭ ئامالىنى قىلىشقا ۋە ئائىلىدىن ئىختىلاپ كېسىلىنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئەر مەسئۇلدۇر. الله تائالا بۇ ئىختىلاپنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئەرنىڭ پايدىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە قوللىنىشى ئۈچۈن بىر نەچچە خىل ۋاستىلەرنى يولغا قويدى. الله تائالا مۇنداق دېدى: « سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ)»[(1)] مانا بۇ ئايەت ئەرلەرگە خىتاب قىلىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ ئۆزىگە قارشى سەركەشلىك قىلغانلىقىنى ۋە بويسۇنمىغانلىقىنى كۆرسە ئايالىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ الله تائالانىڭ ئاياللارنى ئەرلىرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئەسلىتىشى ۋە ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە كەلگەن قۇرئان ئايەتلىرىدىن ۋە ھەدىسلەردىن ئوقۇپ بېرىشى لازىم. ئەگەر قىلىنغان بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغان، ئۇ ئايال يەنە ئۆزىنىڭ سەركەشلىكىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن بولسا، ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتماسلىقى لازىم. ئەگەر بۇمۇ ئايالغا كار قىلمىسا، ئەر بۇ ھالدا ئايالىنى ئۇنىڭ تېنىدە بىرەر ئىز قالغۇدەك ۋە ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى سۇندۇرۇۋاتقۇدەك دەرىجىدە

(1) سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاتتىق ئۇرماستىن بەلكى بۇشىراق ئۇرۇش لازىم.

ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ سەركەشلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەرسالىقىنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۈچۈن ئايالنى ئۇرۇشنى رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالنى ئۇرۇشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەدىسلەرنى ۋە ئايالنىڭ سەركەشلىك قىلىشىنىڭ چارىسىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇشتىنمۇ باشقا ئامالنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئۇرماڭلار» دېدى. ئاندىن ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئاياللار ئەرلەرگە قارشى ئىسيان كۆتەرگىلى باشلىدى، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. كېيىن نۇرغۇن ئاياللار ئەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نۇرغۇن ئاياللار ئەرلىرىدىن شىكايەت قىلىپ مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسى ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئاشۇ ئاياللارنى رەنجىتكىنىڭلار ئىچىڭلاردىكى ياخشى كىشىلەردىن ھېسابلانمايدۇ» دېدى.[1]

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ئايالنى ئۇرمىغانلىقىنى ۋە ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئەرنىڭ ئاياللىرىغا ئەڭ مېھرىبان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەگەر بۇ ئىختىلاپقا سەۋەبچى بولغان تەرەپ ئەر بولسا، ئايال بۇ ھالدا بۇنىڭغا نېمە ئىشنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشى ۋە ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشقا ئۇرۇنىشى لازىم. ئەگەر ئايالغا ئەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئايالنىڭ بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىپ بېرىش ئارقىلىق بولسىمۇ ئاخىرىدا ئايرىلىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەرنىڭ تېخىمۇ سەركەشلىك قىلىشىنىڭ ۋە يۈز ئۆرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ياخشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزۇلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە

(1) ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايىتى.

بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (الله سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» [1] الله تائالانىڭ: «كېلىشىش (ئۆزلۈشۈپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن» دېگەن ئايىتى كېلىشىشنىڭ، يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ ۋە كېلىشىش ئۈچۈن بىر تەرەپنىڭ بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىشنىڭ ئائىلىنىڭ ياخشى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن چاغدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشى، سەۋر قىلىشى، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزى ھەقلىرىدىن ئۆتۈنۈپ بېرىشى بولۇپمۇ ئەر الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى ئەسلىشى لازىم. الله تائالا ئەرلەرگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق ( يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن» [2]

ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ياخشىلىنىشقا ئەمەس تېخىمۇ يامانلىششقا ۋە ئېغىرلىششقا قاراپ ماڭغان ۋە ئۇلار بۇ ئىختىلاپنى ئۆزلىرى ھەل قىلالمايدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئىسلام دىنى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدىن الله تائالادىن قورقىدىغان، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە ۋە ئۇنىڭ بەختلىك ھالدا داۋاملىشىشىغا ھېرىسمەن ئادەملەرنىڭ ئارىلىشىشىنى يولغا قويىدى. يەنى ئەر تەرەپتىن بىر ئادەم ۋە ئايال تەرەپتىن بىر ئادەم بىر يەرگە كېلىپ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىشقا ۋە

(1) سۈرە نىسا 128 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نىسا 19 ـ ئايەت.

ئىككىسىنى ئىناق ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە كۆچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەنىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، الله ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» [1]

كېلىشتۈرۈشكە ئەۋەتىلىدىغان ئادەملەر ئۇچۇن ياخشى كىشىلەرنى تاللاش ۋە ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىنى ياخشىلاش ۋە تۈزەش بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى نەتىجىلىك ھالدا ئورۇنلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى بولسا ئەر ـ خوتۇنىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى يوقىتىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئىناقلىق ۋە ساپلىق ھالىتىگە ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ناھايىتى ئېغىر بولۇپ ئىككى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىشقا ئىمكانسىز قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئىسلام دىنى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى يولغا قويىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئىككىسى ئۈزلۈشۈپ كەتسە، الله ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ، الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [2]

الله تائالانىڭ: «ئەگەر ئىككىسى ئۈزلۈشۈپ كەتسە، الله ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ» دېگەن سۆزى الله تائالا ئەر ـ ئايال ئىككىسىگە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق ئېرىششكە مۇيەسسەر قىلغان كاتتا نېمەتلەرنىڭ بىرىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇچۇن تەسەللىدۇر. مەسىلەن: ئائىلە ئىچىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە شەپقەت ھاياتىدا ياشايدىغان ئەرلەر كاتتا بىر نېمەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارغا ئۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىش، ئۇ نېمەتنى يوقاپ كېتىشتىن ساقلاش ۋە ئۇ نېمەتنى بەرگەن الله تائالاغا شۈكۈر قىلىش لازىم.

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ناھايىتى ئېغىر بولۇپ ئىككى تەرەپتىن

(1) سۈرە نىسا 35 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نىسا 031 ـ ئايەت.

ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىشتىن ئىمكانسىز قالغان ۋاقىتدا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى (مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) ناھايىتى ھېكمەت بىلەن يولغا قويۇلغان بىر تۈزۈمدۇر. ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى نۇرغۇنلىغان يامانلىقنىڭ ۋە خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە تالاقنىڭ (ئايالدىن ئايرىلىپ كېتىشنىڭ) بابىدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

## ئايال بىلەن قېيىن ئانىنىڭ ئارىسىدىكى جىدەلنىڭ بايانى

بۇ، جەمىيىتىمىزدە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر مەسىلىدۇر. كىشىلەر بۇنى <كىلىن بىلەن قېيىن ئانىنىڭ ئارىسىدىكى جىدەل> دەپ ئاتىشىدۇ. ئەر بۇ جىدەلنىڭ ئالدىدا ناھايىتى سەۋىرجان، سوغۇققان ۋە ھېكمەتلىك بولۇشى لازىم. بۇ ھالدا ھېكمەت ئەردىن ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ ھەقلىرى ئانىنىڭ ھەقلىرى بىلەن زىتمۇ ـ زىت كەلمەيدۇ.

ئايالنىڭ ھەقلىرى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك تويلۇق ۋە تەمىنات بېرىش، چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئانىنىڭ ھەقلىرى بولسا ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بويسۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر.

مەيلى ئاتا ـ ئانا بولسۇن مەيلى باشقا بىرى بولسۇن بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە بويسۇنۇشى الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھ ھېسابلانمايدىغان ئىشلاردا بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بويسۇنۇش پەقەت ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.»[1] يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: «الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا (بىر ئادەمگە) بويسۇنۇش يوق. بويسۇنۇش پەقەت ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ.» ئىمام بۇخارى ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىر ئانا بالىسىغا كۆيۈنۈپ ئۇنى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن (مەسچىتكە) چىقىشتىن توسسا، بۇ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**ھالدا بالا ئانىغا بويسۇنمايدۇ.**

**ئەمما ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ: مېنىڭ ياخشى كۆرۈدىغان بىر ئايالىم بار ئىدى. (دادام) ئۆمەر ئۇنى يامان كۆرەتتى. ئۇ ماڭا: ئۇنى تالاق قىلىۋەتكىن، دېدى. مەن بۇنىڭغا ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن دادام ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېگەن ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتكىن» دېدى، دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ھەممە دادىلار ئۆمەرگە ئوخشاش تەقۋادار ۋە ئادىل ئەمەس. مەن بۇنداق ئويلايمەن: ئەگەر ئابدۇللاھنى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇغان ئادەم ئۆمەردىن باشقا ئادەم بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇدەردا (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە ئوچۇق بىر نەرسە دېيىشتىن ئىككىلىنەتتى. ئەبۇدەردا مۇنداق دەيدۇ: بىركىشى ماڭا كېلىپ: مېنىڭ بىر ئايالىم بار، ئۇنى ئانام قويۇۋېتىشىمگە بۇيرۇۋاتىدۇ؟ دېدى. ئەبۇدەردا (يەنى مەن ئۇنىڭغا): مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاتا (ئانا) جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر، ئەگەر خالىساڭ ئۇ ئىشىكنى بۇزۇۋەت، خالىساڭ ئۇنى پۇختا ساقلا» [1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدىم. (يەنى ئەبۇدەردا بۇ يەردە ئۇ ئادەمگە ئايالىڭنى قويۇۋەت ياكى قويۇۋەتمە، دېمىدى.)**

**بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن سانىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇبەكرەتە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بىز: شۇنداق قىلسىلا ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(چوڭ گۇناھلار بولسا) اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشتۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرۋاتقان ئىدى رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ: «بىلىپ قويۇڭلار (چوڭ گۇناھ بولسا)، يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر» دېدى ۋە بۇ سۆزنى تەكرارلىۋەردى، ھەتتا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر توختاپ**

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلدى. تىرمىزي بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

قالسىكەن، دەپ كەتتىم.[1] ئىبنى ھەجەر ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش دېگەنلىك بىر بالىدىن ئاتا ـ ئانىسى ئاغرىنىپ قالىدىغان بىرەر سۆزنىڭ ياكى ھەرىكەتنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشى دېمەكتۇر. لېكىن ئاتا ـ ئانا بالىنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ياكى گۇناھ بولىدىغان بىرەر ئىشقا زورلىغان ھالەتتە ئەمەس بۇيرۇغان، ئاندىن بالا ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىدىن ئاغرىنىپ قالغان بولسا، بۇ ئاتا ـ ئانىنى قاخشاتقانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئىبنى ئەتىيە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «دىن بىلەن زىت ئەمەس ئىشلاردا ئاتا ـ ئانا بالىنى مەيلى ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان بولسۇن مەيلى قىلىشتىن توسقان بولسۇن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىش دىندا مۇستەھەپ، دەپ قارالغان ئىشلاردىن بولسا، بۇ ئىشلاردا بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇشى مۇستەھەپتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئاتا ـ ئانا قىلىشنى بۇيرۇغان ئىش (مەسىلەن: جىنازە نامىزىغا ئوخشاش) بىر ئادەم قىلسا باشقىلارنىڭ بويىنىدىن قىلىش چۈشۈپ كېتىدىغان پەرزلەردىن بولسىمۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇشى مۇستەھەپتۇر. ئاتا ـ ئانا قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشنىڭ ۋاقتى بىلەن ساۋابى ئازراق كەم بولۇپ قالسىمۇ كېيىن قىلىنىۋالغىلى بولىدىغان باشقا بىر ئىشنىڭ ۋاقتى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ قالسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشلىرى بالدۇر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كېسەل بىر ئانا بالىسىنى قېشىدا تۇرۇپ كېسىلىگە قاراشقا بۇيرۇغان، ئەگەر بالا ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئانىسىنىڭ كېسىلىگە قارىسا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشتىن مەھرۇم قالىدىغان، ئەگەر بالا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتسە ئانىسى يالغۇز قالىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئەمەل ـ ئىبادىتى نامازنى دەسلەپكى ۋاقتىدا ياكى جامائەت بىلەن ئوقۇغىنىغا ئوخشاش ساۋابى ئازراق بولسىمۇ كېيىن قىلىۋالغىلى بولىدىغان ئىش بولسا، بالا ئانىنىڭ بۇيرۇغانلىرى قىلىدۇ[2] »[3]

فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەم ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) يەنى بىر بالا نامازنى دەسلەپكى ۋاقتىدا ياكى جامائەت بىلەن ئوقۇماقچى بولغان چاغدا ئۇ بالىنى ئانىسى قېشىدا تۇرۇپ كېسىلىگە قاراشقا بۇيرۇغان بولسا، بالا بۇ ھالدا ئانىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىدۇ. چۈنكى بالا نامازنى دەسلەپكى ۋاقتىدا ئوقۇغاننىڭ ياكى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالسىمۇ، لېكىن نامازنى ئاخىرقى ۋاقتىدا بولسىمۇ ئوقۇۋالالايدۇ. ئەمما بىر ئانا بالىسىنى پۈتۈنلەي ناماز ئوقۇشتىن چەكلىسە بۇ ھالدا ئۇ ئانىغا بويسۇنۇلمايدۇ. ت.

(3) «فەتھۇلبارى»، 10 ـ توم، 406 ـ بەت.

ۋە ئۇنىڭ ئايالى، پېقىر كىچىك بالىسى ۋە كېسەل ياكى باشقا سەۋەب بىلەن ئۆزىنىڭ خىراجىتىنى قامدىيالمايدىغان چوڭ بالىسى بولغان بولسا، بۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش يوق بولۇپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ[1]. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەمنىڭ پېقىر ئەمما تىجارەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىش قىلىشقا قادىر بۇلالايدىغان ئاتا ـ ئانىسى بولسا، بىر رىۋايەتتە ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىشمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.[2]

بىر ئادەمنىڭ بالىۋاقىلىرى ۋە پەقەت دادىسىلا بولسا، ئۇ ئادەم دادىسىنىڭ چاپا تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دادىسىنى بالىۋاقىلىرىغا قوشۇۋېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇ ئادەم دادىسىغا (هەر ئايدا) مەئەييەن بىر مىقداردا پۇل بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. پېقىرلىق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ قولىدا هېچقانداق مال ـ مۈلك يوق، ئەمما تىجارەتكە ياكى هۈنەرگە ئوخشاش بىرەر ئىش قىلالايدىغان پېقىر. توغرا دەپ قارالغان قاراشقا ئاساسەن بۇ پېقىرغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش لازىم.

2 ـ قولىدا هېچقانداق مال ـ مۈلك يوق، هەم تىجارەتكە ياكى هۈنەرگە ئوخشاش بىرەر ئىشمۇ قىلالمايدىغان پېقىر. بۇ پېقىرغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش لازىم ئەمەس.

3 ـ تاپقان پۇلى ئۆزىنىڭ چىقىملىرىدىن ئازراق ئېشىپ قالىدىغان ئادەم. بۇ ئادەم چوڭ قىزىنىڭمۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.[3]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش، مال ـ دۇنيانى ئاياللىرىغا ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىگە خەجلەپ بېرىش ئاخىر زاماندا كۆپ بولىدىغان ئىشتۇر. بۇ هەقتە ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مېنىڭ ئۇممىتىم ئون بەش خىل ئىشنى قىلسا ئۇممىتىمگە بالا كېلىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسى ئىشلار دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئولجىغا ئېلىنغان ماللار (بايلار

---

(1) يەنى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسى بولسا ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىغا چۇشلۇق ئايرىلىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 2 ـ توم، 665 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇهتار»، 2 ـ توم، 677 ـ بەت.

ئارىسىدا) قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرۇلىدىغان بايلىق قىلىنسا، <ئامانەت> ئولجا دەپ بىلىنسە، زاكاتنى (مالغا كەلگەن) بىر ئالۋاڭ - سېلىغ، دەپ قارالسا، ئەر ئايالىغا بويسۇنسا، ئانىسىنى قاخشاشسا، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا، دادىسىغا قوپاللىق قىلسا، مەسچىتلەردە ئاۋازلار كۆتۈرۈلسە، بىر مىللەتنىڭ باشلىقى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش ئادىمىدىن بولسا، بىرەر ئادەمگە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەت قىلىنسا، ھاراق ئېچىلسە، يىپەك كىيىلسە، (ئويۇن - تاماشا قىلىش ئۈچۈن) ناخشىچىلار ۋە چالغۇ - ئەسۋابلار تەيىن قىلىنسا ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكىللىرى بۇرۇنقىلىرىغا لەنەت ئوقۇسا، ئۇممىتىم قىزىل شامال بىلەن يەر يۈتۈشنى ياكى سۈرىتى ئۆزگەرتىلىپ كېتىش بىلەن تاش يېغىشنى كۆتۈپ تۇرسۇن » دېدى.[1]

# ئېملەدەشلىكنىڭ بايانى

## ئېملەدەشلىك ئۇقۇمى

ئېملەدەشلىك بىر بالىنىڭ، مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى (يېشى چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھەيز قېنى توختاپ قالغان ئايال بولسۇن پەقەت ئايال جىنسىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۈتىنىڭ گالدىن قويۇلىشى ياكى بۇرنىدىن تېمىتىلگەنلىكىمۇ ئەمگەننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

ئېملەدەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېمىتىشنىڭ مۇئەييەن بىر مۇددەت ئىچىدە بولىشى لازىمدۇر. ئۇ مۇددەت بولسا ئىمام ئەبۇھەنىفە (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشى بويىچە ئىككى يېرىم يىلدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ قاراشلىرى بويىچە ئىككى يىلدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (ﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: »ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

ئىمتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئىمتىشى لازىم« [1] »ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر« [2]

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ قارىشىغا الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: »بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر« [3] ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دېدى: «الله تائالا بۇ ئايەتتە بالىغا قورساق كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى بايان قىلدى ۋە بۇ ئىككى ئىشقا 30 ئاينى بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ 30 ئاي ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بالىغا قورساق كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ 30 ئاي، ئۇنى سۈتتىن ئايرىش ئۈچۈنمۇ 30 ئاي مۇددەت ھېسابلىنىدۇ.) بۇ خۇددى بىر قەرز ئىگىسىنىڭ: مەن پالانىغا ۋە پالانىغا ئۈستىدىكى قەرزلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر يىل مۇددەت بەردىم، دېگىنىگە ئوخشاش ئىككى ئادەمگە ئۈستىدىكى قەرزلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن توختۇتۇپ بېرىلگەن مۇددەتكە ئوخشاشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم: مەن پالانىغا ۋە پالانىغا ئۈستىدىكى قەرزلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر يىل مۇددەت بەردىم، دېسە، بۇ سۆزدىن قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرىگە بىر يىلدىن مۇددەت توختۇتۇپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك مەزكۇر ئايەتتىنمۇ بالىغا قورساق كۆتۈرۈش ئۈچۈن 30 ئاي ۋە بالىنى سۈتتىن ئايرىش ئۈچۈنمۇ 30 ئاي توختۇتۇلۇپ بېرىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ»

مەزكۇر ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى دەلىل ـ پاكىتى كۈچلۈك بولغىنىدۇر. بۇ يەردە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد

(1) سۈرە بەقەر 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە لۇقمان 14 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئەھقاف 15 ـ ئايەت.

(اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. بۇ ئىختىلاپ بولسا بالىنى قايسى ۋاقىتقىچە ئېمىتىش ئېملدەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قايسى ۋاقىتقىچە ئېمىتىش ئېملدەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، دېگەن ھەقتىدۇر. ئەمما ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ بالىنى (يەنى ئۆزىنىڭ بالىسىنى) ئېمىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېمىتىش ھەققىگە ھېسابلاپ پۇل بېرىش مۇددىتى بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە ئىككى يىلدۇر. (يەنى ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئايالغا ئېرى بالىنى ئېمىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئېمىتىش ھەققىگە ھېسابلاپ ئىككى يىلغىچە پۇل بېرىدۇ). شۇنىڭدەك يەنە بىر بالا ئانىسىدىن باشقا بىر ئايالنىڭ ئەمچىكىنى ئەممىسە، ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇ بالىنى ئىككى يىلغىچە ئېمىتىش مەجبۇرىيىتى بار. اللە تائالا تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېدى: »ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن« [(1)] ئەگەر بالا باشقا بىر ئايالنى ئېمىشكە ئۇنىسا، ئۇنى باشقا ئايال ئېمىتىدۇ. ئەگەر بالا باشقا بىر ئايالنى ئېمىشكە ئۇنىمىسا، بالىنى ئېمىتىشكە بالىنىڭ ئانىسى مەجبۇرلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقا ئايالغا بېرىلىدىغان ئېمىتىش ھەققى بېرىلىدۇ.

بىر ئايالنىڭ بالىنى ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئېمىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى سۈتمۇ ئادەمنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئۇمۇ ھۆرمەتلىكتۇر. چۈنكى اللە تائالا ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: »شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق« [(2)] شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇر بولۇپ قالمىغانلا بولسا، ئادەمنىڭ بىرەر پارچىسىدىن پايدىلىنىش ھارامدۇر.

(1) سۈرە تالاق 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت.

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كىرگەن ۋاقتىدا قېشىمدا بىر ئەر كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمدا بىر ئەرنىڭ تۇرغانلىقىنى يامان كۆرگەندەك قىلىپ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، دېدىم. يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشەنىڭ: بۇ مېنىڭ ئىملەدەش قېرىندىشىم، دېگەنلىكى بايان قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئى ئاياللار گۇرۇھى!) سىلەر (ئىملەدەشتىن بولغان) قېرىندىشىڭلارنىڭ كىم بولغىنىغا ئوبدان قاراڭلار. چۈنكى، ئىملەدەشلىك پەقەت (بالا سۈتكە ئېھتىياجى بار مۇددەت ئىچىدە) ئەمگەن ۋاقتىدا چۈشىدۇ» دېدى.[1] (يەنى ئىملەدەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېمىتىش بولسا، سۈتتىن باشقا نەرسە بالىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى قاندۇرالمايدىغان چاغدا ئېمىتكەن ئېمىتىشتۇر.)

فىقھىشۇناسلار: «سۈتنى دورا ئۈچۈن قوللىنىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدە ھارام نەرسىنى دورا ئۈچۈن قوللىنىش توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە باشقا بىر قاراش بولۇپ بۇ قاراش: «ئەگەر ئۇ ھارام نەرسىنىڭ كېسەلگە پايدا قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولغان ۋە كېسەلگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا دورا بولمىغان بولسا، خۇددى ئۇسساپ قالغان ئادەمگە (سۇ يوق ۋاقىتدا) ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت قىلىنغىنىدەك ھارام نەرسىنىمۇ دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ.[2]

بىر بالىنى ئېمىتكەن ئايالنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدىغانلىقى الله تائالانىڭ: ›‹سۈت ئانىلىرىڭلارنى›‹ دېگەن ئايىتىدە ئوچۇق ھالدا بايان قىلىندى. شۇنىڭدەك يەنە بالىنى ئېمىتكەن ئايالنىڭ سۈتىگە سەۋەبچى بولغان ئەرمۇ ئۇ بالىنىڭ دادىسى ھېسابلىنىدۇ[3]. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئايالللار ئۆزلىرىنى پەردە ئىچىگە ئېلىشقا بۇيرىغان ئايەت چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئەبۇلقۇئەيسنىڭ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 404 - بەت.

(3) يەنى ئايالى قورساق كۆتۈرۈپ قالغان ئەر، ئايالى ئېمىتكەن بالىنىڭ دادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر ئايال باشقا ئەردىن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇتتىن كېيىنلا باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولغان ۋە بالا ئېمىتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئۇ بالىنىڭ دادىسى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ سۈتىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم ئىككىنچى ئەر ئەمەستۇر. ت.

قېرىندىشى ئەپلەھ كېلىپ قېشىمغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئەبۇلقۇئەيس ئائىشەنىڭ سۈت دادىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: اللّٰه تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەپلەھنىڭ (يەنى سېنىڭ قېشىمغا كىرىشىڭگە) تاكى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باقمىغىچە رۇخسەت بەرمەيمەن، چۈنكى، مېنى ئېمىتكەن ئادەم ئەبۇلقۇئەيس ئەمەس ئۇنىڭ ئايالىدۇر، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (قېشىمغا) كىرگەن ۋاقىتىدا مەن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئەبۇلقۇئەيسنىڭ قېرىندىشى ئەپلەھ كېلىپ قېشىمغا كېرىشكە رۇخسەت سورىدى. مەن تاكى بۇ ھەقتە سەندىن سورىمىغىچە ئۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت بېرىشنى يامان كۆردۈم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت بېرىڭ[1]» دېدى.[2]

بۇ ھەقتە ھەدىستە يەنە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئۇممۇھەبىبە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! سەن مېنىڭ بىر تۇغقىنىم ئىززەتنى نىكاھىڭغا ئالغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز بۇ ئىشنى ياخشى كۆرەمسىز[3]؟» دېدى. ئۇممەھەبىبە: ھەئە، مەن سېلىنىڭ يالغۇز ئاياللىرىلا ئەمەس[4]، ماڭا ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى مېنىڭ ئاشۇ ھەمشىرەمدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىزنىڭ ھەمشىرىڭىزنى ئېلىش ماڭا دۇرۇس بولمايدۇ» دېدى. ئۇممەھەبىبە: (كىشىلەر بىزگە) سېلىنىڭ ئەبۇسەلەمەنىڭ قىزى دەررىنى ئالماقچى بولغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇممۇسەلەمەنىڭ قىزىنىمۇ[5]؟» دېدى. ئۇممەھەبىبە: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ

(1) ئەبۇلقۇئەيس ئائىشەنىڭ سۈت دادىسى بولىدۇ. ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىغان ئادەم ئۇنىڭ سۈت دادىسىنىڭ قېرىندىشى بولىدۇ. ئايالنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ كىرىشى خاتا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ئۇ ئادەمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بېرىشكە بۇيرىدى. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) يەنى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمنى ياخشى كۆرەمسىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالنى ئاياللارنىڭ كۈندەشلىكىدىن ئېرىنىڭ باشقا خوتۇن ئېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان تۇرۇپ ئۇنىڭ بىر تۇغقىنىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىدىن ھەيران قېلىپ سورىدىغان ئىدى. ت.

(4) يەنى ئۇنى ئېلىپ بەرمىسەممۇ، مەن يالغۇزلا ئەمەس، مەن بىلەن سېلىنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ بار. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مەن كۈندەشلىك قىلماسلىقتا كۆنگەنمەن. ت.

(5) يەنى ئۇممۇسەلەمەنىڭ قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەي قىزى بولۇپ، ئۇممۇھەبىبە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىش دۇرۇس بولغان يەردە ئاچا ـ سىڭلىنى ئېلىش ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ ھەمشىرەمنى ئالغىن دەيدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆگەي قىزىنى ئالماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرنى مۇناپىقلار تارقاتقان. ت.

(يەنى مېنىڭ ئۆگەي قىزىم) مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولمىغان بولسىمۇ ئۇ ماڭا دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئېملدەش بىر تۇغقىنىمنىڭ قىزى، سۇۋەيبە مېنى ۋە ئەبۇسەلەمەنى (يەنى ئۇ قىزنىڭ دادىسىنى) ئېمىتكەن، سىلەر ماڭا سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلارنى ۋە ھەمشىرىلىرىڭلارنى سايە قىلىپ يۈرمەڭلار» دېدى.[1]

شۈبھىلىك بىلەن ئېملدەشلىك چۈشكەن ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال كىچىك بىر قىزنىڭ ئېغىزىغا ئەمچىكىنى سالغان ۋە بۇ ئىش كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئايال: مەن بۇ قىزنىڭ ئېغىزىغا ئەمچىكىمنى سالغان ۋاقتىدا ئەمچىكىمدە سۈت يوق ئىدى، دېگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ بالىسىنىڭ ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشى توغرا بولىدۇ. چۈنكى بىر بالىنىڭ بىر ئايالنى ئەمگەن ياكى ئەممىگەنلىكى شۇ بالىنى ئېمىتكەن ئايال تەرىپىدىن بىلىنىدۇ. (ئەگەر ئۇ بالىنى ئېمىتكەن ئايال: مەن بۇنى ئېمىتكەن چاغدا ئەمچىكىمدە سۈت يوق ئىدى، دېسە ئۇ بالا ئۇ ئايالنى ئەممىگەن ھېسابلىنىدۇ.)

ئاياللار مەجبۇر بولۇپ قالمىغان تەقدىردە ئۇچرىغان ھەممە كىچىك بالىلارنى ئېمىتمەسلىك لازىم. ئەگەر ئېمىتسە قايسى بالىنى ئېمىتكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئاشكارا قىلىشى ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن يېزىپ قويىشى لازىم. ئەگەر بالا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالاي دېمىگەن بولسا، بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشى مەكرۇھتۇر.[2]

تۇغقاندارچىلىق ئارقىلىق ھارام بولۇپ كەتكەن نەرسە، ئېملدەشلىك ئارقىلىقمۇ ھارام بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «شەكسىز ئېملدەشلىك تۇغۇش - تۇغۇلۇش ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىدۇ[3]» دېدى.[4]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 405 - بەت.

(3) ئايال كىشى تۇغۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بالىسىغا ھارام بولغانغا ئوخشاش، باشقا بالىلارنى ئېمىتىش ئارقىلىقمۇ ئۇلارغا ھارام بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال بىر بالىنى تۇغسا ئۇ بالىغا ئۆزىنىڭ ئانىسى، سىڭلىسى، ئاچىسى، ھامما ئاچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭدەك بىر ئايال بىر بالىنى ئېمىتسە ئۇ بالىغا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ قىزى، سىڭلىسى، ئاچىسى، ھامما ئاچىسىنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ كېتىدۇ. ت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئېمىلدەشلىك تۇغۇش ـ تۇغۇلۇش هارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى هارام قىلسىمۇ، لېكىن ئېمىلدەشلىكنىڭ تۇغۇش ـ تۇغۇلۇشقا ئوخشىمايدىغان بەزى تەرەپلىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئېمىلدەش هەمشىرىسىنىڭ ئانىسىنى ئېلىش. بىر ئادەمنىڭ ئېمىلدەش هەمشىرىسىنىڭ ئانىسىنى ئېلىشى توغرا بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ قېرىنداش هەمشىرىسىنىڭ ئانىسىنى ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى قېرىنداش هەمشىرىسىنىڭ ئانىسى ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئانىسىدۇر ياكى ئۆگەي ئانىسىدۇر. ئېمىلدەش هەمشىرىسىنىڭ ئانىسى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ياكى ئۆز ئانىسى ياكى ئۆگەي ئانىسى هېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئېمىلدەش هەمشىرىسىنىڭ ئانىسىنى ئېلىشى توغرا بولىدۇ.

2 ـ ئېمىلدەش ئوغلىنىڭ هەمشىرىسىنى ئېلىش. بىر بالا بىر ئايالنى ئەمگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇ بالىنىڭ هەمشىرىسىنى ئېلىشى توغرىدۇر. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلىنىڭ هەمشىرىسىنى ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلىنىڭ هەمشىرىسى ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز قىزىدۇر ياكى ئۆگەي قىزىدۇر. بىر ئادەم بىر قىزنىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايالنىڭ قىزىنى ئېلىش هارام بولۇپ كېتىدۇ.

3 ـ ئېمىلدەش قېرىندىشىنىڭ هەمشىرىنى ئېلىش. بىر بالىنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشىنىڭ هەمشىرىنى ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى بىر بالىنىڭ قان قېرىندىشىنىڭ هەمشىرىنى ئېلىشمۇ توغرا ئىدى. مەسىلەن: ئوغلى بار بىر ئادەم باشقا ئەردىن بولغان قىزى بار بىر ئايال بىلەن توي قىلغان ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئوغۇل بولغان بولسا، توغۇلغان بۇ ئوغۇل ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئوغلىنىڭ قان قېرىندىشى هېسابلىنىدۇ. ئايالنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزى تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ هەمشىرى هېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئوغلىنىڭ ئۆزۈگىمۇ قان قېرىنداش كېلىدىغان يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇلنىڭ هەمشىرىسى بولغان قىزنى (يەنى ئۆگەي ئانىسىنىڭ قىزىنى) ئېلىشى توغرىدۇر.

بىر ئەمچەكنى ئەمگەن ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇ، بۇ مەسىلىدىكى ئەسلى قائىدىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسى بىر ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قېرىنداش ۋە

ھەمشىرە ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئايالنى ئەمگەن بىر قىزنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرەرسىگە ياتلىق بولىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ بالىۋاقىلىرى بىلەن ئۇ قىز قىرىنداش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ قىز بىلەن ئۇ ئايالنىڭ بالىسىنىڭ ئوغلىمۇ (يەنى نەۋرىللىرىمۇ) توي قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇغۇل ئۇ قىزغا قېرىندىشىنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ. (بىر ئايالنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ بالىسى بىلەن توي قىلىشى توغرا ئەمەس.)

بىر ئايالنى ئەمگەن بىر ئوغۇل ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ھەمشىرى بىلەن توي قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئايال ئۇ بالىنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ھەمما ئاچىسى ھېسابلىنىدۇ.[1]

بىر نەچچە قىزى بار بىر ئايال بىر نەچچە قىرىندىشى بار بىر ئوغۇلنى ئېمىتكەن ۋە ئۇ ئوغۇللارنىڭ ئانىسى ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئېمىتكەن بولسا، قىزلارنىڭ ئانىسىنى ئەمگەن ئوغۇلنىڭ ئۇ قىزلارنىڭ بىرەرسى بىلەنمۇ توي قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇ ئوغۇلنىڭ قىرىنداشلىرىنىڭ، ئانىسى ئېمىتكەن قىزدىن باشقا ئۇ ئايالنىڭ باشقا قىزلىرى بىلەن توي قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئۇ ئوغۇلنىڭ قىرىنداشلىرىنىڭ، ئانىسى ئېمىتكەن قىز بىلەن توي قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ قىز ئۇلارنىڭ ئېمىلدەش ھەمشىرى ھېسابلىنىدۇ.

توققۇز ياشقا كىرگەن بىر قىز بىر بالىنى ئېمىتسە، ئېمىلدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. (يەنى ئۇ قىز بىلەن ياكى ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرى بىلەن ئۇ بالىنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ ـ تېگىشىش ھارام بولۇپ كېتىدۇ.) ئەگەر يېشى تېخى توققۇز ياشقا يەتمىگەن قىز بىر بالىنى ئېمىتكەن بولسا، ئۇ قىزدىن سۈت كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ قىز بىلەن ئۇ بالىنىڭ ئارىسىدا ئېمىلدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى يېشى تېخى توققۇز ياشقا يەتمىگەن بىر قىزنىڭ تۇغۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ.

مەيلى ئۆلۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى سېغىلغان بولسۇن ياكى ئۆلۈپ قېلىپ بولغاندىن كېيىن سېغىلغان بولسۇن سېغىپ ئىچكەن بولسىمۇ ئۆلۈك ئايالنىڭ سۈتىنى ئېمىش بىلەن ئېمىلدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە»، 1 ـ توم، 224 ـ بەت.

ھەنەفىي مەزھەپىدە كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراشقا قارىتا زىناخورنىڭ سۆتى بىلەن ئېملىدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ[1].

## ئېملىدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشىنىڭ بايانى

ئېملىدەشلىكمۇ خۇددى مالغا ئوخشاش ئىككى ئەرنىڭ ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ ئادىل ئادەملەر بولۇشى شەرتتۇر. گۇۋاھ بەرگەنلەرنىڭ بىرى بالىنى ئېمىتكەن ئايال بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئۆزىگە قارشىدۇر[2]. شۇڭا ئۇ ئايالغا (يالغاندىن گۇۋاھلىق بەردى، دەپ) تۆھمەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىر ئايال يالغۇز كېلىپ مەن: بۇ بالىنى ئېمىتكەن، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا ئېملىدەشلىك ئىسپاتلانغان بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى قازى ئايرىۋەتمىگۈچە ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. (يەنى مەسىلەن: بىر ئەرنىڭ قېشىغا بىر ئايال كېلىپ ئايالىڭىزنى سىزنىڭ ئانىڭىز ئېمىتكەن، دېگەن ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ ئايالىنى ئېمىتكەنلىكى ئېنىقلانغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئەر ـ خوتۇن تاكى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى قازى ئايرىۋەتمىگۈچە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ). چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ (سىزنىڭ ئايالىڭىزنى ئانىڭىز ئېمىتكەن، دەپ) بەرگەن گۇۋاھلىقى بەندىنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەرنىڭ ئايالىدىن ھۇزۇرلىنالايدىغان ھەققىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىدۇر.

س: مەزكۇر ھالەتتە ئېملىدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن ئايالنىڭمۇ دەۋا قىلىشى لازىممۇ؟

ج: توغرىسى ئېملىدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن ئايالنىڭ دەۋا قىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى بىر ئايالنىڭ بىر ئادەمگە (ئايالىڭىزنى

(1) يەنى بىر ئايال قورساق كۆتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بىر ئادەم بىلەن زىنا قىلغان ۋە ئۇ ئايال توغقاندىن كېيىن قىز بالىدىن بىرنى ئېمىتكەن بولسا، ئۇ قىز بىلەن ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ ـ تېگىشىش ھارام ئەمەس. ت.

(2) يەنى ئۇ ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەمگەن بالىنىڭ ئارىسىدا ئېملىدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال بالىۋاقىلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بۇ بالى بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشىش پايدىلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئۆزىگە قارشى بېرىلگەن گۇۋاھلىق ھېسابلىنىدۇ. ت.

ئانىڭىز ئېمىتكەن، دەپ بەرگەن) گۇۋاھلىقى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ ئۇ ئادەمگە هارام بولۇپ كېتىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئايالنىڭ بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشىنىڭ هارام بولۇشى الله تائالانىڭ ھەقلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. (الله تائالانىڭ ھەقلىرىنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىسپاتلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر مەسىلىدە ئايال تەرەپنىڭ دەۋا قىلىشى لازىم ئەمەس.)

ئادىل ئىككى ئادەم بىر ئايالغا: (سىز پالانى بىلەن) ئېملدەش، دېگەن ئاندىن ئۇ ئىككى ئادەم قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق ئېيتىپ بولغىچە ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ مەزكۇر كىشى بىلەن بىر ئۆيدە ياشىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىككى ئادەم ئۇ گۇۋاھلىقنى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بەرگىنىدە، ئۇ ئايال بىلەن مەزكۇر ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئېملدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر ئۇ ئىككى ئادەم ئۇ ئايالنىڭ قېشىدا گۇۋاھلىق بەرسىمۇ ئۇ ئايال بىلەن مەزكۇر ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئېملدەشلىك ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايال (ئەگەر شۇ چاغدا مەزكۇر ئادەم بىلەن توي قىلمىغان هالدا بولسا، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن) ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشى توغرا ئەمەس. بىر رىۋايەتتە: توي قىلىشى بولىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. لېكىن ئۇ، ئاجىز رىۋايەتتۇر.[1]

بىر ئايال ئەر - خوتۇن ئىككى ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن سىلەرنى ئېمىتكەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ياخشىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئۇقبە ئىبنى هارىس مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئايال بىلەن توي قىلغان ئىدىم، كېيىن بىر ئايال كېلىپ: مەن سىلەر ئىككىڭلارنى ئېمىتكەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ مەسىلىنى سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «قانداق قىلىسەن، شۇنداق دېيىلگەن تۇرسا؟ ئايالىڭنى قويۇۋەت» دېدى.[2]

ئابدۇررازاق بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى جۇرەيجدىن ئىبنى شىهابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان ئىبنى ئەففان (الله تائالا ئۇنىڭدىن

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 2 - توم، 414 - بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

رازى بولسۇن!) بىر قارا ئايالنىڭ بىر تۇركۇم ئەر ـ خوتۇنلارغا: مەن سىلەرنى ئېمىتكەن، دېگەن سۆزى بىلەن ئۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارلىقىنى ئايرىۋەتكەن. كۇنىمىزدىكى كىشىلەر (بىر ئەر ـ خوتۇنىنىڭ قېشىغا بىر ئايال كېلىپ مەن سىلەرنى ئېمىتكەن، دېسە ئۇ ئايالنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئارلىقىنى ئايرىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى) ئوسمان (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇشۇ ئىشىدىن ئۇلگە ئالىدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئەبۇئۇبەيدىمۇ توغرا دەپ قارىدى (يەنى ئەبۇئۇبەيدە مەزكۇر ھالەتتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ياخشىدۇر، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىنى جەزملەشتۇرۇپ بىرەر ھۆكۇم چىقىرىلمايدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر.) ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆقبە ئىبنى ھارىسنى ئايالىدىن چوقۇم ئايرىلىپ كېتىشكە بۇيرۇماي ئۇنىڭغا: «ئايالىڭنى قويىۋەت» دېگەن سۆزىنى پاكىت قىلىپ كەلتۇرۇپ مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، دېدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بىر ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋېتىش ئۇچۇن پەقەت ئۇلارنى ئېمىتكەن بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۇنكى ئۇ ئايال (مەن سىلەرنى ئېمىتكەن دېگەن سۆزى بىلەن) پەقەت ئۆزىنىڭ قىلغان بىر ئىشىغا گۇۋاھلىق بەرگەن ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەبۇئۇبەيد ئۆمەر، مۇغىرە ئىبنى شۆئبە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئىبنى ئاباس قاتارلىقلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ بىر ئايالنىڭ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قېشىغا كېلىپ (مەن سىلەرنى ئېمىتكەن دەپ) گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋاتمايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئەگەر ئۇ ئايال ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ ئېمىتكەنلىكى ئۇچۇن بىرەر پاكىت كۆرسەتسە، ئاندىن ئۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىلىقى ئايرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال پاكىت كۆرسىتەلمىسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئايرىۋېتىلمەيدۇ. گەرچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئايرىۋېتىلمىسىمۇ، لېكىن (بىر ئايال مەن سىلەرنى ئېمىتكەن ئىدىم دېگەنلىكى ئۇچۇن) ئېھتىيات قىلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى ياخشىدۇر. ئەگەر بىر ئايالنىڭ ئەر ـ خوتۇنلارغا: (مەن سىلەر ئىككىڭلارنى ئېمىتكەن، دېيىشى بىلەنلا) ئۇلارنىڭ ئارىسىنى

ئايرىۋېتىشنى باشلىساق، بىرەر ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋاتەي، دەپ نىيەت قىلغان ئايال كېلىپ مەن سىلەرنى ئېمىتكەن دېيىشكە باشلايدۇ» دېدى.[1]

بىر ئادەم ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ مېنىڭ ئېملدەش ھەمشىرەم، دېگەن، ئاندىن بۇ سۆزىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىلىدۇ. چۈنكى ئېملدەشلىك، دېگەن ھەممە ئادەمگە ئاشكارا بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا زىتلىق بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ مېنىڭ ئېملدەش ھەمشىرەم، دېگەن)، ئاندىن شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ ئادەم كېيىن ئۇ گېپىدىن يېنىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئايرىۋېتىلىدۇ. چۈنكى بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېملدەش ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى شەرتتۇر. بۇ يەردە ئۇ شەرتمۇ تېپىلغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرت تېپىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىۋالغانلىقىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوق.

بىر ئايال ئۆزىنىڭ بىر ئەر بىلەن ئېملدەش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئۇنىڭدىن تېنىۋېلىپ: مەن بۇنى خاتا دەپ قويۇپتىمەن، دېگەن ۋە ئۇ ئەر ئۇ ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، نىكاھ توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مەزكۇر ئەر ئۇ ئايال بىلەن ئايال سۆزىدىن يېنىۋېلىشتىن ئىلگىرى توي قىلغان بولسىمۇ، نىكاھ توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ قىلغان ئىقرارىدا چىڭ تۇرسىمۇ يەنە ئۇنىڭ مەزكۇر ئەر بىلەن قىلغان نىكاھى توغرىدۇر. چۈنكى شەرىئەت (ئۆزىنى باشقىلارغا) ھارام قىلىش ھوقۇقىنى ئاياللارغا بەرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال مەيلى نىكاھتىن ئىلگىرى ئىقرار قىلسۇن مەيلى كېيىن ئىقرار قىلسۇن، مەيلى ئىقرارىدا چىڭ تۇرسۇن مەيلى چىڭ تۇرمىسۇن ئۇنىڭ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەر بۇ ھەقتە ئايالغا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئەر (ئۆزىنىڭ بىرەر ئايال بىلەن ئېملدەش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان) ۋە ئۇ ئىقرارىدا چىڭ تۇرغان بولسا، ئۇ ئەر بىلەن مەزكۇر ئايالنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشىشى ھارام بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئايال بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ مېنىڭ سۈت دادام (يەنى

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 269 ـ بەت.

مېنى ئېمىتكەن ئايالنىڭ ئېرى)، دەپ ئىقرار قىلغان، ئىقرارىدا چىڭ تۇرغان ۋە ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ئىنكار قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشى توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايال دەسلەپتە ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىقرارىغا ئىشىنىلمەيدۇ. چۈنكى (ئۆزىنى باشقىلارغا) ھارام قىلىۋېلىش ھوقۇقى ئاياللارنىڭ قولىدا ئەمەس. ھەتتا ئۇ ئايال ئۇ ئادەم بىلەن نىكاھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئىقرار قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

مانا بۇ بىر ئايال ئۆزىنىڭ بىر ئادەم بىلەن ئېمىلدەش ئىكەنلىكىنى مەيلى نىكاھتىن كېيىن بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسۇن ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ يەنە ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلالايدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ قاراشقا ئاساسەن بېرىلىدۇ.

مەزكۇر بايان يەنە بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئۈچ تالاق قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئەر بۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئەر بىلەن يېنىشالايدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. چۈنكى تالاق ئىشى ئاياللارغا (ھەممە تەرەپتىن) ئوپئوچۇق ئاشكارا ھالەتتە بىلىنمەيدىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى تالاق ئەرگە خاس بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈم جەھەتتىن ئايالنىڭ ئۇ ئەر بىلەن يېنىششى توغرا بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ ئايال ئۈچ تالاق ئىشلىرىنى ئۇبدان بىلىدىغان ئايال بولسا، ئۆزى بىلەن اللہ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئۇ ئەر بىلەن يېنىششى توغرا ئەمەس.[1]

## ئىملىدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھۆكۈملەر

**ئىملىدەشلىكنىڭ ئىسپاتلىنىشىدىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر كېلىپ چىقىدۇ:**

**1 - ئارىسىدا ئىملىدەشلىك ئىسپاتلانغان ئادەملەرنىڭ خۇددى قان قېرىنداشلارغا ئوخشاشلا بىر - بىرى بىلەن ئېلىپ - تېگىششى ھارامدۇر. بىز ئىملىدەشلىك بىلەن قان قېرىنداشلىقنىڭ بىر - بىرىگە بەزى تەرەپلەردە ئوخشىمايدىغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 413 - بەت.

2 ـ بىر ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا ئېمىلدەشلىك ئىسپاتلانغان ئايالنىڭ بەزى ئەزالىرىغا ئۇ ئايالنىڭ قان قېرىندىشى قارىسا توغرا بولىدىغان بەلگىلىمىنىڭ ئىچىدە قاراشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى[1].

3 ـ بىر ئەرنىڭ ئارىسىدا ئېمىلدەشلىك ئىسپاتلانغان ئايال بىلەن ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قېلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەپەر قىلىشنىڭ توغرا بولىشىدۇر. ھەممە سەپەردە ئۇ ئەر ئۇ ئايالنىڭ مەھرىمى ھېسابلىنىدۇ. بەزى فىقھشۇناسلار: «جاھانىنىڭ بۇزۇقلۇق ۋە پىتنە ـ پاساتقا تۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ ياش كېلىنى بىلەن ياكى بىر ئايالنىڭ ياش كۈيئوغلى بىلەن سەپەرگە چىقىشىنى مەكرۇھ» دەيدۇ.

4 ـ ئارىسىدا ئېمىلدەشلىك ئىسپاتلانغان ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ ـ يەنە بىرىگە ياخشىلىق قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئانىسى بولغان ھەلىمە سەئدىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنى ھۆرمەتلەپ تونىنى يەرگە سېلىپ ئۇنى تونىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزغان. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئېمىلدەش ھەمشىرىسىگىمۇ ياخشىلىق قىلغان.

# تالاقنىڭ بايانى

## تالاقنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى

تالاق، تەمى ئەڭ ئاچچىق نەرسىدۇر. ئۇ ھالال ئىشلار ئىچىدە الله تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ھالالدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدى: «الله تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ھالال بولسا، تالاقتۇر.»[2] لېكىن تالاق (ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) ئىختىلاپ كېسىلى يۈز بەرگەن، بۇ كېسەل بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپ بۇنىڭغا (ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈشكە ئوخشاش) ھېچقانداق بىر دورا كار قىلماي قىلىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا قوللىنىدىغان بىر دورىدۇر. تالاق بولسا، ئىسلام دىنى ئەر ـ

(1) بىر قىزنىڭ قان قېرىندىشىنىڭ ئۇ قىزنىڭ چېچىغا، بوينىغا، بىلىكىگە قارىشى دۇرۇستۇر. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشىنىڭمۇ ئۇنىڭ مەزكۇر يەرلىرىگە قارىشى توغرا بولىدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلار ئارىلىقىدا بىر ساھابىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ رىۋايەت قىلدى.

خوتۇن ئارىسىدىكى ئىختىلاپ كېسىلىنىڭ ئىككىسىدىن ھالقىپ جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى بولغان باللارغىمۇ يامان تەسىر بېرىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغان ۋاقتىدا، (ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مەزكۇر كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن) ئىشلىتىشنى يولغا قويغان ئەڭ ئاخىرقى دورىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ تالاقنى يولغا قويۇشتىكى ھالىتى خۇددى بىر ئادەمنىڭ كېسەل ئەزاسىدىكى كېسەلنىڭ ئۇنىڭ باشقا ساق ئەزالىرىغا تاراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ كېسەل ئەزاسىنى كېسىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان دوختۇرنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ.

بىز ئارىسىدا ئىختىلاپ كېسىلى بار بىر ئائىلىنىڭ كېسىلىنى (ياخشى گەپ قىلىشقا ۋە ئۇلارنى كېلىشتۈرۈشكە ئوخشاش) چارىلارنى قىلىپ داۋالاشتىن ئاجىز كەلگەن چاغدا تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمىز، ياكى بىز بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئەر ـ خوتۇنلارنى تۈگۈمەيدىغان جېدەل ۋە ئىختىلاپ ئىچىدە باراۋەر بىر ئائىلىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلىمىز ياكى ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىش پىلانىنى سۇنىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئارىلىقىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقە ئۈزۈلىدۇ ۋە ھەر بىرى جەڭگە ـ جېدەل ۋە بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈش ئەمەس مېھرى ـ مۇھەببەت قاپلىغان يېڭى بىر ئائىلە قۇرۇيدىغان ئادەم ئىزدەيدۇ.

خۇددى كۆپلىگەن كاپىر جەمئىيەتلىرىدىكىگە ئوخشاش بىر ـ بىرىنى يامان كۆرىدىغان ئەر ـ خوتۇنلارنى بىر ئۆيدە ياشاشقا مەجبۇرلاش ۋە ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە رۇخسەت بەرمەسلىك جەمئىيەتكە نۇرغۇنلىغان پىتنە ـ پاساتلارنى ۋە كېسەللەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىختىلاپ كېسىلى قاتتىق ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ يامان تەسىرى پەقەت ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا چەكلىنىپ قالماستىن دەسلەپتە ئۆيدىكى باللاردا كېيىن جەمئىيەتتە كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ يامان تەسىرى دەسلەپتە باللارغا ئۆتىدۇ ـ دە ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى بۇزىدۇ، ئەقلىنى زەھەرلەيدۇ ۋە پاك بولغان ئىنسانىي سېزىملىرىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئايرىلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ھەر ئىككىسى يېنىدا يوق ياكى ئۇلارنىڭ بىرى يېنىدا بار ھاياتتا ياشىغان بىر كىچىك بالىنىڭ ھاياتىغا كېلىدىغان زىيان، كۆندە جەڭگە ـ جېدەل ۋە ماجىرا قىلىپ تۇرۇدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغان كىچىك بالىنىڭ ھاياتىغا كېلىدىغان

زىيانغا قارىغاندا ناھايىتى ئاز ۋە ئاددىي بولىدۇ. كۆندە جەڭگە ـ جېدەل ۋە ماجرا قىلىپ تۇرۇدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈدىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ ئارىسىدا بىر كىچىك بالىنى قانداقمۇ ئەخلاقى ياخشى، دۇرۇس بىر ئادەم قىلىپ تەربىيلەپ چىققىلى بولىدۇ؟ ئۇ بالا كۆندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېدەل ـ ماجرا قىلىشۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ تۇرسا، مېھرى ـ شەپقەت ۋە كۆيۈنۈش دېگەن ھېسلارنى قەيەردىن قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ؟

بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئائىلە ئۆيىنىڭ سىرتىدا يەنە جەمىيەتنىڭمۇ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن: ئايالىنى يامان كۆرۈدىغان بىر ئەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئايالى پەقەتلا ئۇنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇدىغان كوچا خوتۇنىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. بۇنىڭغا قارىتا ئايالمۇ ئېرىنى ئۆزىنىڭ نەپسىنى ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۇتقان بىر ئەر كۆرىدۇ. مانا بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئائىلىنىڭ بۇ ئىشى ئائىلىنىڭ سىرتىغا تاراپ جەمىيەتتىكى نۇرغۇن ياشلارنى زەھەرلەيدۇ. يەنە كېلىپ ئەر ـ خوتۇنلارغا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە قانۇننىڭ رۇخسەت بەرمەسلىكى بىر ـ بىرىنى ئۆچ كۆرۈدىغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى ئۆتكۈزۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ. قانۇن تۈرغۈزىدىغان ئادەملەرنىڭ (تالاقنى قانۇنغا كىرگۈزۈشنى) قوبۇل قىلماي تۇرۇۋېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسان جەمىيىتىنى قانداق ـ قانداق ئىشلارنىڭ تۈزۈدىغانلىقىنى بىلىپ بولالماسلىقى سەۋەبى بىلەن جەمىيەتتە مانا مۇشۇنداق پىتنە ـ پاسات ۋە جىنايەتلەر يېيىلىشقا باشلايدۇ. الله تائالا: «(شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن سىلەرگە نېمىلەر ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[1] دەپ ئەجەبمۇ راست ئېيتقان!

تالاقنى چەكلەيدىغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تالاقنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامغا تەنقىتتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىنى قاراتقان نۇرغۇنلىغان كاپىر دۆلەتلىرى تالاقنى چەكلىگەنلىك نەتىجىسىدە جەمىيىتىدە كۆرۈلگەن پىتنە ـ پاسات ۋە جىنايەتلەرنىڭ ئالدىدا ئاخىرى تالاقنى يولغا قويۇشقا ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ناھايىتى ئالى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنىڭ ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ

(1) سۈرە بەقەر 232 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرغۇچى الله تائالانىڭ ھېكمەتلىك زات ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر.

ئىسلام دىنىدا تالاقنىڭ باشقا بىر قانۇندا تېپىلمايدىغان بىر ئۇسلۇبتا يولغا قويۇلىشى ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەي مەڭگۇ داۋاملىشىشىغا ۋە ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ئۆتۈشىگە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىگە ئوخشاش (تالاقنى يولغا قويغان) الله تائالانىڭ ناھايىتى ھېكمەتلىك ۋە بەندىلىرىگە مېھرىبان بىر زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# تالاقنىڭ ئەرنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

الله تائالا تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالنىڭ ياكى ئائىلىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئەمەس ئەرنىڭ قولىدا قىلدى. قۇرئان كەرىمدە تالاقنى بايان قىلىپ كەلگەن پۈتۈن ئايەتلەردە خىتاب ئاياللارغا ئەمەس بەلكى ئەرلەرگە قارىتىلغاندۇر. مەسىلەن: الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىگە ئوخشاش: «ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار»[1] «سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار»[2] تالاق ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ھېچبىر خىتاب ئاياللارغا قارىتىلغان ئەمەس. بۇ بولسا تالاق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنىڭ ناھايىتى روشەن پاكىتىدۇر. تالاقنىڭ ئەرنىڭ قولىدا قىلىنغانلىقىنىڭ ناھايىتى كۆپ ھېكمەتلىرى بار.

تالاقنىڭ ئەرنىڭ قولىدا قىلىنىشى بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىدىكى ئائىلىنى رەتكە سېلىش، ئەرنى ئائىلىگە مەسئۇل قىلىش، ئائىلىنىڭ ھەممە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىش ۋە گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئايالنى ئېرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇش پرىنسىپىغا ناھايىتى ئۇيغۇندۇر. ئائىلىنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتى ئەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلغان تۇرۇقلۇق تالاق قىلىش

(1) سۈرە تالاق 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە بەقەر 231 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھوقۇقىنىڭ ئايالنىڭ قولىدا قىلىنىشى ھېكمەتلىك ئىشلاردىن ئەمەس. ئەر ئادەتتە ئايالغا قارىغاندا ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەي داۋاملىشىشىغا بەكرەك ھېرىسمەندۇر. چۈنكى بىر ئائىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىملارنى ۋە ئېغىرلىقلارنى كۆتەرگەن ئادەم ئەردۇر. يەنە كېلىپ ئەر ئادەتتە ئايالغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى ۋە ئەقىل ـ ھوشىنى ياخشى تىزگىنلىيەلەيدۇ. ئەگەر تالاق قىلىش ھوقۇقى ئاياللارنىڭ قولىدا قىلىنسا، نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىك دىللىرىنى قاپلاپ كەتكەن كۆنىمىزدىكى ئەخمەق ئەرلەرنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئاياللار (ئائىلىدە) ئازراق كۆڭۈلسىزلىك كۆرۈلۈپ بولغىچە ئالدىراپلا ئۆزلىرىنى تالاق قىلىۋالغان بولاتتى.

الله تائالانىڭ تالاقنى يولغا قويۇشتا قانداق ھېكمىتىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئايالنى تالاق قىلسا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئەگەر ئۇلار تالاقتىن كېيىنمۇ يەنە بىر ئۆيدە ياشىسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ زىناخورلۇق ئالاقىسىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن ئەقىللىق بىر ئەر ئايالى بىلەن كۆرۈلگەن تۈنجى قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سەۋەبى بىلەنلا ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە ئالدىرىمايدۇ. ئەكسىچە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋاستىلارنى قوللىنىپ ئايالى بىلەن بولغان ئىختىلاپ ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

كۆنىمىزدە بەزى ئەرلەرنىڭ الله تائالا قوللىرىدا قىلغان تالاق قىلىش ھوقۇقىنى خاتا بىر شەكىلدە قوللىنىشىنىڭ سەۋەبى، ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان تالاق قانۇنىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئەمەس بەلكى كىشىلەرنىڭ دىندىن يىراقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىنى ياخشى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققاندۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقىنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن خۇددى غەربلىكلەرنىڭ قانۇنلارغا ئەگىشىشكە چاقىرىدىغان بەزى غەرب پەرەسلەرنىڭ قىلغىنىدەك الله تائالا يولغا قويغان تالاق قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە چاقىرىش بىلەن بولمايدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ يولغا قويغان ھەر بىر قانۇن ۋە تۈزۈملىرى ھەممە تەرەپتىن تولۇقتۇر. الله تائالانىڭ دىنىدا ھېچقانداق كەملىك ۋە يېتەرسىزلىك يوقتۇر. كەملىك ۋە يېتەرسىزلىك بار دېيىلسە، ئۇ دەل بىز مۇسۇلمانلاردىدۇر. (يەنى بىزنىڭ الله تائالانىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشتا كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلىرىمىزدىندۇر.) كىشىلەرنىڭ تالاقنى خاتا بىر شەكىلدە قوللىنىشتىن كېلىپ چىققان خاتالىقى

(اللّٰه تائالانىڭ يولغا قويغان توغرا بىر قانۇنىغا) ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ بىر خاتا ئىشنى قىلىش بىلەن تۈزۈتىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ خاتالىقى پەقەت ئۇلارغا دىنىلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرۈش ۋە اللّٰه تائالانىڭ ئۇلارغا تالاقنى يولغا قويۇپ بېرىشتىكى ھېكمەتلىرىنى تونۇتۇش بىلەن تۈزۈتىلىدۇ.

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە مېھرى - شەپقەتلىك اللّٰه تائالا، ئايالنى تالاق قىلىۋېتىپ كېيىن پۇشايمان قىلغان، خاتالىقىنى سەزگەن ۋە ئايالىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلىپ يەتكەن ئەرنىڭ ئايالى بىلەن يېنىشىشىنى يولغا قويدى. بىز بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسان قولىدىكى نېمەتنىڭ قەدرى - قىممىتىنى ئۇ نېمەتنى قولىدىن چىقىرۋېتىپ بولغاندىن كېيىن بىلىدۇ. بىرەر نېمەتتىن مەھرۇم قېلىش اللّٰه تائالانىڭ ئۇ نېمەتنى بىزگە بېرىش بىلەن بىزگە قىلغان مەرھەمىتىنى ۋە بىزنىڭ ئۇ نېمەتكە قانچىلىك دەرىجىدە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ يېتىشىمىزگە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: بىز ساقلىقنىڭ قەدرى - قىممىتىنى پەقەت كېسەل بولغاندىلا بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالا، ئايالى بىلەن تۇنجى قېتىم ياكى ئىككىنچى قېتىم ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئەرنىڭ ئايالى بىلەن ئەگەر ئايالى تېخى ئىددەت ئىچىدە بولسا، نىكاھ ئوقۇتماستىن ۋە يېڭى تويلۇق ئالماستىن، ئەگەر ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغان بولسا، باشقا نىكاھ ئوقۇتۇش ۋە يېڭى تويلۇق ئېلىش بىلەن يېنىشىۋېلىشىنى يولغا قويدى. ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن باشقا نىكاھ ئوقۇپ يېنىشماقچى بولغان چاغدا، نىكاھنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن ئايالنىڭ (بۇ نىكاھقا) رازى بولىشى شەرتتۇر. ئەمما ئۇ ئەرنىڭ ئايالى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشى ئۈچۈنچى قېتىم بولۇپ قالغان قالسا، بۇ ھالدا ئەر ئايالغا ئايال ئىددىتىنى چىقىرىپ ئىككىنچى بىر ئەرگە (سەممىي نىيەت بىلەن) ياتلىق بولۇپ ئاندىن ئۇنىڭدىن بىرەر سەۋەب بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ ئىككىنچى ئېرىنىڭ ئىددىتىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن باشقا نىكاھ ئوقۇتۇپ ۋە يېڭى تويلۇق ئېلىپ يېنىشالايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىككىنچى ئەر ئۇ ئايالنى بىرىنچى ئەر بىلەن پۈتۈشۈپ ئۇنى بىرىنچى ئەرگە ھالاللاپ بېرىش نىيىتى بىلەن نىكاھىغا ئالمىغان بولىشى شەرتتۇر. اللّٰه تائالا، بىر ئايال ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلىنغاندىن كېيىن تاكى باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولمىغىچە بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېنىشالمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق

دېدى: «(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر. ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، الله ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ»[1] مانا بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله تائالانىڭ يولغا قويغان ھۆكۈملىرىدۇر. ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ دەسلەپكى ئېرى بىلەن يېنىشىشى ئۈچۈن باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىر دەرس ـ ساۋاقتۇر. ئۇلار بۇ دەرس ـ ساۋاقنى ئېلىپ قايتا يېنىشقان ۋاقتىدا يېڭى ھاياتنى مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە بۇرۇن ئارىسىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىختىلاپتىن ئۇزاق بىر مۇھىتنىڭ ئىچىدە باشلايدۇ. چۈنكى ئايال باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئېرىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەرمۇ ئايالىنىڭ باشقا بىرسىگە خوتۇن بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئايالىغا قارىتا كۈندەشلىك قوزغالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

(1) سۈرە بەقەر 229 ـــ 230 ـ ئايەتلەر.

# تالاقنىڭ تۈرلىرى

**فىقھشۇناسلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە تالاق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:**

## 1 ـ سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنغان تالاق

**سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنغان تالاق بولسا، بىر ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالىنى ھەيزدىن كېيىنكى پاكلىقتا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپلا بىر تالاق قىلىشىدۇر، ئاندىن ئۇ ئايالنى ھەتتا ئىددىتى چىقىپ بولغىچە (تالاق قىلماي) ئۆتىشىدۇر[1]. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار، پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ، ئەنە شۇ اللەنىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى اللەنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، سەن بىلمەيسەنكى، الله شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن»[2]**

**الله تائالانىڭ: «سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇلارنى ئۇلار ئىددىتىگە (يەنى پاكلىقىقا) كىرگەن ۋاقتىدا تالاق قىلىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىمام تەبرىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەر ئۇلارنى ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن پاكلىقتا تالاق قىلىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىمام تەبرىي يەنە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە**

---

(1) يەنى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بىر ئادەم ئايالىنى سۈننەتكە ئۇيغۇن بىر ھالدا تالاق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ھەيزدىن پاك بولىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئايال ھەيزدىن پاك بولغان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىنلا ئۇنى بىر تالاق قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى تاكى ئىددىتى چىقىپ بولغىچە تالاق قىلمايدۇ. يەنى ئۇنى بىر تالاقتىن باشقا تالاق قىلمايدۇ. ت.

(2) سۈرە تالاق 1 ـ ئايەت.

بىر تۈركۈم ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېگەنلىكىنى تىرمىزىيمۇ رىۋايەت قىلغان.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئايالىنى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن (دادام) ئۆمەر بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدىغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى بۇيرۇغىن، ئايالى بىلەن يېنىشسۇن، ئۇ ئايال تاكى (ھازىر كۆرىۋاتقان) ھەيزىدىن پاكلىنىپ ئاندىن (يەنە بىر قېتىم) ھەيز كۆرۈپ ئاندىن ئۇنىڭدىن پاكلانغانغا قەدەر ئۇنى ئەمرىدە ساقلىسۇن، ئاندىن خالىسا ئۇ ئايالنى ئەمرىدە ساقلىسۇن، خالىسا ئايالنى تۇتۇپمۇ سالماي (پاكلىك ھالىتىدە) تالاق قىلىۋەتسۇن، مانا بۇ الله تائالا بۇيرىغان پاكلىق ھالەتتىكى تالاق قىلىشتۇر» دېگەن.[2]

## 2 ـ بىدئەت تالاق يەنى سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنمىغان تالاق

بۇ تالاق بولسا، بىر ئادەمنىڭ ئايالىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىشىدۇر ياكى (ئايرىم ـ ئايرىم بولسىمۇ) بىر قېتىملىق پاكلىقتا ئۈچ تالاق قىلىشىدۇر. (يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ئۈچ تالاق، دەپ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن ياكى ئايالى ھەيزدىن پاك بولغان چاغدا ئايالىغا: سەن تالاق، بىر ئازدىن كېيىن سەن تالاق، يەنە بىر ئازدىن كېيىن سەن تالاق دېگەنگە ئوخشاش بىر پاكلىقتا ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، مانا بۇ سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنمىغان تالاق ھېسابلىنىدۇ.) ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى شۇ شەكىلدە تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، تالاق چۈشىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم (تالاقنى سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن) گۇناھكار بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

سەھل ئىبنى سەئد ئەسسائىدىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئۇۋەيمىرە ئەلئۇجلانىي ئەنسارلىق ئاسىم ئىبنى ئەدىيەنىڭ

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 346 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قېشىغا كېلىپ: ئى ئاسىم! قېنى سۆزلەپ باق، بىر ئادەم ئايالى بىلەن بىر ئەرنى تۇتتۇۋالسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئەرنى ئۆلتىرۈۋەتسە، ئاندىن سىلەر ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتەمسىلەر ياكى ئۇ ئادەم (ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە) قانداق قىلىدۇ؟ ئى ئاسىم! سەن بۇ ئىشنى ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ بەرگەن بولساڭ، دېدى. ئاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالنى ياختۇرمىدى ۋە بۇ سوئالنىڭ سورالغانلىقىنى تەنقىدلىدى، ھەتتا ئاسىمغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان سۆزلەر ئېغىر كەلدى. ئاسىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن) ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇۋەيمىر ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى ئاسىم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىش توغرىسىدا ساڭا نېمە دېدى؟ دېدى. ئاسىم: سەن ماڭا بىر ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن سورىغان بۇ سوئالنى ياقتۇرمىدى، دېدى. ئۇۋەيمىر: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەتتا بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىغىچە تۇلتۇرمايمەن، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىۋاتقان بىر چاغدا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبەر! ئېيتقىن، بىر ئادەم ئايالى بىلەن بىر ئەرنى تۇتتۇۋالسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئاندىن سىلەر ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتەمسىلەر ياكى ئۇ ئادەم (ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرمىسە) قانداق قىلىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ۋە سېنىڭ ئايالىڭ توغرىسىدا الله تائالا ئايەت چۈشۈردى، سەن بېرىپ ئايالىڭنى ئېلىپ كەل» دېدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان سەھل ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ئۇۋەيمىر ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشتى. (ئۇلار لەنەت ئېيتىشقان چاغدا) مەنمۇ كىشىلەر بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدىم. ئىككىسى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇۋەيمىر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن (بۇنىڭدىن كېيىن) بۇ ئايالنى ئەمرىمدە ساقلىسام مەن بۇنىڭغا (بۇ ئىشلارنى) قارا چاپلاپ دېگەن بولۇپ قالىمەن، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇۋەيمىرنى تالاق قىلىشقا بۇيرۇمىسىمۇ ئۇۋەيمىر ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى[1]. بۇ ھەدىسنى سەھل ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلغان ئىبنى

(1) يەنى ئۇۋەيمىر: مەن ھازىر ئايالىمنى بىر ئەر بىلەن تۇتتۇۋالدىم، دېدىم. كېيىن مەن بۇنى ئەمرىمدە ساقلىسام، مەن بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا خۇددى قارا چاپلاش يۈزىسىدىن دېگەن بولىمەن، دەپ ئايالى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەتتا كېيىن يېنىشالمايدىغان دەرىجىدە ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى. مانا بۇ ھەدىس بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۈچ تالاق

شىھاب: بۇنداق قىلىش (يەنى لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش) كېيىن لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇنلارغا قوللانغان بىر تۈزۈم بولۇپ قالدى، دېدى.[1]

ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئايال باشقا بىرسىگە ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېنىشالامدۇ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەتتا (ئۇ ئايالنىڭ) ئىككىنچى ئېرى ئۇ ئايالنىڭ تەمىنى خۇددى بىرىنچى ئېرىگە ئوخشاش تېتىمىغۇچە (يەنى ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگىچە) ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېنىشالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئايالىنى ئايالى ھەيز كۆرۈۋاتقان چاغدا بىراقلا ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ بۇ ئىشنى سوراپ ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا: پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلدىڭ ۋە ئايالىڭ سەندىن ئايرىلىپ كەتتى، دەيدۇ. ئابدۇررازاق ۋە باشقىلارمۇ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۇ ئادەمگە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ».

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇداۋۇد مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىدا ئىدىم، بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى، دېدى. ئىبنى ئابباس بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىم تۇردى. مەن ئىبنى ئابباسنى ئۇ ئادەمگە ئايالى بىلەن يېنىشىشقا پەتۋا بېرىدۇ، دەپ گۇمان قىلدىم. ئاندىن ئىبنى ئابباس بىرنىڭلار ئەخمەقلەرچە ئىشنى قىلىپ قويۇپ ئاندىن قېشىمغا كېلىپ: ئى ئىبنى ئابباس! ئى ئىبنى ئابباس! دەيدۇ. اللہ تائالا: «كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ»[3] دەيدۇ. سەن اللہ تائالادىن

قىلىش گەرچە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ شەكىلدە قىلىنغان تالاقنىڭ چۈشۈدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەدىس شۇنىڭدەك يەنە بىر ئېغىز سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاقنىڭ بىر تالاق ئەمەس ئۈچ تالاق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ت.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) سۈرە تالاق 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قورقماپسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا بىر چىقىش يولى تېپىپ بېرەلمەيمەن، پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلدىڭ ۋە ئايالىڭ سەندىن ئايرىلىپ كەتتى، دېدى[1] »[2]

تالاقنى سۈننەتكە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە قىلمىغان ئادەم ئاسىي ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم تالاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە كۆرسىتىپ بەرگەن سۈننەتكە زىت بىر ھالدا قىلدى. تالاق ئەسلىدە قىلىش چەكلەنگەن بىر ئىشتۇر. چۈنكى تالاق قىلىش ئاخىرەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ پايدىلىرى باغلانغان نىكاھتىن ئىبارەت بىر ئالاقىنى ئۈزۈشتۇر. تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىش بولسا، پەقەت ئەر - خوتۇنلارنىڭ (بىر - بىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلاردىن) قوتۇلۇش ئۈچۈندۇر. بۇ ئىختىلاپلاردىن قوتۇلۇش ئۈچۈن (بىر تالاقمۇ يېتىدۇ)، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.[3] چۈنكى ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللہ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ھالال ئىش بولسا، تالاقتۇر.» [4]

ئەگەر ئايال، يېشى بەك كىچىك ياكى بەك چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغان ئايال بولسا، ئېرى ئۇنى سۈننەتكە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئۈچ تالاق قىلماقچى بولسا دەسلەپتە بىر تالاق قىلىدۇ، ئاندىن بىر ئاي ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە بىر تالاق قىلىدۇ. (بىر ئاي ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە بىر تالاق قىلىدۇ.) ھەيز كۆرمەيدىغان ئاياللار ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق بىر ئاي بىر ھەيزنىڭ ئورنىدا ھېساب بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، اللہ تائالانىڭ بۇ ئايىتىدۇر: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭ

(1) مانا بۇ مەزكۇر ئەسەرلەر ئايالنى ئۇ ھەيز كۆرۈۋاتقان چاغدا تالاق قىلسا، گەرچە ئۇ تالاق سۈننەتكە خىلاپ بولسىمۇ تالاقنىڭ چۈشۈدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە بىر ئېغىز سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاقنىڭ ئۈچ تالاق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 9 - توم، 362 - بەت.

(3) «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 227 - بەت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلار ئارىلىقىدا بىر ساھابىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ رىۋايەت قىلدى.

ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كۆپ ساندىكى ئالىملار ۋە تۆت مەزھەپ ئىماملىرى (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئېغىز سۆز بىلەن (يەنى ئۈچ تالاق دېيىش بىلەن) ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ. ھەتتا بەزى ئالىملار: «ئۇنداق دېيىش بىلەن ئايالنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدىغانلىقى چوقۇمدۇر. بۇ ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق بىر مەسىلىدۇر» دەيدۇ. ئايالنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلسا، ئۇ ئۈچ تالاق ئەمەس بىر تالاق بولىدۇ، دەيدىغان قاراشتىكىلەرمۇ بار. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا كەلتۈرگەن دەلىللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك، دەپ قارىلىدىغان دەلىل بولسا، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىدا ۋە ئۆمەرنىڭ زامانىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىرىدا ئۈچ تالاق بىر تالاق ھېسابلىناتتى، كېيىن ئۆمەر: ھەقىقەتەن كىشىلەر سالماق ۋە تەمكىن بولىدىغان تالاق ئىشىدا ئالدىراپ كېتىپ بارىدۇ، (يەنى ئۈچ تالاق دېگەن سۆز چىق ئىشلىتىپ كېتىپ بارىدۇ.) شۇڭا كىشىلەرگە <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئۈچ تالاق دەپ ئىجرا قىلساق، دەپ كىشىلەرگە <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئۈچ تالاق دەپ ئىجرا قىلغان» دەيدۇ.

بىز بىر ئاز بۇرۇن ئىبنى ئابباسنىڭ ئايالنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئادەمگە ئايالىنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كەتكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەنلىكىنى بايان قىلدۇق. مانا بۇ پەتىۋا ئالىملارنى ئىبنى ئاباستىن رىۋايەت قىلىنغان يۇقىرىدىكى ئەسەرنى (يەنى ئۈچ تالاق بىر تالاق ھېسابلىناتتى، دېگەن ئەسەرنى) قوبۇل قىلماسلىققا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر ۋە ئۇلار ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ئەسەرنى خىلمۇ - خىل مەنالارغا قارىتىدۇ. بۇ مەنالارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا دەپ قارالغىنى بولسا، تۆۋەندىكى مەنادۇر: <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆز خۇددى سەن تالاق، سەن تالاق، سەن تالاق دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس بىر شەكىلدە ئېيتىلغان سۆزدۇر. (كىشىلەر ئادەتتە: سەن تالاق، دېگەن بىرىنچى سۆزىدىن ئايالنى بىر تالاق قىلىشنى كېيىنكى سەن تالاق، سەن تالاق دېگەن ئىككى ۋە ئۈچۈنچى قېتىملىق

(1) سۈرە تالاق 4 - ئايەت.

سۆزىدىن ئۆزىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلاتتى.) كىشىلەر ئۇ زامانلاردا تېخى دىللىرى بۇزۇلۇپ كەتمىگەن، ئىمانى ساپ ھالىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى: مېنىڭ ساڭا دېگەن سەن تالاق، سەن تالاق، سەن تالاق دېگەن سۆزلىرىمنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئايالىمنى تالاق قىلىشنى، قالغانلىرى بىلەن ئۇ تالاقنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم، دېسە ئۇنىڭ دېگەن بۇ سۆزى قوبۇل قىلىناتتى. ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىغا كەلگەندە (ئىسلامغا كىرىدىغانلار) كۆپىيىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئالدامچىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلاپ بىر ئادەم: مېنىڭ ساڭا دېگەن سەن تالاق، سەن تالاق، سەن تالاق دېگەن سۆزلىرىمدىن تەكىدنى مەقسەت قىلغان ئىدىم، دېسە ئىشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كەلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سەن تالاق، سەن تالاق، سەن تالاق دېگەن سۆزنى تەكىد مەناسىغا ئەمەس تەكرار مەناسىغا (يەنى ھەر بىر سۆز بىلەن بىر تالاقنى مەقسەت قىلغانلىقىغا) قاراتقان. ئىمام قۇرتۇبى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ئەسەرگە بېرىلگەن بۇ جاۋابقا رازى بولدى ۋە بۇ جاۋابنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۆمەرنىڭ: <كىشىلەر سالماق ۋە تەمكىن بولىدىغان تالاق ئىشىدا ئالدىراپ كېتىپ بارىدۇ> دېگەن سۆزى بىلەن كۈچلەندۈردى. ئىمام نەۋەۋىمۇ: «بۇ، مەزكۇر ئەسەرگە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغان جاۋابتۇر» دېدى.

تۆۋەندىكىسىمۇ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ئەسەرگە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ ياكى مەنالارنىڭ بىرىدۇر: كىشىلەر ئاياللىرىنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىغا كەلگەنگە قەدەر ئۈچ تالاق ئەمەس بىر تالاق قىلاتتى. (يەنى بىر ئادەم ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئۈچ تالاق دېمەي بىر تالاق دەيتتى.) چۈنكى ئۇلار <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئاياللىرىنى تالاق قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئىشلىتىپ سالمايتتى ياكى ئىشلەتكەندىمۇ ناھايىتى ئاز ئىشلىتەتتى. ئۆمەرنىڭ زامانىغا كەلگەندە كىشىلەر بۇ سۆزنى كۆپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى شۇ سۆز بېرىدىغان مەناغا قاراتتى. مانا بۇ ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۆمەر شۇڭا كىشىلەرگە <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئۈچ تالاق دەپ ئىجرا قىلساق، دەپ كىشىلەرگە <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئۈچ

تالاق دەپ ئىجرا قىلغان، دېگەن سۆزىنىڭ مەناسىدۇر. بۇ جاۋابنى ئىبنى ئەلئەبەربي <كۈچلۈك جاۋاب> دەپ قارىدى ۋە بۇ جاۋابنى ئەبۇزەرئە ئەلرازىيغا نىسبەت بەردى. بەيھەقىيمۇ بۇ جاۋابنى ئەبۇزەرئە ئەلرازىيغا نىسبەت بېرىپ ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ قارىشىمچە مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەنىسى: بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر سىلەر ھازىر ئاياللارنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ تالاقنىڭ ئورنىدا بىر تالاقنى ئىشلىتەتتى، دېگەنلىك بولىدۇ.»

ئىمام نەۋەۋي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەنىسى ئەبۇزەرئە ئەلرازىينىڭ دېگىنىدەك بولسا، ئۇ چاغدا مەزكۇر ئەسەر بىر تالاقنىڭ ئۈچ تالاققا ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئەمەس كىشىلەرنىڭ ئاياللارنى تالاق قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن بولىدۇ» دېدى. توغرۇسىنى اللہ تائالا بىلگۈچىدۇر.[1]

## تالاقنىڭ چۈشۈشىنىڭ شەرتلىرى

ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ھەر قانداق ئەرنىڭ قىلغان تالىقى چۈشىدۇ. تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ياكى ئېلىشىپ قالغان ياكى ئۇخلاۋاتقان ئەرنىڭ قىلغان تالىقى چۈشمەيدۇ. چۈنكى بىر ئىنساننىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قىلىشقا ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىشقا تەكلىپ قىلىنىشىنىڭ شەرتلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھۇشىنىڭ جايىدا بولىشى ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ھالەتتە بولىشى كېرەكتۇر. تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللاردىن تەكلىپنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەلەم ئۈچ خىل كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى[2]. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكۈچە. ئىككىنچىسى: ئۇخلاپ قالغان كىشى ئويغانغىچە. ئۈچىنچىسى ئېلىشىپ قالغان كىشى ئوڭشالغۇچە.»[3] ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «تېخى بالاغەتكە

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 364 ـ بەت.

(2) يەنى بۇ ئۈچ خىل كىشىنىڭ ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلىرى يېزىلمايدۇ. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ قىلغان تالىقى توغرا بولمايدۇ.[1] » دەيدۇ. ئىمام بۇخارى ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس ئادەمدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ قىلغان تالىقى چۈشىدۇ. »[2]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا (ئايالىنى) تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ تالىقى چۈشىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ كۆزقارىشىدا (ئايالىنى) تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ تالىقى چۈشمەيدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ دەلىلى بولسا، مەجبۇرلىنىشنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا زىت ئىش بولغانلىقىدۇر[3]. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، (ئايالىنى) تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم (گەرچە ئۇ مەجبۇرلانغان بولسىمۇ) ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلدى. چۈنكى ئۇ ئادەم ئىككى يامان ئاقىۋەتنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭ ئەڭ يەڭگىلىنى تاللىدى[4]. لېكىن ئۇ ئادەم بۇ ئىشقا رازى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا رازى بولمىغانلىقى تالاقنىڭ چۈشۈشكە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى ئايالىنى چاقچاق قىلىپ تالاق قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. گەرچە چاقچاق قىلىپ: ئايالىم تالاق، دېگەن ئادەممۇ بۇ سۆزنىڭ ماھىيىتىنى مەقسەت قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تالىقى چۈشىدۇ. ئايالىنى چاقچاق قىلىپ تالاق قىلغان ئادەمنىڭ تالىقىنىڭ چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئۈچ ئىش بار، ئۇلارنىڭ چاقچىقىمۇ راستتۇر، راستىمۇ راستتۇر. ئۇلار بولسا: نىكاھ، تالاق ۋە (ئايالى بىلەن) يېنىشىش قاتارلىقلاردۇر. » [5]

ھاراققا، كەندىرگە، ئەپيۇنغا ۋە ئاق چېكىملىككە ئوخشاش مەست قىلغۇچى ھارام نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ قىلغان تالىقى چۈشىدۇ. ئەمما بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن ياكى مىگدىۋانىگە ئوخشاش (يېيىش ئەمەس ئىشلىتىش) ھالال بولغان نەرسىنى

(1) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازاق رىۋايەت قىلدى.

(2) « ئىئلائۇسسۇنەن »، 1 ـ توم، 182 ـ بەت.

(3) يەنى تالاقنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن تالاق قىلغۇچى تالاقنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىشى شەرتتۇر. تالاق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمدە ئۆز ئىختىيارلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تالىقى چۈشمەيدۇ. ت.

(4) يەنى ئۇ ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىۋەتمىسە كۆرۈدىغان ئاقىۋەت بىلەن ئايالىنى تالاق قىلىۋەتسە ئايالىدىن ئاجراپ كېتىدىغان ئاقىۋەتنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭ ئەڭ يەڭگىلى بولغان ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىپ ئۇنىڭدىن ئاجراپ كېتىشنى تاللىدى. ت.

(5) تىرمىزي رىۋايىتى.

دورا ئۈچۈن ئىشلىتىپ مەست بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ قىلغان تالىقى چۈشمەيدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەست بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ تالىقى چۈشمەيدۇ» دېدى. ئىمام شافىئىينىڭ بۇ قارىشىنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىمام تەھاۋىي ۋە ئىمام كەرخىيلار توغرا دەپ قارىدى.[1]

مەسىلەن: پىچاق دەيمەن دەپ، ئايالىم تالاق، دەپ قالغانغا ئوخشاش ئايالىنى سەۋەنلىك بىلەن ياكى تالاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ تالاق قىلغان ئادەمنىڭ تالىقى دۇنيادىكى ھۆكۈم بويىچە چۈشىدۇ. ئەمما ئۇ تالاق الله تائالانىڭ ئالدىدا چۈشكەن ھېسابلانمايدۇ[2].

ھۇشىدىن كەتكەن ياكى قاتتىق ئاچچىغى كېلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن تەخپۇغلىقىنى يوقاتقان ئادەمنىڭ قىلغان تالىقى چۈشمەيدۇ.[3]

ئۇخلاۋېتىپ ئايالىنى تالاق قىلغان ئادەمنىڭ تالىقى چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىش نىيىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇخلاۋېتىپ سۆزلىگەن ئادەمنىڭ سۆزى توغرا ياكى يالغان ياكى ئۇچۇر ياكى بۇيرۇق سۆز، دەپ ئاتالمايدۇ. ئەگەر ئۇخلاۋېتىپ سۆز قىلغان ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن: مەن ئۇنى ئورۇنلايمەن ياكى مەن ئۇنى چۈشۈردۇم، دېگەن بولسا ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى بىلەن ئۇ ئادەم تالاق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم مەزكۇر سۆزلىرىدىكى: <ئۇنى> دېگەن ئالماشنى ئېتىبارسىز يەرگە قاراتتى. (يەنى ئۇ ئادەم بۇ سۆزدىن بىر نېمىنى مەقسەت قىلمىدى). مانا بۇ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ قىلغان سۆزى بىلەن ئۇخلاۋېتىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقتۇر. يەنى كىچىك بالىنىڭ دېگەن سۆزلىرى تىل ۋە تىلنىڭ قائىدىلىرى جەھەتتىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن بالا تېخى بالاغەتكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالمىدى. ئەمما ئۇخلاۋېتىپ تۇرۇپ گەپ قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن مەيلى ئۇنىڭ قائىدىلىرى جەھەتتىن بولسۇن

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 2 ـ توم، 424 ـ بەت.

(2) مەزكۇر ئادەمنىڭ تالىقى دۇنيانىڭ ھۆكۈملىرى بويىچە چۈشكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئايالىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ تالىقى ئۇ ئادەمنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدا چۈشكەن ھېسابلانمايدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 427 ـ بەت.

ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر ئۇخلاۋېتىپ سۆز قىلغان ئادەم ئويغىنىپ بولغاندىن كېيىن: مەن ئۇخلاۋېتىپ تۇرۇپ قىلغان ھېلىقى تالاقنى كۈچكە ئىگە قىلدىم ياكى دېگەن ئۇ سۆزۈمنى <تالاق> دەپ ھېسابلايمەن دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇخلاۋېتىپ تۇرۇپ قىلغان تالىقى تالاق ھېسابلىنىدۇ.[1]

بىر ئادەم ئايالىغا: مەن سەندىن تالاق بولۇپ كەتتىم، دېگەن ۋە ئۇ ئادەم بۇ سۆزىدىن ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ دېگەن ئۇ سۆزى تالاق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر ئايالىغا: مەن سەندىن ئۆزۈلۈپ كەتتىم ۋە ياكى مەن ساڭا ھارام بولۇپ كەتتىم، دېگەن ۋە بۇ سۆزىدىن ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ دېگەن بۇ سۆزى تالاق ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): بىرىنچى شەكىلدىمۇ (يەنى مەن سەندىن تالاق بولۇپ كەتتىم، دېگەن ۋاقتىدىمۇ) ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ سۆزىدىن تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى نىكاھتىن كېلىپ چىققان ئالاقە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا شېرىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال (ئەگەر ئەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسە) ئەرنىڭ ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. شۇنىڭدەك ئەرمۇ (ئەگەر ئايال ئەرنىڭ تۆشۈكىگە كېلىشكە ئۇنۇمىسا) ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۆشۈكىگە كېلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ ئالاقىنى بۇزۇۋېتىشمۇ ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا شېرىكتۇر. تالاق بولسا، ئۇ ئالاقىنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر يولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر خۇددى <مەن سەندىن ئۆزۈلۈپ كەتتىم ۋە ياكى مەن ساڭا ھارام بولۇپ كەتتىم> دېگەن سۆزلەردە ئۆزۈلۈپ كەتتىم ياكى ھارام بولۇپ كەتتىم، دېگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىش توغرا بولغىنىدەك <مەن سەندىن تالاق بولۇپ كەتتىم> دېگەن سۆزدىمۇ تالاق بولۇپ كەتتىم، دېگەن سۆزنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىش توغرىدۇر» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: <مەن سەندىن تالاق بولۇپ كەتتىم> دېسە، بۇ سۆزنى دېيىش بىلەن ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ، دېگەن سۆزىمىزنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 428 ـ بەت.

دەلىل - پاكىتى بولسا، تالاق ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر نەرسىدۇر. بۇ ئەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇ باغلىنىشنى ئۈزۈۋېتىشتا ئايالنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ (ئەرنىڭ قولىدا تۇرۇپ) باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولۇش ھوقۇقى يوق. ئايال بىرسىنىڭ قولىدىكى ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەر بولسا ئايالغا ئىگە بولغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال <ياتلىق قىلىنغۇچى> دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما <مەن سەندىن ئۈزۈلۈپ كەتتىم ۋە ياكى مەن ساڭا ھارام بولۇپ كەتتىم> دېگەن سۆزلەر <مەن سەندىن تالاق بولۇپ كەتتىم> دېگەن سۆزگە ئوخشمايدۇ. چۈنكى ئۈزۈۋېتىش دېگەن سۆز بىر ئالاقىنى يۇقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئالاقە بولسا ئەر - خوتۇن ئارىسىدا شېرىك بىر نەرسىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ھارام دېگەن سۆزمۇ ئارىلىقتا بار بىر ھالال ئىشنى يۇقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ <مەن سەندىن ئۈزۈلۈپ كەتتىم ۋە ياكى مەن ساڭا ھارام بولۇپ كەتتىم> دېگەن سۆزلەردە ئۈزۈلۈم كەتتىم ياكى ھارام بولۇپ كەتتىم، دېگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىشى توغرىدۇر. ئەمما <مەن سەندىن تالاق بولۇپ كەتتىم> دېگەن سۆزدە ئۇنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىشى توغرا ئەمەس. بۇ سۆز پەقەت ئايالغىلا نىسبەت بېرىلىدۇ.[1]

## ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر

بۇ سۆزلەر ئىككى خىل بولىدۇ:

### 1 - ئوچۇق سۆزلەر

ئوچۇق سۆزلەر بولسا، پەقەت ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈنلا قوللىنىدىغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن: سېنى تالاق قىلىۋەتتىم، سەن تالاقدۇرسەن ۋە تالاق قىلىنغۇچىسەن، دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش. بىر ئايال مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنسا، ئۇ ئايال (ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھ قىلىنماي) يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايال مەسىلەن: <تالاك> ۋە <تالاپ> دېگەنگە ئوخشاش

(1) «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 236 - بەت.

ئەسلىدىكى شەكلىدىن ئۆزگەرتىلىپ سۆزلەنگەن سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنغان بولسا، ئۇ ئايال قايتا نىكاھ قىلىنماي يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەر بۇ ھالدا مەن بۇ سۆزۈم بىلەن ئايالىمنى تالاق قىلىشنى ئەمەس، ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇشنى نىيەت قىلغان ئىدىم، دېسە ئايال تالاق قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ.(1)

مەن تالاق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قىلىۋاتىمەن، ماڭا تالاق قىلىش لازىمدۇر، ماڭا (ئايالىمنى) ھارام قىلىش كېرەكتۇر، دېگەن سۆزلەرمۇ ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردۇر. بىر ئادەم ئايالىغا بۇ سۆزلەرنى دېسە، ئۇ ئادەم بۇ سۆزلەرنى دېيىش ئارقىلىق مەيلى تالاقنى نىيەت قىلسۇن مەيلى قىلمىسۇن ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۆرپ - ئادەتتە بۇ سۆزلەر ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملار: «ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا ھارامدۇرسەن، دېسە ئۇنىڭ تالاق قىلىش نىيىتى بولمىسىمۇ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ سۆز ئۆرپ - ئادەتتە تالاق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ» دېدى. (ئەگەر مەن بۇنداق - بۇنداق ئىشلارنى قىلسام) ھارام مېنى كېرەكلىك قىلىدۇ ۋە ماڭا ھارام قىلىش كېرەكتۇر، دېگەن سۆزلەرنىڭ ھۆكمىمۇ <سەن ماڭا ھارامدۇرسەن> دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر بۇ سۆزلەرنى دېگەن ئادەمنىڭ ئايالى بولمىسا، ئۇ ئادەم شۇنداق دېيىش ئارقىلىق قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ ئىشلارنى قىلسا قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كاففارىتىنى بېرىش لازىمدۇر.(2)

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى تالاق دېگەن سۆزگە تالاقنىڭ قاتتىق ياكى كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر سۆزنى قوشۇپ تالاق قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى، ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىشىشى ئۈچۈن قايتا بىر نىكاھ قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: مەن سېنى قوپال تالاق ياكى ئەڭ يامان تالاق قىلىمەن ياكى سەن قاتتىق ياكى ئۇزۇن تالاق ياكى سەن تاغدەك ياكى ئۆي توشقۇدەك تالاق دېسە، بۇ ھالەتلەردە ئۇ ئادەم تالاقنى ئۇنىڭ قاتتىق ياكى كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى،

---

(1) «ئەلھىدايە»، 2 - توم، 430 - بەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 2 - توم، 433 - بەت.

ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىشىشى ئۈچۈن قايتا نىكاھ قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىدىكى بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

## 2 ـ كىنايە سۆزلەر

كىنايە سۆزلەر بولسا، پەقەت ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ سۆزلەر تالاقتا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ (يولىڭىز) ئوچۇق، سىز ئادا ـ جۇداسىز، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە قېتىلىڭ، سىزنى ئەۋەتتىم، سىز بىلەن ئايرىلدىم ۋە كۆزۈمدىن يوقۇلۇڭ، دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش. بىر ئايالغا بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، تالاق پەقەت تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن ياكى تالاق قىلغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئىشارەت بىلەن چۈشىدۇ. يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالغا: كۆزۈمدىن يوقال ياكى ئۆيۈڭگە كەت! دېگەن سۆزنى قىلغان ۋە بۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان ياكى ئەر شۇ سۆزنى دېگەن چاغدا ئەر ـ ئايال ئارىسىدا سۆزۈڭنى بېرىمەن ـ بەرمەيمەن دېگەندەك جىدەل بولىۋاتقان ياكى ئەر قاتتىق ئاچچىغلانغان چاغ بولغان بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. كىنايە سۆزلەر ئەگەر ئايالنى تالاق قىلىش نىيىتى بىلەن ئىشلىتىلسە، ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قا ئىراقتىن: بىر ئادەم ئايالغا ئارغامچاڭ (يەنى بوغچىماڭ) ئۆشنۈڭدە دەپتۇ، دەپ خەت كەلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىراقتىدىكى (دۆلەت ئىشلىرىغا تەيىن قىلغان) ئادىمىگە ئۇ ئادەمگە دېگىن، ھەج مەۋسىمدە مەككىدە مەن بىلەن ئۇچراشسۇن، دەپ خەت يازدى. ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى، ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ سالام بەردى. ئۆمەر: سەن كىم بولىسەن؟ دېدى. ئۇ ئادەم: سەن ماڭا ئۇچراشسۇن دېگەن ھېلىقى ئادەم بولىمەن، دېدى. ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مۇشۇ كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن مەن سەندىن سوراي سەن: ئارغامچاڭ (يەنى بوغچىماڭ) ئۆشنۈڭدە، دېگەن سۆزۈڭ بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلغان ئىدىڭ؟ دېدى. ھېلىقى ئادەم: ئى مۆمىنلەرنىڭ

باشلىقى! ئەگەر سەن بۇ يەردىن باشقا يەردە مېنى قەسەم قىلدۇرغان بولساڭمۇ مەن ساڭا مېنىڭ: ئارغامچاڭ (يەنى بوغچىماڭ) ئۆشنۈڭدە، دېگەن سۆزۈم بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىمنى دېمەيتتىم، دەپ مەن بۇ سۆزۈم بىلەن ئايالىم بىلەن ئايرىلىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇنداق بولسا، ئىش بۇ سۆز بىلەن مەقسەت قىلغان بويىچە بولسۇن، دېدى.» بۇنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلدى. ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان سۆزى ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

يەھيا ئىبنى سەئىد بۇ ھەقتە قاسىم ئىبنى مۇھەممەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە باشقا بىر قەۋمگە تەۋە بىر چۆرە بار ئىدى. ئۇ ئادەم چۆرىنىڭ ئىگىللىرى بولغان قەۋمگە: ئۇنىڭ ئىش ـ كۈشلىرى سىلەرگە تەۋە، دېدى. كىشىلەر (ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن بۇ سۆزى بىلەن) ئۇ چۆرە بىر تالاق قىلىنىپ كەتتى، دەپ قارايتتى.»[1]

مەزكۇر سۆزلەرگە ئوخشاش كىنايە سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال، ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىشىشى ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېلىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سۆز كىرمەيدۇ. تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سۆزنىڭ بىرەرسى بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئاياللار، (ئىددەت ئىچىدە بولسىلا قايتا نىكاھ قىلمايمۇ) يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۈچ خىل سۆزلەر بولسا: <ساناڭ>، <بالا ياتقۇڭىزنى پاكىزلاڭ> ۋە <سەن بىردۇرسەن> دېگەن سۆزلەردۇر. (كىمكى ئايالىنى مەزكۇر ئۈچ خىل سۆزنىڭ بىرەرسى قوللىنىش بىلەن تالاق قىلسا، ئۇنىڭ ئايالى ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھ قىلمايمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.) مەزكۇر سۆزلەر بىلەن ئايال كىشى بۇ خىلدا تالاق قىلىنىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

بىرىنچى سۆزگە يەنى <ساناڭ> دېگەن سۆزگە كەلسەك، چۈنكى بۇ سۆزنىڭ ئىددىتىڭىزنى ساناڭ، دېگەن مەنانى بېرىش، ھەم الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناڭ، دېگەن مەنانى بېرىش ئېھتىمالى بار. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ساناڭ، دېگەن ۋە بۇنىڭدىن ئىددىتىڭىزنى ساناڭ دېگەن مەنانى نىيەت قىلغان بولسا، ئىش ئۇنىڭ نىيەت قىلغىنىچە بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇ چاغدا بۇ سۆز ئايالنىڭ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 193 ـ بەت.

(ئوچۇق تالاق سۆزلىرى بىلەن) تالاق قىلىنغانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (ئوچۇق سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ئادەتتە) ئۇنىڭغا ئىددەت ئىچىدە بولسىلا قايتا نىكاھ قىلمايمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولىدۇ.

ئىككىنچى سۆزگە يەنى <بالا ياتقۇڭىزنى پاكىزلاڭ> دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ سۆز پەقەت ئىددەت تۇتۇڭ! دېگەن مەنا ئۈچۈنلا قوللىنىدۇ. بۇ سۆز ئايالنىڭ تالاق قىلىنغانلىقنى ئوچۇق ئاشكارا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنىڭ ھۆكمى خۇددى سەن تالاق دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئايالنى تالاق قىلىشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىنى پاكىزلىتىۋېتىش ئۈچۈن بالا ياتقۇڭىزنى پاكىزلاڭ دېگەن مەنانى بېرىشكە (بەك ئاز) ئېھتىمالى بار.

ئەمما ئۈچۈنچى سۆزگە يەنى <سەن بىردۇرسەن> دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ سۆزنىڭ تالاق دېگەن يوشۇرۇن بىر سۆزنىڭ سۈپۈتى بولۇشقا ئېھتىمالى باردۇر. ئۇچاغدا <سەن بىردۇرسەن> دېگەن سۆزنىڭ مەناسى: <سەن بىر تالاقدۇرسەن> دېگەنلىك بولىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: <بېرىپ ئەرگە تېگىڭ> دېگەن ۋە بۇ سۆزنى دېيىش بىلەن تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. (ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ سۆزنى دېيىش بىلەن تالاقنى نىيەت قىلمىغان بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.) ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ سۆزنى دېيىش بىلەن (ئۈچ تالاقنى ئەمەس پەقەت تالاقنىلا) نىيەت قىلغان بولسا، ئايالى قايتا نىكاھ قىلمايمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۈچ تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: جەھەننەمگە كەت! دېگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: قوتۇلغىن! دېگەن ۋە بۇ سۆزى بىلەن ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەم ئايالىغا: مەن نىكاھنى بۇزدۇم، دېگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا خۇددى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا ياكى

(1) «ئەلھىدايە»، 1 - توم، 241 - بەت.

توغىغۇز گۆشىگە ئوخشاش دېگەن ياكى سەن ماڭا خۇددى سۇنىڭ تىزلىكىدەك تېز ھارام! دېگەن ۋە بۇ سۆزلىرى بىلەن تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەمما بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا ھارامدۇرسەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ سۆزى بىلەن ئايالىنى ئوچۇق بىر ھالەتتە تالاق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزنى دېگەن ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بىز بۇ ھەقتە بېشىدا توختۇتۇلۇپ ئۆتتۇق.[1]

## تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇشنىڭ بايانى

بىر ئادەم ئايالىغا ئۇنى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ: تاللاڭ! (يەنى مېنىڭ ئەمرىمدە ياشاش بىلەن ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىشنى تاللاڭ!) دېگەن ياكى ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن بولسا، ئايال ئەگەر تۇرىۋاتقان شۇ سورۇندىن باشقا بىر يەرگە مىدىرلىمىغان بولسىلا، خالىسا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال تۇرىۋاتقان شۇ سورۇندىن باشقا يەرگە يۆتكەلگەن ياكى (شۇ سورۇندا بولسىمۇ ئۇ گەپكە قۇلاق سالمىغاندەك قىلىپ) باشقا بىر ئىش قىلىشقا باشلىغان بولسا، بۇ ھالدا تاللاش ھوقۇقى ئايالنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى بارلىق ساھابىلار (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ بىردەك قارىشى بويىچە تاللاش ھوقۇقى بېرىلگەن ئاياللار پەقەت شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا تاللاش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

تاللاش ھەققىدە ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاللاش ھوقۇقىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز اللە تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى (بىزنىڭ اللە تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللىدۇق دېگەنلىكىمىزنى) تالاق دەپ قارىمىغان»[2]

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مەزكۇر سۆزى بىلەن اللە تائالانىڭ: «ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن)

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 474 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر اللّٰه نى ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى» »[1] دېگەن ئايەتنى مەقسەت قىلماقچىدۇر.

ئىبنى ھەجەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ساھابىلارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە ھەممە شەھەرنىڭ فىقھشۇناسلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاشتۇر. يەنى بىر ئادەم ئايالىغا تاللاش ھوقۇقىنى بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنى تاللىغان، (يەنى ئۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكنى تاللىغان) بولسا، بۇ تالاق ھېسابلانمايدۇ، دېگەن قاراشتا مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر پىكىردىدۇر. لېكىن مەزكۇر كىشىلەر: ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنى (تالاق قىلىۋېلىشنى) تاللىغان بولسا، ئايالنىڭ ئۆزىنى تاللىغانلىقى، ئايال ئىددىتى ئىچىدە بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھ قىلمايمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۈچ تالاق ھېسابلىنامدۇ؟ دەپ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.»[2]

بىر ئادەم ئايالىغا: تاللاڭ! دېگەن ۋە ئۆزىڭىزنى دېگەن سۆزنى ياكى ئۇ سۆزنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر سۆزنى دېمىگەن ۋە ئۆزەمنى دېگەن سۆزنى پەقەت ئايال كىشىلا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ تالاقنى نىيەت قىلىشى شەرتتۇر[3]. ئىككىسىنىڭ بىرى <ئۆزى> دېگەن سۆزنى دېيىش لازىم. يەنى ئەگەر ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭنى تاللىغىن، دېيىشى ياكى ئەگەر ئەر ئايالىغا: تاللىغىن! دېسە، ئايالنىڭ ئۆزەمنى تاللىدىم، دېيىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) سۈرە ئەھزاب 28 ــ 29 - ئايەتلەر.

(2) «فەتھۇلبارى»، 9 - توم، 368 - بەت.

(3) يەنى بىر ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېمەي پەقەت تاللاڭ! دېگەن، ئايال ئۆزەمنى تاللىدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ ئۇ سۆزنى دېگەن ۋاقتىدا ئايالىنى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىشى شەرتتۇر. ئەمما ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن بولسا، بۇ چاغدا بۇ سۆز ئەرنىڭ تالاق قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايالنى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىشى شەرت ئەمەس. ت.

ئەگەر ئەر ئايالغا: (ئۆزىڭنى دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمايلا) تالىلغىن! دېگەن بولسا، ئايالى قوپۇپ: (ئۆزەمنى دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمايلا) تالىدىم دېگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ سۆزلەر ھېچقانداق بىر مەناسىز سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆزلىرى چۈشۈنىكسىز سۆزلەردۇر. چۈشۈنىكسىز بىر سۆز چۈشۈنىكسىز باشقا بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ بېرەلمەيدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالغا تاللاش ھوقۇقىنى بەرگەن ۋە ئۇ ئايال ئۆزىنى تاللىغان بولسا، بۇ تالاق ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىشىشى ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇش بولسا، كىنايە سۆزلەردىن ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى بىز يۇقىرىدا كىنايە سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.)

ئەگەر بىر ئەر ئايالغا: ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن بولسا، ئۇ ئايال ئەرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى بىلگەن سورۇننىڭ ئۆزىدە ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بۇ، ئايالغا تاللاش ھوقۇقىنى ئوچۇق سۆز بىلەن تاپشۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئايالغا بۇ سۆزنى دېگەن ئادەمنىڭ بۇ سۆزنى دېگەن ۋاقتىدا تالاقنى نىيەت قىلىشى شەرت ئەمەس. بۇ ھالدا ئەگەر ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋالسا، بۇ تالاق ئايال ئىددەت ئىچىدە بولسىلا قايتا نىكاھ قىلمايمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى بىز يۇقىرىدا ئوچۇق سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال، ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھ قىلمايمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.)

ئەگەر بىر ئادەم ئايالغا: ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىڭ! دېمەستىن قاچان خالىسىڭىز ياكى خالىغان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى پەقەت شۇ سورۇننىڭ ئۆزىگىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ ۋە تالاق ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئۇ ئايالنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال مەيلى ئۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە بولسۇن ياكى باشقا يەردە بولسۇن خالىغان ۋاقتىدا ئۆزىنى تالاق قىلىۋالالايدۇ).

---

(1) «ئەلھىدايە»، 1 ـ توم، 244 ـ بەت.

ئەرنىڭ بۇ سۆزىدىن يېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى تالاق ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئايالنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇش بىلەن ئايال تالاق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئۇ سۆزىدىن يېنىۋالالمايدۇ.[1]

تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزمۇ تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن بولسا، ئەرنىڭ تالاقنى نىيەت قىلىشى، <ئۆزى> دېگەن سۆزنى ياكى ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر سۆزنى دېيىشى ۋە ئايالنىڭ ئۆزىنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ياكى ئەرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان يەردە ياكى ئەر (بىر ئايغىچە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەنگە ئوخشاش) ئايالغا مۇددەت توختىتىپ بەرگەن بولسا، شۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدە تالاق قىلىۋېلىشى شەرتتۇر. ئەگەر ئەر ئايالغا مۇددەت توختىتىپ بەرگەن بولسا، ئەر ئۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدە سۆزىدىن يېنىۋالالمايدۇ. الله تائالا خالىسا بۇنىڭ تەپسىلاتى ئالدىمىزدا كېلىدۇ.

تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇش بولسا، تالاقنى ئەرنىڭ ئىزنى بىلەن باشقىلار چۈشۈرۈدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. تالاقنى ئەرنىڭ ئىزنى بىلەن باشقىلار چۈشۈرۈدىغان ئىشلار ئۈچ خىلدۇر.

ئۇلار بولسا: تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇش، ۋەكىل تەيىنلەش ۋە ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىقلاردۇر. ئەلچى ئەۋەتىش مەسىلەن بۇ شەكىلدە بولىدۇ: ئەر بىر ئادەمگە سەن پالانى ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ئېرىڭىز پالانى سىزگە: (ئۆزىڭىزنى) تالالاڭ! دەيدۇ، دېگىن، دەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئادەم ئايالغا ئەرنىڭ سۆزىنى ئىجاد قىلغۇچى ئەمەس پەقەت ئەرنىڭ دېگەن سۆزىنى يەتكۈزگۈچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئالىملار: «ئەلچى (ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ) سۆزىنى يەتكۈزگۈچى كىشىدۇر» دەيدۇ. ئەمما ئىگە قىلىنغان ئادەم ۋە ۋەكىل بۇ ھەقتە ئەلچىگە ئوخشىمايدۇ.

ئايالغا تاپشۇرۇلغان ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى ئايالنىڭ سورۇندىن قوپۇپ كېتىشى بىلەن ياكى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئىشنى قىلىش بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئايالغا تاپشۇرۇلغان ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 476 - بەت.

ھوقۇقى بولسا، ۋەكىل تەيىنلەش ئەمەس ئايالنى ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشقا ئىگە قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ، ئۇ ئايالنىڭ شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا قوبۇل قىلىشىغا باغلىقتۇر ۋە شۇڭا ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشمۇ توغرا ئەمەس. ھەتتا بىر ئەر ئايالىغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن، ئاندىن ئەر ئايالىنى تالاق قىلىۋەتمەسلىككە قەسەم قىلغان، ئاندىن ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەر توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئەر ئايالىغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇش بىلەن بۇ ھوقۇق ئەرنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي ئايالنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋالسا، ئۇنى ئەر تالاق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشى بىلەن ئەر قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ). ئەگەر ئەر ئايالىنى تالاق قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلغان، ئاندىن مەن ئايالىمنى تالاق قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ۋەكىل ئۇنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەر قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى ۋەكىل قويۇش بىلەن تالاق قىلىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەر سۆزىدىن يېنىۋالسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنى ۋەكىل تالاق قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ئۇ ئايالنى خۇددى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى تالاق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ.)

بىر ئەر ئايالىغا: سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى تالاق قىلىۋېتىڭ! دېگەن ياكى بىر ئادەمگە: مېنىڭ ئايالىمنى تالاق قىلىۋەت دېگەن بولسا، ئەر كېيىن بۇ سۆزىدىن يېنىۋالسىمۇ بولىدۇ ۋە بۇ، شۇ سورۇننىڭ ئۆزىگە باغلىق ئەمەس. چۈنكى بۇ (تالاق قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش ئەمەس) پەقەت ۋەكىل قويۇشتۇر.

بىر ئەر ئايالىغا: سەن خالىساڭ ئۆزەڭنى تالاق قىلىۋالغىن! دېگەن بولسا، بۇمۇ ۋەكىل قىلىش ئەمەس تالاق قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئايالنىڭ قولىغا ئۆتكۈزگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ بۇ سۆزىدىن يېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس. تالاق قىلىشقا ۋەكىل قويۇش بىلەن تالاق قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي باشقىسىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ئارىسىدا بەش خىل ھۆكۈمدە پەرق بار. مەسىلەن: تالاق قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي باشقىسىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋاقىتتا ئەر بۇ سۆزىدىن يېنىۋالالمايدۇ، ئۇ ئادەمنى بۇ

ۋەزىپىدىن قالدۇرالمايدۇ، بۇ ئىش ئەرنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشى بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىش باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلغاندۇر، بۇ ئىش ئەقىلگە ئەمەس سورۇنغا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تالاق قىلىش ھوقۇقىنى بىر نەرسىنى ئويلىيالمايدىغان ساراڭ ۋە كىچىك باللارغا تاپشۇرۇشمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما ۋەكىل قويۇش مەزكۇر ھالەتلەردە تالاق قىلىش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي باشقىسىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ئوخشىمايدۇ.[1]

## سورۇننى ئۆزگەرتىشنىڭ ھۆكمى

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئايالنىڭ بۇ ھوقۇقى ئۇ ئايال شۇ ھوقۇق بېرىلگەن سورۇندىن قوپمىغانلا بولسا، بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ سورۇندىن باشقا سورۇنغا قوپۇپ سورۇن ئالماشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئۆرە تۇرىۋاتقان ئايالنىڭ ئولتۇرۇشى، ئولتۇرۇۋاتقان ئايالنىڭ بىر نەرسىگە يۆلۈنۈشى، بىر نەرسىگە يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇۋاتقان ئايالنىڭ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇشى، ئەگەر ئۇلارنى چاقىرىپ كىرىش ئۈچۈن قېشىدا ئادەم بولمىسا مەيلى ئولتۇرۇۋاتقان ئورنىدىن يۆتكەلسۇن مەيلى يۆتكەلمىسۇن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن دادىسىنى ۋە دادىسىدىن باشقا كىشىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ تالاقنى تاللىغانلىقىغا گۇۋاھچى قىلىش ئۈچۈن گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ كېرىشى ۋە مېنىپ كېتىۋاتقان ئۇلۇغىنى توختۇتۇشى سورۇننى بۇزمايدۇ ۋە شۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىش بىلەن ئايالنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىش ھوقۇقى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ ئايال ئورنىدىن قوپۇپ كەتسە ياكى ئەر ئۇنىڭ بىلەن مەجبۇرلىغان ھالدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا بېرىلگەن ھوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال (ئەگەر ئەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەجبۇرلاپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان چاغدا) ئۆزىنى تالاق قىلىۋالاي دېسە تالاق قىلىۋالالايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋالماي ئەرگە ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

كېمىنىڭ ھۆكمى خۇددى ئۆينىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۆزىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 476 ـ بەت.

تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى بىلەن) ئايال كېيىنكى مېھرىنى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى كېيىنكى مېھرىنى ئۇنىڭغا چۈشكەن ئادەمگە قاراشلىق ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مېھرىنى شامالغا ۋە دېڭىزدىكى سۇنىڭ دولقۇنىغا قاراشلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالغا بېرىلگەن ھوقۇق كېيىنكى مېھرىنى بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما بىر ئايالنىڭ ئۇلۇغىنىڭ ماڭغانلىقىنىڭ ھۆكمى ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ماڭغانلىقىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالغا بېرىلگەن ھوقۇق ئۇلۇغىنىڭ مېھرىنى بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. (يەنى بىر ئەر ئۇلۇغ ئۈستۈدىكى ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇلۇغنى ماڭدۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا بېرىلگەن ئۇ ھوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ.)

ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئايال ئولتۇرغان ھالدا ئۇخلىغان، ياكى پەرز ناماز ياكى ۋىتىر ياكى نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇۋاتقان بولسا، ئۇنى (تاكى ئاخىرغىچە ئوقۇپ) ئاياغلاشتۇرغان، ياكى ئوقۇۋاتقان بىر رەكەت نەپلە نامىزىغا يەنە بىر رەكەت قاتقان، ياكى ئورنىدىن تۇرماستىن كىيىمنى كەيگەن، ياكى ئازراق بىر نەرسە يېگەن، ياكى ئىچكەن، ياكى ئازراق بىر نەرسە ئوقۇغان، ياكى تەسبىھ ئېيتقان، ياكى ئېرىگە: نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆز ئېغىزىڭ بىلەن تالاق قىلمايسەن، دېگەن بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇ ھوقۇق بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ سورۇنىنى ئالماشتۇرغان ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تالاققا ئالاقىدار ئىشلاردىن قول يىغىپ باشقا بىر ئىشقا كىرىشىپ كېتىشى لازىمدۇر. ئەمما مەزكۇر ھالەتلەردە ئىش ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە مەزكۇر ھالەتلەردە ئىش تالاققا ئالاقىدار بىر شەكىلدىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن ۋە بۇ سۆزى بىلەن ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ نىيەت توغرا بولمايدۇ. (يەنى ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.) چۈنكى <تاللاش> تۈرگە بۆلۈنمەيدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ ئەر ئايالىغا: سىز (يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) تالاق ياكى تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن ۋە بۇ سۆزى بىلەن ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن ۋاقىتىدا ئايال: مەن ئۆزەمنى تاللىدىم، دېگەن بولسا، ئۇ ئايال يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئايال: مەن ئۆزەمنى تاللايمەن، دەپ كەلگۈسى زامانىنى ئىشلەتسىمۇ ئىستىھسانگە ئاساسەن ئۇ ئايال يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ مەسىلىدىكى ئىستىھسان بولسا، ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاللاش ھوقۇقىنى بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ: مەن اللہ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللايمەن، دېگەن سۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ بۇ سۆزىنى (ئۆزىنىڭ ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن سۆزىگە بەرگەن) جاۋاب، دەپ ئېتىبارغا ئالغان. ئەمما ئەگەر ئەر ئايالىغا: (ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېمەي) ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىڭ، دېگەن، ئايال ئۇنىڭغا: مەن تالاق قىلغۇچىدۇرمەن ياكى مەن ئۆزەمنى تالاق قىلىمەن، دەپ كەلگۈسى زامانىنى ئىشلىتىپ جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ دېگەن بۇ سۆزى تالاق ھېسابلانمايدۇ (يەنى ئايال شۇنداق دېيىش بىلەن تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ). چۈنكى ئايالنىڭ دېگەن ئۇ سۆزى ئەرنىڭ دېگەن سۆزىگە بەرگەن جاۋاب ئەمەس (ئۆزىنى كەلگۈسىدە تالاق قىلىۋالىدىغانلىقىغا بەرگەن) ۋەدە ھېسابلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك تالاقنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن بارلىق ساھابىلارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەر ـ خوتۇنىنىڭ بىرىنىڭ تاللاش ۋە ئۆزى دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشى شەرتتۇر[1]. چۈنكى تاللاش، دېگەن سۆزنىڭ تالاق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقى ساھابىلارنىڭ بىرلىك كېلىشى بىلەن بىلىنگەن. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ سۆزنى (يەنى ئۇ سۆز بىلەن تالاقنىڭ چۈشكەنلىكىنى) ئىزاھلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ ئۆز دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىمۇ بارلىق ساھابىلارنىڭ بىرلىك كېلىشى بىلەن بىلىندى.

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ دېگەن ۋە ئايال بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: مەن تاللىدىم ياكى شۇنداق بىر تاللىدىمكى ياكى بىرىنچىسىنى ياكى ئوتتۇردىكىنى ياكى ئەڭ ئاخىردىكىنى تاللىدىم، دېگەن بولسا بۇ ھالەتلەردە ئۇ ئايال ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن سۆزنى تەكرارلىغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچ تالاق قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەر

(1) يەنى مەسىلەن: ئەگەر ئەر ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېسە، ئايالنىڭ تاللىدىم، دەپ جاۋاب بېرىشى، ئەگەر ئەر تاللاڭ! دېسە، ئايالنىڭ ئۆزەمنى تاللىدىم، دەپ جاۋاب بېرىشى تالاقنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ت.

شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا (ئايالنى تالاق قىلىشنى) نىيەت قىلمىسىمۇ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تالالڭ! دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ دېگەن چاغدا ئايال ئۇنىڭغا: مەن بىرىنچىسىنى ياكى ئوتتۇردىكىنى ياكى ئەڭ ئاخىردىكىنى تاللىدىم، دەپ جاۋاب بەرسە، بۇ ھالدا ئايال (ئۈچ تالاق ئەمەس) يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدە بۇ مەسىلىدە پەتۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

ئەگەر ئۇ ئايال ئەرنىڭ مەزكۇر سۆزىگە: مەن ئۆزەمنى تالاق قىلدىم، ياكى مەن ئۆزەمگە تالاقنى تاللىدىم ياكى بىرىنچى تالاقنى تاللىدىم، دېگەن جاۋابنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى <تاللا> دېگەن سۆزدىن ياسالغان سۆزلەر كىنايە سۆزلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۆز بىلەن ئايال يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئايال بۇ تالاقتىن باشقا تالاقنى چۈشۈرۈشكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى تالاق ئايالنىڭ سۆزىگە قارىتا ئەمەس ئەرنىڭ (ئايالغا دېگەن) سۆزىگە قارىتا چۈشىدۇ[2].

# ئەرنىڭ تالاق ئىشنى ئايالنىڭ قولىدا قىلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەر ئايالىغا: تالاق ئىشىڭىز سىزنىڭ قولىڭىزدا دېيىش بىلەن تالاق ئىشنى ئايالنىڭ قولىدا قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېيىشنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ئۆزىڭىزنى تالالڭ! دېگەننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن ۋاقتىدىمۇ ئەرنىڭ تالاقنى نىيەت قىلىشى، <ئۆزى> دېگەن

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 2 ـ توم، 480 ـ بەت.

(2) يەنى ئەگەر ئەر ئۈچ قېتىم ئۆزىڭىزنى تالالڭ! دېگەن، ئايال تاللىدىم، دېگەن بولسا، ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەر ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى ئۈچ تالاقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر شەكىلدە بەردى. تالاق شۇنىڭغا قارىتا چۈشىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تالالڭ! دېگەن، ئايال تاللىدىم، دېگەن بولسا، ئايال ئۈچ تالاق ئەمەس بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەر ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بىر تالاقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر شەكىلدە بەردى. شۇڭا تالاق ئۇنىڭغا قارىتا چۈشىدۇ. ت.

سۆزنى ياكى ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر سۆزنى دېيىشى، ئايالنىڭ ئۆزىنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ياكى ئۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە بولمىسا ئەرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان يەردە ياكى ئەر (بىر ئايغىچە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەنگە ئوخشاش) ئايالغا مۇددەت توختۇتۇپ بەرگەن بولسا، شۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدە تالاق قىلىۋېلىشى شەرتتۇر.

ئەگەر ئەر ئايالغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن ۋاقتىدا ئايالنى ئۈچ تالاقنى قىلىشنى نىيەت قىلغان ۋە (ئايال ئەرگە ئۆزىنى تالاق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز بىلەن جاۋاب بەرگەن) بولسا، بۇ چاغدا ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ھۆكمى بۇ ھەقتە ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ[1]. چۈنكى <ئىش> دېگەن سۆز بىرنى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇستۇندىكى سانلارنى (يەنى خۇسۇسنى ۋە ئومۇمنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۈرنىڭ ئىسمىدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم قايسىسىنى نىيەت قىلسا، شۇ چۈشىدۇ. (يەنى بىر تالاقنى نىيەت قىلسا بىر تالاق، ئۈچ تالاقنى نىيەت قىلسا ئۈچ تالاق چۈشىدۇ.)

ئەگەر ئەر ئايالغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا، دېگەن ۋاقتىدا ئايال ئۇنىڭغا: مەن بىر قېتىمدىلا ئۆزەمنى تاللىدىم ياكى ئۆزەمنى قوبۇل قىلدىم ياكى ئىشىمنى تاللىدىم ياكى سەن ماڭا ھارامدۇرسەن، ياكى سەن مەندىن ئۈزۈلۈپ كەتتىڭ ياكى مەن سەندىن ئۈزۈلۈپ كەتتىم، ياكى تالاق بولۇپ كەتتىم، دەپ جاۋاب بەرسە، ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى تاللىدىم، دېگەن سۆز تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزگە جاۋاب بولالايدۇ. چۈنكى ئەر، تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزنى دېگەن ۋاقتىدىمۇ خۇددى ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن سۆزنى دېگەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەر ئۈچ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئايالغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن ۋاقتىدا ئايال: مەن بىر قېتىمدىلا ئۆزەمنى تاللىدىم، دېگەن جاۋابنى بەرسە ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئەرنىڭ تالاق ئىشىنى ئايالنىڭ قولىدا قىلىشى ئۆزىنى تاللاش ئىشىنى

(1) يەنى ئەر ئايالغا: ئۈچ قېتىم ئەمەس پەقەت بىر قېتىملا ئۆزىڭىزنى تاللاڭ! دېگەن ۋاقتىدا ئايالنى ئۈچ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان ۋە ئايال ئەرگە ئۆزىنى تالاق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ت.

ئۇنىڭغا ئېسىپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئايال تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىز بولسىمۇ (قىزنىڭ ئېرىنىڭ قىزغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا) دېگەن سۆزىگە: قىزنىڭ دادىسىنىڭ: قىز ئۆزىنى تاللىدى، دەپ قىزنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى تالاق ئىشى قىزنىڭ دادىسىغا ئەمەس قىزنىڭ ئۆزىگە ئېسىپ قويۇلغان. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر تالاق ئىشى قىزنىڭ دادىسىنىڭ قولىدا قىلىنسا، بۇنىڭغا قىز بالاغەتكە يەتكەن چوڭ قىز بولسىمۇ دادىسىنىڭ ئورنىدا قىزنىڭ (مەسىلەن: ئۆزەمنى تاللىدىم دەپ) جاۋاب بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردە تالاق ئىشى قىزنىڭ ئۆزىگە ئەمەس ئۇنىڭ دادىسىغا ئېسىپ قويۇلغان.

تالاق چۈشۈدىغان ھەر قانداق بىر سۆز (تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا) دېگەن سۆزگە جاۋاب بولالايدۇ. تالاق چۈشمەيدىغان ھەر قانداق سۆز ئۇ سۆزگە جاۋاب بولالمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال: مەن تالاق بولۇپ كەتتىم ياكى مەن ئۆزەمنى تالاق قىلدىم، دېسە بۇ سۆزلەر بىلەن تالاق چۈشىدۇ. (شۇڭا بۇ سۆزلەر تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزگە جاۋاب بولالايدۇ. يەنى بىر ئەر ئايالىغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېسە، ئايالى: مەن تالاق بولۇپ كەتتىم ياكى مەن ئۆزەمنى تالاق قىلدىم دېسە، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ.) ئەمما ئۇ ئايال ئەرگە: مەن سېنى تالاق قىلدىم، دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى بۇ سۆز بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ.) چۈنكى ئەسلىدە تالاق قىلىنىدىغان ئادەم ئەر ئەمەس ئايالدۇر. (شۇڭا ئايالنىڭ ئەرگە بەرگەن مەن سېنى تالاق قىلدىم، دېگەن سۆزى ئەرنىڭ تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزىگە جاۋاب بولالمايدۇ.)

مەزكۇر قائىدىنىڭ ئىچىگە مەن ئۆزەمنى تاللىدىم، دېگەن سۆز كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ سۆز تالاق چۈشۈدىغان سۆزلەرنىڭ قاتارىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئەرنىڭ <تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا> دېگەن سۆزىگە جاۋاب بولالايدۇ. مەن <ئۆزەمنى تاللىدىم> دېگەن سۆزنىڭ مەزكۇر قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، بىر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى تاللىغىن! دېسە، ئەرنىڭ بۇ سۆزنى دېيىشى بىلەن ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ سۆز تالاق چۈشۈرىدىغان سۆزلەردىن ئەمەس بەلكى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىنايە سۆزلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ سۆز

(ئەسلىدە تالاقنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سۆز بىلەن) تالاقنىڭ چۈشۈشى بارلىق ساھابىلارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە قىياسقا زىت بىر ھالدا سابىت بولغاندۇر[1]. شۇنىڭدەك يەنە <تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا> دېگەن سۆزمۇ ئەسلىدە تالاقنى چۈشۈردىغان سۆزلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. (بۇ سۆزمۇ خۇددى ئۆزەڭنى تاللاڭ! دېگەن سۆزگە ئوخشاش قىياسقا زىت ھالدا ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندۇر.) گەرچە بۇ سۆز ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسىمۇ، لېكىن خۇددى (مەن ئۆزەمنى تاللىدىم دېگەن سۆزگە ئوخشاش) مەزكۇر قائىدىنىڭ ئىچىدىن چىقىرۋېلىنمىدى. چۈنكى ئايالنىڭ تالاق ئىشى مېنىڭ قولۇمدا دېگەن سۆزى ئەرنىڭ تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزىگە جاۋاب بۇلالمايدۇ. ئەمما ئايالنىڭ مەن ئۆزەمنى تاللىدىم، دېگەن سۆزى ئەرنىڭ مەزكۇر سۆزىگە جاۋاب بۇلالىغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۆزەمنى تاللىدىم دېگەن سۆز مەزكۇر قائىدىنىڭ (يەنى ئەسلىدە تالاق چۈشمەيدىغان ھەر قانداق سۆز ئەرنىڭ تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزگە جاۋاب بولالمايدۇ دېگەن قائىدىنىڭ) ئىچىدىن چىقىرۋېلىندى.[2]

ئەگەر ئايال ئېرىنىڭ تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆزىگە: مەن ئۆزەمنى بىر تالاق قىلدىم ياكى بىر تالاق بىلەن ئۆزەمنى تاللىدىم، دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال ئەرگە گەرچە (ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھ قىلماستىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن) يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق چۈشۈدىغان تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرى بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئايال (ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھ قىلماستىن ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق ئەمەس يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سۆز ئايالنىڭ سۆزى ئەمەس بەلكى ئەرنىڭ سۆزىدۇر. ئەر بۇ يەردە ئايالغا (ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ئىشىنى ئايال بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) سۆز بىلەن تاپشۇردى. ئەر ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ئىشىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان سۆز بىلەن تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئايال ئەرگە ئۆزى بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولمايدىغان سۆز بىلەن جاۋاب بەرسىمۇ ئايال يېنىشىش ئۈچۈن

(1) يەنى قىياس بويىچە ئېيتقاندا بۇ سۆز بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ. لېكىن بۇ سۆز بىلەن تالاقنىڭ چۈشۈدىغانلىقىغا بارلىق ساھابىلار بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈن گەرچە قىياسقا زىت بولسىمۇ ئۇ سۆز بىلەن تالاق چۈشىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 482 - بەت.

قايتا نىكاھ كېرەك بولمايدىغان بىر تالاق ئەمەس يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: بۇگۈن ۋە ئۆگۈنلۈككە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا (بۇگۈن بىلەن ئۆگۈنلۈكنىڭ ئارىسىدىكى) كېچە (ئايالغا ئۇنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ئۈچۈن توختۇتۇلۇپ بېرىلگەن) مۇددەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇگۈن دېگەن سۆز بىلەن ئۆگۈنلۈك دېگەن سۆز ئۇ ئايالنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا (ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا) ئىگە قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇگۈن دېگەن سۆز (تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا بېرىشتە) ئارقىسىدىكى ئۆگۈنلۈك دېگەن سۆز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئايرىم بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈن ۋە ئۆگۈنلۈككە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆز (سۆزنى سۆزگە ئەگەشتۈرۈپ ئەمەس) خۇددى بىر جۈملىنى بىر جۈملىگە ئەگەشتۈرۈپ ئېيتقان ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ سۆز خۇددى بۇگۈن تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا ۋە ئۆگۈنلۈككە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: بۇگۈن تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن بولسا، كېچە بۇ مۇددەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى، شۇنىڭدەك يەنە بۇگۈن تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا ۋە ئۆگۈنلۈككە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا، دەپ جۈملىنى بىر جۈملىگە ئۇلاپ دېگەن ۋاقىتىدىمۇ كېچە بۇ مۇددەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر ئايال بۇگۈنى ئۆزىنى تالاق قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى پەقەت ئۆگۈنلۈكنىڭ ئىچىدىلا قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنى كېچىدە تالاق قىلىۋالسا، بۇ تالاق توغرا بولمايدۇ. (چۈنكى بىز بىر ئاز يۇقىرىدا ئەرنىڭ مەزكۇر شەكىلدە ئايالغا توختۇتۇپ بەرگەن مۇددىتىنىڭ ئىچىگە كېچە كىرمەيدۇ، دەپ بايان قىلدۇق.)

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: بۇگۈن ۋە ئەتە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا (بۇگۈن بىلەن ئەتىنىڭ ئارىسىدىكى) كېچە بۇ مۇددەت ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال بۇگۈنى ئۆزىنى تالاق قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇ ئايال ئەتىسى ئۆزىنى تالاق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. چۈنكى بۇگۈن ۋە ئەتە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن سۆز بۇگۈن بىلەن ئەتەنىڭ ئارىسىدا كۈندۈزدىن بىرسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن (ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى ئىككى قېتىم ئەمەس) بىر قېتىم بەرگەنلىك

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ سۆز خۇددى ئىككى كۈن ئىچىدە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەنگە ئوخشاش ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بىر قېتىملا بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. تىلنىڭ قائىدىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىن بۇ سۆزنىڭ ئىچىگە (بۈگۈن بىلەن ئەتەنىڭ) ئارىسىدىكى كېچىمۇ كىرىدۇ. (شۇڭا ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشنى بۈگۈنى رەت قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ ئەتىسى ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق. چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھوقۇق بىر قېتىملىقتۇر.)

ئەگەر بىر ئەر ئايالغا: بۈگۈن تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا ۋە ئەتە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ سۆز ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى سۆز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئايال بۈگۈن ئېرىنىڭ ئەمرىدە قېلىشنى ياكى ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشنى تاللىغان بولسا، ئۇ ئايال ئەتىسى يەنە تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە[1]. چۈنكى ئەر ئايالغا سۆزنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. بۇنداق قىلغانلىق ئەرنىڭ ئايالغا بەرگەن ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنىڭ ئىككى قېتىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئىككى قېتىملىقنىڭ بىر قېتىملىقىنى رەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىملىقىنى رەت قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال بىرىنچى كۈنى ئۆزىنى تاللاپ ئۆزىنى تالاق قىلىۋالغان، ئاندىن ئەر ئۇنى ئەتىسى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئەمرىگە يەنە ئالغان بولسا، ئۇ ئايال ئەتىسى ئۆزىنى يەنە تالاق قىلىۋېلىشنى خالىسا، تالاق قىلىۋالالايدۇ. چۈنكى ئەر ئۇنىڭغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى ئىككى قېتىم بەرگەن. شۇڭا ئۇ ئايالنىڭ بىر قېتىملىق ھوقۇقىنى قوللىنىپ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشى ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ھوقۇقىنى قوللىنىپ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشنى چەكلەپ قويمايدۇ.[2]

س: ئەگەر ئەر ئايالنى (ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) بىر تالاق قىلىۋاتسا، ئايالغا بېرىلگەن ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى بىكار بولۇپ كېتەمدۇ؟

ج: ئەگەر ئايالغا بېرىلگەن ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى شۇ ۋاقىتنىڭ

(1) يەنى مەسىلەن: ئەگەر ئۇ ئايال بۈگۈن ئېرىنىڭ ئەمرىدە قېلىشنى تاللىغان بولسا، ئۇ ئايال ئەتىسى ئۆزىنى رەت قىلىپ ئۆزىنى تالاق قىلىۋالسىمۇ بولىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 483 ـ بەت.

ئۆزىدە ئىجرا قىلىنىدىغان ھوقۇق بولسا، ئەرنىڭ ئايالنى (ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) بىر تالاق قىلىۋېتىشى بىلەن ئۇ ھوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئايالغا بېرىلگەن مەزكۇر ھوقۇق مەسىلەن: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان ھوقۇق بولغان ياكى بىر ھەپتىگىچە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا! دېگەنگە ئوخشاش ۋاقىت توختۇتۇلۇپ بېرىلگەن ھوقۇق بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ ئايالنى (ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) بىر تالاق قىلىۋېتىشى بىلەن ئۇ ھوقۇق بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ[1]. چۈنكى بىز اللە تائالا خالىسا ئالدىمىزدا ئەگەر تالاق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان بولمىسا، ئايالنى ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان ئادەم ئۇ ئايالنى يەنە ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىمىز. ئەگەر ئەر ئايالنى (ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق ئەمەس) ئۆزىنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھ قىلماستىن يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئۇ ئايالغا بېرىلگەن ھوقۇق بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

فىقھىشۇناسلار تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن مەسىلىدىن تۆۋەندىكى شاخچە مەسىلىلەرنى چىقاردى:

● بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن تالاق ئىشىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ قولىدا بولۇش شەرتى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسا، بۇ ئۆيلىنىش توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال (ئۆزىنى تالاق قىلىۋالماي تۇرۇپ) ئەرنىڭ تالاق ئىشنى ئۆزىنىڭ قولىدا قىلغانلىقىنى دەۋا قىلسا، ئۆزىنىڭ بۇ داۋاسىغا قولاق سېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر شەرتكە ئاساسەن ئۆزىنى تالاق قىلىۋالغاندىن كېيىن ئەرنىڭ تالاق

(1) يەنى بىر ئەر ئايالىغا: تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن ئەر ئۇ ئايالنى ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئايالغا بېرىلگەن ئۇ ھوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئەر ئايالىغا: ئەگەر سىز قورۇغا كىرسىڭىز تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا ياكى پالانى بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋالىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىپ بولغىچە ئەر ئۇ ئايالنى ئۆزىنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئايالغا بېرىلگەن ئۇ ھوقۇق بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. يەنى ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋالىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشنى خالىسا ئۆزىنى تالاق قىلىۋالالايدۇ. ت.

ئىشنى ئۆزىنىڭ قولىدا قىلغانلىقىنى ياكى ئۆزىنى تالاق قىلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ بۇ داۋاسىغا قولاق سېلىنىدۇ.

● ئايال: مەن ئۆزەمنى ئەر ماڭا ئۆزەمنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن سورۇننىڭ ئۆزىدىلا ئۇ سورۇندىن بىر يەرگە يۆتكەلمەستىن تالاق قىلىۋالدىم، دېگەن ئەمما ئەر بۇنىڭغا ئىنكار قىلىپ ئۇ ئۆزىنى ئۇ سورۇندىن باشقا بىر يەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن تالاق قىلىۋالدى، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ گېپى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى بىلەن ئايالنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنىڭ سەۋەبى تېپىلدى. شۇڭا ئۇ ئايالنىڭ باشقا بىر يەرگە يۆتكەلمەستىن ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشى كۈچلۈك ئېھتىمالغا بەكرەك يېقىندۇر.

● بىر ئەر ئايالىغا: ئەگەر سەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكەزمىسەڭمۇ مەن سېنى ئۇرۇدىغان بولسام، تالاق ئىشى سېنىڭ قولىڭدا بولسۇن! دېگەن، ئاندىن ئەر ئۇنى ئۇرغان، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئىختىلاپلىشىپ قالغان، يەنى ئەر: مەن سېنى سەن خاتالىق ئۆتكەزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇردۇم، دېگەن، ئايال: سەن مېنى مەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكەزمىسەممۇ ئۇردۇڭ، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەر (تالاقنىڭ چۈشۈشىگە) ئىنكار قىلغۇچىدۇر. ئەگەر ئايال ئەرنىڭ ئۆزىنى ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىسىمۇ ئۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر پاكىت كۆرسەتسە، ئايالنىڭ كۆرسەتكەن بۇ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ پاكىت گەرچە يوز بەرمىگەن بىر ئىشنى ئىسپاتلاپ كەلگەن بولسىمۇ پاكىت ئايالغا قويۇلغان بىر شەرتكە (يەنى ئەگەر سەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكەزمىسەڭمۇ مەن سېنى ئۇرۇدىغان بولسام، تالاق ئىشى سېنىڭ قولىڭدا بولسۇن! دېگەن شەرتكە) ئاساسەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ پاكىت قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى قويۇلغان شەرت ۋۇجۇدقا چىقمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلاش توغرىدۇر.

● بىر ئايالنىڭ دادىسى ئايالنىڭ ئېرىدىن ئەرنىڭ ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان، ئاندىن ئەر ئايالنىڭ دادىسىغا: مەندىن تەلەپ قىلغان ئىشنى سەن خالىغان بويىچە قىلغىن! دېگەن ئاندىن ئايالنىڭ دادىسى چىقىپ ئۇ ئايالنى (ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئورنىدا) تالاق قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئەر (ئايالنىڭ دادىسىغا: مەندىن تەلەپ قىلغان ئىشنى سەن خالىغان بويىچە

قىلغىن! دېگەن سۆزى بىلەن) ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئۇ ئايالنىڭ دادىسىغا بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ دېگەن مەزكۇر سۆزى ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە قىزىڭنى تالاق قىلىۋال! دېگەنگە ئوخشاش، ئۇنى مازاق قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز بولۇشىنىڭمۇ ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭ دادىسىغا چوقۇم بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ.

● بىر ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىش ئىشىنى ئىككى ئادەمگە تاپشۇرغان، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بېرىپ ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ تالاق چۈشمىگەن بولىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ ئېرى ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئىككى ئادەمگە بەردى. بۇ خۇددى ئايالنى تالاق قىلىش ئىشىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ تالاق قىلىشىغا باغلاپ قويغانىنىڭ ئورنىدا. (ئايالنىڭ تالاق قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى ئىككىسىنىڭ بېرىپ تالاق قىلىشى شەرت.) ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بېرىپ ئۇنى تالاق قىلسا، ئىش ئەرنىڭ دېگىنىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

## ئايالنى تالاق قىلىشنى ئۇنىڭ خالىشىغا قويۇپ قويۇش

مانا بۇ تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرۇشنىڭ ئۈچۈنچى تۈرىدۇر. ئايالنى تالاق قىلىشنى ئۇنىڭ خالىشىغا قويۇپ قويۇش دېگەن سۆزدىن ئايالغا «ئەگەر خالىساڭ» دېگەن سۆز ئوچۇق ئاشكارا دېيىلىدۇ، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بۇنىڭدىن «ئەگەر خالىساڭ» دېگەن مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھالەت مەقسەتتۇر، دېگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئەر ئايالىغا: «ئەگەر خالىساڭ» دېگەن سۆزنى دېمەيلا ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن بولسا، بۇ سۆز خۇددى ئەگەر خالىساڭ ئۆزىڭىزنى تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا ئايال شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. چۈنكى تالاق ئىشى ئۇنىڭ خالىشىغا قويۇپ قويۇلغاندۇر. ئۇنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشى ئۇنىڭ خالىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: ئەگەر خالىساڭ ئۆزىڭنى بىر تالاق قىلىۋال! دېگەن

ۋە ئايال: مەن ئۆزەمنى بىر تالاق قىلدىم، دېگەن بولسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋالغانلىقى ئۆزىنىڭ تالاقنى خالىغانلىقىنىڭ نىشانىسىدۇر.

بىر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى تالاق قىلىۋال! دېگەن ۋە ھېچقانداق بىر ئىشنى نىيەت قىلمىغان ياكى بىر تالاق ۋە ياكى ئىككى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئايال (ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ) يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنى ئۈچ تالاق قىلىۋالغان ۋە ئەرمۇ ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئايال مەيلى تالاق دېگەن سۆزنى بىر قېتىمدىلا دەپ مەن ئۆزەمنى ئۈچ تالاق قىلىۋالدىم، دېسۇن مەيلى ئايرىم ـ ئايرىم دەپ ئۈچ قېتىم مەن ئۆزەمنى تالاق قىلىۋالدىم، مەن ئۆزەمنى تالاق قىلىۋالدىم، مەن ئۆزەمنى تالاق قىلىۋالدىم، دېسۇن ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر كۆپ خوتۇنلۇق بىر ئادەم ئاياللىرىنىڭ بىرىگە: سەن ئاياللىرىمنىڭ ئىچىدىن خالىغىنىڭنى تالاق قىلىۋەتكىن! دېگەن بولسا، مەزكۇر ئايال ئەرنىڭ (مەزكۇر ئايال خالىسا) تالاق قىلىنىپ كېتىدىغان ئاياللىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىشنى خالاپ ئۆزىنى تالاق قىلغان بولسا، بۇ تالاق توغرا بولمىغان بولىدۇ ۋە ئۇ ئايال تالاق قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ.)

ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى تالاڭ! تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا! ئەگەر خالىساڭ ئۆزەڭنى تالاق قىلىۋالغىن! دېگەنلەردىن ئىبارەت تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالىغا تاپشۇرۇشنىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ بىرەرسىنى دېيىش ئارقىلىق ئايالىغا ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ سۆزىدىن يېنىۋالالمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە تالاق قىلىش ئىشىنى ئايالنىڭ خالىشىغا قويۇپ قويۇش مەناسى بار. مەزكۇر سۆزلەر تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا ئىگە قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئايال ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن چاغدا ئۆزىنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا تالاق قىلىۋېلىشى لازىم. لېكىن ئەگەر ئەر مەزكۇر سۆزلەرگە <قاچان خالىساڭ> دېگەنگە ئوخشاش مەزكۇر سۆزنىڭ ھەممە چاغدا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر سۆزنى قوشۇپ دېگەن

**بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئۆزىنى خالىسا شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە، خالىسا باشقا يەردە تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە[1].**

**بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە: ئەگەر ئايالىم تالاقنى خالىسا ئايالىمنى تالاق قىلىۋاتقىن! دېگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئايال تالاقنى خالىمىسا ئىككىنچى ئۇ ئادەم (ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ نامىدىن ئۇ ئايالنى تالاق قىلىدىغان) ۋەكىل ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇنىڭغا (ئېرىنىڭ مەزكۇر سۆزى) يېتىپ كەلگەن سورۇننىڭ ئۆزىدە تالاقنى خالىسا ئىككىنچى ئادەم ئۇ ئايالنى ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە تالاق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئولتۇرۇۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ كەتكەن بولسا، ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەكىللىك بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئايالنى تالاق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ۋەكىللىك ئايالنىڭ تالاقنى خالىشىغا قاراشلىقتۇر. ئايالنىڭ خالىشى بولسا پەقەت (ئايال ئېرىنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغان) سورۇنغىلا قاراشلىقتۇر. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ۋەكىللىكمۇ شۇ سورۇننىڭ ئۆزىگىلا قاراشلىق بولىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سىز ئۆزىڭىزنى ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئايال ئۆزىنى بىر تالاق قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال (ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ) يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئۇ ئايالغا (ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بېرىش ئۈچۈن) ئىشلەتكەن سۆزى (ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان) ئوچۇق سۆزلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. (بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئوچۇق سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا، قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.) شۇنداق بولغان ئىكەن ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا، قايتا نىكاھسىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاقمۇ ئەرنىڭ ئايالغا دېگەن <سىز ئۆزىڭىزنى ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلىۋېلىڭ!> دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىدە بار بولغان بولىدۇ.**

**ئەگەر ئەر ئايالىغا: ئۆزىڭىزنى (يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك**

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئەر ئايالىغا: قاچان خالىساڭ ئۆزەڭنى تاللىغىن! ياكى قاچان قالىساڭ تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا، ياكى قاچان خالىساڭ ئۆزەڭنى تالاق قىلىۋال! دېگەن بولسا، ئۇ ئايال خالىسا شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە، خالىسا باشقا يەردە ئۆزىنى تالاق قىلىۋالالايدۇ. ت.

**بولىدىغان) بىر تالاق قىلىۋېلىڭ! ياكى (ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا، قايتا نىكاھسىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشلىقى بولىدىغان) بىر تالاق قىلىۋېلىڭ دېگەن، ئاندىن ئايال (ئەرگە ئەر ئۇنىڭغا دېگەن سۆزىگە زىت بىر شەكىلدە) جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال ئەر دېگەن بويىچە تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئايالنىڭ بەرگەن جاۋابى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[1]. بۇ ھەقتە ئەسلى قائىدە بولسا مۇنداقتۇر: ئەگەر ئايالنىڭ ئېرىگە بەرگەن جاۋابىدىكى زىتلىك ئىددەت ئىچىدە بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان ياكى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق دېگەنگە ئوخشاش تالاقنىڭ سۈپەتلىرىدە بولسا، بۇ زىتلىك ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەكسىچە ئەرنىڭ سۆزىگە زىت ھالدا بېرىلگەن بۇ زىت سۈپەتلەر بىكار قىلىنىپ ئەرنىڭ دېگەنلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ ئېرىگە بەرگەن جاۋابىدىكى زىتلىك تالاقنىڭ سۈپەتلىرىدە ئەمەس بىر تالاق ياكى ئۈچ تالاق دېگەنگە ئوخشاش تالاقنىڭ ئەسلىدە بولسا، بۇ ھالدا بۇ زىتلىك ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن بۇ مىسالغا ئوخشاش: ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى بىر تالاق قىلىۋال! ياكى ئۈچ تالاق قىلىۋال! دېگەن، ئاندىن ئايال ئۇنىڭغا زىت جاۋابنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا تالاق ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە چۈشىدۇ[2].**

**بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر خالىساڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال: ئەگەر سەن خالىساڭ مەن خالىدىم، دېگەن ئاندىن ئەر تالاقنى ئىچىدە نىيەت قىلىپ تۇرۇپ: خالىدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا شەرت تېپىلمىغانلىقى (يەنى ئايال ئۆزىنىڭ تالاقنى خالايدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا دېمىگەنلىكى) ئۈچۈن بۇ تالاق چۈشمەيدۇ. يەنى مەزكۇر شەكىلدە ئايال تالاق بولغان ھېسابلانمايدۇ.**

(1) يەنى ئەگەر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن، ئاندىن ئايال ئۇنىڭغا: مەن ئۆزەمنى ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋالدىم، دېگەن جاۋابنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال ئەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى ئىددەت ئىچىدە بولساڭ قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋېلىڭ! دېگەن، ئاندىن ئايال ئۇنىڭغا: مەن ئۆزەمنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋالدىم، دېگەن جاۋابنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال ئەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى ھالدا ئايالنىڭ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ت.

(2) يەنى مەسىلەن: ئەگەر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى بىر تالاق قىلىۋال! دېگەن، ئاندىن ئايال: مەن ئۆزەمنى ئۈچ تالاق قىلىۋالدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا: سەن ئۆزەڭنى ئۈچ تالاق قىلىۋال! دېگەن، ئاندىن ئايال: مەن ئۆزەمنى بىر تالاق قىلىۋالدىم، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ت.

شۇنىڭدەك يەنە ئەر ئايالىغا: ئەگەر خالىساڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال: دادام خالىسا دېگەن ياكى ئۇ ۋاقىت كۈندۈز ۋاقتى بولسا كېچە كەلسە، دېگەنگە ئوخشاش ئۆزۈنىڭ خالىشىنى تېخى بولمىغان بىر ئىشنىڭ بولىشىغا باغلاپ تۇرۇپ خالىدىم دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ شەرت تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ تالاق چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئەر تالاق ئىشىنى ئايالىنىڭ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىكى خالىشىغا باغلىدى. ئەمما ئايال بولسا ئۆزىنىڭ خالىشىنى تېخى يۈز بەرمىگەن باشقا بىر نەرسىنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىدى. مانا مۇشۇ سەۋەب بىلەن تالاقنىڭ شەرتى تېپىلمىغان بولدى. (شەرتى تېپىلماي تۇرۇپ قىلىنغان تالاق چۈشكەن تالاق ھېسابلانمايدۇ.)

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: سىز قاچان خالىسىڭىز ياكى خالىغان چېغىڭىزدا سىز تالاق دېگەن بولسا، ئاندىن ئايال (بېشىدا بىر قېتىم) تالاق ئىشىنى رەت قىلغان بولسىمۇ بۇ ئىش رەت بولۇپ كەتمەيدۇ. ھەمدە تالاق ئىشى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىگىلا قاراشلىق بولمايدۇ. ئۇ ئايال كېيىن ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشنى خالىسا ئۆزىنى پەقەت بىرلا تالاق قىلىۋالالايدۇ. چۈنكى <قاچان خالىسىڭىز ۋە خالىغان چېغىڭىزدا> دېگەن سۆزلەر بولسا، ئايالنىڭ ئۆزىنى قانچە تالاق قىلىۋالسا تالاقنىڭ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئەمەس ئەرنىڭ ئايالغا دېگەن (سىز تالاق) دېگەن سۆزنىڭ ھەممە ۋاقىتتا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال خالىغان ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى پەقەت بىرلا تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئايال ئۆزىنى بىردىن ئارتۇق تالاق قىلالمايدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا: سىز ئۆزىڭىز خالىغان ھەر قانداق ۋاقىتتا تالاق دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال (شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ) ئۆزىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ قېتىم تالاق قىلىۋالالايدۇ. ئايال ئۆزىنى ئىككى ياكى بىراقلا ئۈچ تالاق قىلالمايدۇ. چۈنكى <ھەر قانداق ۋاقىتتا> دېگەن سۆز بىر ئىشنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاكى ئۇ ئىش ئاياغلاشقۇچە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزدۇر[1].

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: سەن خالىغان يەردە سەن تالاق ياكى سەن قەيەردە خالىساڭ (شۇ يەردە) تالاق، دېگەن بولسا، ئۇ ئايال تالاقنى پەقەت شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە خالىسا، تالاق بولۇپ كېتىدۇ. (ئەگەر ئايال تالاقنى ئۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە

(1) شۇڭا ئۇ ئايال ئۆزىنى ئىككى تالاق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىككى تالاق بولسا تالاقنىڭ ئايىغى ئەمەستۇر. تالاقنىڭ ئايىغى ئۈچ تالاقتۇر. ت.

خالىمىسا تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.) چۈنكى <خالىغان يەردە ۋە قەيەردە> دېگەن سۆزلەر بولسا، بىر ئورۇننى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەردۇر. (تالاق بولسا خۇددى ھەممە ۋاقىتقا باغلىنىشلىق بولغىنىدەك ھەممە ئورۇنغا باغلىنىشلىق ئەمەس. شۇڭا ئەر ئايالىغا مەزكۇر سۆزنى دېگەن چاغدا ئايال ئۆزىنى ئۆزى خالىغان يەردە ئەمەس، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئەمما ئەر ئايالىغا ھەممە ۋاقىتنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان <قاچان خالىسىڭىز ياكى خالىغان چېغىڭىزدا> دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، ئايال ئۆزىنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا تالاق قىلىۋالالايدۇ.)

ئەگەر ئەر ئايالىغا مەزكۇر سۆزلەرنىڭ بىرەرسىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆزى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن چاغدا، ئايال ئۆزىنى ئۆزى تالاق قىلىۋېلىشنى رەت قىلسا ياكى ئۇ (ئولتۇرۋاتقان يېرىدە يېتىپلا) ئۇخلىغانغا ياكى ئولتۇرۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ كەتكەنگە ئوخشاش ئۆزىنى تالاق قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ھەرىكەت قىلسا، ئايالغا بېرىلگەن مەزكۇر ھوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەر مەزكۇر ھوقۇقنى ئايالغا ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىشلىتىشى ئۈچۈنلا ئىگە قىلىپ بەرگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھوقۇقنىڭ كەلگۈسىدە ئەمەس شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىنىپ ئورۇنلىنىشى لازىم. بۇ ئايالنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەرگە جاۋاب بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. (شۇڭا ئەگەر ئايال ئەرگە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جاۋاب بەرمىسە، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تالاق قىلىۋېلىش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالغان ھېسابلىنىدۇ.)

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن تالاقنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئۇ ئايال تالاق قىلىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ تالاقنى ياخشى كۆرمەسلىكىمۇ ۋە يامان كۆرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەگەر ئەر شۇنداق دېگەن ۋاقىتتا ئايال: مەن ياخشى كۆرىمەن ياكى يامان كۆرىمەن دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال تالاق قىلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى تالاق ئىشىنى تالاقنى ياخشى كۆرۈشكە ياكى يامان كۆرۈشكە باغلاش، بەرگەن خەۋىرى ئەمىلىيەتكە قارشى بولغان تەقدىردىمۇ تالاقنى ياخشى كۆرۈدىغان ياكى ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىدىن، يامان كۆرۈدىغان ياكى ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشكە باغلاش ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا ئايال تالاقنى ئەمىلىيەتتە يامان كۆرمىسىمۇ مەن تالاقنى يامان كۆرىمەن، دېسە، ئۇ ئۆزىنىڭ تالاقنى يامان

كۆرۈدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى ئۈچۈن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ياخشى كۆرىمەن، دەپ خەۋەر بەرسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.)

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك ئەگەر ئەر ئايالىغا: ئەگەر سەن خالىساڭ، ياكى ئىرادە قىلساڭ، ياكى رازى بولساڭ، ياكى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن ھالەتلەردە ئايالنىڭ ئۆزىنى ئۆزى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە تالاق قىلىۋېلىشى لازىمدۇر.[1]

## بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان تالاقنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن تالاقنىڭ چۈشۈشىنى باشقا بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئەرنىڭ ئايالىغا: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ، سەن تالاق! دېگىنىگە ئوخشاش. بۇ ھەم قەسەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (يەنى بۇ، ئايالى شۇ ئىشنى قىلسا ئۇنى تالاق قىلىۋاتىدىغانلىقىغا قىلغان قەسەممۇ ھېسابلىنىدۇ.)

بۇنداق تالاقنىڭ چۈشۈشىنىڭ شەرتى بولسا، تالاقنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن باغلاپ قويۇلغان يۈز بېرىشى شەرت قىلىنغان ھېلىقى ئىشنىڭ يۈز بېرىش بىلەن يۈز بەرمەسلىككە ئېھتىماللىقى بار ئىشلاردىن بولۇشى لازىم. ئۇ مەسىلەن: بىر ئەرنىڭ ئايالىغا: ئەگەر ئاسمان بىزنىڭ ئۈستۈمىزدە بولسا، سەن تالاق دېگىنىگە ئوخشاش شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىش بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: ئەگەر ئاسمان بىزنىڭ ئۈستۈمىزدە بولسا سەن تالاق! دېسە، بۇ بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان تالاق ئەمەس شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە چۈشۈدىغان تالاق ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئايالى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم تالاقنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان بىر ئىشقا باغلىدى.)

شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئىشنىڭ مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: ئەگەر تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتسە سەن تالاق! دېگىنىگە ئوخشاش يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردىن بولماسلىقى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتسە سەن تالاق دېسە، بۇ ئېتىبارغا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 492 ـ بەت.

ئېلىنمايدىغان بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز بىلەن ئۇ ئايال ھەرگىز تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئايالغا مۇشۇ سۆزنى قىلغان ئادەمنىڭ مەقسىتى تالاقنى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشقا باغلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتۇر. بىز يۇقىرىدا بۇ خىل تالاقنىڭ بىر تەرەپتىن قەسەم ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. قىلغان قەسەمنىڭ قەسەم بولۇشى ئۈچۈن (قەسەم قىلىپ قىلماقچى بولغان) ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردىن بولىشى شەرتتۇر. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا قەسەمنىڭ بابىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. (شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر مىسالدىكىگە ئوخشاش بىر ئەرنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىشنى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشكە باغلىشى يا تالاقمۇ ياكى قەسەم قىلغانلىقمۇ ھېسابلانمايدۇ.)

ئەگەر بىر ئادەم ئايالغا: ئەگەر سەن يانچۇقۇمدىن ئالغان پۇلنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ سەن تالاق! دېگەن ۋە بۇ چاغدا ئۇ پۇل ئۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىدا بولغان بولسا، ئايال تالاق قىلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەر ئىشكنى قاققان ۋە ئىشك ئېچىلمىغان، ئاندىن ئەر: (ھەي خوتۇن) ئەگەر سەن ئىشكنى ئاچمايدىغان بولساڭ سەن تالاق! دېگەن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچكىم بولمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئەر ئۆزىنىڭ: ئەگەر سەن بۇنداق قىلساڭ سەن تالاق! دېگەن سۆزى بىلەن ئايالىنى جازالاشنى مەقسەت قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر ئەر مەزكۇر سۆزى بىلەن ئايالىنى جازالاشنى مەقسەت قىلسا، ئۇ بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان تالاق ئەمەس بەلكى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە چۈشۈدىغان تالاق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ئېرىنى ناھايىتى سەت تىل بىلەن تىللىغان، ئاندىن ئەر قوپۇپ: ئەگەر مەن سەن دېگەندەك بولسام سەن تالاق دېگەن بولسا، ئەر مەيلى ئايال دېگەندەك بولسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن ئايال شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ بۇ چاغدا ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىش بىلەن جازالىماقچى بولىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. بولۇپمۇ ئەر ئاچچىغلانغان ھالدا شۇنداق قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. ئەمما ئەرنىڭ ئايالغا شۇ سۆزنى قىلغان چاغدا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 492 ـ بەت.

ئاچچىغى كېلىپ قالغان چاغ بولمىسا، ئەرنىڭ دېگەن ئۇ سۆزى ئايالنى تالاق قىلىشنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان تالاق ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بۇ ئەگەر مەندە سەن دېگەن سۈپەتلەر تېپىلسا سەن تالاق، دېگەن بولىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئەردە ئايال دېگەن سۈپەتلەر تېپىلمىسا، ئەرنىڭ شۇ سۆزنى قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ[1].

قىلغان قەسەم (يەنى ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلساڭ سەن تالاق! دەپ قىلغان قەسەم) قىلىنىش شەرت قىلىنغان شۇ ئىشنىڭ بىر قېتىم قىلىنىشى بىلەن ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر قېتىم ئاياغلاشقان قەسەمنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاياغلىنىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەر ئايالىغا: (ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلساڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايالى شۇ ئىشنى قىلىپ بىر قېتىم تالاق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن) يەنە شۇ ئىشنى قىلغان بولسا، ئايال ئىككىنچى قېتىم تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ: <ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلساڭ سەن تالاق!> دېگەن سۆزى تىلنىڭ قائىدىسى جەھەتتىن شۇ ئىش قىلىنغان ھەر قانداق ۋاقىتتا تالاقنىڭ چۈشۈشىنى ۋە تالاقنىڭ قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالى بىر قېتىم شۇ ئىشنى قىلىپ تالاق قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلساڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايالى شۇ ئىشنى يەنە قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ئايال شۇ ئىشنى ئىككىنچى قېتىم قىلىش بىلەن يەنە تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئەر ئايالىغا قويغان شەرت سۆزىدە <قاچانلا> دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن، مەسىلەن: ئەگەر سەن قاچانلا بازارغا چىقساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، بۇ چاغدا قەسەم شەرت قويۇلغان ئىشنىڭ بىر قېتىم قىلىنىشى بىلەن ئاياغلاشقان ھېسابلانمايدۇ. يەنى بۇ قەسەم ئايالنىڭ بازارغا بىر قېتىم چىقىشى بىلەن ئاياغلاشقان ھېسابلانمايدۇ. <قاچانلا> دېگەن سۆزنى قوللىنىپ قىلغان ئۇ قەسەم تاكى ئايال شۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلىپ ئۈچ تالاق بولۇپ كەتكەندىن

---

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئايال ئېرىنى بېخىل دەپ تىللىغان ئاندىن ئەر ئاچچىغلانغان ھالدا: ئەگەر مەن سەن دېگەندەك بېخىل بولسام سەن تالاق! دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەر مەيلى ئەمەلىيەتتە بېخىل بولسۇن مەيلى بېخىل بولمىسۇن ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ بۇ چاغدا ئايالنى تالاق قىلىۋېتىش بىلەن جازالىماقچى بولىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. ئەمما ئەرنىڭ ئايالىغا شۇ سۆزنى قىلغان چاغدا ئاچچىغى كېلىپ قالغان چاغ بولمىسا، ئەرنىڭ دېگەن ئۇ سۆزى ئايالنى تالاق قىلىشنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان تالاق ھېسابلىنىدۇ. يەنى بۇ ئەگەر مەندە سەن دېگەن شۇ بېخىللىق سۈپۈتى تېپىلسا سەن تالاق، دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئەردە ئايال دېگەن بېخىللىق سۈپۈتى تېپىلمىسا، ئەرنىڭ شۇ سۆزنى قىلىشى بىلەن ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ت.

كېيىن ئاياغلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ ئايال باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇپ ئۇ ئىشنى يەنە قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئايال تالاق قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە: قىلىش شەرت قىلىنغان ئىشنىڭ (مەسىلەن: سەن تالاق! ئەگەر ئۆيگە كىرسەڭ ياكى ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ سەن تالاق! دېگەنگە ئوخشاش) ئوچۇق بايان قىلىنىشى شەرتتۇر. ئەگەر قىلىش شەرت قىلىنغان ئىش ئوچۇق بايان قىلىنمىسا، مەسىلەن: <سەن تالاق! ئەگەر> دېيىلسە، بۇ ھالدا بۇ سۆز ئېتىبارسىز سۆز ھېسابلىنىدۇ. يەنى بۇ سۆز بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ. بۇ مۇشۇ ھەقتە پەتىۋا بېرىلىدىغان كۈچلۈك قاراشتۇر.

شۇنىڭدەك يەنە مەسىلەن: <ئەگەر ئۆيگە كىرسەڭ سەن تالاق!> دېگەن جۈملىدىكى <سەن تالاق!> دېگەنگە ئوخشاش بىر سۆزنىڭ بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ، دېگەنلا بولسا، بۇ ھېچقانداق ئېتىبارسىز بىر سۆز بولىدۇ.

بىر ئىشنى قىلىشنى يەنە بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش ئۈچۈن ئۇ ئىشقا (مەسىلەن: بىر خوجايىننىڭ قۇلىغا ئىگە بولغىنىدەك) ھەقىقەتەن ئىگە بولۇش ياكى نىكاھلاپ ئالغان ئايالىغا ئىگە بولغىنىدەك ھۆكمەن ئىگە بولۇش شەرتتۇر. ئۇ ئىشقا ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن ئىگە بولۇش (قىلىش شەرت قىلىنغان ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ ئىشنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولىشىنىڭ) شەرتىدۇر[2]. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن بولمىغان بىر ئىشنى يەنە بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرىدۇر. لېكىن ئۇ ئىشنىڭ بولىشى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ سەن تالاق! دەپ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە باغلىغان بولسا، بۇ باغلاشنىڭ توغرا بولىشى ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىقتۇر. ئەگەر ئەر ئۇ كىشىگە: مەن سېنىڭ قىلغان شۇ ئىشىڭغا رۇخسەت قىلدىم، دېسە ئۇ كىشىنىڭ قىلغان شۇ باغلىشى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 005 ـ بەت.

(2) يەنى بىر ئادەم قۇلىغا: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ سەن ئازات، دېگەن ۋە ئۇ قۇل ئۆيگە كىرگەن بولسا، ئۇ قۇل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئازات بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قۇلىغا بولغان ئىگىدارچىلىقى ھەقىقى ئىگىدارچىلىقتۇر. شۇنىڭدەك بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ سەن تالاق! دېگەن ۋە ئۇ ئايال ئۆيگە كىرگەن بولسا، ئۇ ئايال شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان ئىگىدارچىلىقى ھەقىقىي ئەمەس ھۆكمەن ئىگىدارچىلىقتۇر. ت.

كۆچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئايال، ئۇنىڭ ئېرى ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا رۇخسەت بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرسە، تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئايال، ئېرى ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا رۇخسەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆيگە كىرسە، تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يات ئادەم تەرىپىدىن قىلىنغان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چۈشۈدىغان تالاقمۇ ئەرنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىقتۇر[1].

بارلىق ھالەتلەردە ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنىڭ تالىقىنىمۇ بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرىدۇر[2]. لېكىن ئايال يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىنىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايال بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ تالىقىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاش توغرا ئەمەس[3]. چۈنكى بۇ خىل تالاق بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چۈشۈدىغان تالاق بىلەن تالاق قىلىشمۇ توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تالىقىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاشمۇ توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن (يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) تالاق دېگەن، ئاندىن ئەر ـ خوتۇن دەۋا قىلىشىپ قازىنىڭ قېشىغا بارغان قازى ئۇ تالاقنىڭ (ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىز ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقىلى بولىدىغان) تالاق بولغانلىقىنى دېگەن ۋە ئەر ئۆز قارىشى بويىچە ئايالىنىڭ (يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) تالاق بولۇپ كەتتى، دەپ قارايدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەر ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشى بويىچە قازىنىڭ دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلىپ قازىغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ (ئۇ ئايال ئىددىتى ئىچىدىلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھ قىلماستىن يېنىشىشى) توغرا بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشى بويىچە

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۇغلىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇغلىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان بولسا، بۇ تالاقنىڭ چۈشۈشى ئۇغلىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىق بولىدۇ. ت.

(2) يەنى بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان ۋە ئايالى ئىددەت تۇتۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا ئەر ئۇ ئايالغا: ئەگەر سەن بازارغا بارساڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايالى بازارغا بارغان بولسا، بۇ ئايال يەنە بىر قېتىم تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ت.

(3) يەنى بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان ۋە ئايالى ئىددەت تۇتۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا ئەر ئۇ ئايالغا: ئەگەر سەن بازارغا بارساڭ سەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايالى بازارغا بارغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال يەنە بىر قېتىم تالاق بولۇپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. ت.

(ئەر قازىنىڭ دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە قازىغا ئەگەشمەيدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايال بىلەن قايتا نىكاھ قىلماي تۇرۇپ يېنىشىشى توغرا ئەمەس. ھۆكۈم ئەگەر ئەرنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بولغان چاغدا ئىش شۇنداق بولىدۇ[1]. ئەگەر ھۆكۈم ئەرنىڭ زىيىنىغا چىقىرىلسا، يەنى ئەر ئايالنى (ئايال ئىددەت ئىچىدە بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھسىز) يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق بولۇپ كەتتى، دەپ قارايدىغان ۋە قازى ئۇ ئايالنىڭ (ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان) تالاق بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بۇ ئەرنىڭ زىيىنىغا چىقىرىلغان ھۆكۈم بولغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەر قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئەر ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلالايدىغان ئالىم كىشى بولغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئەر ئۇنداق كىشى بولمىسا قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى مەيلى ئۇنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بولسۇن مەيلى زىيىنى ئۈچۈن بولسۇن ئۇ ئەر قازىنىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. مانا بۇ ئەگەر بىر مەسىلىدە قازى ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇ مەسىلىدە (قازىدىن باشقا بىر ئالىمنىڭ قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە زىت بىر قارىشى) بولسا، مەسىلىنىڭ ئىگىسى قازىنىڭ چىقىرغان ھۆكۈمىنى تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇ ئالىمنىڭ دېگەن سۆزىگە ئەگىشىشىنىڭ ھاجىتىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى مەيلى ئەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئۇدۇل كەلسۇن مەيلى زىت كەلسۇن ئەرنىڭ ئۇ ھۆكۈمگە ئەگىشىشنى لازىم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مۇپتىنىڭ بەرگەن پەتۋاسىمۇ ئەگەر ئەر ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمەيدىغان نادان كىشىلەردىن بولسا، ئۇنى ئۇ پەتۋاغا ئەگىشىشنى لازىم قىلىدۇ.[2]

شۇنى بىلگىنكى، تالاقنىڭ چۈشۈشىنى بىر ئىشقا باغلاش ئىشى ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى نىكاھ ھالاللىقىنىڭ تۈگۈشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ئەگەر ئۆيگە كىرسەڭ ئۈچ تالاق! ياكى

(1) يەنى ئەر ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كەتتى، دەپ قارىغان ۋە قازى بولسا ئۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھ قىلمىسىمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ قارىغان بولسا، مانا بۇ ئەرنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئەر ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشى بويىچە قازىنىڭ دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلىپ قازىغا ئەگىشىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنداق قىلمايدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 496 - بەت.

بىر تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال (ئۆيگە كىرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئەمەس باشقا بىر سەۋەب بىلەن ئۈچ تالاق قىلىنىپ كېتىپ) بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئىلگىرىدىكى ئېرى بىلەن يېنىشقان بولسا، ئەرنىڭ (بۇرۇن ئايالنىڭ ئۈچ تالاق ياكى بىر تالاق قىلىنىپ كېتىشىنى ئۆيگە كىرىشكە باغلىغان ئىشى) ئەمەلدىن قالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال ئىلگىرىدىكى ئېرى بىلەن يېنىشقاندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە كىرسە، تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى ئايال ئۈچ تالاق قىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئەرنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ھالاللىقى پۈتۈنلەي تۈگىگەن.)

ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: سەن ئەگەر ئۆيگە كىرسەڭ ئۈچ تالاق! ياكى بىر تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال (ئۆيگە كىرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئەمەس باشقا بىر سەۋەب بىلەن بىر تالاق قىلىنىپ كېتىپ) بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئىلگىرىدىكى ئېرى بىلەن يېنىشقان بولسا، ئەرنىڭ (بۇرۇن ئايالنىڭ ئۈچ تالاق ياكى بىر تالاق قىلىنىپ كېتىشىنى ئۆيگە كىرىشكە باغلىغان ئىشى) ئەمەلدىن قالغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال ئىلگىرىدىكى ئېرى بىلەن يېنىشقاندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە كىرسە، ئەگەر ئەر ئۇنى ئۈچ تالاققا باغلىغان بولسا، ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بىر تالاققا باغلىغان بولسا، ئايال بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. (چۈنكى ئايال بىر تالاق قىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئەرنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ھالاللىقى پۈتۈنلەي تۈگىمىگەن)

قەسەم (يەنى ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن بۇ ئىشنى قىلساڭ سەن تالاق! دەپ قىلغان قەسەم) شەرتنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ. (يەنى شۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى بىلەن ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ.) لېكىن شۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىققان چاغدا ئايال (باشقا سەۋەب بىلەن قىلىنىپ كەتكەن تالاقنىڭ) ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئايالنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى لازىم. ئەگەر ئايال ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا، تالاق قىلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر شۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىققان چاغدا ئايال ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىسا (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا)، ئايال تالاق قىلىنىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن ئىككى قېتىم ھەيز كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال بىرىنچى ھەيزنى ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ

كۆرگەن ۋە ئىككىنچى ھەيزنى بۇرۇنقى ئەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال يەنە تالاق بولۇپ كېتىدۇ[1] (چۈنكى ئۇ ئايال ئىككى قېتىملىق ھەيزنىڭ بىرىنى ئەگەر سەن ئىككى قېتىم ھەيز كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ كۆردى.)

ئايالىغا: ئەگەر سەن بۇ ئۆيگە كىرسەڭ سەن ئۈچ تالاق! دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئايالىنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىشىدىن ماۋۇ يول بىلەن قوتۇلۇپ قالىدۇ: يەنى ئۇ ئادەم ئايالى ئۇ ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنى بىر تالاق قىلىدۇ. ئايال ئىددىتىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان قەسەمى ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى قايتا نىكاھىغا ئالىدۇ.

ئەر ـ خوتۇن تالاقنىڭ چۈشۈشىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغانلىق ياكى باغلىمىغانلىق ھەققىدە ياكى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان تالاقتا مەزكۇر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ياكى يۈز بەرمىگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ (سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن) قەسەم قىلىدۇ. چۈنكى ئەر تالاقنىڭ چۈشۈشىگە ئىنكار قىلغان تەرەپتۇر[2]. لېكىن ئەگەر تالاق باغلانغان مەزكۇر ئىش پەقەت ئايال تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ سۆزى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[3]. ئەگەر ئەر:

(1) بۇ پەقەت بۇ مەسىلىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا بۇ مىسال پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بىز بايان قىلغىنىمىزدە بىر ئايال ئىددەت تۇتۇۋاتقان چاغدىمۇ يەنە بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ ئايال ئەگەر سەن ئىككى قېتىم ھەيز كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن ئەردىن ئاجرىشىپ كېتىپ ئىددىتىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ھەيز كۆرسە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. مىسالدا كەلتۈرۈلگۈنىدەك بىر ھەيزنى باشقا بىرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەنە بىر ھەيزنى مەزكۇر شەرتنى قويغان ئەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئۈچۈق ئىزاھلاش ئۈچۈن مەن تۆۋەندىكى مىسالنى بايان قىلىمەن: ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر ئىككى دانە ئالما يېسەڭ سەن تالاق دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ كېتىپ باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولغان ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ بىر دانە ئالما يېگەن، ئاندىن بۇ ئەردىن ئايرىلىپ كەتكەن ۋە بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېنىشقان ۋە ئۇنىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ يەنە بىر دانە ئالما يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شەرت ئۇنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ ئايال شۇ شەرتنى قويغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا تېپىلدى. ت.

(2) يەنى مەسىلەن: ئەر بىز تالاقنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىمىغان دېگەن، ئايال بولسا بىز تالاقنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان، دېگەن بولسا ياكى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان تالاقتا ئەر مەزكۇر ئىش تېخى يۈز بەرمىدى دېگەن، ئايال بولسا مەزكۇر ئىش يۈز بەردى دېگەن بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئەرنىڭ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئەر قەسەم قىلىدۇ. لېكىن ئەگەر ئايال گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتسە، ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ت.

(3) مەسىلەن: كۆپ خوتۇنلۇق بىر ئادەم خوتۇنلىرىنىڭ بىرىگە: ئەگەر سەن ھەيز كۆرسەڭ سەن ۋە پالانى ئايالىم تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئېرىگە: مەن ھەيز كۆردۇم دېگەن بولسا، بۇ ھالدا پەقەت شۇ ئايالنىڭ ئۆزىلا تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ يەنە بىر ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھەيز ئىشى شۇ ئايالنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بىلىنىدىغان بىر ئىشتۇر.

مەن ئايالىمنى تالاق قىلىپ بولۇپ تالاقنىڭ كەينىدىنلا <اللە تائالا خالىسا> دەپ دېگەن، ئايال بولسا: سەن ئۇنداق دېمىگەن، دەپ ئەرنىڭ دېگەن سۆزىنى ئىنكار قىلغان بولسا((1))، بۇ ھالدا ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئەگەر ئەر ئۆزىنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتسە ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ تالىقىنىڭ چۈشۈشىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغانلىقىنى دېگەن، ئايال بولسا بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال ئەرنىڭ ئۆزىنى تالىقىنى بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىماستىن تالاق قىلغانلىقىنى دەۋا قىلىپ ئۇنىڭغا پاكىت كەلتۈرگەن، ئەر بولسا ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ تالىقىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغانلىقىنى، لېكىن ئۇ ئىشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى دەپ (بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن) بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ كۆرسەت پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال ئەرنىڭ ئۇنى ئورماسلىققا قەسەم ئىچكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئەر بولسا ئۇ ئەگەر بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزمىسە ئۇنى ئورماس بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئەر ئايالنىڭ قايسى شەكىلدە تالاق بولۇپ كېتىشىنى خالىسا، ئايال شۇ شەكىلدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ(2).

بىر ئادەم: ئەگەر مەن ئايالىمغا بېرىدىغان تەمىنات ئۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يېتىپ كەلمىسە، ئايالىم تالاق! دېگەن، ئەر ئۇ تەمىناتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئايال بۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەر ئايالنىڭ ھەققىنى

شۇڭا ئۇنىڭ سۆزى پەقەت ئۆزى ئۇچۇنلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ت.

(1) ئايالىغا سەن تالاق دېگەن ئادەم ئۇ سۆزگە ئۇلاپلا <اللە تائالا خالىسا> دەپ دەۋالسا، ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ت.

(2) يەنى بىر ئادەم ئايالىنى ئورغان، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئورماس بولغانلىقىغا قەسەم ئىچكەنلىكىنى، ئەگەر ئورسا ئۆزىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ ئۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن، ئەر ئۆزىنىڭ ئۇنى ئەگەر ئۇ خاتالىق ئۆتكەزمىسە ئورمايدىغان بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پاكىتلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر خالىسا ئايالنىڭ پاكىتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئايال شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەر خالىسا ئۆزىنىڭ پاكىتىنى ئاساس قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئورغان بولسا، بۇ ھالدا ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنى بىرەر خاتالىق ئۆتكەزمىسىمۇ ئورغان بولسا، بۇ ھالدا ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

تۇلۇق ئادا قىلغان ۋە ئايال بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدىغان ھەممە يەرلەردە ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئايالنىڭ تالاق قىلىنىپ كېتىشى باغلانغان ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقى ئۇچۇن كەلتۈرۈلگەن پاكىتمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: ئەگەر بۇ كېچە كىلىنىم (ئۆيگە) كەلمەيدىغان بولسا ئايالىم تالاق دېگەن، ئاندىن ئىككى ئادەم ئۇنىڭ كېلىنىنىڭ كەلمىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتقان بولسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ گۇۋاھلىق كۆرۈنۈشتە (ئايالنىڭ تالىقى باغلانغان مەزكۇر ئىشنىڭ) يۈز بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بولغىنى بىلەن ماھىيەتتە ئۇ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئېتىبارغا كۆرۈنۈش ئەمەس ماھىيەت ئېلىنىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر مەن سەن بىلەن سەن ھەيز كۆرۈۋاتقان چېغىڭدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسەم سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئايال بىلەن ئۇ ھەيز كۆرۈۋاتقان چاغدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ئوچۇق بىر ھالدا باغلىغان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان بىرەر ئىش، مەزكۇر ئىش ۋۇجۇدقا چىققان چاغدا تالاقنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر ئەر مەزكۇر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىنكار قىلسا[1] تالاقنىڭ سەۋەبىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىنكار قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزۈ قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا تۆت ئاي يېقىنلاشمايمەن دېگەن، ئاندىن ئەر ئۇ تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەزكۇر مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنلاشقانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ[2]. چۈنكى ئايالغا يېقىنلاشماسلىق ئۈچۈن ئېچىلگەن قەسەم تالاقنىڭ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە

(1) يەنى ئەرنىڭ ئايال بىلەن ئۇ ھەيز كۆرۈۋاتقان چاغدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى دەۋا قىلىشى تالاق باغلانغان مەزكۇر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئىنكار قىلغانلىق تالاقنىڭ سەۋەبىگە ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ت.

(2) ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ئادەم ئەگەر تۆت ئاي ئىچىدە ئايالىغا يېقىنلاشمىسا، تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئايالى ئۆزلىگىدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ت.

چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. لېكىن تالاقنىڭ چۈشۈشى مەزكۇر مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈلىدى. مەزكۇر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن تالاقنىڭ چۈشۈشى ناھايىتى ئېنىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنلاشقانلىقىنى دەۋا قىلىشى بولسا، تالاقنىڭ چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن قىلغان دەۋادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئايالىغا يېقىنلاشقانلىنى ئۇ مۇددەت ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئايال تېخى تالاق بولۇپ كەتمىگەن. ئۇنداق ئىكەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ (مەزكۇر مۇددەت ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئايالىغا يېقىنلاشقانلىقىنى دەۋا قىلىشى) قىلىش ھەققى ئۆزىنىڭ قولىدا بولغان بىر ئىشتىن خەۋەر بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر مەن ساڭا تۆت ئاي ئىچىدە يېقىنلاشمىسام سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئەر ئۇ تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەزكۇر مۇددەتنىڭ ئىچىدە ئايالىغا يېقىنلاشقانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ئوچۇق بىر ھالدا باغلىدى. (بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان بىرەر ئىش مەزكۇر ئىش ۋۇجۇدقا چىققان چاغدا تالاقنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.) ئەگەر ئەر مەزكۇر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىنكار قىلسا، تالاقنىڭ سەۋەبىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئىنكار قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.[2]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى پەقەت ئايالى تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغان (مەسىلەن: ھەيزگە ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش) بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ۋە ئايال شۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكنى دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئايالنىڭ سۆزى پەقەت ئۆزىنىڭ ھەققىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[3] ۋە ئۇ ئايالنىڭ قەسەم قىلىشى

(1) ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ئادەم ئەگەر تۆت ئاي ئىچىدە ئايالىغا يېقىنلاسسا، ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە ئەرنىڭ بۇ مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنلىشىش ھەققى بار. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 503 ـ بەت.

(3) مەسىلەن: كۆپ خوتۇنلۇق بىر ئادەم خوتۇنلىرىنىڭ بىرىگە: ئەگەر سەن ھەيز كۆرسەڭ سەن ۋە پالانى ئايالىم تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئېرىگە: مەن ھەيز كۆردۈم دېگەن بولسا، بۇ ھالدا پەقەت شۇ ئايالنىڭ ئۆزىلا تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ

لازىم ئەمەس. ئەمما قىياسقا ئاساسەن ئەرنىڭ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئايالنىڭ سۆزىنىڭ پەقەت پاكىت كەلتۈرۈلگەندىلا قوبۇل قىلىنىشى لازىم ئىدى. بۇ مەسىلىدىكى ئىستىھسان قائىدىسى بولسا، بۇ ئىشنىڭ پەقەت ئايال تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغان ئىش بولغانلىقىدۇر. ئۇ ئىشنىڭ بىلىنىشىگە شەرىئەت ھۆكۈملىرى قاراشلىق بولىدۇ[1]. شۇڭا ئۇ ئايالغا تاكى ئۇنىڭ ھارام بىر ئىشنى قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىش (يۈز بەرگەندە ئۇنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى) خەۋەر بېرىشى لازىم بولىدۇ[2]. شەرىئەتتە ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى ھارام ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ھارامدىن ساقلىنىشنىڭ يولى يۈز بەرگەن مەزكۇر ئىشنى خەۋەر بېرىش. (بۇ ئىش پەقەت ئايال تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈنلا) بۇ ئىشنى خەۋەر بېرىش ئايالنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. تاكى ئايالنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى لازىم. ئەگەر بىر ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى پەقەت ئۇنىڭ تەرىپىدىنلا ئەمەس مەسىلەن: ئۆيگە كىرگەنگە ۋە سۆز قىلغانغا ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىنمۇ بىلىنىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى ئەرنىڭ ئايالنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشىگە ياكى ئايالنىڭ مەزكۇر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كەلتۈرۈشىگە قاراشلىقتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن توغساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد: «ئۇ ئايال ئۇنىڭ توغقانلىقىغا تۇغۇت ئانىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن تالاق بولۇپ كېتىدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇغقانلىقىغا ئىككى ئەرنىڭ ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم» دەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا:

---

ئادەمنىڭ يەنە بىر ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ھەيز ئىشى شۇ ئايالنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بىلىنىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزى پەقەت ئۆزىنىڭ ھەققىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ت.

(1) يەنى ئۇ ئىش مەسىلەن ھەيز بولسا، ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈشىگە ئۇنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى قاراشلىق بولىدۇ. ئەگەر ئايال: مەن ھەيز كۆردۈم دېسە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ھەيز كۆرمىدىم، دېسە تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. تالاق بولسا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ بىرىدۇر. ت.

(2) تالاق قىلىنىپ كېتىشى ھەيز كۆرۈشۈگە باغلانغان بىر ئايال ئەگەر ھەيزى كەلگەن چاغدا ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلماي ئەر بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋەرسە، ھارام ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال ئۆزىدىن ھەيزنىڭ كېلىشى بىلەنلا مەيلى ئېرىگە خەۋەر بەرسۇن مەيلى خەۋەر بەرمىسۇن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ھەيز كەلگەندىن كېيىنمۇ ئېرى بىلەن بىللە ياشىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھارامدۇر. ت.

ئەگەر مەن سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزسىز هاراق ئىچسەم تالاق ئىشى سىزنىڭ قولىڭىزدا بولسۇن! دېگەن، كېيىن ئەر هاراق ئىچكەن، ئاندىن ئەر ـ خوتۇنلار (ئەر: مەن هاراقنى سىزنىڭ رۇخسىتىڭىز بىلەن ئىچتىم، دەپ ۋە ئايال: سەن هاراقنى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئىچتىڭ، دەپ) ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، بۇ هالدا گەرچە رۇخسەت بەرگەنلىك ياكى بەرمىگەنلىك ئىشى ئايال تەرىپىدىن بىلىنىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەرنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئەر تالاقنىڭ چۈشۈشىگە ئىنكار قىلىپ تۇرىۋاتقان تەرەپتۇر. چۈنكى ئايالنىڭ رۇخسەت بەرگەنلىكى ياكى بەرمىگەنلىكى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلە هەيز ۋە ياخشى كۆرۈش مەسىلىسىگە[1] ئوخشاش پەقەت ئايال تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.[2] توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن (سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدا) ۋايىغا يېتىپ قالغان قىزنىڭ هۆكمىمۇ خۇددى بالاغەتكە يېتىپ قالغان قىزنىڭ هۆكمىگە ۋە ئېهتىلام ئىشى خۇددى هەيز ئىشىگە ئوخشاشتۇر[3].

بىر ئايالنىڭ تالىقىنى ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشىگە باغلاش پەقەت ئىككى ئىشتا بىر ئايالنىڭ تالىقىنى ئۇنىڭ هەيز كۆرۈشىگە باغلاشقا ئوخشىمايدۇ[4]. ئۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى: بىر ئايالنىڭ تالىقى ئۇنىڭ بىر نەسىنى ياخشى كۆرۈشىگە باغلانغان ۋاقىتدا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى پەقەت شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا تالاق قىلىۋېلىش هوقۇقى بار. (ئەگەر ئايال ئۇ سورۇندىن قوپۇپ كەتسە بۇ هوقۇق بىكار بولۇپ كېتىدۇ.) چۈنكى بۇ، ئۇ ئايالغا ئۆزىنى تاللاش هوقۇقىنى بەرگەنلىك هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئەر ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن مېنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن) سورۇندىن قوپۇپ كەتكەندىن كېيىن: مەن سېنى ياخشى كۆرۈمەن دېسە، ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئايالنىڭ تالىقىنى ئۇنىڭ هەيز كۆرۈشىگە باغلاش بولسا، خۇددى باشقا نەرسىلەرگە باغلانغان تالاقدەك سورۇندىن قوپۇپ كېتىش بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئىككىنچىسى بولسا: بىر ئايالنىڭ

(1) يەنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك، بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن هەيز كۆرسەڭ ياكى سەن مېنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، بۇ هالدا ئايال نېمە دېسە، ئۇنىڭ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى هەيز كۆرۈش ۋە ياخشى كۆرۈش ئىشلىرى پەقەت ئايال تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغان ئىشتۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 2 ـ توم، 504 ـ بەت.

(3) يەنى بىر بالىنىڭ ئېهتىلام بولغانلىقى پەقەت ئۇنىڭ تەرىپىدىنلا بىلىنىدۇ. ت.

(4) يەنى بىر ئايالغا: ئەگەر سەن پالانى ئىشنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېيىشنىڭ هۆكمى ئىككى ئىشتا ئەگەر سەن هەيز كۆرسەڭ سەن تالاق! دېيىشنىڭ هۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. ت.

تالىقى ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشۈگە باغلانغان ۋاقىتدا ئەگەر ئۇ ئايال يالغان ئېيتىپ بولسىمۇ مەن شۇ نەرسىنى ياخشى كۆرۈمەن دېسە، ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ، ئۇ ئايالغا ئۇزىنى تالاش هوقۇقىنى بەرگەنلىك هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئەر ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن مېنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن) ۋاقىتدا ئايال يالغاندىن بولسىمۇ: مەن سېنى ياخشى كۆرۈمەن دېسە، ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىر ئەر ئايالغا: ئەگەر سەن هەيز كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن ۋاقىتدا، ئۇ ئايال يالغاندىن مەن هەيز كۆردۈم دېگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئايال (دۇنيا هۆكۈملىرىدە تالاق بولۇپ كەتكەن هېسابلانسىمۇ)، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدىكى هۆكۈمدە تالاق بولۇپ كەتكەن هېسابلانمايدۇ. (يەنى بۇ هالدا ئايال ئەر بىلەن بىللە ياشىسا الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناهكار بولمايدۇ.)

بىر ئادەم ئايالغا ئۆلۈمگە ۋە ئازابقا ئوخشاش ئايالنىڭ ياخشى كۆرۈدىغان ياكى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئەگەر سەن ماۋۇ ـ ماۋۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ: مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈمەن دېگەن بولسا، بۇ هالدا ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئايال تالاق بولۇپ كەتكەن بولىدۇ.)

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئايالغا هاياتلىق ۋە بايلىققا ئوخشاش ئايالنىڭ ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى بىلدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئەگەر سەن ماۋۇ ـ ماۋۇ نەرسىلەرنى يامان كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال (شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ): مەن ئۇنى يامان كۆرۈمەن دېگەن بولسا، ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەر ئايالغا: ئەگەر مەن شۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرسەم سەن ئۈچ تالاق! دېگەن، ئاندىن يالغاندىن: مەن ئۇ نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئايال ئۇ ئەر بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدىكى هۆكۈمدە ئۇ ئەرنىڭ ئايالى هېسابلىنىدۇ. (يەنى تالاق بولۇپ كەتكەن هېسابلانمايدۇ.) شۇڭا ئەر ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەر ئايالغا: ئەگەر مەن ئۇ نەرسىلەرنى يامان كۆرسەم سەن ئۈچ تالاق! دېگەن، ئاندىن ئەر يالغاندىن: مەن ئۇ نەرسىلەرنى

يامان كۆرمەيمەن دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئايال ئۇ ئەر بىلەن اللە تائالانىڭ ئارىسىدىكى ھۆكۈمدە ئۇ ئەرنىڭ ئايالى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن تىلىڭدا ئەمەس دىلىڭدا تالاقنى ياخشى كۆرسەڭ ياكى ئۇنى خالىساڭ ياكى ئۇنى ئۈمىد قىلساڭ، ياكى ئۇنى ئارزۇ قىلساڭ سەن ئۈچ تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال: مەن تالاقنى خالىمايمەن، ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇنى ئۈمىد قىلمايمەن ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلمايمەن دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال كېيىن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ بولسىمۇ بۇنىڭدىن باشقا سۆزنى (يەنى مەسىلەن مەن تالاقنى ياخشى كۆرىمەن دېگەنگە ئوخشاش) سۆزنى قىلسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ياكى ئەر ئايالىغا مەزكۇر سۆزلەرنى قىلغان چاغدا، ئايال تاكى شۇ سورۇندىن قوپۇپ كەتكىچە ئەرگە ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇرغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئەر ئايالىغا مەزكۇر سۆزلەرنى قىلغان ۋاقتىدا ئايال ئەرگە دىلىدىكىنى يوشۇرۇپ قېلىپ دىلىدا بار ئىشنىڭ ئەكسىنى خەۋەر بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇپ (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئايال ئۆزى بىلەن اللە تائالانىڭ ئارىلىقىدىكى ھۆكۈمدە ئەرنىڭ ئەمرىدە ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بۇ ھالدا ئايال ئەر بىلەن بىللە ياشىسا اللە تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولمايدۇ.) چۈنكى بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدا بىر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن ھۆكۈم مەيلى سەلبىي بولسۇن مەيلى ئىجابىي ئۇ ئىشنىڭ تاشقىرى كۆرۈنۈشىگە قاراپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئايال دىلىدىكىنى يوشۇرۇپ قېلىپ ئەرگە دىلىدا بار ئىشنىڭ ئەكسىنى خەۋەر بەرگەن بولسا، ئايال ئەرنىڭ ئەمرىدە قالغان ھېسابلانمايدۇ» دېدى.[1]

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر مەن سېنى خۇرسەن قىلىدىغان بىر ئىشنى قىلسام سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئەر ئايالنى ئۇرغان ۋە ئايال: سەن مېنى خۇرسەن قىلدىڭ، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئايالنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. لېكىن بۇ مەسىلىدە چۈشۈنۈلمەيدىغان بىر ئىش بار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ بىر ئادەمنىڭ خۇرسەن بولغانلىقى باشقىلار تەرىپىدىن بىلىنمەيدىغان بولۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 504 ـ بەت.

ئايال: سەن مېنى خۇرسەن قىلدىڭ، دەپ خەۋەر بەرسە، ئايالنىڭ بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئايال تالاق بولۇپ كېتىشى لازىم ئىدى.

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن اللّٰه تائالانىڭ سېنى دوزاخنىڭ ئۇتۇدا ئازابلىشىنى ياخشى كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال: مەن اللّٰه تائالانىڭ شۇنداق قىلىشىنى ياخشى كۆرۈمەن دېگەن بولسا، ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئۇ ئايالنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ئېنىق ئەمەستۇر. چۈنكى ئايال ئېرىنى بەك يامان كۆرگەنلىكتىن ئېرىدىن شۇنداق دەپ قۇتۇلۇشنى خالىغان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇنىڭ بىلەن ئەگەر بىر ئەر ئايالىنىڭ تالىقىنى (يامان كۆرۈش ياكى ياخشى كۆرۈشكە ئوخشاش) دىلغا ئالاقىدار بىر ئىشقا باغلىغان ۋە ئايال بۇ ھەقتە بىر نەرسە بىلەن خەۋەر بەرگەن بولسا، ئايالنىڭ بەرگەن خەۋىرىدىن ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يالغان ئېيتقانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرسا، ئۇنىڭ تالاق بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئايالنىڭ بەرگەن خەۋىرىدىن ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يالغان ئېيتقانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ تالاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن جەننەتنى يامان كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال: مەن جەننەتنى يامان كۆرۈمەن دېگەن بولسا، ئەگەر ئايال جەننەتنى يامان كۆرۈدىغان بىر ھالەتتە بولمىسا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يالغان ئېيتقانلىقى ئېنىق بولغان بولىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.) بۇ مەسىلىدە مۇنداق بىر خىل كۆز قاراشمۇ بار: ئۇ ئايال دۇنيا ھاياتىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن جەننەتنى يامان كۆرۈشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئايال جەننەتكە پەقەت ئۆلگەندىن كېيىن ئېرىشىدۇ. ئۇ ئايال ھەقىقەتتە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال بۇ ھەقتە يالغان ئېيتمىغان بولىشىمۇ مۇمكىن. ئالىملارنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىدىن: بىر ئايالنىڭ مەن دوزاخنىڭ ئازابىنى ياخشى كۆرۈمەن ۋە جەننەتنى يامان كۆرۈمەن دېيىشى بىلەن ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

كۆپ خوتۇنلۇق بىر ئادەم ئاياللىرىنىڭ بىرىگە: ئەگەر سەن ھەيز كۆرسەڭ سەن ۋە پالانى ئايالىم تالاق! دېگەن، ئاندىن ئۇ ئايال ئېرىگە: مەن ھەيز كۆردۈم دېگەن بولسا، ئايال كىشىدە ھەيزنىڭ كۆرۈلۈشى زۆرۈل بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ئىش ئايالدا تېپىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت شۇ ئايالنىڭ ئۆزىلا تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ يەنە بىر ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

چۈنكى شەرىئەت ئۇ ئايالنىڭ بەرگەن خەۋىرىنى پەقەت ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىدە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال بەرگەن مەزكۇر خەۋىرىدە ئۆزىنىڭ ھەققىدە راستچىل كۆندىشى ھەققىدە تۆھمەتچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى پەقەت شەخسى بىر گۇۋاھلىق، دەپ قارىلىدۇ. بىر ئىنسانىنىڭ دېگەن سۆزى ئۆزىنىڭ ھەققىدە كۈچكە ئىگە بولۇپ باشقىلارنىڭ ھەققىدە كۈچكە ئىگە بولماسلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. بۇ ئىش خۇددى مىراسخورلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر مىراسخورلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە باشقا مىراسخورلار بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولسا، <قەرزى> دەپ ئىقرار قىلىنغان مىقداردىكى مال - دۇنيا پەقەت مەزكۇر مىراسخورنىڭ مىراستىن كېلىدىغان نېسىۋىسىدىن كەمەيتىۋېتىلىدۇ. (يەنى مەزكۇر مىراسخورنىڭ بايان قىلغان ئۇ ئىقرارى ئۆزىنىڭ ھەققىدە كۈچكە ئىگە بولۇپ ئۇنىڭغا شۇ مىقداردىكى مال - دۇنيا كەم بېرىلىدۇ.)

ئەر ئايالىغا ئەگەر سەن ھەيز كۆرسەڭ سەن تالاق! دېگەن ۋاقتىدا، ئايال ئۆزىدىن قان كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قاننىڭ (نورمال ھەيز قېنى ئەمەس) نورمالسىز ھەيز قېنى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ قان ئۇ ئايال قانىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن داۋام قىلسا، ئاندىن ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ قاننىڭ ئۈچ كۈن داۋام قىلىشى بىلەن ئۇ قاننىڭ دەسلەپ كېلىشتىن باشلاپلا نورمال ھەيز قېنى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ھالدا مۇپتىنىڭ ئەرگە: سەن ئايالىڭنى، ئايالىڭ قاننى كۆرگەن ۋاقتىدىن باشلاپ تالاق قىلىۋاتقان بولدۇڭ دېيىشى لازىم. بۇ ھەيز ئايالنىڭ ئىددىتىنى چىقىرىش ئۈچۈن كۆرۈدىغان ھەيزنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشىگە باغلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ تالىقىنىڭ ھەيزنىڭ بىر قىسمى باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ سۈننەتكە ئۇيغۇن ھالدا قىلىنمىغان تالاق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال، (توي قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن) ئېرى تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن ياكى ئايرىم بىر يەردە خالىي قالمىغان ئايال بولسا، ئۇ ئايال ئۈچ كۈن ئىچىدە باشقا ئەرگە ياتلىق بولسا، ئۇ ياتلىق بولۇش توغرا ياتلىق بولۇش ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن بىر كۈن روزا تۇتساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئايال روزا تۇتقان كۈننىڭ كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: (بىر كۈن روزا تۇتساڭ دېمەي) ئەگەر سەن روزا تۇتساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئايال روزا تۇتۇشنى باشلاپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئايال روزا تۇتۇشنى كېيىن داۋام قىلمىسىمۇ، ئايال يەنە تالاق كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن بىر كۈن ئىچىدە ياكى بىر ئاي ئىچىدە روزا تۇتساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئايال روزا تۇتۇشنى باشلاپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئەر ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن بىر كۈن تولۇق روزا تۇتۇشنى شەرت قىلمىدى. ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا: ئەگەر سەن بىر ناماز ئوقۇساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئايال ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەر ئايالىغا: (بىر ناماز دېمەستىن پەقەت) ئەگەر سەن ناماز ئوقۇساڭ سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئايال نامازدىن بىر رەكەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ.[1]

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن ئوغۇل تۇغساڭ سەن بىر تالاق! ئەگەر قىز تۇغساڭ سەن ئىككى تالاق! دېگەن، ئايال بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنى تۇغۇپ بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز تۇغقان بولسا، بۇ ھالدا ئايال ھۆكۈم جەھەتتىن بىر تالاق، ئېھتىيات قىلىش جەھەتتىن ئىككى تالاق بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى ئىككىنچى بالىنى تۇغۇش بىلەن چىقىدۇ[2].

ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: قورسىقىڭدا كۆتۈرگىنىڭ ئەگەر ئوغۇل بولسا، سەن بىر تالاق! ئەگەر قىز بولسا، سەن ئىككى تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال بىرسى ئوغۇل بىرسى قىز بۇلۇپ ئىككى بالا تۇغقان بولسا، ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى <قورسىقىڭدا كۆتۈرگىنىڭ> دېگەن سۆز قورساقتا بار نەرسىنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتا بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى ئوغۇل ياكى قىز بولۇشى شەرتتۇر. ئايال قورسىقىدا كۆتۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇل ياكى قىز تۇغماي بىرنى قىز بىرنى ئوغۇل تۇغقانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر شەرت تېپىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 506 - بەت.

(2) يەنى ئۇ ئايال بىرىنچى بالىنى تۇغۇش بىلەن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى بالىنى تۇغۇش بىلەن ئىددىتى چىقىدۇ. ت.

**ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.**

**بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن بالا تۇغساڭ بىر تالاق! ئەگەر سەن تۇغقان بالا ئوغۇل بولسا، سەن ئىككى تالاق! دېگەن، ئاندىن ئايال بىر ئوغۇل تۇغقان بولسا، ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئايالدا ھەم بالا تۇغۇش ۋە ھەم تۇغقان بالىنىڭ ئوغۇل بولۇشىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى شەرت تېپىلدى.**

**بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن قورساق كۆتۈرسەڭ سەن تالاق! دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئەر مەزكۇر قەسەمنى قىلىپ تاكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇشى شەرت. ئەگەر ئۇ ئايال ئەر قەسەم قىلىپ ئىككى يىلدىن ئارتۇق مۇددەت ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تۇغۇپ قالسا، تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەر ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى ئۇنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان قورساق كۆتۈرۈشۈگە باغلىدى. ئۇ ئايالنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن ئىلگىرى قورساق كۆتۈرگەن بولۇپ ئۇنىڭ تاكى ئىككى يىلغا قەدەر داۋام قىلىشى ئېھتىمال. شۇڭا ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن ئىككى يىل مۇددەت ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تۇغسا، ئۇ بالىنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن تالاقنىڭ شەرتىنىڭ تېپىلىشىدا شۈبھە بولۇپ قالىدۇ. تېپىلىشىدا شۈبھىلىك بولۇپ قالغان شەرت بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن ئىككى يىل مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇغقان بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەن چىقىدۇ. مانا بۇ تالاقنىڭ بالىنى تۇغقاندىن كېيىن ئەمەس مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن يۈز بەرگەن قورساق كۆتۈرۈش بىلەن چۈشكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ تالىقى (بالا تۇغۇشقا ئەمەس) قورساق كۆتۈرۈشكە باغلانغاندۇر. ئەگەر ئايال بالىنى تۇغقاندىن كېيىن تالاق بولۇپ كەتكەن ھېسابلانسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەن چىقمىغان بولاتتى. قورساق كۆتۈرۈشنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن يۈزبەرگەنلىكىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن بالىنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن ئىككى يىل مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلۇشى شەرت قىلىندى. چۈنكى ئەگەر بالا بۇ مۇددەتتىن ئىلگىرى تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇ بالىنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان بالا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار. بۇ ئېھتىماللىق بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغۇش بىلەن تالاق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ قاچان**

قورسىقىدا قالغانلىقى نامەلۇم. شۇڭا ئۇنىڭ تالىقىنىڭ قاچان چۈشكەنلىكىمۇ نامەلۇم بولىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تالىقىنىڭ قاچان چۈشكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن تالاقنى ئايال تۇغۇشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن چۈشتى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئايال تۇغۇشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن ئۇنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى ئېنىق بىر هالەتتە چوقۇملىشىدۇ. ئەمما بۇ مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى شۈبهىلىكتۇر. شۈبهىلىك بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ.[1]

كۈنىمىزدە بىر ئايالنىڭ قورسىقىدا قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى دوختۇرخانىلاردا تەكشۈرۈتۈش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن مەن ئەگەر دوختۇرلار بىر ئايالنى تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقسا، ئۇنى تالاق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايمەن.

مەزكۇر قەسەم ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى هارام قىلمايدۇ. لېكىن ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكى ياخشىدۇر. ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكنىڭ ياخشى بولۇشى ئۇنىڭ قورسىقىدا قېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ سېلىشتىن ئېهتىيات قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئېهتىياتنى قىلىش ۋاجىب ئەمەس. (يەنى ئايالىمىنىڭ قورسىقىدا قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تالاق بولۇپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن، شۇڭا ئەمدى مەن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن يىراق تۇراي دېيىش ۋاجىب ئەمەس.) چۈنكى بىر ئەرنىڭ ئۆز ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ هالال بولۇشى ئاساسلىق بىر ئىشتۇر. ئۇنىڭ قورسىقىدا قېلىشى شۈبهىلىك بىر ئىشتۇر. (شۈبهىلىك بىر ئىشنى دەپ ئاساسلىق بىر ئىش تاشلاپ قويۇلمايدۇ.)[2]

## تالاقتا تالاقنى چاپلاشنىڭ بايانى

تالاقتا تالاقنى چاپلاش بولسا، تالاق قىلىنىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنى ئىددىتى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تالاق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تالاقتا تالاقنى چاپلاش بىر نەچچە خىل شەكىلدە بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 2 - توم، 507 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 2 - توم، 507 - بەت.

تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرى بىلەن تالاق قىلىنغان ئايالنى يەنە بىر قېتىم تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرى بىلەن تالاق قىلغىلى بولىدۇ[1]. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: (دەسلەپ بىر قېتىم) سەن تالاق! دېگەن ئاندىن ئۇنىڭغا: يەنە سەن تالاق! دېگەن بولسا، ئىككىنچى تالاقمۇ چۈشىدۇ. بۇ يەردىكى ئوچۇق تالاقتىن پەقەت ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاقلا مەقسەت قىلىنماستىن تالاقنىڭ ماھىيىتى مەقسەت قىلىنىدۇ. دەسلەپ بىر قېتىم يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنى، يەنە بىر قېتىم ئوچۇق تالاق بىلەن تالاق قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئايالنى سەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق! دەپ تالاق قىلىۋاتقان ياكى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇنى تالاق قىلىۋاتقان ئادەم، ئايالنى يەنە بىر قېتىم سەن تالاق! دەپ تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرى بىلەن تالاق قىلىۋېتەلەيدۇ.

ئالىملار يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كەتكەن ئايالنى تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ يەنە بىر قېتىم تالاق قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا الله تائالانىڭ: «(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر. ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇننى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن)

---

(1) بىز يۇقىرىدا ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئوچۇق سۆزلەر ۋە كىنايە سۆزلەر، دەپ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ت.

باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، الله ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە پەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ»[1] دېگەن ئايىتىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

الله تائالا مانا بۇ ئايەتتە: «ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ» دەپ بايان قىلىپ بولۇپ يەنى ئەرنىڭ ئايالغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇنى تالاق قىلىۋاتىدىغان ئىشنى بايان قىلىپ بولۇپ «ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى يەنە بىر قېتىم تالاق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن (ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان) بىر تالاق قىلغان بولسا، بۇ تالاقمۇ يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: «سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق» دېگەندىن ياكى ئايالىنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «سەن تالاق ياكى (ئايالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) بۇ تالاق» دېگەن بولسا، ئەرنىڭ كېيىن دېگەن: «<سەن تالاق> ياكى <بۇ تالاق> سۆزلىرىمۇ يېنىشىش ئۈچۈن نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرىكى تالاق ئۇ ئادەمنى ئايالى بىلەن (ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشىشتىن) چەكلەيدۇ.

ئۈچۈق سۆزلەر بىلەن قىلىنغان تالاق مەيلى يېنىشىش ئۈچۈن نىكاھ كېرەك

(1) سۈرە بەقەر 229 ـــ 230 ـ ئايەتلەر.

بولىدىغان بىر تالاق بولسۇن مەيلى ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق بولسۇن ئوچۇق سۆزلەر بىلەن بىر قېتىم تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنى يەنە بىر قېتىم يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلغىلى بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئوچۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ قىلىنغان تالاق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇ ئىككى تۈرلۈك تالاق بولسا مەسىلەن: <سەن تالاق> دېگەنگە ئوخشاش ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاقتىن، <سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق> ياكى <قەتئى تالاق> ياكى <قوپال تالاق> ياكى <شەيتاننىڭ تالىقى> ياكى <ئۇزۇن تالاق> ياكى <كەڭ تالاق> دېگەنگە ئوخشاش يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقتىن ئىبارەتتۇر. مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوچۇق سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئايالىغا بۇ سۆزلەرنى ئىشلەتكەن ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە بۇ سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلغاندىن كېيىن ئايالنى ئايالىنىڭ ئۆزىگە مەلۇم بىر مىقداردا مال ـ دۇنيا بېرىش شەرتى بىلەن تالاق قىلغان بولسا، گەرچە بۇ خىل تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كەتسىمۇ بۇ تالاق (تالاق قىلىش ئۈچۈن) ئوچۇق سۆزلەر ئىشلىتىلگەن تالاقلاردىن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ ئايالغا ئۇ مىقداردىكى مالنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئايالنى ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىشتىن بۇرۇن ئۇ ئايالنىڭ ئەرگە مەلۇم بىر مىقداردا مال ـ دۇنيا بېرىش شەرتى بىلەن يەنە تالاق قىلغان بولسا، ئىككىنچى تالاقمۇ چۈشىدۇ. لېكىن، ئايالغا ئۇ مالنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئايالنىڭ ئەرگە مال بېرىپ تالاقنى ئېلىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭ ئەر بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بىر شەكىلدە تالاق قىلىنىپ كېتىشتۇر. ئايالنىڭ بۇ مەقسىتى ئۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش

ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىنىپ كېتىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن مال بېرىش شەرتى بىلەن قىلىنغان تالاقتا ئۇ ئايالغا ئۇ مالنى بېرىش لازىم ئەمەس.)[1]

يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقنى يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقتا چاپلاشقا بولمايدۇ. يەنى بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلالمايدۇ. يەنى مەسىلەن: ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئۇ ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا يەنە تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ: «<سىز ماڭا هارامدۇرسىز> ياكى <سىزنىڭ (يولىڭىز) ئوچۇق بولسۇن> ياكى <سىز مەندىن ئادا ـ جۇداسىز> ياكى <سىزنىڭ مەن بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتتى>» دېگەنگە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر سۆز قىلسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىدە راست سۆزلىگەن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر سوزلىرىنى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قىلغان تالىقىدىن بەرگەن خەۋەر، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقتا چاپلىغىلى بولمايدىغان يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقتىن كىنايە سۆزلەر بىلەن قىلىنغان تالاق مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، كىنايە سۆزلەر ئادەمنىڭ يېڭى بىر تالاقنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقاندىن كېيىن كىنايە سۆزلەر بىلەن ئەمەس ئوچۇق سۆزلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتسا، بۇ تالاق چۈشىدۇ. مەسىلەن: ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئۇ ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا: «سېنى يەنە بىر قېتىم سەن بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋەتتىم» دېسە، بۇ ھالدا ئىككىنچى تالاقمۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 496 ـ بەت.

چۈشىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى تالاقتا ئىشلىتىلگەن <يەنە بىر قېتىم> دېگەن سۆز ئىككىنچى تالاقنى ئۇ ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم قىلغان تالىقىدىن بەرگەن خەۋەر، دەپ قاراش مۇمكىنچىلىكىنى قويمايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن قىلىنغان تالاق ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ.)

شۇنىڭدەك يەنە ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئايالىغا: «سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقدۇرسەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئايال يەنە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، <سەن تالاقدۇرسەن> دېگەن سۆز بولسا، ئوچۇق سۆزلەردىندۇر. بۇ سۆز بىلەن تالاق چۈشىدۇ. شۇڭا بۇ ئوچۇق سۆز بار يەردە <يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان> دېگەن سۆزگە ھېچقانداق ئېھتىياج بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سۆز ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بىر ئادەم ئايالىنى يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن (ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشقىلى بولىدىغان) بىر تالاق قىلغان بولسا، بۇ تالاقمۇ يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دەپ بايان قىلدۇق.

شۇنىڭدەك يەنە ئايالىنى يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئايالىغا: «سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق» دېگەن ۋە مەن: «بۇ سۆزۈم بىلەن ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىككىنچى سۆزىنى ئۇ ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم قىلغان تالىقىدىن بەرگەن خەۋەر، دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككىنچى سۆزى ئايرىم بىر تالاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك قاراشتۇر. ئاجىز دەپ قارالغان بىر خىل قاراش بويىچە: ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولمايدۇ. چۈنكى، ئايال ئۇ ئادەمنىڭ <سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق> دېگەن سۆزى بىلەن بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم بۇ سۆزى بىلەن ئۈچ تالاقنى نىيەت قىلغان نىيىتى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئۇ سۆزنىڭ ئۆزى بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتتى. شۇڭا نىيەت ھېسابقا ئۆتمەيدۇ.

كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراشقا ئاساسەن ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش

ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا: «سەن ئۈچ تالاق» دېگەن بولسا، ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۈچ تالاق <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئوچۇق قىلماستىن پەقەت ئۈچ تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن چۈشكەن يەردە، <ئۈچ تالاق> دېگەن سۆزنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دېگەن ۋاقىتدا ئۈچ تالاق ئەلۋەتتە چۈشىدۇ.

ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ <سەن تالاق> دەپ بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ياكى ئەتە بولسا <سەن تالاق> دەپ بىر ئىشقا باغلىغان ئادەم ئايالنى (مەزكۇر ئىش بولۇشتىن ئىلگىرى) بىر تالاق قىلىۋاتقان بولسا، ئايالى بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن ئايال ئەتىسى بولسا ياكى ئۆيگە كىرسە يەنە بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: «ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق» دېگەن، ئاندىن يەنە: «ئەگەر سەن سەمەتكە گەپ قىلساڭ سەن يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق» دېگەن، ئاندىن ئايال ئۆيگە كىرگەن، ئاندىن سەمەتكە گەپ قىلغان بولسا، ئايال ئۆيگە كىرىش بىلەن بىر تالاق ۋە سەمەتكە گەپ قىلىش بىلەن يەنە بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ ئىچىگە <بەززازىيە> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى مەسىلە كىرمەيدۇ: بىر ئادەم: «مېنىڭ بارلىق ئاياللىرىم تالاق» دېگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ئايالنىڭ تالاق بولۇپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ ھەممە تەرەپتىن ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ھېسابلانماستىن ئەكسىچە ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ئايال، دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بىر تالاقنى يەنە بىر تالاققا چاپلاشنىڭ سۈرەتلىرى تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئىخچاملاشتۇرۇلغاندۇر:

ئوچۇق سۆزلەر بىلەن قىلىنغان تالاق ئوچۇق سۆزلەر بىلەن قىلىنغان تالاققا چاپلاشتۇرۇلىدۇ.

يەنە ئۈچۈق سۆزلەر بىلەن قىلىنغان تالاق ئىلگىرى قىلىنغان يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاققا چاپلاشتۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بۇنىڭ ئەكسىمۇ بولىدۇ. يېنىشىش ئۈچۈن نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق يېنىشىش ئۈچۈن نىكاھ كېرەك بولىدىغان يەنە بىر تالاققا چاپلاشتۇرۇلمايدۇ.

ئەمما بىر ئادەم ئايالىنىڭ تالىقىنى ئىلگىرى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ئاندىن ئۇنى يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلغان بولسا، بۇ تالاق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان ئىلگىرىكى تالاققا چاپلىنىدۇ.[1]

## نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا تالاقنىڭ چۈشمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

<ئەلدۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى، ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ كاپىر دۆلىتىگە ئۆتۈپ كېتىشى، بالاغەتكە يەتكەنلىك ياكى ئازات قىلىنغانلىق سەۋەبى بىلەن ئېرىشكەن تاللاش ھوقۇقى بىلەن (ئايرىلىپ كېتىشنى) تاللىشى[2] سەۋەبى بىلەن نىكاھى ھەممە تەرەپتىن بۇزۇلۇپ ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا تالاق چۈشمەيدۇ. ئەمما تالاق قىلىنىپ كېتىش بىلەن نىكاھتىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا تالاق چۈشىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ كاپىر دۆلىتىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال تالاق قىلىنغان بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىسلامغا قايتىپ كاپىر دۆلىتىدىن مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 472 - بەت.

(2) بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ياتلىق قىلىنغان قىزغا بالاغەتكە يەتكەن ۋاقتىدا ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ياكى ئۇنىڭ نىكاھىدا قېلىشنى تاللاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ قىز ئايرىلىپ كېتىشنى تاللىسا، بۇ ھالدا ئۇ قىز تالاق قىلىنغان قىز ئەمەس نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىپ ئايرىلىپ كەتكەن قىز ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئېرى ئۇ قىزنى ئۇ ئىددەت تۇتۇۋاتقان چاغدا تالاق قىلسا، بۇ تالاق ئۇ قىزغا چۈشمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئازاتلىققا ئېرىشكەن ئايالغىمۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ياكى ئۇنىڭ نىكاھىدا قېلىشنى تاللاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئايرىلىپ كېتىشنى تاللىسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال تالاق قىلىنغان ئايال ئەمەس نىكاھى بۇزۇلۇپ كېتىپ ئايرىلىپ كەتكەن ئايال ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئېرى ئۇ ئايالنى ئۇ ئىددەت تۇتۇۋاتقان چاغدا تالاق قىلسا، بۇ تالاق ئۇ ئايالغا چۈشمەيدۇ.ت.

قايتىپ كېلىپ ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال ئىددەت تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر ئايال ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ كاپىر دۆلەتكە كىرىپ كەتكەن، ئاندىن ئېرى ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەن، ئاندىن ئۇ ئايال (ئىسلامغا قايتىپ) ھەيزى كېلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان ھالىتىدە كاپىر دۆلەتتىن قايتىپ چىققان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشى بويىچە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بىراق ئۇ ئايال ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن كاپىر دۆلەتكە كىرىپ كەتمىگەن بولسا، قىلىنغان تالاق چۈشىدۇ. چۈنكى ئىسلامدىن يېنىۋېلىش سەۋەبى بىلەن كۆرۈلگەن ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئەمرىدە قېلىشنىڭ ھاراملىقى مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ھاراملىق ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ ھاراملىق ئايالنىڭ ئىسلامغا قايتىشى بىلەن تۈگەيدۇ.

مەسىلەن: بىر ئايال بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنى (ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى) سۆيگەنگە ئوخشاش بىرەر ئىش بىلەن ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىشىش ھارام بۇلۇپ كەتكەن، ئەمما ئۇ ئايال ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلغان، كېيىن (ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىشىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ) ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغىمۇ قىلىنغان تالاق چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىشى مەڭگۈلۈك ھارامدۇر. شۇڭا تالاق بۇ يەردە ھېچقانداق بىر رولغا ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر - بىرى بىلەن لەنەت ئېيتىشىش ياكى ئېمىلدەش چىقىپ قالغانلىقى بىلەن ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالغىمۇ قىلىنغان تالاق چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ئادەم بىلەن توي قىلىشى ئەسلىدىلا مەڭگۈلۈك ھارامدۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر - بىرى بىلەن لەنەت ئېيتىشىش ئارقىلىق لەنەت ئېيتىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىشنىڭ مەڭگۈلۈك ھارام بولۇپ كېتىشىدە ئۇلارنىڭ لەنەت ئېيتىشىشقا سالاھىيىتى توشقان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ياكى بىرىنىڭ لەنەت ئېيتىشىشقا سالاھىيىتى توشمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەر ئايال بىلەن توي قىلالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەر: (مەن ئايالغا دېگەن گەپلەرنى ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاش ئۈچۈن دېگەن، ئىدىم) دەپ ئۆزىنىڭ

ئايالغا دېگەن گەپلىرىنى يالغانغا چىقارغان بولسا، بۇ ھالدا ئەر ئايالغا يالغان چاپلىغانلىق ئۈچۈن ئەرگە جازا بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئايال بىلەن توي قىلىششى دۇرۇس بولىدۇ.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: تالاق قىلىنىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ياكى ئىسلامغا كىرىشكە ئۇنىمىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا، قىلىنغان تالاق چۈشىدۇ. مەسىلەن: ئەر ئىسلامغا كىرگەن ۋە ئايال ئىسلامغا كىرىشكە ئۇنىمىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ۋاقتىدا ئەر ئۇنى تالاق قىلىۋاتسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئايرىلىپ كېتىش نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىپ ئايرىلىپ كېتىش بولسىمۇ يەنە ئۇ ئايالغا تالاق چۈشىدۇ. ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن كاپىر دۆلەتكە كىرىپ كەتمىگەن ئەرنىڭ ئايالى (ئەرنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ۋاقتىدا ئەر ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن) بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئەرنىڭ قىلغان تالىقى چۈشىدۇ. بۇ ئايرىلىپ كېتىش گەرچە نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىپ ئايرىلىپ كېتىش بولسىمۇ ئەرنىڭ تالىقى يەنىلا چۈشىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەرنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىش سەۋەبى بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغا قېتىلمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن كاپىر دۆلەتكە كىرىپ كەتمىگەن ئايال (ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە ئېرى ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن) بولسا، بۇ ھالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە ئۇ ئايالغا تالاق چۈشىدۇ. يەنى ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالنى ئېرى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغا تالاق چۈشمەيدۇ. يەنى ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلغان ياكى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن، ئاندىن ئايالى ئىددەت تۇتۇشنى باشلاپ ئارىدا ئىككى قېتىم ھەيز كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم ھاراملىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئايالغا يەنە بىر قېتىم ئىددەت تۇتۇش لازىم بولىدۇ ۋە ئىككى ئىددەت بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۈچىنچى قېتىم ھەيز

كۆرسە، بۇ ھەيز ئۇ ئايالنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئىددىتىگە ھېساب بولىدۇ. ئۇ ئايالغا تاكى ئىككىنچى ئىددىتىنى تۈتۈش ئۈچۈن يەنە ئىككى قېتىم ھەيز كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇ ئايال جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان چاغدا) تالاق قىلغان بولسا، بۇ تالاق چۈشمەيدۇ. يەنى ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال تۇتۇۋاتقان ئىددەت تالاقنىڭ ئەمەس جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكنىڭ ئىددىتىدۇر.

بىر ئادەمنىڭ، ئايالنى باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىپ بەرگەنلىكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكى ھېسابلانمايدۇ. لېكىن ئەر شۇنداق قىلىش بىلەن ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلسا، ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى باشقا بىر ئادەمگە: مەن ساڭا ئايالىم پالانىخاننى ياتلىق قىلدىم، دېگەن بولسا بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ بۇ گېپى: ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ سەن بىلەن بولغان نىكاھى توغرا بولسا، مەن ساڭا ئايالىم پالانىخاننى ياتلىق قىلدىم ياكى مەن ساڭا ئايالىم پالانىخاننى ياتلىق قىلدىم، چۈنكى ئۇ ئايال تالاق قىلىنىپ كەتكەندۇر، دېگەنلىككە ئېھتىمال كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى باشقا بىر ئادەمگە: مەن ساڭا ئايالىم پالانىخاننى ياتلىق قىلدىم، دەپ ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇنىڭ دېگەن گېپىنىڭ <چۈنكى ئۇ ئايال تالاق قىلىنىپ كەتكەندۇر> دېگەن ئېھتىماللىقى مۇئەييەنلىشىدۇ.[1]

## تالاقنىڭ كەيىندىن <الله خالىسا> دېگەن گەپنى قىلىشنىڭ ھۆكمى

ھەر قانداق ئىشنى قىلغان ۋاقتىدا <الله خالىسا> دېگەن گەپنى قىلىش ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 474 - بەت.

دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۇزۇۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى» (1) «سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي. «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭغا كەلگەندە ئېيتقىن) ھەمدە: «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن» (2) ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ كەينىدىن اللہ خالىسا دېسە، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى (قىلمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن) قەسىمنى بۇزۇۋاتقان ھېسابلانمايدۇ.» (3)

ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: مەن كېچىچە توقسان ئايال بىلەن بىللە بولىمەنكى، بۇلارنىڭ ھەر بىرى اللہ تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان بىردىن يىگىت تۇغىدۇ، دېدى. ئۇنىڭغا پەرىشتە: اللہ تائالا خالىسا دېگىن، دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنداق دېيىشنى ئۇنتۇپتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام (كېچىسى) ئاياللىرى بىلەن بىر يەردە بولدى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۇغماي پەقەت بىرسىلا ناكا بالىدىن بىرىنى توغقان». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سۇلايمان اللہ تائالا خالىسا دېگەن بولسا، قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايتتى ۋە مەقسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى» دېدى.(4)

<اللہ ئىرادە قىلسا> ياكى <اللہ تاللىسا> دېگەن سۆزلەرمۇ <اللہ خالىسا> دېگەن سۆزگە ئوخشاشتۇر. بىر ئادەم: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن مەن بۇنداق ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلىپ كەينىدىن اللہ خالىسا دېگەن،

(1) سۈرە قەلەم 17 ــ 18 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە كەھف 23ــ 24 ـ ئايەتلەر.

(3) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئاندىن قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ كەينىدىن الله خالىسا دېگەن، ئاندىن ئۇ ئىشنى قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنداق ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلىپ كەينىدىن: ئەگەر الله نىيىتىمنى ئۆزگەرتىۋەتسە ياكى ئالماشتۇرۇۋەتسە ياكى ئىشنىڭ ھەقىقىتى ماڭا ئاشكارىلانسا ياكى ئەگەر خالىسام ياكى ئىرادە قىلسام، ياكى تاللىسام دېگەن بولسا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى الله خالىسا دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن تالاق! ئەگەر الله خالىسا دېگەن بولسا، تالاق چۈشمەيدۇ. <الله خالىسا> دېگەن چاغدا تالاقنىڭ چۈشمەسلىكىنىڭ شەرتى بولسا، <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى سەن تالاق! دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدىنلا قىلىش لازىمدۇر. ئەگەر بىر قېتىم نەپەس ئالغانلىقىغا ياكى يۆتەلگەنلىككە ياكى تىلىنىڭ ئېغىرلىقىغا ياكى سەن تالاقدۇرسەن بىر دانە الله خالىسا، دېگەنگە ئوخشاش <سەن تالاقدۇرسەن> دېگەن بىلەن <الله خالىسا> دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىدا <بىردانە> دېگەن تالاقنى تەكىتلەيدىغان بىرەر سۆزنى قىلغانغا ئوخشاش <سەن تالاق> دېگەن سۆز بىلەن <الله خالىسا> دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىغا ئازراق بىر ئايرىغۇچى كىرىپ قالسا، بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوقتۇر.

<سەن تالاق!> دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدىن <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ سۆزنى بىرەر ئىشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ دېيىش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش شەرت ئەمەستۇر. شۇڭا بىر ئادەم ئايالىغا: سەن تالاق! دەپ بولغاندىن كېيىن ھېچقانداق مەقسەتسىز ياكى ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن <الله خالىسا> دېگەن بولسا، ئۇ تالاق چۈشمەيدۇ. يەنى ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.[2]

بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ئۈچ تالاق! لېكىن بىرسى كەم دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئىككى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: سەن ئۈچ تالاق!

(1) «فەتھۇلبارى»، 11 ـ توم، 602 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 510 ـ بەت.

لېكىن ئىككىسى كەم دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئايالى بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: سەن ئۈچ تالاق! لېكىن ئۈچى كەم دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ <ئۈچى كەم> دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[1]

ئەگەر ئەر بىلەن ئايال دەۋالىشىپ قېلىپ ئەر قەسەم قىلىپ تۇرۇپ مەن <سەن تالاق!> دېگەن سۆزنىڭ كەينىدىن <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى قىلغان ئىدىم دېگەن، ئايال بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئەر ياخشى ۋە تەقۋادار ئادەم، دەپ تونۇلغانلاردىن بولسا، ئەرنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر پاسىق ياكى ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكى بىلىنمىگەن ئادەم بولسا، ئۇنىڭ سۆزى تاكى پاكىت كۆرسەتمىگىچە قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمدە ئۇنىڭ يامانلىق تەرىپى كۈچلۈكتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى تالاق دېگەن سۆزدىن بۇرۇن قىلىپ ئايالىغا: الله خالىسا سەن تالاق! دېگەن بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولمايدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: سەن تالاق! الله نىڭ خالىشى ياكى الله نىڭ ئىرادىسى ياكى الله نىڭ ياقتۇرۇشى، ياكى الله نىڭ رازى بولىشى بىلەن دېگەن بولسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ تالىقىنى مەزكۇر تۆت ئىشنىڭ بىرىگە باغلىدى. ئۇ تۆت ئىش بولسا (ئىنسانلار تەرىپىدىن) بىلىنمەيدىغان بىر ئىشتۇر[2]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: سەن تالاق! الله نىڭ بۇيرۇقى ياكى الله نىڭ ھۆكمى ياكى الله نىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ياكى الله نىڭ ئىلمى، ياكى الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن دېگەن بولسا، ئايال شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر بۇ ئىشلار مەسىلەن: سەن تالاق! قازىنىڭ بۇيرۇقى، ياكى ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا نىسبەت بېرىلسىمۇ يەنە ئۇ ئايال شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەتتە بۇ شەكىلدىكى تالاق شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە چۈشىدۇ.[3]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 514 ـ بەت.

(2) يەنى الله تائالانىڭ خالاپ خالىمايدىغانلىقىنى، ياكى ئۇنىڭ رازى بولۇپ بولمايدىغانلىقىنى ئىنسانلار بىلەلمەيدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 315 ـ بەت.

## كېسەل ئادەمنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشىنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم ئايالىنى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئۇ كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئايالىنىڭ تېخى ئىددىتى چىقىپ بولمىغانلا بولسا ئايال ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلگەن بولسا، ئايال ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالالمايدۇ. ئايال ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولالمىغانلا بولسا ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشتىكى نىيىتى ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قالدۇرۇش بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئايالغا (ئۇنىڭ مىراستىن مەھرۇم قىلىنىش ئارقىلىق) كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مىراستىن مەھرۇم قىلىنىدىغان ۋاقتى تاكى ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈلۈپ ئەرگە ئۇنىڭ نىيىتىگە زىت بىر ھالدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

مەزكۇر كېسەلدىن ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان كېسەل ئادەمدىن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم ۋە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئولتۇرۇپ قېلىپ ھاجەتلىرى ئۈچۈن ئۆيىنىڭ تېشىغا چىقالمايدىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئەگەر ئايال يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق ياكى تاكى باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە يېنىشقىلى بولمايدىغان ئۈچ تالاق قىلىنىپ كەتكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئايال ئۇنىڭ بىلەن ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىنغان ۋە ئەر ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال مەيلى ئەر ئۇنى كېسەل ھالەتتە تۇرۇپ تالاق قىلغان بولسۇن مەيلى ساق ھالەتتە تۇرۇپ تالاق قىلغان بولسۇن ئەردىن مىراس ئالىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنىپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۆزۈلگەن كەتمەيدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ ئەردىن مىراس ئالىدىغان ھوقۇقىمۇ ساقلىنىپ تۇرىدۇ.[1]

شەئبىي بۇ ھەقتە ئۇيەينە ئىبنى ھۆسەيىننىڭ قىزى ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 6 ـ بەت.

(الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئايالى بولغان ئۇممۇل بەنىنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوسمان ئىبنى ئەففان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قورشاۋدا قالغان چاغدا ئۇممۇل بەنىننى (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) تالاق قىلىۋەتتى. ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۇممۇل بەنىنىنىڭ يېنىغا بىر ئادەمنى ئۇنىڭ مىراستىكى سەككىزنىڭ بىرى بولغان نېسىۋىسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئۇممۇل بەنىن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. ئوسمان ئىبنى ئەففان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قەست قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇممۇل بەنىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئايالنى ئەمرىدە ساقلايدۇ، ئۆلۈشكە ئاز قالغان ۋاقىتدا ئۇنى تالاق قىلىۋاتامدۇ؟ دەپ ئۇممۇل بەنىنىنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن مىراس ئالىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.»

ئىبنى ئەبۇشەيبە بۇ ھەقتە ئۆرۋەتۇل بارىقىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمدىن ئايالى مىراس ئالىدۇ، ئەمما (ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئايال ئۆلۈپ كەتكەن بولسا)، ئۇ ئادەم ئايالىدىن مىراس ئالالمايدۇ، دېگەن.»

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئېرى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئايال ھەققىدە: «ئۇ ئايالىنىڭ ئىددىتى تېخى چىقىپ بولمىغانلا بولسا، ئايال ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ» دېدى.[1]

ئەگەر كېسەل ئادەم ئايالىنىڭ تالىقىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن بىر مۇددەت ساقىيىپ، ئاندىن تېخى ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغىچە ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئايال تېخى ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولالمىغان بولسىمۇ ئېرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ مىراسخورلىرى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئارىسىدا داۋا بولۇپ قالسا، ئايالنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئەر مېنىڭ ئىددىتىم چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن ئىدى، دېگەن سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئايال قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئەردىن مىراس ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 207 ـ بەت.

يەنە ئەگەر ئايال ئېرى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن باشقا بىرسىگە ياتلىق بولغان، ئاندىن (مېنى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەن)، ئېرىم ئۆلگەن ۋاقىتدا مېنىڭ ئىددىتىم تېخى چىقىپ كېتىپ بولالمىغان دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەگەر بىر ئايال ئېرىگە ئېرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ۋاقىتدا: مېنى تالاق قىلىۋەتقىن! دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەر ئۇ ئايالنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئايال ئەردىن مىراس ئالىدۇ.

ئەگەر ئايال ئېرىگە: مېنى ئىددەت ئىچىدىلا بولسام قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋەتقىن! دېگەن، ئاندىن ئەر ئۇنى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش (ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كېتىشكە، ئەر ئايالنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىۋېتىپ) ئەر بېشىدا سەۋەب بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئايالنىڭ مىراستىكى ھەققى يەنە بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەگەر ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ئەرنىڭ ئارىسىدا بولغان ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئايال ئېرىدىن ئۆزىنى ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋەتمەسلىكنى مەقسەت قىلغان ئىدى. (لېكىن ئەر ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئۇنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ مىراستىكى ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ). ئەمما ئۇ ئايال ئېرىدىن ئۆزىنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئەر شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ مىراستىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشقان ياكى ئايالغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئايال ئەردىن مىراس ئالىدۇ. چۈنكى ئايرىلىپ كېتىشكە ئەر سەۋەبچى بولغان. ئەگەر ئايرىلىپ كېتىشكە ئايال سەۋەبچى بولسا، بۇ ھالدا ئايال مەيلى تالاق قىلىنسۇن مەيلى تالاق قىلىنمىسۇن ئايال ئەردىن مىراس ئالالمايدۇ. مەسىلەن: ئايال ئۇگەي ئوغلىنى شەھۋەت بىلەن سۆيگەن، ياكى ئېرىدىن ئۆزىنى يېنىشىش

ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان، ياكى ئېرىدىن ئۇنىڭ بەرگەن تويلۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئايرىلىپ كەتكەن، بالاغەتكە يەتكەنلىك ياكى تالاق ئىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىنى تاللىغان بولسا، بۇ ھالدا ئايرىلىپ كېتىشكە ئايال سەۋەبچى بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئايال ئەردىن مىراس ئالالمايدۇ.

كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان بىر ئادەم ساق ۋاقتىدا ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغانلىقىنى ۋە ئايالىنىڭ ئىددىتىنىڭ چىقىپ بولغانلىقىنى دېگەن ۋە ئايالى ئۇنى تەستىقلىغان، ئاندىن ئەر ئۆزىنىڭ ئۇستىدە ئايالىنىڭ پۇلى بارلىقىنى ياكى مۇئەييەن بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ياكى ئايالغا بىر نەرسە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغان، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئايالغا ئەر ئىقرار قىلغان ياكى ۋەسىيەت قىلغان مىقداردىن ئازراق مال ـ مۈلۈك ۋە مىراستىن ئازراق بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئەر ئايالغا ئۇنىڭ مىراسىغا يەنە بىر نەرسە قوشۇپ بېرىش ئۇچۇن ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگە ۋە ئايالىنىڭ ئىددىتىنىڭ چىقىپ بولغانلىقىغا تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىق شۈبھىسى بار. ئالىملار ئۇ ئايالىنىڭ ئىددەتنى قاچاندىن باشلاپ تۇتۇدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلارغا كەلدى. <ئەددۇررۇھمۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇ ئايال (گەرچە ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەر ئىقرار قىلغان ياكى ۋەسىيەت قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىش ئۇچۇن) ئىددەت تۇتۇشنى ئۇ ئادەم (ئۆزىنىڭ ئۇستىدە ئايالىنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىنى) ئىقرار قىلغان ۋاقتىدىن تارتىپ باشلايدۇ» دېدى. پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئايالغا ئۇ ئادەم ئىقرار قىلغان ياكى ۋەسىيەت قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسى بېرىلىدۇ.

<دۇررۇلھمۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئايال ئىددەتنى تالاق قىلىنغان ۋاقتىدىن باشلاپ تۇتۇشى لازىم. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئىددەتنىڭ چىقىپ بولغانلىقىغا ئىقرار قىلسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ئىقرارىغا ئۇ ئىككىسىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش شۈبھىلىكى يوق بولغان ئەھۋالدا ئىشىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملار: ئايالنىڭ (ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولدى، دېگەن سۆزىنى) تەستىقلىشىغا ئاساسەن ئەرگە ئايالنىڭ (ئايال ئىددەت تۇتۇۋاتقان چاغدا بېرىش لازىم بولغان) تەمىناتلىرىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆي تۇتۇپ بېرىش

لازىم ئەمەس، ئەر ئايالغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەردە گۇۋاھلىق بىرەلەيدۇ، زاكىتىنى ئايالغا بىرەلەيدۇ[1] ۋە ئايال باشقا بىرسىگە ياتلىق بولالايدۇ، دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئادەتتە ئەر ـ ئاياللار تىل بىرىكتۈرۈپ قىلىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئەمما ئەر ئايالغا ئۇنىڭ ئالىدىغان مىراسىدىن كۆپ مال ـ مۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ ئاندىن ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولدى، دېگەن ۋە ئايال بۇنى تەستىقلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزىگە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىشىنىلمەيدۇ ۋە ئەر ئايالغا بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغان مىراسىدىن كۆپ مال ـ مۈلۈكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئايالنىڭ ئىددىتى تېخى چىقىپ بولالمىدى، دەپ قارىلىدۇ[2]. چۈنكى بۇ ئىش ئەر ئايالغا ئۇنىڭ مىراسىغا يەنە بىر نەرسە قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگە ۋە ئايالنىڭ ئىددىتىنىڭ چىقىپ بولغانلىقىغا تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىق شۈبھىسى بار ئىشلاردىندۇر. ئايالنىڭ ئىددىتى تېخى چىقىپ بولالمىدى، دەپ قارىلىدۇ دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ ئىددىتىنى پۈتۈن ھۆكۈملەردە ئەمەس پەقەت تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش ئېھتىماللىقى بار ھۆكۈملەردە چىقىپ بولالمىدى، دەپ قارىلىدۇ دېگەن مەنا مەقسەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئايالنىڭ ئىددىتىنى ئۇ تالاق قىلىنغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئېتىبارغا ئالىمىز، دېگەن قاراش بىلەن ئۇنىڭ ئىددىتىنى ئەر ئىقرار قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئېتىبارغا ئالىمىز، دېگەن قاراشنىڭ مۇتلەق بىر قاراش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[3]

## توي قىلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم ئايالىنى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەر ئايالىنى بىر قېتىمدىلا تالاق قىلماي سەن تالاق!، سەن تالاق!،

(1) ئەسلىدە بىر ئادەم ئايالغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەردە گۇۋاھلىق بىرەلمەيدۇ ۋە ئايالغا زاكىتىنى بېرىشمۇ توغرا ئەمەس. ت.

(2) ئەگەر ئايالنىڭ ئىددىتىنى چىقىپ بولدى دەپ پەرەز قىلغان ۋاقتىمىزدا ئايالغا ھەم مىراسنى ۋە ھەم ئەر ۋەسىيەت قىلغان مالنىڭ ھەممىسىنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 526 ـ بەت.

سەن تالاق! دەپ ئايرىپ ـ ئايرىپ ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان بولسا، بىرىنچى قېتىملىق تالاق چۈشىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق تالاق چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم تالاق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سەن تالاق! دېگەن سۆزنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ قېتىم دېگەن سۆزنىڭ ئايىغىدا (مەسىلەن: ئەگەر سەن ئۆيگە كىرسەڭ دېگەنگە ئوخشاش) سۆزنىڭ بېشىنى ئۆزگەرتىۋاتىدىغان بىرەر سۆزنى قىلمىغان بولسا، ئۇ ئايال بېشىدىكى سەن تالاق! دېگەن سۆز بىلەن تالاق بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. <سەن تالاق!> دېگەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى سۆز ئۇ ئايال تالاق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىلغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەر ئايالىغا: سەن تالاق! بىر دانە ۋە بىر دانە دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئايال پەقەت باشتىكى سۆز بىلەن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. (ئىككىنچى قېتىملىق تالاق چۈشمەيدۇ.) چۈنكى ئۇ ئايال بىرىنچى قېتىملىق سۆز بىلەن تالاق بولۇپ كەتكەن.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن تالاق! بىر دانە دېگەن، ئاندىن ئايال ئۇ ئادەم يەنە بىر قېتىم بىر دانە دېيىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ <سەن تالاق! بىر دانە> دېگەن سۆزىنىڭ ھېچقانداق مەناسى يوق بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئايالنى <بىر دانە بىر دانە> دېگەنگە ئوخشاش بىر نەچچە قېتىم تالاق قىلماقچى بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قېتىمنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدقا چىقسا تالاق چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ قېتىملارنىڭ بىرەرسى كەم قالسا، تالاق چۈشمەيدۇ. ئايال تالاقنىڭ ئۇ قېتىملىرى ۋۇجۇدقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، تالاق چۈشۈشتىن ئىلگىرى تالاق چۈشۈدىغان ئورۇن يوقالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ <سەن تالاق! بىر دانە> دېگەن سۆزىنىڭ ھېچقانداق مەناسى يوق سۆز ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلە ئالدىدىكى مەسىلە بىلەن مەنا جەھەتتىن بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.[1]

تالاقنىڭ (بىر دانە بىر دانە) دېگەنگە ئوخشاش قېتىم سانلىرى بايان قىلىنغان ۋاقتىدا تالاق، تالاقنىڭ شۇ قېتىمقى سانلىرىنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن چۈشىدۇ. تالاقنىڭ شۇ قېتىمقى سانلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى تالاقنى چۈشۈرگۈچى، دەپ قارىلىدۇ. <ئەلفەتھۇ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «مانا مۇشۇ بايان بىلەن ئايالنى تالاق قىلىشنى <سەن تالاق! بىر دانە> دەپ باشلاپ يەنە بىر قېتىم <بىر دانە> دېيىشتىن بۇرۇن

(1) «ئەلھىدايە»، 1 ـ توم، 240 ـ بەت.

ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قىلغان تالىقى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ ۋە تالاقنىڭ چۈشۈشۈگە تالاقنىڭ قېتىملىرىنىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق دېگەن ھەسەن ئەلبەسرىي، ئەتا ۋە جابىر ئىبنى زەيد قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز» دېدى.

ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئايالىنى مەيلى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسۇن مەيلى ئۆتكۈزمىسۇن بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتسە، سۈننەتكە خىلاپ ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە گۇناھكار بولىدۇ. شۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرى بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردىن يەتكەن.»[1]

ئەگەر بىر ئادەم تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن ئايالىنى: <سەن تالاق! بىر دانە بىر دانە بىر دانە> دەپ تالاق قىلىپ ئۈچ تالاقنىڭ ئارىسىنى <بىر دانە> دېگەن سۆپەت بىلەن ئارىغان ياكى <سەن تالاق! تالاق! تالاق!< دەپ تالاق قىلىپ ئۈچ تالاقنىڭ ئارىسىنى سۆز تولۇقلىغۇچى بىلەن ئارىغان ياكى <سەن تالاق! سەن تالاق! سەن تالاق!> دەپ تالاق قىلىپ ئۈچ تالاقنىڭ ئارىسىنى جۈملە بىلەن ئايرىغان بولسا، ئايال بىرىنچى قېتىمدىكىسى بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق تالاق چۈشمەيدۇ. بۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم ئەمەس. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك، ئۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار»[(2)] ئەمما ئايال جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ بولغان ئايال بولسا، ئەر ئۇنى مەزكۇر يوللارنىڭ بىرى بىلەن تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغا ھەممە تالاق چۈشىدۇ. يەنى ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىددەت

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 455 ـ بەت.

(2) سۈرە ئەھزاپ 49 ـ ئايەت.

تۇتۇش لازىم بولىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگەن، لېكىن ئەر بىلەن خالىي بىر يەردە ئايرىم قالغان ئايالنىڭ ھۆكمىمۇ ئىددەت تۇتۇشنىڭ لازىم بولىدىغانلىقىدا ۋە ئىددىتى ئىچىدە يەنە بىر تالاقنىڭ چۈشۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن ئايالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئايالنى ئىددەت ئىچىدە بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋەتكەن بىر ئادەم ئىددەت ئىچىدە ئۇ تالاقنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاققا ئايلاندۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى، ئەر ئۇنىڭ تالىقىنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئەمەس ئەر ئۇنى ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق قىلغان ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىنى ( بىر ياكى ئىككى دېگەنگە ئوخشاش) بىرەر سانىنى بايان قىلماستىنلا تالاق قىلغان، ئاندىن ئەر جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن: ئايالىڭنى قانچە تالاق قىلدىڭ؟ دەپ سورالغان ۋاقىتتا، ئەر ئۈچ تالاق قىلدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇپ (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ قارىشى بويىچە ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىغا قېتىلمايدۇ. ئەگەر ئەردىن ئايالىنى قانچە تالاق قىلغانلىقى سورالمىغان بولسىمۇ، ئەر ئايالىنى تالاق قىلىپ بولۇپ جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: ئۈچ دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئەرنىڭ جىم تۇرۇشى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بولسا، ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەم نەپەس ئېلىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. نەپەس ئېلىش ئۈچۈن جىم تۇرغانلىق تالاقنىڭ ئارىسىغا چۈشكەن پاسىل ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ جىم تۇرۇشى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بولمىسا، بۇ ھالدا ئايال بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 455 - بەت.

# يېنىشىشنىڭ بايانى

بىر ئادەم ئايالىنى، ئايالى ئىددەت ئىچىدە بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق ياكى ئىككى تالاق قىلغان بولسا، ئايال مەيلى رازى بولسۇن مەيلى رازى بولمىسۇن ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولمىغانلا بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېنىشىش ھەققى بار. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزلىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ» [1] «تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. الله غالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [2]

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەدىس كىتابىدا: الله تائالا: «ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر» دېدى، يەنى ئۇلارنى ئىددەت ئىچىدە قايتۇرۇپ كېلىشكە باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئايالىنى يېنىشقىلى بولىدىغان بىر تالاق ياكى ئىككى

(1) سۈرە تالاق 2 ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەر 228 ـ ئايەت.

**تالاق قىلىۋەتكەن ئەر ئايالى بىلەن قانداق يېنىشالايدۇ؟ ھالبۇكى اللہ تائالا: «ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار» دېگەن تۇرسا! دەپ بىر باب تۈزۈپ كېيىن تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى.**

**ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەئقەل ئىبنى يەسارنىڭ ھەمشىرىسى بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى تالاق قىلىۋەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگىگىچە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشمىدى. ئۇ ئادەم كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يېنىشماقچى بولۇپ خېرىدار بولۇپ كەلدى. بۇنىڭغا مەئقەل ئاچچىغلاپ يېنىشىشىغا قوشۇلماي: ئۇ ئادەم (ھەمشىرەم بىلەن) يارىشقىلى بولىدىغان چاغدا ياراشماي قويۇپ قويىدى، دەپ ھەمشىرىسىنىڭ ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىشىغا قوشۇلماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا: «ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار» دېگەن بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەئقەلنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. مەئقەل ئاچچىغىنى تاشلاپ اللہ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ (ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى بىلەن يېنىشىشىغا قوشۇلدى.)**

**بىز يۇقىرىدا ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئايالىنى ئۇ ھەيزدار ۋاقتىدا بىر تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئۆمەرنى ئايالى بىلەن يېنىشىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق.**

**يېنىشىش خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: مەن سەن بىلەن يېنىشتىم ياكى مەن ئايالىم بىلەن يېنىشتىم دېگەنگە ئوخشاش سۆز قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. يېنىشىشنىڭ سۆز ئارقىلىق بولىدىغانلىقى بارلىق ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.**

**يېنىشىش يەنە ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنگە ياكى ئۇنى سۆيگەنگە ياكى ئۇنى شەھۋەت بىلەن تۇتقانغا ئوخشاش بىرەر ھەرىكەت ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. بۇ پەقەت ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا يېنىشىش (بىرەر ھەرىكەت ئارقىلىق ئەمەس) پەقەت سۆز**

ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە يېنىشىش نىكاھنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئورنىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال بىلەن سۆز ئارقىلىق يېنىشماي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش هارامدۇر. ئەمما يېنىشىش بىزنىڭ قارىشىمىزچە (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە) نىكاھنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئورنىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال بىلەن بىرەر يېقىنچىلىق ھەركىتىنى قىلىش ئارقىلىقمۇ يېنىشقىلى بولىدۇ.

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېدى: «يېنىشىش ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ، ئەر ئايالى بىلەن ياكى ئىددەت ئىچىدە يېنىشىدۇ ياكى ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن يېنىشىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالى بىلەن ئىددەت ئىچىدە يېنىشسا، ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغىنىدەك (ئەر ئايال بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشىدۇ.) چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئۆمەرنى ئايالى بىلەن يېنىششقا بۇيرۇدىيۇ، ئەمما ئايالى بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى. ئەگەر ئەر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغاندىن كېيىن يېنىشىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئىش خۇددى مەئقەلنىڭ ھەدىسىدەك بولىدۇ. (يەنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدۇ.)»

ھۆر بىر ئادەم ھۆر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇ ئايالنى بىر تالاق ياكى ئىككى تالاق قىلغان بولسا، ئايالى (ئىددەت ئىچىدە بولىدىغانلا بولسا) ئايال گەرچە يېنىششنى ياقتۇرمىسىمۇ ئەر ئايال بىلەن يېنىششقا باشقىلارغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر. ئەگەر ئەر ئايالى بىلەن ئۇنىڭ ئىددىتى ئىچىدە يېنىشماي ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئايال ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەر ئۈچۈن خۇددى يات ئايالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن يېنىشماقچى بولسا، قايتا نىكاھ قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر قايتا نىكاھ قىلىنمىسا، ئايال ئەرگە ھالال بولمايدۇ. ئالىملار مەزكۇر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

سەلەپ ئالىملىرى ئەرنىڭ قايسى - قايسى ئىشلار ئارقىلىق ئايالى بىلەن يېنىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. مەسىلەن ئەۋزائىي: «ئەگەر ئەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقانلىق ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە بەزى تابىئىنلارمۇ شۇنداق دېدى. ئىمام مالىك ۋە

**ئىسھاقلارمۇ: «ئەگەر ئەر يېنىشىش نىيىتى بىلەن ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئايال بىلەن يېنىشقانلىق ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە كۆپىنچە ئالىملارمۇ: خۇددى ئەۋزائىيغا ئوخشاش دېدى. يەنى ئەگەر ئەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقانلىق ھېسابلىنىدۇ دېدى ۋە ئۇنىڭغا يەنە ئەگەر ئەر ئايالنى شەھۋەت بىلەن تۇتسىمۇ ياكى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا شەھۋەت بىلەن قارىسىمۇ ئايال بىلەن يېنىشقانلىق ھېسابلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك يېنىشىش پەقەت سۆز ئارقىلىقلا بولىدۇ» دېدى.[1]**

**تېنۇۋېلىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ تۆھمەت چاپلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېنىشقانلىققا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى كىشىلەر ئەرنى ئايالنى تالاق قىلىۋەتتى، دەپ بىلىدۇ. ئۇ كېيىن ئايالى بىلەن (بىر ئۆيدە ياشىسا) كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئەر يېنىشقانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزمىسىمۇ يېنىشىش توغرا بولىدۇ. شۇڭا الله تائالانىڭ: «ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار» [2] دېگەن ئايىتىدىكى بۇيرۇق گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ.[3]**

**(قايتا نىكاھسىزمۇ) يېنىشىشنىڭ مۇددىتى ئايال ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھەيزىدىن پاك بولۇپ ئىددىتىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ.**

**ئەر ئايالنى ئۈچ تالاق قىلمىغانلا بولسا، ئۇ ئەر ئايالى مەيلى ئىددەت ئىچىدە بولسۇن مەيلى ئىددىتى چىقىپ بولغان بولسۇن ئۇنىڭ بىلەن يەنە قايتا ئۆي تۇتالايدۇ[4].**

**بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە الله تائالانىڭ: «ئىددىتى توشمىغان**

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 - توم، 483 - بەت.

(2) سۈرە تالاقنىڭ 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 531 - بەت.

(4) ئەگەر ئەر ئايالنى ئىددەت ئىچىدە قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئايال ئىددەت ئىچىدە بولسا، ئايالى بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشالايدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغان بولسا، قايتا نىكاھ قىلىپ يېنىشالايدۇ. ئەگەر ئەر ئايالنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئۈچ تالاق قىلمىغان بولسا، ئايالنىڭ مەيلى ئىددىتى چىقىپ بولغان بولسۇن مەيلى ئىددىتى چىقىپ بولمىغان بولسۇن ئايال بىلەن قايتا نىكاھ قىلغاندىن كېيىن يېنىشالايدۇ. ت.

ئاياللارغا ئۇلارنى ئالدىغانلىقلىرىنى بۇرۇتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار اللّٰه غا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى اللّٰه نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (اللّٰه دىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) » دېگەن ئايىتىدە: ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئاياللانى تاكى ئىدددىتى توشمىغىچە نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىمىڭلار، دېگەن مەزمۇننىڭ ئىچىگە ئىددەت تۇتۇۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن ئىددەت ئىچىدە يېنىشىۋېلىش ئەھۋالى كىرمەيدۇ. ئايەتتە ئايالنىڭ ئىددەت ئىچىدە تۇرۇپ باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇشىدىن توسالدى. چۈنكى ئايال ئىددەت ئىچىدە تۇرۇپ باشقا ئەرگە ياتلىق بولسا، (ئەگەر ئايالنىڭ قورسىقىدا بولسا) بالىنىڭ نەسىبى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئىددىتىنى تۇتىۋاتقان ئەردىن بولغانلىقىنى ياكى ئىككىنچى ئەردىن بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ئىددەت تۇتۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ ھېكمىتىدۇر. بىز اللّٰه تائالا خالىسا ئالدىمىزدا بۇ ھەقتە توختۇلۇپ ئۆتۈمىز.

ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئادەم ئايالى بىلەن تاكى ئۇ ئايال ئىددىتىدىن چىقىپ باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئىددىتىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن قايتا نىكاھ قىلىپ يېنىشالايدۇ. ئۈچ تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىككىنچى بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشىنىڭ ئۆزىلا، ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن بىرىنچى ئەر بىلەن يېنىشىشقا يول ئېچىشقا يېتەرلىك ئەمەس. ئۇ ئايالنىڭ بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە بىرىنچى ئەر بىلەن يېنىشالىشى ئۈچۈن چوقۇم ئىككىنچى ئەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولۇشى شەرتتۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «(قايتا يارىششقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. اللّٰه نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، اللّٰه

بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەئۇلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر. ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالايدىغانلىقىنى (يەنى قايتا ياراشقاندىن كېيىن ياخشى ئۆتەلەيدىغانلىقىنى) تەسەۋۋۇر قىلسا، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇركى، الله ئۇنى بىلىدىغان (يەنى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە يەمى يېتىدىغان) قەۋم ئۈچۈن بايان قىلىدۇ» [1]

بىز يەنە يۇقىرىدا ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق: قۇرەيز قەبىلىسىدىكى رىفائىدىن ئايرىلىپ كېتىپ باشقا بىرسىگە ياتلىق بولغان بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇ (يەنى مېنىڭ ئىككىنچى ئېرىم) ئايالنىڭ قېشىغا يېقىن كەلمەيدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسى كىيىمنىڭ پېشىگە ئوخشاش ئىكەن، دېدى[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز ئۇنىڭ (كېيىنكى ئېرىڭىزنىڭ) ھەسىلىنى ئۇ سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغۇچە سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز بىلەن يارىشىۋېلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىز (بۇرۇنقى ئېرىڭىز) رىفائى بىلەن يارىششنى خالايدىغاندەك تۇرىسىز. سىز (كېيىنكى ئېرىڭىزنىڭ) ھەسىلىنى، (كېيىنكى ئېرىڭىز) سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغۇچە (يەنى ئارىلىقىڭلاردا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگىچە) سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز بىلەن يارىشىۋېلىشىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ.» [3]

(1) سۈرە بەقەر 229 ــ 230 ـ ئايەتلەر.

(2) يەنى ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئاجىز ئىكەن دېمەكچى. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# ئىددەتنىڭ بايانى

<ئىددەت> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ساناش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<ئىددەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن نىكاھنىڭ ئەسىرىنىڭ قالدۇقلىرى (شۇ يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا) ئاياغلاشسۇن، دەپ شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن بىر مۇددەتتۇر.

ئىددەت تۇتۇشنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، نىكاھلىشىپ (بىرەر قېتىم بولسىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن) ئايرىلىپ كەتكەن بولۇشتۇر. شۇنىڭدەك يەنە نىكاھلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ ياكى (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسىمۇ) ئايال بىلەن خالىي بىر يەردە ئايرىم قېلىشىمۇ ئىددەت تۇتۇشنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولىدۇ.

ئىددەتنىڭ ھۆكمى: ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقا بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇشى، ئۇنىڭ تالاق قىلىنغان ئۆيدىن سىرتقا چىقىشى، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ھەمشىرىسىنى ياكى ھەمما ئاچىللىرىغا ئوخشاش يېقىن تۇغقانلىرىنى (تاكى ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغىچە) ئېلىشى ھارامدۇر. ئۇ ئايالنى ئىددىتىنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزۇپ يەنە تالاق قىلغىلى بولىدۇ.

ھەيز كۆرىدىغان ئايال ئىددىتىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈش لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە.

الله غالىپتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [1]

كىچىك قىزلارغا ۋە ھەيز كۆرۈشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن چوڭ ئاياللارغا ئوخشاش ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ مۇددىتى ئۈچ ئايدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر» [2]

قورسىقىدا بار ئاياللارنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەن چىقىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ، كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [3]

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم، ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» [4]

ئەگەر ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال قورسىقىدا بار ئايال بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى (تۆت ئاي ئون كۈن بىلەن ئەمەس) بالىنى قاچان تۇغسا، شۇ چاغدا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇسەۋۋىر ئىبنى مەخرەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەسلەمى قەبىلىسىدىن بولغان سۇبەيئە ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇغدى. ئاندىن ئۇ ياتلىق بولسا بولۇدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىغا رۇخسەت

(1) سۈرە بەقەر 228 ـ ئايەت.

(2) سۈرە تالاق 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە تالاق 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۈرە بەقەر 234 ـ ئايەت.

بەردى. ئۇ ياتلىق بولدى.» [1]

بىر ئادەم ئايالىنى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ تالاق قىلغان ۋە ئايالىنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئايالىنىڭ ئىددىتى ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىدىن ۋە تالاقنىڭ ئىددىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئىددەتنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولسا، شۇنىڭ بىلەن چىقىدۇ[2]. چۈنكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا بولغان نىكاھنىڭ ئەسىرى ئايالنىڭ تالاق قىلىنىپ كېتىشى بىلەن ھەقىقەتەن ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ مىراس توغرىسىدا ھۆكمەن قېلىپ قالغۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئىددىتىنى ئېھتىيات يۈزىسىدىن تالاقنىڭ ئىددىتى بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنىڭ ئىچىدىن مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئىددەت بىلەن چىقىرىدۇ.[3]

ئىددەتنىڭ ۋاقتى تالاقتىن ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنلا باشلىنىدۇ. ئايالنىڭ ئىددىتى ئايال ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنغانلىقىنى ياكى ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي يۈرۈۋەرگەن بولسىمۇ (ئىددەتنىڭ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن) چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئىددەت بولسا بىر مۇددەتتۇر. شۇڭا ئىددەتنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ئۇ مۇددەتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلىش شەرت ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى ئۇزۇندىن بىرى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ۋە (ئايالىنىڭ ئىددىتىنىڭ چىقىپ بولغانلىقىنى) ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى ئۇ ئادەم تالاق قىلىۋەتكەن ۋاقتىدىن تارتىپ ئەمەس تالاق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ (تاكى ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى ئېرى تالاق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ چىقىپ بولغانغا قەدەر) ئايالنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن ۋە ياكى تۆتىنچى ئايال بىلەن توي قىلىشى ھالال ئەمەستۇر. بۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تالاقنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن جازا بېرىش ئۈچۈن ئىجرا قىلىنغان بىر ھۆكۈمدۇر.[4]

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) ئېرى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ بولغىچە ئۇ ئەر ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى ئىككى ئىددەتنىڭ ئىچىدىن مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى بىلەن چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ھەيز كۆرۈدىغان ئايال بولسا، ئۇنىڭ ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈشى ئۈچۈن ئالتە ئاي ساقلىشى لازىم. ئەگەر بۇ ئايالنىڭ ئېرى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايال ئەگەر تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتسا، ئىددىتى ئالتە ئايدا، ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى تۇتسا، تۆت ئاي ئون كۈندە چىقىدىغان بولغاچقا، ئايال مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتىدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 605 ـ بەت.

(4) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 610 ـ بەت.

نىكاھ قىلىپ تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن بۇرۇن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم ئەمەس. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك، ئۇلارغا ئاز ــ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار» [(1)]

# قارىلىق تۇتۇشنىڭ بايانى

يېنىشش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىنغان، ئۈچ تالاق قىلىنغان ۋە ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئەرنىڭ ئەمرىدە ياشاش نېمىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇش ۋاجىبتۇر. قارىلىق تۇتۇش زىبۇ ـ زىننەتلەردىن، ئەتىر ئىشلىتىشتىن، زىننەتلىك كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشتىن، سۈرمە ۋە گىرىم ئىشلىتىشتىن يىراق تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇھەبىبەنىڭ دادىسى ئەبۇسۇپيان ئىبنى ھەرب ۋاپات بولغان ۋاقتىدا ئەبۇسەلىمەنىڭ قىزى زەينەپ ئۇممۇھەبىبەنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇممۇھەبىبە سېرىق رەڭلىك بىر خۇشبۇي نەرسىنى ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن بىر قىزچاققا سۈرۈپ قويۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى مەڭزىگىمۇ سۈرۈپ مۇنداق دېدى: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن خۇشبۇي نەرسىنى خالاپمۇ كەتمەيمەن، بۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەتتىمكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللّٰه ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقىنىدىن باشقا ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

زەينەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن جەھشىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ قېرىندىشى تۈگەپ كەتكەندە كىردىم. ئۇمۇ خۇشبۇي نەرسىنى ئەكەلدۈرۈپ ئۆزىگە سۈرۈۋەگەندىن كېيىن: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن

(1) سۈرە ئەھزاپ 49 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: «اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقىنىدىن باشقا ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتىشى ھالال بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسام، بۇ خۇشبۇي نەرسىنى ئىشلىتىشكە ھاجىتىمۇ يوق ئىدى، دېگەن.

زەينەپ يەنە ئۇممۇ سەلىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! قىزىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن. قىزىمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ (كۆزىگە) سۈرمە سۈرتسەك بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىمدا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپ بولۇپ كېيىن مۇنداق دېدى: «شەك شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ قارىلىق ۋاقتى) تۆت ئاي ئون كۈن، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئاياللار يىلنىڭ بېشىدا (ئۇچارلىقنىڭ) مايىقىنى ئاتاتتى. (يەنى ئىددەت تۇتۇش ئۈچۈن بىر يىل ئۆيگە كىرىپ ئولتۇراتتى.»

مەزكۇر ھەدىسلەرنى زەينەپتىن رىۋايەت قىلغان ھۇمەيد ئىبنى نافىئ مۇنداق دەيدۇ: «مەن زەينەپتىن ئاياللارنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بىر يىل تۇتىدىغان قارىلىقنى قانداق تۇتۇغانلىقىدىن سورىسام، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال ئۆزىنىڭ ئەڭ ناچار كىيىملىرىنى كىيىپ قازناققا كىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تاكى بىر يىل بولمىغىچە خۇشبۇي نەرسىنى تۇتۇپ سالمايتتى (يەنى ئىشلەتمەيتتى). (بىر يىلدىن كېيىن قازناقتىن چىقاتتى.) ئۇنىڭغا ئېشەكتەك، ياكى قويدەك بىرەر ھايۋان ياكى ئۇچارلىق كەلتۈرۈلەتتى. ئۇ كەلتۈرۈلگەن ھايۋاننى ياكى ئۇچارلىقنى سىلايتتى. ئۇ سىلىغان (ھايۋان ياكى ئۇچارلىق) ئۆلۈپ قالاتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا (ئۇچارلىقنىڭ) مايىقى بېرىلەتتى ۋە ئۇنى ئاتاتتى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن خالىغان خۇشبۇي نەرسىلەرنى قوللىناتتى.»[(1)]

ئىمام نەۋەۋي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مانا بۇ ھەدىسلەر قارىلىق تۇتۇۋاتقان ئاياللارنىڭ مەيلى شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولسۇن مەيلى ئېھتىياجلىق بولمىسۇن سۈرمە سۈرۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى

(1) بۇ ھەدىسلارنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

كۆرسىتىپ بېرىدۇ›› دېدى.

ئەمما ئۇممۇسەلەمەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹سۈرمىنى كېچىدە تارتىپ كۈندۈزدە سۈرتۈۋېتىڭ›› دېگەن.

بۇ ھەدىس بىلەن بۇنىڭدىن بۇرۇن بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ ئارىسىنى تۆۋەندىكى شەكىلدە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ: ئەگەر ئايال سۈرمە تارتىشقا ئېھتىياجلىق بولمىسا، ئۇنىڭ سۈرمە سۈرۈشى توغرا ئەمەس. ئەگەر (مەسىلەن: كۆزى ئاغرىپ قالغىنىغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن) سۈرمە سۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ كۈندۈزدە ئەمەس كېچىدە سۈرمە سۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن شۇنداق ھالەتتىمۇ سۈرمە سۈرمەسلىك ياخشىدۇر. ئەگەر سۈرمە سۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئايال كېچىدە سۈرمە سۈرگەن بولسا، كۈندۈز تەرەپتە ئۇنى سۈرتۈۋېتىش لازىم.

بەزى ھەدىسشۇناسلار ئۇممۇسەلەمەدىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئايالغا قىزىنىڭ كۆزىگە سۈرمە سۈرۈشكە رۇخسەت بەرمىگەنلىكىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئۇ ئايالنىڭ قىزىنىڭ كۆزى قورقىدەك دەرىجىدە ئاغرىق ئەمەس ئىدى. يەنە بەزى ھەدىسشۇناسلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ئىشنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى قىزىنىڭ كۆزىگە مەخسۇس زىننەت ئۈچۈنلا قوللىنىدىغان سۈرمە سۈرۈشتىن چەكلىگەن. چۈنكى كۆزنى سۈرۈتسە زىننەت بولمايدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ داۋالىغى بولىدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئەگەر سۈرمە زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈرمە بولمىسىمۇ، ئۇنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋاقىتدا ئۇنى ئىشلەتسە بولىدۇ››. بۇ ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر چەكلىمىسىنى (سۈرمە سۈرۈشنىڭ ھاراملىقىغا ئەمەس) مەكرۇھ ئىكەنلىكىگە قاراتتى. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىلىقىدا بولغان ئىختىلاپ بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.[1]

ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا خىرىدار بولۇش ھارامدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ‹‹ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۆلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ

(1) ‹‹فەتھۇلبارى››، 9 ـ توم، 489 ـ بەت.

گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىچىڭلاردا ساقلىغانلىقىڭلارنى ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭلار بولىدۇ، ئىددىتى توشمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھ نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھ دىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»[1] مانا بۇ ئايەت تالاقنىڭ ئىددىتىنى ئەمەس ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ئالىدىغانلىقىنى پۇرۇتۇپ قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالغا ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايال مەيلى كېچىدە بولسۇن مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن ئۆيىدىن چىقمايدۇ. ئىددەت تۇتۇش جەريانىدا ئۇنىڭ تەمىناتلىرىنى ئېرى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)، ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن»[2]

ئەمما ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايال ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن كۈندۈزلىرى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىدىن ئۆزى چىقىشقا مەجبۇردۇر.

بىر ئايال ئېرى ئۇنى تالاق قىلغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ قالغان ۋاقىتتا

---

(1) سۈرە بەقەر 235 ـ ئايەت.

(2) سۈرە تالاق 6 ـ ئايەت.

ئۆيىنىڭ سىرتىدا بولغان بولسا، تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشى لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ دەرھال ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىشى كېرەك.

## بالىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا

بالىنىڭ نەسەبىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشى ياكى يوق بولۇپ كېتىشى نۇرغۇنلىغان ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي پىتنە ـ پاساتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىمىرىلىشىگە، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا، ئەخلاقتا چىرىكلىشىشكە ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىدا قالايمىقانچىلىقنىڭ ئومۇملىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بالىلارنىڭ نەسەبىنى ساقلايدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان بارلىق ئامىللارنى يول قويۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن: ئىسلام دىنى بالىلارنىڭ نەسەبىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەيلى تالاق قىلىنغانلىق ياكى نىكاھنى بۇزغانلىق ياكى ئېرى ئۆلۈپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن بولسۇن ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالغا ئىددەت تۇتۇشنى پەرز قىلدى.

ئىسلام دىنى بالىلارنىڭ نەسەبىنى ساقلاش ئۈچۈن زىنانى ۋە باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىپ ئۇنى <ئۆز بالام> دەپ داۋا قىلىشنى ھارام قىلدى. (ئەرەبلەردە) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بالا بېقىۋېلىش ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئىش ئىدى[(1)]. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھارىسنىڭ ئوغلى زەيد (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى بېقىۋالغان ئىدى. ھەتتا اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈرگەنگە قەدەر زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلىپ مۇھەممەدنىڭ ئوغلى زەيد، دەپ چاقىرىلاتتى. ئاندىن اللە تائالا بۇ ئىشنى چەكلەپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «اللە ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى اللە سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ اللە (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت

(1) ئەمما بۇ ئىش بىزدە ھازىرمۇ بار. ت.

ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، الله ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» [1] شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدقا: «سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ۋە دوستۇمىز» دېگەن ئىدى. ئۇ كېيىن مۇھەممەدنىڭ ئوغلى زەيد، دەپ ئاتىلىشتىن ھارىسنىڭ ئوغلى زەيد، دەپ ئاتىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆز نەسلىنى تاشلاپ باشقا ئادەمنىڭ نەسلىگە نىسبەت بېرىشىنى ھارام قىلدى ۋە شۇنداق قىلىشنى چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ساندى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر كىشىنى ئاتام ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىدىن باشقىسىنى ئازاد قىلغۇچىم، دەپ داۋا قىلسا، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ» [2]

سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئاتام دەپ داۋا قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ.» [3]

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتاڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، كىمكى ئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈسە بۇ كۇپۇرلۇقتۇر» [4] يەنى ئاتىنىڭ ھەققىگە كۇپۇرلۇق قىلغانلىق ۋە ئاتىنىڭ بالىنىڭ ئۈستۈدىكى ھەقلىرىگە ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

(1) سۈرە ئەھزاب 4 ــ 5 ـ ئايەتلەر.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇزەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر كىشىنى ئاتام دەپ داۋا قىلسا، كاپىر ھېسابلىنىدۇ. . .»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدەك يەنە نەسەبكە تىل تەككۈزۈشنىمۇ ھارام قىلدى. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر ئارىسىدا ئىككى تۈرلۈك ئىش بولۇپ ئۇ كىمدە بولسا، شۇ كىشىدە كۇپۇرلۇق تېپىلغان بولىدۇ. بىرى: كىشىنىڭ نەسەبىگە تىل تەككۈزۈش، يەنە بىرى: مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاش.»[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۆزىنىڭ <ياخشى كىشىلەرنىڭ باغچىسى> دېگەن كىتابىدا بۇ ھەدىسكە <شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنغان نەسەبكە تىل تەككۈزۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا> دەپ ئايرىم بىر باب تۈزۈپ بابنىڭ ئىچىدە الله تائالانىڭ «مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ»[3] دېگەن ئايىتىنى بايان قىلغان.

## بالىنى تەربىيەلەش توغرىسىدا

ئەگەر ئايال بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، ئىشەنچلىك، بالىنى تەربىيەلەيدىغان ۋە (ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى ئەرگە) ياتلىق بولمىغان ئايال بولسا، بالىنى تەربىيەلەش ھەققى ئايالنىڭدۇر.

ئەگەر ئايال زىناخورلۇق قىلىدىغان ياكى ناخشىچى ياكى ئوغرىلىق قىلىدىغان ئايالغا ئوخشاش بالىنى زايا قىلىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئەخلاقلىقسىز ئايال بولسا، بالىنى تەربىيەلەش ھوقۇقى ئۇئايالغا بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ھەق كاپىر ئايالغا، ناماز ئوقۇمايدىغان پاسىق ئايالغا، بالىغا مەھرەم

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت.

كەلمەيدىغان يات ئادەم بىلەن ئۆيلەنگەن ئانىلىقمۇ بېرىلمەيدۇ.

بالىنى تەربىيلەش ھەققىگە لاياقەتلىك بولغان بىر ئانا بالىسىنى تەربىيلەشكە مەجبۇر لانمايدۇ. لېكىن بالا ئەگەر شۇ ئانىلىدىن باشقا بىر ئانىلىنىڭ ئەمچىكىنى ئېغىزىغا ئالمىغان بولسا، ياكى (تەربىيلەپ بەرگەن باشقا ئانىلىغا ئىش ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن) بالىنىڭ دادىسىنىڭ ياكى شۇ كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە تەۋە مال ـ دۇنياسى بولمىسا[1]، بۇ ھالدا بالىنىڭ ئانىسى بالىنى تەربىيلەشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

(مەيلى ئانىسى بولسۇن مەيلى باشقا ئانىلىق بولسۇن) بالىنى تەربىيلەپ بەرگەن ئانىلىق بالىنى تەربىيلەپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەق ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. بالىغا كېتىدىغان تەمىناتمۇ شۇ ئانىلىغا بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئانىلىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)، ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (بالىلىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئانىلى ئېمىتسۇن. باي ئادەم (ئانىلىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم اللەنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). الله ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، الله قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)»[2]

ئەگەر بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى بالىنى ئۆزىنىڭ تەربىيەسىگە

(1) ئەگەر مەسىلەن: باشقا بىر ئادەم توغۇلغان ئۇ كىچىك بالىغا مال ـ مۈلۈك ھەدىيە قىلغان بولسا، بۇ مال ـ مۈلۈك شۇ كىچىك بالىنىڭ بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ دادىسىنىڭ قولىدا بالىنى ئېمىتىپ تەربىيلەپ بەرگەن ئانىلىغا بېرىدىغانغا مال ـ مۈلۈك بولمىسا، ئۇ ئانىلىغا بالىنىڭ شۇ مال ـ مۈلكىدىن بېرىلىدۇ. ت.

(2) سۈرە تالاق 6 ــ 7 ـ ئايەتلەر.

ئېلىشقا ئۇنۇمىغان ياكى بالىنى تەربىيلەش ھەققىدىن ۋاز كەچكەن، ياكى بالىغا يات كېلىدىغان بىر ئادەم بىلەن ئۆيلەنگەن بولسا، بۇ ھالدا بالىنى تەربىيلەشنىڭ ھوقۇقى ئانىنىڭ ئانىسىغا يۆتكىلىدۇ. ئەگەر ئانىنىڭ ئانىسى بولمىسا دادىنىڭ ئانىسىغا يۆتكىلىدۇ. ئەگەر دادىنىڭ ئانىسى بولمىسا، بالىنىڭ ئانىمۇ بىر - دادىمۇ بىر ھەمشىرىسىگە يۆتكىلىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئۇنداق ھەمشىرىسى بولمىسا، بالىنىڭ ئانا بىر ھەمشىرىسىگە يۆتكىلىدۇ. بالىنى تەربىيلەشكە بالىنىڭ ئانا تەرەپتىن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ ئانا تەرىپىدىن بولغان ھاما ئاچىلىرى ئۇنىڭ دادا تەرەپىدىن بولغان ھاما ئاچىلىرىغا قارىغاندا بالىنى تەربىيلەيدىغانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا كېلىدۇ.

ئەگەر كىچىك بالىنىڭ ھەمشىلىرى ياكى ھاما ئاچىلىرى ئىشەنچىسىز بولسا، كىچىك بالا تەربىيلەش ئۈچۈن ئۇلارغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلمەيدۇ.

بالىنى ئۆز تەربىيسىگە ئالغان ئايال مەيلى بالىنىڭ ئۆز ئانىسى بولسۇن مەيلى باشقا ئايال بولسۇن ئەگەر بالا ئوغۇل بولسا، بالىنى ھەتتا بالا ئايالدىن بىھاجەت بولغان ياشقا كىرگىچە تەربىيلەش ھەققى بار. ئۇ ياش بولسا يەتتە ياشتۇر. ئەگەر بالا قىز بولغان ۋە ئۇنى تەربىيلەيدىغان ئايال قىزنىڭ ئانىسى ياكى چوڭ ئانىسى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قىزنى تاكى قىز ھەيز كۆرۈدىغان ياشقا كىرگىچە تەربىيلەش ھەققى بار. ئەگەر قىزنى تەربىيلەيدىغانلار قىزنىڭ ئانىسىدىن ياكى چوڭ ئانىسىدىن باشقا ئايال بولسا، ئۇ ئايالنىڭ قىزنى تاكى ئۇ قىز ئەرلەر ئۇنى ھەۋەس قىلغىدەك ياشقا كىرگىچە تەربىيلەش ھەققى بار. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر قىزنى تەربىيلەيدىغان ئايال قىزنىڭ ئانىسى ياكى چوڭ ئانىسى بولسىمۇ قىزنى تاكى قىز (ھەيز كۆرۈدىغان ياشقا كىرگۈچە ئەمەس) ئەر كىشى ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىدىغان ياشقا كىرگىچە تەربىيلەش ھەققى بار. چۈنكى جاھان بەك بۇزۇلۇپ كەتتى» دەيدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئايال ئېرى بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئايال بالىنى تەربىيلەش ھەققىگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 640 - بەت.

ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئايال مەزكۇر تالاق بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى قالمىغان بولىدۇ. ئەمما ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا ئېرى ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنىڭ بالىنى تەربىيىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىددىتىنىڭ چىقىپ بولغان بولۇشى لازىم.

ئەگەر ئەر ئۇ ئايالنى باشقا بىرسى بىلەن ياتلىق بولدى، دەپ داۋا قىلغان، ئەمما ئايال بۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ باشقا بىرسىگە ياتلىق بولغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئايال بىر كىشىنى بۇ مېنىڭ ئېرىم، دەپ تەيىن قىلمىغان بولسا يەنە ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئايال بىر كىشىنى بۇ مېنىڭ ئېرىم، دەپ تەيىن قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ ئايال ھەققىدە دېگەن سۆزىگە ئىشىنىش لازىم.

## ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ مۇكەممەللىشىشگە توسالغۇ بولىدىغان ئەيىبلەرنىڭ بايانى

بۇ ئەيىبلەر ياكى ئەردە بولىدۇ ياكى ئايالدا بولىدۇ.

ئەردە بولىدىغان ئەيىبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر: ئەرنىڭ بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولالماسلىقىدۇر. بۇ فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدا <جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكى> بار ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەم بولسا، بەك قېرىپ كەتكەنلىكتىن ياكى سېھىر قىلىنغانلىقتىن ياكى جىنسىي ئەزاسى كېسىۋېتىلگەنلىكتىن ياكى بەك كىچىك بولغانلىقتىن ياكى ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇنى تۇتۇپ بولغىچە ئۇنىڭدىن مەنىي كېلىپ كېتىدىغانلىقتىن، ياكى جىنسى ئەزاسىي پەقەت ئىشلىمەيدىغانلىقتىن ئايالى بىلەن نورمال جىنسىي مۇناسىۋەت قىلالمايدىغان ئادەملەردۇر.

ئەگەر بىر ئايال ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئاجىز ئادەم ئىكەنلىكىنى

بىلىپ قازىدىن ئېرىدىن ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلسا، ئەگەر ئايال بالاغەتكە يەتكەن ئايال بولغان، ئايال ئەر بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي پەقەت تويدىن كېيىنلا ئۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن نارازى بولغان بولسا، قازى تاكى ئەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى بىر يىلغىچە ئايرىۋەتمەيدۇ. ئايال هاكىمدىن ئېرىدىن ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ تاكى بىر يىل ئۆتكەنگە قەدەر ئەر ئايال بىلەن بىرەر قېتىممۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، قازى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ.

ئايال بۇ شەكىلدە ئايرىلىپ كەتسە، يېڭىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە بۇ شەكىلدە ئايرىلىپ كەتكەن ئايالغا، ئەگەر ئېرى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر يەردە خالىي قالغان بولسا، تويلۇقنىڭ ھەممىسى بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىددەت تۇتۇش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇ ئايالغا خۇددى ئېرى بىلەن ئايرىم بىر يەردە خالىي قېلىشتىن ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتكەن ئايالغا ئوخشاش تويلۇقنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ.(1)

ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش ئىشى ئايالنىڭ قازىدىن ئۆزلىرىنى ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى بىر يىلغىچە كېچىكتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئەر بىر يىل ئىچىدە ئايالى بىلەن بىرەر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ تەلىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەر بىر يىل ئىچىدە ئايالى بىلەن بىرەر قېتىممۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمىگەن بولسا، ئايال بىلەن ئەرنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلىدۇ.

ئايال قازىدىن ئېرىدىن ئايرىۋېتىشنى كېچىكىپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ئايالنىڭ تەلەپ قىلىش هوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ كېچىكىپ تەلەپ قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەرنىڭ ئەھۋالىغا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس ئەر ئوڭشىلىپ قېلىپ كېيىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان هالەتكە كېلىپ قالار دېگەننى ئۈمىد قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 595 ـ بەت.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئەگەر ئەر ئايالى بىلەن ئەڭ ئاز بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئايال ئەردىن ئايرىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ. ئەرنىڭ ئايالى بىلەن ئەڭ ئاز بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ئەرنىڭ ئۈستۈدىكى بىر ھەقتۇر. ئەمما ئەرنىڭ ئايالى بىلەن بىر قېتىمدىن ئارتۇق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى بولسا، ھۆكۈم جەھەتتىن ئەمەس دىيانەت جەھەتتىن ئەرنىڭ ئۈستۈدىكى بىر ھەقتۇر. ئەگەر ئەر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قادىر تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قەستەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئەر گۇناھكار بولىدۇ.[1]

ئەگەر ئەر ئايال بىلەن بىرەر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئېلىشىپ قالغان ياكى جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، قازى ئەر - خوتۇن ئارىسىنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى بىر قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ئايال ئەرنىڭ ئۈستۈدىكى ھەققىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەگەر جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلى سەۋەبى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن بىر ئەر - ئايال ئىككىنچى قېتىم قايتا نىكاھ قىلىشسا، ئۇلارنىڭ قىلىشقان بۇ نىكاھى توغرا بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، جىنسىي ئەزاسى كېسىۋېتىلگەن ئەرنىڭ ئايالىنى ئۇ ئەردىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن بىر يىل ساقلاشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەرنىڭ ئەگەر بىر يىل ساقلاپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئايال بىلەن بىرەر قېتىممۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە (جىنسىي ئەزاسى پەقەت ئىشلىمەيدىغان ئادەمگە ئوخشاش) ساقلىسىمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر ئىش چىقمايدىغان ئادەمنىڭ ئايالىمۇ بىرەر يىل ساقلاشقا بۇيرۇلماستىنلا ئايرىۋېتىلىدۇ.

ئەمما ئايالدا بولىدىغان ئەيىبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر: ئايالنىڭ ئەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان يېرىنىڭ ئېغىزى پۈتۈنلەي پۈتۈك بولىشىدۇر ياكى ئۇ يەرگە بەزگە ئوخشاش ئۆسمە گۆش ئۈنۈپ قالغان بولۇشىدۇر. ئۇ يەرگە پەيدا بولۇپ قالغان نەرسە بەزىدە توغرىسىغا تۇرىۋالىدىغان سۆڭەكتەك بىرەر نەرسە بولىدۇ.

ئەگەر ئايالدا بۇ ئەيىبلەر تېپىلسا، ئايالنىڭ ئايرىلىپ كېتىشنى تەلەپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 594 - بەت.

قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى بۇ ئەيىبلەر ئايالنىڭ ئۆزىدە تېپىلغاندۇر.

ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار ئەر: (سېنىڭ جىنسى ئەزايىڭ ئېتىلىپ قالغانكەن) دەپ، ئايال: ئۇنداق ئەمەس، دەپ ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، ئەر ئايالنى (شۇنداق ياكى شۇنداق ئەمەسلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن) ئاياللارغا كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار ئايال: سېنىڭ جىنسىي ئەزايىڭ كىسىلىپ كەتكەن ئىكەن دەپ، ئەر: ئۇنداق ئەمەس، دەپ ئىختىلاپلىشىپ قالغان ۋە ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى ئىشتاننىڭ تېشىدىن تۇتۇپ بىلگىلى بولمايدىغان بولسا، قازى ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا قاراپ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ يەرگە قاراشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋاقىتىدا، ئۇ يەرگە قاراش توغرىدۇر.

ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرەرسىدە ئېلىشىپ قالغانغا، ياكى تىرە كېسىلىگە ياكى ئاق كېسەلگە ياكى ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئېغىزى پۈتۈنلەي پۈتۈك بولغىنىغا، ياكى ئۇ يەرگە بەزگە ئوخشاش ئۆسمە گۆش ئۈنۈپ قالغىنىغا ئوخشاش ئەيىبلەر بولسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنى تاللاش ھوقۇقى يوق. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما (مالىكىي ۋە شافىئىيلارغا ئوخشاش) باشقا مەزھەپىدىكىلەر بولسا: «يەنە بىر تەرەپنىڭ مەزكۇر ئەيىب بار تەرەپتىن ئايرىلىپ كېتىشنى تاللاش ھوقۇقى بار» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆز قاراشلىرىغا تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى:

● ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئېلىشىپ قالغان ياكى تىرە كېسىلى ياكى ئاق كېسىلى بار، ياكى جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئېغىزى پۈتۈنلەي پۈتۈپ قالغان ئايال بىلەن توي قىلسا، ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم خالىسا ئۇنىڭ بىلەن ياشايدۇ، خالىسا ئۇنى قويۇۋېتىدۇ.» [1]

● ئەمرى ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمرى ئىبنى ئاس ئايالىغا ئەردىن بىرەر خەتەر كېلىپ قېلىش ئەندىشىسى بار سارائلىق تېزىملىكىگە كىرىپ قالغان بىر ساراڭ

(1) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى. ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەندۇر.

ئادەمنىڭ ئايالىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قا خەت يازىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەمرى ئىبنى ئاسقا بىر يىلغىچە قاراپ تۇرۇش، ئەگەر بىر يىل ئىچىدە ئۇ ئادەم سارائىلىقىدىن ئوڭشۇلۇپ قالسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەسلىك، ئەگەر ئۇ ئادەم بىر يىلغىچە ئوڭشالمىسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش ھەققىدە خەت يازغان.» (1)

# ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قىلغان قەسەمنىڭ بايانى

مەلۇم بىر مۇددەتكىچە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەمگە توختۇتۇپ بېرىلگەن مۇددەت بولسا، تۆت ئايدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم تۆت ئايدىن ئاز بىر مۇددەت ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن ئىككى ئاي جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بەزىدە ئەر ئايالى سەركەشلىك قىلغان ۋاقىتدا ئۇنى ئەدەبلەش يۈزىسىدىن بىر مۇددەت ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. الله تائالا بۇ ئىشنى يولغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر

(1) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى. بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەم باشقا ھەدىس رىۋايەت قىلىش شەرتلىرىگە توشقان كىشىلەردۇر. ئەمما ئۇ بىر ئادەم بولسا، رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئادەمدۇر.

(اللّٰه ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ» [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەمىناتلىرىنى كۆپرەك بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئاياللىرىنى ئەدەپلەش يۈزۈسىدىن ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلىپ ئۇلاردىن بىر ئاي ئايرىلىپ تۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر اللّٰه نى ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»» [2]

ئىسلام دىنى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەمگە تۆت ئاي مۇددەت توختۇتۇپ بېرىپ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋىردە ئاياللار تەمىنى يەتكىچە تېتىدىغان چوڭ بىر زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋىردە بىر ئەرنىڭ ئايالى سەركەشلىك قىلسا، ئۇ ئەر ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىش ئۇچۇن بىر يىل ياكى ئىككى يىل ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بىر مۇددەت ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلاتتى. ئىسلام دىنى كېلىپ شۇنداق قىلىدىغان ئەرلەرگە اللّٰه تائالا پەقەت تۆت ئاي مۇددەت توختۇتۇپ بېرىپ تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈردى: «ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى) اللّٰه ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللّٰه ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، اللّٰه ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ

(1) سۈرە نىسا 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ئەھزاب 28 ـــ 29 - ئايەتلەر.

تۇرغۇچىدۇر » [1] »

ئەگەر ئۇ ئادەم قەسەمنى (الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قىلماي) الله نىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ تېنىم سېنىڭ تېنىڭغا تەگمەيدۇ ياكى مەن سېنىڭ كۆرپەڭگە يېقىنلاشمايمەن، دېگەنگە ئوخشاش كىنايە سۆزلەرنى قىلغان ۋە بۇ سۆزلەردىن جىنسىي مۇناسىۋەتنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ.[2] چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك كىنايە سۆزلەر نىيەتكە قاراشلىق بولىدۇ. مەن سېنى قاپلىمايمەن، سېنىڭ قېشىڭغا كىرمەيمەن دېگەن سۆزلەرمۇ كىنايە سۆزلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

مەزكۇر قەسەمنىڭ پەرزى: ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قىلغان قەسەمنىڭ پەرزى بولسا، قەسەمنى مەزكۇر شەكىلدە (يەنى الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دېگەن شەكىلدە) قىلىشتۇر.

مەزكۇر قەسەمنىڭ شەرتى: ئۇنىڭ شەرتى بولسا، ئايالنىڭ ئۈستىگە قەسەم چۈشۈدىغان ئايال بولىشى لازىم. مەسىلەن: ئەر شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ۋاقتىدا ئۇ ئەرنىڭ ئايالى ھەقىقەتەن شۇ ئادەمنىڭ ئايالى بولۇشى ياكى ئىددەت ئىچىدىلا بولسا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالغا ئوخشاش ھۆكمەن شۇ ئادەمنىڭ ئايالى بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر قەسەم ئەمرىدە يوق يات ئايالغا ۋە يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: « ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ[4] »[3]

شۇنىڭدەك يەنە ئەرنىڭ تالاق قىلىش سالاھىيىتى بار ئادەم بولۇشى شەرتتۇر. مەسىلەن: ئەر ئەقلى - ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئادەم

(1) سۈرە بەقەر 226 ــــ 227 - ئايەتلەر.

(2) « رەددۇلمۇھتار »، 2 - توم، 545 - بەت.

(3) ئەمما يات ئايال ۋە يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان ئايال بىر ئادەمنىڭ ئايالى ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: بىر ئادەم يات بىر ئايالغا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ت.

(4) سۈرە بەقەر 226 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ۋە ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ (سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ) قىلغان قەسىمى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئايالىنى تالاق قىلىشقا سالاھىيىتى بار ئادەملەردىن ئەمەستۇر.[1]

مەزكۇر قەسەمنىڭ ھۆكمى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دېگەن ئادەم قىلغان بۇ قەسەمدە تۇرۇپ ئايالى (تۆت ئاي مۇددەت ئۆتكىچە) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، ئايالى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كاففارىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: ئەگەر مەن سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەم، ئۈستۈمگە ھەج قىلىش لازىم بولسۇن، دېگەنگە ئوخشاش ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قېلىش ئىشىنى ھەج قىلىشقا باغلىغان ۋە قەسەمدە تۇرالماي ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ھەج قىلىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم، مەن سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، ئەگەر ئۆتكۈزسەم، ئۈستۈمگە ھەج قىلىش لازىم بولسۇن، دېگەن ۋە قەسەمدە تۇرماي ئايالى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ھەم ھەج قىلىش ۋە ھەم قەسەمنىڭ كاففارىتىنى بېرىش لازىم كېلىدۇ.

ئايالىم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم قەسەمدە تۇرماي ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ئايالىم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قىلغان قەسىمى ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ. مەيلى ئۇ ئادەم قەسەمنى ۋاقىت توختىتىپ تۆت ئايغىچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قىلسۇن مەيلى مەلۇم بىر ۋاقىتنى توختاتماي قىلسۇن ياكى الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن تاكى (ئاخىر زاماندا چىقىدىغان) ھايۋان ياكى دەججال چىققۇچە ياكى كۈن ئولتۇرغان يەردىن تۇغقۇچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ ئايالى بىلەن مەڭگۈ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدىغان بىر شەكىلدە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 546 ـ بەت.

قىلسۇن، مەزكۇر قەسەم قەسەمدە تۇرمايلا ئايالى بىلەن جىنسىي ئۆتكۈزۈشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

مەزكۇر قەسەمنى مەلۇم بىر مۇددەت توختاتماي قىلغان ياكى ئايالى بىلەن مەڭگۈ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدىغان بىر شەكىلدە قىلغان ئادەمنىڭ ئايالى (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن) تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ھۆكمەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېگىنىگە ئوخشاش (تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئايال بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ئۈچۈن) باشقا بىر تالاق قىلىشقا ياكى ئايرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ قازىنىڭ قېشىغا بېرىشقا كېرەك يوق. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر قەسەمنى قىلغان ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن) تاكى ئايال ئەرنىڭ قىلغان قەسىمىدىن يېنىپ ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ياكى قەسىمىدىن يانمىسا تالىقىنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ قازىنىڭ قېشىغا بارمىغىچە، ئاندىن قازى ئەرنى ياكى ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ياكى ئۇنىڭ تالىقىنى بېرىۋېتىشكە بۇيرۇپ ھۆكۈم چىقارمىغىچە ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىگە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قىلغان قەسەم ھەققىدە: «شۇنداق قەسەم قىلغان ئادەم شۇ مۇددەت (يەنى تۆت ئاي مۇددەت) ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن خۇددى الله تائالانىڭ بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ ياكى ئايالىنى چىرايلىقچە ساقلاش لازىم ياكى تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ (ئايالىنىڭ تالىقىنى بېرىۋېتىش) لازىم» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: «تۆت ئاي مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئايالنىڭ تالاق قىلىنىپ كېتىشى ئەرنىڭ تالاق قىلىشىغا قاراشلىق بولىدۇ. ئايال ھەتتا ئەر ئۇنى تالاق قىلمىغىچە تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.»

بۇ ھەقتە ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، ئەبۇدداردا، ئائىشە قاتارلىقلارنىڭ ۋە بۇلاردىن باشقا يەنە ئون ئىككى ساھابىنىڭ ئىبنى ئۆمەرگە ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىينىڭ دېگەن مەزكۇر سۆزى كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭمۇ كۆزقارىشىدۇر. كۆپ ساندىكى ئالىملارمۇ: تۆت ئاي مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن مەزكۇر قەسەمنى قىلغان ئادەمگە، بىر بولسا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قايتىش، بىر بولسا ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. (ئەگەر ئۇ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قايتىشنى تاللىسا، ئايال ئۇنىڭ ئەمرىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشنى تاللاپ ئايالىنى تالاق قىلىۋەتسە، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.) كۆپۈدىكى ئالىملار بولسا: ئەگەر مەزكۇر قەسەمنى قىلغان ئادەم تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قايتقان بولسا، ئايال ئۇنىڭ ئەمرىدە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قايتماي تۆت ئاي مۇددەتنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسا، ئايال تۆت ئاي مۇددەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا (ئەرنىڭ تالاق قىلىشىغا قاراپ تۇرماستىن) تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى ئىددەتنىڭ ئۆتۈش ئىشىگە ئوخشايدۇ. ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئايالمۇ ئىددىتىنىڭ چىقىپ بولۇشى بىلەنلا ئەردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىدۇ. كۆپۈدىكى ئالىملارنىڭ بۇ قاراشلىرىنى ئىمام تەبەرىي رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ئەسەرلەر كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام تەبەرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى مەسئۇد (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەن ۋە مەزكۇر قەسەمنى قىلغان ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قايتمىغان بولسا، ئايال يېڭىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئىمام تەبەرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە يەنە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىقلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.»(1)

بىر ئادەم ئايالىنى ئەۋۋەل يېڭىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىۋاتقان، ئاندىن مەن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ قەسىمى بىلەن قەسەم چۈشۈدىغان ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە

---
(1) «فەتھۇلبارى»، 9 - توم، 428 - بەت.

قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر قەسەمنىڭ شەرتى بولسا، ئايالىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلەيدىغان بىر ھالەتتە بولۇشى لازىمدۇر. يەنى ئايال ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ۋاقىتدا ئۇ ئادەمنىڭ ئەمرىدە بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمرىدە ئەمەس بىر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بىر ئادەممۇ شۇنداق قەسەم قىلىشى بىلەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كاففارىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغان قەسىمى تېخى بۇزۇلۇپ كەتمىگەندۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئەمرىدە ئەمەس بىر ئايالغا: ئەگەر مەن سېنى بىلەن توي قىلسام، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەمنى ئۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان تويغا باغلاپ تۇرۇپ قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.[1]

بىر ئادەم ئەۋۋەل ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم يەنە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ مەزكۇر قەسەمنى قىلغانلىق ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ مەزكۇر قەسەمدىن كېيىن ئۇنىڭ نىكاھىدا بولۇشىنىڭ داۋاملىشىشى شەرت ئەمەس. ئايال ئىددەت تۇتۇپ تۇرىۋاتقان مەزگىلدە تۆت ئاي مۇددەت توشسا، ئايالىنىڭ ئەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلىپ بولۇپ (تۆت ئاي مۇددەت ئۆتۈپ كېتىپ بولغىچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا) ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن كېسەللەرگە ئوخشاش (مەسىلەن: ئەرنىڭ جىنسىي

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 428 - بەت.

ئاجىزلىق كېسىلىگە دۇچار بولغىنىغا ياكى ئايالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئۆسمە گۆش ئۈنۈپ قالغىنىغا ئوخشاش) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە توسالغۇ بولىدىغان بىرەر كېسەلگە دۇچار بولغانلىق ياكى شۇ مۇددەت ئىچىدە ئايالىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان يىراق بىر يەردە بولغانلىق ياكى تۈرمىگە سولۇنۇپ قالغانلىق ياكى ئايالى (ئاچچىغلاپ ئۆيىنى) تاشلاپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قايتىشى ئېغىز ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: مەن ئۇنىڭغا قايتتىم ياكى مەن ساڭا قايتتىم ياكى مەن مەزكۇر قەسەمنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم، ياكى دېگەن سۆزۈمدىن يېنىۋالدىم دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق قايتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا ئېغىز ئارقىلىق قايتىۋالغاندىن كېيىن تۆت ئاي مۇددەت چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان توسالغۇلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ) ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولالىسا، ئۇنىڭ ئايالغا قايتىشى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئايالىغا قايتماقچى بولغان ۋاقىتدا قىلىدىغان ئەسلى بىر ئىشتۇر. ئايالغا قايتىش ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن باشقا يەرگە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بولمايدۇ. ئايالىغا ئېغىز ئارقىلىق قايتىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن (مەزكۇر توسالغۇلار سەۋەبى بىلەن) ھەقىقەتەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەسلىكنىڭ داۋام قىلىشى شەرتتۇر. قاچان مەزكۇر توسالغۇلار يوقۇلۇپ ئايالى بىلەن ھەقىقەتەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەن ۋاقىتدا، ئايالىغا ئېغىز ئارقىلىق قايتىش ئەمەلدىن قالىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا مىڭ قېتىم ھارام، دېگەن بولسا، ئايالى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دېگەن بۇ سۆزى <سەن ماڭا ھارام> دېگەن سۆزنى مىڭ قېتىم تەكرارلىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەگەر ئۇ <سەن ماڭا ھارام> دېگەن سۆزنى مىڭ قېتىم تەكرارلىسا، ئۇنىڭ پەقەت بىرىنچى قېتىمدىلا، دېگەن سۆزى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 552 ـ بەت.

بىلەن بىر تالاق چۈشىدۇ. (يەنى ئايال ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۆزى بىلەن يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ، قالغان سۆزلەر بىلەن تالاق چۈشمەيدۇ.) چۈنكى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاقنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاققا چاپلاشقا بولمايدۇ.

توي قىلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرى بىلەن تالاق قىلىنغان ئايالنى ئىددەت تۇتۇۋاتقان مۇددەتنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تالاقنىڭ ئوچۇق سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ تالاق قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال ئىددىتىنىڭ ئىچىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم توي قىلىپ تېخى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن ئايالىنى: سەن تالاق!، سەن تالاق!، سەن تالاق! دەپ تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايال ئىددەت تۇتۇدىغان ئايال بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ پەقەت بىرىنچى قېتىمدىكى سۆزى بىلەنلا بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم بولمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك، ئۇلارغا ئاز _ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار»[1]

ئەگەر تالاق بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان بولسا، ئايالنى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتقان ئادەم ئۇ ئايالنى يەنە يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق قىلىۋاتالايدۇ. مەسىلەن: بىر ئەر ئايالىغا ئۈچ قېتىم: ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلساڭ الله تائالانىڭ ھالالى ماڭا ھارام بولسۇن! دېگەن، ئاندىن ئايال شۇ ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇ ئايال ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا بىر يەردە تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيمەن، دېگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېيىشتىن تەكىتلەشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم بىر قېتىم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك بولغان ۋە بىر قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) سۈرە ئەھزاب 49 ـ ئايەت.

ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ تۆت ئاي مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسە، ئۇ ئايال پەقەت بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ تۆت ئاي مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، (بىر قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنىڭغا بىر قەسەم كاففارىتى بېرىشلا لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېيىشتىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى نىيەت قىلمىغان ياكى ئۇنى تېخىمۇ چىڭىتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دېيىشى تەكىتلەش يۈزىسىدىن تەكرارلىغان ھېسابلانماستىن ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم دېگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم بىر قېتىم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك بولغان ۋە ئۈچ قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك بولغان بىر مۇددەت بىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم بىر قېتىم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۈچ قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئەگەر ئەر تۆت ئاي مۇددەت ئىچىدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۈچ قېتىم كاففارەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىر نەچچە قەسەم ئۈچۈن بىر دانە شەرتنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك بولىدۇ.[1]

# ئايالنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىشنىڭ ھۆكمى

ئايالنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىشمۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ئاياللار تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئايالنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ئايالنى تالاق قىلىۋاتلىق ھېسابلىناتتى. ئىسلام دىنى كېلىپ بۇ ئىشنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئايالنىڭ ئەرگە ھارام بولۇپ كېتىشىنى (ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش مەڭگۈلۈك ئەمەس) كاففارەت بەرسە تۈگەيدىغان ۋاقىتلىق قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئاۋازلارنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىغۇچى الله غا ھەمدۇ ـ سانالار

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 556 ـ بەت.

بولسۇنكى، مۇنازىرىلەشكۈچى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتتى، مەن بولسام ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپمۇ ئۇ ئايالنىڭ نېمە داۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىمىغان ئىدىم. ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك اللہ «اللہ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اللہ غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اللہ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر» [1] دېگەن ئايىتىنى چۈشۈردى.» [2]

ئىمام ئەھمەد بۇ ۋەقەنى تولۇقراق بايان قىلىپ ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇنازىرىلەشكۈچى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتاتتى، مەن بولسام ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپمۇ ئۇ ئايالنىڭ نېمە داۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان ئىدىم». يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەقىقەتەن سۆئىلەبەنىڭ قىزى خەۋلەنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى ئاڭلاپ بەزىلىرىنى ئاڭلىيالماي تۇراتتىم، ئۇ ئېرى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ مۇنداق داۋاتاتتى: ئېرىم ياشلىق باھارىمنى تۈگەتتى. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن پەرزەنتلەرنى تۇغۇپ بەردىم. مانا ئەمدى مەن ياشىنىپ قالغاندا ۋە تۇغۇتتىن توختىغان چېغىمدا، ئۇ مېنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىپ تالاق قىلىۋەتتى. ئۇ، بۇ سۆزلىرىنى ھەتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا اللہ تائالانىڭ بىر نەچچە ئايەتلىرىنى ئېلىپ چۈشكەنگە قەدەر تەكرارلىدى[3]»[4].

(1) سۈرە مۇجادەلە 1 ـ ئايەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ چۈشكەن ئايەتلەر تۆۋەندىكى ئايەتلەردۇر: «اللہ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اللەغا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اللہ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اللہ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، اللہ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازات قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، اللہ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازات قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)، بۇ (ئەھكام) اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمىر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار اللەنىڭ قانۇنىدۇر، (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» سۈرە مۇجادەلە 1 ـــ 4 ـ ئايەتكىچە. ت.

(4) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 374 ـ بەت.

ئايالنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق بولىدىغان تالاق مۇنداق بولىدۇ: بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا خۇددى ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش، دېگەندەك ئايالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ياكى سىنىڭ بىلىكىنىڭ ئۈستۈن تەرىپى ياكى قورسىقىڭ ياكى يوتاڭ ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېگەندەك ئايالىنىڭ بەدىنىنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر تالاق ئايالنى ياكى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىرەر بۆلىكىنى (ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئەمەس ھەمشىرىلىرى ۋە ھەمما ئاچىللىرىغا ئوخشاش) ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا مەڭگۈ نىكاھ چۈشمەيدىغان بىر ئايالغا ئوخشىتىش بىلەنمۇ بولىدۇ.

ئەمما ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئانىسىغا ئوخشىتىشى ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ئېرىگە: سەن ماڭا خۇددى ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش ۋە مەن ساڭا خۇددى ئاناڭنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېگەن بولسا، ئۇنىڭ دېگەن بۇ سۆزى ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى تالاق قىلىش ھوقۇقى ئايالنىڭ قولىدا ئەمەستۇر.

ئايالنى بۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق تالاق قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە يامان سۆزنى ۋە يالغان سۆزنى قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بەلكى چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغان ئادەم اللہ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز اللہ تائالانىڭ ھۆكمىنى ئالماشتۇرۇشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە قەدەم قويغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق قىلغان ئادەمگە كاففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئايالنى بۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق تالاق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەلۋەتتە يامان سۆز ۋە يالغان سۆز قىلغانلىقى ھەققىدە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، اللہ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» [1]

ئايالنى ئانىسىغا ياكى ئارىلىقىدا مەڭگۈ نىكاھ چۈشمەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقان ئاياللاردىن بىرىگە ئوخشاتقان ئادەمنىڭ ھەتتا كاففارەت بەرگەنگە قەدەر

(1) سۈرە مۇجادەلە 2 ـ ئايەت.

ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى شەھۋەت بىلەن تۇتقانغا، سۆيگەنگە ۋە جىنسىي ئەزاسىغا قارىغانغا ئوخشاش جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ باشلانغۇچلىرىنى قىلىشى ھارامدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايالنىڭمۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە شۇ ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇشىمۇ ھارامدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر - ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازات قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىنىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر» [1]

مەسىلەن: سەن ماڭا بىر كۈن ياكى بىر ئاي ئىچىدە ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېگەنگە ئوخشاش ئايالنى ئانىسىغا ۋاقىتلىق ئوخشىتىش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ[2]. ئەمما ۋاقىتلىق ئەمەس ئوخشىتىش تاكى كاففارەت بەرمىگۈچە بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئايالنى ئانىسىغا ئوخشاتقان بىر ئادەم ئايالنى كاففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ ئايرىلىپ كەتكەن، ئۇ ئايال باشقا بىرسىگە ياتلىق بولغان، ئاندىن (ئىككىنچى ئېرىدىن ئايرىلىپ) ئىلگىرىدىكى ئېرى بىلەن قايتا يېنىشقان بولسا، ئايالنى ئانىسىغا ئوخشاتقانلىقىنىڭ بۇرۇنقى تەسىرى يەنە بىللە قايتىدۇ[3].

ئەگەر ئايالنى ئانىسىغا ئوخشىتىپ سالغان ئادەم كاففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ قىلمىشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى ۋە الله تائالادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىشى لازىم. ئۇنىڭغا يەنە پەقەت بىر قېتىم كاففارەت بېرىش كېرەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە سەلەمە ئىبنى سەخرۇل بەيازىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئايالنى ئانىسىغا ئوخشاتقان ۋە كاففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەم ھەققىدە: «ئۇ ئادەمگە بىرلا قېتىم كاففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ» دېگەن[4]

(1) سۈرە مۇجادەلە 3 - ئايەت.

(2) يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن شۇ مۇددەت ئىچىدىلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى ئۇنىڭ باشلانغۇچلىرىنى قىلىشى ھارام بولىدۇ. شۇ مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كاففارەت بەرمەستىن ئايالى بىلەن شۇ ئىشلارنى قىلسا بولىدۇ. ت.

(3) يەنى ئۇ ئادەمگە تاكى كاففارەت بەرمىگۈچە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارامدۇر. ت.

(4) تىرمىزىي رىۋايىتى.

بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشاتقان ۋە كاففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئايالىمنى ئانامغا ئوخشاتقان ئىدىم، كاففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قالدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ساڭا رەھىم قىلسۇن! شۇنداق قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى» دېدى. ئۇ ئادەم: مەن ئايالىم پۇتىغا سالغان ھالقىنى ئاي يورۇقىدا كۆرۈپ قىلىپ ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن الله تائالا سېنى بۇيرىغان ئىشنى قىلمىغىچە ئايالىڭغا يېقىن كەلمىگىن» دېدى.[1]

الله تائالانىڭ: «ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار» دېگەن ئايىتىدىن شۇنداق قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلۈك نىيەت قىلىش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايال ئۆزىنى ھەتتا ئەر كاففارەت بېرىپ بولغىچە ئەرنىڭ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشىدىن ساقلىشى لازىم. قازى ئايالغا كېلىدىغان زەرەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەرنى كاففارەتنى تېز بېرىشكە ئالدىرىتىشى لازىم.

ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشىتىش ئىشىدىمۇ كىنايە سۆزلەر بولۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەناسى ئۇ سۆزلەرنى قىلغۇچى ئادەمنىڭ نىيىتىگە قارىتا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ياخشىلىق قىلىشتا ماڭا خۇددى ئانامغا ئوخشاش دېگەن بولسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ[2]. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تالاش ـ تارتىشىۋاتقان ۋە تالىقىڭنى بېرىمەن ۋە يا بەرمەيمەن، دېگەنگە ئوخشاش تالاق توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان بىر چاغدا، ئەر ئايالىغا: سەن ماڭا خۇددى ئانامغا ئوخشاش دېگەن، ئاندىن مەن بۇ سۆزىمدىن ئۇنىڭ ماڭا خۇددى ئانامغا ئوخشاش ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلغان ئىدىم دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئايالىغا:

---

(1) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(2) يەنى بۇ ئايالىنى ئانىسىغا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارام بولىدىغان دەرىجىدىكى ئوخشىتىش ئەمەس. ئەكسىچە: سەن ماڭا خۇددى ئانامغا ئوخشاش ياخشىلىق قىلىسەن، دېگەنگە ئوخشاش ياخشىلىق قىلىشتىكى ئوخشىتىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم مەن ئايالىمنى ئانامغا ئوخشىتىشنى مەقسىتىم شۇ تەرەپتىن ئوخشىتىش ئىدى دېسە، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئايالى ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. ت.

سەن ماڭا خۇددى ئانامغا ئوخشاش[1] دېگەن ئادەم بۇ سۆزنى دېيىشتىن تالاقنى نىيەت قىلغان بولسا، ئايالى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سۆز خۇددى سەن ماڭا هارامدۇرسەن، دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر مەزكۇر سۆزنى دېيىش بىلەن ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇمۇ ئايالنى ئانىسىغا ئوخشاتقانلىق هېساپلىنىدۇ. چۈنكى بۇ، ئوخشىتىش بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن هارام قىلىش بىلەن (هالال ئايالنى ئۆزىگە) هارام قىلىشتۇر.[2]

بىر ئادەم <خۇددى> دېگەن ئوخشىتىش سۆزىنى ئېغىزىغا ئالماي ئايالىغا: <سەن ئانامدۇرسەن> دېگەن بولسا، ئۇنىڭ دېگەن بۇ گېپى هېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ ئايالنى ئانىسىغا ئوخشاتقان بولۇشى ئۈچۈن <خۇددى> دېگەن ئوخشىتىش سۆزىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە بايان قىلىشى لازىم.

بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: سەن ئانامدۇرسەن دېيىشى ياكى هەي قىزىم ياكى هەي هەمشىرەم، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر سۆزنى قىلىشى مەكرۇهتۇر. بۇ هەقتە ئەبۇداۋۇد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: ئى هەمشىرەم دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى يامان كۆرگەن ۋە ئۇنداق دېيىشتىن توسقان.»

## ئايالنى ئانىسىغا ئوخشىتىشنىڭ كاففارىتىنىڭ بايانى

### <كاففارەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا

<كاففارەت> دېگەن سۆز مەنا جەهەتتىن گۇناهنى ئۆچۈرمەك، ئۇنى يۇشۇرۇپ قالماق ۋە ياپماق، دېگەنلىك بولىدۇ.

<كاففارەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەهەتتىن مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ:

(1) بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك بىر ئادەم ئايالىغا: سەن ماڭا خۇددى ئانامنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاش دېسە، ئۇنىڭ نىيىتى قانداق بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا ئايالى هارام بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىر ئادەم ئۇنداق دېمەي، سەن ماڭا خۇددى ئانامغا ئوخشاش دېسە، بۇ سۆزنىڭ قايسى مەنانىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقى ئۇنى دېگۈچى ئادەمنىڭ نىيىتىگە قاراشلىق بولىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 2 ـ توم، 576 ـ بەت.

كاففارەت بېرىش نىيىتى بىلەن بىر قۇل ئازات قىلىش. ئەگەر ئازات قىلىدىغانغا قۇل ياكى پۇل تاپالمىسا، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئاي ھېسابىدا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتۇش. ئەگەر ئۇ ئىككى ئاي كۈن ھېسابىدا **58** كۈن بولۇپ قالسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم روزىنى ئاينىڭ بېشىدا باشلىمىغان بولسا، ئارىسىدا رامىزان ئېيى ۋە روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر يوق **60** كۈن روزا تۇتىدۇ. روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر بولسا، روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى ۋە قۇربان ھېيتنىڭ **1** ـ **2** ـ **3** ۋە **4** ـ كۈنلىرىدۇر.

ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقاننىڭ كاففارىتى، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتالمىغانلىق ۋە قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇلىدىغان روزىنىڭ كۈنلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ رامىزان ئېيى ۋە روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

كاففارەت بېرىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، اللّٰه تائالانىڭ بۇ ئايىتىدۇر: «ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازات قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازات قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)، بۇ (ئەھكام) اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمىر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار اللّٰەنىڭ قانۇنىدۇر، (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[1]

ئەگەر ئۈستىدە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقاننىڭ كاففارىتى ئۈچۈن روزا تۇتۇش ياكى رامىزان ئېيىدا تۇتالمىغان كۈنلىرى ئۈچۈن قازا روزىسى بار بولۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇۋاتقان ئايال ھەيزگە ئوخشاش ئىنسانغا اللّٰه تائالا تەرىپىدىن كېلىدىغان بىرەر ئىشنىڭ يۈزىسىدىن تۇتۇۋاتقان روزىسىنىڭ ئارىسىغا پاسىل كىرىپ قالغان بولسا، بۇ پاسىل بىلەن ئۇ ئايالنىڭ

(1) سۈرە مۇجادەلە 3 ـــ 4 ـ ئايەتلەر.

روزىسى بۇلۇنۇپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئايال كىشى ئارىلىقتا ھەيز كۆرمەي ئىككى ئاي روزىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتالمايدۇ. ئەمما قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن تۇتۇدىغان روزىنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ[1]. ئەگەر ئۇستىدە ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتۇش بار بىر ئايال روزا تۇتۇۋاتقان جەريانىدا ھەيزى كېلىپ قېلىپ روزا تۇتۇشتىن توختاپ قالغان بولسا، ھەيزى تۈختۈغان كۈنىنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە روزىنىڭ داۋامىنى تۇتۇشنى باشلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئايال روزىنىڭ داۋامىنى ھەيزى تۈختۈغان كۈنىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەمەس ئارىلىقتا بىر كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ باشلىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئايالغا روزىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇشنى سەۋەبسىز تاشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن روزىنى يەنە قايتا بېشىدىن باشلاپ تۇتۇش لازىمدۇر. ئەگەر ئايال كاففارەت روزىنى تۇتۇۋاتقان جەريانىدا ھەيز كۆرۈشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بولسا، مەسىلەن: بىر ئايال بىر ئاي روزا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم ھەيز كۆرگەن، ئاندىن ھەيز كۆرۈشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ ئۇنىڭدىن ھەيز قېنى كېلىش توختاپ قالغان بولسا، روزىنى بېشىدىن باشلاپ قايتا تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال كاففارەتنىڭ ئىككى ئاي روزىنى تۈگىتىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئىككى ئاي روزىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتالايدىغان ھالەتتە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇ روزىنى باشقىدىن باشلاپ ئىككى ئاي ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇش لازىمدۇر. بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كاففارەت روزىسىنى تۇتۇۋاتقان بىر ئايال روزىنى تۈگىتىپ بولۇشتىن ئىلگىرى تۇغۇپ سېلىپ نىفاس كۆرۈپ قېلىپ روزىنىڭ ئارىلىقىغا پاسىل كىرىپ قالغان بولسا، بۇ پاسىل ئۇ روزىنى بۆلۈۋەتكەن ھېسابلىنىدۇ[2][3].

ئەگەر ئايالنى ئانىسغا ئوخشاتقان ئادەم ساقىيىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن بىرەر كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالغانلىق ياكى بەك قېرىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئىككى ئاي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان بولسا، **60** مىسكىنگە تاماق بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە پىترى سەدىقىسىنىڭ

(**1**) يەنى قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا پەقەت ئۈچ كۈن بولىدۇ. ئايال بۇ ئۈچ كۈن روزىنى ئارىلىقىدا ھەيز كۆرمەي ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتالايدۇ. ت.

(**2**) يەنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتىدىغان روزىنىڭ ئارىلىقىدا نىفاس كۆرۈپ قالغان ئايال نىفاستىن كېيىن روزىنى بېشىدىن باشلاپ باشقا تۇتۇش لازىمدۇر. ت.

(**3**) «رەددۇلمۇھتار»، **2** ـ توم، **581** ـ بەت.

مىقدارىدا بىر نەرسە بېرىلىدۇ. روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان ئادەمنىڭ 60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، اللّٰه تائالانىڭ: «(قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىشى لازىم)» [1] دېگەن ئايىتىدۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم بىر مىسكىنگە ھەر كۈنى بىر ۋاخ تاماق بولۇپ 60 كۈن تاماق بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ تاماققا بولغان ئېھتىياجى ھەر كۈنى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر كاففارەت ئۈچۈن مىسكىنلەرگە تاماق بېرىۋاتقان ئادەم 60 مىسكىنگە بىر ۋاختىن تاماق ياكى بىر مىسكىنگە 60 كۈن تاماق بېرىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ سالغان بولسا، ئۇنىڭ تاماقنى بېشىدىن باشلاپ قايتا بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى اللّٰه تائالا كاففارەت ئۈچۈن تاماق بەرمەكچى بولغان ئادەمگە، تاماقنىڭ ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى بېرىلىپ بولۇشىنى شەرت قىلمىدى.

ئايالىنى ئىككى قېتىم ئانىسىغا ئوخشاتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئىككى كاففارەت ۋاجىب بولۇپ قالغان ئادەم (بىراقلا) تۆت ئاي روزا تۇتقان، ياكى 120 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بەرگەن بولسا، بۇمۇ توغرا بولىدۇ. نىيەتنى ماۋۇ روزا ياكى بۇ تاماق پالانى كاففارەت ئۈچۈندۇر، دەپ قىلىشىنىڭ كېرىكى يوقتۇر. چۈنكى ھەر ئىككى كاففارەتنىڭ ئەسلى ئوخشاشتۇر.[2]

بىر ئادەم كاففارەت بەرمەكچى بولغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بايلىق ۋە پېقىرلىق ئەھۋالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشاتقان ۋاقتىدا باي ۋە بۇنىڭ كاففارىتىنى بەرمەكچى بولغان ۋاقتىدا پېقىر بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم كاففارەت ئۈچۈن روزا تۇتسا بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەم ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشاتقان ۋاقتىدا پېقىر ۋە بۇنىڭ كاففارىتىنى بەرمەكچى بولغان ۋاقتىدا باي بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم كاففارەت ئۈچۈن روزا تۇتسا بولمايدۇ.[3]

(1) سۈرە مۇجادەلە 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 22 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 585 ـ بەت.

# ئايالنى ئۆنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىشنىڭ بايانى

ئايالدىن بۇ خىل يول بىلەن ئايرىلىپ كېتىشنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەرەبچىدىكى ئەسلى سۆز بولسا <خۇلئى> دېگەن سۆزدۇر.

ئۇ سۆز مەنا جەھەتتىن مەسىلەن: ئاياغنى پۇتتىن چىقارغىنىغا ئوخشاش بىر نەرسىنى تارتىپ چىقارغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ سۆز ئىستىلاھ جەھەتتە ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى نىكاھ ئالاقىسىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىدىغانلىقىنى ئايالنىڭ قوبۇل شەرتى بىلەن كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەرنىڭ ئايالنى، ئايالنىڭ ئەر بەرگەن تويلۇقنى ئەرگە قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن قىلغان تالىقىنى ئايالنىڭ قوبۇل قىلىشى لازىم. چۈنكى ئايال ئەرگە ئۆنىڭ بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. (شۇڭا بۇنىڭدا ئايالنىڭمۇ رازىلىقى بولۇشى لازىم). ئەگەر ئەر ئايالنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا تويلۇقنىڭ پارىڭى بولمايلا تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ تالاق ھازىر بىز ئۈستىدە توختۇلۇۋاتقان تالاق ھېسابلانمايدۇ. بۇ يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ تالاقنى ئايالنىڭ قوبۇل قىلىشى لازىم ئەمەس. ئەمما ئەر ئايالنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا تويلۇقنىڭ پارىڭى بولغاندىن كېيىن تالاق قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئايالنىڭ بۇ تالاقنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ئايالنىڭ تالاقنى قوبۇل قىلىشى تالاقنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن ئەمەس (ئەرنىڭ ئۈستىدىن) تويلۇقنى بېرىشنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئۈچۈندۇر[1]. چۈنكى بۇ خىل تالاقنىڭ بەدىلىگە مال ـ مۈلۈك كېلىدۇ. (يەنى تويلۇقنىڭ ئۆزى ياكى تويلۇقنىڭ ئورنىغا بېرىلىدىغان مال ـ مۈلۈكنى دېمەكچىدۇر.)

ئايالنى (تويلۇق ئەمەس تويلۇقتىن باشقا) مەلۇم بىر مىقداردا مال ـ دۇنيا بېرىش شەرتى بىلەن تالاق قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئايالغا تويلۇقنى بېرىش چۈشۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۆنىڭ ئۈستىدىن گەرچە پەرز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ

(1) يەنى ئەسلىدە ئايالدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئادەم ئايالغا تويلۇقنى بېرىش لازىم. ئەمما ئەگەر ئايال ئەرگە: ئەگەر سەن مېنىڭ خېتىمنى بەرسەڭ، مەن ساڭا ماڭا ئالغان تويلۇقۇڭنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۆنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دېگەن ئاندىن ئەر ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ تالاقنى ئايالنىڭ قوبۇل قىلىشى لازىم. ئەگەر ئايال بۇ تالاقنى قوبۇل قىلسا، ئەرنىڭ ئايالغا تويلۇقنى بېرىشى لازىم بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزى ئايالغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. ت.

ئايالنىڭ (ئىددەت ئىچىدىكى) تەمىناتىنى بېرىش چۈشۈپ كېتىدۇ.[1]

بۇ خىل تالاقنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دەلىل-پاكىتى بولسا، اللە تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ اللە نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار اللە نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار اللە نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر» دېگەن ئايىتىدۇر.

بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئابباس (اللە تەئالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماسنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنى دىنى ياكى ئەخلاقى جەھەتتىن ئەيىبلىمەيمەن، لېكىن ئىسلامدا كۇپۇرلۇقنى يامان كۆرىمەن[2]، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا (تويلۇقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن خورمۇلۇق) بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز» دېدى. ئۇ ئايال: ماقول، دەپ سابىتقا تويلۇققا بەرگەن بېغىنى قايتۇرۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتنى ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىشقا بۇيرۇدى.» [3]

ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئالىملار ئەر كىشى بۇ خىلدىكى تالاقتا ئايالغا بەرگەن تويلۇق مىقدارىدىن ئارتۇق ئالسىمۇ بولىدۇ، دەيدىغان قاراشتىدۇر. ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): مەن سۆزى قوبۇل قىلىنىدىغان ئالىملارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ بۇ خىل تالاقتا ئەرنىڭ ئايالغا بەرگەن تويلۇق مىقدارىدىن ئارتۇق ئېلىشى بولمايدۇ، دېگەنلىكىنى كۆرمىدىم، لېكىن شۇنداق قىلىش بىر ئاز ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ، دېدى. (بىر قىسىم ئالىملار: ئەرنىڭ ئايالغا بەرگەن تويلۇق مىقدارىدىن ئارتۇق ئېلىشى توغرا ئەمەس، دەيدۇ.) اللە تائالا خالىسا بىز بۇلارنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.»

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېدى: ئەر ئايالغا تويلۇق ئۈچۈن بەرگەن نەرسىنىڭ ئۆزىنى ياكى شۇنىڭ مىقدارىدا بىر نەرسە ئېلىش لازىم دەيدىغان ئالىملار

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 557 ـ بەت.

(2) يەنى مەن ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغان بويىچە قىلالماسلىقىمنى يامان كۆرىمەن. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: مەزكۇر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتنىڭ ئايالىغا: «ئۇنىڭغا (تويلۇقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن خورمىلىقنى) بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز» دېدى. ئىبنى ئابباستىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتنى: «ئايالىدىن باغنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى ۋە ئارتۇق ئالماسلىقنى بۇيرۇغان». سەئىددىن رىۋايەت قىلىنغان بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتقا: «ئارتۇق ئالمىغىن» دېگەن. ئەتائىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتنىڭ ئايالىغا: «ئەمما ئارتۇق بېرىشكە بولمايدۇ» دېگەن. سەۋرىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلدۇ: «ئەرنىڭ ئايالدىن بەرگەن نەرسىسىدىن ئارتۇق ئېلىشى مەكرۇھتۇر» بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەيھەقي رىۋايەت قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سابىتنىڭ ئايالىغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: «ئۇنىڭغا (تويلۇقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن خورمىلىق) بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز» دېدى. ئۇ ئايال: ماقول ۋە ئۇنىڭغا يەنە نەرسە قوشۇپ بېرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەمما ئارتۇق بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئۇنىڭ بېغىنى قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېدى. ئۇ ئايال: ماقۇل، دېدى. شۇنىڭ بىلەن سابىت ئۇنىڭغا بەرگەن بېغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى قويۇۋەتتى. بۇ رىۋايەتنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچىلىك ئادەملەردۇر. ئابدۇرراززاق ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئەر ئايالغا بەرگەن نەرسىدىن ئارتۇق ئالمايدۇ.» بۇ ھەقتە تاۋۇس، ئەتا ۋە زۆھرىي قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئەر ئايالغا بەرگەن نەرسىدىن ئارتۇق ئالماسلىق كېرەك دەيدىغانلار بولسا ئەبۇھەنىفە، ئەھمەد ۋە ئىسھاق قاتارلىق ئىماملاردۇر.[1]

ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنى بۇ خىلدىكى تالاق بىلەن تالاق قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاھسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمەيدۇ. (شۇڭا ئەر ئايالغا تويلۇق ئۈچۈن بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى تالاق قىلسا، تالاق چۈشىدۇ.)

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 402 ـ بەت.

ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا كېلىشەلمەسلىك كۆرۈلگەندە، ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ خىلدىكى تالاقنى ئىشلىتىپ ئايرىلىپ كېتىش ھېچقانداق گۇناھ ئەمەس. اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئىككىسى ئۈزلۈشۈپ كەتسە، اللە ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ، اللە (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (1)

مەزكۇر تالاق ئۈچۈن تالاققا شەرت قىلىنغان ئىشلار شەرت قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەرنىڭ تالاق قىلىشقا سالاھىيىتى توشقان ئادەم بولۇشىدۇر ۋە ئايالمۇ تالاق چۈشۈدىغان بىر ھالەتتە بولۇشىدۇر.

## بۇ خىل تالاقنىڭ سۈپىتى

بۇ خىلدىكى تالاق ئەر ئۈچۈن قەسەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر ئايالىغا دېگەن سۆزىدىن ئايالى ئۇ سۆزنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن قايتىۋالالمايدۇ. ئەگەر ئايال ئۇ سۆزنى قوبۇل قىلمىسا، تالاق چۈشمەيدۇ. مەسىلەن: ئەر ئايالىغا: ئەگەر سەن ماڭا مىڭ كۈمۈش تەڭگە بەرسەڭ، مەن سېنىڭ تالىقىڭنى بېرىۋاتىمەن دېگەن بولسا، ئەر بۇ سۆزىدىن قايتىۋالالمايدۇ. ئايالنى بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىشتىن توساپمۇ قالالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەر بۇ سۆزنى ئەمەلدىنمۇ قالدۇرۇۋاتالمايدۇ.

ئەر بۇ خىلدىكى تالاقنى بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىيالايدۇ. مەسىلەن: سەمەت كەلگەن ۋاقتىدا مەن سېنى سەن ماڭا مۇنچىلىك پۇل بېرىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋاتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك ئەر بۇ تالاقنى بىرەر ۋاقىتنىڭ كېلىشىگىمۇ باغلىيالايدۇ. مەسىلەن: ئەتە تاڭ يورۇسا ياكى ئاينىڭ بېشى بولسا، مەن سېنى سەن ماڭا مۇنچىلىك پۇل بېرىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋاتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئەھۋاللاردا ئايال ئەرنىڭ سۆزىنى سەمەت كېلىپ بولغان ياكى ۋاقىت كېلىپ بولغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ، باغلانغان ئىش يۈز بەرگەندە ۋە ۋاقىت كەلگەندە چۈشىدىغان بىر تالاقتۇر. شۇڭا ئۇ ئايال ئەرنىڭ ئۇ سۆزىنى شۇ ئىشلار تېپىلغاندا قوبۇل قىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىش بولسا، ئېتىبارسىز ئىش ھېسابلىنىدۇ.

(1) سۈرە نىسا 130 - ئايەت.

بۇ خىلدىكى تالاق ئايال ئۈچۈن بىر نەرسىنىڭ بەدىلىدە مال بېرىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئايال بۇ خىل تالاقتا ئەردىن تالىقىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەرگە مال ـ مۈلۈك بېرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل تالاقتا خۇددى سودا ـ سېتىققا ئوخشاش مال ئالماشتۇرۇدىغان ئىشلاردا رىئايە قىلىنىدىغان ھۆكۈملەر رىئايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر گەپنىڭ بېشى ئايالدىن چىققان بولسا، ئايال سۆزىدىن ئەر ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى يېنىۋالالايدۇ. مەسىلەن: ئايال ئەرگە مەن ساڭا مۇنچىلىك مال ـ مۈلۈك بېرىپ ئۆزەمنى تالاق قىلىۋالىمەن، دېگەن بولسا، ئايال بۇ سۆزىدىن ئەر ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن يېنىۋالاي دېسە يېنىۋالالايدۇ. بۇ سۆز ئايالنىڭ ۋە ئەرنىڭ ئۇ سۆز دېيىلگەن ئورۇندىن قوپۇپ كېتىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. ئايال ئەگەر ئەر شۇ سۆزنى قىلغان يەردە بولمىغان ۋە ئايالغا ئەرنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى يەتكۈزۈلگەن بولسا، ئايال (ئەگەر ئەردىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىسا) شۇ سۆز يەتكەن سورۇننىڭ ئۆزىدە ئەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. (ئەگەر ئايال ئەردىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمىسا، ئەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ بولىدۇ.)

بۇ خىل تالاقتا ئايالغا ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بىر مۇددەت ئويلىنىۋېلىش ئىختىيارىنى بېرىش توغرىدۇر. مەسىلەن: ئەر ئايالغا سەن ئۈچ كۈنگىچە ئويلانغىن، مەن سېنى مۇنچىلىك مال ـ مۈلۈككە تالاق قىلىۋاتىمەن، دېگەن ۋە ئايال بۇ شەرتنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ ئىش ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە توغرىدۇر. شۇڭا ئۇ ئايال شۇ ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئەرنىڭ تالاق قېلىۋېتىشىنى تاللىسا، تالاق چۈشىدۇ ۋە ئايالغا شۇ مىقداردىكى مالنى ئەرگە بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئايال ئەرنىڭ سۆزىنى رەت قىلسا، تالاق چۈشمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەرگە مال بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئەرنىڭ ئايالغا ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىت بېرىشى توغرا ئەمەس. شۇڭا ئەگەر ئەر ئايالغا: سەن ئۈچ كۈنگىچە ئويلانغىن، مەن سېنى مۇنچىلىك مال ـ مۈلۈككە تالاق قىلىۋاتىمەن، دېگەن ۋە ئايال بۇ شەرتنى قوبۇل قىلغان بولسا، ئايال (شۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدە ئويلىنىپ ئەرنىڭ تالاق قىلىۋېتىشىنى خالىغاندىن كېيىن ئەمەس) شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تالاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئايالغا شۇ مىقداردىكى مال ـ مۈلۈكنى ئەرگە بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 559 ـ بەت.

**بۇ خىل تالاقنىڭ ھۆكمى**

بۇ خىل تالاق بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايال يېڭىدىن ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ئەمەس) ئايالدىن مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىپ ئۇنىڭ تالىقىنى بېرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئايال بۇ تالاقنىڭ يەنە يېڭىدىن ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئايال يەنە ۋاز كېچىش ئارقىلىقمۇ ئايال يېڭىدىن ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئايال ئېرىگە: سەن مېنىڭ تالىقىمنى بېرىۋېتىش شەرتى بىلەن مەن ئۈستۈڭدىكى پۈتۈن ھەقلىرىمدىن ۋاز كەچتىم دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەر ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەر ئۈستىدىكى ئايالنىڭ (مەسىلەن: تەمىناتىنى بېرىشكە ئوخشاش) پۈتۈن ھەقلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ ۋە ئايال يېڭىدىن ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئەر ئايالغا: سەن مېنى ئايالنىڭ ئەرلەرنىڭ ئۈستىدىكى پۈتۈن ھەقلىرىدىن ئادا ـ جۇدا قىلغىن دېگەن، ئايال شۇنداق قىلغان ۋە ئەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مەن (سېنى) تالاق قىلدىم، دېگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئايال ئەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايال بولسا، ئۇ يېڭىدىن ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىدىكى پۈتۈن ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشنىڭ بەدىلىگە كەلگەن تالاقتۇر.

ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىشمۇ، كىنايە تالاقنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تالاقتىمۇ خۇددى كىنايە تالاقلارغا ئوخشاش ئەر ـ خوتۇننىڭ تالاش ـ تارتىشۋاتقىنىغا، ئايالنىڭ مېنىڭ تالىقىمنى بەرگىن، مەن ساڭا ماڭا ئالغان تويلۇقۇڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دېگىنىگە ئوخشاش بىرەر ئالامەتنىڭ تېپىلىشى شەرت.

ئەگەر بۇ خىل تالاقنى تالاق ئەمەس خۇددى ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ دىگىنىگە ئوخشاش نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىنسا، بۇ ھۆكۈممۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەر: ئايالى بىلەن ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ئايرىلىپ كېتىش تالاق ئەمەس نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. شۇڭا ئەرنىڭ بۇ خىل يول بىلەن ئايرىلىشى ئەگەر ئايالنى تالاق قىلىش نىيىتى بىلەن

بولمىسا، تالاقنىڭ سانىنى كەمەيتىۋەتمەيدۇ[1]. ئەگەر مەزكۇر ئايرىلىشقا ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى بىر قازى نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دەپ ھۆكۈم قىلسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ھۆكۈمى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ئۇستىدە ئىجتىھاد قىلسا، بولىدىغان مەسىلىدۇر. (شۇڭا بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۇستىدە ئىجتىھاد قىلىپ مېنىڭ ئىجتىھادىم بويىچە بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى مۇنداق ئىكەن دېسە، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.)

ئەگەر سەركەشلىك قىلىش ئەر تەرەپتىن بولسا، ئەرنىڭ ئايالنىڭ تالىقىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (تويلۇقنى ياكى باشقا مال ـ مۈلۈك) ئېلىشى ھارامدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟. ئۆز ـ ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئايالالار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟» [2]

ئەگەر قىلىنغان سەركەشلىك ئايال تەرىپىدىن بولسا، ئەرنىڭ ئايالنىڭ تالىقىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئېلىشى ھالال بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ.» [3] يەنى ئايال ئەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىرىدىكى نىكاھنى بۇزغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ئېرىگە بىر نەرسە بەرسە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە گۇناھ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بىز يەنە يۇقىرىدا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئايالى ھەققىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ ئۆتتۇق.

(1) يەنى ئەسلىدە بىر ئەرنىڭ ئايالنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىش ھوقۇقى بار. ئەگەر مەزكۇر ئايرىلىش خۇددى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ۋە باشقا ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك تالاق ھېسابلانسا، ئەر ئايالنى بىر قېتىم تالاق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئىككى قېتىم تالاق قىلىش ھوقۇقى قالغان بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئايرىلىش خۇددى ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دېگىنىدەك نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھېسابلانسا، ئەر ئايالنى تالاق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئايالنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلالايدىغان ھوقۇقى شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. ت.

(2) سۇرە نىسا 20 ــ 21 ـ ئايەتلەر.

(3) سۇرە بەقەر 229 ـ ئايەت.

# لەنەت ئېيتىشنىڭ بايانى

## <لەنەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا

<لەنەت> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن قوغلىۋېتىش ۋە يىراقلاشتۇرۇۋېتىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

گەرچە لەنەت ئېيتىشتە ئايالنىڭ: اﷲ نىڭ غەزىپى ماڭا بولسۇن! دەيدىغان سۆزى بولسىمۇ لەنەت ئېيتىش <غەزەپ ئېيتىش> دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالماي <لەنەت ئېيتىش> دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئايالنىڭ بەشىنچى قېتىمدا: اﷲ نىڭ غەزىپى ماڭا بولسۇن! دېيىشتىن ئىلگىرى تۆت قېتىم اﷲ نىڭ لەنىتى ماڭا بولسۇن! دەيدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

<لەنەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن اﷲ نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. تۆت قېتىم قىلىنىغان بۇ قەسەم (بىر ئادەم ئايالىنى) زىنا قىلدى، دەپ قارىغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھچى بولىدىغان تۆت ئادەمنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەر قەسەم قىلغان ۋاقتىدا، ئەگەر يالغانچى بولسام اﷲ نىڭ لەنىتى ماڭا بولسۇن! دەيدۇ. ئايال قەسەم قىلغان ۋاقتىدا، اﷲ نىڭ غەزىپى ماڭا بولسۇن! دەيدۇ.

اﷲ تائالا لەنەت ئېيتىشنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اﷲ نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا اﷲ نىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اﷲ نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اﷲ نىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ» [1]

اﷲ تائالا: ئايال بەشىنچى قېتىمدا، ئەگەر ئېرىنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا، ماڭا اﷲ نىڭ غەزىپى بولسۇن! دەيدۇ، دەپ ئايالنىڭ غەزەپ سۆزىنى

(1) سۈرە نۇر 6 ــ 9 - ئايەتكىچە.

ئىشلىتىشنى، دېدى. بۇنداق قىلىش بولسا، ئاياللىنىڭ بۇ ئىشقا قەدەم قويۇشىنى توسۇپ قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئاياللار ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك كۆپ لەنەت ئېيتىدۇ. لەنەت ئېيتىشقا بۇلارنىڭ تىللىرى كۆنۈپ كەتكەن ۋە لەنەت ئېيتىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىغا بولغان قورقۇسى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئەگەر ئۇلارنى لەنەت ئېيتسۇن، دېيىلسە) ئۇلار ئىككىلىنىپ قالماستىنلا لەنەت ئېيتىششقا قەدەم قويۇشى مۇمكىن.

ئاياللارنىڭ كۆپ لەنەت ئېيتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىس بولسا، ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاياللار گۇرۇھى! سەدىقە قىلىڭلار، ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىڭلار، مەن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكىنىڭ سىلەردىن ئىكەنلىكىڭلارنى كۆردۇم» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىق ۋە ئېغىر بېسىق بىر ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بىزدىن بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر تولا لەنەت ئېيتىسىلەر. ئەرلىرىڭلارنىڭ ياخشىلىقىغا تانىسىلەر. سىلەردىنمۇ ئەقلى ۋە دىنى كەم، ھەر قانداق دانا كىشىنى ئازدۇرغۇچى كىشىنى كۆرمىدىم» دېدى. ئۇ ئايال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەقىل ۋە دىنىنىڭ كەملىكى نېمە؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمما ئەقلىنىڭ كەملىكى ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ تۇرۇشىدۇر. مانا بۇ ئەقلىنىڭ كەملىكىدۇر. (ھەيز كۆرگەنلىك سەۋەبى بىلەن) ھەر ئايدا نەچچە كۈن ناماز ئوقۇيالمايسىلەر ۋە رامىزاندا روزا تۇتالمايسىلەر. مانا بۇ دىنىڭلارنىڭ كەملىكىدۇر» دېدى.[1]

ئەرنىڭ قەسىمى ئەگەر ئەر يالغان ئېيتقان تەقدىردە (يەنى ئەر ئايالىم زىنا قىلدى، دېگەن سۆزنى يالغاندىن دېگەن ۋاقىتتا) ئايالغا قارا چاپلىغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ[2]. ئەگەر ئەر ئايالى ھەققىدە دېگەن سۆزىدە (يەنى ئايالىم زىنا قىلدى دېگەن سۆزىدە) راستچىل بولغان ۋە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) يەنى بىر ئادەم بىر ئايالغا زىنا قىلدى دەپ قارا چاپلىغان بولسا، ئۇنى جازالاش ئۈچۈن 80 قامچا ئۇرۇش لازىمدۇر. ئەر قارا چاپلاپ ئايالىم زىنا قىلدى، دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى پاكىتلاپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ قەسەم ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئورنىدا ئۆتىدۇ. ت.

ئايال ئېرىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ قەسەم قىلغان بولسا، ئايالنىڭ قەسىمى ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئەگەر ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە لەنەت ئېيتىشسا، ئەردىن بۆھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئايالدىن بولسا زىنا قىلغانلىقىغا بېرىلىدىغان جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى قەسەممۇ خۇددى جازاغا ئوخشاش ئىنساننى هالاك قىلىدۇ. چۈنكى ئاخىرەتنىڭ ئازابى دۇنيانىڭ ئازابىغا قارىغاندا قاتتىقتۇر[1].

## لەنەت ئېيتىششىنىڭ شەرتلىرى

لەنەن ئېيتىشىش ئۈچۈن لەنەت ئېيتىشماقچى بولغان ئەر - ئايالنىڭ ئارىسىدا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا نىكاهنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرەرسىگە چۈشمەي قالغان ئايال بىلەن توي قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئېيتىشقان لەنىتى توغرا لەنەت ئېيتىشقانلىق هېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايال بىلەن ئېيتىشقان لەنەتمۇ لەنەت ئېيتىشقانلىق هېسابلانمايدۇ. ئەمما ئىددەت ئىچىدىلا بولسا قايتا نىكاهسىزمۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق بىلەن تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايال بىلەن لەنەت ئېيتىشىش لەنەت ئېيتىشقانلىق هېسابلىنىدۇ.

لەنەت ئېيتىشىدىغان ئەردە تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىش لازىم:

1- ئازات بولۇش. 2 - ئەقلى - هۇشى جايىدا بولۇش. 3 - بالاغەتكە يەتكەن بولۇش. 4 - ئىسلام دىنىدا بولۇش. 5 - بۇرۇن بىر قېتىم بۆهتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بىلەن جازالانمىغان بولۇش.

لەنەت ئېيتىشىدىغان ئەردە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان خاس بىر شەرت بولسا، ئۇنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئۆزىدىن باشقا هېچقانداق پاكىتنىڭ بولماسلىقىدۇر. چۈنكى الله تائالا: «ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاهچىسى بولمىغانلار گۇۋاهلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى

---

[1] يەنى ئەر - خوتۇننىڭ بىرى توغرا گەپ قىلسا، بۇ دۇنيادا جازالىنىدۇ. مەسىلەن: ئايال ئەگەر زىنا قىلغان بولسا، مەن زىنا قىلدىم دەپ ئىقرار قىلسا، ئۇنىڭغا زىنا قىلغانلىق ئۈچۈن جازا بېرىلىدۇ، بۇ جازا دۇنيانىڭ ئازابىدۇر. ئەگەر ئىقرار قىلماي جازادىن يالغاندىن قەسەم قىلىپ قۇتۇلۇۋالغان بولسا، بۇ چاغدا ئايال دۇنيانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. ت.

دەلىللەش ئۈچۈن، اللە نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن.» دېدى.[1]

شۇنىڭدەك يەنە زىنا قىلدى، دەپ قارىلانغان ئايالدا تېپىلىشقا تېگىشلىك شەرت بولسا، ئۇ ئايالنىڭ زىنا قىلدى، دېيىلگەن سۆزگە ئىنكار قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ زىنا قىلمىغانلىقىنى ئېيتىشى لازىم. چۈنكى ئۇ، زىنا قىلدى دەپ قارىلانغان ئايالدۇر. ئۇ ئايالدا يەنە تۆۋەندىكى شەرتلەرمۇ تېلىش لازىم:

1 ـ زىنا قىلمىغان ئىپپەتلىك بولۇش. 2 ـ ئەقلى ـ هۇشى جايىدا بولۇش. 3 ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇش. 4 ـ ئازات بولۇش. 5 ـ ئىسلام دىنىدا بولۇش.[2]

شۇنىڭدەك يەنە ئايالغا چاپلانغان قارىنىڭ ئايالنى زىنا قىلدى، دەپ ئۇچۇق دېيىش بىلەن بولۇشى شەرتتۇر.

بىر ئەرنىڭ ئايالدىن تۇغۇلغان بالىنى: بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس، دەپ بالىنىڭ نەسەبىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئايالنى زىنا قىلدى، دەپ ئۇچۇق قارىلىغانلىقنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئايالدىن تۇغۇلغان بالىنى مېنىڭ بالام ئەمەس، دەپ بالىنىڭ نەسەبىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە دانە شەرتنىڭ تېپىلىشى لازىمدۇر:

1 ـ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلىدۇ.

2 ـ بالىغا تېنىش بالا تۇغۇلغان ۋاقىتدا ياكى بالا تۇغۇلۇپ بىر ياكى ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بولۇش.

3 ـ ھەممە ئادەم ئەرنى تەبرىكلىگەن ۋاقىتدا، ئەر ئەڭ ئاددىسى ئۇلارغا: بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس، دېگەن سۆزنى قىلماستىن جىم تۇرغانغا ئوخشاش يۇشۇرۇن بولسىمۇ ئەر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ سالمىغان بولۇشى لازىم.

4 ـ ئەر ـ خوتۇن ئايرىۋېتىلگەن چاغدا بالا هاياتتا بولۇش لازىم.

5 ـ ئەر (تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىگە ئىنكار قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن) ئايالى بىلەن ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئايال شۇ بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرۈش بىلەن يەنە بىر بالا تۇغماسلىقى لازىم.

(1) سۈرە نۇرنىڭ 6 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 585 ـ بەت.

6 ـ بالىنىڭ ئەرنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى شەرئى جەھەتتىن ئىسپاتلانماسلىقى لازىم. مەسىلەن: ئايال بىر بالا تۇغقان، ئەر ياتقان يېرىدە ئۆرۈلۈپ بالىنىڭ ئۇستۇگە چۈشۈپ كېتىپ بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ دىيىتىنى ئەرنىڭ جەمەتى بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان، ئاندىن ئەر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا قازى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى لەنەت ئېيتىشىشقا بۇيرۇيدۇ. بالىنىڭ ئەرنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلمايدۇ. چۈنكى بالىنىڭ دىيىتىنى ئەرنىڭ جەمەتىنىڭ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى بالىنىڭ ئەرنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. بالىنىڭ ئەرنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ بولۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەرنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى زىنا قىلدى، دەپ قارىلاپ بولغاندىن كېيىن لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم ياكى لەنەت ئېيتىشىشقا ماقۇل كەلگەنگە قەدەر ياكى مەن بوھتان چاپلىغان ئىدىم، دەپ ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئىقرار قىلغانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ. ئۇ ئادەم ئايالىغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇ جازا ئۇ ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتىپ بولغانغا قەدەر بېرىلمەيدۇ. (يەنى ئۇ دەسلەپ ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتىدۇ، ئاندىن سولاپ قويۇلىدۇ، ئاندىن جازا ئۆزىنىڭ ئايالىغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ.)

لەنەت ئېيتىشقاندا دەسلەپ ئەر ئاندىن كېيىن ئايال لەنەت ئېيتىدۇ. چۈنكى ئەر دەۋاگار تەرەپتۇر. ئەگەر ئايال دەسلەپ لەنەت ئېيتسا، تاكى لەنەتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتتە كەلگەن تەرتىپ بويىچە بولۇشى ئۈچۈن ئايال ئەر لەنەت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن لەنەتنى قايتا ئېيتىدۇ.

مەزكۇر ئايەت ئەگەر ئەر ئايالىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋاقتىدا ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالىملار ئەر لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتسا، ئۇنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى: «ئەرگە بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ بولسا مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىقلار ئىماملارنىڭ كۆز

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 590 ـ بەت.

قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتقان ئەر ياكى لەنەت ئېيتىشىشقا ماقۇل كەلگەنگە قەدەر ياكى مەن بوھتان چاپلىغان ئىدىم، دەپ ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئىقرار قىلغانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ. ئۇ ئايالغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ» دېدى.

اللە تائالانىڭ: «خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللە نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ» دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان جازانىڭ قانداق جازا ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بەزى ئالىملار: «بۇ جازادىن تۈرمىگە تاشلاش جازاسى مەقسەت قىلىنىدۇ» دەيدۇ. بەزىلەر بولسا: «بۇ جازادىن زىناخورغا بېرىلىدىغان جازا كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەيدۇ.

بۇ ئىختىلاپنىڭ مەنبەئى بولسا، ئايالنىڭ لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتقانلىقى ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلەمدۇ ياكى بېرىلمەمدۇ، دېگەن مەسىلىدە قىلىشىپ قالغان ئىختىلاپتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئايالنىڭ لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا زىنا جازاسى بېرىلمەيدۇ، ئايالمۇ خۇددى ئەرگە ئوخشاش ياكى لەنەت ئېيتىشىشقا ماقۇل كەلگەنگە قەدەر ياكى ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ، چۈنكى ئەرنىڭ (لەنەت ئېيتىشىپ) قەسەم قىلغانلىقى ۋە ئايالنىڭ لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ياكى ھەر ئىككىسىنى زىنا قىلدى، دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدىكى ئالىملار: «ئەگەر ئايال، ئەر (لەنەت ئېيتىشىپ) قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن لەنەت ئېيتىشىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭغا زىنا جازاسى بېرىلىدۇ» دەيدۇ.

## لەنەت ئېيتىششىنىڭ شەكلى

قازى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى بىر - بىرىگە قارىتىپ تۇرغۇزىدۇ. ئاندىن ئەرگە: لەنەت ئېيتقىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر: مەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن مەن ئايالىم زىنا قىلدى دېگەن سۆزۈمدە راستچىلدۇرمەن، دېگەن سۆزنى تۆت قېتىم دەيدۇ. بەشىنچى قېتىمدا ئەر: ئەگەر مەن ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن سۆزىمدە يالغانچى بولسام، الله تائالانىڭ لەنىتى ماڭا بولسۇن! دەيدۇ، ھەر قېتىمدا قولى بىلەن ئايالىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئايال: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مېنى زىنا قىلدى، دېگەن سۆزىدە يالغان ئېيتقاندۇر، دېگەن سۆزنى تۆت قېتىم دەيدۇ ۋە بەشىنچى قېتىمدا: ئەگەر ئۇ دېگەن سۆزىدە راستچىل بولسا، الله نىڭ غەزىپى ماڭا بولسۇن! دەيدۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن قازى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ. قازىنىڭ ئايرىۋېتىشى بىلەن ئايال يېنىشىش ئۇچۇن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق بولۇپ كېتىدۇ. قازى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئايال ئەرنىڭ ئەمرىدىكى ئايال ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قازى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرىمۇ ئەرنىڭ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى (سۆيگەنگە ۋە قۇچاقلىغانغا ئوخشاش) جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ باشلانغۇچلىرىنى قىلىشى ھارامدۇر. قازى تاكى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمىگىچە، ئەر - خوتۇن ئىككىسى لەنەت ئېيتىشىش بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن قازى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتسە، ھايات قالغىنى ئۇنىڭدىن مىراس ئالالايدۇ. لەنەت ئېيتىشقان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى قازى ئايرىۋەتمىگىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىبنى شىھاب، سەھل ئىبنى سەئىد ئەسسائىدىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇۋەيمىر ئەلئۆجلانىي ئەنسارلىق ئاسىم ئىبنى ئەدىيەنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاسىم! قېنى سۆزلەپ باق، بىر ئادەم ئايالى بىلەن بىر ئەرنى تۇتۇۋالسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن سىلەرمۇ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىسىلەر ياكى ئۇ ئادەم (ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە) قانداق قىلىشى لازىم؟ ئى ئاسىم!

سەن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەن ئۈچۈن سوراپ بەرگەن بولساڭ، دېدى. ئاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق سوئالنى ياقتۇرمىدى ۋە بۇ سوئالنىڭ سورالغانلىقىنى ئەيىبلىدى. ھەتتا ئاسىمغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان سۆزلەر ئېغىر كەلدى. ئاسىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن) ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇۋەيمىر ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى ئاسىم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىش توغرىسىدا ساڭا نېمە دېدى؟ دېدى. ئاسىم: سەن ماڭا بىر ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىدىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن سورىغان بۇ سوئالنى ياقتۇرمىدى، دېدى. ئۇۋەيمىرە: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەتتا بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىغىچە بولدى قىلمايمەن، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىۋاتقان بىر چاغدا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبەر! ئېيتقىن، بىر ئادەم ئايالى بىلەن بىر ئەرنى تۇتىۋالسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن سىلەرمۇ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىسىلەر ياكى ئۇ ئادەم (ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە) قانداق قىلىشى لازىم؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ۋە سېنىڭ ئايالىڭ توغرىسىدا اللە تائالا ئايەت چۈشۈردى، سەن بېرىپ ئايالىڭنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان سەھل ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ئۇۋەيمىرە ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشتى. (ئۇلار لەنەت ئېيتىشقان چاغدا) مەنمۇ كىشىلەر بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدىم. ئىككىسى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇۋەيمىرە: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن (بۇنىڭدىن كېيىن) بۇ ئايالنى ئەمرىمدە ساقلىسام مەن بۇنىڭغا (بۇ ئىشلارنى) قارا چاپلاپ دېگەن بولۇپ قالىمەن، دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇۋەيمىرەنى ئايالىنى تالاق قىلىشقا بۇيرۇمىسىمۇ ئۇۋەيمىرە ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى[1]. بۇ ھەدىسنى سەھل ئىبنى سەئىددىن رىۋايەت قىلغان ئىبنى شھاب: «بۇنداق قىلىش (يەنى لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى

(1) يەنى ئۇۋەيمىرە: مەن ھازىر ئايالىمنى بىر ئەر بىلەن تۇتىۋالدىم، دېدىم. كېيىن مەن بۇنى ئەمرىمدە ساقلىسام، مەن بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا خۇددى قارا چاپلاش يۈزىسىدىن دېگەن بولىمەن، دەپ ئايالى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھەتتا كېيىن يېنىشالمايدىغان دەرىجىدە ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى. مانا بۇ ھەدىس بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش گەرچە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ شەكىلدە قىلىنغان تالاقنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەدىس شۇنىڭدەك يەنە بىر ئېغىز سۆز بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاقنىڭ بىر تالاق ئەمەس ئۈچ تالاق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ت.

ئايرىۋېتىش) كېيىن لەنەت ئېيتىشقان ئەر - خوتۇنلارغا يۇرگۈزۈلىدىغان بىر تۈزۈم بولۇپ قالدى» دېدى.[1]

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلىق بىر ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا لەنەت ئېيتقۇزدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى.»[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئالىملار لەنەت ئېيتىشقان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ئايرىلىپ كېتەمدۇ ياكى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن قازىنىڭ ئايرىۋېتىشى بىلەن، ياكى ئەرنىڭ تالاق قىلىۋېتىشى بىلەن ئايرىلىپ كېتەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى: لەنەت ئېيتىشقان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ئايرىلىپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. لېكىن ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى: ئەر - خوتۇنلار ئايال لەنەت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە مالىكىي مەزھەپىدىن سەھنۇن: ئەر - خوتۇنلار (ئايال لەنەت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەس) ئەر لەنەت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ لەنەت ئېيتىشى (لەنەت ئېيتمىسا بېرىلىدىغان) زىنا جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلدى. ئەمما ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى بولسا، لەنەت ئېيتمىسا قارا چاپلىغانلىق بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازادىن قۇتۇلۇش بىلەن بىرگە يەنە ئايالدىن تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىنى، بالىنىڭ باشقا بىرسىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئايال بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، دەيدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ئەر لەنەت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ.) ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئىمام شافىئىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغان ئىختىلاپنىڭ پايدىسى مىراستا كۆرۈلىدۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەر لەنەت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالسا، (ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىچە: ھايات قالغىنى ئۆلۈپ قالغىنىدىن مىراس ئالالايدۇ. چۈنكى ئايال تېخى لەنەت ئېيتمىغان بولغاچقا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى تېخى ئايرىلىپ كەتمىگەن بولىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىچە: ھايات قالغىنى ئۆلۈپ قالغىنىدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى بىلەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسى ئايرىلىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.) ئىمام سەۋرىي، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى: لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى تاكى قازى ئايرىۋەتمىگىچە لەنەت ئېيتقانلىق سەۋەبى بىلەنلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى ئايرىلىپ كەتمەيدۇ، دېدى ۋە بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا لەنەت ئېيتىشىش توغرىسىدا كەلگەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەددىن ئىككى خىل كۆز قاراش رىۋايەت قىلىنغاندۇر.»[1]

ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشقان ئەرنىڭ قازى ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشتىن ئىلگىرىمۇ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھارامدۇر. ئايال لەنەت ئېيتىشقانلىق سەۋەبى بىلەن ئېرىگە مەڭگۈلۈككە ھارام بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇنلار مەڭگۈ بىر يەرگە كىلەلمەيدۇ.» دارىي قۇتنىي بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: «لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇنلار ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن مەڭگۈ بىر يەرگە كىلەلمەيدۇ.» <تەنقىھ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «بۇ، رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر» دېدى.[2]

ئەگەر ئەر لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەر بوھتان چاپلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 447 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 244 ـ بەت.

### ئەسكەرتىش:

بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىدىن بولمىغان بالىنى يالغاندىن ئېرىمدىن بولغان بالا، دەپ ئىقرار قىلىشى هارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ هەقتە لەنەت ئېيتىشىش ئايەتلىرى چۈشكەن ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر ئايال بىر قەۋمنىڭ پۇشتىدىن بولمىغان بىر بالىنى (ئۇلارنىڭ بالىسى، دەپ) ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزسە، ئۇ ئايال الله تائالانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەيدۇ. الله تائالا ئۇنى هەرگىزمۇ جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ. كىم قاراپ تۇرۇپ بالىسىغا تانسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇنى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ.» (1)

بۇ مەزمۇننى نەسەب توغرىسىدا چۈشكەن بۇ ئايەتمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاهىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە هېچ گۇناه بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناه بولىدۇ)، الله ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر» (2)

## تەمناتنىڭ بايانى

تەمناتتىن ئەر ئايالىغا بېرىدىغان تاماق، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي تۇتۇپ بېرىش ۋە بۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر ئېهتىياجلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۈچ سەۋەبنىڭ بىرسى تېپىلسا، ئۇ ئادەمگە ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تەمناتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئۈچ سەۋەب بولسا: ئەر ـ خوتۇنچىلىق سەۋەبىدۇر، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق سەۋەبىدۇر ۋە (هايۋانلارنىڭ ئىگىلىرىگە ئوخشاش) بىر جانلىققا ئىگە بولغانلىق سەۋەبىدۇر.

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

(2) بۇ سۈرە ئەهزاب 5 ـ ئايەت.

ئەر ـ خوتۇنچىلىق سەۋەبى بىلەن بىر ئادەمگە ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تەمىناتىنى بېرىشتىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئەرگە ئايالىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئايالىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئايال ئۆزىنى ئەرگە تاپشۇرۇپ ئەرنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن تارتىپ باشلىنىدۇ. الله تائالا ئەرنىڭ ئايالغا تەمىنات بېرىش ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچ بىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله دىن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [1]

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقانىنى بېرىش ئەڭ ياخشى سەدىقىدۇر. ئۈستۈنكى قول (بەرگەن قول) ئاستىنقى قولدىن (ئالغان قولدىن) ياخشىدۇر. بېرىشتە (ئايالىڭغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا ئوخشاش) ئۆزەڭگە يېقىن كىشىلەردىن باشلا. ئايال: يا ماڭا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىسەن ياكى مېنىڭ خېتىمنى بېرىسەن، دەيدۇ. قۇل: ماڭا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىپ ئاندىن ئىشلەتكىن، دەيدۇ. بالا بولسا: مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىمنى بەرگىن، مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن، دەيدۇ.»؟

ئەبۇھۇرەيرە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقانىنى بېرىش ئەڭ ياخشى سەدىقىدۇر. بېرىشتە (ئايالىڭغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا ئوخشاش) ئۆزەڭگە يېقىن

(1) سۇرە بەقەر 233 ـ ئايەت.

كىشىلەردىن باشلا.» [1]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئايال: يا ماڭا يېمەك - ئىچمەك بېرىسەن ياكى مېنىڭ خېتىمنى بېرىسەن، دەيدۇ> دېگەن سۆزىنى ئەر كىشى پېقىرلىشىپ ئايالىنىڭ تەمىناتىنى بېرەلمەيدىغان يەرگە يېتىپ ئايال ئەردىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىسا، ئەر بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلىدۇ، دېگەن قاراشتىكى ئالىملار ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ قاراشتىكى كىشىلەر بولسا، (مالىكي، شافىئي ۋە ھەنبەلي مەزھەپىدىكىلەرگە ئوخشاش) كۆپ ساندىكى ئالىملاردۇر. ئەمما كۇپەدىكى ئالىملار (يەنى ھەنەفي مەزھەپىدىكىلەر): ئايال سەۋرى قىلىدۇ، تەمىنات ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ، دەيدۇ.»[2]

ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزىر جەمەتىنىڭ خورمىسىدىن سېتىپ (ئۇنىڭدىن كىرىم بولغان پۇلنى) خوتۇن - بالىۋاقىلىرىنىڭ بىر يىللىق تەمىناتىغا ئاجرىتاتتى.»[3]

بىز يۇقىرىدا ئايال ئۆزىنىڭ ۋە بالىۋاقىلىرىنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئەرنىڭ مال - مۈلكىدىن ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز نورمال ھالدا ئالسا بولىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەن ئىدى: ئۇتبەنىڭ قىزى ۋە ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئايالى بولغان ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەبۇسۇفيان ناھايىتى بېخىل ئادەم. ئەگەر مەن ئۇنىڭ مېلىدىن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەستىن بىر نەرسە ئالمىسام، ئۇ ماڭا مېنىڭ تۇرمۇشىمغا ۋە ئوغلۇمنىڭ تۇرمۇشىغا يەتكىدەك تەمىنات بەرمەيدۇ. (ئەگەر مەن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي ئۇنىڭ مېلىدىن ئېلىۋالسام، ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ دېدى.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭ مېلىدىن قائىدە بويىچە سىزگە ۋە ئوغلۇڭىزغا يەتكۈدەك ئېلىپ ئىشلىتىڭ» دېدى.[4]

تەمىناتنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ئەر - ئايالنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 9 - توم، 501 - بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار باي بولسا، ئەرگە ئايالى ئۇچۇن بايىنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار پېقىر بولسا، ئەرگە ئايالى ئۇچۇن پېقىرنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام كەرخىي: «تەمىناتنى بەلگىلەشتە (ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئەمەس) پەقەت ئەرنىڭ ئەھۋالىغا قارىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەم ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم اللّٰهنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). اللّٰه ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، اللّٰه قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)[2]»[1]

ئىبنى ئابىدىن (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدىكى كۆپلىگەن رىۋايەتكە ئاساسەن پەقەت ئەرنىڭ ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەدمۇ شۇنداق دېگەن. <ئەتتۆھپە ۋە ئەلبەدائىئ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرىمۇ: بۇ توغرا قاراشتۇر، دېگەن. <ئەلبەھرى> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئالىملار ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار باي بولسا، ئەرگە ئايالى ئۈچۈن بايىنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىشنىڭ لازىملىقى، ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار پېقىر بولسا، ئەرگە ئايالى ئۈچۈن پېقىرنىڭ تەمىناتىنى بېرىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلدى. لېكىن ئۇلار ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى باي يەنە بىرى پېقىر بولغان ۋاقىتدا، قايسىسىنىڭ ئەھۋالىغا قارىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى، بۇ ھالدا كۆپلىگەن رىۋايەتكە ئاساسەن ئەرنىڭ ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما بىرىلگەن پەتىۋادا: ھەر ئىككى ئەھۋالدا (يەنى ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسى باي بولغان ئەھۋال بىلەن بىرى باي بولۇپ يەنە بىرى پېقىر بولغان ئەھۋالدا) باي بىلەن پېقىرنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ

(1) سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 39 ـ بەت.

تەمىناتى بېرىلىدۇ، دېيىلگەن »[1]

قازى، پېقىر بىر ئەرگە ئايالىغا پېقىرنىڭ تەمىناتىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان، كېيىن ئەر باي بولغان ۋە ئايال ئېرىنىڭ ئۈستۈدىن قازىغا داۋا قىلغان بولسا، قازى ئەرنى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئايالىغا باينىڭ تەمىناتىنى بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئايال سەركەشلىك قىلىدىغان ئايال بولۇپ ئېرىنىڭ گېپىگە ئۇنىماي ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئەرگە تاكى ئايال ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە ئۇنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇۋال قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ قالغان ئايال بولسىمۇ، ئەرگە تۈرمىگە تاشلىنىپ قالغان ئايالىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئەر پادىشاھنىڭ تۈرمىسىگە سولۇنۇپ قالغان بولسا، ئەردىن ئايالىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ۋەزىپىسى چۈشۈپ كېتىدۇ.[2]

## ئىشلەيدىغان ئايالنىڭ تەمناتى ھەققىدە

ئەگەر بىر ئايال ئۆيىنىڭ سىرتىدا بىر يەردە ئىشلىسە، ئۇنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئېرىنىڭ ئۈستۈدىن چۈشۈپ كېتەمدۇ؟ كۆچلۈكرەك رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئايال ئەگەر ئەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشلىگەن بولسا، ئۇنىڭ تەمىناتى ئەرنىڭ ئۈستۈدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئايال ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ئىشلىگەن بولسا، خۇددى سەركەشلىك قىلىدىغان ئايالنىڭ تەمىناتى چۈشۈپ كەتكىنىدەك ئۇ ئايالنىڭ تەمىناتىمۇ ئەرنىڭ ئۈستۈدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

<ئەلمۇجتەبا> دېگەن كىتابتا: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈم بىلەن كۈنىمىزدە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئالدۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن كۈندۈزدە ئۆزىنىڭ ئىش يېرىدە ئىشلەيدىغان، كېچىسى ئەرنىڭ قېشىدا بولىدىغان كەسپكار بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن ئادەمگە ئۇ ئايالنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم ئەمەس، دەپ بايان قىلىنغان. لېكىن <نەھرى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «<ئەلمۇجتەبا> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان بۇ ھۆكۈمگە بىر قاراپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال (ئىش يېرىدە) ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئۇ ئايال ئىشلەشكە سەۋەب

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 645 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 647 - بەت.

تېپىلغان ئايال ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەرنىڭ، ئايالنى يۇڭ ئىگىرىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە پۇرۇقى ئادەمگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى يېيىشتىن توسۇش ھەققى بار. شۇنىڭدەك ئەر يەنە ئايالنىڭ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئېمىتىش ۋە ئۇنى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە قويۇشتىن توسالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىش ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئۇستۇدىكى ھەققىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ بالا ئېمىتىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھەر تۇرۇشى ئايالنى چارچىتىدۇ. بۇ، ئايالنىڭ سۈلىتىدىن كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. ئايالنىڭ سۈلەتلىكى ئەرنىڭ ھەققىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ سۈلىتىگە دەخلى يەتكۈزۈدىغان بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنى ئۇ ئىشنى قىلىشتىن توسۇش ھەققى بار.

ئەگەر ئايال ئۆي ئىچىدە تاماق ئېتىش، نان يېقىش ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى يۇيۇشقا ئوخشاش ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتىن باش تارتسا، ئەگەر ئۇ ئايال (ئەسلىدىمۇ ئۆيدە) ئىش قىلمايدىغان ئايال بولسا ياكى ئۇ ئىشلارنى بىرەر كېسەل سەۋەبى بىلەن قىلمىغان بولسا، ئەر ئايالغا تەييار تاماق ئېلىپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئايال (ئەسلىدە ئۆيدە) شۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلىشمۇ قولىدىن كېلىدىغان بولسا، ئايالغا تەييار تاماق ئېلىپ بېرىش ئەرگە لازىم ئەمەس. ئەگەر ئايال ئىناۋەتلىك ۋە يۈز ئابرويلۇق ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ مەزكۇر ئىشلارغا ئوخشاش ئۆي ئىشلىرىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېرىدىن ئىش ھەققى تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئايالنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشى بىر دىنىي مەجبۇرىيىتىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بىلەن دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان پاتىمەنىڭ ئارىسىدا ئىش بۆلۈپ ئەلىگە ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى قىلىشنى ۋە پاتىمەگە ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىشنى بۇيرۇغان.[1]

ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ۋە ئەلىنىڭ ئايالى بولغان) پاتىمە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) (ئۆيدە ياغۇنچاقتا) ئۇن تارتىشتىن قولى تېلىپ ھالىدىن دەرت ئېيتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. (پاتىمە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 2 ـ توم، 648 ـ بەت.

رازى بولسۇن!) گە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بىر قۇلنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى يەتكەن ئىدى.) لېكىن پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن گېپىنى ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە دەپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام پەيدا بولۇپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا پاتىمەنىڭ دېگەن گەپلىرىنى يەتكۈزىدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىز يېتىپ ئورۇنلىرىمىزغا كىرىپ بولغان ۋاقتىدا بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. بىز (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن) ئورۇنلىرىمىزدىن قوپۇش ئۈچۈن تەمشەلگەن ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئورنىڭلاردىن مىدىرلىماڭلار، دەپ كېلىپ مەن بىلەن پاتىمەنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. ھەتتا مەن قورسۇقۇمدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پۇتلىرىنىڭ توڭغان ئەسىرىنى ھېس قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزگە: مەن ئىككىڭلارنى سىلەر مەندىن تەلەپ قىلغان نەرسىدىنمۇ (يەنى ئىشلەيدىغان ئادەمدىنمۇ) ياخشىراق بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ، دەپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇنغا كەلگەندە 33 قېتىم (الله ئەكبەر دەپ) تەكبىر ئېيتىڭلار، 33 قېتىم (سۇبھانەللاھ دەپ) تەسبىھ ئېيتىڭلار، 33 قېتىم (ئەلھەمدۇلىللاھ دەپ) ھەمدۇ ئېيتىڭلار» دېدى. مانا بۇ سىلەر ئۈچۈن (سىلەرگە ئىشلەپ بېرىدىغان) خىزمەتچىدىنمۇ ياخشىدۇر.[1]

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېدى: «بەزى ئالىملار: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى پاتىمە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە بىرەر ئەسەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىش (يەنى ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ سىرتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشى ۋە پاتىمە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىشى) ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ياخشى مۇئامىلىسىدىن ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن كېلىپ چىققاندۇر. ئەمما ئايالنى مەجبۇري ھالدا بىرەر ئىشقا سېلىش ھېچقانداق ئاساسى يوق بىر ئىشتۇر. ئەكسىچە بارلىق ئالىملار ئايالنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئەرنىڭ ئۈستىدە بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەندۇر،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دەيدۇ.»[1]

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك قازى، ئەگەر ئەر ئايالنىڭ تەمناتلىرىنى بېرەلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالسىمۇ ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك قازى يەنە ئەگەر ئەر يوق بولۇپ كېتىپ ئايال قېنىلىپ قالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسىمۇ ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەر ئايالىنىڭ تەمناتلىرىنى بېرەلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان ياكى ئەر يوق بولۇپ كېتىپ ئايال قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتدا ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشنى توغرا دەپ قارايدۇ. يەنى ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئەر بىر يەرگە كەتمەي ئايالىنىڭ قېشىدا بولسىمۇ ئەگەر ئەر ئايالىنىڭ تەمناتلىرىنى بېرىشتىن ئاجىزكەلگەن ۋاقىتدا، شۇنىڭدەك ئەر يوق بولۇپ كېتىپ ئايال قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتدا، قازى ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ.[2]

## بىر ئادەمگە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تەمناتىنى بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارنىڭ تەمناتلىرىنى بېرىش دادىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. چۈنكى بىر ئىنساننىڭ بالىسى ئۇنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ بالىسىغا تەمنات بەرگەنلىكى خۇددى ئۆزىگە تەمنات بەرگىنىگە ئوخشاشتۇر. بۇ، ئەگەر كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە تەۋە مال - مۈلكى بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئەگەر كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە تەۋە مال - مۈلكى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ تەمناتلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىدىن بېرىلىدۇ. چۈنكى ئەسلى قائىدە بىر ئىنساننىڭ تەمناتلىرى مەيلى ئۇ كىچىك بولسۇن مەيلى چوڭ بولسۇن ئۇنىڭ مال - مۈلكىدىن بېرىلىشى لازىمدۇر.

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دېدى: «ئالىملار بالاغەتكە يەتكەن، لېكىن ئۆز ئالدىغا مال - مۈلكى ياكى بىرەر ھۈنىرى يوق بالىنىڭ تەمناتىنى (دادىسىنىڭ

---

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 - توم، 507 - بەت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 2 - توم، 656 - بەت.

بېرىدىغانلىقى ياكى بەرمەيدىغانلىقى) ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: بالىلار مەيلى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بولسۇن مەيلى چوڭ بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە مال ـ مۈلكى بولمىسا، ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرى دادىسىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، دەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئەگەر بالىلار ئوغۇل بولسا بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر، قىز بولسا ياتلىق بولغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش دادىسىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇ ھالەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش دادىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەستۇر. لېكىن ئەگەر بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ بالىنىڭ تەمىناتى دادىسىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە مال ـ مۈلكى بولسا، دادىسىنىڭ ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئوغۇل تەرەپتىن بولغان نەۋرىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر.

بىر ئادەم كەينىدە بىر نەچچە بالىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇلارغا ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك قالدۇرمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ نەپسىلىرىدىنمۇ يېقىنمەن. شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆلۈپ كېتىپ مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ مال ـ دۇنيانى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئالىدۇ. كىمكى (مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن) ۋە مىراسخور قالدۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بىزگە (يەنى دۆلەتلەتنىڭ خەزىنىسىگە تاشلىنىدۇ.)» [1]

بىر ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ياكى چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلىرى پېقىر بولسا، ناۋادا ئۇلار باشقا دىندا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن» [1] بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئاچ مۇھتاج ھالدا تاشلاپ قويۇپ ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشىشى ياخشى ئىش ئەمەس. چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارنىڭ ھۆكمىمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا دادا بولمىغان ھالەتلەردە چوڭ دادا دادىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. چۈنكى چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارمۇ خۇددى ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاشلا ئۇ بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبكار بولغان كىشىلەردۇر.

بىر بالىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، چوڭ دادىلىرىنىڭ ۋە چوڭ ئانىلىرىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پېقىر بولۇشلىرى شەرت قىلىندى. چۈنكى بىر ئادەم مال ـ مۈلكى بار ئادەم بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەمىناتىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن قىلغانلىق باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن قىلغانلىقتا قارىغاندا ياخشىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارنىڭ باشقا دىندا بولۇشى ئۇلارنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىشكە توسالغۇ بولالمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلىنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، باشقا ـ باشقا دىندا بولسىمۇ بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا، ئاتا ـ ئانىسىغا، چوڭ دادىلىرىغا ۋە چوڭ ئانالىرىغا، باللىرىغا ۋە نەۋرىلىرىگە تەمىنات بېرىشى لازىمدۇر. باشقا دىندا بولسىمۇ ئايالغا تەمىنات بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىنىڭ سەۋەبى بىلەندۇر. ئەمما باشقىلارغا تەمىنات بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى ئاتا ـ بالىلىق بولغانلىقى سەۋەبى بىلەندۇر. بىر ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى چوڭ دادىسىغا ۋە چوڭ ئانىسىغا ياكى باللۇاقلىرىغا تەمىنات بەرگەنلىك خۇددى ئۆزىگە تەمىنات بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەگەر (تەمىنات بېرىدىغان ئادەم مۇسۇلمان) ئەمما ئۇلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش بار كاپىرلاردىن بولسا، مۇسۇلمان ئادەمگە ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن رۇخسەت ئېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىدە ياشاۋاتقان ئادەملەر بولسىمۇ ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كاپىر قەۋمىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بالىنىڭ ئۇلارغا تەمىنات بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىز مۇسۇلمانلار بىلەن دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كاپىرلارنى دوست تۇتۇشىمىزدىن ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىمىزدىن

(1) سۈرە لۇقمان 15 ـ ئايەت.

چەكلەندۇك. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. الله دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» [1]

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئانام مېنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇ كاپىر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ: ئانام قېشىمغا مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمنى تەما قىلىپ كەلگەن ئىگەن. مەن ئانامغا ياخشىلىق قىلسام بولامدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق قىلىڭ، ئانىڭىزغا ياخشىلىق قىلىڭ» دېدى.[2]

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ناھايىتى ئېسىل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ پرىنسىپلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەلخىتابىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مانا بۇ ھەدىس كاپىر ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭمۇ خۇددى مۇسۇلمان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئوخشاش مال ـ دۇنيا بېرىشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ياخشىلىق قىلىنسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە ئەگەر بالا مۇسۇلمان بولسىمۇ كاپىر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەمىناتى بالىنىڭ ئۈستىگە بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. كاپىر ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ بىر شەرتى بولسا، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان قەۋمدىن بولماي بەلكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇش قىلماي تىنچ ئۆتۈشكە كېلىشىم بار قەۋمدىن بولىشى لازىمدۇر.»

يەنە كېلىپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش

---

(1) سۈرە مۇمتەھىنە 8 ــ 9 ـ ئايەتلەر.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىۋاتقان قەۋمدىن ئەمەس مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇش قىلماي تىنچ ئۆتۈشكە كېلىشىم بار كاپىر ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[1] ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان قەۋمدىن بولغان ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى (ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ئەمەس) ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر.[2]

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كاپىر ئاتا ـ ئانىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا تەمىنات ياكى ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل ـماللار زاكات ماللىرىدىن بولماسلىقى لازىم. چۈنكى زاكات ماللىرى پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا بېرىلىدۇ.

بىر مۇسۇلماننىڭ خىرىستىيان قېرىندىشى بولسا، ئۇ مۇسۇلمانغا ئۇنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى تەمىنات ئىشى مىراس بىلەن ئالاقىداردۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» [3] باشقا دىندىكى ئادەم باشقا دىندىكى ئادەمدىن (ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغان تەقدىردىمۇ) مىراس ئالالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇسامە ئىبنى زەيد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ. كاپىر مۇسۇلماندىن مىراس ئالالمايدۇ.» [4]

شۇنىڭدەك يەنە مەھرەم كېلىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانغا مەيلى ئۇ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بولسۇن مەيلى چوڭ بولسۇن تەمىنات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇرۇق ـ تۇغقانغا تەمىنات بېرىشنىڭ بىر شەرتى ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىدىغان كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلىقى ياكى كور بولۇپ

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 234 ـ بەت.

(2) <روھۇلمەئانىي>، 28 ـ توم، 75 ـ بەت.

(3) سۈرە بەقەر 233 ـ ئايەت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن بىرەر ئىش قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان مۇھتاج بولۇشى لازىمدۇر.

ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىسىمۇ بىر ئادەمگە پۇل ـ مال بىلەن ياردەم قىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېھتىياجلىق بولۇشى ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بولۇشى، ياكى ئايال كىشى بولۇشى لازىمدۇر. ئەمما ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشى بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرەر ئىش قىلىپ تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈشكە كۈچى يەتسىمۇ ھەتتا ئۇلار ئىش قىلمىز، دەپ قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بالىنىڭ تەمىنات بېرىشى لازىمدۇر. بالا ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى تارتىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىشى لازىم. شۇڭا بالىغا ئاتا ـ ئانىسى بىرەر ئىش قىلىپ تۇرمۇشنى قامدىيالايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ.[1]

ئاتا ـ ئانا بىرەر ئىش قىلىپ تۇرمۇشنى قامدىيالايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ بالا ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى بېرىدۇ، دېگەن قاراشنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ:

ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۇل خوتۇنلارنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن تىرىشقۇچى ئادەمگە، اللە يولىدا جىھاد قىلغان ئادەمگە ياكى كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ۋە كۈندۈزدە روزا تۇتىدىغان ئادەمگە ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ.»[2] ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەمەس، لېكىن تۇل خوتۇن ۋە مىسكىن بولغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ئادەمگە بۇنداق ساۋاب بېرىلگەن يەردە تۇل خوتۇن ۋە مىسكىن بولۇپ ئارىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق يېقىنچىلىقى بار ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ئادەمگە ئۇنىڭغا ئوخشاش ساۋاب ئەلۋەتتە بېرىلىدۇ.

بىر ئادەمگە ئۇنىڭغا ئۇرۇق ـ تۇغقان كېلىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئىككىنچى ئادەمدىن ئۇ ئادەمگە كېلىدىغان مىراسنىڭ مىقدارىغا قارىتا بولىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا تەمىنات ئىشىنىڭ مىراس بىلەن

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 47 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئاندىن الله تائالانىڭ: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۈز ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك» [1] دېگەن ئايىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. چۈنكى بىر نەرسىگە تۆلەيدىغان بەدەلمۇ ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان پايدىغا قارىتا بولىدۇ ۋە ئىنسان ئۇستىگە چۈشكەن ھەقنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەجبۇرلىنىدۇ.

(بىر ئادەمنىڭ ئىككى مىراسخورى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تەمىناتىنى ئۇ ئىككى مىراسخورنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ بېرىشى ئۈچۈن) ئۇ ئىككى مىراسخورنىڭ ئۇ ئادەمگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقتا ئوخشاش يېقىن بولۇشى شەرتتۇر. مەسىلەن: بىر پېقىر ئادەمنىڭ چوڭ دادىسى ۋە نەۋرىسى بولغىنىغا ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇ پېقىردىن ئالىدىغان مىراسىنىڭ مىقدارىغا ئوخشاش. بۇ ھالدا ئۇ پېقىرغا ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئۇنىڭ تەمىناتىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ۋە نەۋرىسىنىڭ قالغان قىسمىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئەگەر ئۇ پېقىر ئادەم ئۆلۈپ ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭدىن مىراس ئېلىشقا توغرا كەلسە، چوڭ دادا ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ ئۇمۇمىسىدىن ئالتىنىڭ بىرىنى ئالىدۇ ۋە نەۋرە بولسا قالغانلىرىنى ئالىدۇ.

ئەگەر ئىككى مىراسخورى بار بىر پېقىر ئادەمنىڭ ئۇ ئىككى مىراسخورىنىڭ بىرى بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا بىر ئاز يېقىن بولسا، ئۇ پېقىر ئادەمنىڭ تەمىناتىنى بېرىش پەقەت ئۇ بىرىنىڭ ئۇستىگە بولىدۇ. مەسىلەن: بىر پېقىر ئادەمنىڭ دادىسى ۋە بالىسى بولغىنىغا ئوخشاش. بۇ ھالدا ئۇ پېقىر ئادەمنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئۇستىگە بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ۋە سېنىڭ مال ـ مۈلكىڭ سېنىڭ داداڭغا تەۋەدۇر.[2]» بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەچچە ساھابە

(1) سۈرە بەقەر 233 ـ ئايەت.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى بىلەن تەمىنات ھەققىدە بىر ئادەمگە ئۇنىڭ بالىسى ئۇنىڭ دادىسىغا قارىغاندا بىر ئاز يېقىن ھېسابلىنىدۇ. ت.

(اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان.[1]

بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ۋە باللىرىم بار. دادام بولسا مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمنى ئىشلەتمەكچى بولىۋاتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ۋە سېنىڭ مال ـ مۈلكىڭ سېنىڭ داداڭغا تەۋەدۇر.» دېگەن.[2]

## (ھايۋانلارنىڭ ئىگىلىرىگە ئوخشاش) بىر جانلىقتا ئىگە بولغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنى بېقىش توغرىسىدا

ھايۋانلارنى بېقىش شۇ ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بىر ھايۋانى بېقىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ئۇ ھايۋانى بېقىشتىن باش تارتسا، باشقا شېرىكلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن قازى ئۇنى ئۇ ھايۋانى بېقىشقا مەجبۇرلايدۇ.

ھايۋاننىڭ ئىگىلىرى ھايۋانلارنى بېقىشقا ھۆكۈم جەھەتتىن ئەمەس دىيانەت جەھەتتىن بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ھايۋانلارنى قىيناش ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ زايا قىلىۋېتىش چەكلەنگەن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى نە تائام بېرىپ سۇغارماي، نە زېمىندىكى جانلىقلارنى تۇتۇپ يېيىشكە قويۇپ بەرمەي، ئۆلۈپ قالغۇچە سولاپ قويغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىپ ئازابلاندى.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مال ـ مۈلۈكنى ھالاك قىلىۋېتىپ زايا قىلىۋېتىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن اﷲ تائالا سىلەرگە ئانىلارنى قاقشىتىشنى، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنى ۋە بېرىشكە تېگىشلىك بولغاننى بەرمەي ئەكسىچە ئېلىشنىلا ئويلاشنى ھارام قىلدى. سىلەرنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 680 ـ بەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بىرىڭلارنىڭ دەپتىكەن، دېيىلىپتىكەن دېگەن سۆزلەرنى قىلىشىڭلارنى، مالنى زايا قىلىۋېتىشىڭلارنى ۋە كۆپ سوئال سورۇشۇڭلارنى يامان كۆرىدۇ.»[1]

كۆپ قىسىمدىكى ئالىملار ھايۋانىنىڭ ئىگىلىرى ھايۋانلارنى بېقىشقا (پەقەت دىيانەت جەھەتتىنلا ئەمەس) ھۆكۈم جەھەتتىنمۇ بۇيرۇلىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. بۇ قاراشنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىمام تەھاۋىي ۋە ئىمام كامال ئىبنى ھۇماملار توغرا ۋە كۈچلۈك قاراش دەپ قارىدى. مالىك، شافىئىي ۋە ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملارمۇ بۇ قاراشتىدۇر.[2]

# ۋەسىيەتنىڭ بايانى

ۋەسىيەتتىن بىر ئادەمنىڭ: مەن ئۆلگەندىن كېيىن پالانىغا پالانى نەرسىنى پۇتۇنلەي ياكى ئىشلىتىۋالغىلى بېرىڭلار، دەپ قالدۇرۇپ كەتكەن سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىش ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى» [3]

ۋەسىيەت قىلىش پەرز ئەمەس مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ۋەسىيەت قىلىش پەرز بولىدىغان ئىش بولسا، ھەممە مۇسۇلمانىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشى لازىم بولغان بولاتتى. لېكىن ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزلىرى، ھەقلىرى ۋە ئامانەتلىرى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەرز ئىگىلىرىگە قەرزىنى بېرىۋېتىشكە، ھەق ئىگىلىرىگە ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا ۋە ئامانەت ئىگىلىرىگە ئامانەتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كېتىشى پەرزدۇر.

كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ باشلىنىش دەۋرلىرىدە بىر ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىدىغان مال ـ مۈلكىدىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 2 ـ توم، 688 ـ بەت.

(3) سۈرە بەقەر 180 ـ ئايەت.

ئۆلۈش ئالدىدا ئاتا ـ ئانىلىرىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئوخشاش بېرىشنى خالىغىنىغا شۇ بويىچە ۋە ئارتۇق بېرىشنى خالىغىنىغا شۇ بويىچە ۋەسىيەت قىلىشى پەرز ئىدى. ئاندىن بۇ ۋەسىيەت مىراس ئايەتلىرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىتابىنىڭ ۋەسىيەت بۆلۈمىدە <مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق> دېگەن تېمىدا بىر باب تۈزدى ۋە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: (بۇرۇن) مال ـ مۈلۈككە باللار مىراس ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىلار ۋەسىيەت ئارقىلىق ئېرىشەتتى. ئاندىن الله ئۇ ھۆكۈمدىن خالىغانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھېسسىسىنى، ئاتا ـ ئانىغا مالنىڭ ئالتىدىن بىرىنى (ۋە ئۈچتىن) بىرىنى، ئايالغا مالنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ۋە تۆتتىن بىرىنى، ئەرگە مالنىڭ يېرىمىنى ۋە تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغان قىلدى[1].

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئىمام بۇخارىنىڭ <مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق> دېگەن تېمىدا تۈزگەن بابى بىر ھەدىسنىڭ سۆزىدۇر. بۇ ھەدىس خۇددى ئىمام بۇخارىنىڭ شەرتىگە توشمىغان ھەدىستەك ئىمام بۇ خارى بۇ ھەدىسگە <مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق> دەپلا باب تۈزۈپ قويۇپ بۇ ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنى بايان قىلمىغان»

مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدە ئەبۇداۋۇد، تىرمىزي ۋە باشقىلار ئەبۇئۇمامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشلۇشۇش (يەنى ۋىدالىشىش) ھەججىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدە: «شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەممە ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بەردى. مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق. (يەنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى ئالىدۇ)» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇغان مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. بەزى ئالىملار: مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغاندۇر، ئايەتنىڭ ھۆكمى پەقەت كاپىرغا ياكى قۇل ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاش مىراس

(1) مىراس ھەققىدە تەپسىلىي بايان الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا كېلىدۇ. ت.

ئالالمايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ۋە مىراس ئالالمايدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدۇ[1]. زاھھاك، تاۋۇس ۋە ھەسەن قاتارلىقلارمۇ بۇ قاراشتىدۇر. بۇ قاراشنى ئىمام تەبەريي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) توغرا قاراش دەپ تاللىدى.

الله تائالانىڭ: «ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى» [2] دېگەن ئايىتىدە ۋەسىيەت ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلماستىن مۇتلەق بىر ھالىتىدە كەلدى[3]. لېكىن ۋەسىيەتنىڭ قانچىلىق مىقداردا بولىدىغانلىقىغا مىراس ئايىتى ۋە تۆۋەندىكى ھەدىس چەكلىمە قويدى. ھەدىستە سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى مەن مەككىدە كېسەل يېتىۋاتقان چېغىمدا يوقلاپ كەلدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! (مەن بولسام كۆپ ماللىق ئادەم، مېنىڭ بىرلا قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق)، شۇڭا ماللىرىمنىڭ ھەممىسىنى (باشقىلارغا) ۋەسىيەت قىلىۋاتايمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. مەن: ئۇنداق بولسا يېرىمىنى ۋەسىيەت قىلىۋاتايمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. مەن: ئۇنداقتا ئۈچتىن بىرى بولسۇن دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچتىن بىرى بولسۇن، ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن مىراسخورلىرىڭنى باي ھالەتتە قويۇپ قويۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ كەمبەغەل ھالەتتە قويۇپ قويۇشىڭدىن ياخشىدۇر. الله رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق خىراجەت، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان نەرسەڭمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېدى.[4]

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەرەبلەر ئىسلام

---

(1) يەنى كاپىر ياكى قۇل بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن بالىسىدىن مىراس ئالالمايدىغان ئاتا ـ ئانىلار مال ـ مۈلۈككە ۋەسىيەت ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مىراس ئېلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن يىراق ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ ۋەسىيەت ئارقىلىق مال ـ مۈلۈككە ئېرىشىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(2) سۈرە بەقەر 180 ـ ئايەت.

(3) يەنى مال قانچىلىق دەرىجىگە يەتكەندە ۋەسىيەت قىلىش ۋە ۋەسىيەت قىلغاندا قانچىلىق قىلىش ھەققىدە ھېچقانداق بىر چەكلىمە قويۇلماستىن مۇتلەق ھالىتىدە كەلدى. ت.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە مال ئىگىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىدىغان مىراس ۋە ۋەسىيەت تۈزۈملىرىنى بىلمەيتتى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۈچلۈكى كېلىپ ئىگە بولىۋالاتتى ـ دە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئېلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرىدىن مەھرۇم قوياتتى. كېيىن ئىسلام دىنى كېلىپ مال ـ مۈلۈكنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن كامىل بىر تۈزۈم يولغا قويدى. بۇ تۈزۈمنىڭ ئىچىدە مىراس ۋە ۋەسىيەت تۈزۈملىرىمۇ بار ئىدى. الله تائالا بىر ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى خالىغان يېرىگە ئۆزى ئىشلەتسۇن، دەپ ۋەسىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنىڭ ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مال ـ مۈلكىنى خالىغان يەرگە ئىشلەتمەكچى بولغان خائىشىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىسلام دىنى ئۇنىڭ شۇ خائىشىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىكى ھەقلىرىنىمۇ ساقلاپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تۈزۈملىرىنىڭ ئادىل ۋە قانۇنلىرىنىڭ ئادىل بىر قانۇن ئىكەنلىكىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

باشقا مىراسخورلارنىڭ رازىلىقى بولمىغان ھالەتتە ئومۇمي مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق ۋەسىيەت قىلىش توغرا ئەمەس. ئەگەر مال ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەن مىراسخورلىرى ئۇنىڭ ئومۇمي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بېرىشكە قىلغان ۋەسىيتىگە رازى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان بۇ ۋەسىيتى توغرا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەسىيەتكە قوشۇلماسلىق مىراسخورلارنىڭ ھەققى. ئۇلارنىڭ رازى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ ھەققىدىن چۈشۈپ بەرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

قەرز ۋەسىيەتتىن بۇرۇن ئادا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مال ـ مۈلكىدىن باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزى بولغان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ شۇ قەرزىگە يېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ قەرزىگە تۆلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيتى ئورۇنلانمايدۇ. چۈنكى قەرزنى تۆلەش پەرزدۇر. مال ـ مۈلۈكنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇش ياخشى بىر ئىشتۇر. ئەمما الله تائالانىڭ: «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ

بېرىلىدۇ.» [1] دېگەن ئايەتتە ۋەسىيەتنىڭ ئورۇنلىنىشىنىڭ بايانى قەرزدىن بۇرۇن كېلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ۋەسىيەت ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ۋە مىراسخورلار ۋەسىيەتنى ئورۇنلىسۇن، دېگەنلىك ئۈچۈندۇر.

ۋەسىيەت قىلغان ئادەم ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇ ۋەسىيەتنى ئورۇنلاش لازىم ئەمەس. شۇڭا ۋەسىيەت قىلغان ئادەم قىلغان ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇ ۋەسىيىتىدىن يېنىۋالسىمۇ بولىدۇ.

قىلىنغان ۋەسىيەت شەرىئەت ئەهكاملىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. شۇڭا بىر ئادەم مەسىلەن ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۈچ كۈن كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن تاماق يېيىشىگە ۋەسىيەت قىلىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ۋەسىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم چىققان ئۆيدىن ئۆلۈم ئۈزىغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېيىشى ياخشى ئىش ئەمەستۇر.

ئۆلۈم چىققان ئۆيدىن تاماق يېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى هەققىدە ئىمام ئەهمەد جەرىر ئىبنى ئابدۇللاهنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۆلۈم چىققان ئۆيگە يىغىلىشىپ ئولتۇرۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ (كىرگەن ئادەملەرگە) تاماق تەييارلىشىنى ئۆلۈمگە ئۈن سېلىپ يىغلاش بىلەن ئوخشاش دەپ بىلەتتۇق. (يەنى شۇنىڭغا ئوخشاش چەكلەنگەن ئىش، دەپ بىلەتتۇق.) ئۆلۈم چىققان ئۆينىڭ قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ۋە يىراق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈمنىڭ ئىگىلىرىگە تاماق تەييارلاپ ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدىن بىر كېچە ـ كۈندۈز خەۋەر ئېلىشى مۇستەهەپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام چەئپەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شەهىد قىلىنغان ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: «سىلەر چەئپەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە تاماق تەييارلاپ بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلارغا ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىش يېتىپ قالدى.» [2]

بىر ئادەم: مەن ئۆلگەندىن كېيىن نامىزىمنى پالانى چۈشۈرسۇن ياكى مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى باشقا بىر شەهەرگە ئاپىرىپ قويۇڭلار ياكى مېنىڭ كېپەنلىكىمگە مۇنداق، مۇنداق رەخت ئىشلىتىڭلار ياكى قەبرەمنى لاي بىلەن قاتۇرۇڭلار ياكى قەبرەمگە گۈمبەز ياساڭلار، ياكى قەبرەمدە قۇرئان ئوقۇغان ئادەمگە مۇنداق، مۇنداق نەرسە بېرىڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ

(1) سۈرە نىسا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ هەدىسنى ئىمام تىرمىزىي ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن هەدىستۇر، دېدى ۋە هاكىم بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن هەدىستۇر.

ۋەسىيتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، (باشقىلارغا بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسە، ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ قولىدا ياكى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قولىدا خۇددى ئامانەتنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا قولىدا شۇ نەرسە بار ئادەم، ئەگەر سەل قاراپ ئۇنى يوقۇتۇپ قويسا ئۇنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ۋەسىيەت قىلىنغان ئۇ نەرسە ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ ياكى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قولىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قەستەنلىكى ۋە سەل قارىغانلىق ئەھۋالى بولمىسا، ئۇلارغا ھېچقانداق تۆلەم كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە ئىشلىتىۋېتىلگەن ۋە ئىشلىتىۋاتقۇچى ۋەسىيەت قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدىن يېنىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. (بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك ۋەسىيەت قىلغان ئادەم ئۆلۈشتىن ئىلگىرى خالىسا ۋەسىيىتىدىن يېنىۋالالايدۇ). ئەگەر ئۇنى ئىشلىتىۋالغۇچى ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى بولسا، مەيلى ئۇلار ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن ئىشلەتسۇن مەيلى كېيىن ئىشلەتسۇن ئۇلار ئۇ نەرسىنى تۆلەيدۇ.[2]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ۋەسىيەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم، ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ئادەم ۋە ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى لازىم.

## ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر:

1 - ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم ۋەسىيەت قىلىش سالاھىتىگە ئىگە بولغان بولۇشى لازىم. يەنى بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى - ھوشى جايىدا ۋە ۋەسىيەتنى رازىمەنلىك بىلەن قىلغان بولۇشى لازىم. شۇڭا تېخى ياخشى - يامانىنى ئايرىيالمايدىغان كىچىك بالىنىڭ قىلغان ۋەسىيتى ۋە ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ ئېلىشىپ قالغان ۋاقتىدا قىلغان ۋەسىيتى كۈچكە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە مەجبۇرلانغان ھالدا قىلغان ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 426 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

ياكى چاقچاق قىلىپ قىلغان ئادەمنىڭ ۋەسىيىتىمۇ كۈچكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا تۇرۇپ ۋەسىيەت قىلغان ئادەمدە رازىمەنلىك بولمايدۇ.

2 ـ ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسى قەرزگە كېتىپ قالغىدەك دەرىجىدە قەرزدار بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى قەرزنى ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىش لازىم. چۈنكى قەرزنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. ۋەسىيەتنى ئورۇنلاش ياخشى بىر ئىشتۇر.

## ۋەسىيەت قىلىنغۇچىدا تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر:

1 ـ ۋەسىيەت قىلىنغۇچى بىر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغان بىر نەرسىگە ۋەسىيەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن بۇ سامانلارنى پالانىنىڭ ئۇلاغلىرىغا ۋەسىيەت قىلىمەن دېسە، ئۇنىڭ بۇ ۋەسىيىتى توغرا بولمايدۇ. (چۈنكى ئۇلاغ دېگەن بىر نەرسىگە ئىگە بولالايدىغان نەرسە ئەمەس.)

2 ـ ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ۋەسىيەت قىلىنغان ۋاقىتدا ھەقىقەتتە بار بولۇش، ياكى قورساقتىكى بالىغا ئوخشاش ھۆكمەن بار بولۇش لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن مال ـ مۈلكىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى پالانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا ۋەسىيەت قىلىمەن، دېگەن بولسا، قورساقتىكى بۇ بالىنىڭ بار ئىكەنلىكى ۋەسىيەت قىلىنغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئالتە ئايدىن ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە تىرىك تۇغۇلۇش بىلەن بىلىنىدۇ.

3 ـ ۋەسىيەت قىلىنغۇچى تەرەپ ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدىن مىراس ئالىدىغان مىراسخور بولماسلىقى لازىم. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكۈنۈمىزدەك مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى مىراس ئالىدىغانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرۈش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش ۋە بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈشۈش ئۇرۇغىنى چاچىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق ئالاقىنىڭ ئۈزۈلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ئادەمنىڭ ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمدىن مىراس ئالىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكى ۋەسىيەت قىلىنغان

ۋاقتىدا ئەمەس ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلگەن ۋاقتىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1].

4 ـ ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن ئادەم بولۇشى لازىم. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم خۇددى مىراسخور مىراس ئالىدىغان ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مىراستىن مەھرۇم قالغىنىدەك ۋەسىيەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

5 ـ ۋەسىيەت قىلىنغۇچى مۇئەييەن ئادەم بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ مۇئەييەن ئادەم بولمىسا، ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ ۋە بىر نەرسە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن مال ـ مۈلكىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمگە ۋەسىيەت قىلدىم، دېگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ۋەسىيىتى توغرا بولمايدۇ. (چۈنكى بۇ ۋەسىيەت مۇئەييەن بىر ئادەمگە قارىتا قىلىنمىغاندۇر). ئەگەر بىر ئادەم: مەن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرىگە مال ـ مۈلكىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىمەن دېسە، بۇ ۋەسىيەتمۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالدىمۇ ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم مۇئەييەن ئادەم ئەمەستۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ۋەسىيەت توغرا بولىدۇ ۋە ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسە ئۇ ئىككى ئادەمگە يېرىم ـ يېرىمدىن بۆلۈپ بېرىلىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم: مەن مال ـ مۈلكىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن دېسە، بۇ ۋەسىيەتمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىر ئادەم: مەن مال ـ مۈلكىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا ۋەسىيەت قىلىمەن دېسە، بۇ ۋەسىيەت توغرا بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىنىڭ بۇ ۋەسىيەتكە ئېھتىياجى بار ۋە ۋەسىيەت قىلغۇچىمۇ ۋەسىيەت قىلىشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ مەقسەت بولسىمۇ مال ـ مۈلكىنى باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىش ئارقىلىق اللّٰه تائالاغا يېقىنلىششتۇر.

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمگە ۋەسىيەت قىلغان ۋاقتىدا مىراسخور ئەمەس ئەمما ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مىراسخور بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ۋەسىيەت قىلغۇچىدىن مىراس ئالىدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ت.

## ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر:

1 ـ ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسە قىممىتى بار بولغان مال بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈك ھايۋاننى، قاننى ۋە ھاراقنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا قىممىتى بار مال قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ.

2 ـ ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسە مەيلى بىر نەرسىنىڭ ئۆزى بولسۇن مەيلى مەنپەئەتى بولسۇن بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان نەرسە بولۇشى لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئىنسانغا ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېلىشنى ياكى ئولۇغىغا مىنىۋېلىشنى ۋەسىيەت قىلغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، قىلىنغان بۇ ۋەسىيەت توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېلىشقا ياكى ئۇنىڭ ئولۇغىغا مىنىۋېلىشقا ئۇنىڭ ئىجارىسىنى بېرىش ئارقىلىقمۇ ئىگە بولالايدۇ.

3 ـ ۋەسىيەت قىلىنىدىغان نەرسە بىز يۇقىرىدا سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك ۋەسىيەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم.

## بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ توغرىسىدا

بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ياخشى ئىش قىلغۇچى ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم ھايات ۋاقتىدا ۋە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

## بۇ كىشىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر:

1 ـ بۇ ئىشقا تاللانغان ئادەم بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر ئادەم بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى تاللىغان بولسا، قازىنىڭ ئۇ بالىنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا

بالاغەتكە يەتكەن بىرسىنى تىكلىشى لازىم.

2 ـ ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولۇشى لازىم.

3 ـ ئادىل ئادەم بولۇشى لازىم.

4 ـ ئىشەنچلىك ئادەم بولۇشى لازىم.

5 ـ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەم بولۇشى لازىم.

ئەگەر بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەم ئىشەنچسىز پاسىق ياكى خىيانەتكارلىقى بىلىنگەن، ياكى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئادەم بولسا، قازى ئەگەر ئۇنى بۇ ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى تەيىن قىلىشتا بىر پايدا بار دەپ قارىسا، قازى شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى: ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كىپەنلىكىنى ئېلىپ ئۇنى يۇيۇپ تاراپ يەرلىكىدە قويىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ كىچىك باللىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ھەل قىلىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قېشىدا قويۇپ قويغان ئامانەتلىرى بولسا، ئۇنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلايدۇ. قەرزىنى تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ بىرسىگە بىرنەرسە بېرىش توغرىسىدا قىلغان ۋەسىيتىنى ئورۇنلايدۇ. كەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىدىغان داۋا بولسا، ئۇنى قىلىدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا ئۇ ئادەمنىڭ دادىسى تاللىغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا ئۇنىڭ دادىسى تاللىغان كىشى بولمىسا، ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئورۇنلايدۇ. ئەگەر چوڭ دادىسى بولمىسا، چوڭ دادىسى تاللىغان ئادەم ئورۇنلايدۇ. ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قازى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن تاللانغان ئادەمنىڭ يات ئادەم ۋە ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە تاللىغان ئادەم بىلەن ئادەتتە كىشىلەرمۇ گوللىنىپ كېتىدىغان نەرسىلەردە ئېلىم ـ سېتىم قىلىشى توغرىدۇر. ئەمما كىشىلەر گوللىنىپ كەتمەيدىغان

نەرسىلەردە ئېلىم - سېتىم قىلغان (ۋە گوللىنىپ كەتكەن بولسا)، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئېلىم - سېتىمى توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەم (ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ) يېتىم باللىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ساتقان ياكى ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋالغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ۋەزىپىگە قازى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئېلىم - سېتىمى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ۋەزىپىگە شۇ باللارنىڭ دادىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولغان ۋە بۇ ئېلىم - سېتىمنىڭ ئۇ يېتىم باللار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ بۇ ئېلىم - سېتىمى توغرا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەم ئۆلگەن ئادەمنىڭ كىيىملىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەم تەڭتۇشىنىڭ كىيىملىرىگە كەتكەن رەختىن كۆپرەك رەخت ئىشلەتكەن بولسا، ئارتۇقىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۆلگەن ئادەم ئۇنىڭغا كىيىملىكى ئۈچۈن رەختنى ئارتۇق ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا كىيىملىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان رەختنىڭ پۇلۇسى ئۇنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەم ئۆلگەن ئادەمنىڭ يېتىم باللىرىغا (ئۇلار ماللارنى تاپشۇرۋالىدىغان ھالەتكە يەتكەن ۋاقتىدا) بەرمەكچى بولغان مال - مۈلۈكنى ئەقلىگە كىرگەن ۋە لېكىن مال - مۈلۈكنى تاپشۇرۋالىدىغان ھالەتكە يەتمىگەن بىر چاغدا بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم مال - مۈلۈكنى تۆلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم مال - مۈلۈكنى بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئادەمگە بەردى.[1] چۈنكى اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: «يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 454 - بەت.

گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، اللّٰه ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر» [1]

بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەم يېتىمگە تەۋە مال ـ مۈلۈك بىلەن ئۆزى ئۈچۈن تىجارەت قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇنداق قىلسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئالغان پايدىسىنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تىجارەتتە زىيان تارتقان بولسا، يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئېلىپ تىجارەتكە سالغان مەبلەغنى تۆلەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم ئالغان پايدىنى يېتىم بالىغا بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېچىككىنىمۇ بىر نەرسىنى سەدىقە قىلمايدۇ.

بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەمنىڭ يېتىمگە تەۋە مال ـ مۈلۈك بىلەن يېتىم ئۈچۈن تىجارەت قىلىشى توغرىدۇر. قازىنىڭ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپىيىپ ئاۋۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن مەزكۇر ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەمنى يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن (يېتىم ئۈچۈن) تىجارەت قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە شېرىك قىلىشقا بۇيرۇشى لازىم. ئەمما بۇ ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەم يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن (يېتىم ئۈچۈن) تىجارەت قىلىپ قويۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ.[2]

توغرا رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا مەزكۇر ۋەزىپىگە تاللانغان ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئېھتىياجلىق بولسىمۇ (ئۇنى مەزكۇر ۋەزىپىگە تاللاپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ) يېتىم بالىلىرىغا قالغان مال ـ مۈلۈكتىن ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ئۈچۈن ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. لېكىن بەزى ئالىملار: «ئەگەر ئۇ ئادەم ئېھتىياجلىق بولسا، يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىگە چۇشلۇق ئىشلەتسە بولىدۇ» دېدى[3].

بۇ ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى اللّٰه تائالانىڭ: «(سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن» [4] دېگەن ئايىتى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق

(1) سۇرە نىسا 6 ـ ئايەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 455 ـ بەت.

(3) يەنى ئۇ ئادەمگە بۇ ئىش ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلىدىغان ئىش بولسا، قانچىلىك پۇل بېرىلىشكە توغرا كەلسە، شۇنچىلىك پۇلنى ئېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ت.

(4) سۇرە نىسا 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ ئايەت يېتىم بالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قارايدىغان ئادەم ھەققىدە چۈشكەن.»

# مىراس ئىلمى توغرىسىدا

مىراس ئىلمىدىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيانى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئىلىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان ئىلىملارنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مىراس ئىلمىنى (مەندىن) ئۆگىنىڭلار ۋە كىشىلەرگە ئۆگىتىڭلار. چۈنكى مەنمۇ جېنىم ئېلىنىدىغان ئىنسانمەن. (يەنى مەنمۇ ۋاپات بولۇپ كېتىمەن). ھەقىقەتەن بۇ ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. پىتنە ـ پاسات ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ. ھەتتا ئىككى ئادەم مىراس ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىغان بىرەر كىشىنىمۇ تاپالمايدۇ.»[1]

اللہ تائالا مىراس ھەققىدە مۇنداق دېدى: »ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (اللہ نىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ«[2]

مىراس ئىلمى، مىراسخور، مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەم ۋە ھەقىقەتەن ياكى ھۆكمەن مىراس قىلىنىپ ئېلىنىدىغان نەرسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ئاساس قىلىدۇ.

بۇ ئىلىمنىڭ ئۈچ شەرتى باردۇر:

1 ـ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلگەن بولۇشى ياكى يوقۇلۇپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش ھۆكمەن ئۆلۈشى، ياكى دىيەت بېرىش كېرەك

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، ئەھمەد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە نىسا 7 ـ ئايەت.

**بولغان كىچىك بالىغا[1] ئوخشاش تەقدىرەن ئۆلۈشى لازىم.**

**2 ـ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەم ئۆلگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ مىراسخورى ھەقىقەتەن ياكى قورساقتىكى بالىغا ئوخشاش تەقدىرەن ھاياتتا بولۇشى لازىم.**

**3 ـ مىراسخورنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەم بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قانداق ئالاقە ئىكەنلىكىنى (مەسىلەن: ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئالاقىسىمۇ ياكى ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىسىمۇ) بىلىش ۋە مىراسنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇنىڭ توسالغۇلىرىنى بىلىش لازىم.**

**مىراس ئىلمى پەقەت قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى (يەنى ئىجماسى) بىلەن مەيدانغا كەلگەندۇر. مىراس ئىلمىدە قىياس قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنمايدۇ. چۈنكى قىياس قائىدىسىگە (تۆتدىن بىرى، ئالتىدىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش) ئۆلچەملەردە ئەمەل قىلىنمايدۇ. چۈنكى مەسىلەن: نېمە ئۈچۈن بىر ئىنساننىڭ مىراستا بەشتىن بىرىنى ئالماي تۆتتىن بىرىنى ئالغانلىقىنىڭ قانداق ھېكمىتى بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.**

# ئۆلگەن ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىغا قاراشلىق بولغان ھەقلەر

**ئۆلگەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىدىن ئۇ ئادەم ئۆلگەن ۋاقتىدا ئارقىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتۈن مال ـ دۇنيا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىگە يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم باشقا بىر كىشى تەرىپىدىن سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تۆلەپ بەرگەن دىيەت، ئەگەر قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈچى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كېلىشىپ ئۇلارغا مال ـ دۇنيا تۆلەپ بەرمەكچى بولغان بولسا، بۇ مال ـ دۇنيامۇ كىرىدۇ.**

**ئۆلگەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياغا تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت تۆت خىل ھەق قاراشلىق بولىدۇ:**

(1) بىر ئادەم بىر ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۇرغان ۋە ئۇ ئايالنىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ت.

**1 ـ مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈگىنى يەرلىكىدە قويۇش ئۈچۈن تەييارلاش ۋە ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى بەكمۇ قىسۇالماستىن كېپەنلىك ئېلىش.**

**2 ـ مەزكۇر ئادەمنىڭ بەندىلەرنىڭ ئالدىدىكى قەرزلىرىنى ئادا قىلىش. ئەمما (ئادا قىلىنماي قالغان) زاكاتقا ۋە كاففارەتلەرگە ئوخشاش اللە تائالانىڭ ئالدىدىكى قەرزلەرگە كەلسەك، ئەگەر ئۆلگەن ئادەم بۇلارنى ئادا قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئادا قىلماي قالغان زاكات ۋە كاففارەتلەر (ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مال ـ دۇنيانىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلىپ بېرىلىدۇ.**

**3 ـ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇپ بولغاندىن ۋە ئۇنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بىلەن ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرى ئورۇنلىنىدۇ. اللە تائالا ۋەسىيەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: »(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ« [1]**

**بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئايەتتە دېيىلگەن ۋەسىيەتنىڭ ئورۇنلىنىشىنىڭ بايانىنىڭ قەرزدىن بۇرۇن كېلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ۋەسىيەت ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك ئۈچۈندۇر. چۈنكى ۋەسىيەتنىڭ ئورۇنلانماي قېلىشىنىڭ ئېھتىمالى بەك كۈچلۈكتۇر.**

**بىز يۇقىرىدا يەنە ۋەسىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسخورىغا ئەمەس مىراس ئالمايدىغان يات ئادەمگە قىلىنىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ھەممە ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بەردى. مىراس ئالىدىغان كىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق. (يەنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى ئالىدۇ.)»[2]ئەمما ئەگەر باشقا مىراسخورلىرى رازى بولسا، مىراسخورلىرى ئىچىدىن بىرەرسىگە مال ـ مۈلۈك بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىسىمۇ بولىدۇ.**

**4 ـ بۇ ئىشلاردىن ئېشىپ قالغان مال ـ دۇنيا، مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ**

(1) سۈرە نىسا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

سەۋەبلىرىدىن بىرەرسى تېپىلغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى مىراس تۈزۈمى ناھايىتى ئېنىق بىر ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ مال - دۇنيانى ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدىن كۆپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدىغانلىقىغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مال - دۇنيا پەقەت بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

## مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى

مىراسقا ھەقلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئۈچتۇر. يەنى بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن مىراس ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەبنىڭ ئىچىدىن بىرى تېپىلىشى لازىم.

1 - ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق سەۋەبى. ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىدىن مىراس ئالىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: »اللہ نىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، اللہ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر« [1] »ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار« [2]

2 - ئەر - خوتۇنلۇق سەۋەبى. يەنى بىر ئايال بىر ئەردىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بولغانلىق سەۋەبى بىلەن مىراس ئالالايدۇ. چۈنكى اللہ تائالا مۇنداق دېدى: »ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ

(1) سۈرە ئەنفال 75 - ئايەت.

(2) سۈرە نىسا 7 - ئايەت.

تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئايالىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.« [(1)] ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن مىراس ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھنىڭ، شەرتلىرى تولۇق بولغان نىكاھ بولۇش لازىم. شۇڭا ئارىسىدا (مەسىلەن: گۇۋاھچىسىز قىلىنغان نىكاھقا ئوخشاش) نىكاھنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەر شەرت كەم قالغان نىكاھ بار ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ.

3 ـ بىر قۇلنى ئازات قىلىۋاتلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان يېقىنچىلىق. يەنى بىر كىشى قۇل بىر ئادەمنى ئازات قىلىۋاتقان، قۇل ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق مىراسخورى يوق بولغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئۇنى ئازات قىلىۋاتقان كىشى مىراسخورلۇق قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(قۇل ئازات قىلىش ئارقىلىق بولغان) يېقىنچىلىقمۇ خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئارقىلىق بولغان يېقىنچىلىققا ئوخشاش بىر يېقىنچىلىقتۇر.» [(2)]

# مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولارنىڭ بايانى

## (أصحاب الفروض)

ئۆلگەن بىر ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىغا ئون تۈرلۈك ئادەم مىراسخورلۇق قىلىدۇ. مالنى بىرىنچى بولۇپ تۆتتىن بىرى ياكى ئالتىدىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولار ئالىدۇ[(3)]. (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان

(1) سۈرە نىسا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ھەببان بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) مىراسخورلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ؛ بىر تۈرلۈكى تۆتتىن بىرى ياكى ئالتىدىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولاردۇر. يەنە بىر تۈرلۈكى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۈلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار. مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۈلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار بولسا، يۇقىرىدىكى مىراسخولاردىن ئېشىپ قالغان مالنى ئالىدۇ. ئېشىپ قالغان مال مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى جىق بولسۇن ئۇلار ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ، ئەگەر مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولاردىن مال ئېشىپ قالمىسا، ئۇلار ھېچ نەرسە ئالمايدۇ. ت.

ماللارنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۈلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار ئالىدۇ). مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولار بولسا، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان ھەسسىلىرى قۇرئان كەرىمدە (تۆتتىن بىرى ياكى ئالتىدىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش) ئېنىق بايان قىلىنغان ئادەملەردۇر.

بۇلارنىڭ مىراسنى بىرىنچى بولۇپ ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىبنى ئاببا‌س (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مىراسنى (بىرىنچى بولۇپ) مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولارغا بېرىڭلار، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى ئەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا (بېرىڭلار).»[1]

بۇ خىلدىكى مىراسخورلارنىڭ (قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان) ئۈلچەملىرى بولسا، يېرىمى (1/2)، تۆتتىن بىرى (1/4)، سەككىزدىن بىرى (1/8)، ئۈچتىن ئىككىسى (2/3)، ئۈچتىن بىرى (1/3) ۋە ئالتىدىن بىرى (1/6) قاتارلىقلاردۇر.

مەلۇم ئۈلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولار تۆۋەندىكى كىشىلەردۇر:

1 ـ ئەر:

ئۆلگەن ئايالنىڭ مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بالىسى بولمىسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ بالىسى بار بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: »ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ باللىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ باللىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ.«[2]

ئەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مىراس ئالىدىغان بىرەر ھالەتلىرى يوق.

2 ـ ئايال:

ئايال، ئەرنىڭ مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بالىسى بولمىسا،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە نىسا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېرىدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ بالىسى بار بولسا، ئايال ئېرىدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: »ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئايالىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ.« (1)

ئەسكەرتىش: ئەگەر ئەرنىڭ پەقەت بىرلا ئايالى بولسا، ئۇ ئايال تۆتتىن بىرىنى ياكى سەككىزدىن بىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئالىدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ بىردىن كۆپ ئايالى بولسا، ئۇ ئاياللار تۆتتىن بىرىنى ياكى سەككىزدىن بىرىنى ئارىلىرىدا تەڭ تەقسىم قىلىپ بۆلۈشىدۇ.

**3 ـ دادا:** دادا مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە مىراس ئالىدۇ.

**بىرىنچى:** ئۆلگەن كىشىنىڭ مەيلى ئۆزىنىڭ بالىسى بولسۇن مەيلى ئوغلىنىڭ بالىسى بولسۇن بالىلىرى بولسا، بۇ ھالەتتە دادا مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

**ئىككىنچى:** ئەگەر ئۆلگەن كىشىنىڭ پەقەت بىرلا قىزى ياكى ئوغلىنىڭ قىزى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىزى ياكى ئوغلىنىڭ قىزى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ دادىسى مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلۇق سۈپۈتى بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ۋە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلۇق سۈپۈتى بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ قالغانلىرىنى ئالىدۇ(2).

**ئۈچۈنچى:** ئۆلگەن كىشىنىڭ بىرمۇ بالىسى بولمىسا، بۇ ھالەتتە دادا مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلار ئۆزلىرىنىڭ مىراسلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ(3).

---

(1) سۈرە نىسا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) مەسىلەن: ئۆلگەن كىشىنىڭ بارلىق مۈلۈكى ئاتمىش سوملۇق بولسا، ئەگەر ئۆلگەن كىشىنىڭ بىرلا قىزى ياكى ئوغلىنىڭ قىزى بولسا، بۇنىڭدىن قىز ياكى ئوغلىنىڭ قىزى 30 سومنى ئالىدۇ. دادا بۇنىڭدىن 10 سومنى مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلۇق سۈپۈتى بىلەن، 20 سومنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلۇق سۈپۈتى بىلەن ئالىدۇ. ت.

(3) مەسىلەن: ئۆلگەن ئادەمنىڭ پەقەت ئاتا ـ ئانىسىلا بولغان بولسا، ئانا ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى دادا ئالىدۇ. ت.

ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى مىراسنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دادا بولغۇچى قالغان مال ـ مۈلۈكنى ئانا بىلەن ئۆلۈشىدۇ. يەنى ئانا ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى مىراسنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى دادا ئالىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۆلگەن كىشى ئەر بولۇپ ئۇنىڭ ئايالى ھايات قالغان ياكى ئۆلگەن كىشى ئايال بولۇپ ئۇنىڭ ئېرى ھايات قالغان بولسا)، بۇ ھالەتتە ئەر (يەنى ئۆلگەن ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايالنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ) يېرىمىنى ئالىدۇ. ياكى ئايال (يەنى ئۆلگەن كىشى ئەر بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ مال مۈلكىنىڭ) تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. مىراس ئالىدىغان كىشى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى ئالىدۇ، قالغان ئۈچتىن ئىككىسىنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ئالىدۇ[1].

### 4 ـ چوڭ دادا:

چوڭ دادىنىڭ ھۆكمى دادا يوق ئەھۋالدا خۇددى دادىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بۇ ئەگەر ھايات بار چوڭ دادا بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ[2]. بۇ چاغدا چوڭ دادا <بىۋاستە چوڭ دادا> دەپ ئاتىلىدۇ[3]. ئەگەر ھايات بار چوڭ دادا بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال بولسا، بۇ چاغدا بۇ چوڭ دادا <ۋاستىلىق چوڭ دادا> دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ دادا ئۆلگەن كىشىدىن مىراس ئالالمايدۇ[4]. چۈنكى چوڭ دادا بىلەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال كىشىنىڭ بولۇشى چوڭ دادا بىلەن

(1) مەسىلەن: بىر ئايال ئۆلگەن ئۇ ئايالدىن 300 سوم قىممىتىدە مال قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ ئېرى 300 سومنىڭ يېرىمى 150 سومنى ئالىدۇ، ئاندىن قالغان 150 سومنى ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ، بۇنىڭ بىر ھەسسىسىنى (يەنى 50 سومنى) ئانا ئالىدۇ. قالغان ئىككى ھەسسىسىنى (يەنى 100 سومنى) دادا ئالىدۇ. ئىككىنچى مىسال: بىر ئەر كىشى ئۆلگەن ئۇ 400 سوم قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئايالىغا 100 سوم بېرىلىدۇ، قالغان 300 سومنى ئۈچكە بۆلۈپ ئۇنىڭ بىر ھەسسىسىنى (100سومنى) ئانا، ئىككى ھەسسىسىنى (200 سومنى) دادا ئالىدۇ. ت.

(2) يەنى ھايات بار چوڭ دادا بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال بولمىسا، مەسىلەن: دادىنىڭ دادىسى، دادىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش. مانا بۇ <بىۋاستە چوڭ دادا> دەپ ئاتىلىدۇ. ت.

(3) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئانىسىدىن ۋە چوڭ دادىسىدىن (يەنى دادىسىنىڭ دادىسىدىن) باشقا مىراسخورى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئانا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. قالغان قىسمىنى چوڭ دادا ئالىدۇ. ت.

(4) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ھاياتتا پەقەت ئانىسى ۋە ئانىسىنىڭ دادىسى ياكى دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال كىشى بار بىر چوڭ دادىسى بولسا، بۇ ھالدا بۇ چوڭ دادا ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى بۇ چوڭ دادا بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىر يېرىدە ئايال كىشى بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ۋاستىلىق چوڭ دادا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ چوڭ دادا مىراس ئالالمايدۇ. ت.

ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى نەسەبكە دەخلى يەتكۈزىدۇ. چۈنكى بىر بالىنىڭ نەسەبى ئەرلەر تەرىپىدىن ئۆلۈنىدۇ. لېكىن ۋاستىلىق چوڭ دادا (ئەگەر ئۆلگەن كىشىنىڭ مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلىرى ۋە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلىرى يوق ھالەتتە) ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىق سۈپۈتى بىلەن ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدۇ[1].

**5 - ئانا: ئانا مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە مىراس ئالىدۇ.**

بىرىنچى: ئۆلگەن كىشىنىڭ مەيلى ئۆزىنىڭ بالىسى بولسۇن مەيلى ئوغلىنىڭ بالىسى بولسۇن بالىلىرى بولسا، ياكى (بالىلىرى بولمىسىمۇ) مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن ئەڭ ئاز ئىككى دانە قېرىنداشلىرى بولسا، بۇ ھالەتتە ئانا مال - مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئىككىنچى: ئۆلگەن كىشىنىڭ بىرمۇ بالىسى ياكى قېرىنداشلىرى بولمىسا، بۇ ھالەتتە ئانا مال - مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئۈچۈنچى: ئەر - خوتۇننىڭ بىرى مىراسنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئانا قالغان مال - مۈلۈكنى دادا بىلەن ئۈلۈشىدۇ. يەنى ئانا ئەر - خوتۇننىڭ بىرى مىراسنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال - مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغان مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى دادا ئالىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۆلگەن كىشى ئەر بولۇپ ئۇنىڭ ئايالى ھايات قالغان ياكى ئۆلگەن كىشى ئايال بولۇپ ئۇنىڭ ئېرى ھايات قالغان بولسا)، بۇ ھالەتتە ئەر (يەنى ئۆلگەن ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايالنىڭ مال - مۈلكىنىڭ) يېرىمىنى ئالىدۇ. ياكى ئايال (يەنى ئۆلگەن كىشى ئەر بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ مال مۈلكىنىڭ) تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. مىراس ئالىدىغان كىشى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قالغان مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى ئالىدۇ، قالغان ئۈچتىن

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ پەقەت ئانىسىنىڭ دادىسى ياكى دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال كىشى بار بىر چوڭ دادىسىدىن ۋە قېرىندىشىنىڭ قىزىدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مەزكۇر چوڭ دادىسى ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىق سۈپۈتى بىلەن ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى مىراس ئالىدۇ. مانا بۇ مىسالدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلىرىدىن ۋە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلىرىدىن بىرەرسىمۇ تېپىلمىدى. ت.

**ئىككىسىنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ئالىدۇ[1]**

**ئانىنىڭ بۇ خىل شەكىلدە مىراس ئالىدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: »ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ).« [2]**

**6 ـ چوڭ ئانا:**

**چوڭ ئانا مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر چوڭ ئانىنىڭ سانى بىردىن كۆپ بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلار ئۇ ئالتىنىڭ بىرىنى ئارىلىرىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىشىدۇ[3]. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولمىسا، دەرىجىسى يېقىن چوڭ ئانا دەرىجىسى يىراق چوڭ ئانىنى مىراس ئېلىشتىن چەكلەيدۇ[4].**

(1) مەسىلەن: بىر ئايال ئۆلگەن، ئۇ ئايالدىن 300 سوم قىممىتىدە مال قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ ئېرى 300 سومنىڭ يېرىمى 150 سومنى ئالىدۇ، ئاندىن قالغان 150 سومنى ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ، بۇنىڭ بىر ھەسسىسىنى (يەنى 50 سومنى) ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسى ئالىدۇ. قالغان ئىككى ھەسسىسىنى (يەنى 100 سومنى) ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ئالىدۇ. ئىككىنچى مىسال: بىر ئەر كىشى ئۆلگەن ئۇ 400 سوم قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئايالىغا 100 سوم بېرىلىدۇ، قالغان 300 سومنى ئۈچكە بۆلۈپ ئۇنىڭ بىر ھەسسىسىنى (100سومنى) ئۇنىڭ ئانىسى، ئىككى ھەسسىسىنى (200 سومنى) ئۇنىڭ دادىسى ئالىدۇ. ت.

(2) سۈرە نىسا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئانا تەرەپتىن ۋە دادا تەرەپتىن بولۇپ ئىككى چوڭ ئانىسى بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولغان بولسا، مەسىلەن: ئانا تەرەپتىن بولغان چوڭ ئانىمۇ ئانىسىنىڭ ئانىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى بولغان، دادا تەرەپتىن بولغان چوڭ ئانىمۇ دادىسىنىڭ ئانىسى ياكى دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلار ئالتىدىن بىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈكنى ئارىلىرىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىشىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ پەقەت ئانىسىنىڭ ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ ئانىسى بولۇپ ئىككى چوڭ ئانىسى ۋە بىر ئوغلى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئىككى چوڭ ئانا ئالتىدىن بىرىنى ئارىلىقىدا تەقسىم قىلىشىدۇ ۋە قالغان مال ـ مۈلۈكنى ئوغلى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۆلگەن ئادەم 600 سوملۇق مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭدىن 100 سومنى ئىككى چوڭ ئانا ئالىدۇ، قالغان 500 سومنى ئوغۇل ئالىدۇ. ت.

(4) ئەگەر ئۇ ئىككى چوڭ ئانىنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولمىسا، دەرىجىسى يىراق بولغان چوڭ ئانا مىراس ئالالمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى ۋە دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى بولۇپ ئىككى چوڭ ئانىسى بولغان بولسا، بۇ ھالدا دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ ئانىسى مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ چوڭ ئانا، ئانىسىنىڭ ئانىسىغا قارىغاندا ئۆلگەن ئادەمگە بىر دەرىجە يىراقتۇر. ت.

(ئەسكەرتىش: بىر ئادەمدىن ئۇنىڭ چوڭ ئانىلىرىنىڭ مىراس ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چوڭ ئانىلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان كىشىنىڭ ھايات بولماسلىقى لازىمدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمدىن ئانىسىنىڭ ئانىسى مىراس ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئانىسى ھايات بولماسلىقى، دادىسىنىڭ ئانىسى مىراس ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ ھايات بولماسلىقى لازىم.)

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىرلا قىزى بىلەن ئوغلىنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق قىزى بولسا، بۇ ھالدا قىز مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ۋە ئوغلىنىڭ قىزلىرى (ئەسلى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىزلىرى ئېلىشى لازىم بولغان) ئۈچتىن ئىككى ھەسسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئالتىنىڭ بىرىنى ئالىدۇ[1].

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر پەقەت بىرلا ھەمشىرىسى بىلەن پەقەت دادا بىر بىر ھەمشىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر ھەمشىرىسى مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ۋە پەقەت دادا بىر ھەمشىرىسى (ئەسلى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىزلىرى ئېلىشى لازىم بولغان) ئۈچتىن ئىككى ھەسسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئالتىنىڭ بىرىنى ئالىدۇ[2].

پەقەت ئانا بىر قېرىنداش ياكى ھەمشىرە ئەگەر بىرلا بولسا، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن ئەگەر ئۇلار بىردىن ئارتۇق بولسا، ئۇلار مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ ۋە ئالغان ئۇ ئۈچتىن بىرىنى ئارىلىرىدا ئورتاق تەقسىم قىلىشىدۇ. چۈنكى اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

(1) يەنى بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ بىرلا قىزى، ئوغلىنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق قىزى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ھايات بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىزى مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى، ئوغلىنىڭ قىزلىرى ئالتىدىن بىرىنى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئۇلاردىن قالغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئادەمنىڭ 600 سوملۇق مال ـ مۈلكى بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن 300 سومنى قىزى، 100 سومنى ئوغلىنىڭ قىزى ياكى قىزلىرى ۋە قالغان 200 سومنى ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئالىدۇ. ت.

(2) يەنى بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر بىرلا ھەمشىرىسى بىلەن پەقەت دادا بىر ھەمشىرىسى ۋە دادا تەرەپتىن بولغان تاغىسى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر بىرلا ھەمشىرىسى مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى، پەقەت دادا بىر ھەمشىرىسى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ۋە تاغىسى قالغىنىنى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئادەمنىڭ 600 سوملۇق مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭدىن 300 سومنى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر ھەمشىرىسى، 100 سومنى پەقەت دادا بىر ھەمشىرىسى ۋە قالغان 200 سومنى تاغىسى ئالىدۇ. ت.

ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ.« [1]

بىردىن ئارتۇق قىز ئەگەر ئۆزلىرى بىلەن بىللە بىرەر ئوغۇل قېرىندىشى بولمىسا، دادىسىدىن ياكى ئانىسىدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ[2].

ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ بىردىن ئارتۇق قىزىمۇ، ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى (يەنى شۇ قىزلارنىڭ دادىسى) ھايات بولمىسا ۋە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەڭ ئاز ئىككى قىزى بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى ئالىدۇ[3].

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ (دادىسى، ياكى چوڭ دادىسى، ياكى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى، ياكى مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بىرەرمۇ بالىسى بولماستىن پەقەت) ئىككى ۋە يا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەمشىرىلىرى ۋە باشقا مىراسخورلىرى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ[4].

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ (دادىسى، ياكى چوڭ دادىسى، ياكى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى، ياكى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر بىرلا ھەمشىرىسى بىلەن دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى ياكى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر ئىككى ھەمشىرىسى ياكى مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بىرەرمۇ بالىسى

(1) سۈرە نىسا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يەنى بىر ئايال ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئېرى، ئىككى قىزى ۋە پەقەت دادا بىر بىر قېرىندىشى ھايات قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، ئىككى قىزى ئۈچتىن ئىككىسىنى ۋە قالغىنىنى دادا بىر قېرىندىشى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۆلگەن ئۇ ئايالنىڭ 1200 سوملۇق مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭدىن 300 سومنى ئېرى، 800 سومنى ئىككى قىزى ۋە 100 سومنى دادا بىر قىرىندىشى ئالىدۇ. ت.

(3) يەنى بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، ئوغلىنىڭ ئىككى قىزى ۋە قېرىندىشى ھايات بولسا، بۇ ھالدا ئانىسى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى، ئوغلىنىڭ ئىككى قىزى ئۈچتىن ئىككىنى ۋە قالغىنىنى قېرىندىشى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۆلگەن ئۇ ئادەمنىڭ 600 سوملۇق مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭدىن 100 سومنى ئانىسى، 400 سومنى ئوغلىنىڭ ئىككى قىزى ۋە 100 سومنى قېرىندىشى ئالىدۇ. ت.

(4) يەنى بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، ئىككى ھەمشىرىسى ۋە ئانا بىر قېرىندىشى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئانىسى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى، ئىككى ھەمشىرىسى ئۈچتىن ئىككىسىنى ۋە قالغىنىنى ئانا بىر قېرىندىشى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۆلگەن ئۇ ئادەمنىڭ 600 سوملۇق مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭدىن 100 سومنى ئانىسى، 400 سومنى ئىككى ھەمشىرىسى ۋە 100 سومنى ئانا بىر قېرىندىشى ئالىدۇ. ت.

ياكى ئوغلىنىڭ ئوغلى، ياكى پەقەت دادا بىر قېرىندىشى بولماستىن پەقەت) دادا بىر ئىككى ھەمشىرىسى ۋە باشقا مىراسخورلىرى بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ دادا بىر ھەمشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ[1].

# مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنىڭ بايانى

**(العصبات)**

ئەر بەزىدە مىراسخور ئەمەس ئايالنى مىراسقا ئېرىشتۈرۈپ ئۇنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن قىلىدۇ.

ئۈچ تۈرلۈك ئادەملەر مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار: 1 ـ ئۆزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشكۈچى. 2 ـ باشقا بىرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشكۈچى. 3 ـ باشقا بىرسى بىلەن بىرلىكتە مىراسقا ئېرىشكۈچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

1 ـ ئۆزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشكۈچى بولسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىغا ياكى ئانا بىر قېرىندىشىغا ئوخشاش ئارىسىدا ئۆلگەن ئادەمگە تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال كىشى بولمىغان ئەرلەردۇر. ئەگەر ئارىسىدا ئۆلگەن ئادەمگە تۇتۇشىدىغان ھالقىنىڭ بىرەرسىدە ئايال كىشى بولۇپ قالغان ئەر، ئۆزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشكۈچى ھېسابلانمايدۇ. ئەمما دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىنداشقا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى تۇتۇشۇش ھالقىسىدا ئايال كىشى بولسىمۇ (يەنى ئۇ ئۆلگەن ئادەمگە ئانىسى ئارقىلىق تۇتۇشسىمۇ) ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ۋاستىسى

---

(1) يەنى بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى، دادا بىر ئىككى ھەمشىرىسى ۋە دادا بىر قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، دادا بىر ئىككى ھەمشىرىسى ئۈچتىن ئىككىسىنى ۋە قالغىنىنى دادا بىر قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۆلگەن ئۇ ئادەمنىڭ 1200 سوملۇق مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭدىن 300 سومنى ئايالى، 800 سومنى دادا بىر ئىككى ھەمشىرىسى ۋە 100 سومنى دادا بىر قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئالىدۇ. ت.

بىلەن مىراسقا ئېرىشكۈچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلگەن ئادەمگە ئانىسى ئارقىلىق ئەمەس دادىسى ئارقىلىق نىسبەت بېرىلىدۇ. چۈنكى ئايال ئۆزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، باشقا بىرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياكى باشقا بىرسى بىلەن بىرلىكتە مىراسقا ئېرىشىدۇ.

مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلار ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار ئالىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مىراسنى (بىرىنچى بولۇپ) مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولارغا بېرىڭلار، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى ئەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا (بېرىڭلار).» [1]

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ پەقەت مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخوردىن باشقا ھېچقانداق مىراسخورى بولمىسا، بۇ ھالدا مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورى ئالىدۇ.

تۆت خىل كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشىدۇ. ئۇلار بولسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى (يەنى ئوغۇللىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ئوغۇللىرى)، ئاندىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەجدادلىرى (يەنى دادىسى ۋە دادىسىنىڭ دادىسى)، ئاندىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ ئەۋلادلىرى (يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇل باللىرى) ۋە ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئەۋلادلىرى (يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان تاغىلىرى) دىن ئىبارەتتۇر. يەنى بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن باشقا بىرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس پەقەت ئۆزىنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا مىراس ئېلىشى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا باللىق ياكى دادىلىق ياكى قېرىنداشلىق، ياكى تاغىلىق مۇناسىۋەت بولۇشى لازىم.

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ باللىرى، دادىسى، قېرىنداشلىرى ۋە تاغىلىرى ھايات قالغان بولسا، بۇلارنىڭ ئىچىدىن تەرتىپ بويىچە ئۇ ئادەمگە ئەڭ يېقىن كىشى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىقىغا تاللىنىدۇ. (يەنى دەسلەپ باللىرى، ئۇنىڭدىن قالسا دادىسى، ئۇنىڭدىن قالسا قېرىنداشلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تاغىلىرى تاللىنىدۇ.)

ئۆلگەن ئادەمگە ئەڭ يېقىن ئادەمنى تاللاش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ يېقىنلىق تەرەپ، ئىككىنچى بولۇپ يېقىنلىق دەرىجىسى ۋە ئۈچۈنچى بولۇپ يېقىنلىق كۈچى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىر نەچچە خىل تەرەپتىن مىراسخورلىرى بولسا، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن تەرەپنى تاللاش بۇ شەكىل بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن قېرىنداشلىرى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مىراسخور بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىرىنچى مەرتىۋىدىن ۋە قېرىنداشلىرى بولسا ئۈچۈنچى مەرتىۋىدىندۇر.

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىنلا بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يېقىن بولغان ئادەملەر تاللىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە بىر تەرەپتىن بولغان ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلى ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭ مىراسخورلۇقىغا ئۇنىڭ ئوغلى تاللىنىدۇ. چۈنكى گەرچە ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئوغلىنىڭ ئوغلى بىر تەرەپتىن بولسىمۇ (يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن بولسىمۇ)، لېكىن ئوغلى، ئوغلىنىڭ ئوغلىغا قارىغاندا ئۆلگەن ئادەمگە يېقىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يېقىندۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە بىر تەرەپتىن بولغان دادىسى بىلەن چوڭ دادىسى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مىراسخورلۇقىغا ئۇنىڭ دادىسى تاللىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى، ئۇنىڭ چوڭ دادىسىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا يېقىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يېقىن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە بىر تەرەپتىن بولغان قېرىندىشى بىلەن قېرىندىشىنىڭ باللىرى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مىراسخورلۇقىغا ئۇنىڭ قېرىندىشى تاللىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قېرىندىشى، قېرىندىشىنىڭ بالىسىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا يېقىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يېقىن ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمگە ئۇنىڭ مىراسخورلىرى يېقىنلىق تەرەپتە ۋە يېقىنلىق دەرىجىسىدە ئوخشاش بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلگەن ئادەمگە يېقىنلىق كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى تاللىنىدۇ. مەسىلەن: بىر

ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى بىلەن دادا بىر قېرىندىشى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مىراسخورلۇقىغا دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى تاللىنىدۇ. چۈنكى گەرچە ئۇنىڭ دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى بىلەن پەقەت دادا بىر قېرىندىشى بىر تەرەپتىن ۋە يېقىنلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشىنىڭ يېقىنلىق كۈچى پەقەت دادا بىر قېرىندىشىغا قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. لېكىن بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە <ھەجەرىيە> دەپ ئاتىلىدىغان تۆۋەندىكى مەسىلە كىرمەيدۇ. <ھەجەرىيە> دەپ ئاتىلىدىغان مەسىلە بولسا بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: بىر ئايال ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئېرى، ئانىسى، پەقەت ئانا بىر قېرىنداشلىرى ۋە دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىنداشلىرى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ ئېرى ئايالدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى، ئانىسى ئالتىدىن بىرىنى ۋە مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن ئانا بىر قېرىنداشلىرى بىلەن دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىنداشلىرى ئايالدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئارىلىرىدا ئورتاق تەقسىم قىلىدۇ[1].

2 ـ باشقا بىرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشكۈچىلەر بولسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزلىرى، ئوغلىنىڭ قىزلىرى، ئوغلىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ قىزلىرى ۋە مەيلى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر بولسۇن مەيلى ئانا بىر بولسۇن ھەمشىرىلىرى قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر بۇلار پەقەت ئۆزلىرى يالغۇزلا بولسا، يەنى بۇلار بىللە بۇلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئەر بولمىسا، بۇ ھالدا بۇلار مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلاردىن ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆلگەن ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا قىزى بولسا، ئۇ قىز ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئىككى قىز بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ پەقەت ئوغلىنىڭ بىرلا قىزى ياكى پەقەت بىرلا ھەمشىرىسى بولسا، ئۇمۇ ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىردىن ئارتۇق بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى ئالىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ئاياللار پەقەت ئۆزلىرىلا يالغۇز بولماي، ئۆزلىرىنىڭ

(1) مانا بۇ مەسىلىدە پەقەت ئانا بىر قېرىنداشلار بىلەن دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىنداشلار ئارىلىرىدا مال ـ مۈلۈكنى ئورتاق تەقسىم قىلدى. ئەگەر بۇ مەسىلە مەزكۇر قائىدە بويىچە بولسا، ئايالنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىنداشلىرىنىڭ ئېلىشى لازىم ئىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ئايالغا يېقىنچىلىق كۈچى پەقەت ئانا بىر قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. ت.

دەرىجىسىدىكى ئەرلەر بىلەن بىللە بولسا، بۇ ھالدا ئۇلار مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلارنىڭ قاتارىدىن مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنىڭ قاتارىغا ئۆتىدۇ. مانا بۇ باشقا بىرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىراسقا ئېرىشكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە (يەنى بىر قىز ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بىلەن بىللە) بولغان ياكى ئوغلىنىڭ قىزى ئوغلىنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە بولغان ياكى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر ھەمشىرىسى دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر قېرىندىشى بىلەن بىللە بولغان، ياكى پەقەت دادا بىر ھەمشىرىسى پەقەت دادا بىر قېرىندىشى بىلەن بىللە بولغان بولسا، بۇ ھالەتلەردە مەزكۇر ئاياللار مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن ھېسابلىنىدۇ[1].

3 ـ باشقا بىرسى بىلەن بىرلىكتە مىراسقا ئېرىشكۈچىلەر بولسا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە بولغان ياكى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە بولغان ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھەمشىرىسىدۇر. ئىمام بۇخارى كىتابىدا: <ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھەمشىلىرىنىڭ ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە مىراس ئېلىشى ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخور شەكلىدە مىراس ئېلىشى> دەپ بىر باب تۈزگەن ۋە ئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: مۇئاز ئىبنى جەبەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزىغا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىگە مال ـ مۈلكىنىڭ قالغان يېرىمىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان.[2]

(1) بۇ ئىككى ھالەتنىڭ يەنى بىر ئايالنىڭ مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلاردىن ھېسابلىنىپ مىراس ئېلىش بىلەن ئۇنىڭ مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن ھېسابلىنىپ مىراس ئېلىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

ئەگەر ئۇ ئايال مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلاردىن ھېسابلىنىپ مىراس ئالغان چاغدا، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ مىراستىكى ئۆلچەم قىلىنغان ھەسسىسىنىلا ئالىدۇ، قالغانلىرىنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن ھېسابلىنىپ مىراس ئالغان چاغدا، مال ـ مۈلۈكنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن باشقا مىراسخورلارغا بەرمەستىن ھەممىسىنى ئۆزى ئالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى، بىرلا قىزى ۋە تاغىسى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالى سەككىزدىن بىرىنى، قىزى مالنىڭ يېرىمىنى ۋە تاغىسى قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ قىز بۇ ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلۇقلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ قىز بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى بىللە بولغان بولسا، ئۇلار مالنى تاغىسىغا بەرمەي مالنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئالغان بۇلاتتى. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى، قىزى، ئوغلى ۋە تاغىسى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن سەككىزدىن بىرىنى، قالغان مال ـ مۈلۈكنى قىزى بىلەن ئوغلى ئالىدۇ. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تاغىسىغا ھېچنەرسە تەگمەيدۇ. قىزى بىلەن ئوغلى مالنى ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ بىر ھەسسىنى قىزى ئىككى ھەسسىنى ئوغلى ئالىدۇ. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى بۇ ئەسەرنى بۇ شەكىل بىلەنمۇ رىۋايەت قىلدى: ئەسۋەد مۇنداق دەيدۇ: «مۇئاز ئىبنى جەبەل (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن ئۆگىنىش ۋە مۇسۇلمانلارغا مەسئۇل بولۇش ئۇچۇن يەمەنگە كەلدى. بىز ئۇنىڭدىن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە قىزى بىلەن ھەمشىرىسى ھايات قالغان بىر ئادەم ھەققىدە سورىدۇق. مۇئاز ئىبنى جەبەل (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مال - مۈلۈكتىن قىزغا يېرىمى ۋە ھەمشىرىسىگە يېرىمى بېرىلىدۇ، دېدى.»

ئىبنى بەتتال (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئالىملار ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزلىرى بىلەن بىللە بولغان ئۇنىڭ ھەمشىلىرى مىراس ئېلىش ئۇچۇن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخور سۈپىتىدە ئۆلگەن ئادەمدىن مىراس ئالىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ھەمشىرىلەر قىزدىن ئېشىپ قالغان مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ بىرلا قىزى بىلەن بىر ھەمشىرىسى ھايات بولسا، بۇ ھالدا قىزى مال - مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ۋە ھەمشىرىسى قالغان يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى قىزى ۋە بىر ھەمشىرىسى بولسا، بۇ ھالدا ئىككى قىزى مال - مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى ئالىدۇ ۋە قالغان مال - مۈلۈكنى ھەمشىرىسى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ بىر قىزى، بىر ھەمشىرىسى ۋە ئوغلىنىڭ بىر قىزى بولسا، بۇ ھالدا قىزى مال - مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى، ئوغلىنىڭ قىزى ئالتىدىن بىرىنى ۋە ھەمشىرىسى مال - مۈلۈكنىڭ قالغىنىنى ئالىدۇ. مەيلى ئۆزىنىڭ قىزى بولسۇن مەيلى ئوغلىنىڭ قىزى بولسۇن ئەگەر قىز بىردىن ئارتۇق بولسا، ئۇلار مىراس ئۇچۇن مالنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ئالالمايدۇ.»[1]

ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىر قىزى، بىر ھەمشىرىسى ۋە ئوغلىنىڭ بىر قىزى بولسا، بۇ ھالدا قىزى مال - مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى، ئوغلىنىڭ قىزى ئالتىدىن بىرىنى ۋە ھەمشىرىسى قالغىنىنى ئالىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ئەسەردۇر.

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھۇزەيل ئىبنى شۇرەھبىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسلىرىنى ئۇنىڭ قىزىنىڭ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قىزىنىڭ ۋە

(1) «فەتھۇلبارى»، 12 - توم، 24 - بەت.

ھەمشىرىسىنىڭ قانداق ئۆلۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا سوئال سورالدى. ئەبۇمۇسا مالنىڭ يېرىمى قىزغا ۋە يېرىمى ھەمشىرىسىگە بېرىلىدۇ، دەپ بولۇپ (سوئال سورىغان كىشىگە) سەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇمۇ (بۇ سوئالغا) ماڭا ئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ، دېدى. سوئال سورىغان كىشى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇنىڭغا ئەبۇمۇسانىڭ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇمۇ (بۇ سوئالغا) ماڭا ئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ، دېگەن سۆزىنى يەتكۈزدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر مەن بۇ مەسىلىدە ئەبۇمۇساغا ئوخشاش جاۋاب بېرىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئېزىپ كەتكەن بولىمەن، توغرا يول تاپقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولالمايمەن. مەن بۇ مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقارغان ھۆكۈمنى چىقىرىمەن؛ (مالنىڭ) يېرىمى قىزغا، ئۇنىڭ ئالتىدىن بىرى ئوغلىنىڭ قىزىغا، قالغىنى ھەمشىرىسىگە تېگىدۇ، دېدى. (سوئال سورىغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ:) بىز ئەبۇمۇسانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنى، دەپ بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇمۇسا: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بۇ ئالىم بار ئىكەن مەندىن بىر نەرسە سورىماڭلار، دېدى.» [1]

مانا بۇ ئەسەر مىراس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى: ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزى بىلەن بىللە بولغان ئۇنىڭ ھەمشىلىرىگە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخور شەكلىدە مىراس بېرىڭلار، دەيدىغان پرىنسىپنى كۆرسىتىپ بەردى.

## مىراس ئېلىشتىن چەكلىنىشنىڭ بايانى

**(الحجب)**

بۇنىڭدىن مىراسخورلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىر مىراسخورنىڭ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئالىدىغان مىراستىن چەكلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مىراس ئېلىشتىن چەكلىنىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىر تۈرلىكى پۈتۈن چەكلىنىش بىلەن بولىدۇ. يەنە بىر تۈرلىكى يېرىم چەكلىنىش بىلەن بولىدۇ.

پۈتۈنلەي چەكلىنىشتىن: بىر مىراسخورنىڭ مىراس ئالىدىغان باشقا

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

بىرسىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يېرىم چەكلىنىشتىن: بىر مىراسخورنىڭ مىراس ئالىدىغان باشقا بىرسىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن تولۇق مىراس ئالىدىغان ھالەتتىن يېرىم مىراس ئالىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

مىراسخورلارنىڭ ئىچىدىن ئالتە تۈرلۈك مىراسخور قانداق شارائىتتا بولسا بولسۇن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار:

1 ـ دادىدۇر.

2 ـ ئانىدۇر.

ئەمما چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلار بولسا بەزىدە مىراس ئېلىشتىن يېرىم چەكلىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

3 ـ ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغۇل بالىلىرىدۇر.

4 ـ ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىز بالىلىرىدۇر.

5 ـ ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئايالىدۇر.

6 ـ ئۆلگەن ئايالنىڭ ئېرىدۇر.

مانا بۇ ئالتە خىل كىشىلەر ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئەمما ئۇلار بەزىدە مىراس ئېلىشتىن يېرىم چەكلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ.

مەيلى مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلار بولسۇن مەيلى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلار بولسۇن مەزكۇر ئالتە مىراسخوردىن باشقا مىراسخورلار بەزىدە مىراس ئالىدۇ، بەزىدە مىراستىن چەكلىنىپ قالىدۇ.

مىراستىن پۈتۈنلەي چەكلىنىپ قېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى باردۇر:

1 ـ مىراسخورلارنىڭ ئىچىدە مەزكۇر ئالتە مىراسخوردىن باشقا ئەڭ يېقىن مىراسخور يىراق مىراسخورنى مىراس ئېلىشتىن چەكلەپ قويىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 497 ـ بەت.

2 ـ ئۆلگەن ئادەمگە بىر ۋاستە بىلەن تۇتىۇشقان ئادەم ئۇ ۋاستە بار يەردە مىراس ئالالمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئۇ ئادەمگە، ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ (يەنى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ) ۋاستىسى بىلەن تۇتىۇشىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى هايات بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالالمايدۇ. بۇ قائىدىگە ئانا تەرەپتىن بولغان قېرىنداش كىرمەيدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئانا تەرەپتىن قېرىندىشى بولسا، بۇ قېرىنداش ئۇ ئادەمگە ئانىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇتىۇشىدۇ. گەرچە بۇ قېرىنداش ئۇ ئادەمگە ئانىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇتاشسىمۇ ئۇ قېرىنداش ئانا بىلەن بىللە ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ. چۈنكى ئانا بىر يول بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئالمايدۇ. ئەگەر ئانا ئۆزى يالغۇز بولسا (يەنى بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ مىراسخورلىرىدىن پەقەتلا ئۇنىڭ ئانىسىلا بار بولسا)، بۇ ھالدا ئانا ھەسسىسىنى ئېلىش ۋە قالغىنىنى قايتا ئېلىش يوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، كاپىر بالىغ ياكى قاتىل بالىغ ئوخشاش مىراستىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان ئادەم باشقىلارنىڭ مىراس ئېلىشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ[1].

مىراستىن پۈتۈنلەي چەكلىنىش بىلەن چەكلەنگەن ئادەم باشقىلارنى مىراستىن پۈتۈنلەي ياكى يېرىم چەكلەش بىلەن چەكلەيدۇ. مەسىلەن: ئۆلگۈچىنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسى ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى ھايات بولسا، ئۆلگۈچىدىن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلىنىدۇ. (دادىنىڭ ئانىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئانىسىنى مىراس ئېلىشتىن چەكلەيدۇ.) ئانىنىڭ ئانىسىمۇ ئانىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلىنىدۇ. (شۇنىڭدەك يەنە ئانىنىڭ ئانىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئانىسىنى مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلەيدۇ.)

بىر ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى ئۇ ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ ھايات بولۇشى بىلەن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلىنىدۇ. گەرچە ئۇلار (يەنى قېرىنداشلار ۋە ھەمشىرىلەر مىراس ئالالمىسىمۇ ئۇلارنىڭ بارلىقى

(1) بەزىدە مىراستىن مەھرۇم قالغان ئادەم باشقىلارنىڭ مىراس ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەمما كاپىر بولغانلىق ياكى ۋارىسچىسىنى ئۆلتۈرۋاتقانلىق سەۋەبى بىلەن مىراستىن مەھرۇم قالغان ئادەم باشقىلارنىڭ مىراس ئېلىشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ت.

ئانىنىڭ مىراس ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ)، يەنى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغان ئانىنى ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغان قىلىپ قويىدۇ[1]. چۈنكى اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: »ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ ( ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ)« [2]

بەش تۈرلۈك مىراسخورلار مىراس ئېلىشتىن يېرىم چەكلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار بولسا: ئانا، ئوغلىنىڭ قىزى، دادا بىر ھەمشىرىسى، ئېرى ۋە ئايالى قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن:

ئانا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ، ياكى ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ، ياكى ئىككى ۋە ئىككىدىن ئارتۇق قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراستىن ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغان يەرگە ئورنىغا ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىرلا قىزىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغان يەرگە ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئۆلگەن ئادەمنىڭ دادا بىر ھەمشىرىسى، ئۇنىڭ دادىمۇ بىر ۋە ئانىمۇ بىر بولغان بىرلا ھەمشىرىسىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغان يەرگە ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئەر ئۆلگەن ئايالىنىڭ بىرەر بالىسىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغان يەرگە تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ.

ئايال ئۆلگەن ئېرىنىڭ بىرەر بالىسى ياكى ئوغلىنىڭ بىرەر ئوغلىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغان يەرگە سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ.

(1) مەسىلەن: ئۆلگەن بالا 600 سوم قويۇپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى 600 سومدىن بىر سوممۇ ئالالمىسىمۇ، ئۇلار ئانىنىڭ مىراس ئېلىشىغا تەسىر قىلغانلىقىدىن ئانا پەقەت 100 سومنى ئالىدۇ. قالغان 500 سوم دادىسىغا قالىدۇ.

(2) سۈرە نىسا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ياكى ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ ياكى ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلىنىڭ، ياكى دادىسىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراستىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراستىن مەھرۇم قېلىشى بارلىق ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر ئىشتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىچە ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەنمۇ مىراستىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ شاگىرتلىرى بولغان ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە (ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراستىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ.) ئەكسىچە چوڭ دادىسى مال ـ مۈلۈكنى ئۇلار بىلەن زەيد ئىبنى سابىت (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قائىدىسى بويىچە ئۈلۈشىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىچە ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ھايات بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن مىراستىن مەھرۇم قالىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ تۇتقان بۇ يولى خەلىپىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئەبۇبەكرى بولسا ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئەڭ ئالىمى ۋە كاتتىسىدۇر. ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مىراس ئېلىش ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەرنىڭ ھېچبىرى بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۇتقان يولىنى تۇتقان. ئەمما بۇ ھەقتە باشقا ساھابىلاردىن قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە زىتتۇر. مەسىلەن: ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسى ھەققىدە يۈز خىل ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ھۆكۈمنىڭ بەزىسى بەزىسىگە زىتتۇر. شۇڭا بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدىغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىش بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان

**ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشقا قارىغاندا ياخشىدۇر.**

**ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسى ھەققىدىكى كۆز قارىشى يەنە ئون تۆت ساھابى (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىبنى ئاببىاس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ھايات بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلىنىڭ ئوغلىنى قويغان زەيد ئىبنى سابىت ئۆلگەن ئادەمنىڭ دادىسى ھايات بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنى قويماسلىقتىن اللہ تائالادىن قورقمامدۇ[1].**

**زەيد ئىبنى سابىت (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قائىدىسى، ئەگەر ئۆلگەن ئادەمدىن مىراس ئالىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلار بولمىغان ۋە چوڭ دادىنىڭ مىراسى مال مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كەم بولمايدىغان بولسا، چوڭ دادا ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىر قېرىندىشىنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىپ مال ـ مۈلۈكنى ئۇلار بىلەن باراۋەر ئۈلۈشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆلگەن ئادەمدىن مىراس ئالىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلار بار ۋە چوڭ دادىنىڭ مىراسى مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرىدىن كەم بولمايدىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ چوڭ دادا ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىر قېرىندىشىنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىپ مال ـ مۈلۈكنى ئۇلار بىلەن باراۋەر ئۈلۈشىدۇ.**

**ئۆلگەن ئادەمدىن مىراس ئالىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلار يوق ۋاقتىدا، چوڭ دادىغا ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن مال ـ مۈلۈكنى ئوخشاش ئۈلۈشۈش كۆپ مىراس ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، چوڭ دادا ئۇلارنىڭ بىرى ئورنىدا ھېسابلىنىپ مال ـ**

(1) يەنى زەيد ئىبنى سابىت (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ھايات بولماي ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ھايات بولسا، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ مىراس ئېلىشىنى خۇددى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش چەكلەيدۇ. (بۇ ھەم بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر). ئەمما ئۆلگەن ئادەمنىڭ دادىسى ھايات بولماي ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ھايات بولسا، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ مىراس ئېلىشىنى چەكلىمەيدۇ، دەيدۇ. يەنى زەيد ئىبنى سابىت ھۆكۈمدە ئوغلىنىڭ ئوغلى بىلەن چوڭ دادىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدۇ. ئۇ بۇنداق ئايرىشتىن اللہ تائالادىن قورقمامدۇ، دېمەكچىدۇر. ئەمما ئىبنى ئاببىاس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قارىشىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ مىراس ئېلىشىنى چەكلەيدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆلگەن ئادەمگە بىرلا ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. يەنى ئۆلگەن ئادەمگە ئوغلىنىڭ ئوغلى ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ت.

مۇلۇكنى ئوخشاش ئۆلۈشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا مال - مۇلۇكنى ئۆلۈشۈش كۆپ مىراس ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىش بولسا، چوڭ دادا مال - مۇلۇكنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆلۈشمەي ئۇنىڭغا مال - مۇلۇكنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ[1].[2]

ئەگەر چوڭ دادىغا مال - مۇلۇكنىڭ ئالتىدىن بىرى بېرىلگەن ۋاقىتتا، بەزىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىغا مال - مۇلۇك قالماي قالىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى مەسىلە كىرمەيدۇ. يەنى تۆۋەندىكى مەسىلىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىندىشىغا مىراس تېگىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ئادەملىرى بۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

بىر ئايال ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئېرى، ئانىسى، چوڭ دادىسى ۋە ھەمشىرىسى ھايات بولغان بولسا[3]، بۇ ھالدا ئەرگە مال - مۇلۇكنىڭ يېرىمى، ئانىغا ئۈچتىن بىرى، چوڭ دادىغا ئالتىدىن بىرى ۋە ھەمشىرىسىگە يېرىمى بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتىدىن توققۇزغا چىقىرىلىدۇ. ئايالنىڭ ئېرى بىلەن ئانىسىغا ئۇلارنىڭ ھەسسىلىرىنى مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتقان شەكىلدە بېرىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال - مۇلۇك چوڭ دادا بىلەن ھەمشىرىنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ھەسسىگە ئايرىلىدۇ. چوڭ دادا ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ، ھەمشىرىسى بىر ھەسسىسىنى ئالىدۇ.

## مەسلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇش بىلەن مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئازايتىشنىڭ بايانى

(العول و الرد)

(العول) يەنى مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇشتىن مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇش ۋە مىراسخولارنىڭ ھەسسىسىنى ئازلىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش مال - مۇلۇكتىكى ئازلىق مىراسخولارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەسسىسىگە

(1) يەنى ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئومۇمى سانى ئىككى كىشىدىن ئاز بولسا، بۇ چاغدا بۆلۈشۈش چوڭ دادىغا كۆپ مىراس ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئومۇمى سانى ئىككى كىشىدىن ئارتۇق بولسا، بۇ چاغدا چوڭ دادىغا ئومۇمى مال - مۇلۇكنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىش كۆپ مىراس ئېلىپ كېلىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 498 - بەت.

(3) ئەسلى قائىدە بويىچە بۇ مەسىلىدە ئۆلگەن ئايالنىڭ ھەمشىرىسىگە ھېچقانداق مىراس تەگمەيدۇ. ت.

ئورتاق بولسۇن، دېگەنلىك ئۇچۇندۇر. ئەمما (الرد) يەنى مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇشتىن مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇش ۋە مەسلىنىڭ يىلتىزىنى ئازلىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

مەسلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇشنى ۋە مىراسخولارنىڭ ھەسسىسىنى ئازلىتىشنى بىرىنچى بولۇپ قىلغان كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتابتۇر. چۈنكى ئۇ، بىر قېتىم يىلتىزى ھەسسىلىرىدىن ئاز كېلىدىغان بىر مەسلىگە دۇچ كېلىپ بۇ ھەققە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالىدۇ. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىبنى ئابباس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا مەسلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇشقا مەسلىھەت بېرىپ: «سىلەر (مەسلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇپ) مىراسخورلارنىڭ ھەسسىلىرىنى ئازلىتىڭلار» دەيدۇ. بۇ ھەققە ھەممە ساھابىلار ئىبنى ئابباسقا ئەگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ھېچبىر كىشى ئىنكار قىلمايدۇ.[1]

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر قېتىم مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسلىرىنى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ، ئۇنىڭ ئىككى قىزىنىڭ، دادىسىنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ قانداق ئۈلۈشىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ: ئايالغا سەككىزدىن بىرى، ئىككى قىزغا ئۈچتىن ئىككىسى، دادىسىغا ئالتىدىن بىرى ۋە (ئانىغا ئالتىدىن بىرى) بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ مەسلىنىڭ يىلتىزى ئايالنىڭ ھەسسىسى بولغان سەككىزدۇر. لېكىن مەسلىنىڭ يىلتىزى بولغان سەككىزدىن مىراس ھەسسىلىرىنى مىراسخورلارغا ئوخشاش بۆلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ھەسسىسىنى سەككىزدىن توققۇزغا چىقىرىپ مەسلىنىڭ يىلتىزىنى توققۇزغا چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسلىنىڭ يىلتىزىنى ئاۋۇتۇپ مىراسخولارنىڭ ھەسسىسىنى ئازلىتىشقا يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن تۆۋەندىكى مەسلىمۇ مىسال بولالايدۇ:

ئۇ بولسا، ئۆلگەن بىر ئايالنىڭ ھايات قالغان ئېرىگە ۋە ئىككى ھەمشىرىسىگە ئالاقدار مەسلىدۇر. بۇ ھالدا ئايالنىڭ ئېرى ئايالنىڭ مال

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 501 - بەت.

- مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ۋە ئىككى ھەمشىرىسى ئۈنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتىدۇر. يەنى بۇنىڭدىن ئەرگە يېرىمى (يەنى ئالتىنىڭ يېرىمى بولغان ئۈچ) ئىككى ھەمشىرىسىگە ئۈچتىن ئىككىسى بېرىلىدۇ. مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتە بولغان ۋاقىتتا مىراسخورلارنىڭ ھەسسىلىرىنى مىراسخورلارغا ئوخشاش بۆلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتىدىن يەتتىگە چىقىرىلىپ ئەرگە يەتتىدىن ئۈچى ۋە ئىككى ھەمشىرىسىگىمۇ يەتتىدىن تۆتى بېرىلىدۇ.[1]

مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئازلىتىشقا كەلسەك، بۇ بىشىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ئىشنىڭ ئەكسىدۇر. يەنى ھەر بىر مىراسخورغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى بۆلۈپ بولغاندىن كېيىن مال - مۈلۈكتىن بىر نەرسە ئېشىپ قالغان ۋە مىراسخورلارنىڭ ئىچىدە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن بىرەرسى بولمىغان چاغدا[2]، ئېشىپ قالغان مال - مۈلۈك ئەر - خوتۇندىن باشقا مىراسخورلارغا ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ھەسسىسىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. مانا بۇ <مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى ئازلىتىش> دەپ ئاتىلىدۇ. ئېشىپ قېلىپ كېيىن تەكرار تەقسىم قىلىنىدىغان مال - مۈلۈك ئەر - خوتۇنلارغا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئەر - خۇتۇنلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەت نىكاھ ئارقىلىقتۇر. بىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئالاقە ئۈزۈلۈپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولغان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مال - مۈلۈك ئېشىپ قالسا، ئۇلارغا ئېشىپ قالغان مال - مۈلۈكتىن قايتا تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ.[3]

مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بېرىش مۇنداق تۆت خىل شەكىل بىلەن بولىدۇ:

1 - مىراسخورلارنىڭ ئىككى قىزغا ياكى ئىككى ھەمشىرىگە، ياكى ئىككى چوڭ ئانىغا ئوخشاش بىرخىل ئادەملەردىن بولۇش شەكلى. بۇ چاغدا مال -

(1) <فەۋائىد في ئىلمىل فەرائىز>.

(2) ئەگەر مەسلىدە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن بىرەرسى بار بولغاندا، قالغان مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئۇ مىراسخور ئالىدۇ ۋە مال - مۈلۈكتە ئېشىپ قالىدىغان ئىشى بولمايدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 502 - بەت.

مۈلۈك ئادەم بېشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئۇنىڭ ئون قىزى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئون قىز ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى مىراستىكى ھەسسىسى بىلەن، قالغانلىرىنى ئېشىپ قالغان مال - مۈلۈكنى قايتا تەقسىم قىلىش يولى بىلەن ئالىدۇ. مال - مۈلۈك ئادەم بېشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇڭا قىزنىڭ سانى ئون بولغانلىقى ئۈچۈن مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئۈچ ئەمەس ئون بولىدۇ.

2 - مىراسخورلارنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ خىل ئادەملەردىن بولۇش شەكلى. بۇ ھالدا مال - مۈلۈك (ئۇلارنىڭ بېشىغا قارىتا ئەمەس) ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ھەسسىلەرنىڭ ئومۇمىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ شەكىلنىڭ ئىچىگە تۆت خىل مەسىلە كىرىدۇ. بۇ تۆت خىل مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى ئالتىدۇر. ئۇ تۆت خىل مەسىلە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

● بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مال - مۈلۈكتىن ئالتىدىن بىرى بېرىلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتە بولىدۇ. ھەر بىرىگە بىردىن بېرىلسە، ئۇلارغا پەقەت ئالتىدىن ئىككىسىلا بېرىلىدۇ. تۆتى ئېشىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار مال - مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن ئىككىسىنى مىراستىكى ھەسسىسى بويىچە، قالغان تۆتىنى ئېشىپ قالغان مال - مۈلۈكنى قايتا تەقسىم قىلىش يولى بويىچە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مال - مۈلۈك ئۇلارنىڭ ھەسسىسىنىڭ توپلۇمى بولغان ئىككىگىلا ئايرىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ.

● بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئانا بىر ئىككى قېرىندىشى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتىدۇر. مال - مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرى ئانا بىر ئىككى قېرىندىشىغا ۋە ئالتىدىن بىرى ئانىغا تېگىدۇ. (ئۇنداق ئىكەن مەسىلىنىڭ يىلتىزى ئالتە بولىدۇ. ئۇلارغا پەقەت ئالتىدىن ئۈچىلا بېرىلىدۇ. يەنە ئۈچى ئېشىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار مال - مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن ئۈچىنى مىراستىكى ھەسسىسى بويىچە، قالغان ئۈچىنى ئېشىپ قالغان مال - مۈلۈكنى قايتا تەقسىم قىلىش يولى بويىچە ئالىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن مال - مۈلۈك ئۇلارنىڭ ھەسسىسىنىڭ توپلۇمى بولغان ئۈچكە ئايرىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئانا بىر قىسمىنى ۋە ئىككى قېرىنداش ھەر بىرى بىر قىسمىدىن ئىككى قىسمىنى ئالىدۇ.

● بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ قىزى ۋە ئوغلىنىڭ قىزى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇ مەسلىنىڭ يىلتىزى ئالتىدۇر. مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمى قىزغا ۋە ئالتىدىن بىرى ئوغلىنىڭ قىزىغا تېگىدۇ. (ئۇنداق ئىكەن مەسلىنىڭ يىلتىزى ئالتە بولىدۇ. ئۇلارغا پەقەت ئالتىدىن تۆتىلا بېرىلىدۇ. يەنە ئىككىسى ئېشىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن تۆتنى مىراستىكى ھەسسىسى بويىچە، قالغان ئىككىسىنى ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈكنى قايتا تەقسىم قىلىش يولى بويىچە ئالىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ ھەسسىسىنىڭ توپلىمى بولغان تۆتكە ئايرىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. قىز ئۈچ قىسمىنى ۋە ئوغلىنىڭ قىزى قالغان بىر قىسمىنى ئالىدۇ.

● بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئىككى قىزى ۋە ئانىسى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇ مەسلىنىڭ يىلتىزى ئالتىدۇر. مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى قىزغا ۋە ئالتىدىن بىرى ئانىغا تېگىدۇ. (ئۇلارغا پەقەت ئالتىدىن بەشىلا بېرىلىدۇ. يەنە بىرسى ئېشىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار مال ـ مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بەشنى مىراستىكى ھەسسىسى بويىچە، قالغان بىرىنى ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈكنى قايتا تەقسىم قىلىش يولى بويىچە ئالىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ ھەسسىسىنىڭ توپلىمى بولغان بەشكە ئايرىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىككى قىز ئۈچتىن ئىككىنى (يەنى تۆتنى) ۋە ئانا قالغان بىرىنى ئالىدۇ.

3 ـ مىراسخورلارنىڭ ئىچىدە ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈك قايتا تەقسىم قىلىنمايدىغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى بولۇش شەكلى. بۇ ھالدا مەسلىنىڭ يىلتىزى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرىنىڭ ھەسسىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مىراستىكى ھەسسىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈك باشقا مىراسخورلارغا ئۇلارنىڭ بېشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئۈچ قىزى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا مەسلىنىڭ يىلتىزى (ئەرنىڭ ھەسسىسى بولغان) تۆت بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئەر ئۆزىنىڭ بىر ھەسسىسىنى ئالىدۇ. قالغان ئۈچ ھەسسە ئۈچ قىزنىڭ ھەر بىرىگە بىر ھەسسىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردە كۆپەيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. بۇ ئەگەر مىراسخورلارنىڭ ئىچىدىكى ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈك قايتا بېرىلمەيدىغان ئادەم (يەنى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى) ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈك باشقا مىراسخورلارغا ئوخشاش

تەقسىم قىلىنسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ئادەم ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈك باشقا مىراسخورلارغا ئوخشاش تەقسىم قىلىنمايدىغان ئىش بولسا، مەسىلەن: بىر ئايال ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئېرى ۋە بەش قىزى ھايات قالغان بولسا، مەسلىنىڭ يىلتىزى (ئەرنىڭ ھەسسىسى بولغان) تۆت بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئەر ئۆزىنىڭ بىر ھەسسىسىنى ئالىدۇ. قالغان ئۈچنى بەش قىزغا ئوخشاش تەقسىم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھالدا قىزنىڭ سانى بولغان بەشنى مەسلىنىڭ يىلتىزى بولغان تۆتكە كۆپەيتىمىز، شۇنىڭ بىلەن مەسلىنىڭ يىلتىزى 20 بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن بەشى ئەرگە، قالغان ئون بەشى ھەر بىر قىزغا ئۈچتىن بولۇپ بەش قىزغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

4 ـ مىراسخورلارنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ خىل ئادەملەردىن بولۇش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئېشىپ قالغان مال ـ مۈلۈك قايتا تەقسىم قىلىنمايدىغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرىنىڭ بولۇش شەكلى. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئايالى، تۆت چوڭ ئانىسى ۋە ئانا بىر ئالتە ھەمشىرىسى ھايات قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئايالغا تۆتتىن بىرى، چوڭ ئانىلارغا ئالتىدىن بىرى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىلەرگە ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ. ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال ـ مۈلۈك چوڭ ئانىلار بىلەن ئانا بىر ھەمشىرىلەرگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنمايدۇ. لېكىن چوڭ ئانىلارنىڭ سانى بىلەن ئانا بىر ھەمشىرىلەرنىڭ سانى يېرىم ـ يېرىمگە بۆلۈنىدۇ. يەنى چوڭ ئانىنىڭ سانىنى ئېپادىلەپ كەلگەن تۆتنى ئىككىگە بۆلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئانا بىر ھەمشىرىلەرنىڭ سانىنى ئېپادىلەپ كەلگەن ئالتىنىمۇ ئىككىگە بۆلگىلى بولىدۇ. (مىراستا ئىككى خىلدىكى مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسى ئوخشاش تەقسىم قىلىنمىسا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسى يېرىم ياكى تۆتتىنىڭ بىرى دېگەنگە ئوخشاش سانلارغا بۆلۈنىدىغان بولسا، بىر تەرەپنىڭ بۆلۈنگەن سانىنى ئېلىپ يەنە بىر تەرەپنىڭ پۈتۈن سانىغا كۆپەيتىش قائىدىسى بار). شۇ قائىدىگە ئاساسەن بىز ئانا بىر ھەمشىرىلەرنى ئېپادىلەپ كەلگەن ئالتىنىڭ يېرىمى بولغان ئۈچنى چوڭ ئانىلارنىڭ پۈتۈن سانى بولغان تۆتكە كۆپەيتىمىز. بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان 12 نى ئايالنىڭ ھەسسىسى بولغان تۆتكە كۆپەيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن نەتىجە 48 بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىچىدىن ئايالغا ئۇنىڭ ھەسسىسى بولغان تۆتتىنىڭ بىرى بېرىلىدۇ. يەنى قىرىق سەككىزدىن ئون ئىككىسى ئايالغا، ھەر بىرىگە

ئۇچتىن بىرىلىپ ئون ئىككىسى تۆت چوڭ ئانىغا ۋە ھەر بىرىگە تۆتتىن بىرىلىپ يىگىرمە تۆتى ئانا بىر ئالتە ھەمشىرەگە بىرىلىدۇ.[1]

# ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىق سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدىغانلارنىڭ بايانى

(توريث ذوي الأرحام)

بۇلار، ئۆلگەن كىشىنىڭ مەلۇم ئۆلچەم بۇيىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلىرىنىڭ ياكى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدۇر. شۇڭا ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورى پەقەت بۇلاردىنلا بولغان ۋاقتىدا[2]، ئۇ مىراسخور ئەر - خەتۇنىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان مال - مۈلۈكنى ئالىدۇ.

بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ مىراس ئېلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، خۇددى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارغا ئوخشاش پەقەت ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىدۇر. شۇڭا مىراسقا ئۆلگەن ئادەمگە ئەڭ يېقىن كىشى ئېرىشىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى، بۇلارنى ئۆلگۈچىگە تۇتاشتۇرغۇچى ۋاستىنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇلارغا ۋاستە بولغۇچى ئادەمگە بېرىلگەن مىراس بېرىلىدۇ» دەيدۇ[3].

خۇددى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنىڭ

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 504 - بەت.

(2) يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ئىچىدە مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلاردىن ۋە مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلاردىن بىرەر كىشىمۇ بولمىسا. ت.

(3) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ قىزىنىڭ قىزى، دادا ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ۋە دادا بىر قېرىندىشىنىڭ قىزى ھايات بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىزىنىڭ قىزى (ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى ھايات بولسا ئالىدىغان) مال - مۈلكنىڭ يېرىمىنى، دادا ۋە ئانا بىر ھەمشىرىنىڭ ئوغلى (ئەگەر ئانىسى ھايات بولسا مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلۇق سۈپۈتىدە ئالىدىغان) مال - مۈلكنىڭ قالغىنىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ دادا بىر قېرىندىشىنىڭ قىزىغا مىراس تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇ قىزنىڭ دادىسى ھايات بولغان تەقدىردىمۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزى ۋە دادا ۋە ئانا بىر ھەمشىرىنىڭ قېشىدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىراس تەكمەيتتى. ت.

تەرتىۋىدە بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش بۇ خىلدىكى مىراسخورلارنىڭمۇ ئۆلگۈچىگە ئەڭ يېقىن تۇغقان ھېسابلىنىدىغان ئادەم ئۇنىڭغا يىراق تۇغقان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنى مىراس ئېلىشتىن چەكلەيدۇ.

بۇ خىلدىكى مىراسخورلىمۇ تۆت خىل بولىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

1 - ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى. ئۇلار بولسا ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىزىنىڭ ئەۋلادلىرى، ئوغلىنىڭ قىزىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى قاتارلىقلاردۇر.

2 - ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەجدادلىرى. بۇلار بولسا ئانىنىڭ دادىسىغا ۋە ئانىنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش ۋاستىلىق چوڭ دادىلار ۋە ۋاستىلىق چوڭ ئانىلاردۇر.

3 - ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇلار بولسا دادا ۋە ئانا بىر ياكى دادا بىر ھامما ئاچىلارنىڭ بالىلىرى، ئانا بىر قېرىنداشلار ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى، دادا ۋە ئانا بىر قېرىنداشلارنىڭ ياكى دادا بىر قېرىنداشلارنىڭ قىزلىرى قاتارلىقلاردۇر.

4 - ئۆلگەن ئادەمنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ياكى چوڭ ئانىسىنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇلار بولسا ئانا تەرەپتىن بولغان تاغىلىرى ۋە ھامما ئاچىلىرى، ئانا بىر تاغىلىرى، دادا تەرەپتىن بولغان ھامما ئاچىلىرى، دادا تەرەپتىن بولغان تاغىنىڭ قىزلىرى ۋە بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاتا - ئانىنىڭ ھامما ئاچىلىرى، ئاتا - ئانىنىڭ ئانىلىرى تەرىپىدىن بولغان تاغىلىرى ۋە ھامما ئاچىلىرى، دادىنىڭ ئانا بىر تاغىلىرى ۋە ئانىنىڭ دادا تەرىپىدىن بولغان تاغىلىرى قاتارلىقلاردۇر.

مەزكۇر كىشىلەردىن ئۆلگەن ئادەمگە ئەڭ يېقىن بولغان تۇغقىنى مىراسقا ئېرىشىدۇ[1].

ئەگەر مىراسخورلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دەرىجىدە ۋە ھەممىسى (دادا تەرەپتىن ياكى ئانا تەرەپتىن بولغىنىغا ئوخشاش) بىر تەرەپتىنلا بولسا،

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھامما ئاچىسى ۋە دادىسىنىڭ ھامما ئاچىسى ھايات بولغان بولسا، بۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ھامما ئاچىسى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھامما ئاچىسى دادىسىنىڭ ھامما ئاچىسىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن تۇغقان ھېسابلىنىدۇ. ت.

بۇ ھالدا مىراس (مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخورلارنىڭ ياكى مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنىڭ) بالىلىرىغا بېرىلىدۇ[1].

ئەگەر مىراسخورلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دەرىجىدە بولغان لېكىن كېلىش تەرىپى ئوخشاش بولماي بەزىلىرى دادا تەرىپىدىن ۋە بەزىلىرى ئانا تەرىپىدىن بولغان بولسا، بۇ ھالدا دادا تەرىپىدىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانغا مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ۋە ئانا تەرىپىدىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانغا مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ[2].[3]

## بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ مىراسلىرىنىڭ بايانى

سۇ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەنگە ياكى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنگە ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەنگە ياكى ئايروپىلان ياكى پويىز، ياكى ماشىنا ھادىسلىرىدە ئۆلگەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. بۇ ئەگەر ئىككى ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمىسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. يەنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمىسە، ئۇ ئىككى ئۇرۇق ـ تۇغقان بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ مىراسخورلىرى مىراسلىرىنى ئېلىشىدۇ[4]. چۈنكى مىراس شەك ـ شۈبھە بىلەن ئېلىنمايدۇ. ھايات قالغان ئادەمنىڭ مىراسقا ئېرىششى ئېنىقتۇر. ئىككى ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولمىغان ئەھۋال

---

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ دادا ۋە ئانا بىر تاغىسىنىڭ قىزى ۋە ئانا بىر تاغىسىنىڭ ئوغلى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ دادا ۋە ئانا بىر تاغىسىنىڭ قىزى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ قىزنىڭ دادىسى ئەسلىدە مىراس ئالاتتى. ئۇنىڭ ئانا بىر تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ھېچقانداق مىراس تەگمەيدۇ. چۈنكى ئانا بىر تاغا ئەسلىدىمۇ مىراسقا ئېرىشەلمەيتتى. ت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ دادا تەرىپىدىن بولغان هاما ئاچىسىنىڭ ئوغلى ۋە ئانا تەرىپىدىن بولغان هاما ئاچىسىنىڭ ئوغلى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ دادا تەرىپىدىن بولغان هاما ئاچىسىنىڭ ئوغلىغا مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ۋە ئانا تەرىپىدىن بولغان هاما ئاچىسىنىڭ ئوغلىغا مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 2 ـ توم، 508 ـ بەت.

(4) مەسىلەن: بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ماشىنا ھادىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى، ئۈچ قىزى ۋە يەنە ئىككى ئوغلى ھايات قالغان، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئوغۇلنىڭمۇ ئايالى ۋە بىر ئوغلى بولغان ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مال ـ مۈلكى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆلگەن بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن مىراس ئېلىشمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭ ھاياتتا قالغان ئايالى، ئۈچ قىزى ۋە ئىككى ئوغلى مىراسلىرىنى ئېلىشىدۇ. ئەمما ئۆلۈپ كەتكەن ئوغۇلنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ ئايالى، ئوغلى ۋە ئانىسى (يەنى ئۆلۈپ كەتكەن دادا بولغۇچى ئادەمنىڭ ئايالى) مىراس قىلىپ ئالىدۇ. ت.

ئاستىدا، ئۇلار بىر - بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. ئەمما ئىككى ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ بىرىنىڭ بۇرۇن يەنە بىرىنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولسا، بۇ هالدا كېيىن ئۆلگىنى بۇرۇن ئۆلگۈنىدىن مىراسنى ئالىدۇ. (مىراس ئۇچۈن كېيىن ئۆلگۈنىگە تەقسىم بولغان مال - مۈلۈكنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئالىدۇ.)[1]

# تېخى تۇغۇلمىغان بالىنىڭ مىراسىنىڭ بايانى

قۇرساقتىكى بالا تىرىك تۇغۇلسا، ئۇ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىنمۇ مىراس ئالىدۇ ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدۇ. ئەگەر قۇرساقتىكى بالا ئۆلۈك تۇغۇلسا، ئۇ باشقىلاردىن مىراس ئالالمايدۇ. ئەمما قۇرساقتىكى بالا، (ئۇ بالا ئانا قۇرسىقىدا تۇرغاندا باشقىلار ئانىنىڭ قۇرسىقىغا ئۇرغىنىغا ئوخشاش) بىرەر جىنايەت سەۋەبىدىن ئۆلۈك تۇغۇلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ بالا باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىنمۇ مىراس ئالىدۇ ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدۇ. ئەگەر بالا كۆپ قىسمى تىرىك تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان بولسا، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ.

تېخى تۇغۇلمىغان قۇرساقتىكى بالىغا بىر ئوغۇل بالىنىڭ هەسسىسىدىن ياكى بىر قىز بالىنىڭ هەسسىسىدىن كۆپ مال - مۈلۈك قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇ ئەگەر قۇرساقتىكى بالا باشقا مىراسخورلارغا مىراستا شېرىك بولسا ياكى ئۇلارنى يېرىم چەكلەش هالىتىدە مىراستىن چەكلىسە، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما قۇرساقتىكى بالا باشقا مىراسخورلارنى پۈتۈنلەي چەكلەش هالىتىدە مىراستىن چەكلەيدىغان بولسا، بۇ چاغدا مال - مۈلۈكنىڭ هەممىسى تاكى تۇغۇلماقچى بولغان ئۇ بالىنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغانغا قەدەر تەقسىم قىلىنماي قويۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى هايات بولغان ۋە ئۇنىڭ ئايالى قۇرساق كۆتۈرۈكلۈك بولغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر ئايالىنىڭ قۇرسۇقىدىكى بالا ئوغۇل تۇغۇلسا، بۇ بالا ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىراس ئېلىشىنى پۈتۈنلەي چەكلەيدۇ. (ئەگەر بالا قىز تۇغۇلسا، بۇ بالا ئۆلگەن ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىراس ئېلىشىنى چەكلىمەيدۇ. شۇڭا ئايالىنىڭ

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 2 - توم، 509 - بەت.

قۇرسۇقىدىكى بالىنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ بولغىچە ئۆلگەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈك تەقسىم قىلىنمايدۇ.)

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدى: ھۇزەيلە قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال بىر ـ بىرى بىلەن جىدەللىشىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى قوپۇپ يەنە بىرىگە تاش ئاتىدۇ ـ دە تاش ئۇنىڭ قۇرسۇقىغا تېگىدۇ. تاش تەككىنى قۇرساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇرسىقىدىكى بالا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇلار داۋا قىلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تاش ئاتقان ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ) ئۆلۈپ قالغان بالا ئۈچۈن (بىر ئەر قۇل ياكى بىر ئايال قۇل) دىيەت بېرىشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. دىيەت تۆلەشكە ھۆكۈم قىلىنغان ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىسى: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر نەرسە ئىچەلمەيدىغان، يېيەلمەيدىغان، سۆزلىيەلمەيدىغان ۋە تۇغۇلغاندا يىغلىيالمايدىغان بىر بالا ئۈچۈن قانداق بولۇپ دىيەت تۆلەيمەن؟ بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنىڭ (يەنى ئۆلۈك بالىنىڭ) قانلىرى تەلەپ قىلىنماسلىق لازىم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن بۇ ئادەم داخانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئىكەن[1] » دەيدۇ.[2]

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: (قۇرسۇقىغا تاش ئېتىلغان ئايالمۇ ئۆلۈپ قالغان) ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلار (يەنى ئايالنىڭ ئېرى) مىراس قىلىپ ئالغان، دەپ بايان قىلىنىدى.

## يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم دېگەنلىكتىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ تىرىك ياكى ئۆلۈك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس بولۇپ قالغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىدە تىرىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە ئۇ تىرىك ئىدى. (شۇڭا ئۇ تاكى ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر تىرىك ھېسابلىنىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى مىراسخورلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنماي قويۇپ قويۇلىدۇ. قازى ئۇنىڭ

(1) يەنى ھەق بىر ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن گەپتە ئۇستىلۇق قىلىدىكەن، دېمەكچىدۇر. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مال - مۈلكىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن ئادەم تەيىنلەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ (باشقىلاردىكى) ھەقلىرىنى تولۇق ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ، بالىۋاقىلىرىنىڭ ۋە ئۇ ئادەمگە تەمىناتىنى بېرىش كېرەك بولغان كىشىلەرنىڭ تەمىناتلىرى ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىدىن بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ يوق بولۇپ كەتكىنىگە تۆت يىلدىن ئارتۇق بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئايرىۋېتىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەمنىڭ يوق بولۇپ كەتكىنىگە تۆت يىلدىن ئارتۇق بولغان بولسا، (ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئايرىۋېتىلىدۇ) ۋە ئايالى ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى تۇتىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەم ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كونا قارىشىدۇر(1)،(2)

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىتابىدا: <يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ خوتۇن - بالىۋاقىلىرى ۋە مال - مۈلكىدىكى ھۆكمىنىڭ بابى> دەپ بىر باب تۈزدى.

ئىبنى مۇسەييەب (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەم ئۇرۇش مەيدانىدا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى بىر يىلغىچە ساقلايدۇ» دېدى.

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: ئابدۇرراززاق، داۋۇد ئىبنى ئەبۇھىنددىن ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئۇرۇش مەيدانىدا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى بىر يىلغىچە ساقلايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا ئەمەس باشقا يەردە يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى تۆت يىلغىچە ساقلايدۇ.»

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ قەيەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى ئېنىق بولغان ئادەمنىڭ ھەققىدە ئىمام زۆھرىي: بۇ ئادەمنىڭ ئايالى باشقا ئەرگە تەگمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مال - مۈلكى (مىراسخورلىرى ئارىسىدا) تەقسىم قىلىنمايدۇ، ئەگەر كېيىن ئۇنىڭ (قانداق بولغانلىق) خەۋىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھۆكمى خۇددى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر دېگەن» دېدى.

(1) ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قاراشلىرى: كونا قاراشلار ۋە يېڭى قاراشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاز بىر قىسىم مەسىلىلەردىن باشقا مەسىلىلەردە ئۇنىڭ يېڭى قاراشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 320 - بەت.

ئىبنى ئەبۇشەيبە ئەۋزائىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەن زۆھرىيدىن دۈشمەننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئايالى قاچان باشقا بىرسىگە ياتلىق بولالايدۇ؟ دەپ سورىدۇم. زۆھرىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگەن مۇددەت ئىچىدە باشقا بىرسىگە ياتلىق بولالمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.»

يەنە بىر رىۋايەتتە زۆھرىي مۇنداق دېدى: «ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئايالى تاكى ئۇ ئادەم قويۇپ بېرىلگەنگە ياكى ئۆلگەنگە قەدەر توختۇلۇپ قويۇلىدۇ.»

ئەمما زۆھرىينىڭ: <ئەگەر كېيىن ئۇنىڭ (قانداق بولغانلىق) خەۋىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھۆكمى خۇددى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر دېگەن> سۆزىگە كەلسەك، زۆھرىينىڭ يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى ھەققىدىكى كۆز قارشى ئۇ ئايالنىڭ تۆت يىل ساقلىشى كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئابدۇرازاق، سەئىد ئىبنى مەنسۇر ۋە ئىبنى ئەبۇشەيبە قاتارلىقلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ (يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى تۆت يىل ساقلايدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.) بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرى تۆۋەندە بايان قىلىنغىنىدۇر:

ئابدۇراززاق زۆھرىيدىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى تۆت يىلغىچە ساقلايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغان ئىدى.»

سەئىد ئىبنى مەنسۇر بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ: «يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى تۆت يىل ساقلايدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان». شۇنىڭدەك يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى مەسئەدنىڭ، نەخەئىي، ئەتا، زۆھرىي ، مەكھۇل ۋە شەئبىي قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم تابىئىنلارنىڭمۇ (يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى تۆت يىل ساقلايدۇ، دېگەنلىكلىرى رىۋايەت قىلىندى.)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇنداق دەيدۇ: تۆت يىل مۇددەتنى ھېسابلاش ئايال ئېرىنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى قازىغا دەپ بارغان كۈندىن تارتىپ باشلىنىدۇ. تۆت يىل توشقاندىن كېيىن

ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئىددىتىنى تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يوق بولۇپ كەتكەن بۇرۇنقى ئېرى پەيدا بولۇپ كەلسە، ئۇ ئادەمگە ئايالى بىلەن يېڭىسىش ياكى ئۇنىڭغا بۇرۇن بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى خالىسا، ئۇ تويلۇقنى ئۇ ئايالنىڭ ئىككىنچى ئېرى تۆلەپ بېرىدۇ. ئىبنى مۇسەييەبتىن باشقا كۆپلىگەن ئالىملار بىر ئادەمنىڭ مەسىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا يوق بولۇپ كەتكىنى بىلەن باشقا يەردە يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىدى. ئەمما ئىبنى مۇسەييەب (بىر ئادەمنىڭ مەسىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا يوق بولۇپ كەتكىنى بىلەن باشقا يەردە يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك مۇنداق دېدى: « بىر ئادەم ئۇرۇش مەيدانىدا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى بىر يىلغىچە ساقلايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم باشقا يەردە يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى تۆت يىلغىچە ساقلايدۇ.)[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بەزى ئالىملار، يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالىغا كېلىدىغان زىياننى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشى بويىچە پەتىۋا بېرىشنى توغرا كۆردى[2]. بۇ ھەقتە قۇھۇستانىي: « مېنىڭ ئويلۇشىمچە زۆرۈر بولۇپ قالغان يەردە ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىلسە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ» دېدى. ئىبنى ئابىدىن قۇھۇستانىينىڭ مەزكۇر سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى: «شۇنىڭدەك يەنە بۇرۇن ئۈچ كۈن ھەيز كۆرۈش بىلەن بالاغەتكە يەتكەن، كېيىن ھەيز كۆرۈشى توختاپ قېلىپ ھەيز كۆرمەي پاك يۈرۈيدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتىمۇ مەزكۇر مەسىلىگە ئوخشاش. ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى (ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە مەيلى بىر يىلدا كۆرسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بىر مۇددەتتە كۆرسۇن) ئۈچ ھەيزنى كۆرگەنگەندىن كېيىن چىقىدۇ. ئەمما ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چىققان ھېسابلىنىدۇ. <ئەلبەزازىيە> دېگەن كىتابتا: كۈنۈمىزدە بۇ ھەقتە

(1) بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى فەتھۇلبارىدا بايان قىلىنغاندۇر.

(2) ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى ئۇ ئادەمنى تۆت يىلغىچە ساقلايدۇ. ئۇ ئادەم تۆت يىلغىچە پەيدا بولۇپ كەلمىسە، ئۇ ئايال ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى تۇتىدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر. ت.

پەتىۋا ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى[1]. زاھىدىي (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): بەزى سەپداشلىرىمىز بۇ ھەقتە زۆرۈر بولۇپ قالغان ۋاقىتدا ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشى بويىچە پەتىۋا بەرگەن ئىدى.»[2]

يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىدە ئۆلگەن ئادەم ھېسابىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۆلگەن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئىككى قىزى ۋە يوق بولۇپ كەتكەن بىر ئوغلى بولغان، يوق بولۇپ كەتكەن ئوغلىنىڭ ئىككى قىزى ۋە بىر نەچچە ئوغۇللىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى قىزىغا ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. قالغان يېرىمى (تەقسىم قىلىنماي) ئۇ ئىككى قىزنىڭ يېنىدا ساقلاپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ يوق بولۇپ كەتكەن ئوغلى پەيدا بولۇپ كەلسە، ساقلاپ قويۇلغان ئۇ مال ئۇ بالىغا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغۇلنىڭ ئۆلگەنلىكى ئاشكارا بولسا، ساقلاپ قويۇلغان مالنىڭ ئالتىدىن بىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى قىزىغا بېرىلىدۇ. (يەنى يوق بولۇپ كەتكەن ئۇ ئوغۇلنىڭ ئىككى ھەمشىرىسىگە بېرىلىدۇ.) مال - مۈلۈكنىڭ قالغانلىرى يوق بولۇپ كەتكەن ئوغلىنىڭ بالىۋاقىلىرىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. قالغان مال - مۈلۈك ئۇ ئوغۇلنىڭ بالىۋاقىلىرىغا تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتدا، بىر ئوغۇل بالىغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ.[3]

بىر ئادەم، يوق بولۇپ كەتكەن بىر كىشىگە مال ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ مال يوق بولۇپ كەتكەن ئۇ كىشىگە بېرىلمەيدۇ. ئۇ مال تاكى ئۇ كىشىنىڭ يۇرتىدىكى تەڭتۇشلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەنگە قەدەر ساقلاپ قويۇلىدۇ.

يوق بولۇپ كەتكەن كىشىنىڭ يۇرتىدىكى تەڭتۇشلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەنگە قەدەر ساقلاش ۋەسىيەت ئىشىغىلا خاس بىر ھۆكۈم ئەمەس. بۇ، يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھۆكۈمدۇر. ئالىملار يوق بولۇپ كەتكەن كىشىنىڭ يۇرتىدىكى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئۆلۈپ

---

(1) يەنى بىر قىز ئۈچ كۈن ھەيز كۆرۈش بىلەن بالاغەتكە يەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭ ھەيز كېلىشى توختاپ قالغان بولسا، بۇ قىز ئەردىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چىققان ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئىمام مالىك (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىدۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 320 - بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 321 - بەت.

تۇگەيدىغان مۇددەتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بەزى ئالىملار: «بۇ مۇددەت يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ 90 يىلدۇر» دېدى. بەزىلەر: «120 يىلدۇر» دېدى. بەزىلەر: «70 يىلدۇر» دېدى. كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملار 60 يىلنى توغرا كۆردى. 60 يىلنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئەبۇسەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئۈممەتلىرىمنىڭ ياشلىرى ئاتمىش بىلەن يەتمىشنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى بۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.»[1]

بىر قىسىم ئالىملار يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ھايات بولۇش ئىشىنى بەلگىلەشنى قازىغا تاپشۇرۇشنى توغرا كۆردى. ئەگەر قازى ئۇنى ئۆلدى، دەپ ھۆكۈم قىلىشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىسمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ بالدۇر ياكى كېيىن ئۆلۈشى شۇ ئادەم ياشىغان شەرت ـ شارائىتقا قاراشلىقتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم دۈشمەن بىلەن ياكى بۇلاڭچىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يوق بولۇپ كەتكەن، ياكى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدا قاتتىق خەتەرلىك كېسەل ھالىتىدە چىقىپ كەتكەن بولسا، (بۇ ئادەمنىڭ ھايات قېلىش ئېھتىمالى باشقا ئادەمگە قارىغاندا ئاز بولىدۇ). ئەگەر قازى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلسا، ئۇنىڭ ئايالى (بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك) ئۆلۈمنىڭ ئىددىتىنى تۇتىدۇ. باشقا بىر ئادەم ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈك ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

## قوش جىنسلىق ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

ھەم ئوغۇللۇق ھەم قىزلىق جىنسى ئەزاسى بار ئادەم <قوش جىنسلىق ئادەم> دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە ھەم ئوغۇللۇق ھەم قىزلىق جىنسى ئەزاسى

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى.

يوق، سۈيدۈك كىندىكىدىن چىقىدىغان ئادەممۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ھەم ئوغۇللۇق ھەم قىزلىق جىنسى ئەزاسى بار ئادەم بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن، ئەگەر سۈيدۈكنى ئوغۇللۇق ئەزاسىدىن سىيسە، ئوغۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ قىزلىق ئەزاسىدىن سىيسە، قىز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يەتكەن ۋاقتىدا ئەگەر ئۇنىڭغا ساقال چىققان ياكى خۇددى ساق ئەر ئېھتىلام كۆرگەنگە ئوخشاش ئېھتىلام كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئوغۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەمچەك چىققان ياكى ئۇنىڭدىن سۈت كەلگەن ياكى ئۇ ھەيز كۆرگەن، ياكى قۇرساق كۆتۈرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدا مەزكۇر ئالامەتلەردىن (يەنى ئەرلىك ياكى ئاياللىق ئالامەتلىرىدىن) ھېچقايسىسى كۆرۈلمىگەن ياكى ھەر ئىككىسى تەڭلا كۆرۈلگەن ياكى بىر مۇددەت قىزلىق ئالامىتى يەنە بىر مۇددەت ئوغۇللۇق ئالامىتى كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ <قوش جىنسلىق ئادەم> ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بالاغەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن بۇنداق بولۇپ قېلىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئىشتۇر. بولۇپمۇ دوختۇرلۇق تەرەققى قىلغان بۇ زاماندا تېخىمۇ شۇنداقتۇر. چۈنكى بۇ ھەقتە ئىختىساس ئىگىلىرى بولغان دوختۇرلارنىڭ سۈرەتكە ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆجەيرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى ئارتۇق ۋە كېرەكسىز ئەزالارنى يوقىتىۋېتىش ئىمكانىيىتى بار.

قوش جىنسلىق ئادەم ھەققىدە ئۇنىڭ ئىشى (يەنى ياكى ئەرلىكلىكى ياكى ئاياللىقلىغى) بىر تەرەپكە ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ھەممە ھۆكۈملەردە ئەڭ ئېھتىياتلىق تەرىپى تۇتۇلىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇنىڭغا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەسسىسىنىڭ ئەڭ ئاز قىسمى بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئەگەر ئەر ھېسابلانسا قانچىلىك مىراس ئالىدىغانلىقىغا، ئەگەر ئايال ھېسابلانسا قانچىلىك مىراس ئالىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بۇ ئىككى خىل مىراسنىڭ ئەڭ ئاز بولغىنى بېرىلىدۇ. ئۇ مەيلى ئەر ھېسابلانسۇن مەيلى ئايال ھېسابلانسۇن ئەگەر مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىراس بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇنىڭغا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەسسىسىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە پەتىۋا

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بولسا، كۆپلىگەن ساھابىلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

## مىراس ئېلىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان ئامىللار

مىراسقا ئالاقىدار ماۋزۇلارنىڭ ئاخىرىدا مىراس ئېلىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بۇ ئامىللاردىن مىراسخوردا كۆرۈلگەن بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇ مىراسخورنىڭ مىراس ئېلىشىغا تۇسالغۇ بولىدىغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ مىراسخور مىراستىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەكىلدە مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قالغان ئادەملەرنىڭ قاتارىغا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مىراس ئېلىشتىن پۈتۈنلەي ياكى يېرىم چەكلىنىش بىلەن مىراس ئېلىشتىن چەكلىنىپ قالغان ئادەملەر كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىدە كۆرۈلگەن بىرەر سەۋەبنىڭ تۈپەيلىدىن ئەمەس باشقا بىر سەۋەبنىڭ تۈپەيلىدىن مىراس ئېلىشتىن چەكلەنگەن ئادەملەردۇر. مىراس ئېلىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان ئامىللار تۆتتۇر:

1 ـ قۇللۇق. بىر ئادەمنىڭ قۇل بولۇشى ئۇنىڭ ئۆلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن مىراس ئېلىشىدىن چەكلەيدۇ. چۈنكى قۇل ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. قۇلنىڭ قولىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر ئۇنىڭ خوجايىنىغا تەۋە بولىدۇ. (ئۇنداق بولغان ئىكەن ئەگەر قۇل ئادەم ئۆلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن مىراس ئالسا، ئۇ مىراسنى ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم ئەمەس ئۇنىڭ خوجايىنى ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇل ئادەم مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.)

2 ـ مىراسخورنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەمنى قەستەن ياكى كاففارەتنى كەلتۈرۈدىغان بىر شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋېتىشى. قەستەن ياكى كاففارەتنى كەلتۈرۈدىغان بىر شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋېتىش بولسا، بىر مىراسخورنىڭ ئۆزىنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادىمىنى قەستەن ياكى قەستەنگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان بىر شەكىلدە، ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشىدۇر. بۇ ھالدا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 466 ـ بەت.

ئۇ ئادەم مىراستىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى كىمكى بىر نەرسىگە ئۇ نەرسىنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئېرىشىشكە ئالدىرىسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن مەھرۇم قېلىنىش بىلەن جازالىنىدۇ[1].

بىر ئادەم مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچىسىنى بىۋاستە قول تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادەمدىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم يولدا تاش قويۇپ قويغان ۋە ئۇ ئادەمگە مىراس قالدۇرۇپ كېتىدىغان كىشى ئۇ تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ كىشىدىن مىراس ئالىدۇ. تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ياكى ئېلىشىپ قالغان ئادەم ئۆزلىرىنىڭ مىراس قالدۇرغۇچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇلار مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتلىق سەۋەب بىلەن قىساس ياكى كاففارەت كەلمەيدۇ.

بىر ئادەم ئايالىنى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنى تۆھمەت چاپلاپ ئەمەس ئايالىنىڭ ياكى مەزكۇر تۇغقىنىنىڭ ھەقىقىي زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن تەرەپتىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئايالىنى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنى زىنا قىلدىڭ، دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمدىن ئۇنىڭ دادا بولغانلىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىساس ياكى كاففارەت كەچۈرۈۋېتىلسە، ئۇ ئادەم يەنە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئوغلىدىن مىراس ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەمگە (كاففارەت بېرىش ۋاجىب ئەمەس) پەقەت مۇستەھەپ بولغان ھالەتتە بولسىمۇ يەنە ئۇ مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم قۇرساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايالىنى ئۇرغان ۋە ئۇنىڭ قۇرسۇقىدىكى بالىسى ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۆلۈك چۈشكەن ئۇ بالىدىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا دىيەت بېرىش لازىم، ئەمما كاففارەت

(1) يەنى بىر مىراسخور بالدۇرراق مىراسقا ئېرىشەي، دەپ ئۆزىنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكۈچى ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مىراسخور ئۇ ئادەمدىن ئالىدىغان مىراسىدىن مەھرۇم قىلىنىش بىلەن جازالىنىدۇ. ت.

ئۇچۇن بېرىش مۇستەھەپتۇر.[1]

ئەگەر ئۆزىنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈەتمەكچى بولغان ئادەم، ئۇنى ئۆلتۈرۈەتمەكچى بولغان جەرياندا يارىلانغان ۋە ئۆلتۈرۈەتمەكچى بولغان كىشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ. بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

3 ـ ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مىراسخورىنىڭ بىرىنىڭ مۇسۇلمان يەنە بىرىنىڭ كاپىر بولغىنىغا ئوخشاش باشقا ـ باشقا دىندا بولۇشى. يەنى بىر مۇسۇلمان بىر كاپىر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدىن ياكى بىر كاپىر بىر مۇسۇلمان ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە ئۇسامە ئىبنى زەيد (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان كاپىردىن، كاپىر مۇسۇلماندىن مىراس ئالالمايدۇ.» [2]

نەسائىي بۇ ھەقتە زۆھرىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باشقا ـ باشقا دىندىكى ئادەملەر (بىر ـ بىرىدىن) مىراس ئېلىشالمايدۇ.» بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن يەنە بىر نەچچە ھەدىسلەرمۇ بار. بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەدىسلەرنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ تۇرۇپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەمما باشقا ـ باشقا دىندىكى كاپىرلارمۇ بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى[3]. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «مەزكۇر ھەدىسلەردىكى <باشقا ـ باشقا دىندىكى ئادەملەر> دىن كاپىر بىلەن مۇسۇلمان مەقسەت قىلىنىدۇ» دېدى. يەنى مۇسۇلمان بىر ئادەم كاپىر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدىن ياكى كاپىر بىر ئادەم مۇسۇلمان ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدىن مىراس ئالالمايدۇ. ئەگەر بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى بۇ مەزمۇنغا قارىتىلسا، بۇ ھەدىسلەر بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن: «مۇسۇلمان كاپىردىن، كاپىر مۇسۇلماندىن مىراس ئالالمايدۇ.» دېگەن ھەدىس بىلەن مەنا جەھەتتىن بىرلەشكەن بولىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى بۇ مەناغا قاراتقانلىق ئۇنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 389 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) يەنى مەسىلەن: ئىككى قېرىنداشنىڭ بىرى يەھۇدىي يەنە بىرى خرىستىيان بولسا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. ت.

مەنىسىنى ئومۇمىي مەناغا قاراتقاندىن ياخشىدۇر. (ئەگەر ھەدىسنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ ئومۇمىي مەناسىغا قارىتىلسا). ئۆرۈق - تۇغقان بولغان يەھۇدىي بىلەن خىرىستىيان بىر - بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ تۇغرا كۆز قارىشى بويىچە: كاپىر كاپىر ئۆرۈق - تۇغقىنىدىن مىراس ئالىدۇ[1]. بۇ ھەم ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىن باشقا كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر. بۇنىڭغا قارشى ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولسىمۇ، لېكىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر كاپىر باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەنە بىر كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ» دېدى.[2]

ئەگەر كاپىر ئادەم ئۆلگەن مۇسۇلمان تۇغقىنىنىڭ مال - مۈلكى تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىسلامغا كىرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ يەنە مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەم مىراسقا مىراس قالدۇرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا ھەقلىق بولۇپ بولىدۇ. (كېيىن مۇسۇلمان بولغان كاپىر مۇسۇلمان تۇغقىنى ئۆلگەن ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىن مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ يەنە مىراسقا ئېرىشەلمەيدۇ). مەيلى يەھۇدىي بولسۇن مەيلى خىرىستىيان بولسۇن مەيلى ئوتپەرەس بولسۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىر گورۇھ ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىدىن مىراس ئالالايدۇ.

(اللّٰه تائالا ساقلىسۇن!) ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ۋاقتىدا تاپقان مال - مۈلكى مىراسخورلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن تاپقان مال - مۈلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەنىمەت ھېسابلىنىدۇ.

4 - ياشاۋاتقان يەرنىڭ باشقا - باشقا يەر بولىشى. ئۆرۈق - تۇغقان كاپىرلار بىرى باشقا يەردە يەنە بىرى باشقا بىر يەردە ياشىسا، ئۇلار بىر - بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى مىراس ئىشى ئۆرۈق - تۇغقانلار بىر - بىرىنى قوغداش ۋە ياردەم بېرىش پرىنسىپىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر ئىشتۇر. باشقا - باشقا يەردە ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش

(1) يەنى مەسىلەن: يەھۇدىي بىر ئادەم، خىرىستىيان ياكى ئوت پەرەس، ياكى بۇتپەرەس بىر ئۆرۈق - تۇغقۇنىدىن مىراس ئالالايدۇ. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 12 - توم، 51 - بەت.

ۋە بىر ـ بىرىنى قوغداش ئىشى يوقتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئارا دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش ۋە بىر ـ بىرىنى قوغداش ئىشى بولسا، بۇ ھالدا ئۇلار خۇددى بىر يەردە ياشىغان ھېسابلىنىدۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ باشقا ـ باشقا يەردە ياشىغانلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مىراس ئېلىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بىر تىجارەتچى ياكى كاپىرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر مۇسۇلمان كاپىرنىڭ يۇرتىدا ئۆلسە، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى مىراس قىلىپ ئالىدۇ.

ئىمام بۇخارى كىتابىدا: <ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنىڭ مىراسى> دەپ بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى: قازى شۇرەيھ دۈشمەننىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەمگە مىراس بېرەتتى ۋە: «ئۇ بۇنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىدۇر» دەيتتى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىسھاق ئىبنى راشىدكە مۇنداق دەپ خەت يوللىغان ئىدى: ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەم (دۈشمەننىڭ قولىدا تۇرۇپ) دىنىدىن ئۆزگۈرۈپلا كەتمىگەن بولسا، سەن ئۇنىڭ قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىنى، (ئەگەر ئۇ قۇل ئازات قىلىۋاتقان بولسا) ئۇنىڭ قۇل ئازات قىلغان ئىشىنى ۋە مال ـ مۈلكى ھەققىدە قىلغان تەسەررۇپاتلىرىنى بىجا كەلتۈرگىن. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە مال ـ مۈلۈكتە خالىغىنىنى قىلىش ھەققى بار.[1]

# تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

بىز ماۋزۇنىڭ بېشىدىلا تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمدىن مىراس ئالالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۇق.

بۇ، پېقىرلىقتىن ياكى (تۇغۇپ سالغان ئېرى يوق ئاياللارنىڭ) زىنا تۆھمىتىدىن قورقۇپ تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بالا ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى تاشلىۋەتكەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئۇ الله تائالانىڭ: «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر«[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان مازمۇننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئەگەر بالا چۆلگە ياكى ئورمانلىقتا ئوخشاش بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە غەنىمەتكە ئېرىشكەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: »كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ«[2]

## تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكمى

ئۇ بالا، ئەگەر ئۇنى كۆرگەن ئادەم ئېلىۋالمىسا ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى گۇمان قىلىنىدىغان بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن ئادەمگە ئۇنى ئېلىۋېلىش بىر ئادەم قىلسا باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن قىلىش چۈشۈپ كېتىدىغان پەرزدۇر. (يەنى پەرز كۇپايىدۇر). ئەگەر ئۇ بالا تاشلىۋېتىلگەن يەر ئۇنى كۆرگەن ئادەمدىن باشقا ئادەم يوق بىر يەر بولسا، ئۇنى كۆرگەن ئادەمگە ئۇنى ئېلىۋېلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلىشى لازىم بولغان پەرزدۇر. كور بىر ئادەمنىڭ بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ تاشلىۋېتىلگەن بالىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر[3].

ئەگەر بىر بالا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بەك كۈچلۈك ئەمەس بىر يەرگە تاشلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن ئادەمگە ئۇنى ئېلىۋېلىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇنداق قىلغانلىق ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانلىق ۋە ياخشىلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئېلىپ قۇتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتا تاشلىۋېتىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇنى ئۇچراتقان ئادەمگە (ئۇنى قولىغا ئېلىشى بىلەن) ئۇنى پەرۋىش قىلىپ ساقلاش ۋاجىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

(1) سۈرە ئىسرا 31 ـ ئايەت.

(2) سۈرە مائىدە 32 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(3) يەنى بىر ئادەمنىڭ، كور ئادەمنىڭ بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭ چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى باشقىلارمۇ كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ كورنى ئۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇۋېلىش بىر ئادەم قىلسا باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن قىلىش چۈشۈپ كېتىدىغان پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ كور ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنى باشقىلار كۆرمەيدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ كورنى ئۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلىشى لازىم بولغان پەرزدۇر. ت.

ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتۇرۇش توغرا ئەمەس.[1]

تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ تەمىناتىنى دۆلەت بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ يېقىنمەن. شۇڭا كىمكى ۋاپات بولغان ۋە مال ـ مۈلۈك قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تەۋە بولىدۇ. كىمكى بالىۋاقىلىرىنى (مال ـ دۇنياسىز تاشلاپ قويۇپ) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلارغا مەن ئىگە بولىمەن.»[2]

مال ـ مۈلۈك مەيلى تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ئاستىدا بولسۇن مەيلى ئۇستىدە بولسۇن ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مال ـ مۈلۈك بىرگە بولغان بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈك ئۇ بالىغا تەۋە بولىدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەت مال ـ مۈلۈكنىڭ بالىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاشلىۋېتىلگەن بالا تېپىلغان يەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ئازات ۋە مۇسۇلمان بالا ھېسابلىنىدۇ[3]. مەيلى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم مۇسۇلمان بولسۇن مەيلى كاپىر بولسۇن (ئۇ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان) يەردە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تاشلىۋېتىلگەن بالا مۇسۇلمانلارغا تولىمۇ تولەپ ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ مەھەللىسىدە ياكى ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا تېپىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدە كىرىسكە ئوخشاش باشقا دىنىدىكىلەرنىڭ ئالامەتلىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ بالا (مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس) شۇ كاپىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكى ۋە ئەگەر ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆلەنگەن دىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئەگەر ئۇ بالا بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە تۆلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنى دۆلەت تۆلەيدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن تۆلەيدىغان تۆلەمنى دۆلەت تۆلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلۈكنىمۇ دۆلەت ئالىدۇ.) چۈنكى بىر نەرسىگە تۆلەيدىغان بەدەلمۇ ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان پايدىغا قارىتا بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 314 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) يەنى ئۇ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان يەردە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ. ت.

تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنى ساقلاش ھەققى ئۇنى بالدۇر تېپىۋالغان ئادەمنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى بالدۇر تېپىۋالغان ئادەم ئۇنى ساقلاشقا ۋە ئۇنى تەربىيەلەشكە ھەقلىق بولمىسا، بالىنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش لازىم. مەسىلەن: ئۇنى بالدۇر تېپىۋالغان ئادەم ئىستىلى بۇزۇق ۋە ئەخلاقى چىرىك ئادەم بولغان ۋە بالىنىڭ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان ئەھۋال بولسا، بۇ ھالدا بالىنى ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش لازىم.

مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكى سۈپىتى بىلەن ئېلىۋېلىش ھەققى بار. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئۇ ئادەمدە بالىنى قولىدىن ئېلىۋېلىشنى كېرەكلىك قىلىدىغان بىرەر سەۋەب تېپىلغاندىن كېيىن ئېلىۋالىدۇ.

ئەگەر تاشلىۋېتىلگەن بالىنى بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر كاپىر تېپىۋالغان ۋە ئۇ ئىككىسى (بۇنى مەن باقىمەن، دەپ) تالىشىپ قالغان بولسا، قازى بالىنى مۇسۇلماننىڭ بېقىشىغا بۇيرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇسۇلمان كاپىرغا قارىغاندا ئەڭ پايدىلىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنى تېپىۋالغان ئادەملەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئادەملەر بولسا، بۇ ھالدا قازى ئۇ بالىنى كىمگە بېرىش ھەققىدە ياخشى ئويلىشى ۋە بالىنى ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق بولغان ئادەمگە بېرىشى لازىم.[1]

تاشلىۋېتىلگەن بالىنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىشى توغرا ئەمەس (يەنى ئۇ، مېنىڭ بالام دېيىشى توغرا ئەمەس). چۈنكى يۇقىرىدا بېقىۋالغان بالىنى بېقىۋالغان ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئەمەس ئۇنىڭ ئەسلىدىكى دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن الله تائالانىڭ: »ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر« [2] دېگەن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 313 - بەت.

(2) سۈرە ئەھزاب 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمدىن باشقا بىر ئادەم: بۇ بالا مېنىڭ بالام، دەپ داۋا قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ بالىنى مېنىڭ بالام، دەپ داۋا قىلىشى بىلەنلا ئۇ بالا ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئېرى بار بىر ئايال ئۇ بالىنى: بۇ مېنىڭ بالام، دەپ داۋا قىلغان، ئايالنىڭ ئېرىمۇ ئايالنىڭ سۆزىنى تەستىق قىلغان ياكى تۇغۇت ئانىسى بۇ بالىنىڭ شۇ ئايالنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال كېلىپ ئۇ بالىنى شۇ ئايالنىڭ تۇغقانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگىنىگە ئوخشاش ئۇ ئايالنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر پاكىتى بولغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ بۇ داۋاسى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە (ئۇ بالا ئۇ ئايالغا بېرىلىدۇ). ئەگەر ئۇ ئايال مەزكۇر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل سۈپۈتىدە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ كۆرسىتەلمىسە، ئۇ ئايالنىڭ قىلغان داۋاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئايالنىڭ مەزكۇر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە قولىدا ھېچقانداق پاكىت يوق بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىشى ئۇ بالىنىڭ نەسەبىنى ئۆزىنىڭ ئېرىگە يۈكلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئۇ بالىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى خۇددى ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك بالا كۆرپىسى ئۈستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر بالىنى ئىككى ئايال داۋا قىلغان ۋە ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بالا پاكىت كۆرسەتكەن ئايالنىڭ بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر بالىنى ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمدىن باشقا ئىككى ئادەم: ئۇ مېنىڭ بالام ئىدى، دەپ داۋا قىلغان، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى بالىنىڭ تېنىدە مۇنداق - مۇنداق ئالامەتلەر بار ئىدى، دېگەن ۋە بالىنىڭ تېنىدە ئۇنىڭ دېگەن ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن بولسا، يەنە بىر ئادەم بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر پاكىت كۆرسەتمىسە بالا ئۇ ئادەمگە

بۇيرۇپ بېرىلىدۇ.[1]

تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشنى توغرا كۆردۇق. چۈنكى ھەر ئىككى مەسىلە نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەردە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

## چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن چۈشۈپ قېلىنغان، لېكىن ئىگىسىنىڭ كىملىكى بىلىنمىگەن نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

### چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىنى ئۇچراتقان ئادەمنىڭ ئېلىشىنىڭ ھۆكمى

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئەگەر ئۆزىگە ئۇ نەرسىنى ئالسا ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتى بىلەن ئېلىشى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ كېتىشى لازىمدۇر ۋە بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئېلىشى ھارامدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتى بىلەن ئالسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇلاپ ئېلىۋالغان كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئەگەر ئالماي تاشلاپ كەتسە ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئېلىش پەرز بولىدۇ. چۈنكى خۇددى جانغا ئوخشاش مال - مۈلۈكنىڭمۇ ھۆرمىتى باردۇر. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئالسا ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلالايدىغانلىقىغا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىسا، ئۇنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ كېتىشى ياخشىدۇر.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 313 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 318 - بەت.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم (ئۇ نەرسىنى ئالسا ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلالايدىغانلىقىغا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان تۇرۇپ) ئۇ نەرسىنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ كەتكەن ۋە ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنى تۆلىمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولۇشىدىن ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى تۆلەشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى چىقمايدۇ.

ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئورنىغا قايتا ئاپىرىپ قويغان ۋە (ئۇ نەرسە ئۇ يەردىن يوق بولۇپ كەتكەن، ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن) بولسا، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلىمەيدۇ. بۇ، ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئۇنى تاكى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگىچە (ئۇنى يوق قىلىۋاتقان ياكى بۇزۇۋاتقان بولسا) ئۇنى تۆلەيدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى ئالغان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئالغان ۋە كېيىن (ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن) بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇنى تۆلەش لازىم ئەمەس. چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغان يەردە تۇرۇپ: كىمكى بىر نەرسىسىنى چۈشۈرۈپ سېلىپ ئۇنى ئىزدەۋاتقان كىشىنى ئاڭلىسا ياكى كۆرسە ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ قويسۇن، دەپ ئېلان قىلىشى يېتەرلىك بولىدۇ.

س: چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۇنى باشقا بىر ئادەمگە بەرسە بولامدۇ؟

ج: ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۆزى ئۇنى ئېلان قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋە ئۇنى بېرىدىغان كىشى ئىشەنچلىك بولغان بولسا، ئۇنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۇ كىشىگە بەرسە بولىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلەر:

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەمنىڭ مەست ھالدا بولماسلىقى

ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشى شەرتتۇر. چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، لېكىن تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭمۇ ۋە قۇلنىڭمۇ ئېلىشى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىش كىچىك بالىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ ۋە قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئېلىشىپ قالغان ساراڭنىڭ، ئەقلى كەم، مەست ۋە بىر نەرسىدىن ھەيران قېلىپ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى مەزكۇر كىشىلەر ئۇ نەرسىنى ساقلىيالمايدۇ. مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئۇ نەرسىنى ئېلىشىنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ پايدىسى بولسا، مەزكۇر كىشىلەر (مەسىلەن: مەست ئادەم مەستلىكىدىن ياكى ساراڭ ئادەم ساراڭلىقىدىن) ئويغىنىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇلار مەزكۇر ھالەتتىكى چاغدا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىۋالالمايدۇ.

ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسە بىر ئۈچكۈدەك ياكى مېۋىنىڭ پوستىدەك، ياكى بىر ئىككى تال مېۋىدەك ئاددىي نەرسە بولۇپ ئۇنى ئىگىسىنىڭ ئىزدىمەيدىغانلىقى مەلۇم بولسا، ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلماي ئۆزى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا چۈشۈپ قالغان بىر تال خورمىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئەگەر مەن بۇ خورمىنىڭ سەدىقە خورمىدىن بولۇپ قېلىشىدىن قورقمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەن بۇنى يەيتتىم» دېگەن.[1]

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا تاكى ئەمدى ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى ئىزدىمەيدۇ، دەپ كۈچلۈك گۇمانغا كەلگەنگە قەدەر ئېلان قىلىشى لازىم. ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ ئۆز لايىقىغا يارىشا ئېلان قىلىنىدۇ.

## چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان چاغدىكى ھۆكمى

چۈشۈپ قالغان نەرسە ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا بىر ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇنى قەستەن بۇزۇۋاتمىغان ياكى يوق

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىۋاتمىغان بولسا، ئۇنى تۆلىمەيدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى كەلسە، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى كەلمىسە، ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئادەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى (پېقىرغا) سەدىقە قىلىدۇ. ئىمكان يېتىشىچە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇش لازىمدۇر. بۇ، ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى كەلسە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن، ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى كەلمىسە ئۇنى سەدىقە قىلىپ ئۇنىڭ ساۋابىنى يەتكۈزۈش بىلەن بولىدۇ. چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم، ئەگەر ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇنىڭ ئىگىسى كەلگەنگە قەدەر (ئۇزۇن مۇددەت) ساقلاشنى خالىسا، شۇنداق قىلىدۇ.[1]

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئەگەر پېقىر بولسا، (ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسى كەلمىسە) ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم پېقىر بولمىسا، ئۇنى پېقىر ئادەم مەيلى ئاتا ـ ئانىسى بولسۇن مەيلى بالىۋاقىلىرى بولسۇن مەيلى ئايالى بولسۇن پېقىرغا سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئۇ نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى كەلسە، ئىگىسى خالىسا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىغا قوشۇلىدۇ، (يەنى ئۇنى تۆلەتتۈرمەيدۇ)، خالىسا ئۇنى تۆلەتكۈزىدۇ.

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەم ئەگەر ئۇنى تۆلىسە، ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسە ئەگەر سەدىقە قىلىنىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۇنى تۆلەپ بەرگەن ئادەمگە بولىدۇ. چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى (ئەگەر ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغۇچى ئادەمگە تۆلەتتۈرمىسە، ئۇ نەرسە سەدىقە قىلىنغان) پېقىرغا تۆلەتتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسە سەدىقە قىلىنغان پېقىر تېخى ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ بولمىغان چاغدا كەلگەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى پېقىرنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىش ھەققى بار.

بۇ ھۆكۈم چۈشۈپ قالغان نەرسە مەيلى باشقا يەردە چۈشۈپ قالسۇن مەيلى ھەرەمدە چۈشۈپ قالسۇن، چۈشۈپ قالغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 176 ـ بەت.

بۇنىڭدا بىر يەر بىلەن يەنە بىر يەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق[1]. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ قالغان نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلىگەن ھەدىسلىرىدە بىر يەر بىلەن يەنە بىر يەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرمىگەن. ئۇلارنىڭ بىرى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: يېزىلىق بىر ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋېلىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تېپىۋالغان نەرسىنى خالتىسى ۋە (خالتىسىنىڭ ئېغىزىنى بۇغقان) يىپىغا قەدەر بىر يىل ئېلان قىلغىن. ئەگەر بىرەرسى ساھىبى ئۇ نەرسىنىڭ (ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى) دەپ كەلسە، (ئۇنى ئۇ ئادەمگە بەرگىن)، ئەگەر بىرەرسى ئۇنداق دەپ كەلمىسە، ئۇنىڭدىن ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم پايدىلىنىدۇ.» دېدى. ئۇ ئادەم: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! يۈتۈپ كەتكەن قوينى تېپىۋالغان ئادەم قانداق قىلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، ساھىبى ياكى سېنىڭ قېرىنداشىڭغا، ياكى بۆرىگە تەۋەدۇر[2]» دېدى. ئۇ ئادەم: يۈتۈپ كەتكەن تۆگىنى تېپىۋالغان ئادەم قانداق قىلىدۇ؟ دېدى. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپ: «سېنىڭ تۆگە بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ ئۇنىڭ (يول يۈرۈيدىغان) تاپىنى، سۇنىڭ قېشىغا كېلىپ سۇ ئىچىدىغان ۋە دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ (بىر نەرسە يەيدىغان) قۇرسىقى بار (ئۇنى قويۇپ قوي ئىگىسى كېلىپ تېپىۋالسۇن)» دېدى.[3]

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ھەققىدە دېگەن: «مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئېلىش پەقەت ئۇنى ئېلان قىلىدىغان ئادەمگىلا ھالال بولىدۇ» دېگەن سۆزى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسكە زىت كەلمەيدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئۇنى ئۆزى ئىشلىتىش نىيىتى بىلەن ئەمەس پەقەت ئۇنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئېلىش ھالالدۇر، دېگەنلىك

(1) ئەمما ئىمام شافئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ھەرەمدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇنىڭ ئىگىسى كەلگەنگە قەدەر ئېلان قىلىدۇ، دەيدۇ. ت.

(2) يەنى ئۇنى تۇتۇۋالساڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى سەن تۇتۇۋالمىساڭ، باشقا بىرسى تۇتىدۇ. ئۇنى ئۇمۇ تۇتۇۋالمىسا، بۆرە يەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋالغان ئادەم ئۇنى ئىشلىتىپ بولۇشتىن ئىلگىرى كەلسە، ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار: يۈتۈپ كەتكەن قوينىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش، دەيدۇ. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستە مەككىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى بولسا، مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ بۇ يەردە چۈشۈپ قالغان نەرسىلەر ياقا ـ يۇرتلاردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ، شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىشنىڭ كېرىكى يوق، دەپ گۇمان قىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.[1]

چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى: «ئۇ نەرسىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن ئادەمگە مۇنداق نەرسە بېرىمەن» دەپ ئېلان قىلغان سۈيۈنچىنى ئېلىشى توغرا ئەمەس.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە يۈتۈپ كەتكەن ھايۋانلارنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇ ھايۋانلارنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىشى مۇستەھەپتۇر. ئەمما ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر بىر ئادەم ئېزىپ قالغان كالا ياكى تۆگىنى چۆل جەزىرىدە ئۇچراتسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ھايۋاننى تۇتۇۋالماي تاشلاپ قويۇپ كېتىشى ياخشىدۇر. چۈنكى ئەسلىدە باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ھارامدۇر. (ئېزىپ قالغان ھايۋانلارنى ۋە چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى) ئېلىشنىڭ يولغا قويۇلىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ قىلىش ۋە يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنغانلىق ئۈچۈندۇر. يۈتۈپ كەتكەن ھايۋانلاردا مەسىلەن: كالىنىڭ (ئۇنىڭغا قەست قىلغىلى قوپقان ئادەمنى) ئۈسكۈلى مۈڭگۈزى بولغىنىغا، تۆگە ۋە ئاتنىڭ چىشلەش بىلەن بىرگە تېپىدىغان تۇۋۇقى بولغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنى قوغدايدىغان بىر نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ يوق بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ يوق بولۇپ كېتىش ئەندىشىسى يەنە باردۇر. شۇڭا باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن مەزكۇر ھايۋانلارنى ئۇچراتقان ئادەمنىڭ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئېلان قىلىشى مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى قوينىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش[2]» دېدى. ئەمما (تۆگىگە ئوخشاش چوڭ ھايۋانلارنى تۇتۇشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سېنىڭ تۆگە بىلەن نېمە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 320 ـ بەت.

(2) يەنى قوينى تۇتۇۋېلىپ ئېلان قىلىش بولاتتى. شۇنىڭدەك كالىغا ۋە تۆگىگە ئوخشاش چوڭ ھايۋانلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ. ت.

ئىشىڭ بار؟ ئۇنىڭ (يول يۈرۈيدىغان) تاپىنى، سۇنىڭ قېشىغا كېلىپ سۇ ئىچىدىغان ۋە دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ (بىر نەرسە يەيدىغان) قورسىقى بار (ئۇنى قويۇپ قوي ئىگىسى كېلىپ تېپىۋالسۇن)» دېگەن سۆزىگە ئىمام سەرەخسىنىڭ <ئەل مەبسۇت> دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى دېگەن چاغ بولسا، كىشىلەر دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان چاغلار ئىدى. ئەمما كۈنۈمىزدە (ئۇنداق ئىش كۆپ ئۇچرىمايدۇ). شۇڭا ئەگەر ئۇ ھايۋانلارنى كۆرگەن ئادەم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇۋالمىسا، كېيىن ئۇ ھايۋانلارنىڭ باشقا بىر خىيانەتكورنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىنىشى ۋە (ئۇنىڭ ئۇ ئىنسان تەرىپىدىن يېيىلىپ كېتىشىدىن) خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇتۇپ كەتكەن ھايۋان (تۆگىگە ئوخشاش) چوڭ ھايۋانلار بولسىمۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئىگىسى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇش ياخشىدۇر.[1]

تېپىۋېلىنغان نەرسە مەيلى تاشلىۋېتىلگەن بالا بولسۇن مەيلى يۇتۇپ كەتكەن نەرسە بولسۇن ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇنىڭغا قازىنىڭ رۇخسىتىسىز پۇل چىقىم قىلغان بولسا، بۇ پۇل تېپىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىگە قىلىنغان بىر ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستۈدىكى ھوقۇقى يېرىم ھوقۇق ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە چىقىم قىلىنغان پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئالالمايدۇ). ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە قازىنىڭ: سەن ھازىر ئۇنىڭغا پۇل چىقىم قىلىپ تۇرۇپ كېيىن ئۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالغىن، دېگەن بۇيرۇقى بىلەن چىقىم قىلغان بولسا، (ئۇ ئادەم چىقىم قىلغان پۇللىرىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىدىن ئېلىۋالىدۇ).

ئەگەر تېپىۋېلىنغان نەرسە (ھايۋانغا ئوخشاش كىراغا سېلىپ) پۇل تاپقىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى كىراغا سېلىپ پۇل تېپىپ ئۇنىڭدىن كەلگەن پۇلنى ئۇنىڭ ئۆزىگە چىقىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر تېپىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمگە (قازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن) ئۇ نەرسىگە چىقىم قىلىنغان پۇلنى بەرمىسە، ئۇ نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ مەزكۇر نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ھوقۇقى بار. ئەگەر مەزكۇر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ پۇلنى بېرىشتىن پەقەت باش تارتسا، بۇ ھالدا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 321 ـ بەت.

قازى ئۇ نەرسىنى ساتىدۇ، ئۇنى تېپىۋالغان ئادەمگە ئۇنىڭغا چىقىم قىلغان پۇلنى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ.

## كۆندۈلۈك تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بايانى

● بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرز پۇللىرى ۋە كىشىلەردىن ناھەق ئېلىۋالغان مال ـ دۇنيا بولغان، ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ياكى ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىلىرىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تاپالمىغان ۋە ئۇلارنى تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستۈمدە كىشىلەرنىڭ مۇنچىلىك مىقداردا ھەقلىرى بار دېگەن مىقداردىكى مال ـ مۈلۈكنى، ئەگەر ئۇ ھەقلەر ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىۋەتسىمۇ سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم.

ئەگەر ئۈستىدە بىرىنىڭ قەرزى بار ئادەم، ئۇ قەرزنى قەرزنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا بەرگەن بولسا، ئۇ ئۈستۈدىكى قەرزدىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ. لېكىن قەرزنى ئۆلگەن ئىگىسىگە (قەرزنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەرمەي) ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلگەن ئۇئادەمنىڭ ھەققىدىن پەقەت تەۋبە، ئىستىغپار ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇش ئارقىلىق ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.

● بىر مىراسخور ئۆلگەن تۇغقىنىنىڭ ئۈستىدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ باشقىلاردىن پۇلاپ ئېلىۋالغان ياكى ئوغرىلاپ ئېلىۋالغان مال ـ مۈلۈك ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ مىراسخورنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۆلگەن تۇغقىنى قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىدىن قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ مىراسخور ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىسە، ئۇ مىراسخور ئاخىرەتتە جازالىنىدۇ.

ئەگەر باشقا بىرسىدىن قەرز ئالغان ئادەم قەرز ئىگىسىنى ياكى ئۇنىڭ مىراسخورىنى تاپالمىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قەرزگە ئالغان پۇلنىڭ مىقدارىدىكى پۇلنى قەرز ئىگىسىنىڭ نامىدىن سەدىقە قىلغان بولسا، ئاخىرەتتە جازالىنىشتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ سەدىقىنى ئۇ ئادەمنىڭ

**ئۆزى ئەمەس ئۇنىڭ مىراسخورى قىلىسمۇ شۇنداق بولىدۇ.**

**● بىر ئادەمنىڭ يېنىدا مەيلى باشقىلارنىڭ چۈشۈپ قالغان نەرسىسى بولسۇن مەيلى باشقىلاردىن بۇلاپ ئېلىۋالغان نەرسە بولسۇن مەيلى پارىغا ئالغان نەرسە بولسۇن كىشىلەردىن ناھەق ئالغان نەرسىلەر بولغان ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ قايسى ـ قايسىسىنىڭ، كىم ـ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋېتىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋەتسە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرى كېلىپ ئاخىرەتتە ئۇ ئادەمدىن ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ. مەزكۇر نەرسىلەر بۇ ھالدا خۇددى يۇتۇپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئورنىدا بولىدۇ[1]. ئىگىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان مال ـ مۈلۈكلەر پېقىرلارغا بېرىلىدۇ. (يېنىدا كىشىلەردىن ناھەق ئېلىۋېلىنغان مال ـ مۈلۈك بار ئادەم ئۇ مال ـ مۈلۈكنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىپ بولغاندىن كېيىن) ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى يولسىزلىق بىلەن ئېلىۋالغانلىقىنىڭ گۇناھى تەۋبە قىلىش بىلەن يۇيۇلىدۇ.**

**● بىر ئادەم چۈشۈپ قالغان نەرسە تېپىۋالغان، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلغان، لېكىن ئىگىسىنى تاپالمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەتكەن، كېيىن ئۇ ئادەم باي بولغان بولسا، ئۇ ئادەمگە (باي بولۇپ بولغاندىن كېيىن) ئۇ نەرسىگە ئوخشاش بىر نەرسىنى سەدىقە قېلىۋېتىش لازىم ئەمەس.**

**● بىر ئادەم سەپەر ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ سېتىپ پۇلىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە بالىۋاقىلىرىغا بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى سەپەردە ھەمراھ بولغان ئادەمگە شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەندۇر. ئالىملار: «يەنە ھەجگە بارماقچى بولۇپ ئېھرام باغلايدىغان يەرگە كەلگەندە ھوشسىز بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھەمراھىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ قويىشى توغرا بولىدۇ» دەيدۇ.**

**سەپەر ئۈستىدە ئۆلگەن ھەمراھىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىش ئىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ شاگىرتلىرىدىن**

(1) يەنى مال ـ مۈلكىنى يۇتتۇرۇۋاتقان ئادەممۇ قىيامەت كۈنى بىر ئادەمنى تۇتالمىغىنىغا ئوخشاش مەزكۇر ھەق ئىگىلىرىمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى تۇتالمايدۇ. ت.

بولغان ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئەششەيبانىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دۇچ كەلگەن بىر ئىشتۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمام مۇھەممەد ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا: «سەن قازى بولمىساڭ، سەن قانداق بولۇپ ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساتىسەن؟» دەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد شۇنداق دېگەنلەرگە: «اللە بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن.

● كىمكى سۇدىن ئوتۇن سۈزۈۋالغان، ئۇ ئوتۇن قىممەت پۇلغا يارايدىغان دەرىجىدە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئوتۇن خۇددى چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوتۇن ئۇ دەرىجىدە بولمىسا، ئوتۇن سۈزۈۋالغان ئادەم ئۇچۇن خۇددى تېخى بىر ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن نەرسىلەرگە ئوخشاش ھالالدۇر. ئۇنى سۈزۈۋالغان ئادەمنىڭ قولى ئۇنىڭغا بالدۇر تەككەنلىكى ئۇچۇن ئۇ ئوتۇن ئۇنىڭ ھېسابلىنىدۇ.

● بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە ياقا ـ يۇرتتىن كەلگەن بىر كىشى ئۆلۈپ قالغان ۋە ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى خۇددى چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.[1]

مەلۇم سەۋەب تېپىلغان ئادەملەرنى تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەشنىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن بابلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قانداق نەرسىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئەگەر مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرى كەم ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۆز جايىدا باشقۇرالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى زايا بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلۈشى ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەللىكلىرىنىڭ بىرىدۇر ۋە ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھېكمەتلىك دىن ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مەلۇم سەۋەب تېپىلغان كىشىلەرنى مال ـ مۈلكىنى ئىشلىتىشكە چەكلىمە قويىدى.

بۇ چەكلىمىدىن مەلۇم سەۋەب تېپىلغان كىشىلەرنى بەزى تەسەررۇپلاردىن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 323 ـ بەت.

چەكلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى ئالىملار: «مەزكۇر سەۋەب تېپىلغان ئادەملەر قىلىق ئارقىلىق ئەمەس پەقەت سۆز ئارقىلىق قىلىدىغان تەسەررۇپلاردىن چەكلىنىدۇ» دېدى. چۈنكى قىلىق ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىر ئىنساننىڭ قىلىقلىرىغا ۋە ھەرىكەتلىرىگە چەكلىمە قويۇش تەسەۋۋۇر قىلىنمايدىغان بىر ئىشتۇر.[1]

## چەكلىمىنىڭ سەۋەبلىرى:

بۇ چەكلىمىنىڭ سەۋەبلىرى كىچىكلىك، ساراڭلىق ۋە ئەخمەقلىقتىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ قاتارىغا يەنە گاللۇۋاڭ ئادەممۇ كىرىدۇ. يەنى مۇشۇ خىل سۈپەتلەر تېپىلغان ئادەملەر تەسەررۇپتىن چەكلىنىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىلىپ قويغىنكى، ھەقىقەتەن الله تائالا بەزى كىشىلەرنى ئەقىل - پاراسەتلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دىنىي ئالىملارنى، توغرا يولنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىنى ۋە زۇلمەتنى يورۇتقۇچىلارنى چىقاردى. الله تائالا (ئۆز خاھىشى بويىچە) بەزى كىشىلەردە ساراڭلىقنى، كىچىكلىكنى ۋە گاللۇۋاڭلىقنى ئوخشاش ئۆزى خالىغان بەزى سۈپەتلەرنى قىلدى ۋە ئۇلارنى شۇنىڭ بىلەن سىنايدۇ. الله تائالا مەزكۇر سۈپەتلەر تېپىلغان ئادەملەرگە چەكلىمە قويۇش بىلەن ئۇلارنىڭ قىلىدىغان تەسەررۇپلىرىنى كۈچكە ئىگە بولمايدىغان قىلدى. ئەگەر ئۇلارغا بۇ چەكلىمىلەر قويۇلمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرى ئۆزلىرىگە زىيان ئېلىپ كېلەتتى. مەسىلەن: مەزكۇر سۈپەتلەر تېپىلغان كىشىلەر بىلەن پۇل مۇئامىلىسى قىلغان ئادەملەر (ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ) ئۇلارغا ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋالغان بولاتتى. شۇڭا الله تائالا مەزكۇر كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىگە قارايدىغانغا ئۇلارنىڭ دادىلىرىغا ئوخشاش خۇسۇسىي ئادەملەرنى بېكىتتى. شۇنىڭدەك يەنە الله تائالا دۆلەت قازىسىنىمۇ مەزكۇر كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىگە مەسئۇل قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ رەھمىتىدۇر ۋە مەرھەمەتىدۇر.»[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 89 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 90 - بەت.

# بىر ئادەمگە ئۇنىڭ ئەخمەق ئادەم بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن چەكلىمە قويۇلۇشىنىڭ بايانى

ئەخمەق ئادەم بولسا، مال - مۈلكىنى ئىسلام دىنىنىڭ ياكى ئەقلىنىڭ تەلىۋى بويىچە تەسەررۇپ قىلماستىن ئەكسىچە بۇزۇپ چاچىدىغان، ئويۇن - تەماشا، نەغمە - نەۋاغا ھەددىدىن ئارتۇق پۇل خەجلەيدىغان، قىممەت پۇلغا كەپتەرگە ئوخشاش ئۇچار قۇشلارنى ئالىدىغان ۋە تىجارەتتە گوللىنىپ قالىدىغان ئادەملەردۇر.

بىر ئادەمگە ئۇنىڭ ئەخمەق بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ تەسەررۇپلىرىغا چەكلىمە قويۇش ھەققىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بولغان ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويغىنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە ھۆر، ساراڭ ئەمەس ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئادەمگە (ئۇنىڭ ئەخمەق بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ) چەكلىمە قويۇش توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئادەمگە چەكلىمىگە قويۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەممۇ اللہ تائالانىڭ: »اللہ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك -ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار« دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر مال - مۈلۈكنى ياخشى تەسەررۇپ قىلالماي ئۇنى پايدىسىز يەرلەرگە خەجلەپ بۇزۇپ چاچىدىغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزماڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ.»

ئەخمەقلىق ئەسلىدە ئەقلى كىچىك دېگەنلىك بولۇپ بۇ سۈپەت مەيلى يېتىم بولسۇن مەيلى كىچىك بولسۇن مەيلى ساراڭ بولسۇن ئەقلى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈپەت شۇنىڭدەك يەنە بالاغەتكە يەتكەن چوڭ ئادەم بولسىمۇ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ چاچىدىغان ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت مەيلى ئاتا - ئانىلار بولسۇن مەيلى يېتىم

بالىلارغا قاراشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەملەر بولسۇن جەمىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرنى مەزكۇر سۈپەت تېپىلغان ئادەملەرگە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزماسلىقتا بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى، ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى قىلىپ بەرگەن ماللارنى ئەقلى كەم ئەخمەقلارنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشىدىن توسىدۇ. شۇڭلاشقا ئەقلى كەم ئەخمەقلارغا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئىشلىتىشتىن چەكلىمە قويۇش يولغا قويۇلدى.»

<ئەل دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىچە، ھۆر ئادەم ئەخمەق ياكى گالۋاڭ بولسا، ئۇنىڭغا (مال ـ مۈلكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشقا) چەكلىمە قويۇلىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدە بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ھۆر ئەمما ئەخمەق ئادەم پۈتۈن ھۆكۈملەردە خۇددى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.»

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر بالا ياخشى ـ يامانىنى ئانچە پەرق ئېتەلمەيدىغان بىر ھالەتتە بالاغەتكە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ قولىغا تاكى ئۇ 25 ياشقا كىرگەنگە قەدەر تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى قىلغان تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ 25 ياشقا كىرگەندىن كېيىنمۇ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتكۈدەك بىر ھالەتكە كېلىشىنىڭ ئېھتىمالى بولمىسا، ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مەزكۇر بالىغا (ھەتتا ئۇ 25 ياشتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ) تاكى ئۇ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتكۈدەك بىر ھالەتكە كەلمىسە، ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگە قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنى تەسەررۇپتىن چەكلەشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتەلمەسلىكىدۇر. بۇ سەۋەب ئۇنىڭدا مەۋجۇد بولغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگە قىلىنمايدۇ.»

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت

قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى:

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ سودا ـ سېتىقتا ئالدىنىپ كېتىدىغانلىقىنى دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن سودا ـ سېتىق قىلغان ۋاقتىدا (قارشى تەرەپكە) سودىدا ھىيلە ئىشلىتىش يوق، دېگىن[1]» دەيدۇ.[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر كىشىگە دېگەن: <سودىدا ھىيلە ئىشلىتىش يوق، دېگىن> سۆزىنى ئەخمەق بولسىمۇ چوڭ ئادەمگە مال ـ مۈلكىنى تەسەررۇپ قىلىشتا چەكلىمە قويۇلمايدۇ، دېگەن كۆز قاراشقا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈلدى. چۈنكى بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: مەزكۇر ئادەمنىڭ بالىۋاقىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇ ئادەمگە بىر چەكلىمە قويساڭ، دەپ تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنى سودا ـ سېتىق قىلىشتىن توسقان ئىدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن (سودا ـ سېتىق قىلماي) چىداپ تۇرالمايمەن، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇنداق بولسا: «سەن سودا ـ سېتىق قىلغان ۋاقتىدا (قارشى تەرەپكە) سودىدا ھىيلە ئىشلىتىش يوق، دېگىن» دېگەن[3]. بۇ قاراشقا قارىتا بەزى ئالىملار مۇنداق دېدى: ئەگەر ئەخمەق بولسىمۇ چوڭ ئادەمگە چەكلىمە قويۇش توغرا بولمايدىغان ئىش بولسا، مەزكۇر كىشىنىڭ (بالىۋاقىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۇ ئادەمگە چەكلىمە قويۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىغان بولاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر كىشىگە چەكلىمە قويماسلىقى ئەخمەق بولسىمۇ چوڭ ئادەمگە چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.»[4]

---

(1) بۇنداق دېگەن ۋاقتىدا مالدا مەسىلە كۆرۈلسە سېتىۋالغۇچىنىڭ يېنىۋېلىش ئىختىيارى بولىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) يەنى مانا بۇ ھەدىس سودا ـ سېتىقتا ئالدىنىپ كېتىدىغان ئەخمەق بولسىمۇ چوڭ ئادەمگە چەكلىمە قويۇلمايدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر. ئەگەر ئەخمەق بولسىمۇ چوڭ ئادەمگە چەكلىمە قويۇلىدىغان ئىش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر كىشىگە پەقەت سودا ـ سېتىق قىلماسلىقنى چەكلىمە قويغان بولاتتى. ت.

(4) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 338 ـ بەت.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىلەن ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى ئارىسىدا بولغان ئىختىلاپ بولسا، سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش يېڭىۋېلىشقا بولىدىغان ۋە چاقچاق بىلەن كۆچگە ئىگە بولمايدىغان[1] تەسەررۇپ ھەققىدىدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش تەسەررۇپلاردا مەزكۇر سۈپەتلىك ئادەمگە پايدىلىق تەسەررۇپ كۆچگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇ تەسەررۇپنىڭ كۆچگە ئىگە قىلىنىش ئۈچۈن ئۇ تەسەررۇپنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە قازىنىڭ قوشۇلىشى لازىم.

ئەمما نىكاھقا، تالاققا ۋە قۇل ئازات قىلىشقا ئوخشاش يېڭىۋېلىشقا بولمايدىغان ۋە چاقچاق بىلەنمۇ كۆچگە بولىدىغان تەسەررۇپلاردا مەزكۇر سۈپەتلىك كىشىلەرگە ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ. بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. مەسىلەن: ئەخمەق بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنسە، ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى توغرا ئۆيلىنىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆيلىنىش ئۇ ئىنسانىنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشۇغە بېرىلگەن تويلۇقنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق تويلۇق بەرسە، بۇ ئايالنىڭ بۇ تويلۇقنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئۆزىنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن مىقداردىكى تويلۇقنى ئېلىشى توغرىدۇر. قالغان ئارتۇقنى ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن تويلۇقتىن ئارتۇق تويلۇق بېرىشنىڭ ھېچقانداق كېرىكى يوق. ئەگەر مەزكۇر سۈپەت تېپىلغان ئادەم ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئايالغا ئاتىغان تويلۇقنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ.

بىر ئادەمدە ئەخمەقلىق سۈپىتىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. شۇڭا ئەخمەق بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىمە قويۇلغان ئادەمگە، ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرىغا، ئۇنىڭ ئايالىغا ۋە ئۇنىڭغا تەمىناتىنى بېرىش كېرەك بولغان ئۇنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تەمىنات بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، مەزكۇر ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

مەزكۇر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرىش لازىم بولغان زاكات ۋە پىترە سەدىقى ئۇنىڭ مېلىدىن چىقىرىپ بېرىلىدۇ. قازى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن

(1) يەنى سودا ـ سېتىق چاقچاق بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. يەنى بىر ئادەم قوپۇپ چاقچاق قىلىپ مەن بۇنى سەندىن مۇنچە پۇلغا ئالدىم دېيىش بىلەن ئۇ ئادەم ئۇنى ئالغان ھېسابلىنىپ قالمايدۇ. ت.

تېگىشلىك زاكاتنى ئايرىپ ئۇ ئادەمگە بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم زاكاتنى ئۇنىڭغا لايىق بولغان كىشىلەرگە بېرىدۇ. زاكاتنى مەزكۇر ئادەمنىڭ ئۆزى بېرىشى لازىم. چۈنكى زاكاتمۇ بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن زاكاتنى بېرىدىغان ۋاقتىدا مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىنىڭ نىيىتى بولۇشى لازىم. قازى مەزكۇر ئادەمنىڭ زاكاتنى توغرا ئەمەس يەرلەرگە بېرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن (زاكاتنى بېرىپ كېلىشكە) ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشەنچلىك بىرسىنى ئەۋەتىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ئادەم قەسەم ئىچكەن ياكى (مەسىلەن: پالانى كىشىلىدىن ساقايسا، مەن پېقىرلارغا مۇنچە پۇل تارقىتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) ۋەدە قىلغان، ياكى ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمىنىڭ كاففارىتى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن چىقىرىلىپ ئادا قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاتقانلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەلگەن كاففارەت روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئادەمگە بۇ كاففارەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىقلىرى ئارقىلىق لازىم بولغان. ئەگەر مەزكۇر ئادەمگە بۇ ئىشكنى ئېچىپ بەرسەك، ئۇ مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يول ئارقىلىق تۈگىتىدۇ[1].[2]

مەزكۇر ئادەم ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن ئۇستۇدىكى پەرز ھەجنى ئادا قىلىشتىن چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى ھەج ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمەس (اللہ تائالا تەرىپىدىن) پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر. قازى ئۇنىڭ ھەج قىلىشى ئۈچۈن يولدا كېتىدىغان پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا ئەمەس ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەجگە ماڭغان ھاجىلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك بىرسىگە تۇتقۇزىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئادەم ئۆمرىگە بارماقچى بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن پەقەت بىر قېتىملا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بەزى ئالىملار بىر قېتىم ئۆمرە قىلىشمۇ پەرزدۇر، دەپ قارايدۇ. (شۇڭا مەزكۇر كىشىگە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى

(1) يەنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك بىر ئادەم ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشۇتۇپ كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولماقچى بولغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ كاففارەت بېرىشى لازىم بولىدۇ. كاففارەت بىر قۇلنى ئازات قىلىش، ئازات قىلىشقا قۇلى ياكى مال ـ مۈلكى يوق ئادەم ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇش، روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان ئادەم 60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تاماق بېرىش بىلەن ئادا بولىدۇ. تەسەررۇپلىرىغا چەكلىمە قويۇلغان ئادەم ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاتقانلىقى ئۈچۈن ئادا قىلىدىغان كاففارەتنى قۇل ئازات قىلىش بىلەن ئەمەس روزا تۇتۇش بىلەن ئادا قىلىدۇ. چۈنكى ئەگەر ئۇنىڭغا كاففارەتنى قۇل ئازات قىلىش ئارقىلىق ئادا قىل، دېيىلسە، ئۇ ئادەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىپ بولۇشى مۇمكىن. ت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 283 ـ بەت.

سەرپ قىلىپ بىر قېتىم ئۆمرە قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ.)

ئەگەر مەزكۇر ئادەم ۋەسىيەت قىلىپ قويغان ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئاز بىرەر مىراسخورى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچ قىسمىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىچىدىن ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەسىيەتنى ئۆزىنىڭ نامىدىن ھەج قىلىپ قويۇشقا ياكى پېقىرلارغا پۇل تارقىتىپ بېرىشكە ياكى مەسچىت سېلىپ قويۇشقا ياكى ۋەقپە قىلىپ ئۆي سېلىپ قويۇشقا ياكى يول ئوڭشاپ قويۇشقا، ياكى كۆرۈك سېلىپ قويۇشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە قىلىشى شەرتتۇر. چۈنكى مەزكۇر كىشىگە قويۇلغان چەكلىمە ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ئىشلىتىپ تۈگىتىپ قويۇپ كېيىن باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالمىسۇن، دەپ ئۇنىڭ پايدىسىنى ئويلاپ يولغا قويۇلغاندۇر. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇ ھايات ۋاقتىدا بولىدۇ[1]. ئەگەر مەزكۇر ئادەم ۋەسىيەتنى ياخشى ئىشلارنى ئەمەس يامان ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانمايدۇ.[2]

# قەرزدارغا چەكلىمە قويۇشنىڭ بايانى

شۇنىڭدەك يەنە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئادەمگىمۇ قەرز ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چەكلىمە قويۇلىدۇ. بۇ چەكلىمە ئەگەر قەرز ئىگىلىرى قازىدىن ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ماللىرىنى قەرز ئىگىلىرىگە زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان بىر شەكىلدە سەرپ قىلىشىدىن چەكلىمە قويۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىدا قويۇلىدۇ.

قازىنىڭ قەرزدارنى ماللىرىنى سېتىپ قەرزىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇشى لازىم. قازىنىڭ شۇنداق قىلىشى (باشقىلارنى بىر ئىشقا) مەجبۇرلىغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە توغرا بىر ئىشنى قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئەبۇھۈرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باي كىشىنىڭ قەرز قايتۇرۇشنى

(1) ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنداق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشى ئىشلار ئۈچۈن قىلغان ۋەسىيەتلىرى ئورۇنلىنىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 94 ـ بەت.

كىچىكتۇرۇۋېتىشى زۇلۇم قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بىرىڭلارنىڭ قەرزى (يەنى ئۇ قەرزنى بېرىش) باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىنسا، ئۇنى قوبۇل قىلسۇن.» [1] يەنى قەرزنى ئادا قىلىشقا قادىر بىر باي ئادەمنىڭ قەرزنى بەرمەي كىچىكتۇرۋېتىشى ھارامدۇر. ئەمما قەرزنى بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قەرزنى كىچىكتۇرۋېتىشى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە شۇرەيد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(قەرزنى) بېرىشكە كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى كىچىكتۇرۇۋەتكەن ئادەمنىڭ يۈز ـ ئابرويىنى تۆكۈش ۋە ئۇنى جازالاش ھالالدۇر[2].»[3]

ئەگەر قەرزدار قەرزنى ئادا قىلالمايدىغان دەرىجىدە يوقسۇل بولسا، ئۇنىڭ قەرزنى بېرىشنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىش لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: »ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار. ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر[4]« يەنى ئەگەر قەرزدار يوقسۇل بولسا، ئۇنىڭغا تاكى ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغىچە مۆھلەت بېرىش ۋە (ئۇنىڭدىن قەرزنى ئېلىشنى) كىچىكتۈرۈش ياخشىدۇر. ئىسلام دىنىدا ئەخلاق، ھۆكۈملەر ھەتتا مال مۇئامىلىسىگە ئالاقدار بولسىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. يوقسۇل قەرزدارلارغا مۆھلەت بېرىش ئېسىل بىر ئەخلاق بولۇپ الله تائالا قەرز ئىگىلىرىنى بۇ ئەخلاقنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. قەرزدارلارغا مۆھلەت بېرىش يەنە كېلىپ مۇسۇلمان جەمىيىتىدە كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر ـ بىرى بىلەن ياردەملىشىش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

مەزكۇر ئايەت قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. ئەمما قەرزدار يوقسۇل بولسا، ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىش ۋاجىپتۇر.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) يەنى قەرزنى بېرىشكە ئىمكانىيىتى يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى كىچىكتۇرۇۋەتكەن ئادەمنىڭ يۈز ـ ئابرويىنى قەرز ئىگىلىرىنىڭ تۆكۈشى ۋە قازىنىڭ ئۇنى تۈرمىگە تاشلاپ جازالىشى ھالالدۇر. ت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(4) سۈرە بەقەر 280 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە قەرز ئىگىلىرىنى يوقسۇل قەرزدارلاردىن ئۇلارنىڭ قەرزىنى كەچۈرۈم قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بولۇپ ئۇ خىزمەتكارىغا (قەرز سۈيلەپ بارغاندا) ئەگەر قىيىنچىلىقى بار ئادەمنىڭ قېشىغا بارساڭ ئۇنىڭدىن قەرزنى كەچۈرىۋەت، الله مۇ بىزنى كەچۈرۈۋەتسە ئەجەپ ئەمەس دەيتتى. كېيىن ئۇ كىشى الله غا ئۇچراشقاندا الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىۋەتتى.»[1] ئەبۇ قەتادە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىگە قەرزدار بولۇپ قالغان بىرسىدىن قەرزنى بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرزدار ئۆزىنى ئۇنىڭدىن دالدىغا ئېلىپ يۈرىدۇ. كېيىن ئەبۇقەتادە ئۇنى تېپىۋالىدۇ. قەرزدار ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن مەن يوقسۇل ئادەم ئىدىم، دەيدۇ. ئەبۇقەتادە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (سەن ھەقىقەتەن يوقسۇلمۇ؟) دەيدۇ. ئۇ ئادەم: مەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (مەن ھەقىقەتەن يوقسۇل ئادەممەن) دەيدۇ. ئەبۇقەتادە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قانداق بىر كىشىنى الله تائالانىڭ قىيامەتنىڭ كۈنىدىكى قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشى خوشاللاندۇرسا، ئۇ قىيىنچىلىقى بار كىشىدىكى قەرزنى ئېلىشنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ بەرسۇن، ياكى قەرزنى كەچۈرۈۋەتسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ.[2]

قەرزدارنىڭ مەيلى باشقىلارغا گۆرۈگە قويۇپ قويغان مال - مۈلكى بولسۇن مەيلى ئىجارىگە قويۇپ قويغان مال - مۈلكى بولسۇن مەيلى باشقىلارغا ئىشلىتىشكە بېرىپ تۇرغان نەرسىلىرى بولسۇن قازى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ھەممە مال - مۈلۈكنى ۋە ئۇنىڭغا دەرھال لازىم بولمايدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىنى سېتىپ ساتقان نەرسىلەردىن كەلگەن پۇل بىلەن ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىۋاقىلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ تەمىناتلىرىنى بېرىدۇ. لېكىن قازى قەرزدارنى خۇددى ئالىملار ھەجىنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانىدا دېگىنىگە ئوخشاش (ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىپ) ھەتتا ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەگەر قەرزدار ئۈستىدە يەنە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قەرزنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلسا، بۇ قەرزنى بۇنىڭدىن باشقا ئۈستۈگە يۈكلىنىپ ھەتتا (مال - مۈلكىدە تەسەررۇپ) قىلىشتىن چەكلىنىش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارغان قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادا قىلىدۇ. ئەگەر قەرزدار ئۆزىگە چەكلىمە قويۇلغاندىن كېيىن پۇل تاپقان بولسا، بۇ چاغدا كېيىن ئىقرار قىلغان قەرزنى (بۇغۇلۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن مال - مۈلكىدە تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلىنىش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارغان قەرزلىرى بىلەن بىللە) ئادا قىلىدۇ.

قەرزدار بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن چەكلىمە قويۇلغان ئادەمنىڭ ھۆكمى خۇددى ساق ۋاقتىدا قەرز ئېلىپ كېيىن كېسەل بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. شۇڭا چەكلىمە قويۇلغان ئۇ قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىلىرىنىڭ ھەققىگە دەخلى يەتكۈزۈدىغان، (باشقىلارغا بىر نەرسە) سوغا قىلىشقا ۋە سەدىقە بېرىشكە ئوخشاش تەسەررۇپلىرىنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە كۈمۈش پۇل قەرز بەرگەن، كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئالتۇن پۇل كۆرگەن بولسا، ئۇ ئالتۇن پۇلنى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قەرزىگە ھېسابلاپ ئالسا بولىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىسى ئاخىرىدا پۇللۇق سۈپەتتە بىرلىشىدۇ. بۇرۇن ئالىملار (قەرز ئىگىسى ئەگەر قەرزدارنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا قەرزگە بەرگەن پۇلدىن) باشقا خىلدىكى پۇلنى كۆرسە، ئۇنى ئۆزىنىڭ قەرزگە بەرگەن پۇلغا ھېسابلاپ ئېلىشى توغرا ئەمەس، دېگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئالىملارنىڭ ۋاقتىدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈدىكى ھەقلەرنى ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەمما كۈنۈمىزدە كىشىلەر كۆپ ساندا ئۈستىدىكى ھەقلەرنى ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن تېنىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ يېنىدا قانداق خىلدىكى مال - مۈلۈكنى كۆرسە ۋە ئېلىشقا كۈچى يەتكەن ھەرقانداق مال - مۈلۈكنى ئالسا بولىدۇ.

ئەگەر قازى بىر ئادەمنىڭ (تىجارەتتە) زىيان تارتقانلىقىغا ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا باشقا بىرسىدىن سېتىپ ئالغان، لېكىن پۇلىنى بەرمىگەن نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىمۇ مەزكۇر كىشىدىن قەرز سۈيلەيدىغان باشقا قەرز ئىگىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر زىيان تارتىپ كەتكەن ئادەم سېتىۋالغان ئۇ نەرسىنى (پۇلىنى بەرمەي) ساتقۇچىنىڭ

رۇخسەتسىز ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بار» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى بۇ ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى مال ـ مۈلكىنىڭ ئۆزىنى (تىجارەتتە) زىيان تارتقان ئادەمنىڭ يېنىدا كۆرسە، ئۇ ئادەم ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئېلىشقا باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ئەڭ ھەقلىقتۇر.» (1)

بىر ئادەمگە قويۇلغان چەكلىمە تاكى قازى ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ھۆكۈم چىقارمىغۇچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ.

## بىر بالىنىڭ قاچان بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

بىر بالىنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەنلىكى ئۇنىڭغا چەكلىمە قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ۋە بالاغەتكە يېتىشى ئۇ چەكلىمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ يەردە بىر بالىنىڭ قاچان بالاغەتكە يېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىر بالىنىڭ ئېھتىلام بولۇپ ئۇنىڭدىن مەنىينىڭ كېلىشى ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەسلىدە قانداق سەۋەب بىلەن بولسا بولسۇن بىر بالىدىن مەنىينىڭ كېلىشى ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. بىر بالىنىڭ ئېھتىلام بولغانلىقى پەقەت ئۇنىڭدىن مەنىينىڭ كېلىشى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر بالا ئۆيلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى قورساق كۆتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەمما قىزنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ئۇنىڭ ھەيز كۆرۈشى ياكى قورساق كۆتۈرۈشى، ياكى ئېھتىلام بولۇشى بىلەن بولىدۇ.

ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بارلىق ئالىملار ئوغۇل ۋە قىزلارنىڭ ئېھتىلام بولۇشى بىلەن ئۇلارغا ئىبادەتلەرنى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىش، (ئەگەر ئۇلار جازالارغا تارتىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلسا)، ئۇلارنى جازاغا تارتىش ۋە باشقا ھۆكۈملەرنى ئورۇنلاش لازىم بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. بالاغەتكە يېتىش مەيلى جىنسىي ئالاقە بىلەن بولسۇن مەيلى باشقا ئىش بىلەن بولسۇن مەيلى ئويغاق تۇرۇۋاتقاندا بولسۇن مەيلى ئۇخلاۋاتقاندا بولسۇن ئىنساندىن مەنىينىڭ كېلىشى بىلەن بولىدۇ. ئالىملار بىر ئىنسان چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ئەگەر ئۇنىڭدىن مەنىي كەلمىگەن بولسا، ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ھېچقانداق ئەسىرى بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.»[1]

ئەگەر ئوغۇل ـ قىزنىڭ بىرىدە بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالامەتلىرى بولغان مەزكۇر ئالامەتلەرنىڭ بىرى تېپىلماي قالسا، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە، ئۇ مەلۇم ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇ ياشنىڭ ۋاقتى بولسا، 15 ياشقا كىرىشتۇر[2]. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆزقارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇلارنىڭ كۆزقارىشى بىلەن بېرىلىدۇ. بۇ ھەم ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن قىلىنغان رىۋايەتلەردىن بىرىدۇر ۋە ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇھۇد كۈنى (ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدىم، مەن (ئۇ چاغدا) ئون تۆت ياش ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت قىلمىدى. مەن خەندەك كۈنى ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدىم، مەن ئۇ چاغدا ئون بەش ياش ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت قىلغان». ئىبنى ئۆمەرنىڭ شاگىرتى بولغان نافىئ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گە ئۇ خەلىپە بولغان ۋاقتىدا بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ: بۇ ھەقىقەتەن كىچىك بىلەن چوڭنىڭ ئايرىلىقىدىكى پەرقتۇر، دەپ يېشى 15 كە يەتكەن باللارغا پۇتۇن ھۆكۈملەرنى پەرز قىلىش ھەققىدە بارلىق ۋالىيلىرىغا خەت يازغان».[3] يەنە كېلىپ

---

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 277 ـ بەت.

(2) يەنى بىر قىزدا ياكى بىر ئوغۇلدا تاكى ئۇ 15 ياشقا كىرگىچە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن بالاغەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈلمىگەن ۋە 15 ياشقا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كۈنىمىزدىمۇ بالىلارنىڭ 15 ياشقا كىرگەندە بالاغەتكە يېتىشى بىر ئادەتتۇر. ئادەت قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئوچۇق دەلىل ـ پاكىت يوق يەردە شەرىئەت ئېتىراپ قىلغان بىر دەلىل ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە بىر بالىنىڭ ياش بىلەن بالاغەتكە يېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ 18 ياشقا كىرىشىنى ساقلىشى لازىمدۇر. ھاۋا كىلىماتى سوغۇق يەرلەردە پەتىۋا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ كۆزقارىشى بىلەن بېرىلىدۇ. چۈنكى ھاۋا كىلىماتى سوغۇق يەرلەردە ياشايدىغان بالىلار ئادەتتە 18 ياشقا كىرگەندە بالاغەتكە يېتىدۇ.

جىنسىي ئەزانىڭ ئەتراپىغا تۈك چىققىنىغا، پاچاققا ۋە قولتۇققا تۈك ئۈنگۈنىگە، بۇرۇت ـ ساقالىنىڭ چىققىنىغا، ئاۋازىنىڭ بوملاشقىنىغا ۋە قىزنىڭ كۆكسىنىڭ يۇغۇناشقا قاراپ ماڭغىنىغا ئوخشاش تەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرنىڭ مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بىر بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولالمايدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇيۈسۈف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر ئالامەتلەر بىر بالىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولالايدۇ» دەيدۇ.[1]

بىر بالا ئەڭ بۇرۇن بالاغەتكە يېتىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇ ئەگەر ئوغۇل بولسا 12 ياشتا، قىز بولسا 9 ياشتا يېتىدۇ. ئەگەر بىر ئوغۇل 12 ياشقا ياكى بىر قىز 9 ياشقا كىرىپ ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى دېگەن ۋە بالىنىڭ تاشقىرى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشىنىلىدۇ. چۈنكى بالاغەتكە يېتىش مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن شۇ بالا تەرىپىدىن بىلىنىدۇ. شۇڭا ئەگەر مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن بىر بالا ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى دېگەن ۋە ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، خۇددى مەن ھەيز كۆردۈم دېگەن ئايالىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنغىنىدەك ئۇ بالىنىڭ سۆزىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 97 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 285 ـ بەت

# چەكلىمىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئەخمەق، كىچىك بالا ۋە ساراڭغا ئوخشاش چەكلىمە قويۇلغان ئادەملەردىن چەكلىمىنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئۇلارنى ئەركىن قويۇۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئەخمەق ئادەملەر بىلەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەمدى تۆۋەندە الله تائالا خالىسا بىر نەرسە سېتىش ۋە ئېلىشنى (ئاز تولا بىلىدىغان) كىچىك بالا ۋە ئەقلى ئاجىز ئادەملەرنىڭ تەسەررۇپلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

كىچىك بالا ۋە ئەقلى ئاجىز ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

1 ـ ئىسلامغا كىرگەنگە، ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلغانغا ۋە ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا ئوخشاش ناھايىتى پايدىلىق ئىشلار. ئەگەر كىچىك بالا ياكى ئەقلى ئاجىز ئادەم بۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىشنى قىلسا، بۇ ئىش ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇلاردىن بۇ ئىشنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مەسئۇل بولغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىگە ئېھتىياج يوقتۇر.

2 ـ ئۇلارنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرى ئايالىنى تالاق قىلغانغا، قۇللىرىنى ئازات قىلىۋاتقانغا، سوۋغا بەرگەنگە، سەدىقە بەرگەنگە ۋە قەرز بەرگەنگە ئوخشاش ئۆزلىرىگە زىيانلىق ئىش بولسا، بۇلارنىڭ بۇ تەسەررۇپلىرى ئەگەر ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ تەسەررۇپلىرىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ تەسەررۇپنى قىلىش سالاھىيىتىگە تولۇق توشۇشى شەرتتۇر.

3 ـ ئۇلارنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرى سودا ـ سېتىققا ئوخشاش پايدىلىق ئىش بىلەن زىيانلىق ئىش ئارىسىدىكى ئىش بولسا، بۇ ئىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا (كىچىك ۋاقتىدا بىر سودا ـ سېتىق قىلغان)، ئاندىن بالاغەتكە يەتكەن ۋە قىلغان ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دېگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ سودا ـ سېتىقى ھەم توغرا ۋە ھەم كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر مەيلى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسۇن مەيلى ئەقلى ئاجىز ئادەم بولسۇن ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇلارغا رۇخسەت بەرسە، ئۇلار سودا - سېتىققا ئالاقىدار پۈتۈن ھۆكۈملەرە خۇددى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلگەن قۇلغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسۇن مەيلى ئەقلى ئاجىز ئادەم بولسۇن (تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئادەمنىڭ) قىلغان ئىقرارى ئۇنىڭ تاپقان پۇلى ئۇنىڭ قولىدا قالىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن توغرىدۇر.

(مەيلى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسۇن مەيلى ئەقلى ئاجىز ئادەم بولسۇن تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئادەم) تىجارەتنىڭ مۇئەييەن بىر خىلىغا باغلىنىپ قالمايدۇ[1]. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە: ئۇ ئادەم سودا - سېتىقتا خېلى بەك ئالدىنىپ كەتسىمۇ يەنە ئۇنىڭ قىلغان سودا - سېتىقى توغرا بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەر (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە: ئەگەر ئۇ ئادەم سودا - سېتىقتا خېلى بەكلا ئالدىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ قىلغان سودا - سېتىقى توغرا بولمايدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ۋە ئەقلى ئاجىز ئادەمگە تىجارەت ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سودا - سېتىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنەلىشى، بىر نەرسە سېتىشنىڭ، ساتقۇچى قولىدىكى نەرسىنى ئالغۇچىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن پۇل ئېلىشتىن ۋە بىر نەرسە ئېلىشنىڭ، ساتقۇچىغا پۇل بېرىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئۇلارنىڭ تىجارەت قىلىشتىن بولغان مەقسىتىنىڭ پايدا ئېلىشى ۋە ئازراق ئالدىنىپ كېتىش بىلەن بەكرەك ئالدىنىپ كېتىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ئايرىيالىشى شەرتتۇر.[2]

## كىچىك بالىغا ۋە ئەقلى ئاجىز ئادەمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرتىۋىنىڭ بايانى

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭ دادىسىدۇر. ئۇ بالىنىڭ دادىسى ئۆلسە دادىسىنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا)

---

(1) يەنى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان ئادەم ئۇنى سەن پۈكۈنى تىجارەتنى قىلىسەن بۈكۈنى تىجارەتنى قىلمايسەن دېيەلمەيدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 120 - بەت.

ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمدۇر. دادىسىنىڭ ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمى ئۆلسە، ئۇ ئادەمنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمدۇر. بۇ ئادەممۇ ئۆلسە (مەسىلەن: دادىسىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش) يىراق بولسىمۇ بالىنىڭ بىۋاستە چوڭ دادىسىدۇر. مەسىلەن: بالىنىڭ ئانىسىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ۋاستىلىق چوڭ دادا ئۇ بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ.

ئەگەر بالىنىڭ بىۋاستە چوڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ چوڭ دادىنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمدۇر. چوڭ دادىنىڭ ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمى ئۆلسە، ئۇ ئادەمنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمدۇر. بۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ھۆكۈم چىقىرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ۋالىيدۇر. ئەگەر ھۆكۈم چىقىرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ۋالى بولمىسا، ئۇ بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم دۆلەتنىڭ قازىسىدۇر.

بالىنىڭ دادىسىنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمى بار يەردە ئۇ بالىغا ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. چوڭ دادا ياكى ئۇنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمى بار يەردە ۋالىي ياكى قازى ئۇ بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ.

بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر بالىنى ئىش ھەققى ئېلىپ باشقىلارنىڭ قولىدا ئىشلەتتۈرۈش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە. ئەگەر بالا باشقىلارنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقان چاغدا بالاغەتكە يەتكەن بولسا، (ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق) ئۇ بالىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر ئادەملەرنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال - مۈلكىنى سېتىش ياكى بالىنىڭ پۇللىرىغا بىر نەرسە ئېلىش ھوقۇقى بار. ئەگەر مەزكۇر ئادەملەر ئۇ بالىنىڭ - مۈلكىنى ساتقاندا ياكى ئۇنىڭ پۇللىرىغا بىر نەرسە ئالغاندا بازاردىكى باھا بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئۈستۈن ئېلىپ سالسا ياكى ساتقاندا ئازراق تۆۋەن سېتىپ سالسا، بۇ سودا - سېتىق توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ بالىنىڭ ھېسابىغا بولىدۇ. ئەمما مەزكۇر ئادەملەر ساتقان نەرسىنى بەك ئەرزان ۋە ئالغان نەرسىنى بەك قىممەت ئالغان بولسا، بۇ سودا - سېتىق (بالىنىڭ ھېسابىغا ئەمەس) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېسابىغا بولىدۇ.

كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا قىلغان سودا - سېتىقلارنى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن بىكار قىلالمايدۇ.[1]

كىچىك بالىنىڭ دادا تەرىپىدىن بولغان تاغىسىغا ۋە قېرىندىشىغا ئوخشاش ئۇنىڭ مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلىرىدىن باشقا ئانىسىغا ۋە ئانىسىنىڭ (ئۇ بالىغا قاراپ قويۇشقا) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمىگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئۇ بالىغا تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىش هوقۇقى يوق. چۈنكى بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال - مۈلكىنى تىجارەتكە سېلىش هوقۇقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇ بالىغا ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىش هوقۇقىمۇ يوق. ئەمما (بالىنىڭ دادىسىغا ياكى ئۇنىڭ بالىغا قاراپ قويۇشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمىگە ياكى بالىنىڭ چوڭ دادىسىغا ئوخشاش) ئادەملەرنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال - مۈلكىنى تىجارەتكە سېلىش هوقۇقى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇ بالىغا ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت بېرىش هوقۇقىمۇ بار.[2]

سودا - سېتىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىغان ئەقلى ئاجىز ئادەمگە، ئۇنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ دادىسى، دادىسى ئۆلگەن بولسا، دادىسىنىڭ ئەقلى ئاجىز ئادەمگە قاراپ قويۇشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمى، بۇ ئادەم ئۆلگەن ۋاقتىدا ئەقلى ئاجىز ئادەمنىڭ چوڭ دادىسى رۇخسەت بېرىدۇ. ئەقلى ئاجىز ئادەم پۈتۈن هۆكۈمدە كىچىك بالىنىڭ هۆكۈمىگە ئوخشاش. ئەقلى ئاجىز ئادەمنىڭ بالىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىش ۋە ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنى تەسەررۇپ قىلىش هوقۇقى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەقلى ئاجىز ئادەمنىڭ دادىسى ئېلىشىپ قالغان ساراڭ كىشى بولسا، ئۇ دادىنىڭمۇ ئەقلى ئاجىز بالىسىغا رۇخسەت بېرىش هوقۇقى يوق.

بۇ مال - مۈلۈككە ئالاقىدار هۆكۈملەردۇر. ئەمما نىكاهقا ئالاقىدار هۆكۈملەردە كىچىك بالىنىڭ ۋە ياكى ئەقلى ئاجىز ئادەملەرنىڭ دادىلىرىنىڭ ياكى چوڭ دادىلىرىنىڭ (ئۇلارغا قاراپ قويۇشقا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادەملىرىنىڭ) هېچقانداق هوقۇقى يوقتۇر. يەنى بۇ ئادەملەرنىڭ كىچىك بالىنىڭ ياكى ئەقلى ئاجىز ئادەمنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت بېرىدىغان هوقۇقى يوق. نىكاھ ئىشلىرىدا رۇخسەت بېرىش هوقۇقى پەقەت

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 - توم، 411 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 5 - توم، 111 - بەت.

ئۇلارنىڭ دادىلىرىنىڭ قولىدىدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ دادىلىرى بولمىسا، چوڭ دادىلىرىنىڭ قولىدىدۇر. (ئەگەر بۇلارمۇ بولمىسا، ئۇلارنىڭ دادا تەرىپىدىن بولغان تاغىلىرىنىڭ قولىدىدۇر. بۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدىدۇر). ئەگەر ئۇلارنىڭ دادا تەرىپىدىن بولغان تاغىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى يوق ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئانىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر بۇ كىشىلەر كىچىك بالىنىڭ ۋە ياكى ئەقلى ئاجىز ئادەمنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت بېرىشىدىن باش تارتسا، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قازى رۇخسەت بېرىدۇ.

# ئىككىنچى پەسىل

**قەسەم ئىچىش، بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئۆزىگە ۋەدە بېرىش، ۋەقپە قىلىش، سوۋغا قىلىش، ئارىيەتكە بېرىش، ئامانەتكە قويۇش، كاپالەتلىك قىلىش، ھاۋالە قىلىش ۋە ۋەكىللىك قىلىش**

# قەسەم ئىچىشنىڭ بايانى

قەسەم، بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشنى قىلىشقا ياكى قىلماسلىققا قىلغان نىيىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر ئىرادىدىن ئىبارەتتۇر. بىر ئادەمنىڭ: ئەگەر مەن ئۆيگە كىرمىسەم ئايالىم تالاق ۋە يا ئەگەر ئۆيگە كىرسەم ئايالىم تالاق، دېگەنگە ئوخشاش ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغانلىقىمۇ قەسەم قىلغانلىقتىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم قىلىشنى ياكى قىلماسلىقنى نىيەت قىلغان ئىشقا ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشىنى باغلاش ئارقىلىق ئۇ ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق نىيىتىنى كۈچلەندۈرگەن.[1]

## قەسەمنىڭ ئاتالغۇللىرى

قەسەمگە ئالاقىدار بىر نەچچە ئاتالغۇلار بولۇپ ھەر بىرىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

● قەسەم ئىچكۈچى: بۇنىڭدىن قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ.

● قەسەم ئىچىلگەن ئىش: بۇنىڭدىن قەسەم قىلىش ئارقىلىق، قىلىش ياكى قىلماسلىق نىيىتىنى كۈچلەندۈرگەن ئىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

● قەسەمدە تۇرۇش: بۇنىڭدىن مەن بۇ ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا شۇ ئىشنى قىلىش، ئەگەر قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا ئۇ ئىشنى قىلماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ. قىلغان قەسەمدە تۇرۇش ھەققىدە بەرا (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيتتى.» [2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 45 - بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

● قەسەمدە تۇرماسلىق ياكى قەسەمنى بۇزۇش: بۇنىڭدىن قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىشنى قىلماسلىق، قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىشنى قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىشنى قىلىشنىڭ قەسەمدە تۇرغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «(ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسەمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق). بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللهغا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر» [1] يەنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەل يېتىۋاتقان چاغدا، ئايالى ئۇ رازى بولمايدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئايالىنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلىدۇ. الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەل يېتىۋاتقان چېغىدا سەۋرى قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا مەرھەمەت قىلىپ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا قەسەمدە تۇرۇش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ[2].

## قەسەمنىڭ شەرتلىرى

1 ـ قەسەم قىلغان ئادەم، قەسەمنى الله نىڭ نامى بىلەن ياكى ئەگەر مۇنداق ئىش قىلىپ سالسام مۇنچە رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، دېگەنگە ئوخشاش (قەسەمدە تۇرالمىسا) بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ قىلغان بولسا، مۇنداق قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرتتۇر. ئەمما ئەگەر قەسەم بۇ شەكىل بىلەن قىلىنمىغان بولسا، بۇ ھالدا قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم: ئەگەر مەن مۇنداق ئىش قىلسام ئايالىم تالاق، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت ئەمەستۇر.

قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ، مۇسۇلمان بولۇشى كەففارەت بېرىشنى

(1) سۈرە ساد 44 ـ ئايەت.

(2) يەنى الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ئايالىنى يۈز قامچا ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا 100 تال شېخى بار بىر ساپ ئېلىپ بىرنى ئۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ت.

**كەلتۈرۈدىغان قەسەمدە ياكى ئەگەر مۇنداق ئىش قىلىپ سالسام مۇنچە رەكەت ناماز ئوقۇيمەن ياكى روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش (قەسىمدە تۇرالمىسا) بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ قىلغان قەسەمدىلا شەرتتۇر. بىر ئادەم كاپىر ۋاقتىدا قەسەم قىلىپ ئۇ قەسەمنى مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىدا بۇزغان بولسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى كۇپۇرلۇق كەففارەت بېرىشنى بىكار قىلىدۇ. بىر ئادەم مۇسۇلمان ۋاقتىدا قەسەم قىلغان ئاندىن ئىسلامدىن يېنىۋالغان، ئاندىن يەنە تەكرار ئىسلامغا كىرگەن، ئاندىن قەسىمىنى بۇزغان بولسا، بۇ ھالدا يەنە ئۇ ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىندا بولۇش قەسەمنىڭ چۈشۈشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ داۋاملىششىنىڭ شەرتىدۇر.[1]**

**2 ـ قەسەم قىلغان ئادەم، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولۇش شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن كىچىك بالىنىڭ، ئېلىشىپ قالغان ساراڭ ئادەمنىڭ ۋە بىھۇش بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ قىلغان قەسىمى توغرا بولمايدۇ. چاقچاق قىلىپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسىمىمۇ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇمۇ قەسەمنىڭ سەۋەبىنى قىلغاندۇر. ئەبۇھۇرەيرە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ ئىش بار، ئۇلارنىڭ چاقچىقىمۇ راستتۇر، رېسمىمۇ راستتۇر. ئۇلار بولسا: تالاق، نىكاھ ۋە (ئايالى بىلەن) يېنىشىش قاتارلىقلاردۇر».[2]**

**بۇ ھەدىستە قەسەم ھەققىدە بىر نەرسە سۆزلەنمىدى. بۇ ھەدىستە پەقەت نىكاھ، تالاق ۋە (ئايالى بىلەن) يېنىشىش ھەققىدە بايان كەلدى. بۇ ھەدىس ئىبنى ئەدىيەنىڭ رىۋايىتىدە بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان: «ئۈچ ئىش بار، ئۇلارنىڭ چاقچىقىمۇ راستتۇر، رېسمىمۇ راستتۇر. ئۇلار بولسا: تالاق، نىكاھ ۋە قۇل ئازات قىلىش قاتارلىقلاردۇر». بۇ ھەدىس <ھىدايە> دېگەن كىتابتا بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان: «ئۈچ ئىش بار، ئۇلارنىڭ چاقچىقىمۇ راستتۇر، رېسمىمۇ راستتۇر. ئۇلار بولسا: تالاق، نىكاھ ۋە قەسەم قىلىش قاتارلىقلاردۇر». ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاكىم بۇ ھەدىسنى ھەسەندىن تۆۋەندىكى شەكىلدە رىۋايەت قىلدى. ھەسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى**

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 46 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى. بۇ ھەدىسنى يەنە ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى رەسمىي ياكى چاقچاق قىلىپ (ئايالىنى) تالاق قىلسا ياكى (هالالنى) هارام قىلسا ياكى (بىرسى بىلەن) ئۆيلەنسە ياكى (بىرسىنى باشقىسىغا) ئۆيلەندۈرسە، ئۇ ئىش شۇ بويىچە بولۇپ كېتىدۇ.» <كەنزۇل ئۇممال> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە: تەبرانىي بۇ هەدىسنى هەسەن ئارقىلىق ئەبۇدداردادىن مەزكۇر شەكىل بويىچە رىۋايەت قىلغان. هالال نەرسىنى هارام قىلىش قەسەمدۇر ياكى قەسەمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. اللە تائالا خالىسا بىز بۇ هەقتە ئالدىمىزدا توختۇلىمىز.[1]

3 ـ قەسەم قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالەتتە ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلمىغان بولۇشى لازىم. چۈنكى قەسەمنى ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالەتتە قىلغان ئادەم قەسەم قىلىشتىن بىر نەرسىنى مەقسەت قىلمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. قەسەمنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇمۇ قەسەمدىن قەسەمنى ئەمەس باشقا بىر نەرسىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا قەسەمنى چاقچاق قىلىپ قىلغان ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالەتتە قىلغان ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى قەسەمنى ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالەتتە قىلغان ئادەم قەسەمنىڭ سەۋەبىنى مەقسەت قىلمايدۇ. شۇڭا قۇرئان ـ هەدىس ۋە قىياس قەسەمنى ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالەتتە قىلغان ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ[2].

4 ـ قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ئىچىدە سۇ يوق بىر قاچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مەن بۇنىڭ ئىچىدىكى سۇنى ئىچىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان هېسابلانمايدۇ ۋە (ئۇنداق دېگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئىمام ئەبۇهەنىفە ۋە ئىمام مۇهەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەهمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: قەسەمنىڭ چۈشۈشى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشى ئۈچۈن قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش شەرتتۇر. چۈنكى قەسەم، قەسەم قىلىنغان ئىشتا تۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەسەمنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 185 ـ بەت.

(2) يەنى قەسەمنى ئۆزىنىڭ قەسەم قىلغانلىقىنى ئۇنۇتقان هالەتتە قىلغان ئادەم قەسەم قىلغان هېسابلانمايدۇ. ت.

لازىمدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆزقارىشى بويىچە: قەسەمنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش شەرت ئەمەس. شۇڭا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆزقارىشى بويىچە: بىر ئادەم مەن ئاسمانغا چىقمەن ياكى بۇ تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شۇ ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاسمانغا چىقىش ھەقىقەتتە مۇمكىن. چۈنكى بىز پەرىشتىلەرنىڭ ئاسمانغا چىقىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭدەك يەنە الله تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشمۇ مۇمكىن. ئارقىسىدىنلا ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئادەتتە ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا بۇنداق قەسەم قىلغان ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

كۈنىمىزدە ئۆزگەرتمەكچى بولغان ماددىنىڭ ئىچىدىكى زەررىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئادەمنىڭ بىر ماددىنى يەنە بىر ماددىغا ئۆزگەرتىدىغانلىقى ئىلىم ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

# قەسەمنىڭ ھۆكمى

قەسەمنىڭ ھۆكمى بولسا قىلغان قەسىمدە تۇرۇشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم قىلغان قەسىمدە تۇرماي ئۇنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان شۇ قەسىمدە تۇرۇشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئۇ يامان بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئۇ قەسىمدە تۇرۇشى ھارامدۇر. چۈنكى ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا (زەرەر بەرمەك ئۈچۈن) قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ (قەسىمنى بۇزماي) قەسىمدە تۇرۇشىنىڭ گۇناھى (قەسىمنى

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 83 ـ بەت.

بۇزۇپ) كەففارەت بەرگەنگە قارىغاندا ئېغىردۇر.» [1]

ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: كىمكى خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا ئالاقىدار بىر ئىش ئۈستىدە قەسەم قىلغان، ئەگەر ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزمىسا ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا زەرەر كېلىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسەمنى بۇزۇپ (قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلغان ئىشنى) قىلىشى ۋە قەسىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كەففارەت بېرىشى لازىم. ئۇ ئادەمنىڭ: مەن قەسىمنى بۇزمايمەن، مەن قەسەمنى بۇزغانلىق گۇناھىنى قىلىشتىن ساقلىنىمەن، دەپ تۇرۇۋېلىشى خاتادۇر. ئۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق دەپ قەسىمنى بۇزماي تۇرۇۋېلىپ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا زەرەر سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى قەسىمنى بۇزغانغا قارىغاندا ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇ ئادەم قىلىش ئۈچۈن قەسەمنى بۇزۇدىغان ئىش، قىلىش (اللە تائالانىڭ ئالدىدا) گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردىن بولۇشى لازىم.»

ئىمام بەيداۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستىن تۆۋەندىكى مەنا مەقسەت قىلىنىدۇ: خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا زەرەر بېرىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قەسەم قىلغان ۋە قەسەمنى بۇزماي ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان ئادەم قەسىمنى بۇزغانغا قارىغاندا بەكرەك ئېغىر گۇناھ ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم (ياخشى ئىش قىلماسلىققا قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن) اللە تائالانى توسالغۇ قىلىۋالدى. اللە تائالا مۇشۇنداق قىلىشتىن توسقاندۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) اللە نى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى اللە بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)، اللە (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[2]»»

ئەگەر بىر ئادەم مەن مۇنداق ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ۋە ئۇ قىلمىسمۇ بولىدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمدە تۇرۇشى مۇستەھەپتۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر.

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە بەقەر 224 ـ ئايەت.

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇبەكرى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تاكى اللە تائالا قەسەم كەففارىتىگە ئالاقىدار ئايەتنى چۈشۈرگەنگە قەدەر قىلغان قەسىمىنى بۇزمايدىغان ئىدى. اللە تائالا قەسەم كەففارىتى ھەققىدە ئايەت چۈشۈرگەندە ئەبۇبەكرى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مەن بىر ئىشقا قەسەم قىلسام ئاندىن باشقىسىنى ئۇنىڭدىن ياخشى دەپ قارىسام، ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى قىلىمەن ۋە قەسىمىمگە كەففارەت بېرىمەن، دېگەن.» (1)

مىستەھە ئەبۇبەكرىگە تۇغقان كەلگەنلىكى ۋە پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. ئەبۇبەكرى مىستەھەنىڭ ئائىشەگە بوھتان چاپلىغانلارنىڭ قاتارىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىدا: مەن مىستەھەگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ كىچىككىنە بىر نەرسە بولسىمۇ ياردەم قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، اللە نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (2)

ئەبۇبەكرى: «اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن اللە تائالانىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرىمەن، دەپ مىستەھەگە بۇرۇن قىلىپ كېلىۋاتقان ياردىمىنى يەنە قىلىشقا باشلىغان ۋە اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ياردەمنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمايمەن، دېگەن.»

بۇ ھەقتە يەنە ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: «ئى ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە! ھوقۇقدار بولۇشنى تەلەپ قىلمىغىن. سەن ھوقۇقنى تەلەپ قىلماستىن ھوقۇقدار قىلىنساڭ، اللە تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىسەن. ئەگەر تەلەپ قىلىپ ھوقۇقدار قىلىنساڭ، ئۇ ھالدا بارلىق ئىشىڭ ئۆزەڭگە قالىدۇ (اللە ياردەم قىلمايدۇ)، قاچان بىرەر ئىشتا قەسەم قىلساڭ، ئاندىن باشقا بىر

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە نۇر 22 ـ ئايەت.

ئىشنى قەسەم قىلغان ئىشتىن ياخشى دەپ بىلسەڭ، ئۇ ھالدا قەسىمىڭگە كەففارەت بېرىپ ياخشى كۆرگەن ئىشىڭنى قىلغىن.» [1]

بۇ ھەقتە ئەبۇمۇسا ئەشئەريي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەشئەرىيلىق بىر تۈركۈم ئادەملەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) ئۇلاغ سوراپ كەلگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە ئۇلاغ بېرەلمەيمەن، مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدى. ئاندىن بىز الله تائالا خالىغان بىر مۇددەتكىچە تۇرۇپ تۇردۇق. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېسىل ئۈچ تۆگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تۆگىلەرنى بىزنىڭ مىنىشىمىز ئۈچۈن بەردى. بىز يولغا چىقىپ بولۇپ: الله تائالا بىزگە بۇ تۆگىلەردە بەرىكەت بەرمەيدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بىزگە ئۇلاغ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، دەپ بولۇپ كېيىن بىزگە بۇ ئۇلاغلارنى بەردى، بىز بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئۆزىنىڭ) مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى دەيلى، دېيىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدۇق ۋە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى دېدۇق). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە بۇ ئۇلاغلارنى بەرگىنى مەن ئەمەس، بۇ ئۇلاغلارنى سىلەرگە الله تائالا بەردى، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن، ئەگەر الله خالىسا بىر ئىشقا قەسەم قىلسام، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىشنى ياخشى دەپ قارىسام، قەسىمىمگە كەففارەت بېرىپ، ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى قىلىمەن، (دېدى) ياكى ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى قىلىمەن ۋە قەسىمىمگە كەففارەت بېرىمەن» دېدى.[2]

## قەسەمنى الله نىڭ نامى بىلەن ئەمەس باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قىلىشنىڭ ھۆكمى

قەسەمنى الله نىڭ نامى بىلەن ئەمەس باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قىلىش توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى بىر تۈركۈم يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە كېتىۋېتىپ دادىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، اللە سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشتىن چەكلەيدۇ، كىمكى قەسەم قىلماقچى بولسا، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.» [1]

نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئاتاڭلارنىڭ ياكى ئاناڭلارنىڭ ياكى (بۇتقا ئوخشاش) اللە تائالاغا شېرىك قىلىندىغان نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار. سىلەر پەقەت اللە نىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار». چۈنكى قەسەمدە، نامى بىلەن قەسەم قىلىنغان نەرسە ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇ ئۇلۇغلىنىش اللە تائالادىن باشقا بىرسىگە لايىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بەندىلەرنىڭ اللە تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىمىز توغرا ئەمەستۇر. ئەمما اللە تائالانىڭ قۇرئاندا كەلگىنىگە ئوخشاش چاشگاھ ۋاقتىغا، ساقىغان يۇلتۇزلارغا، قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچىگە ۋە قەلەمگە ئوخشاش (ئۆزىدىن باشقا) نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىشى اللە تائالانىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئىشتۇر. اللە تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن خالىغىنىنى ئۇلۇغلىشمۇ ئۆزىگە خاس بىر ئىشتۇر. ئەمما بىزنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققىمىز يوق.

اللە تائالا ئۆزىنىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ» [2] دېگەن ئايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلدى. اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ اللە تائالانىڭ ئالدىدا ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قازى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەلئەرەبىي مۇنداق دېدى: «بارلىق تەپسىرشۇناسلار اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلدى، دېگەن».

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە ھىجىر 72 - ئايەت.

بۇ ھەقتە قازى ئىيازمۇ مۇنداق دېدى: «تەپسىرشۇناسلار ئاللا تائالانىڭ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ (دۇنيادا) قېلىشىڭ بىلەن قەسەمكى ياكى سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، دېگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئەڭ كاتتا ھۆرمەت، ئۇلۇغلاش ۋە ياخشىلىقتۇر.»[1]

ئىبنى كەسىر (ئاللا تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسىنى تەپسىر قىلغاندا مۇنداق دېدى: «ئاللا تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كاتتا، ئۇلۇغ، يۇقىرى مەرتىۋە ۋە شەرەپنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبنى ئاbbاس (ئاللا تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: ئاللا تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلۇغراق بىر جاننى ياراتمىدى. ھەم ئاللا تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىدىم.»

ئىبنى ھەجەر (ئاللا تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندا بايان قىلىنغان، مەخلۇقاتلار بىلەن قىلىنغان قەسەم ھەققىدە شەئبىي مۇنداق دېدى: ياراتقۇچى بولغان ئاللا تائالا ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتى بىلەن قەسەم قىلالايدۇ. مەخلۇق پەقەت ياراتقۇچى بولغان ئاللا نىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلالايدۇ. مەن ئاللا نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ قەسەمدە تۇرماي بۇزۇۋېتىشنى ئاللا تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ قەسەمدە تۇرۇشتىن ياخشى كۆرۈمەن. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاbbاس، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئۆمەر قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئالىملار بىر ئادەمگە بىر ئىش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ بېرىشكە توغرا كېلىپ قالغان كىشىنىڭ پەقەت ئاللا نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. ئەگەر ئۇ كىشى ئاللا تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئاندىن مەن: بۇ قەسەمدىن، نامى بىلەن قەسەم قىلىنغان نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارىنى (يەنى ئاللا تائالانى) نىيەت قىلدىم، دېسىمۇ ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ.»[2]

ئەلائۇددىن ئابىدىن (ئاللا تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) <تەپسىر قۇرتۇبىي>، 10 ـ توم، 39 ـ بەت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 11 ـ توم، 535 ـ بەت.

«سېنىڭ ئۆمرىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن، سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېگەنگە ئوخشاش الله تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ھارامدۇر. بۇ ئەگەر الله تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ئادەم بۇ قەسىمىدە تۇرۇش لازىم، بۇ قەسەمدە تۇرماسلىق گۇناھ ھېسابلىنىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلسا، الله تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ھارام بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار: مېنىڭ ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەن، سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن ۋە سېنىڭ بېشىڭنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېگەنگە ئوخشاش الله تائالادىن باشقا بىر نەرسە بىلەن قەسەم قىلىپ ئۇ قەسەمدە تۇرۇش ۋاجىپ، دەپ ئېتىقاد قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز، شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قەسەمنى بۇزۇشى لازىم، دەيدۇ.»[1]

بەزى ئالىملار: الله تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ھارامدۇر، دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئەمەس تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئېغىزغا كىرىپ قالىدىغان الله تائالادىن باشقا بىر نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش كىرمەيدۇ، دەيدۇ. ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرىدۇ. تەلھە ئىبنى ئۇبەيد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: نەجدلىك چاچلىرى پاخپايغان بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. بىز ئۇنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىن كەلدى. ئۇ ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام ھەققىدە سوئال سورىغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئىسلام) بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئىچىدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: مەن ئوقۇيدىغان ئۇ نامازلاردىن باشقا ناماز بارمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «يوق، ئەگەر ئوقۇيمەن دېسەڭ نەفلە ناماز ئوقۇغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «(ئىسلام) رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئاي روزىسىنى تۇتۇشتۇر» دېدى . ئۇ كىشى: ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوق، تۇتاي دېسەڭ نەفلە روزا تۇتقىن» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «زاكاتمۇ ئىسلامنىڭ قاتارىدىن» دېدى، ئۇ كىشى: ئۇنىڭدىن

(1) «ئەلھۆدىيەتۇل ئەلائىيە»، 154 ـ بەت.

باشقىسىمۇ بارمۇ ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوق، بىرەي دېسەڭ سەدىقە بەرسەڭ بولىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، كەممۇ قىلمايمەن، دېگەن پېتى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ راستلا شۇنداق قىلسا نىجات تاپىدۇ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ راستلا شۇنداق قىلسا نىجات تاپىدۇ» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ راستلا شۇنداق قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن.[1]

بۇ ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدۇر. ئەمما ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى پەقەت «ئۇ راستلا شۇنداق قىلسا نىجات تاپىدۇ» دېگەن لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ئالىملار: ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە كەلگەن: <ئۇنىڭ دادىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى> دېگەن سۆزنى ھەدىسكە كېيىن قوشۇلۇپ قالغان سۆز، دەپ قاراپ ئۇ سۆزنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن چىققان) سۆز بولۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ. لېكىن اللہ تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ئەبۇبەكرىدىنمۇ كۆرۈلگەن بىر ئىشتۇر. ئەبۇبەكرى قىزىنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى ئوغۇرلىغان ئوغرى ھەققىدە: سېنىڭ داداڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ كېچەڭ ئوغرىنىڭ كېچىسىدەك ئەمەس، دېگەن ئىدى.[2] سۇھەيلي مۇنداق دېدى: يەنە بىر ھەدىستىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق سەدىقە ئەڭ ياخشى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، دەپ سورىغان بىر ئادەمگە: «سېنىڭ داداڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا (بۇ ھەقتە) ئەلۋەتتە خەۋەر بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.[3]

اللہ تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىنغانلىق، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن بىر ئىش بولسا، بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك جاۋابلار بېرىلىدۇ:

1 ـ <سېنىڭ داداڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى> دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ سۆز قىلىش ئادەتلىرىدە سۆزلىنىدىغان بىر سۆز بولۇپ ئۇلار بۇ سۆز بىلەن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام مالىك ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەقىقىي قەسەم قىلىشنى مەقسەت قىلمايتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان اللە تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ھارامدۇر، دېگەن ھۆكۈم (سېنىڭ داداڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەنگە ئوخشاش) سۆزلەر بىلەن ھەقىقىي قەسەمنى مەقسەت قىلغان ئادەمنىڭ ھەققىدە كەلگەندۇر. بۇ قاراشنى بەيھەقىيمۇ توغرا دەپ قارىدى. ئىمام نەۋەۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھەقىقەتەن بۇ، ئادەمنى رازى قىلارلىق بىر جاۋابتۇر» دېدى.

2 ـ ئۇلار: <سېنىڭ داداڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى> دېگەن سۆزنى ئىككى خىل مەقسەت بىلەن سۆزلەيتتى. بىر خىلى: بۇ سۆز ئارقىلىق نامى بىلەن قەسەم قىلىنغان دادىنى ئۇلۇغلاش، يەنە بىر خىلى بولسا تەكىتلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بىرىنچى خىلى ھارامدۇر. يەنى <سېنىڭ داداڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى> دېگەن سۆز ئارقىلىق نامى بىلەن قەسەم قىلىنغان نەرسىنى ئۇلۇغلاش ھارامدۇر. (ئەمما مەزكۇر سۆزنى يەنە بىر خىل مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىش ھارام ئەمەس).[1]

## قەسەمنىڭ تۈرلىرى

### 1 ـ قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم

بۇنىڭدىن بىر ئىشنى بۇرۇن قىلغانلىقىنى ياكى ھازىر قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئىشنى قىلمىغانلىقىغا اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم بولسا، قەسەم قىلغۇچىنى دەسلەپتە گۇناھقا ئىقىدىغان ئاندىن دوزاخقا تاشلايدىغان قەسەمدۇر. بۇ قەسەمدىن مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنداق ئىش قىلمىدىم، دەپ قىلغان قەسىمگە، باشقا بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە پۇلى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇلى يوق، دەپ قىلغان قەسىمگە ۋە بىر ئىنساننىڭ فۇلانى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ

(1) «فەتھۇلبارى»، 11 ـ توم، 534 ـ بەت.

اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ فۇلانىدۇر، دەپ قىلغان قەسەمگە ئوخشاش قەسەملەر مەقسەت قىلىنىدۇ. كىمكى بۇنىڭغا ئوخشاش يالغان قەسەم قىلسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىش لازىم بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭ گۇناھلار: اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە قەستەن يالغان قەسەم قىلىشتۇر.» (1)

بۇ خىلدىكى قەسەمنىڭ كېلىش مەنبەيى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت بار. ئەرەبلەر بىر ئىش ئۈستىدە ئۆز ئارا ۋەدىلەشمەكچى بولسا، ئىچىدە پاك نەرسە بار ياكى قان بار ياكى كۆل بار بىر قاچىنى ئېلىپ كېلەتتى، ئاندىن قوللىرىنى شۇ قاچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىگە تىقىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلىشماقچى بولغان ۋەدە ناھايىتى كۈچلۈك ھالدا تامام بولغان بولاتتى. ئەگەر بۇ قەسەمگە قېتىلغانلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ قەسىمىنى بۇزسا، بۇ قەسەم گۇناھقا پاتۇرغۇچى يالغان قەسەم دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەڭ كۈچلۈك بىر شەكىلدە قىلىنغان قەسەمنى بۇزغان ھېسابلىناتتى.

ئىبنى ئەتتىن (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم بولسا، شۇ قەسەمنى قىلغان ئادەمنى گۇناھقا پاتۇرىدۇ» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ قەسەمنى قىلغان ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس» دېدى.(2) بۇ ھەم ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭمۇ كۆزقارىشىدۇر. قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم بولسا، بىز بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىندۇر. اللە تائالا مۇنداق دېدى: «قەدىمكىلار (ئىسلام دىنىدا) ئىزچىل بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، قەسەمكىلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار، (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار) ئۈچۈن ئازابنى تېتىيسىلەر، (سىلەر ئاخىرەتتە دوزاختا) چوڭ ئازابقا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 11 - توم، 556 - بەت.

قالىسىلەر» [1]

ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى يالغان قەسەم قىلىپ ھەقسىزلىك بىلەن ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى الله غا، الله ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ.» ئاندىن الله تائالا بۇ سۆزنى تەستىقلاپ ئۆزىنىڭ بۇ ئايىتىنى چۈشۈردى: «الله غا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنە بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ» [2].[3]

كۆپ ساندىكى ئالىملار: «قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم گۇناھى ناھايىتى ئېغىر قەسەم بولغانلىقى ئۈچۈن كەففارەت تەلەپ قىلىنمايدۇ» دېدى. بۇ خىلدىكى قەسەمنىڭ گۇناھىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەمنىڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەمنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن بىللە بايان قىلدى. بۇلار كەففارەت تەلەپ قىلىنمايدىغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىشلارنىڭ كەففارىتى پەقەت تەۋبە قىلىشتۇر ۋە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىشتۇر.[4]

قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەمنىڭ ئىچىگە يەنە كەلگۈسىدە بولىدىغانلىقى چوقۇم بولىدىغان ئىشنى ئىنكار قىلىپ قىلغان قەسەممۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۆلمەيمەن، دەپ ياكى كۈن چىقمايدۇ، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم بولىدۇ.

(1) سۈرە نەھل 94 - ئايەت.

(2) سۈرە ئال ئىمران 77 - ئايەت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(4) «فەتھۇلبارى»، 11 - توم، 557 - بەت.

## 2 ـ مەقسەتسىز قىلغان قەسەم:

مەقسەتسىز قىلغان قەسەمدىن ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ الله نىڭ نامى بىلەن قىلغان يالغان قەسەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل قەسەم ئۆتۈپ كەتكەن ياكى ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە قىلىنىدۇ. قەستەن قىلغان يالغان قەسەم بىلەن مەقسەتسىز قىلغان قەسەمنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، قەستەن قىلغان يالغان قەسەمدە، قەسەمنى ئۆزىنىڭ يالغان قەسەم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قىلىدۇ. ئەمما مەقسەتسىز قىلغان قەسەمدە، قەسەمنى ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ الله نىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلىدۇ. يەنە كېلىپ قەستەن قىلىنغان يالغان قەسەم ئۈچ زاماننىڭ ھەممىسىدە قىلىنىدۇ. ئەمما مەقسەتسىز قىلغان قەسەم كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ئۈستىدە قىلىنمايدۇ.[1]

بىر ئادەم مەقسەتسىز قەسەم قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلمايدۇ ۋە (دۇنيادا) ئۇنىڭغا كەففارەت كەلمەيدۇ. بۇ خىلدىكى قەسەمنى قىلغان ئادەمنىڭ جازاغا تارتىلمايدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «مەقسەتسىز ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسىمىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»[2]

ئىمام شافىئي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەمدىن بىر ئادەمنىڭ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) ئۇنداق ئەمەس، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) شۇنداق بولغۇسى، دېگىنىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئېغىزىغا مەقسەتسىز كېلىپ قالىدىغان قەسەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. بۇ قەسەم (بىر ئادەمنىڭ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئۇ ئىش شۇنداق بولغۇسى، دەپ قەسەم قىلغىنىغا ئوخشاش) كەلگۈسى زاماندا كېلىدىغان ئىش ئۈستۈدىمۇ قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىدىكى مەقسەتسىز قەسەمنىڭ ئوقۇمىدۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: مەقسەتسىز قىلغان قەسەمنىڭ ئوقۇمى (ئىمام سافىئىينىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 48 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەر 225 ـ ئايەت.

دېگىنىدەك ئەمەستۇر).[1] ئىمام شافىئىينىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: اللە تائالانىڭ: «مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەملەر ئۈچۈن اللە سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسەملەر ئۈچۈن اللە سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ. اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»[2] دېگەن ئايىتى بىر ئادەمنىڭ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) ئۇنداق ئەمەس، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) شۇنداق بولغۇسى (دېگەنگە ئوخشاش) سۆزلىرى توغرىسىدا چۈشكەن دېگەن، سۆزىدۇر.[3]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر قىسىم ئالىملار، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭمۇ مەقسەتسىز قىلغان قەسەمگە خۇددى ئىمام شافىئىيغا ئوخشاش ئوقۇم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مەقسەتسىز قىلغان قەسەمدىن <ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ اللە نىڭ نامى بىلەن قىلغان يالغان قەسەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ> دەپ ئۇ قەسەمگە بېرىلگەن ئوقۇم فىقھى ئىلمىنىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان كىتابلاردا، ھىدايىدە ۋە ئۇنىڭ شەرھىلىرىدە بايان قىلىنغاندۇر. ئىمام زەيلەئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مەقسەتسىز قىلغان قەسەمگە خۇددى ئىمام شافىئىيغا ئوخشاش ئوقۇم بەرگەنلىكىنى بايان قىلغان. <ئەلئىختىيار> دېگەن كىتابتا: ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەقسەتسىز قىلغان قەسەمگە شۇنداق ئوقۇم بەرگەنلىكىنى ئىمام مۇھەممەدنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغاندۇر. <ئەلبەدائىئ> دېگەن كىتابتا: ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىنىڭمۇ مەقسەتسىز قىلغان قەسەمگە شۇنداق ئوقۇم بەرگەنلىكى بايان قىلىندى. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مەقسەتسىز قىلغان قەسەمگە بەرگەن ئوقۇمىنى بايان قىلىپ بولۇپ: مەقسەتسىز قىلغان قەسەم بولسا، كىشىلەر ئارىسىدا دېيىلىپ تۇرۇدىغان ئۇلارنىڭ: اللە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 48 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەر 225 ـ ئايەت.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) ئۇنداق ئەمەس، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) شۇنداق بولغۇسى دېگەن سۆزلىرىدۇر، دېدى. مەقسەتسىز قىلغان قەسەم ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ۋە ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە قىلىنىدۇ. (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەرگە قارالغاندا) ھەنەفىي مەزھەپىدە مەقسەتسىز قىلغان قەسەمنىڭ ئىككى خىل ئوقۇمى باردۇر. ئۇ ئىككى خىل ئوقۇم تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ فىقھى ئىلمىنىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان كىتابلاردا بايان قىلىنغان ئوقۇم. بۇ بولسا مەقسەتسىز قىلغان قەسەمدىن <ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ الله نىڭ نامى بىلەن قىلغان يالغان قەسەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ> دېگەن ئوقۇمدۇر.

2 ـ بىر ئاز بۇرۇن بايان قىلىنغان رىۋايەتتە كەلگەن ئوقۇم. بۇ بولسا مەقسەتسىز قىلغان قەسەمدىن <كىشىلەر ئارىسىدا دېيىلىپ تۇرۇدىغان ئۇلارنىڭ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) ئۇنداق ئەمەس، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم (ئۇ ئىش) شۇنداق بولغۇسى دېگەن سۆزلىرىدۇر> دېگەن ئوقۇمدۇر. مانا بۇ رىۋايەت فىقھى ئىلمىنىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى بايان قىلمىغان مەقسەتسىز قىلغان قەسەمنىڭ بىر خىلىنى بايان قىلىدۇ.[1]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئالىملار: «بىر ئادەم قايسى خىلى بىلەن قەسەم قىلسا قىلسۇن، مەقسەتسىز قەسەم بىلەن قەسەم قىلغان ئادەم ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا دۇنيادا كەففارەت بېرىشمۇ لازىم بولمايدۇ» دېدى.

مەقسەتسىز قىلغان قەسەمنىڭ ئىچىگە يەنە ئېنىق بولغان ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا قىلغان قەسەممۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: ئۆرە تۇرۇۋاتقان بىر ئادەم الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەقىقەتەن ھازىر ئۆرە تۇرۇۋاتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ قەسەممۇ مەقسەتسىز قىلغان قەسەمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## 3 ـ قەستەن قىلغان قەسەم ياكى رەسمىي قەسەم:

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 48 ـ بەت.

بۇ قەسەمدىن بىر ئىشنى كەلگۈسىدە قىلىش ياكى قىلماسلىق ئۈچۈن قىلغان قەسەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىر ئادەم بۇ خىل قەسەمنى قىلىپ قەسەمدە تۇرماي ئۇنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەملەرنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەملىرىڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ» [1]

الله تائالانىڭ: «قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار)» دېگەن سۆزى قەسەم قىلىشقا ئالدىرىماسلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئايەت يەنە تولا قەسەم قىلىشتىنمۇ توسىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سېلەر قەسەم قىلغان ۋاقىتڭلاردا ھەتتا سېلەرگە كەففارەت بېرىش لازىم كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سېلەر قەسەمڭلارنى بۇزۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراشمۇ بار. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەگەر قەسەم قىلغان ئادەم بىرەر ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا ياكى بىرەر يامان ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلمىغان بولسا، قىلغان قەسىمنى بۇزمايدۇ. (ئەگەر ئۇ ئادەم بىرەر ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، قەسىمنى بۇزۇپ ئۇ ئىشنى قىلىدۇ ۋە قەسىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كەففارەت بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ بىرەر يامان ئىش قىلىشقا قەسەم قىلغان بولسا، قەسىمنى بۇزىدۇ، ئۇ ئىشنى قىلمايدۇ ۋە قەسىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كەففارەت بېرىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئالىملار، توغرا بىرەر ئاساسى يوق بىر ئىش ئۈستىدە قەسەم قىلىش مەكرۇھتۇر، دەپ قارايدۇ.

(1) سۈرە مائىدە 89 ـ ئايەت.

الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش گۇناھ دەپ قارالمايدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. كەففارەت پەقەت قەسەمنى بۇزۇۋاتقان ئادەمگە لازىم بولىدۇ. چۈنكى قەسەمنى بۇزۇۋېتىش ھەقىقەتتەن گۇناھتۇر ۋە گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

قەسەم قىلغان ئادەم قەسەمنى بۇزۇۋېتىپ مەيلى ئۇنتۇپ قېلىپ قىلسۇن مەيلى مەجبۇرلىنىپ قىلسۇن (قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان) ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى (قەسەم قىلىپ قىلمايمەن، دېگەن) ئىشنى قىلىش قەسەمنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ شەرتىدۇر. قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ ئىشنى مەيلى مەجبۇرلىنىپ قىلسۇن مەيلى ئۇنتۇپ قېلىپ قىلسۇن ئۇنى بەرىبىر قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (مەن مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم) ئۇ ئىشنى ھوشىدىن كەتكەن ياكى ئېلىشىپ قىلىپ ئەقلىدىن كەتكەن ۋاقتىدا قىلسىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. قەسەم قىلغان ئادەم قەسەمنى قانداق ھالەتتە بۇزسا بۇزسۇن ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم قەسەمنى ئۆزى بۇزماي باشقىلار تەرىپىدىن بۇزدۇرۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسەمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مەن سۇ ئىچمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، سۇ ئېلىپ كېلىنىپ ئۇنىڭ گېلىغا مەجبۇرىي قويۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسەمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ.[1] ئەگەر ئېلىشىپ قالغان ياكى ھوشىدىن كەتكەن بىر ئادەم قەسەم قىلغان، ئاندىن قەسەمنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر كىشىلەردە قەسەمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش كېرەك بولغان شەرتلەر تېپىلمىدى. بىز يۇقىرىدا قەسەمنىڭ شەتلىرىنىڭ بىرىنىڭ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم بولۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

## قەسەمنىڭ ھەرپلىرى

بۇ ھەرپلەرنى قەسەمنى ئەرەبچە قىلماقچى بولغان ئادەم ئىشلىتىدۇ. ئۇ ھەرپلەر: <ۋا، تا ۋە با> ھەرپلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەرپلەرنى ئىشلىتىپ قەسەم قىلماقچى بولغان ئادەم: ۋاللاھى ياكى تاللاھى ياكى بىللاھى دېگەنگە ئوخشاش بۇ ھەرپلەرنىڭ بىرىنى الله تائالانىڭ ئىسمى بولغان <الله> دېگەن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 50 ـ بەت.

سۆزىنىڭ ئالدىغا ئۇلاپ تۇرۇپ قىلىدۇ. يەنە <لىللاھى> دەپ قەسەم قىلغانغا ئوخشاش بۇ ھەرىپلەرگە يەنە <لا> ھەرىپىمۇ قېتىلىدۇ. (ئەمما ئۇيغۇرچىدا قەسەم <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى> دېگەن شەكىلدە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ قەسەم ئۈچۈن مەزكۇر ھەرىپلەر ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭا ھەرىپلەر ھەققىدە كۆپ توختۇلۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.)[1]

# نىمىنىڭ قەسەم بولىدىغانلىقىنىڭ ۋە نىمىنىڭ قەسەم بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

الله نىڭ نامى بىلەن ۋە مېھرىبان، شەپقەتلىك، مۇلايىم[2]، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى دېگەنگە ئوخشاش الله تائالادىن باشقا بىرسىگە ئىشلىتىلمەيدىغان پەقەت الله تائالاغىلا ئىشلىتىلىدىغان الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرى بىلەن قىلغان قەسەم، قەسەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە الله تائالانىڭ ئىززىتى، كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى دېگەنگە ئوخشاش الله تائالا مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ئەكسى بىلەن سۈپەتلەنمەيدىغان، الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن قىلىنغان قەسەممۇ، قەسەم ھېسابلىنىدۇ[3].

الله تائالانىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلىرى بىلەن قەسەم قىلىنىشىنىڭ توغرا بولۇشىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەنەس ئىبنى مالىك (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(جەھەننەمگە مەھكۇم بولغانلار ئۇنىڭغا داۋاملىق تاشلىنىپ تۇرىدۇ) جەھەننەم بولسا، يەنە بارمۇ؟ دەيدۇ، ئاخىرىدا غالىب پەرۋەردىگار قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەھەننەم: سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بولدى! بولدى! دەيدۇ ۋە ئۇ قاتلىنىدۇ.»
(4)

شۇنىڭدەك يەنە الله تائالانىڭ غەزىپى ۋە رىزاسى دېگەنگە ئوخشاش الله تائالا

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 58 ـ بەت.

(2) يەنى بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ت.

(3) مەسىلەن: الله تائالا، ئۇلۇغ دېگەن سۈپۈتىنىڭ ئەكسى بولغان ئۇلۇغ ئەمەس ياكى خار دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيدۇ. يەنى الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە ئۇنداق سۈپەت يوق. ت.

(4) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

مەزكۇر سۈپەتنىڭ ئەكسى بىلەنمۇ سۈپەتلىنىدىغان، الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن قىلىنغان قەسەممۇ، قەسەم ھېسابلىنىدۇ[1]. بۇ، ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا بۇ سۈپەتلەر بىلەن قەسەم قىلىش بىر ئادەتكە ئايلانغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ قايسى سۈپەتلىرى بىلەن قىلىنغان قەسەم، قەسەم ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئادەت بەلگىلەيدۇ. ئادەت بەلگىلەيدىغان قەسەم پەقەت الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن قىلىنغان قەسەمدۇر. ئەمما الله تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن قىلىنغان قەسەمدە ئادەت ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (يەنى الله تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن قىلىنغان قەسەم، كىشىلەر ئۇنى ئادەتتە مەيلى قەسەم دەپ تونۇسۇن مەيلى تونۇمىسۇن قەسەم ھېسابلىنىدۇ.)[2]

خۇددى الله تائالاغا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان، الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن قىلىنغان قەسەمنىڭمۇ قەسەم ھېسابلىنىشى نىيەتكە قاراشلىق بولمىغىنىدەك الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن قىلىنغان قەسەمنىڭمۇ قەسەم ھېسابلىنىشى نىيەتكە قاراشلىق ئەمەس.

بىر ئادەم الله تائالانىڭ كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلۇقىغا، ئوقۇلىدىغان سۆزىگە[3]، پادىشاھلىقىغا، غالىبلىقىغا، بۈيۈكلىكىگە، قۇدرەتلىكىگە ۋە مېھرىبانلىقىغا ئوخشاش ئادەتتە كىشىلەر ئارىسىدا قەسەم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىرەر سۈپۈتى بىلەن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مەزكۇر سۈپەتلەر بىلەن قەسەم قىلىش بىر ئادەتكە ئايلانغاندۇر.

بىر ئادەم قۇرئان بىلەن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بىر ئادەم قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى الله تائالانىڭ سۆزى بىلەن قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەردىن ئەينىي دېگەن ئالىم: «مېنىڭ كۆز قارىشىمچە قۇرئان بىلەن قىلىنغان قەسەممۇ، قەسەم ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ بىزنىڭ زامانىمىزدا شۇنداق» دېدى. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىچە: كىتاب بىلەن، قۇرئان بىلەن ۋە الله تائالانىڭ (قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى سۆزىدىن) باشقا سۆزلىرى بىلەن

(1) مەسىلەن: الله تائالا، غەزەپ قىلىدۇ، دېگەن سۈپۈتىنىڭ ئەكسى بولغان رازى بولىدۇ، دېگەن سۈپەت بىلەنمۇ سۈپەتلىنىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 51 ـ بەت.

(3) بۇنىڭدىن قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى الله تائالانىڭ سۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ. ت.

قىلىنغان قەسەملەرمۇ، قەسەم ھېسابلىنىدۇ.[1]

بىر ئادەم: (ئەگەر مەن بۇنداق ئىشنى قىلسام) قۇرئاندىن ياكى كىتابنىڭ ئىچىدىكى سۆزدىن ئادا ـ جۇدا بولاي دېسە، ئۇ قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ: (ئەگەر مەن بۇنداق ئىشنى قىلسام) كىتابتىن ئادا ـ جۇدا بولاي دېسە، ئۇ قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. بىر ئادەم: ئىچىدە <بىسمىللاھىررەھمانىر راھىم> يېزىلغان بىر دەپتەرنى (كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەن پالانى ئىشنى قىلسام) ئۇ دەپتەردىن ئادا ـ جۇدا دېگەن بولسا، ئۇ قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم: <بىسمىللاھىررەھمانىر راھىم> يېزىلغان بىر فىقھى كىتابىنى ياكى ھېساپ دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئەگەر مەن بۇنداق ئىشنى قىلسام بۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىدىن ئادا ـ جۇدا دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم شۇ ئىشنى قىلسا، ئۇ ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: (ئەگەر مەن پالانى ئىشنى قىلسام) مەن <بىسمىللاھىررەھمانىر راھىم> دىن ئادا ـ جۇدا دېگەن بولسا، ئۇمۇ قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم: (ئەگەر مەن مۇنداق بىر ئىشنى قىلسام) مەن تۆت كىتابتىن ئادا ـ جۇدا دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم بىر قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەم: (ئەگەر مەن مۇنداق بىر ئىشنى قىلسام) مەن قۇرئاندىن، زەبۇردىن، تەۋراتتىن ۋە ئىنجىلدىن ئادا ـ جۇدا، دەپ شۇ تۆت كىتابنىڭ ئىسمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتىسا، ئۇ بۇ ھالدىمۇ بىر قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: (ئەگەر مەن مۇنداق بىر ئىشنى قىلسام) قۇرئاندىن ئادا ـ جۇدا، ئىنجىلدىن ئادا ـ جۇدا، تەۋراتتىن ئادا ـ جۇدا ۋە زەبۇردىن ئادا ـ جۇدا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم تۆت قېتىم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەسەمدە، قەسەمنىڭ قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشى <ئادا ـ جۇدا> دېگەن سۆزنىڭ تەكرارلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە كەففارەتنىڭ قېتىم سانىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەگەر <ئادا ـ جۇدا> دېگەن سۆز بىر قېتىم تەكرارلانسا، قەسەم بىر قېتىم قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇڭا (ئەگەر شۇنداق قەسەم قىلغان ئادەم قەسىمىدە تۇرماي قەسىمىنى بۇزۇۋاتسا) ئۇنىڭغا بىر قېتىملا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 52 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

بىر ئادەم: ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام، يەھۇدىي بولۇپ كېتەي ياكى خىرىستىيان بولۇپ كېتەي ياكى مېنىڭ خىرىستىيان بولۇپ كېتىدىغانلىقىمغا گۇۋاھچى بولۇپ قويۇڭلار ياكى كاپىرلارنىڭ شېرىكى بولۇپ كېتەي ياكى كاپىر بولۇپ كېتەي دېگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ قەسىمىنى بۇزۇۋاتسا، ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام، يەھۇدىي بولۇپ كېتەي، دېگەن ئادەمنىڭ هۆكمى هالال نەرسىنى هارام دەپ قارىغان ئادەمنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. (يەنى هالال نەرسىنى هارام دەپ قاراش قەسەم هېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام، يەھۇدىي بولۇپ كېتەي دېيىشمۇ قەسەم هېسابلىنىدۇ). مەسىلەن: ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام يەھۇدىي بولۇپ كېتەي، دېيىشنىڭ قەسەم هېسابلىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، شۇنداق دېگەن ئادەم شۇ ئىشنى قىلىپ سالغان تەقدىردە ئۆزىنىڭ (يەھۇدىيغا ۋە خىرىستىيانغا ئوخشاش) كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىگە شەرت قىلغانلىقىدۇر. ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ئوخشاش دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايدىغان بولغاچقا ئۇ ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىپ سالغان ۋاقتىدا ئۆزىنى ئېتىقاد قىلىشنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايدىغان بىر دىنىنىڭ ئادىمى بولۇپ كېتىشىگە باغلىشى شۇ دىنغا كىرىش ئەمەس شۇ ئىشنى قىلماسلىق مەقسىتى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر سۆزى قەسەم هېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مەن ئۇنداق قىلسام يەھۇدىي بولۇپ كېتەي، دېگەنگە ئوخشاش قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىش، كەتمەسلىكى هەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بەزى ئالىملار: «شۇنداق قەسەم قىلغان ئادەمنى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېدى. توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر سۆزى بىلەن قەسەم قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى هەدىسى شۇنداق قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ شۇ دىنىنىڭ ئادىمى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى (يەنى كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى) كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ئادەم ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولۇپ كېتەي، دەپ قەسەم قىلسا ئۇ ئادەمنىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولۇپ كېتىدىغانلىقى هەققىدە مۇنداق دېدى: «كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىندا بولىدىغانلىقى بىلەن قەسەم ئىچسە، (يەنى ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قىلسام

يەھۇدىي يا خىرىستىيان بولۇپ كېتەي دەپ قەسەم قىلسا)، ئۇ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ (يەنى شۇ دىندىن بولۇپ كېتىدۇ). كىمكى ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرىۋالسا، ئۇ ئادەم قىيامەتتە شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىدۇ. مۆمىنگە لەنەت ئېيتىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. مۆمىننى كاپىر دېيىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر.» [1]

توغرىسى بۇ ھەدىس كۆپ ساندا يۈز بېرىدىغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ كەلگەندۇر. كۆپىنچە ۋاقىتتا مۇشۇنداق قەسەم ئىچكەنلەر نادان ئادەملەر بولۇپ ئۇلار قەسەملىرىمىزدە تۇرالمىساق كاپىر بولۇپ كېتىمىز، دەپ بىلەتتى. ئەگەر بۇ ھەدىسنى بۇ شەكىلدە چۈشەنسەك، قەسەمنى مەزكۇر شەكىلدە قىلغان ئادەم كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ھەدىس ئۇ شەكىلدە چۈشۈنۈلمىسە، ھەدىس قەسەمنى مەزكۇر شەكىلدە قىلغان ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدىغانلار ئۈچۈن دەلىل - پاكىت بولىدۇ.[2]

ئىبنى مۇنزىر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئالىملار: ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام اللہ تائالاغا تانغان ھېسابلىناي، دېگەن ئاندىن شۇ ئىشنى قىلغان ئادەم ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئىبنى ئاببا س، ئەبۇھۇرەيرە، ئەتا، قەتادە ۋە ھەر قايسى شەھەردىكى فىقھىشۇناسلارنىڭ كۆپ قىسمى، ئۇ ئادەم (قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ) شۇڭا ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس، ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ سۆزنى چىن دىلىدىن چىقىرىپ دېمىگەن بولسا كاپىر ھېساپلانمايدۇ، دېدى. ئەگەر ئۇ ئادەم (ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام اللہ تائالاغا تانغان ھېسابلىناي، دېگەن ۋاقىتتا، چىن دىلىدا اللہ تائالاغا تېنىشنى ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، دېگەن ئاندىن شۇ ئىشنى قىلغان بولسا)، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئەۋزائىي، سەۋرىي، ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىسھاق قاتارلىقلار: ئۇ ئادەم شۇنداق دېگەنلىكى قەسەم ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇڭا ئۇنىڭغا (ئەگەر ئۇ مەزكۇر ئىشنى قىلىپ سالسا) كەففارەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، دېدى.»[3]

ئەگەر مەن ئۇنداق قىلسام يەھۇدىي بولۇپ كېتەي، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن قەسەم قىلغان ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، دەيدىغانلارنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 55 - بەت.

(3) «فەتھۇلبارى»، 11 - توم، 538 - بەت.

كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى لات ۋە ئۇززا دېگەن بۇتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسە، <لائىلاھە ئىللەللاھۇ> دېسۇن، كىمكى بۇرادىرىگە كەل قىمار ئوينايلى، دېگەن بولسا سەدىقە بېرىۋەتسۇن.» [1]

بىر ئادەم ھەقنىڭ نامى بىلەن ياكى ھەق بىلەن قەسەم قىلسا، دېمەك ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەق اللە تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر. اللە تائالانىڭ نامىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىسىملىرىدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن قىلىنغان قەسەم، قەسەم ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم اللە تائالانىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنىڭ نامى بىلەن ياكى اللە تائالانىڭ ھەققى بىلەن قەسەم قىلسا، دېمەك ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم قۇرئاننىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى بىلەن ياكى اللە تائالانىڭ سۆزىنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى بىلەن قەسەم قىلسا، دېسىمۇ ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەققى بولسا، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتۇر. بۇ بەندىنىڭ ئىشىدۇر.[2]

ئەگەر بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى بىلەن ياكى كەبىنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى بىلەن قەسەم قىلسا، دېگەن بولسا ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ئىمام رازىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەن مېنىڭ ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلسا، سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەم قىلسا ۋە سېنىڭ بېشىڭنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلسا، دېگەنگە ئوخشاش (اللە تائالادىن باشقا بىر نەرسە بىلەن قەسەم قىلغان) ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن، ئەگەر ئادەملەر بۇ سۆزنى بىلمەستىن دەيدىغان ئىش بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەن شۇنداق دېيىش شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ، دەيتتىم» دېدى.

ئىمام رازىينىڭ: <بىلمەستىن> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئۇلار قەسەم قىلغاندا، قەسەمنى بۇزماي تۇرۇشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇزسا اللە تائالانىڭ ئىسمىنىڭ ھۆرمىتىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن كەففارەت بېرىشنىڭ لازىم

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) «ئەلھىدايەتۇل ئەلائىيە».

**ئىكەنلىكىنى، الله تائالانىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسەمدە ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچىنىڭ ئارىسىنى تەڭ قىلغانلىقىنى ۋە باشلىقىنىڭ جېنى، ئۇنىڭ هاياتى ۋە ئۇنىڭ بېشى بىلەن پەقەت قەلبىدە ئىسلامنىڭ تېخى مۇستەهكەم ئورۇنلىشىپ بولمىغان نادان ئادەمنىڭلا قەسەم قىلىدىغانلىقىنى بىلمەستىن، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): « ماڭا الله تائالادىن باشقا بىرسىنىڭ نامى بىلەن راستچىل قەسەم قىلغانغا قارىغانغا الله نىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلىش ياخشى كۆرۈلىدۇ » دېدى.[1]**

**ئەگەر بىر ئادەم: الله تائالانىڭ مەڭگۇ قېلىشى بىلەن قەسەم، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان هېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە: سېنىڭ الله تائالانىڭ مەڭگۇ قېلىشىنى ئىقرار قىلىشىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېگەن سۆزى قەسەم هېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ، مەزكۇر سۆز دېيىلگەن ئادەمنىڭ ئىش - پائالىيىتى بىلەن قەسەم قىلغانلىق هېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىش - پائالىيىتى بولسىمۇ ئۇنىڭ الله تائالانىڭ مەڭگۇ قېلىشىنى ئىقرار قىلىشىدۇر ۋە شۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇر.**

**بىر ئادەم: الله كېيىلدۇر مەن بۇنداق قىلمايمەن، دېسە بۇ قەسەم هېسابلىنىدۇ. چۈنكى زامانىمىزدا كىشىلەر شۇنداق دېيىشنى قەسەم دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم: الله تائالانىڭ سېنىڭ داداڭغا قىلغان رەهمىتى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېسە بۇمۇ قەسەم هېسابلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بۇنىمۇ قەسەم دەپ بىلىدۇ.[2]**

**شۇنىڭدەك يەنە الله تائالا ماڭا گۇۋاه ياكى الله تائالا بىلدى ياكى بىلىدۇ ياكى گۇۋاه بولىدۇ، مەن مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، دېسە ئۇمۇ قەسەم هېسابلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بۇنىڭغىمۇ قەسەم دەپ قارايدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم: الله تائالا بىلىدۇ، مەن مۇنداق ئىشنى قىلدىم، دېگەن (لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلمىغان بولسا)، بۇ هالدا ئۇ ئادەم كاپىر هېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەمەلىيەتتە قىلىنمىغان بىر ئىشنى الله تائالا بىلىدۇ، دەپ الله تائالاغا نىسبەت بەردى. بۇ الله تائالاغا نادانلىقنى نىسبەت**

(1) « رەددۇلمۇهتار »، 3 - توم، 53 - بەت.

(2) « ئەلهۇديەتۇل ئەلائىيە ».

بېرىش ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا ئۇ ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ.)[1]

ﷲ تائالانىڭ ئەھدى بىلەن ۋە كېپىللىكى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېيىشمۇ قەسەم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، اللەنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسىمىڭلارنى (اللەنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر اللەنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ» [2]

ئەمما ئەگەر بىر ئادەم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېسە بۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: ئەگەر مەن مۇنداق ئىشنى قىلسام، ﷲ تائالانىڭ ئەھدىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسى ئۈستۈمدە بولسۇن، دېسە ئۇمۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسى> دېگەن سۆز ﷲ تائالانىڭ ئەھدىسى بىلەن قەسەمنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە: ئەگەر سەن مۇنداق ئىشنى قىلساڭ ﷲ تائالانىڭ ئەھدىسى سېنىڭ ئۈستۈڭدە بولسۇن، دېگەن ۋە ئىككىنچى ئادەم: شۇنداق بولسۇن دېگەن بولسا، بۇ ھالدا شۇنداق بولسۇن، دەپ جاۋاب بەرگەن ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ.[3]

ﷲ تائالانىڭ يۈزى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېيىشمۇ قەسەم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ﷲ تائالانىڭ يۈزى بىلەن دېگەن سۆزدىن ﷲ تائالانىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ. ﷲ تائالانىڭ پادىشاھلىقى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېيىشمۇ قەسەم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ﷲ تائالانىڭ پاكىتى ۋە ھۆججىتى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېيىش قەسەم ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم: ﷲ تائالانىڭ بەرىكىتى بىلەن ياكى ﷲ تائالانىڭ قەسەم قىلغان نەرسىلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن، دېسە ئۇ قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم: قەسەم قىلىمەن ياكى گۇۋاھلىق بېرىمەن ياكى قەسەم قىلدىم ياكى گۇۋاھلىق بەردىم ماۋۇ ئىش مۇقداقتۇر، دېگەن بولسا ئۇ ئادەم بۇ ھالدا ﷲ تائالانىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالمىغان بولسىمۇ قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق دېيىشنىڭ قەسەم بولىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 56 ـ بەت.

(2) سۈرە نەھل 91 ـ ئايەت.

(3) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 138 ـ بەت.

ئايەتتىن كۆرۈۋالالايمىز: «مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اللەنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى اللە بىلىدۇ، اللە گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى اللەنىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان![2]»[1]

بىر ئادەم: ئەگەر مەن ماۋۇ ئىشنى قىلسام ماڭا اللە تائالانىڭ غەزىپى ياكى اللە تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن ياكى مەن زىنا قىلغان ياكى ئوغرىلىق قىلغان ياكى ھاراق ئىچكەن ياكى جازانە يېگەن بولۇپ كېتەي دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇلار بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قىلغان دۇئاسى ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ كىشىلەر ئارىسىدا مۇشۇنىڭدەك قەسەم قىلىش ئادەتى يوقتۇر.[3]

بىر ئادەم: ئەگەر مەن ماۋۇ ئىشنى قىلسام، قانىنى ياكى توڭغۇزنىڭ گۆشىنى ھالال دەپ سانىغان ئادەم بولۇپ كېتەي، دېگەن بولسا ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر نەرسىلەر بىر ئادەم شۇ نەرسىلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ھالال نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بۇ ئىشنى قىلىسەن، دېگەن ئىككىنچى ئادەم: بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىككىنچى ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ئادەم خۇددى اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ئىشنى قىلىمەن، دېگەن ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى سوئالدا نېمە بولسا شۇنىڭ ئۆزى جاۋابتىمۇ كۆچكە ئىگە بولىدۇ.[4]

ئاخىرىدا شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان قەسىمىنىڭ قەسەم ھېسابلىنىشى مەيلى ئەرەبچىدە بايان قىلىنغىنىدەك بولسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن شۇ ئادەمنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە باغلىقتۇر. يەنى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە قەسەم قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغان

(1) مانا اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ: <گۇۋاھلىق بېرىمىزكى> دېگەن سۆزىنى قەسەم دەپ ئاتىدى. ت.

(2) سۈرە مۇنافىقۇن 1 ـــ 2 ـ ئايەتلەر.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 57 ـ بەت.

(4) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 95 ـ بەت.

بىرەر سۆز بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. لېكىن شۇ قەسەمنىڭ اللە نىڭ نامى بىلەن ياكى ئۇنىڭ ئىسىملىرى بىلەن بولۇشى شەرتتۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان قەسەملىرىنىڭ بايانى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان قەسەملىرى چوڭقۇر مەنا ئىپادىلەشتە ۋە ئەدەب جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قەسەملىرى ئارقىلىق اللە تائالانى ئۇلۇغلاشنى، ئۆزىنىڭ اللە تائالاغا مۇھتاج ۋە ئۇنىڭ ئاجىز قۇلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.

جابىر ئىبنى سەمىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر قەيسەر ھالاك بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر كەلمەيدۇ. ئەگەر كىسرا ھالاك بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن كىسرا كەلمەيدۇ. جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بايلىقلىرىنى اللە تائالانىڭ يولىدا چىقىم قىلىسىلەر.» [1]

ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەمنى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئۇ ئىش) ئۇنداق بولمايدۇ، دەپ قىلاتتى» دېدى.[2]

ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتى! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلايتتىڭلار.» [3]

ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەرگە بىر قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولۇپ ئۇ قوشۇنغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇن بالا قىلىۋالغان) زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەنى باشلىق قىلدى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ باشلىق قىلىنغانلىقىغا تەنە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر ئۇسامەنىڭ باشلىق قىلىنغانلىقىغا تەنە قىلساڭلار، بۇرۇن بۇنىڭ دادىسىنىڭ (يەنى زەيدنىڭ بىر قوشۇنغا) باشلىق بولغىنىغا تەنە قىلغان بولسىلەر، الله تائالانىڭ بەرىكىتى ياكى الله تائالانىڭ قەسەم قىلغان نەرسىلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، زەيد (قوشۇنغا) باشلىق بولۇشقا ھەقىقەتەن لايىق ئىدى ۋە ئۇ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردىن ئىدى. ھەقىقەتەن بۇمۇ (يەنى زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەمۇ) ماڭا دادىسىدىن كېيىن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بولۇپ قالدى» دېگەن.[1]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەم قىلغاندا ئىشلىتىدىغان سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك تۆت خىلدۇر:

- جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇنىڭدەك يەنە مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن سۆزدۇر.
- قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئۇ ئىش) ئۇنداق بولمايدۇ، دېگەن سۆزدۇر.
- الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن سۆزدۇر.
- كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن سۆزدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەملىرىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى سۆزنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتتى. ئىككىنچى سۆزنىمۇ كۆپ ئىشلەتتى. ئىبنى ئەبۇشەيبە ئاسىم ئىبنى شۇمەيختىن ئەبۇسەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەسەم قىلماقچى بولسا: «ئەبۇلقاسىمنىڭ جېنى قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئۇ ئىش) ئۇنداق بولمايدۇ» دەيتتى. ئىبنى ماجە بۇ ھەدىسنى بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان قەسەملىرى: الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىمەن، جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت ئىدى.[2]

ئەبۇزەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن (بىر كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ سايىسى ئاستىدا تۇرۇپ: «كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 11 ـ توم، 526 ـ بەت.

قىلمەنكى، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر، كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلمەنكى، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دەۋاتقان ئىكەن. مەن: مېنىڭ ھالىم قانداقتۇر، مېنىڭ ھەققىمدە بىر نەرسە بىلدۈرۈلگەنمىدۇ، مېنىڭ ھالىم قانداقتۇ؟ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزنى يەنە تەكرارلاۋاتاتتى. مېنى الله تائالا خالىغان بىر (خىياللار) قورشىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! زىيان تارتىدىغان ئادەملەر كىملەر؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار مال ـ مۈلكى كۆپ بولغان ئادەملەردۇر. لېكىن ماۋۇ، ماۋۇ، ماۋۇ سۆزلەرنى قىلغان ئادەملەر (زىيان تارتىدىغانلاردىن ئەمەستۇر)» دېدى.

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇندىن بىر ئۈزۈك ياسات قۇزۇپ (قولىغا) تاقىغان ئىدى. ئۈزۈكنىڭ كۆزۈنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىپ تاقايتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ ئۈزۈك ياسات قۇزۇپ (تاقاشقا باشلىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر كۈنى) مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئۈزۈكنى چىقىرىپ: «مەن بۇ ئۈزۈكنى تاقىغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭ كۆزۈنى ئالقىنىم تەرىپىگە قارىتىپ تاقايتتىم» دەپ ئۈزۈكنى تاشلىۋەتتى، ئاندىن: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ تاقىمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ ئۈزۈكلىرىنى تاشلىۋېتىشتى.[1]

## هالال نەرسنى هارام دەپ قاراشنىڭ بايانى

ھالال نەرسىنى ھارام دېيىشمۇ قەسەم قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا الله تائالانىڭ: «ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. الله سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسەمڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

**قىلغۇچىدۇر »[1] دېگەن سۆزىدۇر.[2]**

**اللە تائالانىڭ: « اللە سىلەرگە ( كەففارەت ) بىلەن قەسەمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى » دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: اللە تائالا سىلەرگە كەففارەت ئارقىلىق قىلغان قەسەمىڭلاردىن چىقىشنى يولغا قويدى، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**ھالال نەرسىنى ھارام قىلىشنىڭ قەسەم قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەم مەسىلەن: بىر نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ ئاندىن قەسىمىنى بۇزۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.**

**بىر ئادەم: پالانى ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ماڭا ھارامدۇر ياكى ھاراق ماڭا ھارامدۇر، دېگەن ۋە بۇ سۆزدىن مەزكۇر نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلغانلىقنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ سۆزى بىلەن مەزكۇر نەرسىنىڭ ھارام نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم ئۇ سۆزى بىلەن ھېچنەرسىنى مەقسەت قىلمىغان بولسىمۇ، قەسەم قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم مەزكۇر سۆزنى ھېچنەرسىنى مەقسەت قىلماي، دېگەن ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭ ئۇ سۆزىنى مەزكۇر نەرسىنىڭ ھارام نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن دېيىلگەن سۆز ئىكەنلىكىگە قارىتىشقا بولىدۇ.**

---

(1) بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ھەققىدە ئىمام بوخارى ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كۈنلىرى جەھشنىڭ قىزى زەينەبنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى ۋە ئۇ ئۆيدە ھەسەل ئىچەتتى. مەن ھەفسە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسە ئۇنىڭغا مەن سەندىن بىر خىل پۇراق سېزىۋاتىمەن، پۇراقلىق بىر نەرسە يېدىڭمۇ؟ دەپ سوراشقا كېلىشىۋالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ ئۇنىڭغا ھېلىقى گەپنى قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ياق، مەن جەھشنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچىتىم بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ھەسەل ئىچمەيمەن » دېدى. شۇنىڭ بىلەن «ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن اللە ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. اللە سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسەمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، اللە سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، اللە ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، اللە بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): « بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟ » دېدى، پەيغەمبەر: « ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار اللە خەۋەر قىلدى » دېدى. ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللەغا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى» دېگەن ئايەت چۈشتى.

(2) سۈرە تەھرىم 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.

جىسمىلىق نەرسنى ھارام قىلىشتىن ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان ئىشنى ھارام قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىر ئادەم مەسىلەن: بۇ كىيىم ماڭا ھارام دېگەن بولسا، بۇنىڭدىن ماڭا بۇ كىيىمنى كىيىش ھارام دېگەن سۆز مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ كىيىمنى كەيگەن بولسا، ئۇ قەسىمنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ، ئەگەر <بۇ كىيىم ماڭا ھارام> دېگەن سۆزنى ئۇنى كىيىشتىن باشقا بىر ئىشنى مەقسەت قىلىپ دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ھالدا ئۇنى كىيىش بىلەن قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم قولىدىكى پۇللارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇ پۇللار ماڭا ھارام دېگەن بولسا، (ئۇ قەسەم قىلغان بولىدۇ). شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ پۇللارغا بىر نەرسە ئالسا، قەسىمنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ پۇللارنى سەدىقە قىلغان ياكى بىرسىگە سوۋغا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھۆكمى بويىچە قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇئادەم ئۇ پۇل بىلەن قەرزنى ئادا قىلغان بولسىمۇ قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. پۇل دېگەن مۇئەييەن بىر ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە خاس قىلىنمايدۇ. شۇڭا بىر ئادەم ئۆزىگە ھارام قىلغان پۇلنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىپ بەرسە ياكى ئۇنى سەدىقە قىلسا، بۇ قىلمىشى بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پۇلنى ئۆزىگە ھارام قىلىشتىن پۇلدىن ئۆزىنىڭ پايدىلىنىشىنىڭ ھاراملىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئايال ئېرىگە: سەن ماڭا ھارام ياكى سېنى ئۆزەمگە ھارام قىلدىم، دېگەن ئاندىن ئۇ ئايال ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش تەلىۋىگە ئۆز رازىلىقى بىلەن ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ياكى ئۇ ئەرنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولمىسىمۇ ئەر ئۇنىڭ بىلەن مەجبۇرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم: بارلىق ھالال ماڭا ھارام ياكى الله تائالانىڭ ھالال نەرسىلىرى ماڭا ھارام ياكى ماڭا (ھالال نەرسىلەرنى) ھارام قىلىش لازىم بولسۇن، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى يېنىشىش ئۈچۈن قايتا نىكاھ كېرەك بولىدىغان بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۇ سۆزنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 63 ـ بەت.

ئادەتتە تالاق دەپ قارايدۇ. بىز بۇ ھەقتە تالاقنىڭ بايانىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن بۇ سۆزۈم بىلەن (تالاقنى ئەمەس) باشقا بىر نەرسىنى مەقسەت قىلغان ئىدىم دېسە، قازى ئۇنىڭغا ئىشەنسە بولمايدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدە ئىشىنىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالى بار ئادەم بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەمما ئۇ، ئايالى يوق ئادەم بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر قەسەمنى ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئىش ئۈچۈن يالغاندىن ئىچكەن بولسا[1]، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم قەسەمنى كەلگۈسىدە كېلىدىغان بىر ئىش ھەققىدە ئىچكەن، ئاندىن ئۇ ئىشنى قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىر ئادەم بىر بۆلۈك ئادەملەرگە: سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلەر ياكى پېقىرلەرنىڭ سۆزلىرى ياكى قەشقەر شەھرىدىكى ئادەملەرنىڭ سۆزلىرى ماڭا هارام ياكى بۇ ناننى يېيىش ماڭا هارام دېگەن بولسا، مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ[2]. چۈنكى بىر نەرسىنى هارام قىلغان ۋاقىتدا، هاراملىق ئۇ نەرسىنىڭ ھەر بىر پارچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما ئەگەر ئۇ ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە گەپ قىلمايمەن ياكى بۇ ناننى يېمەيمەن دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ھەتتا ئۇ ئىشنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدقا چىقمىغىچە قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ[3].

بۇ ناننى يېيىش ماڭا هارام، دېگەن سۆز بىلەن بۇ ناننى يېمەيمەن، دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئۇ ئادەم: بۇ ناننى يېمەيمەن، دېگەن ۋاقىتدا ئۆزىگە ناننىڭ ھەممىسىنى يېيىشنى هارام قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ناننىڭ بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن قەسىمىنى بۇزغان بولمايدۇ. چۈنكى نان دېگەن سۆز ئۇ نەرسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئۈچۈن قويۇلغان بىر ئىسىمدۇر. شۇڭا شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم تاكى ئۇنىڭ ھەممىسىنى يېمىگىچە،

(1) يەنى بولمىغان بىر ئىشنى بولغان دەپ يالغان قەسەم قىلغان بولسا. ت.

(2) يەنى ئۇ ئادەمگە مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ گەپ قىلىشى بىلەن ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ناندىن ئازراقلا يېيىشى بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ت.

(3) يەنى ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە گەپ قىلمىغۇچە ياكى ناننىڭ ھەممىسىنى يېمىگۈچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ت.

ئۇنىڭ بەزى بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن نانىنى يېگەن ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بۇ نانىنى يېيىش ماڭا هارام دېگەن ۋاقتىدا، نان ئۇ ئادەمگە خۇددى (توڭغۇز گۆشىگە ياكى هاراققا ئوخشاش ئەسلى) هارام نەرسىگە ئوخشاش بولىدۇ. يەنى هاراملىق ناننىڭ ئۆزىگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا (خۇددى هاراقتىنمۇ ئازراق ئىچىش هارام بولغىنىدەك) ناندىنمۇ ئازراقلا يېيىش هارامدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن ناندىن ئازراق يېيىش بىلەن قەسەم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.)[1]

بىر ئادەم مۇئەييەن بىر نەرسىنى يېمەسلىككە ياكى ئىچمەسلىككە قەسەم قىلغان بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە بىر ئورۇندىلا ئولتۇرۇپ يېيىلىپ بولىدىغان ياكى كۆتۈرۈپ بىر قېتىمدىلا ئىچىلىپ بولىدىغان نەرسە بولسا، بۇ هالدا قەسەم ئۇ نەرسىنىڭ بىر پۈتۈننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى يېيىش ياكى ئىچىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى بۇ قەسەمدىن بولغان مەقسەت ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېيىشتىن باش تارتىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن قەسەم بۇزۇلمايدۇ). ئەگەر ئۇ نەرسە (بىر ئورۇندىلا ئولتۇرۇپ يېيىلىپ بولىدىغان ياكى كۆتۈرۈپ بىر قېتىمدىلا ئىچىلىپ بولىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن قەسەم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.) چۈنكى بۇ قەسەمدىن بولغان مەقسەت ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېيىشتىن ئەمەس ئۇنى يېيىشتىن باش تارتىشتۇر. (شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

بىر ئادەم: مەن بۇ ئىككى قويىنىڭ سۈتۈنى ئىچمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى قويىنىڭ ھەر بىرىنىڭ سۈتىدىن ئازراقتىنلا ئىچىشى لازىم. قەسەمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ھەر بىر قويىنىڭ سۈتىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قەسەمدىن بولغان مەقسىتى ئىككى قويىنىڭ سۈتىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىش ئەمەس.

بىر ئادەم: بۇ توخۇنىڭ يېغىنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئازراق يېگەن بولسا، قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ توخۇنىڭ يېغىنىڭ ھەممىسىنى بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپلا يەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. (شۇڭا ئۇنىڭدىن ئازراق يېيىش بىلەنمۇ قەسەم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ). ئەگەر شۇ يەردە بازار

(1) «رەددۇلمۇھتار».

بولغان ۋە ئۇ تونىنىڭ يېغىنىڭ بىر قىسمىنى ساتقان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ تونىنىڭ يېغىنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىلا ساتقىلى بولىدۇ[1].

بىر ئادەم: مەن بۇ ئانارنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى دانە ئۇرۇغىدىن باشقا ھەممە ئۇرۇغلىرىنى يېگەن بولسا، ئىھتىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىر ياكى ئىككى دانە ئۇرۇغ ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەتتە بىر ئانارنىڭ بىر ياكى ئىككى دانە ئۇرۇغىدىن باشقا ھەممە ئۇرۇغلىرىنى يېگەن ئادەم بىر ئانارنىڭ ھەممىسىنى يېدى، دەپ قارىلىدۇ.

ئەگەر مەن بۇ ئانارنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ ئانارنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۈچتىن بىرىنى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يېمەي تاشلاپ قويۇپ قالغىنىنى يېگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بىر ئاناردىن شۇ مىقداردا يېمەي تاشلاپ قويغان ئادەم ئۇنىڭ ھەممىسىنى يېگەن ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم: تاماقنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن ۋە ئىچىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ تەمىنى تېتىش بىلەن قەسىمى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: مەن پالانى ۋە پالانىغا گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە گەپ قىلغان بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىر ئادەم: تاماقنىڭ ۋە ئىچىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنىڭ تەمىنى تېتىدىغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ قەسەم بىلەن تاماقنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن ۋە ئىچىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن، دەپ قىلغان

(1) بىز يۇقىرىدا: ئەگەر بىر نەرسە بىر ئورۇندىلا ئولتۇرۇپ يېيىلىپ بولىدىغان ياكى كۆتۈرۈپ بىر قېتىمدىلا ئىچىلىپ بولىدىغان نەرسە بولسا، بۇ هالدا قەسەم ئۇ نەرسىنىڭ بىر پۈتۈننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى يېيىش ياكى ئىچىش بىلەن قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ قەسەمدىن بولغان مەقسەت ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېيىشتىن باش تارتىشتۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن قەسەم بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە بىر ئورۇندىلا ئولتۇرۇپ يېيىلىپ بولىدىغان ياكى كۆتۈرۈپ بىر قېتىمدىلا ئىچىلىپ بولىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يېيىش بىلەن قەسەم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ قەسەمدىن بولغان مەقسەت ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يېيىش ئەمەس ئۇنى يېيىشتىن باش تارتىشتۇر، دەپ بايان قىلىپ ئوتتۇق. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ مەسىلىدا بىر ئادەم بىر توك ياغنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئازراق يېيىش بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىر توك ياغنىڭ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىلا سېتىش مۇمكىن. شۇڭا قەسەم قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ھەممىسىنى ساتقۇمىغۇچە ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ت.

قەسەمنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، قەسەمنى تاماقنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن ۋە ئىچىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن، دەپ قىلغان ۋاقتىدا، قەسەم ئىككى قېتىم قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. (يەنى تاماقنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن، دەپ بىر قەسەم ۋە ئىچىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىمايمەن، دەپ بىر قەسەم قىلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنىڭ تەمىنى تېتىش بىلەن قەسەم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما يەنە بىر قەسەم ئۇنداق بولمايدۇ.)

بىر ئادەم: مەن پالانغا قارىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى ياكى پۇتىنى ياكى كۆكۈلىسىنى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى ياكى گەۋدىسىنى ياكى قورسىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ ئادەمگە كۆرگەن بولسا، گەرچە ئۇنى تونۇيالمىسىمۇ ئۇ ئادەمنى كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ (يەنى قەسىمنى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

بىر ئادەم: مەن پالانى ئايالنى كۆرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئايالنى ئولتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ھالەتتە ياكى يۈزىنى ياپقان ھالەتتە كۆرگەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: <مەن پالانى ئايالنى كۆرمەيمەن> دەپ قىلغان قەسىمىدىن پەقەت ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرمەيمەن، دېگەننى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالنى يۈزى يېپىلغان ھالىتىدە كۆرۈش بىلەن قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى ئەينەكنىڭ سىرتىدىن ياكى پەردىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرگەن ۋە يۈزىنى تونۇغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى ئەينەكتىن كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.(1)

# قەسەمنىڭ كەينىدىن <ﷲ خالىسا> دېگەن گەپنى قىلىشنىڭ هۆكمى

قەسەمنىڭ كەينىدىنلا <ﷲ خالىسا> دېيىش قەسەمنى بىكار قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەتە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 95 ـ بەت.

كېلىمەن، دېگەن ۋە كەينىدىنلا <الله خالىسا> دېگەن ۋە ئەتىسى كېلەلمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىشنى قىلغان ۋاقتىدا، الله خالىسا دېگەن گەپنى قىلىش ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: « سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، « ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن » دېمەي. « خۇدا خالىسا » دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن ( يەنى « خۇدا خالىسا » نى ئېسىڭغا كەلگەندە ئېيتقىن) ھەمدە: « پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن » دېگىن » [1] « شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىقتا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق. ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەن ئىدى » [2]

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: مەن كېچىچە توقسان ئايال بىلەن بىللە بولىمەنكى، بۇلارنىڭ ھەر بىرى الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان بىردىن يىگىت تۇغىدۇ، دېدى. ئۇنىڭغا پەرىشتە: الله تائالا خالىسا دېگىن، دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنداق دېيىشنى ئۇنۇتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام (كېچىسى) ئاياللىرى بىلەن بىر يەردە بولدى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۇغماي پەقەت بىرسىلا ناكا بالىدىن بىرىنى تۇغدى » دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سۇلايمان الله تائالا خالىسا دېگەن بولسا، قەسىمىنى بۇزغان ھېسابلانمايتتى ۋە مەقسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى » دېگەن.[3]

الله ئىرادە قىلسا ياكى الله تاللىسا، دېگەن سۆزلەرمۇ الله خالىسا دېگەن

---

(1) سۈرە كەھف 23 ــ 24 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە قەلەم 17 ــ 18 ـ ئايەتلەر.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

سۆزگە ئوخشاشتۇر. بىر ئادەم: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن، مەن مۇنداق ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلىپ كەيىندىن اللە خالىسا دېگەن، ئاندىن قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ كەيىندىن اللە خالىسا دېگەن، ئاندىن ئۇ ئىشنى قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن مۇنداق ئىشنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلىپ كەيىندىن، لېكىن اللە ئەگەر نىيىتىمنى ئۆزگەرتىۋەتسە ياكى ئالماشتۇرۋەتسە ياكى ماڭا ئاشكارلانسا ياكى ئەگەر خالىسام ياكى ئىرادە قىلسام ياكى تاللىسام دېگەن بولسا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى <اللە خالىسا> دېگەن سۆزگە ئوخشاشتۇر.

بارلىق ئالىملار مەيلى قەسەم قىلغان ۋاقتىدا بولسۇن مەيلى ئايالىنى تالاق قىلغان ۋاقتىدا بولسۇن <اللە خالىسا> دېمەكچى بولغان ۋاقتىدا، <اللە خالىسا> دېگەن سۆزنى ئېغىزىدا دېيىشنىڭ ۋە بۇ سۆزنى قەسەمنىڭ ياكى تالاقنىڭ كەينىدىنلا دېيىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. <اللە خالىسا> دېگەن سۆزنى ئېغىزىدا دېمەي كۆڭۈلدە دېيىش يېتەرلىك بولمايدۇ. ئەگەر تىنغانلىقتا ياكى يۆتەلگەنلىككە ياكى تىلنىڭ ئېغىرلىقىغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن <اللە خالىسا> دېگەن سۆزنى ئازراق كېچىكتۈرۈپ دەپ قالسا، بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوقتۇر. ئالىملارنىڭ بۇ بىرلىكنى ئىبنى مۇنزىر رىۋايەت قىلدى.[1]

## قەسەمدىكى مۇھىم ئىككى قائىدە ھەققىدە

بىرىنچى قائىدە: قەسەم (كىشىلەر) ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىپ كەلگەن سۆزلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قەسەمنىڭ قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى ۋە لۇغەتتە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى ئاساس قىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن بىر ئادەم: مەن قوزۇق ئۈستىدە ئولتۇرمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا،

(1) «فەتھۇلبارى»، 11 - توم، 602 - بەت.

بۇ ھالدا قۇرئان ئۆزىنىڭ: «(زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟» [1] ئايىتىدە تاغنى قوزۇق دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى كىشىلەر تاغنى قوزۇق دەپ ئاتىمايدۇ.)

بىر ئادەم: مەن بىر جانۋارغا مىنمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئىنسانغا مىنگەن بولسا، بۇ ھالدا لۇغەتتە ئىنسان جانۋار دەپ ئاتالسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (چۈنكى كىشىلەر ئىنساننى جانۋار، دەپ ئاتاشمايدۇ). ئىنساننىڭ جانۋار دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى الله تائالانىڭ: «الله ھەر بىر جانۋارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ، الله خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر» [2] دېگەن ئايىتىدىن كۆرۈۋالايمىز.

ئىككىنچى قائىدە: قەسەم مەقسەتلەرنى ئەمەس سۆزلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ سۆزلەردىن بىز بىرىنچى قائىدىدە بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىپ كەلگەن سۆزلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

قەسەم ئاساس قىلمايدىغان مەقسەتلەر بولسا، قەسەمدە ئىشلىتىلگەن سۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ۋە ئۇ سۆزنىڭ تېشىدا قالغان مەقسەتلەردۇر. بىر مەنانى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر سۆز ئىشلىتىلسە، ئۇ سۆز كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇپ كەلگەن مەنانىڭ تېشىدىكى بىر مەقسەتكە ئەمەس ئەكسىچە كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇپ كەلگەن مەقسەتكە قارىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۆز، ئۇنىڭ تېشىدا قالغان بىر مەقسەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم نىكاھىدا ئەمەس بىر ئايالغا: مەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم سەن تالاق دېگەن بولسا، بۇ ئېتىبارسىز بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ سۆزدىن مەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم سەن مېنىڭ نىكاھىمدا بولسەن، دېگەن مەنانى مەقسەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا <مەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم سەن تالاق> دېگەن سۆزدىن <مەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم سەن مېنىڭ نىكاھىمدا بولسەن، دېگەن مەنا> مەقسەت قىلىنىدىغان بولسىمۇ مەزكۇر سۆزدىن <مەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم سەن مېنىڭ نىكاھىمدا بولسەن، دېگەن مەنانى>

(1) سۈرە نەبە 7 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نۇر 45 ـ ئايەت.

مەقسەت قىلىش يەنە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مەنا <مەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسەم سەن تالاق> دېگەن سۆزدىن چىقمايدۇ.

بىر ئادەم مەن پالانىغا مىستىن قويۇلغان پۇلغا بىر نەرسە ئېلىپ بەرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ پۇل كۆمۈشتىن ياكى ئالتۇندىن قويۇلغان پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇڭا قەسەم ئىچكەن ھېلىقى ئادەم مەزكۇر كىشىگە كۆمۈشتىن ياكى ئالتۇندىن قويۇلغان پۇلغا بىر نەرسە ئېلىپ بەرسە، قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ: <مەن پالانىغا مىستىن قويۇلغان پۇلغا بىر نەرسە ئېلىپ بەرمەيمەن> دەپ قەسەم قىلىشىدىن بولغان مەقستى مەيلى كۆمۈشتىن ياسالغان پۇل بىلەن بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدىن ياسالغان پۇل بىلەن بولسۇن مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە ئېلىپ بەرمەيمەن، دېيىش بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەقستى ئۇنىڭ: <مەن پالانىغا مىستىن قويۇلغان پۇلغا بىر نەرسە ئېلىپ بەرمەيمەن> دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ ۋە ئۇ مەقسەت بۇ سۆز ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان بىر مەقسەتتۇر.

شۇنىڭدەك بىر ئادەم: مەن بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ <مەن بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتمەيمەن دەپ> قىلغان قەسىمىدىن مەقسەت مەن بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇمەن ۋە ئۆگزىدىن بولسىمۇ بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتمەي تۇرىمەن دېيىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ: <مەن بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتمەيمەن> دېگەن سۆزى ئۇ مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ). بۇ ئەگەر قەسەمدە ئىشلىتىلگەن سۆز كىشىلەر ئارىسىدا باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر قەسەمدە ئىشلىتىلگەن سۆز، كىشىلەر ئارىسىدا باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سۆز شۇ مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا پۇتۇمنى تىقمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، كىشىلەر ئارىسىدا <پۇتۇمنى تىقمايمەن> دېگەن سۆز مەن ئۇ قورۇغا كىرمەيمەن، دېگەن مەنانى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قەسەمدە ئۇ ئادەمنىڭ: <مەن

پالانىنىڭ قورۇسىغا پۇتۇمنى تىقمايمەن> دېگەن سۆزىدىن پەقەت پۇتىنى قورۇنىڭ ئىچىگە تىقىشلا مەقسەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم پۇتىنى قورۇنىڭ ئىچىگە تىققان، ئەمما ئۆزى قورۇنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدا <مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا پۇتۇمنى تىقمايمەن> دېگەن سۆز ئەسلى مەناسىنى ئەمەس باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھالەتكە ئايلانغاندۇر. ئۇ بولسىمۇ مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا كىرمەيمەن دېگەن مەنادۇر.[1]

# بىر يەرگە كىرىش ۋە ئۇ يەردە ئولتۇرۇش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر چىقىرىلىدۇ:

بىر ئادەم: مەن ئۆيگە كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم كەبىنىڭ ئىچىگە ياكى مەسچىتكە ياكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ياكى چېركاۋغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۆي ئادەتتە يېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەردۇر. ئەمما كەبىگە ۋە مەسچىتكە ئوخشاش يەرلەر بولسا، يېتىش ئۈچۈن ئەمەس ئىبادەت ئۈچۈن تەييارلانغان يەرلەردۇر. (ئۆي دېگەن سۆز مەزكۇر يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيگە كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم كەبىگە ياكى مەسچىتكە كىرسە، قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ).

بىر ئادەم: مەن بۇ ئۆيگە كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئۆيگە ئۆي يىقىلىپ كېتىپ خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئورنى ئۆي دەپ ئاتالمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە يېتىپ - قوپقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينىڭ ئورنىغا سېلىنغان ئۆيگە كىرگەن بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەسلىدىكى ئۆي يىقىلىپ كېتىپ ئورنىغا باشقا ئۆي سېلىنغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 73 - بەت.

ئۆيىنىڭ ئىسمىمۇ قالمايدۇ.

بىر ئادەم: مەن بىرەر قورۇغىمۇ كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بىر قورۇغا كىرگەن بولسا، ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: مەن بۇ قورۇغا كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ قورۇغا، قورۇ يىقىلىپ كېتىپ خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن كىرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى <قورۇ> دېگەن ئىسىم مەيلى ئەرەبلەردە بولسۇن مەيلى باشقا مىللەتلەردە بولسۇن ئۈستىدە ئۆي يوق، ئەمما (ھويلىغا ئوخشاش) ئۆيگە تەۋە يەرلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قورۇ <ئاۋات قورۇ ۋە خارابىلىققا ئايلانغان قورۇ> دەپ ئاتىلىدۇ.

مەن بۇ قورۇغا كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ قورۇنى بۇزۇپ قايتا سالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى <قورۇ> دېگەن ئىسىم بۇرۇنقى قورۇ يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇرۇنقى قورۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت ياكى مۇنچۇخانا سېلىنغاندىن ياكى ئۇ يەر باغچىغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە كىرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى قۇرۇنىڭ ئورنى مەسچىتكە ياكى مۇنچىغا ياكى باغچىغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى <قورۇ> دېگەن ئىسمى ئۆزگىرىدۇ.[1]

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ ئۆيىگە كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، قەسەم قىلغان ئادەم ھېلىقى ئادەمنىڭ مەيلى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى بولسۇن مەيلى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيى بولسۇن مەيلى باشقىلاردىن سوراپ ئولتۇرۇپ تۇرغان ئۆيى بولسۇن ئۇ ئادەم ئولتۇرۇپ تۇرغان ئۆيگە كىرەلمەيدۇ. (ئەگەر قەسەم قىلغان ئادەم مەيلى قانداق ئۆي بولسا بولسۇن ھېلىقى ئادەم ئولتۇرۋاتقان ئۆيگە كىرسە، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ). ئۆي ھېلىقى ئادەم ئىگە بولۇپ ئولتۇرۋاتقان ئۆي بولۇش لازىم. ئەگەر ئۆي ھېلىقى ئادەم ئىگە بولۇپ ئەمەس باشقىلارغا ئەگىشىپ ئولتۇرۋاتقان ئۆي بولسا، بۇ ھالدا قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ھېلىقى ئادەم ئولتۇرۋاتقان ئۆيگە كىرىش بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ[2].

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 77 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم: مەن سەمەت ئولتۇرۋاتقان ئۆيگە كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم سەمەت ئولتۇرۋاتقان

بىر ئادەم: مەن پالانى ئايالنىڭ قورۇسىغا كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنىڭ قورۇسىغا كىرگەن ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئېرىمۇ شۇ قورۇدا ئولتۇرىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قورۇ ئەرگە نىسبەت بېرىلىدۇ. (ئەگەر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرى باشقا - باشقا قورۇدا ئولتۇرىدىغان ئاندىن قەسەم قىلغان ھېلىقى ئادەم ئايال ئولتۇرىدىغان قورۇغا كىرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).[1]

بىر ئادەم: مەن بۇ مەسچىتكە كىرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، مەسچىتنىڭ ئورنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر مەسچىت سۈپىتىدە قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە قانداق شەكىلدە كىرسە كىرسۇن، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ مەسچىت تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا قورۇ ياكى قاۋاقخانا سېلىنغان ئاندىن قەسەم ئىچكەن ھېلىقى ئادەم مەسچىتنىڭ ئورنىغا سېلىنغان قورۇغا ياكى قاۋاقخانىغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر (تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر) مەسچىتنىڭ ھۆكمىدە قېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئورنىغا سېلىنغان قورۇغا ياكى قاۋاقخانىغا جۇنۇپلارنىڭ، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالالارنىڭ كىرىشى ھارامدۇر.[2]

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئەگەر ئۆي قەسەم ئىچكەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيى بولسا، ئۇنىڭ قەسەمدە تۇرۇشىنىڭ شەرتى، ئۇ ئادەمنىڭ ھېلىقى ئۆيگە كىرىشىنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن توسۇشى لازىم. ئەگەر شۇنداق دەپ قەسەم ئىچكەن ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ ھېلىقى ئۆيگە كىرىشىنى پەقەت سۆزى بىلەن توسۇپ ئەمما ئەمەلىيىتى بىلەن توسمىغان (يەنى ئۇ ئادەم ھېلىقى ئۆيگە كىرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ ئالدىنى توسمىغان)، ئۇ ئادەم ھېلىقى ئۆيگە كىرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيگە كىرىشىنى توسۇپ قالغۇدەك

ئۆي مەيلى ئۆزىنىڭ ئۆيى بولسۇن مەيلى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۋاتقان ئۆي بولسۇن سەمەت ئولتۇرۋاتقان ھەر قانداق ئۆيگە كىرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سەمەت ئولتۇرۋاتقان ئۆيگە كىرسە، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۆي سەمەت ئىگە بولۇپ ئولتۇرۋاتقان ئۆي بولۇش لازىم. ئەمما ئۆي سەمەت ئۇنىڭغا ئۆزى ئىگە بولۇپ ئەمەس باشقىلارغا ئەگىشىپ ئولتۇرۋاتقان ئۆي بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سەمەت ئولتۇرۋاتقان ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ت.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 - توم، 138 - بەت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 - توم، 75 - بەت.

**كۆچى بولمىسا، ئۇنىڭ قەسەمدە تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ھېلىقى ئۆيگە كىرىشىنى پەقەت سۆزى بىلەن توسۇشى يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ھېلىقى ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ماڭغاندا، قەسەم ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توسمىغان ۋە ئۇ ئادەم ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولسا، قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.**

**بىر ئادەم: مەن ئەھمەدنى ئۆيىمگە كىرگۈزسەم، ئايالىم تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ (قەسەم قىلغان) بولسا، بۇ ھالدا قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى، ئەھمەدنىڭ شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە، شۇ ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىرىشىگە باغلىقتۇر. يەنى شۇنداق دەپ قەسەم ئىچكەن ئادەم ئەھمەدنى: ئۆيىمگە كىرگىن، دەپ بۇيرۇغان ئاندىن ئەھمەد كىرگەن بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ). چۈنكى ئۇ ئادەم ئەھمەدنى ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كىرگۈزگەن ھېسابلىنىدۇ[1].**

**ئۇ ئادەم: ئەگەر ئەھمەد مېنىڭ ئۆيىمگە كىرسە، ئايالىم تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ (قەسەم ئىچكەن) بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم مەيلى ئەھمەدنى ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇسۇن مەيلى بۇيرۇمىسۇن مەيلى ئەھمەدنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى بىلسۇن مەيلى بىلمىسۇن ئەھمەد ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئەھمەدنىڭ ئۆيگە كىرىشى ۋۇجۇدقا چىقتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ).**

**ئۇ ئادەم: ئەگەر مەن ئەھمەدنى ئۆيىمگە كىرىشكە يول قويسام ئايالىم تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ قەسەم ئىچكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىشى، ئەھمەدنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە، ئۇ ئادەمنىڭ خەۋىرى بار تۇرۇپ كىرىشىگە باغلىقتۇر. يەنى ئەھمەد ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئۇ ئادەم ئەھمەدنىڭ ئالدىنى توسماي ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە يول قويغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەسەمنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ شەرتى بولسا، ئەھمەدنى ئۆيگە كىرىشكە يول قويۇشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئەھمەدنىڭ ئۆيگە كىرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسماي تۇرۇش، ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە يول قويغانلىق بولۇپ**

(1) بۇنىڭدىن ئەگەر ئەھمەد ئۆيگە ئۇ ئادەم ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە بۇيرۇمىسىمۇ كىرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ت.

ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا پۇتۇمنى تىقمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى ئۇ مەيلى مېخىپ كىرگەن بولسۇن مەيلى ئۇلاغقا مىنىپ كىرگەن بولسۇن ئۇ ئادەمنىڭ قورۇسىغا كىرىشى بىلەنلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك بىر سۆز كىشىلەر ئارىسىدا ئەسلى مەناسىنى ئەمەس باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھالەتكە ئايلانغان بولسا، ئۇ سۆزدىن (ئەسلى مەناسى ئەمەس) بىلدۈرمەكچى بولغان شۇ مەنا مەقسەت قىلىنىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا پۇتۇمنى تىقمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ قورۇغا قانداق ھالەتتە كىرسە كىرسۇن، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدا <مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا پۇتۇمنى تىقمايمەن> دېگەن سۆز ئەسلى مەناسىنى ئەمەس باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھالەتكە ئايلانغاندۇر. ئۇ بولسىمۇ مەن پالانىنىڭ قورۇسىغا كىرمەيمەن دېگەن مەنادۇر. ئەگەر ئەسلىدىكى مەناسىنى ئەمەس باشقا بىر مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھالەتكە ئايلانغان بىر سۆزنىڭ يېنىدا، ئۇ سۆزدىن ئۇنىڭ كېيىن ئۆزگەرگەن مەناسى ئەمەس ئەسلىدىكى مەناسى مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر ئالامەت كەلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سۆزدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەناسى مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن بۇ شوتىغا چىقساڭ ياكى ئۇ شوتىغا پۇتۇڭنى قويساڭ، سەن تالاق دەپ (قەسەم قىلغان) بولسا، ئۇ ئايال شوتىغا پۇتۇنى قويغان، لېكىن شوتىنىڭ ئۈستۈگە چىقمىغان بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ). چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىغا: <ئەگەر سەن بۇ شوتىغا چىقساڭ> دەپ بولۇپ كەينىدىن: <ياكى ئۇ شوتىغا پۇتۇڭنى قويساڭ> دېيىشى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ: <ئەگەر سەن بۇ شوتىغا چىقساڭ> دېگەن سۆزىدىن ئايالىغا (شوتىنىڭ ئۈستۈگە چىقساڭ دېمەكچى بولغانلىقىنى ئەمەس) شوتىغا پۇتۇڭنى قويساڭ دېمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. (شۇڭا ئۇئادەمنىڭ قەسىمى ئۇ ئايالنىڭ پۇتۇنى شوتىغا قويۇشى بىلەنلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

بىر ئادەم ئايالىغا: مەن سېنى تاكى سەن ئۆلگەنگە قەدەر قامچا بىلەن ئۇرۇمەن، دېگەن بولسا ئۇ ئادەمنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئايالىنى ناھايىتى قاتتىق ئۇرىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ. (يەنى بۇ جۈملىدىكى <ئۆلگەنگە

قەدەر> دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەناسى مەقسەت قىلىنمايدۇ). ئەمما ئۇ ئادەم ئايالىغا: مەن سېنى تاكى سەن ئۆلگەنگە قەدەر قېلىچ بىلەن ئۇرۇمەن دېگەن بولسا، بۇ هالدا <بۇ جۈملىدىكى <ئۆلگەنگە قەدەر> دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەناسى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ جۈملىدە <قېلىچ> دېگەن سۆز كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ: <ئۆلگەنگە قەدەر> دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەناسى مەقسەت قىلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا قەسەمنىڭ (بىر سۆزدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان) مەقسەتلەرنى ئەمەس ئەسلىدىكى مەناسىنى ئىپادىلەشتىن تاشلىنىپ قالماي كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن سۆزلەرنى ئاساس قىلىدىغانلىقنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

## پەقەت قەسەم ئىچكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدىغان قەسەمنىڭ بايانى

بىر ئادەم تېشىغا چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئايالىغا: ئەگەر سەن تېشىغا چىقساڭ، سەن تالاق! دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال تېشىغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن چىققان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ: <ئەگەر سەن تېشىغا چىقساڭ، سەن تالاق! دەپ قەسەم ئىچىشتىكى> مەقستى ئۇ ئايالنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تېشىغا چىقىشنى چەكلەشتۇر. ئۇ خۇددى: ئەگەر سەن هازىر تېشىغا چىقساڭ، سەن تالاق! دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ: <ئەگەر سەن تېشىغا چىقساڭ، سەن تالاق! دەپ ئىچكەن قەسىمىدىن> سەن هازىر تىشىغا چىقساڭ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تېشىغا چىقساڭ، سەن تالاق! دەيدىغان بىر نىيىتى بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق نىيىتى بولسا، ئۇ ئايال تېشىغا بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن چىققان بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار، ئەگەر سەن تېشىغا چىقساڭ، سەن تالاق! دەپ قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئايالنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تىشىغا چىقىشنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ:

بۇ قەسەمنى ئىچىشتىكى مەقسىتى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇ ئايالنىڭ تېشىغا چىقىشىنى چەكلەشتۇر. بىز يۇقىرىدا قەسەمنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدۇق.

بۇ پەقەت <قەسەم ئىچكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدىغان قەسەم> دەپ ئاتالدى. بۇ خىلدىكى قەسەمگە بۇ ئاتالغۇنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قويغان ۋە ئۇنىڭغا بىرەر كىشمۇ قارشى چىقمىغان.[1]

بىر ئادەم قېشىدىكى ئىككىنچى بىر ئادەمنى ئۆزى بىلەن تاماق يېيىشكە چاقىرغان، تاماق يېيىشكە چاقىرىلغان ئىككىنچى ئادەم: ئەگەر مەن تاماق يېسەم پۇكۇنى بولۇپ كېتەي، دەپ قەسەم ئىچكەن، ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ ئۆيىدە تاماق يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قەسەم ئىچىشى (ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە تاماق يېيىشكە چاقىرغان ئادەمگە) بەرگەن جاۋابىنىڭ ئورنىدىدۇر. جاۋاب دېگەن سوئالنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكەن قەسىمى ئۇ چاقىرىلغان تاماققىلا قارىتىلىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن ئادەم ئۇ تاماقتىن يېمەي باشقا تاماق يېيىش بىلەن قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ).

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە: چۈشلۈك تاماقنى مەن بىلەن يېگىن، دېگەن ئاندىن ئىككىنچى ئادەم: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن چۈشلۈك تاماق يېمەيمەن، دېگەن ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ چۈشلۈك تاماقنى خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى بىلەن بىللە يېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم قەسىمنى بۇزغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكەن قەسىمى پەقەت ئۇ چاقىرىلغان تاماققىلا ئالاقىداردۇر.

ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا بىر قەسەمنىڭ پەقەت قەسەم ئىچكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۈچكە ئىگە قەسەم بولۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆرپىگە كەلمىسەڭ، سەن تالاق! دەپ قەسەم قىلغان، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا جېدەل چىقىپ قالغان ۋە بۇ جېدەل ئۇزۇن داۋام قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 85 ـ بەت.

ئىچكەن قەسىمى يەنە پەقەت قەسەم ئىچكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۈچكە ئىگە قەسەم پېتى تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايال جىدەلنى توختاتقاندىن كېيىنلا كۆرپىگە كەلگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. (ئەگەر ئايال جىدەلنى توختۇتۇپ بولۇپ بىر مۇددەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندىن كېيىن كۆرپىگە كەلگەن بولسا، بۇ هالدا ئەرنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ).

شۇنىڭدەك يەنە پەرز ناماز ئۈچۈن تاهارەت ئېلىشمۇ ياكى پەرز نامازنى ئوقۇشمۇ بىر قەسەمنىڭ، پەقەت قەسەم ئىچكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدىغان قەسەم بولۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. چۈنكى پەرز ناماز ئۈچۈن تاهارەت ئېلىش ياكى پەرز نامازنى ئوقۇش شەرئىەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قوبۇل قىلىدىغان سەۋەبلەردىندۇر.

بىر ئادەم: مەن بىر نەرسىگە مىنمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ قەسەم هەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاتقا، ئېشەككە، ماشىنىغە ۋە ئايرۇپىلانغا ئوخشاش نەرسىلەرگە قارىتىلىدۇ[1]. شۇڭا شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم بىر ئادەمنىڭ ئۆشنىسىگە مىنگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق دەپ قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە تۆگىنى، كالىنى، قۇتازنى ۋە پىلنى مىنىش ئۈچۈن ئىشلەتمەيدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تۆگىگە ياكى كالىغا ياكى قۇتازغا ياكى پىلگە مىنگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ۋاقىتدا مۇشۇ هايۋانلارغىمۇ مىنمەيمەن دېگەننى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭ قەسىمى مەزكۇر هايۋانلارغا مىنىش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە تۆگىگە ياكى پىلگە ياكى قۇتازغا ياكى كالىغا ئوخشاش هايۋانلار مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ هايۋانغا مىنىش بىلەن قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەسەم ئۆرپ ـ ئادەتنى ئاساس قىلىدۇ.

(1) يەنى مەن بىر نەرسىگە مىنمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە قانداق نەرسە بولسا بولسۇن، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىرەر نەرسىگە مىنسە، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ت.

# يېيىش ۋە ئىچىش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى

يېيىش بولسا، يېيىلىدىغان نەرسىنى قورساققا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم: مەن پوكۇنى نەرسىنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئېغىزىغا سېلىپ چاينىغاندىن كېيىن تۇكۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئىچىشمۇ ئىچىلىدىغان نەرسىنى قورساققا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم: مەن بۇ سۈتنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنى نان بىلەن ياكى خورما بىلەن بىللە يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سۈتنى باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرماي يالغۇزلا يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى سۈتنى باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرماي يالغۇزلا يېيىش، يېيىش ئەمەس ئىچىش دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: مەن بۇ ھەسەلنى ياكى بۇ سىركىنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنى نان بىلەن بىللە يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرماي يالغۇزلا يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنى باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرماي يالغۇزلا يېيىش، يېيىش ئەمەس ئىچىش دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ئادەم: مەن بۇ ناننى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنى قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۇنى (ئۇندەك) ئېزىپ ئۈستىگە سۇ قويۇپ سۇ بىلەن بىللە ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، يېيىش ئەمەس ئىچىشتۇر.

بىر ئادەم: مەن سۈت يېمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن ئاندىن سۈتتە گۈرۈچ پۇشۇرۇپ يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم سۈتتىن پىشلاق ياساپ، پىشلاقنى يېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ: مەن سۈت يېمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن ۋاقتىدا، سۈتنى ۋە ئۇنىڭدىن ياسىلىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى يېمەسلىكنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى سۈتتىن ياسالغان پىشلاقنى يېيىش بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن ماي يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن مايغا ئارىلاشتۇرۇلغان تالقان يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم تالقاننى سىقسا، ئۇنىڭدىن ماي تامچىپ چۈشۈدىغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تالقاندىن ماي تامچىمىغان بولسا، تالقاندا ماينىڭ تەمى تېتىپ تۇرسىمۇ ئۇنى يېيىش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.[1]

بىر ئادەم: تۇخۇم يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى تۇخۇمنىڭ ھەممىسىنى يەپ يۇتۇۋاتقاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەم: ئۈزۈم يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۈزۈمنىڭ دانىسىنى شورىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى شوراش ياكى يېيىش ۋە يا ئىچىش دەپ ئاتالمايدۇ.

بىر ئادەم: مەن بىر نەرسە ئىچمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن مېۋىدىن سىقىپ مېۋىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: بىر نەرسە تېتىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ قەسەمدىن پەقەت بىر نەرسە تېتىشلا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە: كەل بىز بىلەن بىللە تاماق يېگىن، دېگەن ئاندىن ئۇ ئادەم: مەن بىر نەرسە تېتىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ قەسەمدىن (پەقەت بىر نەرسە تېتىشلا ئەمەس) يەپ ـ ئىچىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن سۇ تېتىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن نامازغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئېغىزىغا سۇ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سۇ ئېلىشتىكى مەقسىتى سۇنى تېتىش ئەمەس تاھارەت ئېلىش ئۈچۈندۇر.

بىر ئادەم: مەن بۇ قويدىن ھېچقانداق نەرسە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنىڭ سۈتىدىن ياكى ئۇنىڭ مېيىدىن يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى يېيىش دېگەن سۆز قويدىن چىقىدىغان نەرسىلەرگە ئەمەس قوينىڭ ئۆزىگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قەسىمى قويدىن چىقىدىغان (سۈتكە ۋە مايغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىش بىلەن ئەمەس بەلكى) قوينىڭ گۆشلىرىنى يېيىش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 87 ـ بەت.

ئەسلىدە بۇنىڭغا ئوخشاش قەسەملەردە، مۇمكىن بولغانغا قەدەر شۇ قەسەمدە ئىشلەتكەن سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەناسىغا ئەمەل قىلىنىشتۇر. ئەگەر قەسەمدە ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىگە ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولمىسا ياكى ئۇ سۆزدىن باشقا بىر مەنا كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر ئۆرپ ـ ئادەت كەلسە، بۇ ھالدا ئۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەناسىغا ئەمەل قىلىنماي تاشلاپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم: مەن بۇ ئۈزۈمدىن يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئۈزۈمنىڭ قۇرۇغىدىن يېگەن ياكى ئۇ ئۈزۈمنى سىقىپ ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ[1].

بىر ئادەم: مەن بۇ ئۇندىن يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنىڭدىن يېقىلغانناننى يېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەتتە ئۇن، ئۇن پېتى ئەمەس نان يېقىلىپ يېيىلىدۇ.

بىر ئادەم: بۇ دەرەختىن يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ۋە ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى ئۇ دەرەخنىڭ پۇلىغا قارىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا بىر نەرسە ئېلىپ يېسە، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر قەسەم ئىچكەن ئادەم، ئۇستىدە قەسەم ئىچىلگەن نەرسىنى قەسىمگە باغلاپ تۇرۇدىغان بىر سۈپەت بىلەن بىللە بايان قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان قەسىمى شۇ سۈپەت داۋام قىلغان مۇددەت ئىچىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۈپەت يوقالسا قەسەممۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم: مەن بۇ غورىدىن يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ غورا ئۆرۈككە ياكى گۈلەگە ئايلانغاندىن كېيىن ئۇنى يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەمما بىر ئادەم: مەن بۇ كىچىك بالىغا ياكى بۇ يىگىتكە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىچىك بالىغا ياكى ئۇ يىگىتكە ئۇ قېرىپ كەتكەندىن كېيىن گەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇستىدە قەسەم ئىچىلگەن نەرسىنى قەسىمگە باغلاپ تۇرۇدىغان بىر سۈپەت بىلەن بىللە بايان قىلمىدى.

(1) چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۈزۈم بىلەن قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ئارىسى ئايرىلىدۇ. ت.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: مەن بۇ قوزۇنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنى ئۇ چوڭ قوي بولۇپ بولغاندىن يېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇستىدە قەسەم ئىچىلگەن نەرسىنى قەسەمگە باغلاپ تۇرۇدىغان بىر سۈپەت بىلەن بىللە بايان قىلمىدى.

بىر ئادەم: خورما يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇنى ئىزىپ توڭ ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن گۆش يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم گۆشنىڭ شورپىسىنى ئىچكەن ياكى بېلىق يېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: مەن گۆش يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ۋاقتىدا، مۇشۇلارنىمۇ يېمەيمەن، دەپ نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتە جىگەر، قېرىن، كاناي، قۇيرۇق ۋە يۈرەك قاتارلىقلار گۆش سانالمايدۇ. (شۇڭا گۆش يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم مەزكۇر نەرسىلەردىن يېگەن بولسا، قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ).

بىر ئادەم: مەن بۇ ئۇندىن يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم ھالۋىغا ۋە نانغا ئوخشاش ئۇ ئۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنى يېگەن بولسا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن تاماق يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۆلۈك ھايۋانىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئۇنى يېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەتتە تاماق دېگەن سۆزدىن ئادەتتە يېيىلىدىغان نەرسىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن قايىنىتىپ پۇشۇرۇلغان نەرسە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى سۇدا قايىنىتىلغان بارلىق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (يەنى ئۇ ئادەم سۇدا قايىنىتىپ پۇشۇرۇلغان ھەر قانداق بىر نەرسىنى يېسە، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

بىر ئادەم: مەن ئوتقا قاقلاپ پۇشۇرۇلغان نەرسىنى يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ قەسىمى پەقەت كاۋاپقىلا قارىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قەسىمى ئوتقا قاقلاپ پۇشۇرۇلغان پىتىڭگاننى ۋە (مېكى چامغۇنى) يېيىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ۋاقتىدا، مۇشۇ نەرسىلەرنىمۇ يېمەيمەن، دەپ نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى

بۇ نەرسىلەرنى يېيىش بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن مېۋە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى ئالما، ئۈرۈك، ئۈزۈم ۋە ئانارغا ئوخشاش مېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (يەنى ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى مەزكۇر مېۋىلەرنىڭ بىرەرسىنى يېيىش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ). مېۋە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسىمى تاۋۇز ۋە قوغۇننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (يەنى مېۋە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم تاۋۇز ياكى قوغۇن يېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ). قايسى نەرسىلەرنىڭ مېۋە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە باغلىقتۇر. (يەنى ئۆرپ - ئادەتتە قايسى نەرسە مېۋە دەپ قارالسا، مېۋە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم شۇ نەرسىنى يېسە قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

بىر ئادەم: مەن ھالۋا يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى شېكەر، قوي مېيى ۋە ئۇن قاتارلىقلاردىن ياسالغان بىرەر نەرسىنى يېيىش بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن گۆش يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، يەنە بىرى: مەن پىياز يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ۋە ئۈچىنچىسى: مەن قارامۇچ يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇلار گۆشنى، پىيازنى ۋە قارامۇچنى بىر قازانغا تاشلاپ پۇشۇرۇپ يېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مەن قارامۇچ يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ باشقىسىنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. مەن قارامۇچ يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قارامۇچ دېگەن ئادەتتە يالغۇز يېيىلىدىغان نەرسە ئەمەس. (ئۇ ئادەتتە باشقا بىرنەرسە بىلەن يېيىلىدۇ). لېكىن مەن قارامۇش يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۆش، پىياز ۋە قارامۇچ قاتارلىقلارنى بىر قازانغا تاشلاپ پۇشۇرۇپ يېگەن ۋاقتىدا قارامۇچنىڭ تەمىنى تېتىشى شەرتتۇر. مەن گۆش يېمەيمەن، پىياز يېمەيمەن ۋە قارامۇچ يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغانلارنىڭ ئىچىدە زەپە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بىرسى بولسا، زەپە يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغىنىنىڭ قەسىمىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن مەزكۇر نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ پۇشۇرۇپ يېگەن ۋاقتىدا زەپەنىڭ تەمىنى تېتىش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش شەرتتۇر. بىر ئادەم: مەن تۇز يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى نان ۋە تۇخۇمغا ئوخشاش

نەرسە بىلەن تۇزنىڭ ئۆزىنى يېمىگىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى تۇز ئۆزى ئايرىم يېيىلىدىغان نەرسىدۇر. ئەمما قارامۇچ بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. قارامۇچ بولسا ئۆزى ئايرىم يېيىلىدىغان نەرسە ئەمەس. (شۇڭا قارامۇچ يېمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن ئادەم قارىمۇچنى باشقا بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ تەمىنى شۇ نەرسىگە چىقىرىپ يېسىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما تۇزنىڭ ئۆزىنى يېمەي ئۇنى سۇغا سېلىپ تەمىنى سۇغا چىقىرىپ ئىچسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ). بۇ ھەقتە پەتۋا مۇشۇ بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

بىر ئادەم: چۈشلۈك تاماقنى يېسەم پۇكۇنى بولۇپ كېتەي، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى تاكى ئۇ مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئولتۇرۇپ بىر قېتىمدىلا قورسىقى لىق تويغىچە بىر نەرسە يېمىگىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

چۈشلۈك تاماقتىن ھەر بىر شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئولتۇرۇپ يەيدىغان نەرسىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا يەپ تاكى قورساق لىق تويغىچە يەيدىغان نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ئىككى لوقما تاماق يەپ ئاندىن بىر مۇددەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن يەنە ئىككى لوقما تاماق يېگەن بولسا، ئۇ ئادەم چۈشلۈك تاماقنى يېگەن ھېسابلانمايدۇ.

قورساق تويۇشتىن قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ تويغىنىغا ئوخشاش شەرئەت كۆرسەتكەن تويۇش ئەمەس، ئۆرپ ـ ئادەتتىكى تويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ[2]. شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەم چۈشلۈك تاماقنى قورسىقى يېرىم تويغۇچە يېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ قائىدە ناشتىلىق ۋە كەچلىك تاماقتىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. ھەر بىر يەرنىڭ چۈشلۈك تاماققا يەيدىغان نەرسىلىرى شۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ  چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەلگەن تاماققا باغلىنىشلىقتۇر. شۇڭا بىر ئادەم چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن تويغۇچە سۈت ئىچكەن ۋە ئۇ ئادەم يېزىلىق ئادەم بولغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ[3]. ئەگەر ئۇ ئادەم شەھەرلىك ئادەم بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 95 ـ بەت.

(2) بىر ئادەم قورسۇقىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تاماق يېسە، شەرئەتنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنىڭ قورسۇقى تويغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنىڭ قورسۇقى تېخى تويمىغان ھېسابلىنىدۇ. ت.

(3) ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ت.

# بىر ئادەمگە گەپ قىلماسلىق ئۈچۈن ئىچكەن قەسەمنىڭ بايانى

بىر ئادەم: مەن ئەھمەدگە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئەھمەد ئۇخلاۋاتقان چاغدا، ئۇنى چاقىرىپ ئويغاتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئەھمەدنى چاقىرغان، لېكىن ئەھمەد ئويغانمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئويغاق تۇرغان ئەھمەدنى چاقىرغان، ئۇنىڭ ئەھمەدنى چاقىرغان ۋاقتى، ئۇ مەن ئەھمەدگە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ۋاقىتتىن بىر مۇددەت ئۆتكەن چاغ بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر مەن ساڭا گەپ قىلسام سەن تالاق! دەپ (قەسەم قىلغان) ۋە كەينىدىنلا ئۇنىڭغا: كەت دېگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىغا: ‹كەت› دېگەن سۆزى بىلەن ئايالىنى باشقا بىر تالاق قىلىشنى نىيەت قىلمىغانلا بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ: ‹كەت› دېگەن سۆزى بىلەن ئايالىنى باشقا بىر تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ سۆز بىلەن ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ‹كەت› دېگەن سۆز ئايالنى تالاق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تالاقنىڭ كىنايە سۆزلىرىدىندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم كۆڭلىدە تالاقنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇ سۆزنى ئايالىغا دېسە، ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: ‹ئەگەر مەن ساڭا گەپ قىلسام، سەن تالاق! دەپ قىلغان قەسىمىنى› بۇزۇۋاتسا، ئايالى يەنە بىر قېتىم تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن پالانىغا بىر ئاي گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسەم ئىچكەن ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى 30 كۈنگە قەدەر ئۇ ئادەمگە گەپ قىلماسلىقى لازىمدۇر. ئەمما ئۇ ئادەم: مەن پالانىغا بۇ ئاي گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم تاكى شۇ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇ كىشىگە گەپ قىلمايدۇ. بىر يىل، بىر كۈن ۋە بىر كېچە دېگەنلەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

بىر ئادەم: گەپ قىلماسلىققا قەسەم قىلغان، ئاندىن قۇرئان ئوقۇغان ياكى مەيلى نامازنىڭ ئىچىدە بولسۇن مەيلى نامازنىڭ تېشىدا بولسۇن تەسبىھ ئېيتقان

بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى تەسبىھ ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۆرپ ـ ئادەتتە گەپ قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم: مەن بۈگۈن قۇرئان ئوقۇمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، مەيلى نامازنىڭ ئىچىدە بولسۇن مەيلى نامازنىڭ تىشىدا بولسۇن قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ تاماقنىڭ بېشىدا ياكى بىر نەرسە ئىچكىلى قوپقان ۋاقتىدا <بىسمىللاھىر راھمانىرراھىم> دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما ئۇ سۈرە نەملىدىكى <بىسمىللاھىر راھمانىرراھىم> نى ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى سۈرە نەملىدىكى <بىسمىللاھىر راھمانىرراھىم> سۈرە نەملىنىڭ بىر ئايىتىدۇر.

بىر ئادەم قەسىمىنى مۇئەييەن بىر ئىشقا باغلىغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ ۋاقتى تۈگىسە ئۇنىڭ قەسىممۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى قەسەمنى بۇزماي تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ داۋاملىششى شەرتتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىككىنچى بىر كىشىگە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا تاكى پالانى ماڭا گەپ قىلىشقا رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر گەپ قىلمايمەن، دېگەن ئاندىن ئۇ ئادەمگە گەپ قىلىشقا رۇخسەت بېرىدىغان ئادەم، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپ بولغىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان قەسىمى ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنىڭدىن (قەرزگە ئالغان) پۇلنى بۈگۈن بېرىۋاتىمەن، دېگەن ئاندىن (قەرز ئىگىسى) بۇ ئادەمدىن قەرزنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى ئەمەلدىن قالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، <داۋام قىلغان مۇددەتكىچە> ۋە <مۇنداق بولغىچە> دېگەن سۆزلەر بىر نۇقتىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ، ئىش شۇ نۇقتىغا يەتكەندە قەسەمنىڭ رولى تۈگەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مەن پالانىغا بۇ كىيىم ئۇنىڭ ئۇستىدە بار بولغان مۇددەتكىچە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇ كىيىمنىڭ ئىگىسى ئۇستىدىكى كىيىمنى چىقىرۋېتىپ ئاندىن ئۇنى تەكرار كەيگەن ۋە قەسەم قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا گەپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: مەن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم بار ئۇنىڭغا گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ ھالدا كىيىمنىڭ ئىگىسى ئۇستىدىكى كىيىمنى چىقىرۋېتىپ ئۇنى تەكرار كەيگەندىن كېيىن گەپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم قەسىمىنى بىر سۈپەتكە باغلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەسىمى ئۇ

سۈپەت داۋام قىلغان مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ.[1]

بىر ئادەم بىر كىشىگە: مەن سەندىن تاكى سەن ماڭا بۇگۈن ھەققىمنى بەرمىگىچە ئايرىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇ كۈن ئۆتكەن، قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ كىشىدىن ئايرىلمىغان ۋە ئۇ كىشى ئۇنىڭ ھەققىنىمۇ بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ كىشى ئۇ كۈنى ئۇ ئادەمگە ھەققىنى بەرگەن ۋە ئادەم ئۇ كۈنى ئۇ كىشىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ يەنە ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما قەسەم قىلغان ئۇ ئادەم ئۇ كۈنى ئۇ كىشىدىن ئايرىلغان، لېكىن ئۇ كىشى قەسەم قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ھەققىنى بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەم قېچىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەم: مەن بۇ كىيىمنىڭ ئىگىسىگە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن كىيىمنىڭ ئىگىسى كىيىمنى ساتقان ئاندىن قەسەم قىلغان ئادەم كىيىمنىڭ ئىگىسىگە گەپ قىلغان بولسا، يەنە ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم (كىيىمنى ساتقان بولسىمۇ يەنە) كىيىمنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدە قېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەسەم قىلغان ئادەم كىيىمنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە گەپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەم: مەن پالانىغا بىر مۇددەتكىچە ياكى بىر زامانغىچە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم مەزكۇر كىشىگە قەسەم قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئالتە ئايغىچە گەپ قىلمايدۇ. چۈنكى ئالتە ئاي <بىر مۇددەتكىچە ۋە بىر زامانغىچە> دېگەن سۆزلەردىن مەقسەت قىلىنىدىغان مۇددەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئوتتۇرھالىدۇر. چۈنكى <بىر مۇددەتكىچە ۋە بىر زامانغىچە> دېگەن سۆزلەردىن ئازغىنە بىر ۋاقىتمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇ سۆزدىن **40** يىلمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنە ئۇ سۆزدىن ئالتە ئايمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ. (ئالتە ئاي بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئوتتۇرھالى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان ئادەم قەسەم قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى ئالتە ئايغىچە گەپ قىلمايدۇ). ئەمما بىر ئادەم: مەن پالانىغا بىر مۇددەتكىچە ياكى بىر زامانغىچە گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ بۇنىڭدىن مەلۇم بىر مۇددەتنى نىيەت قىلغان بولسا، ئىش ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 105 ـ بەت.

ئادەمنىڭ نىيەت قىلغىنىچە بولىدۇ.

بىر ئادەم: مەن پالانىغا ئۆمۈر بويى گەپ قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ۋە بۇنىڭدىن مەلۇم بىر مۇددەتنى نىيەت قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ ئادەمگە تاكى ئۆلگەنگە قەدەر گەپ قىلماسلىقى لازىم.

## سودا ـ سېتىق قىلىش ۋە ئۆيلىنىش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى

بىر ئادەم: مەن پالانى بىلەن بىر ئىش قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ھەم شېرىكى بىلەن بىر ئىش قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى ئارىلىرىدىكى شېرىكچىلىك مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ـ بىرىگە مەسئۇلدۇر. شۇڭا مەن پالانى بىلەن بىر ئىش قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ھەم شېرىكى بىلەن بىر ئىش قىلغان ئادەم خۇددى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن سودا ـ سېتىق قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن باشقا بىرسىنى بۇيرۇغان ۋە بۇيرۇلغان ئۇ كىشى سودا ـ سېتىق قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى (سودا ـ سېتىققا ئوخشاش) بىۋاسىتە قول تېگىپ قىلغان ئادەمگە ئالاقىدار ئىشلار بۇيرۇغۇچىغا ئەمەس پەقەت بىۋاسىتە قول تېگىپ قىلغان ئادەمگە ئالاقىدار بولىدۇ.

بۇ ئىشتا ئەسلى قائىدە بولسا، سودا ـ سېتىققا، (ئۆيىنى) ئىجارىگە قويۇشقا ۋە ئىجارىگە ئېلىشقا ئوخشاش پەقەت بىۋاسىتە قول تېگىپ قىلغان ئادەمگە ئالاقىدار ئىشلاردا، شۇ ئىشلارنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن ئۇلارنى قىلىشقا باشقا بىرسىنى بۇيرۇغان ئادەمنىڭ قەسىمى، بۇيرۇلغان ئادەمنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

توي قىلىشقا، سەدىقە بېرىشكە، بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشقا، ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرۇشقا ۋە قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشقا ئوخشاش (پەقەت بىۋاسىتە قول تېگىپ قىلغان ئادەمگە ئالاقىدار ئەمەس) بۇيرۇغۇچىغا ئالاقىدار

ئىشلاردا، شۇ ئىشلارنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن ئۇلارنى قىلىشقا باشقا بىرسىنى بۇيرۇغان ئادەمنىڭ قەسىمى، بۇيرۇلغان ئادەمنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەم بۇيرۇغۇچىنىڭ ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مەن سودا ـ سېتىق قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم پادىشاھقا ۋە يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئوخشاش سودا ـ سېتىقنى ئۆزى قول تىقىپ قىلمايدىغان ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى ئۇ سودا ـ سېتىقنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىق قىلىشى بىلەنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەسەم ئۆرپ ـ ئادەتكە ۋە قەسەم ئىچكۈچىنىڭ مەقسىتىگە باغلىقتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم سودا ـ سېتىق ئۈچۈن بەزىدە ئۆزى قول تىقىدىغان، بەزىدە باشقىلارنى بۇيرۇيدىغان بولسا، بۇ ھالدا قايسىسى كۆپ قىلىنسا شۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن ئۆيلەنمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئايالغا نىكاھنى ئۆزى شۇ سورۇندا تۇرۇپ قىلدۇرغان ياكى بىرسىنى ۋەكىل قىلىپ نىكاھنى ۋەكىل ئارقىلىق قىلدۇرغان بولسا، ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئايال: مەن ئەرگە تەگمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇنى مەجبۇرلاشقا ھوقۇقى بار ئادەم تەرىپىدىن ئەرگە تېگىشكە مەجبۇرلىنىپ (ئەرگە تەگكەن بولسا)، بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

بىر ئايال ئېرىگە: سەن مېنىڭ ئۈستۈمگە خوتۇن ئېلىپسەن، دېگەن ئاندىن ئەر: ماڭا تەۋە ھەممە خوتۇن تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ قەسەم ئىچكەن بولسا، بىر رىۋايەتكە ئاساسەن (ئېرىگە مېنىڭ ئۈستۈمگە خوتۇن ئېلىپسەن) دەپ ئەرنى قەسەم قىلىشقا قىستىغان ئايالمۇ تالاق بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئىمام سەرەخسى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ، دېگەن ئىككىنچى رىۋايەتنى توغرا دەپ قارىدى. بۇ رىۋايەتنى كۆپ ساندىكى ئالىملارمۇ توغرا دەپ قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئايالغا قەسەم ئىچىپ بەرگەن ئادەمنىڭ قەسەمنى ئىچىشتىكى مەقسىتى شۇ ئايالدىن باشقا ئاياللارنى تالاق قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئايالنى رازى قىلىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قەسىمى بۇ مەقسىتىگە باغلىنىشلىق

بولىدۇ.

بىر ئەردىن سىنىڭ بۇ ئايالدىن باشقا ئايالىڭ بارمۇ؟ دەپ سورالغان ۋە ئۇ ئەر: ماڭا تەۋە ھەممە ئايال تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالدىن باشقا ھەممە ئاياللىرى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.

## ھەج، ناماز ۋە روزا ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى

بىر ئادەم: مېنىڭ اللہ تائالانىڭ ئۆيىگە ياكى كەبىگە مېڭىپ بېرىشىم لازىم، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن تاكى كەبىگە قەدەر مېڭىپ بېرىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلاغقا مىنگەن بولسا، ئۇنىڭغا بىر قوينى ئۆلتۈرۈش لازىمدۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدى: ئۇقبە ئىبنى ئامىر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ھەمشىرەم اللہ تائالانىڭ ئۆيىگە (يەنى كەبىگە) مېڭىپ بېرىشنى ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(كۈچى يەتسە) مېڭىپ بارسۇن، (كۈچى يەتمىسە) ئۇلاغقا مىنسۇن» دېدى.[1] ئەبۇداۋۇد بۇ ھەدىسنى «ۋە (كەففارەت ئۈچۈن) بىر ھايۋان كەسسۇن» دېگەن بىر جۈملە ئارتۇق سۆز بىلەن رىۋايەت قىلدى.

بىر ئادەم: مەن روزا تۇتمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئاندىن روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن بىرەر سائەتچە بىر نەرسە يېيىشتىن ئۆزىنى تارتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن تاماق يېيىشتىن ئۆزىنى تارتىش بىلەن روزا تۇتقان ھېسابلىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتىمۇ ئۇ ئادەم روزا تۇتۇشنى باشلاپ كېيىن روزىسىنى بۇزۇۋاتقان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ياكى چۈشتىن كېيىن مەن بۈگۈن روزا تۇتۇمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەسەم، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ كۈندە روزا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

تۇتۇشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باغلىق بولىدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ياكى چۈشتىن كېيىن مەن بۈگۈن روزا تۇتۇمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ شۇ كۈندە روزا تۇتالىشىنى خۇددى روزا تۇتۇپ ئۈنتۇپ قېلىپ تاماق يەپ سالغان ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. روزا تۇتۇپ ئۇنتۇپ قېلىپ تاماق يەپ سالغان ئادەمدىمۇ روزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى تېپىلمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ (بىر نەرسە يەپ سالغانغا ئوخشاش) روزىغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتۇر. روزا تۇتۇپ ئۇنتۇپ قېلىپ تاماق يەپ سالغان ئادەمدە روزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى تېپىلمىسىمۇ شەرىئەت ئۇنى روزا تۇتقۇچى دەپ قارىدى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ياكى چۈشتىن كېيىن مەن بۈگۈن روزا تۇتۇمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم خۇددى ئايالىغا مۇنداق دېگەن ئادەمگە ئوخشاش: ئەگەر سەن بۈگۈن ناماز ئوقۇمىساڭ، سەن تالاق، دەپ قەسەم ئىچكەن ئاندىن ئۇ ئايال شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى بىرەر رەكەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەيز كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمى چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايال شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى نورمالسىز ھەيز قېنىغا ئوخشاش ئايالدىن قان كېلىش بەزى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى توسۇپ قويمايدۇ. (يەنى ئايالدىن قان كېلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ ناماز ئوقۇيالىشى تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇڭا ئەرنىڭ شۇنداق دەپ قىلغان قەسىمى چۈشىدۇ ۋە ئايال ھەيز كەلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تالاق قىلىنىپ كېتىدۇ). بۇ مەسىلە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن، ئىچىدە سۇ يوق قاچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مەن بۇ قاچىنىڭ ئىچىدىكى سۇنى ئىچىمەن، دەپ قەسەم قىلغان مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى سۇ يوق قاچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەن بۇ قاچىنىڭ ئىچىدىكى سۇنى ئىچىمەن، دەپ قەسەم قىلغان مەسىلىدە، قاچىنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق سۇ يوقتۇر. شۇڭا قاچىنىڭ ئىچىدە سۇنىڭ تېپىلىشىنى ھېچبىر ۋاقىتتا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بىر ئادەم: مەن ناماز ئوقۇمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن نامازغا تۇرغان ۋە پەقەت رۇكۇ قىلغان بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم سەجدىگە بارغان بولسا، قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر نامازنى روزىغا قىياس قىلساق، خۇددى

(مەن روزا تۇتمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن روزا تۇتۇشنى باشلىغان ئادەمنىڭ قەسىمى) روزا تۇتۇشنى باشلىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ قەسىمىمۇ نامازنى باشلىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا بۇزۇلۇپ كېتىشى لازىم ئىدى. ناماز ئوقۇمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەمنىڭ قەسىمى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، ناماز (ئۆرە تۇرۇشقا، رۇكۇ قىلىشقا ۋە سەجدە قىلىشقا ئوخشاش) خىلمۇ ـ خىل پەرزلەردىن ئىبارەت بىر ئىبادەتتۇر. بىر ئادەم شۇ پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلىمىغۇچە ناماز ئوقۇغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما روزا بولسا ئۇنداق ئەمەس. روزا پەقەت بىر پەرزدىنلا ئىبارەت بىر ئىبادەتتۇر. ئۇ بولسىمۇ (روزىغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردىن) يىراق تۇرۇشتۇر.[1]

بىر ئادەم ئايالىغا: ئەگەر سەن نامازنى تاشلىساڭ، سەن تالاق، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئايال بىرەر ۋاخ نامازنى قازا قىلىۋېتىپ نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. توغرىسى بۇ ھۆكۈمنى چىقارغان ئالىمنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە نامازنى قازا قىلىۋاتقان ئادەم، نامازنى تاشلىۋەتتى، دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن. (شۇڭا ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئاساسەن نامازنى قازا قىلىۋاتقان ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ). ئەمما بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە نامازنى پەقەت ئوقۇمايدىغان ئادەمنى، نامازنى تاشلىۋەتتى دەيمىز.

بىر ئادەم: ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ: مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم ئايالىم تالاق بولۇپ كەتسۇن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، (ئۇنىڭ قەسىمى چۈشىدۇ)، شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ۋە (ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ). چۈنكى ئۇ ئادەم قەسىمىنى اللہ تائالا ئۆلگەن ئادەمدە پەيدا قىلىدىغان بىر ھايات ئۈستىدە قىلغان بولىدۇ. اللہ تائالا ئۆلگەن ئادەمگە يەنە بىر قېتىم ھايات بېرىشى مۇمكىن بولىدىغان ئىش. شۇڭا ئۇنىڭ قەسىمى چۈشىدۇ. ئەمما قەسەم قىلغان ئادەم ئۇ ئادەمنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەسىمى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 91 ـ بەت.

# كىيىم ـ كېچەك كىيىش ۋە زىبۇ ـ زىننەت تاقاش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى

بىر ئادەم: مەن كىيىم ـ كېچەك كىيمەيمەن ياكى سېتىپ ئالمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا ئۇنىڭ قەسىمى يېپىشقا تېگىشلىك يەرلەرنى ياپقۇدەك ۋە كىيىپ ناماز ئوقۇش توغرا بولغۇدەك كىيىلىدىغان ھەممە نەرسىگە قارىتىلىدۇ. (يەنى شۇنداق قەسەم قىلغان ئادەم قانداق نەرسە بولسا بولسۇن، يېپىشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى ياپقۇدەك ۋە كىيىپ ناماز ئوقۇش توغرا بولغۇدەك بىر نەرسە كەيگەن ياكى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

بىر ئادەم: زېمىن ئۈستىدە ئولتۇرمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن كىگىز ـ گىلەم ياكى بورىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بىر نەرسە ئۇنىڭ ئوخشىشىغا ئەگەشتۈرۈلمەيدۇ. شۇڭا زېمىن ئۈستىدە ئولتۇرمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم، كىگىز ـ گىلەم ياكى بورىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەم: مەن بۇ كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىمايمەن ياكى مەن بۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ كۆرپىنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر كۆرپىنى قويۇپ ئۇخلىغان ياكى ئۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر كارىۋاتنى قويۇپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما بىر ئادەم: مەن (بۇ كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىمايمەن، دېمەي) مەن كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ كۆرپىنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر كۆرپىنى قويۇپ ئۇخلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن (بۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمايمەن، دېمەي) مەن كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە كۆرپىدەك بىر نەرسە قويۇپ ئولتۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇچى ھېساپلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن زىبۇ ـ زىننەت تاقىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن كۈمۈش ئۈزۈك تاقىغان بولسا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى كۈمۈش ئۈزۈك ئۆرپ ـ ئادەت ۋە شەرىئەتنىڭ قارىشىچە زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئەرلەرنىڭ كۈمۈشنى ئىشلىتىشى ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈكنى تاقىشى توغرىدۇر.

بىر ئادەم: مەن زىبۇ ـ زىننەت تاقىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن ئالتۇن ئۈزۈك تاقىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئالتۇن ئۈزۈك زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان (ئۈزۈككە ئوخشاش) نەرسىلەرنى ئەرلەرنىڭ ئىشلىتىشى ھالال ئەمەستۇر.[1]

# قەرزنى بېرىش ھەققىدە قىلىنغان قەسەمنىڭ بايانى

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قەرزىنى يېقىن بىر زاماندا بېرىۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەرز پۇلىنى بىر ئايدىن ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە بېرىۋېتىشى لازىم. چۈنكى بىر ئايدىن ئاز بىر ۋاقىت يېقىن زامان دەپ قارىلىدۇ. (ئەگەر ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ).

ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن پالانىنىڭ قەرزىنى يىراق بىر زاماندا بېرىۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەرز پۇلىنى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋە ئىككى ئايدىن ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە بېرىۋېتىشى لازىم. چۈنكى بىر ئاي ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن مۇددەت يىراق زامان دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان تونۇشلار: كۆرۈشمىگىلى بىرەر ئايدەك بولۇپ قېلىپتۇ، دەيدۇ.

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قەرزىنى بېرىۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن قەرز ئىگىسى قەرزگە بەرگەن پۇلنى ئۇ ئادەمگە سوغا قىلىۋەتكەن بولسا، قەسەم ئىچكەن ئادەم قەسىمىنى ئاقلىغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەرزىنى بېرىۋېتىش دېگەن ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى. قەرزنى بېرىۋېتىش قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ ئىشىدۇر ۋە قەرزگە بەرگەن پۇلنى سوغا قىلىۋېتىش قەرز ئىگىسى تەرىپىدىن بولىدىغان ئىشتۇر.

بىر ئادەم: مەن قەرزگە بەرگەن پۇلنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ ئالمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن قەرزگە بەرگەن پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ تاكى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ ئېلىپ قەرزگە بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 92 ـ بەت.

بولمىغىچە ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى قەسەمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ شەرتى بولسا، ئۇنىڭ قەرزگە بەرگەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ ئېلىشتۇر.

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قەرزىنى بۈگۈن بېرىۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن قەرزنى بېرىۋېتىش ئۈچۈن پۇل ئېلىپ كەلگەن ۋە قەرزنىڭ ئىگىسىنى تاپالماي پۇلنى ئۇنىڭ ۋەكىلىگە ياكى قازىغا بېرىپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم قەرز ئىگىسىنى تاپقان، لېكىن قەرز ئىگىسى پۇلنى ئالغىلى ئۇنۇمىغان، شۇنىڭ بىلەن پۇلنى قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا ئەگەر قەرز ئىگىسى پۇلنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتسا، قولى پۇلغا يېتىدىغان بىر يەردە قويۇپ قويغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلنى قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قەرزىنى ئەتە بېرىۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن ئۇنى بۈگۈن بېرىۋەتكەن بولسا ياكى ئۇ ئادەم: مەن پالانىنى ئەتە ئۆلتۈرۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان، لېكىن (ئەتىسى ئۆلتۈرۈلىدىغان) ئادەم بۈگۈن (ئۆزى) ئۆلۈپ قالغان بولسا ياكى ئۇ ئادەم: مەن بۇ نانىنى ئەتە يېيىمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن ئۇنى بۈگۈن يېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەتىسى قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەتىسى بولۇپ بولغىچە قىلىنىپ بولۇپ (ئەتىسى بولغان ۋاقتىدا) قەسەمدە تۇرۇپ شۇ ئىشلارنى قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەسەم ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش، قەسەمنىڭ باشلىنىشىنىڭ بىر شەرتى بولغىنىدەك ئۇنىڭ داۋاملىشىشىنىڭمۇ بىر شەرتىدۇر. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ (بۈگۈن ياكى ئەتە ۋە ياكى بۇ ئاي دېگەنگە ئوخشاش) ۋاقىتلىق قىلىنغان قەسەملەردە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ۋاقىتلىق بولمىغان قەسەملەردە، قەسەمنى ئۇنىڭدا تۇرۇش مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىش ئۈستىدە قىلىش پەقەت قەسەمنىڭ باشلىنىشىنىڭ شەرتىدۇر.[1]

بىر ئادەم: مەن پالانىنىڭ قەرزىنى بېرىۋېتىمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 134 ـ بەت.

باشقا بىرسىنى قەرز پۇلنى بېرىۋېتىشنى بۇيرۇغان ياكى قەرز پۇلنى بېرىۋېتىشنى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلغان، (ئاندىن ئۇ ئادەم قەرز پۇلنى بېرىۋەتكەن) ۋە قەرز ئىگىسى پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، قەسەم قىلغان ئادەم قەسەمدە تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرز پۇلنى قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ نامىدا، (ئۇ ئادەم بېرىۋېتىشنى) بۇيرۇمىغان بىر كىشى بېرىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قەسەم ئىچكەن ئادەم قەسەمدە تۇرغان ھېسابلانمايدۇ.

بىر ئادەم: مەن بىر كىشىگە پۇل سوغا قىلمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئاندىن (ئۇ كىشىگە پۇل سوغا قىلغان، لېكىن) ئۇ كىشى بۇ سوغىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، قەسەم قىلغان ئادەم قەسەمدە تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ۋە ۋەسىيەت قىلىش ئىشلارنىڭ ھۆكمىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئەمما سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمى بۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەستۇر. سودا ـ سېتىقتا قارشى تەرەپنىڭ سودا ـ سېتىقنى قوبۇل قىلىشى قەسەمدە تۇرۇشنىڭ شەرتىدۇر. چۈنكى سودا ـ سېتىق دېگەن ئىككى تەرەپ بىر نەرسە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر كېلىشىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سودا ـ سېتىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن بىر تەرەپنىڭ بىر نەرسە سېتىشى يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشى لازىمدۇر.

## قەسەمنىڭ كەففارىتىنىڭ بايانى

ئىچكەن قەسەمدە تۇرالماي ئۇنى بۇزۇۋاتقان ئادەمگە كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. كەففارەتنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا قەسەمدە تۇرالماي ئۇنى بۇزۇۋېتىشتۇر. ئەمما قەسەمنىڭ ئۆزى كەففارەت بېرىشنى كەلتۈرمەيدۇ. كەففارەت بېرىشنى پەقەت قەسەمدە تۇرالماسلىق لازىم قىلىدۇ.

كەففارەت قەسەمدە تۇرالماي ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلارنى يۇيىدۇ. بىر ئادەم قەسەم ئىچىپ ئۇنىڭدا تۇرالماي بۇزۇۋېتىپ كېيىن كەففارەت بەرسە، خۇددى قەسەم قىلمىغاندەك بولىدۇ.[1]

الله تائالا قەسەمنى بۇزۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ كەففارەت بېرىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «الله سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمـلار ئۈچۈن

(1) «فەتھۇلبارى»، 11 ـ توم، 594 ـ بەت.

جاۋاپكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋاپكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسىمىڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسىمىڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسىمىڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ» [1]

كەففارەت بېرىش ئۈچۈن قۇل ئازات قىلىشتىن ياكى ئون مىسكىنگە تاماق بېرىشتىن، ياكى ئۇلارغا بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش لازىم. چۈنكى ئايەتتىكى <ياكى> دېگەن سۆز مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمىسا، ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدىغان ئۇسلۇب بىلەن ئوقۇغان. بۇخىل ئوقۇلۇش ئۇسۇلى (كۆپچىلىك ئوقۇپ كېلىۋاتقان يەتتە خىل ئوقۇش ئۇسۇلىدىن بولمىسىمۇ)، لېكىن ئەڭ ئاددىيسى بىر ياكى ئىككى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇشى مۇمكىن.[2]

ئەگەر قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن ئون مىسكىنگە تاماق بەرمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە پىترى سەدىقىسىنىڭ مىقدارىدا بىر نەرسە بەرسە بولىدۇ. ئۇ مىقدار بۇغداي ياكى ئۇن بەرمەكچى بولسا، ئىككى كىلو ۋە ئىككى يۈز ئەللىك گىرامدۇر. ئەگەر خورما ياكى ئارپا ۋە ياكى قۇرۇق ـ ئۈزۈم بەرمەكچى بولسا، تۆت كىلو بەش يۈز گىرامدۇر.

قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن (بىراقلا ئون مىسكىنگە تاماق بەرمەي) بىر مىسكىنگە ئون كۈن تاماق بەرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىر مىسكىننىڭ تاماققا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ھەر كۈنى يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ئۇ خۇددى باشقا ـ باشقا

(1) سۈرە مائىدە 89 ـ ئايەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 74 ـ بەت.

مىسكىن قاتارىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر قەسەمنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك بەرمەكچى بولسا، نورمال ئادەم كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەردىن ھەر بىر مىسكىنگە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ياپقىدەك بىر قۇر كىيىم بەرسە بولىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاز ئۈچ ئاي كەيگىلى بولىدىغان كىيىم بولۇش لازىم. چۈنكى ئۈچ ئاي يېڭى بىر كىيىمنى (كونىتىشقا) يېتىدىغان بىر مۇددەتتۇر. پەقەت بىر ئىشتانلا بېرىش يېتەرلىك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشتان بىلەن بىرگە يەنە بىر كۆينەك بېرىش لازىم. ئەگەر مىسكىنلەرنىڭ ئىچىدە ئايال كىشى بولسا، ئۇنىڭغا ئىشتان بىلەن كۆينەككە قوشۇپ يەنە بىر ياغلىق بېرىش لازىم. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ نامىزى مەزكۇر كىيىم ـ كېچەكسىز توغرا بولمايدۇ.

قەسەمنىڭ كەففارىتىنى قەسەمنى بۇزۇپ بولغاندىن كېيىن بېرىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم بۇزمىغان قەسىمى ئۈچۈن كەففارەت بەرگەن ئاندىن قەسىمنى بۇزغان بولسا، بەرگەن كەففارىتى توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك قەسەمنى بۇزۇش كەففارەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇڭا كەففارەتنى، ئۇنىڭ سەۋەبى تېپىلىشتىن ئىلگىرى بېرىش توغرا ئەمەستۇر.

قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ۋاقىت يوق. لېكىن ئۇنى بەك كېچىكتۈرۈۋېتىش گۇناھتۇر. كەففارەت، ئۈستىگە كەففارەت بېرىش لازىم بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر كەففارەت بېرىش لازىم بولۇپ قالغان ئادەم كەففارەتنى بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا كەففارەتكە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ھېسابلاپ مىسكىنلەرگە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشى لازىم.

ئىسلامدىن يېنىۋېلىشمۇ خۇددى ئىسلامغا كىرمىگەنگە ئوخشاشلا قەسەمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ[1]. مەسىلەن: مۇسۇلمان بىر ئادەم قەسەم ئىچكەن ئاندىن (بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن اللّٰه تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) ئىسلامدىن يېنىۋالغان، ئاندىن قايتا يەنە ئىسلامغا قايتقان ئاندىن قەسىمنى بۇزغان

(1) يەنى ئىسلامغا كىرمىگەن بىر كاپىر ئادەمنىڭ قىلغان قەسىمىگە كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ قايتا ئىسلامغا قايتقان ئادەمگىمۇ كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. ت.

بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى بىز قەسەمنىڭ شەرتلىرىدە قەسەم ئىچكەن ئادەمگە كەففارەت بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. كاپىر ئادەمگە كەففارەت بېرىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىنمۇ كۆرۈۋالايمىز: «ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق» [1] ئەگەر كاپىر (ئىبادەت قىلىشقا ئوخشاش) بىرەر ياخشى ئىش قىلىشقا ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى قىلىش ۋاجىپ ئەمەس.[2] ئەمما ھەدىستە بايان قىلىنغان: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ھەرەم مەسچىتىدە بىر كېچە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلغان ئىدىم دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «ۋەدەڭنى ئورۇنلا»[3] دېگەن سۆزى بولسا، (ئىبادەت قىلىشقا ئوخشاش) بىرەر ياخشى ئىش قىلىشقا ۋەدە قىلغان كاپىر ئادەمنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنلىشىنىڭ ۋاجىپ ئەمەس مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەسەمنىڭ قېتىم سانى كۆپەيسە، كەففارەتنىڭمۇ قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. قەسەملەرنى مەيلى بىر يەردە ئولتۇرۇپ قىلسۇن مەيلى بىر نەچچە يەردە ئولتۇرۇپ قىلسۇن ئۇنىڭ ھېچقانداق پەرق يوق.

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «<بۇغيە> دېگەن كىتابتا: قەسەمنىڭ كەففارەتلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. يەنى بىر نەچچە قېتىم قەسەم قىلىپ ئاندىن قەسىمىنى بۇزۇۋاتقان ئادەم بىر كەففارەت بىلەن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، مانا بۇ ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىدۇر، دەپ بايان قىلىندى.»

لېكىن، ئىمام رافىئي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ تەقرىرىدە: <بۇغيە> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان ھېلىقى سۆز ھەققىدە مۇنداق دېدى: «<بۇغيە> ۋە <مۇنيە> كىتابلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىمام

(1) سۈرە تەۋبە 12 ـ ئايەت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 62 ـ بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلغان.

زاھىدىنىڭ كىتابلىرىدۇر. ئىشەنچلىك باشقا بىرەر ئادەمدىن نەقلە قىلىنماي پەقەت زاھىدىيدىنلا نەقلە قىلىنغان سۆزنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن <بۆغيە> دېگەن كىتابتىكى قەسەمنىڭ كەففارەتلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزگە ئاساسلىنىشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە ئاساسلىنىدىغان سۆز بولسا، باشقىلاردىن نەقلە قىلىنغان قەسەمنىڭ كەففارەتلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتمەيدۇ، دېگەن سۆزدۇر. بۇ سۆز تاكى ئىشەنچلىك ئادەملەردىن بۇ سۆزنىڭ ئەكسىنىڭ توغرىلىقى نەقلە قىلىنغانغا قەدەر توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. قەسەمنىڭ كەففارەتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا <فەتھى> دېگەن كىتابتا جازالارنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان بۇ سۆزدۇر: رامىزان روزىسىنى بۇزۇۋاتقانلىق ئۈچۈن كېلىدىغان كەففارەتتە جازا تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا رامىزان روزىسىنى بۇزۇۋاتقانلىق ئۈچۈن كېلىدىغان كەففارەتلەر بىر - بىرىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەمما قەسەمنىڭ كەففارىتىدە ئىبادەت تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. <ھىندىيە> دېگەن كىتابتا: بىر ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ۋە مېھرىبانىنىڭ (يەنى مېھرىبان سۈپەتلىك الله نىڭ) نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇنداق ئىش قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، بۇ ئىككى قەسەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ قەسەمنى بۇزۇۋاتسا، ئۇنىڭغا كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئىككى كەففارەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. مانا بۇ كەففارەتنىڭ قەسەمنىڭ قېتىم سانىغا قارىتا بولىدىغانلىقىنى، دېگەن رىۋايەتنىڭ كۈچلۈك رىۋايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[1]

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئالىم مۇھەممەد ھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەر بىر قەسەم ئۈچۈن بىر كەففارەت بېرىشكە پەتۋا بېرەتتى.

## ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنىڭ بايانى

بۇ ۋەدە (يەنى نەزىر) ئىككى قىسىم بولىدۇ:

(1) <تەقرىراتۇر رافىئىي>، 2 - توم، 13 - بەت.

بىر قىسمى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان ۋەدىدۇر (يەنى نەزىردۇر). مەسىلەن بىر ئادەم: مەن اللە تائالا ئۈچۈن مۇنچە كۈن روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە (يەنى نەزىر) قىلغان بولسا، روزا تۇتۇش ئۇ ئادەمگە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ ئادەم: اللە تائالا كېسىلىمگە شىپالىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن اللە تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن مۇنچە كۈن روزا تۇتىمەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە روزا تۇتۇش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يۈكلىنىدۇ.

يەنە بىر قىسمى بولسا، پۈكۈنى ئادەم كەلسە ياكى اللە تائالا ماڭا دۈشمىنىمگە قارىتا غەلبە ئاتا قىلسا، مەن اللە تائالا ئۈچۈن مۇنچە كۈن روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قىلغان ۋەدىدۇر (يەنى نەزىردۇر). (بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۈستىگە روزا تۇتۇش شۇ ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا يۈكلىنىدۇ.)

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنى (يەنى نەزىرنى) چاقچاق قىلىپ ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ئۇنى رەسمى قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن چاقچاق قىلىپ ۋەدە[1] قىلغان ئادەمگە ۋەدە قىلىپ قىلماقچى بولغان ئىشنى، چاقچاق قىلىپ ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا نىيەت قىلمىسىمۇ ئۇنى قىلىش لازىم بولىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: بىر سۆزنى دېمەكچى بولۇپ گەپ قىلغان ۋاقىتتا سەۋەنلىك بىلەن ئېغىزىدىن (مەن اللە تائالا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىمەن) دەپ چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇ بىر كۈن روزىنى تۇتۇش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: مەن اللە تائالا ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتىمەن، دېمەكچى بولۇپ سەۋەنلىك بىلەن بىر ئاي روزا تۇتىمەن، دەپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر ئاي روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ.

ئالىملار ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنىڭ بايانىنى قەسەمنىڭ بايانىنىڭ ئىچىدە كەلتۈردى. چۈنكى ۋەدە بىلەن قەسەمنىڭ بەزى يەرلەردە بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسى باردۇر. مەسىلەن بىر ئادەم: <مېنىڭ ئۈستىمدە ۋەدە باردۇر> دېگەن ۋە ئۇ ئادەم بۇ سۆزىدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى نىيەت قىلمىغان (يەنى ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنى ياكى

(1) <ۋەدە> دېگەن سۆزدىن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك بىرەر ئىشنى قىلىشقا <نەزىر> قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن <نەزىر> سۆزىنىڭ ئورنىغا <ۋەدە> سۆزىنى ئىشلىتىمىز. ت.

قەسەمنى نىيەت قىلمىغان) بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. بىر ئادەم: مەن ﷲ تائالا ئۈچۈن روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلدىم، دېگەن ۋە بۇ سۆزىدىن ھېچ نەرسىنى نىيەت قىلمىغان (يەنى ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنى ياكى قەسەمنى نىيەت قىلمىغان) ياكى پەقەت ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنى نىيەت قىلغان، ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىنى ۋە ئۆزىنىڭ (بۇ سۆز ئارقىلىق) قەسەم قىلىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقىنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم (مەزكۇر سۆزى ئارقىلىق) پەقەت ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلغانلا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: مەزكۇر سۆزىدىن قەسەمنى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلمىغانلىقىنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر روزىنى تۇتمىسا، ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم: مەزكۇر سۆزىدىن قەسەم بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلغانلىقىنى نىيەت قىلغان، ياكى قەسەمنى نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ۋەدە ۋە قەسەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر روزىنى تۇتمىسا، ئۇنىڭغا روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋە قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.[1]

# ياخشى ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

(مەسىلەن: ﷲ تائالا مېنىڭ كېسىلىمگە شىپالىق بەرسە، مەن مۇنچە كۈن روزا تۇتىمەن، دەپ) ۋەدە قىلىش بىر ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم شۇنداق ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ناماز ئوقۇشنى، روزا تۇتۇشنى، ھەج قىلىشنى ۋە شۇلارغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ياخشى ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۈستىگە ئالغان ئىشنى ئورۇنلاشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 66 ـ بەت.

قاراشلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. اللە تائالا ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۆستىگە ئالغان ئىشلارنى ئورۇنلاش ھەققىدە مۇنداق دېدى: »ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن (يەنى ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمي بەيت (يەنى بەيتۇللا) نى تاۋاپ قىلسۇن«[1] اللە تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىشلارنى ئورۇنلىغان ئادەملەرنى ماختاپ مۇنداق دېدى: »(ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا ئېقىتىپ بارالايدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ«[2] اللە تائالا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئىشلارنى ئورۇنلىمىغان خىرىستىيان راھىبلىرىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: »ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر« [3] اللە تائالانىڭ: »لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى« دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئىشلارنى جايىدا ئورۇنلىمىدى، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۈستىگە ئالغان ئىشلارنىمۇ خۇددى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۈستىگە ئالغان ئىشلارغا ئوخشاش ئورۇنلاش ۋاجىپ بولىدۇ.

بۇ ئايەتتە خىرىستىيان راھىبلىرىنى اللە تائالانىڭ دىنىدا اللە تائالا ئۇلارنى بۇيرۇمىغان ئىشلارنى پەيدا قىلغانلىق ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئىشلارنى ئادا قىلمىغانلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەيىبلەندى.

ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىشتىن چەكلەپ

(1) سۈرە ھەج 29 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئىنسان 6 ــ 7 ـ ئايەتلەر.

(3) سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەت.

كەلگەن ھەدىسلەر بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر خۇسۇسىي ھالەتلەرگە ۋە خۇسۇسىي ۋەدىلەرگە قارىتىلغاندۇر. ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىشتىن چەكلەپ كەلگەن ھەدىسلەر بولسا، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

سەئىد ئىبنى ھارىس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ۋەدە ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىشتىن يانمىدىمۇ؟ چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «شەكسىز ياخشى ئىش قىلىشقا قىلغان ۋەدە بىر ئىشنى ئالدىغىمۇ ۋە كەينىگىمۇ سۈرەلمەيدۇ. ۋەدىنىڭ سەۋەبى بىلەن پەقەت پېخسىق ئادەمدىن بىر نەرسە چىقىرىلىدۇ[1]»[2] يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى ئىش قىلىشقا ۋەدە قىلىشتىن توسۇپ، ھەقىقەتەن ۋەدە بىر ئىشنى توسۇپ قالالمايدۇ. لېكىن ۋەدىنىڭ سەۋەبى بىلەن پېخسىق ئادەمدىن بىر نەرسە چىقىرىلىدۇ، دېگەن.» [3]

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسانغا ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدە تەقدىردە يېزىلمىغان بىر ئىشنى ئېلىپ كەلمەيدۇ[4]. ۋەدە پەقەت ئىنسانغا تەقدىردە يېزىلىپ كەتكەن ئىشنى ئېلىپ كېلىدۇ. الله تائالا ۋەدىنىڭ سەۋەبى بىلەن پېخسىق ئادەمدىن (بىر نەرسە) چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە بۇرۇن بېرىش لازىم بولمىغان نەرسىلەرنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.» [5]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئالىملار مەزكۇر ھەدىسلەردە كەلگەن چەكلىمە ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى: بۇ ئالىملارنىڭ بىر قىسمى ھەدىستە كەلگەن مەزكۇر چەكلىمىنى ئۇنىڭ

(1) يەنى الله تائالا كېسىلىمگە شىپالىق بەرسە، مەن الله تائالا ئۈچۈن مۇنچىلىك پۇل سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئادەم، ئەگەر كېسىلىدىن ساقايسا، شۇ پۇلنى بېرىش ئۇنىڭغا لازىم بولىدۇ. مانا سەدىقە قىلىنغان ئۇ پۇل ئۇ ئادەمدىن ئۇ ۋەدىنىڭ سەۋەبى بىلەن چىققان بولىدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(4) يەنى مەسىلەن: ۋەدە قىلىش ئارقىلىق روزا تۇتۇشى ياكى سەدىقە بېرىشى ئەسلىدە ئۇنىڭغا تەقدىردە يېزىلىپ كەتكەن ئىشلاردۇر. ت.

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تاشقىرى مەنىسىگە قاراتتى. (يەنى ئۇلار ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلىش چەكلەنگەن بىر ئىشتۇر، دېدى). باشقا بىر قىسىم ئالىملار بولسا، ھەدىستە كەلگەن مەزكۇر چەكلىمىنى باشقا مەنىلەرگە قاراتتى. ئىبنى ئەسىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ <ئەننىھايە> دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندى: ھەدىستە كەلگەن مەزكۇر چەكلىمىلەر، ۋەدىنىڭ ئىشنى كۈچلەندۈرۈش ۋە بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۈستىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەندۇر. ئەگەر ھەدىستە كەلگەن مەزكۇر چەكلىمىدىن ھەتتا ۋەدە ئارقىلىق ياخشى ئىش قىلىشتىن توسىدىغان ھەقىقىي چەكلىمە كۆزدە تۇتۇلسا ئىدى، بۇ ۋاقىتدا ۋەدىنىڭ ھۆكمى بىكار قىلىنغان بولاتتى ۋە ۋەدە ئارقىلىق ئۈستىگە ئالغان ئىشنى ئورۇنلاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولاتتى. چۈنكى ۋەدە قىلىش ھەدىستە كەلگەن مەزكۇر چەكلىمىنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر يامان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۈستىگە ئالغان ئىشنى قىلىش لازىم بولمىغان بولاتتى. (لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەستۇر. چۈنكى نۇرغۇنلىغان يەرلەردە قىلغان ۋەدىنى ئورۇنلاش ھەققىدە ئايەت ۋە ھەدىسلەر بايان قىلىنغاندۇر). ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسلەردە ۋەدە قىلىشتىن چەكلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كىشىلەرگە ۋەدىنىڭ ئۇلارغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرەر پايدىنى ئېلىپ كېلىدىغان ياكى ئۇلاردىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالىدىغان ۋە ياكى تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن بىرەر ئىشنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈندۇر. مەزكۇر ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇددى: سىلەر ۋەدىنى، ۋەدە قىلىش ئارقىلىق الله تائالا سىلەرگە تەقدىر قىلمىغان بىرەر پايدىلىق نەرسىگە ئېرىشۋالالايدىغان ياكى سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا يېزىلىپ كەتكەن بىرەر زىيانلىق ئىشنى ئۆزەڭلەردىن توسۇۋېلىش مەقسىتى بىلەن قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر ۋەدە قىلساڭلار، ۋەدە قىلىپ ئۈستىڭلەرگە ئالغان ئىشلارنى ئورۇنداڭلار. چۈنكى ۋەدە ئارقىلىق ئۈستىڭلەرگە ئالغان ئىشنى ئورۇنلاش لازىمدۇر، دېگەن مەنا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ھەدىسلەردىن ۋەدە ئىشنى كىچىك كۆرۈپ ۋەدە ئارقىلىق ئۈستىگە ئالغان ئىشلانى ئورۇنلاشقا سەل قاراپ ئۇ ئىشلارنى ئادا قىلىشنى تاشلاپ قويمىسۇن، دەپ ۋەدە ئىشنىڭ

كاتتا بىر ئىش ئىكەنلىكىگە ئەسكەرتىپ قويۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.»[1]

مەزكۇر ھەدىستە كەلگەن چەكلىمىلەردىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەنالارنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدە ئارقىلىق ئۇستىگە ئالغان ئىشلارنى قىلمىغان ئادەملەرنى ئەيىبلەشلىرى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى ھۇسەين (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: »سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلاردۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلاردۇر. بۇلاردىن كېيىن شۇنداق كىشىلەر كېلىدۇكى، ياخشى ئىش قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنچىلىك دەپ قارالمايدۇ، گۇۋاھلىققا چاقىرىلمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سېمىزلىك ئاشكارا كۆرۈلگىلى تۇرىدۇ. (يەنى يېيىش، ئىچىشلار كۆپ بولۇپ كېتىدۇ).«[2] مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغانلار بىلەن ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلارنى بىر يەردە كەلتۈردى. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش يامان كۆرىلىدىغان ۋە نومۇسلۇق بىر ئىشتۇر. شۇنداق ئىكەن ياخشى ئىش قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقمۇ يامان كۆرىلىدىغان نومۇسلۇق بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

## ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلىش ۋە قەدەر

اللە تائالا ياراتقان ھەممە نەرسە تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن نەرسىلەردۇر. سەۋەبلەرمۇ خۇددى سەۋەب ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلارغا ئوخشاش تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلاردۇر.

ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدە، اللە تائالا (يۈز بېرىشىنى) ئالدىنئالا بىلگەن ۋە خالىغان، تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن سەۋەبلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىبنى ئەلئەرەبي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!):

(1) «فەتھۇلبارى»، 11 ـ توم، 577 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

«ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدە خۇددى دۇئاغا ئوخشاشتۇر. دۇئا تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن بىر ئىشنى توسۇپ قالالمايدۇ. لېكىن دۇئا قىلىشمۇ تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر» دېدى. ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ دېگەن بۇ سۆزى ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن سەدىقە (ئىنساننى) يامان ئۆلۈمدە ئۆلۈپ كېتىشتىن توسۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ سىرتقى مەنىسىگە زىت كېلىدۇ.

ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ مەزكۇر سۆزى بىلەن بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنىڭ ئارىسىدىكى زىتلىقنى: سەدىقە ئىنساننى يامان ئۆلۈمدە ئۆلۈپ كېتىشتىن توسۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ، سەۋەبلەرمۇ خۇددى سەۋەب ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلارغا ئوخشاش تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلاردۇر، دېيىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. سەۋەبىنىڭمۇ تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۇنىڭدىن ئايەت ئوقۇش ئارقىلىق دەمدە سېلىش توغرىسىدا سوئال سوراپ كېيىن: دەمدە الله تائالا تەقدىردە پۈتىۋەتكەن بىرەر ئىشنى توسۇپ قالالامدۇ، دېگەن ئادەمگە: «بۇمۇ الله تائالا تەقدىردە پۈتىۋەتكەن ئىشنىڭ قاتارىدىن» دېگەن سۆزىدىنمۇ كۆرۈۋالايمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش سۆز ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىنمۇ رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەدىنىدىن شامغا كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپ شامغا يېتىپ كەلگىلى ئازراق قالغان ۋاقىتدا، شامدا تاۋۇن كېسىلىنىڭ تاراپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تەكرار مەدىنىگە قايتماقچى بولغان ۋاقىتدا، ئۇنىڭغا ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى ئەلجەرراھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! الله تائالا تەقدىردە پۈتىۋەتكەن بىر ئىشتىن قاچماقچى بولۇۋاتامسەن؟ دەيدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: الله تائالا تەقدىردە پۈتىۋەتكەن بىر ئىشتىن، الله تائالا تەقدىردە پۈتىۋەتكەن يەنە بىر ئىشقا قاچماقچى بولۇۋاتىمىز، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە كېسەل ئادەمنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشى، دورا ئىشلىتىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ رىزىقلىرىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى ۋە بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ الله تائالا تەقدىردە پۈتىۋەتكەن ئىشلاردىندۇر.

# بىرەر ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

**1** ـ قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، (مەسىلەن: هاراقنى ئوخشاش) هاراملىقى ئۆزىدىن قايناپ چىققان ئىش بولۇپ ئىسلامدا هارام قىلىنىپ كەتكەن ئىشلاردىن بولماسلىقى لازىم. بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى الله تائالاغا بويسۇنۇمەن، دەپ (ئۆزىگە) ۋەدە بەرگەن بولسا، الله تائالاغا بويسۇنسۇن. كىمكى الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىمەن، دەپ (ئۆزىگە) ۋەدە بەرگەن بولسا، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىسۇن.» [1] ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يامان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلىشقا بولمايدۇ. (كىمكى يامان ئىش قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلمىسۇن)، شۇنداق قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بەرسۇن» [2] ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ۋەدىنى پەقەت الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردا قىلىشقا بولىدۇ. ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ.» [3]

شۇنىڭ ئۈچۈن يامان ئىش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدە شەرىئەتتە قوبۇل قىلىنىدىغان ۋەدە ھېسابلانمايدۇ. ئۇ ۋەدە بۇ ھالدا قەسەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يامان ئىش قىلىش ئۈچۈن (ئۆزىگە) ۋەدە بەرگەن ئادەمنىڭ ۋەدىسىنى بۇزۇشى ۋە شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ۋەدىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىشنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش يامان ئىش بولۇپ قالسا، بۇ ۋەدە توغرا بولمايدۇ.

---

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئەگەر قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش (هاراققا ئوخشاش هاراملىقى ئۆزىدىن قايناپ چىققان ئىش ئەمەس) هاراملىقى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن بولغان ئىش بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدە توغرا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم: مەن ئېيت كۈنى روزا تۇتىمەن، دەپ ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن بولسا، روزا ئەسلىدە ياخشى بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ۋەدىسى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم روزىنى (ئېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر بولغانلىقى ئۈچۈن) ئېيت كۈنى تۇتماي باشقا بىر كۈندە تۇتىدۇ.

(مەسىلەن: ئېيت كۈنىدە روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلغانغا ئوخشاش) هەممە تەرەپتىن بولمىسىمۇ بىر تەرەپتىن ياخشى ئىش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرۇدىغان ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلىش توغرا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر قېتىم سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا، بىر كىشىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن ئۇ كىشى توغرۇلۇق سورايدۇ. كىشىلەر: ئۇ ئەبۇئىسرائىل دېگەن كىشىدۇر، ئۇ ئادەم ئۇ كۈنلەردە ئۆرە تۇرۇشقا، ئولتۇرماسلىققا، سايىدىماسلىققا، گەپ قىلماسلىققا ۋە روزا تۇتۇشقا (ئۆزىگە) ۋەدە بەرگەن ئىكەن، دەپ جاۋاب بەرگەن ۋاقىتتا: «ئۇنىڭغا دەڭلار، گەپ قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرسۇن، لېكىن روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن» دېگەن ئىدى.[1]

ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىككى ئوغلىنىڭ قولتۇقى ئارىسىدا كېتىپ بارغان ياشىنىپ قالغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «(كىشىلەردىن) بۇ ئادەمگە نېمە بولغان ئىكەن؟» دەپ سورىدى. كىشىلەر: بۇ ئادەم كەبىگە مېڭىپ بېرىشنى (ئۆزىگە) ۋەدە قىلغان ئىكەن، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «هەقىقەتەن الله تائالا بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى (بۇنداق) ئازابلىشىدىن بىهاجەتتۇر» دېدى ۋە ئۇ ئادەمنى ئۇلاغقا مىنىشكە بۇيرۇدى.[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم تاهارەتسىز ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا تاهارەت بىلەن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى (ئۇ ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇيمەن، دەپ قىلغان ۋەدىسى توغرىدۇر)، نامازنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تاهارەتنىڭ بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمگە

(1) بۇ هەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ هەدىسنى ئىمام بوخارى رىۋايەت قىلدى.

تاھارەت بىلەن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ: تاھارەتسىز دېگەن سۆزى ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم نامازنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ئايەت ئوقۇماي ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش لازىمدۇر. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ ئۈچ رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا تۆت رەكەت ناماز ئوقۇش لازىم بولىدۇ.»(1)

2 ـ قىلىشنى ۋەدە قىلغان ئىش، ۋەدە قىلغان ئادەمگە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى بۇرۇن ۋاجىپ بولمىغان ئىش بولۇشى شەرت. مەسىلەن، بىر ئادەم: مەن (بىر قوي) قۇربانلىق قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا شەرىئەت ئۇ ئادەمگە ۋاجىپ قىلغان قۇربانلىقتىن باشقا يەنە (بىر قوي) قوربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم: <مەن قۇربانلىق قىلىمەن> دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ قويماقچى بولغان ۋە شۇ سۆزنى قىلغان ۋاقىت قۇربان ئېيت كۈنلىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم پەقەت شەرىئەت ۋاجىپ قىلغان قۇربانلىقنىلا قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ئادەم ھەج قىلىشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى ۋاجىپ قىلغان ھەجدىن باشقا بىر قېتىم ھەج قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش ۋە ھەج (ئۇ ئادەمگە) ۋاجىپ بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. (شۇڭا قۇربانلىق ۋە ھەج قىلىش ئۈچۈن ۋەدە قىلىشقا بولىدۇ). ئەمما ئەسلىدە ئىسلام دىنى ھەر بىر ئادەمگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىشنى پەرز قىلغان ھەج بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. (بۇ ھەجدە ۋەدە قىلىشقا بولمايدۇ). چۈنكى بۇ ھەج ئۇ ئادەمگە پەرز قىلىنغان ھەجدۇر. ئۇ ھەجنى ئۆمرىدە بىر قېتىم قىلىش پەرزدۇر.

3 ـ قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، پەرز نامازغا، پەرز ھەجگە ۋە پەرز روزىغا ئوخشاش (بىر ئادەمگە) كەلگۈسىدە پەرز بولىدىغان ئىشلاردىن بولماسلىقى لازىم. (شۇڭا بىر كىچىك بالا، مەن رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتىمەن، ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ۋەدىسى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى رامىزاننىڭ روزىسى ئۇنىڭغا بالاغەتكە يەتكەندە پەرز بولىدۇ).

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 68 ـ بەت

4 ـ قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، نامازغا، ھەجگە ۋە روزىغا ئوخشاش ئەسلىدە ئۇنىڭ خىلىدىن پەرز قىلىنغان نەرسە بار بىر نەرسە بولۇشى لازىم[1]. ئەگەر قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، ئەسلىدە ئۇنىڭ خىلىدىن پەرز ياكى ۋاجىپ قىلىنغان ئىش يوق بىرەر ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئۆزىگە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى قىلىش لازىم بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم: مەن كېسەللەرنى يوقلايمەن، جىنازە نامىزىغا قاتنىشىمەن ۋە (مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى بولسۇن مەيلى ھەرەم مەسچىتى بولسۇن) مەسچىتكە كىرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە بۇ ئىشلارنى قىلىش لازىم ئەمەس. (چۈنكى مەزكۇر ئىشلارنىڭ تىپىدىن ئىسلام دىنىدا پەرز ياكى ۋاجىپ قىلىنغان بىرەر ئىش يوقتۇر). ۋەدە قىلىنىدىغان ئىشنىڭ خىلىدىن پەرز قىلىنغان ئىشنىڭ، (خۇددى نامازغا ۋە روزىغا ئوخشاش) قىلىش ھەر بىر ئادەمگە پەرز قىلىنغان ئىش بولۇشى لازىم. (ئەمما ۋەدە قىلىنىدىغان ئىشنىڭ خىلىدىن پەرز قىلىنغان ئىش، جىنازە نامىزىغا قاتنىشىشتەك بىر بۆلۈك ئادەملەر قاتناشسا، قاتنىشىش باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان شەكىلدىكى پەرز قىلىنغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ پەرز ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).

5 ـ قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، باشقا بىر ئىش ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان بولماستىن ئۆز ئالدىغا بىر ئىبادەت بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش، يۇيۇنۇش، قۇرئاننى تۇتۇش، ئەزان ئوقۇش، كېسەل يوقلاش ۋە ئۆلۈكنى كېپەنلەش ئۈچۈن قىلغان ۋەدىلەر توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئۆز ئالدىغا بىر ئىبادەت ئەمەس. (مەسىلەن: تاھارەت ئېلىش بىر ئىبادەت، ئەمما ناماز ئوقۇش ئۈچۈندۇر. قۇرئان تۇتۇش بىر ئىبادەت، ئەمما ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈندۇر. ئەزان ئوقۇش ۋە كېسەل يوقلاشلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر).

6 ـ قىلىش ۋەدە قىلىنغان نەرسە، ئىگىدارچىلىقىدا بار نەرسىدىن ئارتۇق بولماسلىقى شەرتتۇر. مەسىلەن، بىر ئادەم مىڭ سوم سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا پەقەت يۈز سوم بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا پەقەت يۈز سومنىلا سەدىقە بېرىشى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قىلىش ۋەدە قىلىنغان نەرسە، باشقىلارنىڭ نەرسىسى بولماسلىقى شەرتتۇر.

(1) مەسىلەن: نامازنىڭ ئۇنىڭ خىلىدىن ئەسلىدە پەرز قىلىنغان بەش ۋاخ ناماز بار. روزا ۋە ھەجنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇڭا بىر ئادەم: مەن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشقا ئۆزەمگە ۋەدە بەردىم، دېگەن بولسا ئۇنىڭغا شۇ ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ت.

مەسىلەن، بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ قويىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: مەن بۇ قويىنى سەدىقە قىلىشنى ۋەدە قىلدىم، دېگەن بولسا ئۇنىڭ قىلغان بۇ سەدىقىسى توغرا بولمايدۇ.

7 ـ قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردىن بولماسلىقى لازىم. مەسىلەن: بىر ئادەم تۇنۇگۈننىڭ روزىسىنى تۇتۇشقا ياكى تۇنۇگۈننىڭ ئىتىكاپىدا ئولتۇرۇشقا ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ۋەدىسى توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش، شەرىئەتنىڭ قارىشىچە قىلىش بولمايدىغان ئىشلاردىن بولماسلىقى لازىم. مەسىلەن: بىر ئايال ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان بولسا ياكى ئۇ ئايال: مەن ئەتە الله تائالا ئۈچۈن روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ۋە ئەتىسى ھەيز كۆرۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام زۇپەرنىڭ قارىشى بويىچە ئۇ ئايالنىڭ قىلغان ۋەدىسى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال روزا تۇتۇشنى، روزا تۇتۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا ۋەدە قىلىپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئايالغا، ئۇ: <مەن ئەتە الله تائالا ئۈچۈن روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ ئەتىسى ھەيز كۆرۈپ قالغان> ھالىتىدە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال روزا تۇتۇشنى، روزا تۇتۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا ئەمەس روزا تۇتۇش مۇمكىن بولىدىغان پاك بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقان چاغدا ۋەدە قىلىپ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ خۇددى بىر ئايال بىر ئاي روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا شۇ ئاينىڭ ئىچىدىكى ھەيز كۆرۈپ قالغان كۈنلىرىدە تۇتۇلمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى قىلغانىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. (بىر ئاي روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئايالغا، تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ). چۈنكى ئايال كىشى بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر ئاينى ھەيز كۆرمەيمۇ ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا بىر ئاي روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئايالغا، تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ» دېدى.[1]

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلىشقا ۋەدە قىلسا، ئۇنىڭ (ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي، كىيىپ تۇرۇۋاتقان كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش زاكىتى

(1) «ئەلھىدايەتۇل ئەلائىيە».

كەلمەيدىغان مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئەمەس ئالتۇن ـ كۈمۈشكە، تىجارەت ماللىرىغا ۋە هايۋانلارغا ئوخشاش) زاكىتى كېلىدىغان مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلىشى لازىمدۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنى سەدىقە قىلىشنى ۋەدە قىلسا، ئۇنىڭ مەيلى زاكىتى كېلىدىغان مال ـ مۈلكى بولسۇن مەيلى زاكىتى كەلمەيدىغان مال ـ مۈلكى بولسۇن هەممە مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلىشى لازىمدۇر. ئۇ هەممە مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلماقچى بولغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا: تاكى بىر ئاز مال ـ دۇنيا تېپىپ بولغىچە (بۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىچىدىن) ئۆزەڭنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئازراق ئېلىپ قالغىن، كېيىن مال ـ دۇنيا تېپىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ قالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ئورنىدا، شۇ مىقداردا مال ـ مۈلۈك سەدىقە قىلىۋەتەرسەن، دېيىلىدۇ.(1)

# بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلغان ۋەدىنىڭ ۋە بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قويۇلمىغان ۋەدىنىڭ بايانى

بىر ئادەم، مەسىلەن: مەن الله تائالا ئۈچۈن بىر يىل روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش ۋەدىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىماستىن قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان شۇ ۋەدىسىنى ئورۇنلىشى لازىم. شۇنىڭدەك بىر ئادەم: ئەگەر الله تائالا كېسىلىمگە شىپالىق بەرسە، مەن الله تائالا ئۈچۈن بىر ئاي روزا تۇتىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ۋەدىنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ الله تائالا ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرگەن ۋاقتىدا، قىلغان شۇ ۋەدىسىنى ئورۇنلىشى لازىم. قىلىش ۋەدە قىلىنغان ئىش مەيلى روزا تۇتۇش بولسۇن مەيلى سەدىقە بېرىش بولسۇن مەيلى ناماز ئوقۇش بولسۇن مەيلى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بولسۇن مەيلى قۇل ئازات قىلىش بولسۇن مەيلى مېكىپ بېرىپ هەج قىلىش بولسۇن، ئۇنى ئورۇنلاش لازىم.

بىر ئىشنى قىلىشقا قىلغان ۋەدىنى، يۈز بېرىشنى خالايدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ئادەم، شۇ ئىش يۈز بەرگەندە قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىشى لازىم. مەسىلەن بىر ئادەم: ئەگەر الله تائالا

(1) «ئەلهىدايە»، 3 ـ توم، 231 ـ بەت.

كېسىلىمگە شىپالىق بەرسە ياكى يوقۇنى ئادەم پەيدا بولۇپ كەلسە، مەن مىڭ رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ قالغان ياكى ئۇ ئادەم پەيدا بولۇپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ مىڭ رەكەت نامازنى ئوقۇشى لازىمدۇر. ئەمما ئۇ ئادەم: بىر ئىشنى قىلىشقا قىلغان ۋەدىنى، يۈز بېرىشنى خالىمايدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم مەزكۇر ئىش يۈز بەرگەندە، قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىسمۇ بولىدۇ ياكى (ئۇ ئىشنى قىلماي) قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: ئەگەر مەن سەمەتكە گەپ قىلسام ياكى ھاراق ئىچسەم مەن بىر يىل روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن ئۇ ئادەم سەمەتكە گەپ قىلغان ياكى ھاراق ئىچكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم بىر يىل روزا تۇتىسىمۇ بولىدۇ ياكى (بىر يىل روزا تۇتماي) قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ.

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، ئىمام مۇھەممەدنىڭ كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغانلىرى بولسا، بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان ۋەدە مەيلى بىر ئادەمنىڭ: ئەگەر الله تائالا كېسىلىمگە شىپالىق بەرسە، مەن مىڭ رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، دېگىنىگە ئوخشاش يۈز بېرىشنى خالايدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان ۋەدە بولسۇن مەيلى بىر ئادەمنىڭ: ئەگەر مەن سەمەتكە گەپ قىلسام، ياكى بۇ قورۇغا كىرسەم، مەن بىر يىل روزا تۇتىمەن، دېگىنىگە ئوخشاش يۈز بېرىشنى خالىمايدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان بولسۇن مەزكۇر ئىش يۈزگەن ۋاقتىدا، ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىش لازىمدۇر، دېگەن ھۆكۈمدۇر. بۇ شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا <تەرسانىڭ ۋەدىسى> دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن بۇ ھۆكۈم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەپسىلات بويىچە بايان قىلىندى[1]. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قاراشقا ئۆلۈپ كېتىشتىن يەتتە كۈن ئىلگىرى كەلگەندۇر.

(1) يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان تەپسىلات، بىر ئادەم: بىر ئىشنى قىلىشقا قىلغان ۋەدىنى، يۈز بېرىشنى خالايدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ئاندىن شۇ ئىش يۈز بەرگەن بولسا، قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىش لازىم. ئەمما ئۇ ئادەم بىر ئىشنى قىلىشقا قىلغان ۋەدىنى، يۈز بېرىشنى خالىمايدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم مەزكۇر ئىش يۈز بەرگەندە قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىسمۇ بولىدۇ ياكى (ئۇ ئىشنى قىلماي) قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. ت.

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە: بۇ قاراشنىڭ ئەسلىدە ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ توغرا دەپ قوبۇل قىلىنغان قاراشتۇر. فىقھى ئىلمىنىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان كىتابلاردىمۇ مەزكۇر ھۆكۈم بۇ قاراش بويىچە ئېلىنغان. بۇ قاراشنى ھەم ئىمام شافئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ قوبۇل قىلىپ ئالغان.»[1]

ئەگەر بىر ئىشنى قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئادەم پاسىق ئادەم بولۇپ، ئۇ ۋەدىسىنى يامان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان بولسا، ئۇ ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ ئادەمنىڭ ۋەدە قىلغان شۇ ئىشنى قىلىشى لازىم. مەسىلەن ئۇ ئادەم خۇددى شائىرنىڭ:

ئەگەر مەن يوشۇرۇن ھالدا بېرىپ لەيلانى يوقلىمىسام، كەبىنى يالاڭ ئاياغلىق مېڭىپ بېرىپ زىيارەت قىلىش ئۇستۇمدىكى ۋەدىدۇر، دېگىنىگە ئوخشاش ياخشى بىر ئىشنى قىلىشنى يامان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان بولسا، باغلانغان ئىش قىلىش ھارام قىلىنغان ئىش بولسىمۇ، ئۇ ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىتدا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىش لازىم. چۈنكى ۋەدە قىلىنغان ئىش ياخشى ئىشتۇر. ئۇ ئادەم ئۇنى قىلىشنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان. شۇڭا باغلانغان ئىش مەيلى ياخشى ئىش بولسۇن مەيلى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش قىلىش ھارام قىلىنغان ئىش بولسۇن يۈز بەرگەن ۋاقىتدا، ۋەدە قىلىنغان ئىشنى قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى قىلىش ھارام قىلىنغان ئىشنى قىلىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە، قىلىش ۋەدە قىلىنغان ياخشى ئىش ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر مەن پۈكۈنى ئايال بىلەن زىنا قىلسام پۈكۈنى ئىشنى قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئادەمنىڭ ۋەدىسى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەمگە (شۇ ئايال بىلەن زىنا قىلىپ) ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىش بىلەن ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلماي قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەگەر باغلىغان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمىسا، ئۇنىڭ: <ئەگەر مەن پۈكۈنى ئايال بىلەن زىنا قىلسام، پۈكۈنى ئىشنى قىلىمەن> دېگەن سۆزى قەسەمنىڭ مەنىسىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 2 - توم، 69 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 69 - بەت.

# قىلىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلەپ تۇرۇپ قىلىشنى ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ ۋە قىلىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلىمەستىن قىلىشنى ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ بايانى

بىر ئادەم: (پۈتكۈنى ئاينى دەپ بەلگىلىمەستىن) مەن بىر ئاي ئارقىمۇ - ئارقا روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن روزا تۇتۇشنى باشلىغان ۋە روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن بولسىمۇ شۇ بىر ئاينىڭ ئىچىدە بىر كۈن روزا تۇتمىغان بولسا، ئۇ بۇ بىر ئاي روزىنى باشتىن باشلاپ قايتىدىن تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم روزىنى ئارقىمۇ - ئارقا تۇتىمەن، دىگەن سۆزىنى ئورۇندىمىغاندۇر. ئۇ ئادەم ئەگەر خالىسا بىر ئاي روزىنى، (ئىچىدە روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر يوق) بىر ئايدا تۇتالايتتى.

ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن پۈتكۈنى ئايدا روزا تۇتىمەن، دەپ مۇئەييەن بىر ئايدا روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان ۋە (مەيلى روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن بولسۇن مەيلى ئۆزىداق كۈن بولمىسۇن) شۇ بىر ئاينىڭ ئىچىدە بىرەر كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا، بۇ ھالدا پەقەت روزا تۇتالمىغان شۇ بىر كۈننىڭلا روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش روزىنى باشتىن باشلاپ قايتىدىن تۇتمايدۇ.

بىر ئادەم: مەن روزىنى ئارقىمۇ - ئارقا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ ئۇنى (بىر كۈن بولسىمۇ) كۈن ئاتىلىپ تۇتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: مەن روزىنى كۈن ئاتىلىپ تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ ئۇنى ئارقىمۇ - ئارقا تۇتقان بولسا، بۇھالدا ئۇ ئادەم ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەن الله تائالا ئۈچۈن خۇددى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش روزا تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ: <خۇددى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش> دىگەن سۆزىدىن تۇتماقچى بولغان روزىسىنىڭ خۇددى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش تۇتۇش زۆرۈر بولىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ۋەدە قىلىپ تۇتماقچى بولغان روزىنى كۈن ئاتىلىپ تۇتسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ: <خۇددى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش> دىگەن سۆزىدىن تۇتماقچى بولغان روزىسىنىڭ خۇددى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش ئارقىمۇ - ئارقا تۇتۇلىدىغان

روزا بولىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەدە قىلىپ تۇتماقچى بولغان روزىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ: <خۇددى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىغا ئوخشاش> دېگەن سۆزىنى قىلىشتىن ھېچقانداق بىر مەقستى بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇ ۋەدە قىلىپ تۇتماقچى بولغان روزىنى كۈن ئاتلىتىپ تۇتسىمۇ بولىدۇ.

بىر ئادەم: مەن پۇكۇنى يەردە ياكى پۇكۇنى چاغدا ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن ياكى ھەج قىلىمەن ياكى ناماز ئوقۇيمەن ياكى روزا تۇتىمەن ياكى ماۋۇ كۈمۈش ياكى ئالتۇن پۇلنى سەدىقە قىلىمەن ياكى سەدىقەمنى پۇكۇنى پېقىرغا بېرىمەن، دەپ (ھەممە ئىشنى) بەلگىلەپ تۇرۇپ ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە پەقەت ۋەدە قىلغان ئىشنىلا قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىشنى ئۇ ئادەم دېگەن بويىچە قىلىش كېرەك ئەمەس. (مەسىلەن ئۇ ئادەم: مەن پۇكۇنى يەردە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا ئۇ ئادەمگە نامازنى قەيەردە ئوقۇسا ئوقۇسۇن پەقەت ئىككى رەكەت نامازنىلا ئوقۇش لازىم بولىدۇ. ئەمما شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئوقۇش لازىم). چۈنكى بىر ئىشنى (قاچان قىلىش ياكى قەيەردە قىلىشنى) بەلگىلەشنىڭ ئۆزى ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا بىر ئىشنى (قاچان قىلىش ياكى قەيەردە قىلىشنى) بەلگىلەش ئۈچۈن ۋەدە قىلىشنىڭ ھېچقانداق كېرىكى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم: مەن جۈمە كۈنى مەككىدە پالانى ئادەمگە بۇ كۈمۈش پۇلنى سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن سەدىقىنى مەزكۇر ئىشلارنىڭ بەزىسىنى ياكى ھەممىسىنى جايىدا ئورۇنلىماي تۇرۇپ قىلغان بولسا، مەسىلەن: سەدىقىنى جۈمە كۈنى قىلماي باشقا بىر كۈنى قىلغان ياكى مەككىدە قىلماي باشقا بىر شەھەردە قىلغان ياكى سەدىقىنى باشقا بىر پېقىرغا بەرگەن ياكى سەدىقىنى باشقا بىر كۈندە، باشقا بىر شەھەردە ۋە باشقا بىر پېقىرغا بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ۋەدىدىن مەقسەت قىلىنغان ئىش بولسا، بەلگىلەش ئىشى ئەمەس پەقەت سەدىقە قىلىش ئىشىدۇر. شۇڭا بەلگىلەش ئىشى ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە پەقەت سەدىقە قىلىش ئىشىغىلا ئەمەل قىلىنىدۇ.

بىر ئادەم: مەسىلەن مەن رەجەب ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن مەزكۇر ئاي كېلىشتىن بۇرۇن 29 كۈن روزا تۇتقان ئاندىن رەجەب ئېيى كەلگەن ۋە بۇ ئاينىڭ كۈن سانى 29 كۈن بولغان بولسا، بۇ ھالدا

ئۈنىڭ بۇرۇن تۇتقان 29 كۈن روزىسى رەجەب ئېيىدا تۇتماقچى بولغان روزىسى ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ. ئەمما رەجەب ئېيىنىڭ كۈن سانى 30 كۈن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە پەقەت بىر كۈن روزا تۇتۇشلا لازىم بولىدۇ.

شۇنىڭدەك بىر ئادەم: مەن پۈكۈنى يىلى ھەج قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن ئۇ يىل كېلىشتىن بۇرۇن ھەج قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان ھېسابلىنىدۇ.

خۇددى پېقىرنى بەلگىلەش ئېتىبارغا ئېلىنمىغىنىدەك سەدىقە قىلىنىدىغان پېقىرلارنىڭ سانىنى بەلگىلەشمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: ئەگەر مەن قىزىمنى ئەرگە بىرەلىسەم، مال ـ مۈلكىمدىن مىڭ سوم پۇل چىقىرىپ بىر پېقىرغا بىر سومدىن سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن قىزىنى ئەرگە بەرگەن ۋە مىڭ سوم پۇل چىقىرىپ بىراقلا بىر مىسكىنگە سەدىقە قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان ۋە قىلغان ئىشى توغرا بولغان بولىدۇ.

ۋەدە قىلغاندا مەلۇم بىر نەرسىنى ئېلىشنى بەلگىلەشمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم: مەن ئون سوملۇق نان ئېلىپ سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئاندىن ئۇ ئون سومغا باشقا بىر نەرسە ئېلىپ سەدىقە قىلغان ياكى ئۇ ئون سومنىڭ ئۆزىنى سەدىقە قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە توغرا ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەدە قىلغاندا سەدىقە قىلىش ئۈچۈن كۈمۈش ياكى ئالتۇن پۇلنى ياكى پېقىرنى ياكى ئورۇننى بەلگىلەش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، دېگەن قائىدىنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر كىرمەيدۇ:

بىر ئادەم: مەن كۈمۈش ياكى ئالتۇن پۇللارنى سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ، سەدىقە قىلىش ئۈچۈن كۈمۈش ياكى ئالتۇن پۇللارنى بەلگىلىگەن ئاندىن بەلگىلەنگەن پۇل (ئوغۇر ئېلىۋالغانغا ياكى يۈتۈپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن) قولدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ۋەدىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. (يەنى ئۇ ۋەدىنى ئورۇنلىمىسىمۇ بولىدۇ).

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: مەن الله تائالا ئۈچۈن بۇ پېقىرغا مەسىلەن نان سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ ناننىڭ ئىسمىنى ئاتىغان، ئەمما ئۇ ناننىڭ قايسى نان ئىكەنلىكىنى بەلگىلىمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سەدىقىگە

بەرمەكچى بولغان نەرسىنى شۇ پېقىرنىڭ ئۆزىگە بېرىش لازىمدۇر ۋە (باشقا پېقىرغا بېرىش توغرا ئەمەس). چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ پېقىرغا نان بېرىشنى ۋەدە قىلدى، لېكىن ئۇ ناننىڭ قايسى نان ئىكەنلىكىنى بەلگىلىمىدى. شۇڭا بۇ هالدا سەدىقىگە بېرىلىدىغان نەرسە ئۇچۈن ئۇ پېقىرنىڭ ئۆزى بەلگىلىنىپ قالىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم: شەرىئەت ئۇستىگە ۋاجىپ قىلغان قۇربانلىق قىلىشتىن باشقا يەنە بىر قېتىم قۇربانلىق قىلىشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە شەرىئەت ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاجىپ قىلغان قۇربانلىقنى ۋە قىلىشقا ۋەدە قىلغان قۇربانلىقنى پەقەت ئېيت كۈنلىرىدىلا قىلىش لازىم بولىدۇ. (مەزكۇر قۇربانلىقلارنى ئېيت كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە قىلىش توغرا ئەمەس). شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەم: مەن هەرەمگە بىر قوي سوۋغا قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ بىر قوينى هەرەمدە ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى شۇ يەردە سەدىقە قىلىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش ۋە هەرەمگە قوي سوۋغا قىلىش دېگەن سۆزنىڭ هەر بىرى مۇئەييەن ۋە خۇسۇسىي بىر ئىشنىڭ ئىسمىدۇر. يەنى هەرەمگە قوي سوۋغا قىلىش دېگەن پەقەت هەرەمگىلا سوۋغا قىلىنغان نەرسىدۇر. قۇربانلىق قىلىش دېگەن پەقەت قۇربان ئېيت كۈنلىرىدىلا هايۋان ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر ئىشتۇر.

بىر كىشى بىر ئادەمنى: سەن بۇ پۇللارنى ئېلىپ بېرىپ خوتەننىڭ پېقىرلىرىغا سەدىقە قىلىپ بەرگىن، دەپ بۇيرۇغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ پۇللارنى ئېلىپ بېرىپ قەشقەرنىڭ پېقىرلىرىغا سەدىقە قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم پېقىرلارغا سەدىقە قىلىپ بەرگەن پۇللارنى پۇللارنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم پۇللارنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى. ئەمما بىر كىشى بىر ئادەمگە: مەن ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن سەن بۇ پۇللارنى ئېلىپ بېرىپ خوتەننىڭ پېقىرلىرىغا سەدىقە قىلىپ بەرگىن، دەپ ۋەسىيەت قىلىپ قويغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ پۇللارنى ئېلىپ بېرىپ قەشقەرنىڭ پېقىرلىرىغا سەدىقە قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى توغرا هېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئالدىنقى مەسىلىدە پۇللارنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەم ۋەكىل هېسابلىنىدۇ. ۋەكىل، ئۇنى ۋەكىللىككە تاللىغان كىشىنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلسا، ۋەكىل

بولغۇچى شۇ ئىشنى قىلىش جەريانىدا كەتكەن چىقىملارنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئىككىنچى مەسىلىدە پۇللارنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەم، بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمدۇر. بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم خۇددى ئۇنى تاللىغان ئادەمگە ئوخشاش (ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى خالىغانچە ئىجرا قىلىش) هوقۇقىغا ئىگىدۇر.

بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ۋەدىنى، شۇ ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئورۇنلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانغان ۋەدە، ۋەدە قىلىنغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس مەزكۇر ئىش يۈز بەرگەن ۋاقتىدا ۋەدە قىلىنغان هېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىغان ۋەدىنى ئورۇنلاشنى، شۇ ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كېچىكتۈرۈۋېتىش خۇددى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلانمىغان ۋەدىدە بولغىنىدەك ئۇنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، كۈمۈش پۇلنى (ئالتۇن پولغا) ئالماشتۇرۇش ۋە ياردەم بېرىلىدىغان پېقىرنى ئالماشتۇرۇش توغرىدۇر.

كېسەل بىر ئادەم: مەن الله تائالا ئۈچۈن روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلدىم، دېگەن ئاندىن كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە هېچقانداق بىر ئىش قىلىش لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم كېسەلدىن (ئەڭ ئاز بولغاندا) بىر كۈن ساقايغاندىن كېيىن (ئۆلۈپ كەتكەن) ۋە ئۇ بىر كۈندە روزا تۇتمىغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمگە، مىراسخورلىرىغا (ئۇلارنىڭ ئۇ بىر ئاي روزا ئۈچۈن پىدىيە بېرىشلىرىنى) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ساق يۈرگەن بىر كۈندە، روزا تۇتۇشنى ۋەدە قىلغان بىر ئاينىڭ (قايسى كۈنى بولسا بولسۇن) بىر كۈنىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشقا قادىر بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ساق يۈرگەن ئۇ بىر كۈندە روزا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن خۇددى بىر ئاينىڭ هەممە كۈنلىرىدە روزا تۇتالايدىغان ئادەمنىڭ ئورنىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا (پەقەت روزا تۇتالمىغان بىر كۈن ئۈچۈنلا پىدىيە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىش ئەمەس) بىر ئاينىڭ هەممىسى ئۈچۈن (پىدىيە بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىش) لازىمدۇر.

بىر ئادەم: مەن الله تائالا ئۈچۈن بىر كالا بوغۇزلاپ ئۇنىڭ گۆشلىرىنى سەدىقە قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەتتە قوي ئۆلتۈرۈپ (ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى سەدىقە قىلغان) بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا بولغان بولىدۇ.

# ئۆلگەن كىشىلەرگە ئاتاپ بىر نەرسە بېرىشكە قىلىنغان ۋەدىنىڭ بايانى

<ئەلهۆدىيەتۇل ئەلائىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: بىلىڭلاركى، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلگەنلەرگە قىلىنىدىغان نەزىر، الله تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىگە (يەنى ئەۋلىيالارغا) يېقىنچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن، ئى خوجىمىز پالانى! ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن پالانى كىشى (ئۆيگە) قايتىپ كەلسە ياكى مېنىڭ كېسىلىم ساقىيىپ قالسا ياكى مېنىڭ هاجەتلىرىم راۋا قىلىنسا، ساڭا مۇنچىلىك ئالتۇن ياكى كۈمۈش ياكى ئىسسىرىقدان ياكى ياغ بېرىشكە ئاتىدىم، دېگەنگە ئوخشاش مەقسەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە پۇلغا، ئىسسىرىقدانغا ۋە ياغقا ئوخشاش بىرەر نەرسە قويۇپ قويۇش توغرا ئەمەستۇر. بۇنداق قىلىش هارامدۇر. چۈنكى بۇ، بىر مەخلۇق ئۈچۈن قىلىنغان نەزىر هېسابلىنىدۇ. نەزىرنى مەخلۇق ئۈچۈن قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى نەزىر قىلىش بىر ئىبادەت هېسابلىنىدۇ. ئىبادەت بولسا مەخلۇق ئۈچۈن ئەمەس پەقەت الله تائالا ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ.

يەنە كېلىپ مەزكۇر نەرسىلەر ئاتالغان تەرەپ بىر ئۆلگەن ئادەمدۇر. ئۆلگەن ئادەم (پايدا ـ زىيانغا) ئىگە بولالمايدۇ ۋە بىرەر ئىشنى قىلىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم: ئى الله! ئەگەر سەن كېسىلىمگە شىپالىق بەرسەڭ ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادىمىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ ياكى هاجەتلىرىمنى راۋا قىلىپ بەرسەڭ، مەن ساڭا (مەسىلەن) يەهيا ئەلەيهىسسالامنىڭ (قەبرىسىنىڭ) ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرىدىغان پېقىرلارغا ياكى خوجىمىز پۈكۈننىڭ (قەبرىسىنىڭ) ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرىدىغان پېقىرلارغا تاماق بېرىشكە ياكى ئۇ خوجىمىزنىڭ مەسچىتىگە بورا، گىلەم ئېلىپ سېلىپ قويۇشقا ياكى ئۇنىڭ مەسچىتىنىڭ چىراغلىرىغا ياغ ئېلىپ بېرىشكە ياكى مەسچىتنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلارغا پۇل بېرىشكە ۋەدە قىلىمەن، دېگەنگە ئوخشاش، نەزىرنى پېقىرلاغا پايدىسى تېگىدىغان بىر شەكىلدە قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان بۇ ئىشى هارام ئىش هېسابلانمايدۇ. بۇ هالدا نەزىر الله تائالا ئۈچۈن قىلىنغان بولىدۇ. ئەمما خوجىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ بېرىش ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەرنى شۇ خوجىغا ئالاقىسى بار پېقىرلارغا ياكى ئۇنىڭ

مەسچىتتىگە قارىتىش ئۈچۈنلىدۇر. بۇ مەسىلە بۇ ئېتىبارى بىلەن توغرا بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

پېقىرلارغا بېرىشكە ئاتىغان نەرسىلەرنى باي ئادەمگە ياكى پېقىر ئەمەس خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ياكى پېقىر ئەمەس ئالىم كىشىلەرگە بېرىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنى خوجىنىڭ پېقىر ئەمەس ياكى پېقىر خوتۇن - بالىۋاقىلىرى يوق خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېلىشىمۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر خوجىنىڭ خىزمەتچىلىرى پېقىر بولسا ياكى ئۇلارنىڭ پېقىر خوتۇن - بالىۋاقىلىرى بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ پېقىرلارغا ئاتالغان مەزكۇر نەرسىلەرنى بىر سەدىقە ئورنىدا ئېلىشى توغرا بولىدۇ. مەزكۇر نەرسىلەرنى بۇلاردىن باشقا پېقىرلارغىمۇ بېرىش توغرىدۇر.

پېقىرلارغا بېرىشكە ئاتالغان نەرسە پۇلغا ئوخشاش بىر پېقىرغا بېرىشكە بولىدىغان نەرسە بولۇش لازىمدۇر. ئەمما بىر ئادەم خوجىنىڭ قەبرىسىگە ياكى ئۇنىڭ مۇنارىدا ياندۇرۇپ قويىدىغان چىراغقا ياغ ئېلىپ بېرىشنى ياكى ئۇنىڭ مۇنارىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەپ بىر نەرسە ئوقۇشنى ۋەدە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى توغرا ئەمەستۇر.

ئەگەر بىر ئادەم: مەن الله تائالا ئۈچۈن مۇنداق بىر ئىشنى قىلىشنى ۋەدە قىلدىم، دەپ ئارقىسىدىن <الله خالىسا> دېگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئۇ ۋەدىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك قەسەمدىن كېيىندىن <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى قىلىش، قەسەمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.[1] بۇ ئەگەر <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى ئېغىزىدا قىلغان ۋە ۋەدە قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆز <مەن مۇنداق بىر ئىشنى قىلىمەن ياكى قىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش> خەۋەر ئۇسلۇبى بىلەن بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى ئېغىزىدا ئەمەس دىلىدا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ سۆزنى دېيىش ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەيدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا روزىنىڭ بابىدا، روزا تۇتۇۋاتقان بىر ئادەم روزىسىنى بۇزۇۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى تاكى ئېغىزىغا بىر نەرسە سالمىغۇچە پەقەت روزىسىنى بۇزۇۋېتىشنى نىيەت قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەنلا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دەپ

(1) «ئەلھىدايەتۇل ئەلائىيە».

بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنىڭدەك يەنە ۋەدە قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆز، پالانىغا بىر نەرسە ساتمىغىن <الله خالىسا>، دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىشتىن چەكلەش ئۇسلۇبى بىلەن ياكى مەن ئۆلگەندىن كېيىن قۇلۇمنى ئازات قىلىۋەتكىن <الله خالىسا> ياكى قۇلۇمنى ساتقىن <الله خالىسا> دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىشقا بۇيرۇش ئۇسلۇبى بىلەن بولماسلىق لازىم. ئەگەر ۋەدە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆز مەزكۇر ئۇسلۇبلار بىلەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ سۆزلەرنىڭ ئارقىسىدىن <الله خالىسا> دېگەن سۆزنى دېيىش، ئۇ سۆزلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۋەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇلنى سېتىشكە ياكى ئۇنى ئازات قىلىۋېتىشقا بۇيرۇلغان ئادەم، قۇلنى ساتسا ياكى ئۇنى ئازات قىلىۋەتسە بولىدۇ.

## ۋەقپە قىلىنغان ماللارنىڭ بايانى

### <ۋەقپە> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا

<ۋەقپە> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن توختىتىپ قويۇش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<ۋەقپە> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى الله تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ هۆكمىدە توختۇتۇپ قويۇپ ئۇ نەرسىدىن كەلگەن مەنپەئەتلەرنى سەدىقە قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇهەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ <ۋەقپە> دېگەن سۆزگە بەرگەن ئوقۇمىدۇر. ھەمدە بۇ، هەنەفىي مەزهەپىدە كۈچلۈك دەپ قارالغان ئوقۇمدۇر. بىز الله تائالا خالىسا بۇ هەقتە ئۆز ئورنىدا توختۇلۇپ ئۆتۈمىز. بۇ هەقتە پەتىۋا هەم مۇشۇ ئوقۇم بويىچە بېرىلىدۇ.

ئەمما ئىمام ئەبۇهەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ۋەقپە> دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇمىنى: بۇ بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى، ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا توختۇتۇپ قويۇپ ئۇ نەرسىدىن كەلگەن مەنپەئەتلەرنى سەدىقە قىلىشتۇر، دەپ بايان قىلدى.

ۋەقپە قىلىنىدىغان مال، شەرىئەت ھۆكمىدە مال دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ماللاردىن بولۇشى لازىم. يەنە كېلىپ بۇ ماللارنىڭ (زېمىنغا ۋە ئۆيگە ئوخشاش ئۇ يەردىن بۇ يەرگە) يۆتكۆلمەيدىغان نەرسە بولۇشى ياكى يۆتكۆلىدىغان نەرسە بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مۇئامىلە قىلىدىغان نەرسىلەر بولۇشى شەرتتۇر.

ۋەقپە قىلىنغان مالنىڭ توغرا بىر شەكىلدە ۋەقپە قىلىنغان بولۇشى ئۈچۈن مال - مۈلۈكنى ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا: مېنىڭ بۇ زېمىنىم الله نىڭ يولىدا پېقىرلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ۋەقپە قىلىنغان بولسۇن ياكى مېنىڭ بۇ زېمىنىم الله تائالا ئۈچۈن ياكى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىلىش ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان بولسۇن، دېگەنگە ئوخشاش خۇسۇسىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشى لازىمدۇر.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مال - مۈلۈكنى ۋەقپە قىلماقچى بولغاندا: «بۇ الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپىدۇر، دېيىشلا يېتەرلىك بولىدۇ» دېدى. ھاكىم شەھىدىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىز پەتىۋانى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسەن بېرىمىز. چۈنكى ئۆرپ - ئادەتتە (مال - مۈلۈكنى ۋەقپە قىلماقچى بولغان ئادەم) مال - مۈلكىنى شۇنداق دېيىش بىلەن ۋەقپە قىلىدۇ» دېدى.

خۇددى باشقا ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەمدەك مال - مۈلكىنى ۋەقپە قىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ ھۆر، ئەقلى - ھوشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى شەرتتۇر. يەنە كېلىپ ۋەقپە قىلىنغان مال - مۈلۈك، ئۇ ئادەم بۇ مال - مۈلۈككە شەرتىگە توشمىغان يول بىلەن ئىگە بولغان بولسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ مال - مۈلۈكنى ۋەقپە قىلماقچى بولغان ۋاقتىدا، ئۇ مالنىڭ پۈتۈنلەي ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى ۋە ئۇ ئادەم ئۇ مال - مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەنگەن كىشى بولماسلىقى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم باشقىلاردىن ناھەق ئېلىۋالغان بىر يەرنى ۋەقپە قىلغان بولسا، بۇ ۋەقپە قىلىش توغرا قىلىنغان ۋەقپە ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ۋەقپە قىلىپ بولغاندىن كېيىن سېتىۋېلىش ياكى كېلىشىم ئارقىلىق ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى ۋەقپە قىلىشى توغرا بولغان ھېسابلانمايدۇ. (چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ يەر پۈتۈنلەي ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئەمەس ئىدى).

بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىككىنچى بىر ئادەم ۋەقپە قىلىپ قويغان ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى ئىككىنچى ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىغا قوشۇلغان بولسا، ئىككىنچى ئادەمنىڭ قىلغان شۇ ۋەقپىسى توغرا ۋەقپە ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر نەرسىنى شەرتكە توشمىغان (يەنى پاسىد) يول بىلەن سېتىپ ئېلىپ، ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ۋەقپە قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان بۇ ۋەقپىسى توغرا ۋەقپە ھېسابلىنىدۇ[1]. ئۇ ئادەم (ئۇ مال ـ مۈلۈكنى سېتىۋالغاندا، ئۇنىڭ پۇلىنى بەرمىگەن بولسا)، ئۇنىڭ پۇلىنى ساتقۇچىغا بېرىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە شەرتكە توشمىغان يول بىلەن سوۋغا قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنىمۇ ۋەقپە قىلىش توغرىدۇر.

ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە، مەيلى قوشنىدارچىلىق سەۋەبى بىلەن بولسۇن مەيلى باشقا سەۋەب بىلەن بولسۇن باشقا بىرسىنىڭ ھەققى قېتىلىپ قالغان بولسا، ئۇ نەرسە يەر بولۇپ ئۇ يەرگە مەسچىت سېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلىش ئىشى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسى قەرزلىرىگە ئاران چىقىشىدىغان كېسەل ئادەمنىڭمۇ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىشى كۈچگە ئىگە ئەمەس. ئەمما مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسى قەرزلىرىگە ئاران چىقىشىدىغان ئادەم كېسەل ئەمەس ساق ئادەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىشى كۈچگە ئىگە بولىدۇ.[2]

## مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن يولغا قويۇلغان ۋە تونۇلغان بىر ئىشتۇر. بۇ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە تونۇلمىغان ۋە يوق بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكتى ئەنەس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ دېگەن بۇ سۆزىدۇر: ئەبۇتەلھە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەدىنىدىكى

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم تېخى تۇتمىغان سۇنىڭ ئىچىدىكى بېلىقنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇنىڭ بېلىقنى بۇ شەكىلدە سېتىپ ئېلىشى بىر نەرسىنى شەرتكە توشمىغان يول بىلەن سېتىپ ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 359 ـ بەت.

ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە مال ـ دۇنياسى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى. ئەبۇتەلھە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئىچىدىن <بەيرىھا> دېگەن بېغىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. الله تائالانىڭ: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر» دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ئەبۇتەلھە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شەكسىز الله تائالا: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر» دەيدۇ. ھەقىقەتەن ماڭا مال ـ مۈلۈكلىرىمنىڭ ئىچىدە <بەيرىھا> دېگەن بېغىم بەك ياخشى كۆرۈلىدۇ، (ئۇ باغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدە سايىدايتتى ۋە ئۇنىڭ تاتلىق سۇلىرىدىن ئىچەتتى). ئۇ الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا سەدىقە بولسۇن، مەن ئۇنىڭ ساۋابىنى الله تائالادىن ئۈمىد قىلىمەن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنى الله تائالا ساڭا كۆرسەتكىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاھ، بۇ پايدىلىق مال بولدى، (يەنى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابى كۆپ مال بولدى). بىز سېنىڭ بۇ سەدىقەڭنى قوبۇل قىلدۇق ۋە ئۇنى ساڭا (قايتا) تاپشۇردۇق، سەن ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلغىن» دېدى. كېيىن ئەبۇتەلھە ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سەدىقە قىلىپ بۆلۈپ بەردى. باغ سەدىقە قىلىنىپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ھەسسان قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ھەسسان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە ساتتى. (باشقىلار) مۇئاۋىيەگە: سەن (ھەسساندىن سېتىپ ئالغان) ئەبۇتەلھەنىڭ سەدىقە قىلىۋاتقان بېغىنى ساتامسەن؟ دېدى. مۇئاۋىيە: مەن ئۇ باغنىڭ بىر كەمچە خورمىسىنى بىر كەمچە پۇلغىمۇ ساتمايمەن، دېدى. ئۇ باغ مۇئاۋىيە سالدۇرغان ھۇدەيلە جەمەتىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنىدىدۇر.[1]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەنەسنىڭ: <ھەسسان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە ساتتى> دېگەن سۆزى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۇلارغا باغنى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

ۋەقپە شەكلىدە ئەمەس پۇتۇنلەي ئىگە قىلىپ بەرگەن شەكلىدە سەدىقە قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەبۇتەلھە ئەگەر ئۇلارغا باغنى، ۋەقپە شەكلىدە سەدىقە قىلىۋەتكەن بولسا، ھەسساننىڭ باغدىن ئۆزىگە تەگكەن نېسۋىسىنى سېتىشى توغرا بولمىغان بولاتتى. شۇڭا ئەبۇتەلھەنىڭ بۇ قىسسىسى، بۇ قىسسىنى مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش ئىشىنىڭ مەسىلىلىرىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەنلەرگە ئېنىق دەلىل بولالمايدۇ. بۇ قىسسە ئۇنى مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش ئىشىنىڭ مەسىلىلىرىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەنلەرگە ئېنىق دەلىل بولالمايدۇ، دېگەن سۆزگە ئەلى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە ۋە باشقىلارغا ئوخشاش بىر قىسىم ئالىملار: ئەبۇتەلھە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) باغنى ۋەقپە قىلىپ ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن (باغدىن ئۆزىگە تەگكەن) نېسۋىسىنى سېتىشقا ئېھتىياجى بارلارنىڭ ئۇنى ساتىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن جاۋابنى بەردى.»[1]

بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە <سەمغە> دەپ ئاتىلىدىغان خورما دەرىخى سەدىقە قىلىپ بېرىلدى، ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەن بىر مال ـ مۈلۈككە ئېرىشتىمكى، ئۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل مال ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى سەدىقە قىلاي داۋاتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئۇ خورما دەرىخىنى، ئۇنىڭ تۈپى سېتىلمايدىغان، باشقىلارغا سوۋغا قىلىنمايدىغان ۋە مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدىغان، لېكىن ئۇنىڭ خورمۇلىرى (ھەقلىق يەرلەرگە) چىقىم قىلىنىدىغان قىلىپ سەدىقە قىلغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنى (شۇ شەكىلدە) سەدىقە قىلدى. ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنى سەدىقە قىلغاندا، بۇ اللہ تائالانىڭ يولى، قۇللارنى ئازات قىلىش، پېقىرلار، مېھمانلار، يولى قالمىغان ياقا ـ يۇرتلۇقلار ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار ئۈچۈن سەدىقىدۇر. بۇنىڭغا (پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن) ئىگە بولغان

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 388 ـ بەت.

ئادەم قائىدە بويىچە بۇنىڭ خورمىلىرىدىن يېسە ياكى باشقا بىرسىگە (ئۇنىڭغا خورمىلارنى) ئىگە قىلىپ بەرمىگەن ھالەتتە يېگۈزسە بولىدۇ، دېدى.[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەيبەردىن بىر پارچە يەرگە ئېرىشكەن ئىدى. كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن بىر پارچە يەرگە ئېرىشتىم، مەن بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئېسىل مالغا ئېرىشمىگەنمەن، سەن مېنى بۇ مالنى قانداق قىلىشمغا بۇيرۇيسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خالىساڭ، ئەسلىسىنى تۇتۇپ قېلىپ (ئۇنىڭ) پايدىسىنى (اللّٰه تائالانىڭ يولىدا) سەدىقە قىلغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ يەرنى، ئۇنىڭ تېگى سېتىلمايدىغان، باشقىلارغا سوۋغا قىلىنمايدىغان ۋە مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدىغان قىلىپ پېقىرلارغا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، اللّٰه تائالانىڭ يوللىرىغا، مېھمانلارغا ۋە يولى قالمىغان ياقا ـ يۇرتلۇقلارغا سەرپ قىلىپ بېرىش ئۈچۈن سەدىقە قىلدى ۋە بۇنىڭغا (پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن) ئىگە بولغان ئادەم ئادەتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭ خورمىلىرىدىن يېسە ياكى باشقا بىرسىگە (ئۇنىڭغا خورمىلارنى) ئىگە قىلىپ بەرمىگەن ھالەتتە يېگۈزسە بولىدۇ، دېدى.[2]

ئەبۇھۇرەيرە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچ خىل ئىشىدىن باشقا ھەممە ئىشى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. (ئۇ ئۈچ خىل ئىش بولسا): بىرىنچى (مەسچىت ۋە دىني مەكتەپ سېلىپ قويغانغا ئوخشاش) ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە، ئىككىنچى مەنپەئەت قىلىدىغان ئىلىم، ئۈچىنچى دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا تەربىيلەپ قويۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.»[3] بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى خۇددى ئالىملار دېگەنگە ئوخشاش: بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ۋە مەزكۇر ئۈچ ئىشتىن باشقا ئۇ ئادەمنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخاري رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ساۋابىنىڭ يېتىپ تۇرۇشى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمگە پەقەت مەزكۇر ئۈچ ئىشنىڭلا ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم مەزكۇر ئۈچ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەبچى بولغاندۇر. مەسىلەن: بالا ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەندۇر. شۇنىڭدەك ئىلىممۇ ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىلمىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇشى بىلەن ياكى كىتاب يېزىپ قالدۇرۇپ كېتىشى بىلەن مىراس بولۇپ قالغاندۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش (مەسچىت ۋە دىنىي مەكتەپ سېلىپ قويغانغا ئوخشاش) ساۋابى يېتىپ تۇرۇدىغان سەدىقىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققاندۇر.

مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىگە ھەممە ئالىملار بىرلىككە كەلگەندۇر.

## مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىشنىڭ يولغا قويۇلىشنىڭ ھېكمىتى

مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىپ قويۇش ئەسىرلەر بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ياخشى بىر خىسلەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا چوڭ رول ئويناپ كەلدى. مەسىلەن: مۇشۇ يول ئارقىلىق توپلانغان مال ـ مۈلۈك بىلەن يېتىملارغا ۋە (خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى يوق) ئاجىز كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈدىغان مەركەزلەر ۋە ئورۇنلار قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك يەنە مۇشۇ يول بىلەن كەلگەن مال ـ مۈلۈكنى توپلايدىغان ئۇرۇنلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالدى. ياشلارنىڭ ئىلىم ئېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا پىكرىي ۋە ئىلمىي ھاياتنىڭ جانلىنىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئاخىرقى يىللاردا ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇشۇ يول بىلەن كەلگەن مال ـ مۈلۈكنى توپلايدىغان ئورۇنلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ شۇنداق ئورۇنلارنى تاقىۋېتىشكە، ئۇنىڭ رولىنى بىكار قىلىۋېتىشكە ۋە ئىسلام جەمىيىتىنى ئۇنىڭ ئېسىل مېۋىلىرىدىن ۋە ئوينىغان كاتتا روللىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشقا تىرىشتى ۋە تىرىشىۋاتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە شۇنداق ئورۇنلارنىڭ مەسچىت سېلىشتا، مەسچىتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشتە ۋە مەسچىتلەرگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ

بېرىشتە ئوينىغان رولىمۇ ناھايىتى چوڭدۇر. ئىماملارغا، (جۈمە كۈنىدە) خۇتبە ئوقۇپ تەشۋىق قىلىدىغانلارغا، (مەسچىتلەرنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان ئويلەردە ۋە دىنىي مەكتەپلەردە يېتىپ) ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئۇستازلارغا تەمىنات بېرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورۇن، (مۇشۇ يول بىلەن كەلگەن مال ـ مۈلۈكنى) توپلايدىغان ئورۇنلاردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مەسچىتلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقى ۋە ئوينايدىغانلىقى (ھېچكىمگە) مەخپىي ئەمەستۇر. ئىسلام مەدىنىيىتى (دۇنياغا) مەسچىتلەر ئارقىلىق تارقالغاندۇر. ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ ئىززىتى، كۈچى ۋە داۋام قىلىشى مەسچىتلەرنىڭ ئىززىتىگە، كۈچىگە ۋە داۋام قىلىشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ھەر قانداق بىر مەسچىت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى، مەسچىتكە كۆڭۈل بۆلۈدىغان ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدىغان (ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى توپلايدىغان) بىر ئورۇنسىز ئادا قىلالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار (ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنى) توپلايدىغان ئورۇنلارغا قاتتىق ئەھمىيەت بەردى. فىقھشۇناسلار بولسا، فىقھى كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر بۆلۈم ئايرىپ بۇ بۆلۈمدە مەزكۇر ئورۇنلارغا ئالاقىدار پۈتۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئورونغا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدىغان بۇ بۆلۈم فىقھى كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كەڭ ۋە قائىدە ۋە مەسىلە جەھەتتىن ئەڭ باي بىر بۆلۈمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختىلىمىز.

## مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلار شەرتتۇر:

1 ـ مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلماقچى بولغاندا، ئۇ مال ۋەقپە قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ تولۇق ئىگىدارچىلىقىدىكى مال بولۇشى لازىم.

2 ـ الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈك چەك ـ چېگرىسى مەلۇم بولغان مال بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم: مەن يېرىمدىن

مۈنچىلىك يەرنى اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلدىم، دېگەن ۋە ئۇ يەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشى توغرا بولمىغان بولىدۇ.

3 ـ مال ـ مۈلۈكنى اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىش ئىشى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىنىدىغان شەكىلدە بولۇشى لازىم. مال ـ مۈلۈكنى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە باغلاپ تۇرۇپ ياكى ۋاقىتلىق ۋەقپە قىلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن بىر ئادەم: مەن قورايىمنى (پۈكۈنى ئىش يۈزگەندە) ياكى بىر كۈنلۈك ۋە يا بىر ئايلىق ۋەقپە قىلىپ قويدۇم دېسە، بۇ توغرا بولمىغان ۋەقپە ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ مال ـ مۈلۈكنى اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىش ئىشى ئەسلىدە بىر ياخشى ئىش بولۇشى لازىم.

5 ـ اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلىدىغان بىر ياخشى ئىش ئۈچۈن بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈك مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: مال ـ مۈلۈك ياكى پېقىرلارغىلا ئاتاپ ۋەقپە قىلىنىدۇ ياكى بايلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن پېقىرلارغا بېرىلىش ئۈچۈن بايلارغا ۋەقپە قىلىنىدۇ، ياكى (يولۇچىلار چۈشۈپ قونۇپ كېتىدىغان) ياتاق، قەبرىستانلىق، (تۆگىغا ئوخشاش سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان) قاچا، كۆرۈك ۋە مەسچىتلەرگە ئوخشاش باي ۋە ھەم پېقىر ئادەملەرمۇ تەڭ پايدىلىنىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنىدۇ.[1] مال ـ مۈلۈكنى يېتىملەرگە، ياشىنىپ قالغان ئاجىز كىشىلەرگە ۋە كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان ئادەملەرگە ئاتاش توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك مال ـ مۈلۈكنى پېقىر قارىلار، پېقىر فىقھشۇناسلار ۋە پېقىر ھەدىسشۇناسلارغىمۇ ئاتاپ ۋەقپە قىلىش توغرىدۇر.

6 ـ مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىدىغان ئادەمنىڭ ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ۋە تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەنمىگەن ئادەم بولۇشى شەرتتۇر. مال ـ مۈلكنى ۋەقپە قىلىدىغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان پېقىرلارغا ۋەقپە قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن مال ـ مۈلكنى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 396 ـ بەت.

ئۆزىنىڭ بالىسىغا ۋەقپە قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ۋەقپىسى توغرا بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىشى، ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىپ قويغان ئىشىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان ئاندىن (الله تائالاغا سېغىنىپ بۇنداق قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن) ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىپ قويۇشى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئىسلامدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن شۇ ھالىتىدە تۇرۇپ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشى بۇيىچە: ئەگەر كېيىن ئىسلامغا تەكرار قايتقان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ۋەقپىسى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى ئۇنىڭ كاپىر دۆلەتكە قېتىلىپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ۋەقپىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمدىنمۇ خۇددى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا يېنىۋالغان ئادەملەردىن توغرا دەپ قوبۇل قىلىنغان ئىشلار توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئايالنىڭ قىلغان ۋەقپىسى توغرا بولىدۇ. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىدە ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئايال ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

قىسقىسى: الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال بالىسىغا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا، مەلۇم بىر ئادەمگە بېرىلگىنىگە ئوخشاش (مېلىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم تەرىپىدىن) تونۇلىدىغان ئادەملەرگە قىلىنىشى ياكى مەسچىت سېلىش، كۆرۈك سېلىش، كىتاب ۋە قۇرئان سېتىپ ئېلىش، قەبرىستانلىق قىلىپ قويۇش، (تۇغقا ئوخشاش سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان) قاچا تەييارلاپ قويۇش ۋە الله تائالانىڭ يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگىنىگە ئوخشاش ياخشى يەرلەرگە قىلىنىشى لازىم. الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنىدىغان مال ـ مۈلۈك مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن نامەلۇم ئادەمگە بېرىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش ياكى ئۇ مالنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئىگە قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنى خۇددى سودا ـ سېتىق ۋە (بىر نەرسىنى) ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش نامەلۇم ئادەمگە بېرىشمۇ توغرا ئەمەس.

الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنى ئوتپەرەسلەرنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋە چىركاۋلارنى سېلىشقا، تەۋرات ۋە ئىنجىل كىتابلىرىنى سېتىپ ـ ئېلىشقا ئوخشاش يامان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئىشلاردۇر. چۈنكى ئوتپەرەسلەرنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، چىركاۋلار كاپىرلار ئۈچۈن سېلىنىدۇ. ئەمما تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش كىتابلارغا كەلسەك، بۇلار ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن ۋە ھۆكۈملىرى ئەمەلدىن قالغان كىتابلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قولىدا تەۋراتنىڭ بەزى يەرلىرى يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئۆمەرگە ئاچچىغلاپ كەتكەنىدى. ئەگەر تەۋرات (ئوقۇش ياكى ئۇنى سېتىپ ـ ئېلىش) يامان بىر ئىش بولمايدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە ئاچچىغلىمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەرنى مەزكۇر ئورۇنلارنىڭ چىراغلىرىغا ياغ ۋە ئۇ يەرلەرگە گىلەم ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇ يەرلەردە خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇ يەرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇدىغان ئادەملەرگە بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ۋەقپە مالنى بۇ ئىشلار ئۈچۈن بېرىش مەزكۇر ئورۇنلارنى ئۇلۇغلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

خۇددى مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋە چىركاۋلارنى سېلىش، تەۋرات ۋە ئىنجىل كىتابلىرىنى سېتىپ ـ ئېلىش ئۈچۈن ۋەقپە قىلىپ بېرىشى توغرا بولمىغىنىدەك (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ۋە چىركاۋلىرىنى سېلىش، تەۋرات ۋە ئىنجىل كىتابلىرىنى سېتىپ ـ ئېلىش ۋە راھىبلىرىغا بېرىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىپ بېرىشىمۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بىز ئىمام شافىئىينىڭ بۇ قارىشىغا قارشى تۇرغان بىرەر ئادەمنىمۇ بىلمەيمىز. چۈنكى خۇددى مال ـ مۈلۈكنى نامەلۇم بىر ئادەمگە ۋەقپە قىلىپ بېرىشكە ئوخشاش، مۇسۇلمان بىر ئادەم مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىپ بېرىش توغرا بولمىغان يەرلەرگە (مۇسۇلمانلار

بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي ياكى خرىستىيان ئادەمنىڭمۇ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە مال ـ مۈلۈكنى الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشتىكى ئەسلى قائىدە مۇنداق: مۇسۇلمانلارنىڭ، (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ساۋابلىق ياخشى ئىش، دەپ قارالغان ئىشلار ئۈچۈن (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي، ياكى خرىستىيان بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىشى توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىينىڭ، ياكى خرىستىياننىڭ ئۆز يەرلىرىنى ياكى قورۇسىنى (پەلەستىندىكى) قۇدۇس شەھرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەقپە قىلىپ بېرىشى ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز يەرلىرىنى ياكى قورۇسىنى ئەڭ ئاخىردا پېقىرلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بالىۋاقىلىرىغا ياكى ئوغلىنىڭ بالىۋاقىلىرىغا، ياكى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئەۋلادلارغا ۋەقپە قىلىپ بېرىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەمنىڭ: مەن بۇ زېمىنىمنى پەقەت (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي، ياكى خرىستىيانلارنىڭ پېقىرلىرىغا ياكى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا، ياكى مەيلى يەھۇدىيلەرنىڭ ياكى خرىستىيانلارنىڭ پېقىرلىرى بولسۇن مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بولسۇن پۈتۈن پېقىرلارغا ۋەقپە قىلىپ بەردىم، دەپ ۋەقپە قىلىشىمۇ توغرىدۇر. (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي، ياكى خرىستىيان بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇ شەكىلدە ۋەقپە قىلىپ بېرىشى توغرا بولىدۇ. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىيلەرنىڭ ياكى خرىستىيانلارنىڭ پېقىرلىرىغا سەدىقە بېرىش ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىغا زاكات ۋە ئۆشرە ـ سەدىقەلەردىن باشقا نەپلە سەدىقەلەرنى بېرىش توغرىدۇر.

(مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىيلەر، ياكى خرىستىيانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ساۋابلىق ياخشى ئىش، دەپ قارالغان ئىشلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ياخشى ئىش ھېسابلانمىسا، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ساۋابلىق ياخشى ئىش، دەپ قارالغان ئىشلار ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا ساۋابلىق ياخشى ئىش ھېسابلانمىسا، بۇ ئىشلار ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ

قورۇسىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان يېرىگە ياكى چىركاۋغا ياكى ئوتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان يېرىگە ئايلاندۇرۇشى ياكى زېمىنىنى ياكى قورۇسىنى ياكى (زېمىنى ياكى قورۇسىنى ئىجارىگە قويۇپ) ئىجارىدىن كەلگەن پۇللارنى ئوتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، چىركاۋلار، ياكى ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار ئۈچۈن ۋەقپە قىلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. (چۈنكى بۇ ئىشلار يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ قارىشىدا ياخشى ئىش، دەپ قارالسىمۇ لېكىن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەمنىڭ زېمىنىنى ياكى قورۇسىنى، ياكى (زېمىنى ياكى قورۇسىنى ئىجارىگە قويۇپ) ئىجارىدىن كەلگەن پۇللارنى ئۆزىنىڭ ھەر يىلى ھەج قىلىپ كېلىشىگە ئىشلىتىشى ئۈچۈن ۋەقپە قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەج، (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا كېلىشىم بار) يەھۇدىي، ياكى خرىستىيانىنىڭ اللہ تائالاغا يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئىبادەتلەردىن ئەمەستۇر.[1]

## مال ـ مۈلۈكنى اللہ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشنىڭ ھۆكمى

اللہ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ اللہ تائالانىڭ ھېچقانداق بىر ئادەممۇ شېرىك بولمايدىغان ئىگىدارچىلىقىغا كىرىشتۇر. بىر نەرسە ۋەقپە قىلىنىشى بىلەنلا ئۇ نەرسە اللہ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشى، ياكى ئۇنى مىراسخورلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدە كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراشتۇر. پەتىۋا ھەم بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: بىر نەرسە ۋەقپە قىلىنىشى بىلەنلا ئۇ نەرسە اللہ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئۇنى ۋەقپە

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 13 ـ توم، 190 ـ بەت.

قىلغانلىقىدىن يېنىۋالسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ۋەقپە قىلىنغان بىر نەرسە، ياكى قازىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ۋەقپە قىلىنغانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىشتىن ياكى ئۇ نەرسە (ياخشى يەرلەرگە ئىشلىتىلىش ئۈچۈن) ۋەسىيەت شەكلىدە (ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ قولىدىن) چىقىرىلىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرى بىلەن اللّٰه تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ۋەقپە قىلىنغان بىر نەرسە، مەزكۇر ئىككى يولنىڭ بىرىسىزمۇ اللّٰه تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ، كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەم توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. چۈنكى ھەدىسلەر ۋە ئەسەرلەر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. ساھابىلەر، تابىئىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئالىملارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىمۇ بۇ قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزكۇر قاراشلىرى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مەزكۇر قارىشىدىن كۈچلۈك، دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.[1]

ئەگەر بىر نەرسە اللّٰه تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان ھېسابلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى (باشقىلارنىڭ) ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈۋېلىشى ياكى (باشقىلارغا) مۈلۈك قىلىپ بېرىۋېتىش ياكى تەقسىم قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ياكى (باشقا بىرسىنىڭ) ئىشلىتىپ تۇرۇشىغا بېرىپ تۇرۇش، ياكى گۆرۈگە قويۇپ قويۇش توغرا ئەمەس. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى مەسىلىلەر كىرمەيدۇ:

ئەگەر ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم، (ئۇنى ۋەقپە قىلغان ۋاقىتتا) ئۇنى (كېيىن باشقا بىر نەرسىگە) ئالماشتۇرۇشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسىنى (ئۇنى باشقا بىر نەرسىگە ئالماشتۇرغان ئادەمگە) مۈلۈك قىلىپ بېرىش توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ناۋادا ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئۆي بولۇپ بۇ ئۆي بىر ئادەمنىڭ ئۆلتۇرۇشى ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۆينى باشقا بىرسىگە ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بېرىپ تۇرۇشى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 358 ـ بەت.

توغرىدۇر. ئەمما ئىجارىدىن كەلگەن پۇللارنى (ياخشى يوللارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن) ئىجارىگە قويۇلغان ئۆيىنىڭ ھۆكمى ئۇ ئۆيىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجارىدىن كەلگەن پۇللارنى (ياخشى يوللارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن) ئۆيىنى ئىجارىگە قويغان ئادەم، ئۆيدە بىرەرسىنىمۇ ئىجارىسىز ئولتۇرغۇزۇشى توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇ ئۆيىنى سېتىپ ئالغان ياكى گۆرۈگە ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ ئۆيىنىڭ (ئىجارىدىن كەلگەن پۇللارنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن) ئىجارىگە قويۇلغان ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ئادەمگە كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملارنىڭ بەرگەن پەتىۋالىرىغا ئاساسەن مەزكۇر ئۆيىنىڭ ئوخشىشىغا تۆلەنگەن ئىجارىنى تۆلەش لازىمدۇر. چۈنكى كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملار: (ئۆيگە ۋە زېمىنغا ئوخشاش) يۆتكەلمەيدىغان نەرسىلەر، ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان ياكى يېتىمگە تەۋە ۋە ياكى (ئىجارىسىدىن كەلگەن پۇللار ياخشى يوللارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن) ئىجارىگە قويۇلۇش ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى تۆلۈنىدۇ، (يەنى ئۇ نەرسىلەردىن ئالغان مەنپەئەت ئۈچۈن پۇل بېرىش لازىم) دەپ پەتىۋا بەرگەن.

ۋەقپە قىلىنغان نەرسە (ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا) تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر قازى بىر ئادەم (بىر نەچچە كىشىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق شېرىك) بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ھەسسىسىنى الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىغا ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ۋەقپە قىلىنىشى (ئالىملار ئارىسىدا) بىرلىككە كەلگەن بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ[1]. ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىپ بۆلۈشنى تەلەپ قىلسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسە شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت كېلىشىم بويىچە ئىشلىتىلىدۇ[2]. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسە شېرىكلەرنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بۆلۈنسە بولىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم (بىر نەچچە كىشىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق شېرىك) بىر نەرسىنىڭ

(1) ئەسلىدە بىر نەچچە كىشىنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاق بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلىش ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلە ئەمەس. ئەمما ئۇنى ۋەقپە قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا قازى ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلىش ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. ت.

(2) مەسىلەن: ئۇ نەرسە زېمىن بولسا، شېرىكلەرنىڭ بىرى زېمىننىڭ بىر پارچىسىغا بىر نەرسە تېرىيدۇ، يەنە بىر شېرىك ئۇنىڭ باشقا بىر پارچىسىغا بىر نەرسە تېرىيدۇ. بۇ ئىشلار پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كېلىشىم بويىچە بولىدۇ. ئۇلار خالىغان ۋاقىتدا بۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە. ت.

ئۆزىگە تەۋە ھەسسىسىنى الله تائالانىڭ يولىدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىگە ۋەقپە قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا بارلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ.

<ئەددۇر> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسە، ئۇ نەرسە ۋەقپە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. بۇ بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن بىر ھۆكۈمدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس پەقەت (ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر)».

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھۆكۈم، ئەگەر قازى (بىر نەچچە كىشىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق شېرىك) بىر نەرسىنىڭ الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنسا بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقارسا، ئۇ نەرسىنىڭ الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنسا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر. چۈنكى مەزكۇر نەرسىنىڭ ۋەقپە قىلىنسا بولىدىغانلىقىمۇ ئىجتىھاد ئارقىلىق چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. شۇڭا بۇ ھۆكۈم قۇرئانغا ياكى ھەدىسكە ۋە يا ئالىملارنىڭ بىرلىكىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ.

ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسە (ئۇنى رېمونت قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان) نەرسە بولۇپ (ئۇنى رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىپ قالغان بولسا)، ۋەقپە قىلىنغان نەرسىدىن كەلگەن پۇللارنى، ئۇ پۇللارغا ھەقلىق بولغان ئادەملەرگە تارقىتىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىشنى ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم شەرت قىلمىسىمۇ ئۇنىڭدىن كەلگەن پۇللار ئۇنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پۇللارنى ئۇنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش، (ئېنىق ـ ئاشكارا سۆزلەنمىسىمۇ) يوشۇرۇن ھالەتتە چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلىشتىكى مەقسىتى، ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پۇللار مەڭگۈگە داۋام قىلىپ (ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئادەملەرگە) ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىق بېرىلىپ تۇرۇلىشىدۇر. ئۇ نەرسىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىپ تۇرۇشى، ئۇ نەرسىنى رېمونت قىلىپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئۆي بولسا، ئۇنى رېمونت قىلىش ئۇنىڭدا ئولتۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇنىڭدا

ئولتۇرۋاتقانلار بولسا، ئۇ ئۆيگە ھەقلىق بولغانلاردۇر. ئەگەر ئۇ ئۆيگە ھەقلىق بولغانلارنىڭ بەزى بىر قىسمى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرمايۋاتقان بولسىمۇ، يەنە ئۇلارغا ئۇ ئۆينى ئۇنىڭدا ئولتۇرۋاتقانلار بىلەن بىللە رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىگە تۆلەيدىغان بەدەلمۇ ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان پايدىغا قارىتا بولىدۇ. ئۇ ئۆي ۋەقپە قىلىنغان ۋاقتىدا قانداق ھالەتتە بولسا، ئۇنى شۇ ھالىتىگە ئوخشاش رېمونت قىلىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۆيدە ئولتۇرۋاتقانلار ئۆينى رېمونت قىلىشقا ئۇنۇمىغان، ياكى ئۇلارنىڭ ئۇنى رېمونت قىلىشقا ئىمكانىيىتى يەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدا قازى ئۇ ئۆينى باشقا بىرسىگە ئىجارىگە بېرىدۇ ۋە ئىجارىدىن كەلگەن پۇل بىلەن ئۇنى رېمونت قىلىدۇ.

## بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشىنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىملەردىن بىر قىسمىنى ئۆزىگە ۋەقپە قىلىۋالدى، ياكى ئۇ نەرسىگە قاراشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالدى، دېيىشتىن كەڭ بىر مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بىز يۇقىرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: ۋەقپە قىلغان نەرسىسىگە (پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن) ئىگە بولغان ئادەمنىڭ ئادەتنىڭ قائىدىسى بويىچە بۇنىڭ خورمىللىرىدىن يېسە بولىدىغانلىقىنى شەرت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۆمەرنىڭ قىلغان بۇ ئىشى (بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ۋەقپە قىلغان نەرسىسىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن) دەلىل ـ پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ۋەقپە قىلغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قولىدىن چىقىرىپ باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا (قاراشقا) ئىگە بولغان ئادەمگە، ئۇنىڭدىن قائىدە بويىچە يېيىشنى شەرت قىلغان. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ خورمىللىرىدىن قائىدە بويىچە يېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېدى: «بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ۋەقپە قىلغان نەرسىسىدىن پايدىلىنىشى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى

(قولىدىن) الله تائالا ئۇچۇن چىقارغاندۇر ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتكەندۇر. كېيىن قوپۇپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشى ئۆزىنىڭ قولىدىن چىقىرۋەتكەن سەدىقىسىگە تەكرار يېنىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شەرئەت بولسا بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىرۋەتكەن سەدىقىسىگە تەكرار يېنىۋېلىشىدىن چەكلەيدۇ. بىر نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم، ئۇنى ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا ئەگەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭمۇ پايدىلىنىشىنى شەرت قىلغان، ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى (ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشقا) ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسىدىن (يەپ ـ ئىچكەنگە ئوخشاش يول بىلەن) پايدىلىنىشى توغرا بولىدۇ.

ئىبنى قەسسار مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم الله تائالانىڭ يولىدا بىر قورۇنى ياكى قۇرال ـ ياراقنى، ياكى بىرەر قۇلنى ۋەقپە قىلىپ قويغان، ۋەقپە قىلىنغان مەزكۇر نەرسە الله تائالانىڭ يولىدا بىر مۇددەت ئىشلىتىلگەن، ئاندىن مەزكۇر نەرسىنىڭ ئىگىسىمۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش پايدىلىنىشنى خالىغان ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئېھتىياجى بار ئادەملەردىن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن پايدىلانسا ھېچقانداق گۇناھ يوقتۇر.»

ئىبنى ھەبىب ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئەسلىسىنى تۇتۇپ قېلىپ ئۇنىڭ پايدىسىنى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بالىلىرىغىمۇ ئەگەر پېقىر بولسا ئۇ نەرسىدىن بېرىلسە بولىدۇ. ئۇ بالىلار ئۇ ئادەم ئۆلگەن ۋاقتىدا ياكى ئۇ نەرسىنى سەدىقە قىلغان ۋاقتىدا مەيلى پېقىر بولسۇن مەيلى باي بولسۇن (ئۇ نەرسىدىن ئۇلارغىمۇ بېرىلىدۇ). لېكىن ئۇلارغا ھەتتا (مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىنغان) ئۇ نەرسىنىڭ ئەسرى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىنىڭ ھەممىسى بېرىلمەيدۇ. بالىلارغا، بالىلارغىمۇ ئۇ نەرسىدىن باشقا مىسكىنلەرگە بېرىلگەن نىسبەتتە بېرىلىدۇ، دەپ يېزىلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن بالىلارنىڭ ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىنى باشقا مىسكىنلەرگە بەرمەي ھەممىسنى ئۆزلىرىنىڭ ئېلىۋېلىش ھەققى يوق.»

ئالىملار: بىر ئادەم مال ـ مۈلكىنى ۋەسىيەت قىلىپ مىسكىنلەرگە ۋەقپە قىلىپ قالدۇرغان ۋاقتىدا مىراسخورلىرىغىمۇ مەيلى ئۇلار ئۇ ئادەم ۋەسىيەت

قالدۇرغان ۋاقتىدا پېقىر بولسۇن مەيلى باي بولسۇن (مال - مۈلۈكتىن) تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان، ئاندىن ئۇ مىراسخورلار پېقىر بولۇپ قالغان ھالەت ھەققىدە مۇنداق ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى: مۇترىپ دېگەن ئالىم: «مەن ئۇ ئادەمنىڭ پېقىر مىراسخورلىرىغىمۇ (ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىدىن) بېرىلىشى لازىم، دەپ قارايمەن ئۇلار بولسا تېخى (ئۇ مال - مۈلۈككە) يات مىسكىنلەرگە قارىغاندا بەك ھەقلىقتۇر» دېدى.

ئىبنى ئەلماجشۇن: «ئەگەر ئۇلار ئۇ ئادەم (مال - مۈلكىنى پېقىرلارغا ۋەقپە قىلىپ بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلغان كۈنى باي ۋە كېيىن پېقىر بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارغىمۇ ئۇ مال - مۈلۈكتىن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇ كۈنى پېقىر بولغان بولسا، ئۇ مال - مۈلۈكتىن ئۇلارغا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم (مال - مۈلكىنى پېقىرلارغا ۋەقپە قىلىپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغان كۈنى) مىراسخورلىرىنىڭ ئۇ مالغا ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، ئۇ ئادەم (ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان ئېھتىياجلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ مال - مۈلۈكتىن ئۇلارغىمۇ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلمىغانلىقى بولسا)، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئۇ مال - مۈلۈكتىن يىراقلاشتۇرماقچى بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ» دېدى.

ئىبنى ئەلقاسىم: «ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئادەم (مال - مۈلكىنى پېقىرلارغا ۋەقپە قىلىپ بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلغان كۈنى مەيلى پېقىر بولسۇن مەيلى باي بولسۇن ئۇ مال - مۈلۈكتىن ئۇلارغا ھېچقانداق بىر نەرسە بېرىلمەيدۇ» دېدى.[1]

<ئەددەررۇلمۇھتار> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدى: ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ كىرىمىنى ياكى ئۇنىڭغا بولغان ئىگىدارچىلىقنى ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشنى شەرت قىلىشى توغرىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئىمام مۇھەممەد ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى (ئۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان نەرسە

(1) <ئۇمدەتۇل قارى>، 14 - توم، 49 - بەت.

بولۇشى ئۈچۈن) باشقا بىرسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ (ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ كىرىمنى ياكى ئۇنىڭغا بولغان ئىگىدارچىلىقنى ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشنى شەرت قىلىشى توغرا ئەمەس) دېيىشى، ئۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى باشقا بىرسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش شەرت، دېگەن پرىنسىپىگە ئاساسەن بولماستىن ئەكسىچە بۇ ئايرىم بىر مەسىلە، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ قاراش توغرا بىر قاراشتۇر.

<پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ> دېگەن سۆزنى دېگەن ئادەم سەدرۇششەھىد دېگەن ئالىمدۇر. پەتىۋانىڭ بۇ قاراش بويىچە بېرىلىشىنى فىقھى ئىلمىنىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى، <پەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە بەلخىنىڭ[1] ئالىملىرى توغرا كۆرگەن. كىشىلەرنى مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋەقپە قىلىشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن پەتىۋانىڭ ئىمام ئەبۇ يۈسۈفنىڭ شۇ قارىشى بويىچە بېرىلىشى ئەڭ ياخشىدۇر.[2]

ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋەقپە قىلىشنىڭ بايانى

قازانغا، جىنازىگە، قۇرئانغا ۋە كىتابلارغا ئوخشاش ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋەقپە قىلىش توغرىدۇر. ھەتتا ئىمام بۇخارى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ۋەسىيەتنىڭ بابىدا، ئىشەكلەرنى، ئاتلارنى، (رەختكە ئوخشاش) تىجارەت ماللىرىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ۋەقپە قىلىشنىڭ بۆلۈمى، دەپ بىر بۆلۈم ئايرىپ ئۇ بۆلۈمدە مۇنداق بايان قىلدى: ئىمام زۆھرى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): مىڭ سوم پۇلنى اللہ تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدىنى مىسكىنلەرگە ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىغا سەدىقە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ پۇلنى تىجارەت قىلىدىغان بىر كىشىگە بەرگەن بىر ئادەمنىڭ، ئۇ مىڭ سوم پۇلنىڭ پايدىسىدىن ئۆزىمۇ ئىشلەتسە بولامدۇ؟ دېگەن سۇئالغا: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مىڭ سوم پۇلنىڭ پايدىسىدىن بىر نەرسە ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس، دەپ جاۋاب بەرگەن. (شۇنىڭدەك يەنە) ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ مىڭ سوم پۇلنىڭ پايدىسىنى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ مىڭ

(1) بەلىخ بولسا ئافغانىستاننىڭ ھازىرقى مازار شەرىپ دېگەن يېرىدۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 387 ـ بەت.

سوم پۇلنىڭ پايدىسىدىن بىر نەرسە ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس.

ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا بەرگەن بىر ئاتنى ﷲ تائالانىڭ يولىغا ئاتاپ ئۇنىڭغا بىر ئادەمنى مىندۈرۈپ قويدى. كېيىن ئۆمەر ئۆزىنىڭ شۇ ئاتنى ۋەقپە قىلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئۆزىنىڭ شۇ ئاتنى سېتىپ ئېلىشى ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئۇ ئاتنى سېتىپ ئالمىغىن، سەن سەدىقە قىلغان نەرسەڭگە قايتا قايتمىغىن» دېدى.[1]

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئاتنى ۋەقپە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان بۇ قىسسە، ئەگەر شەرتى تېپىلسا يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋەقپە قىلىشنىڭمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ شەرت بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىسى سېتىلمايدىغان ۋە باشقىلارغا سوۋغا قىلىنمايدىغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىسى (يوق بولۇپ كەتمەي) داۋام قىلغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان قىلىپ ۋەقپە قىلىشتۇر.

## ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلىش لازىم

ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنى تەقسىم قىلىدىغان ۋاقىتتا ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ مەقسىتىگە ۋە ئۇنىڭ شەرتىگە رىئايە قىلىش لازىم. بۇنداق قىلىشنىڭ ئاساسى بولغان قائىدە بولسا، ئالىملارنىڭ: <(مال ـ مۈلكنى) ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ قويغان شەرتلىرى خۇددى شەرىئەت ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر> دېگەن سۆزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ساق ـ سالامەت ۋاقتىدا مال ـ مۈلكنى بالىۋاقىلىرىغا سەدىقە قىلغان ۋە بۇ مال ـ مۈلۈك ئۇلارغا شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مال ـ مۈلۈك ئۇ بالىلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىغا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سىلەر بالىۋاقىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى (ئۇلارغا) بېرىلىدىغان نەرسىدە تەڭ كۆرۈڭلار» دېگەن.

بۇ ھەقتە نوئمان ئىبنى بەشىر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: دادام ماڭا مال ـ مۈلكىدىن بىر بۆلۈكىنى سەدىقە قىلىپ بەردى. ئانام

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلدى.

(ئۇ راۋاھەنىڭ قىزى ئەمرە ئىدى) دادامغا: سەن تاكى بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھچى قىلمىغۇچە مەن بۇ ئىشقا رازى ئەمەس، دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماڭا سەدىقە قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈككە گۇۋاھچى قىلىش ئۈچۈن مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادامغا «بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ» دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه دىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن دادام كېلىپ بەرگەن شۇ سەدىقىسىنى قايتۇرىۋالدى.[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارغا بېرىلىدىغان نەرسىلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش لازىم. (بالىلارغا) ۋەقپە قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈكلەرمۇ ئۇلارغا بېرىلگەن بىر نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلىرىغا سەدىقە قىلىپ بەرمەكچى بولغان مال - مۈلۈكلەردە ئوغۇل - قىزنىڭ ئارىسىدا باراۋەر مۇئامىلىدا بولۇش لازىم. چۈنكى ئالىملار: <بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش دېگەن سۆزگە> بىر ئادەم ھايات ۋاقتىدا بالىلىرىغا (مەيلى سەدىقە قىلىش يولى بىلەن بولسۇن مەيلى سوۋغا قىلىش يولى بىلەن بەرسۇن) بىر نەرسە بەرمەكچى بولسا، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئۇ نەرسىدە (بالىلار مەيلى ئوغۇل بولسۇن مەيلى قىز بولسۇن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باراۋەر مۇئامىلىدا بولۇش، دەپ ئىزاھات بەردى[2].

ئالىملار ھايات ۋاقتىدا بالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە مال - مۈلكىدىن بىر نەرسە بىرىپ ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئارتۇق بەرگەن ئادەمنىڭ، بۇ قىلمىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئارتۇق ئالغىنى دىيانەتلىك بالا بولسا، بۇ ھالدا بۇنىڭغا ئارتۇق بېرىشتە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ئەگەر بالىلارنىڭ ھەممىسى دىيانەت جەھەتتە ئوخشاش بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە مال - مۈلۈكتىن ئارتۇق بېرىش مەكرۇھتۇر» دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ بىرەرسىگە مال - مۈلۈكتىن ئارتۇق بىرىش بىلەن باشقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەمما بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر ئوغۇل ئۇنىڭ مال - مۈلكىدىن ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسىنى ئالىدۇ. يەنى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مال - مۈلكى ئۇنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا ئوغۇلغا باشقا، قىزغا باشقا شەكىلدە تەقسىم قىلىنىدۇ. ت.

بالىلىرىغا زەرەر بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە مال ـ مۈلۈكنى ئارتۇق بېرىش بىلەن ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ بىرەرسىگە مال ـ مۈلۈكتىن ئارتۇق بېرىش بىلەن باشقا بالىلىرىغا زەرەر بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان بولسا، بۇ ھالدا مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ بۇ سۆزى بويىچە بېرىلىدۇ.

ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەم ھايات ۋاقتىدا بالىۋاقىلىرىغا قىلغان سەدىقىلەردىمۇ بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسىنى بېرىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھايات ۋاقتىدا بالىۋاقىلىرىغا مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى باراۋەر كۆرۈشى لازىم، دېگەن ھۆكۈمنى نوئمان ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ھەدىستىن چىقىرىپ ئالغان. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكۈمىگە كۆپلىگەن مۇجتەھىدلار قېتىلغان بولۇپ ئۇلارمۇ: «بالىلارغا سوۋغان ۋە سەدىقە قىلىپ بېرىلگەن مال ـ مۈلۈكتە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى باراۋەر كۆرۈش لازىم، ئەگەر بىر دادا سەدىقە قىلىپ بەرگەن مالنى بالىلىرىنىڭ بەزىسىگە بېرىپ بەزىسىگە بەرمىسە، ياكى بەزىسىگە ئارتۇق بەرسە، گۇناھكار بولىدۇ» دېدىلەر.

مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش ھەققىدە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بولسا[1]، ئوغۇل بالىغا قىزغا قارىغاندا ئارتۇق بېرىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكنى بالىۋاقىلىرىغا ۋەقپە قىلغان بىر ئادەم: (بۇ مال ـ مۈلۈكتىن بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، دېمەستىن) پەقەتلا مېنىڭ بۇ مال ـ مۈلكۈم بالىۋاقىلىرىمغا ۋەقپە بولۇپ كەتسۇن دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ مال ـ مۈلۈك بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش بۆلۈمىدە شەرىئەت ئۆلچىمى بولسا، مال ـ مۈلۈكتىن ئوغۇلغا قىزغا قارىغاندا ئارتۇق بېرىشتۇر. ئەمما مال ـ مۈلۈكنى سەدىقە قىلىش بۆلۈمىدە شەرىئەت ئۆلچىمى بولسا، مال ـ مۈلۈكنى قىز ـ ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىشتۇر. (مال ـ

(1) ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلىش لازىم مەسىلىسى بۇ يەردىن تارتىپ باشلىنىدۇ. ت.

مۈلكىنى بالىۋاقىلىرىغا ۋەقپە قىلغان ئادەم بۇ مال ـ مۈلۈكتىن بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، دېمىسىمۇ مال ـ مۈلۈكتىن ئوغۇلغا قىزغا قارىغاندا ئارتۇق بېرىشنىڭ سەۋەبى) بولسا، ئالىملارنىڭ: ۋەقپە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنى تەقسىم قىلىدىغان ۋاقىتتا، ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلىش لازىم، دېگەن ئوچۇق سۆزى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلار: ئۆرپ ـ ئادەتمۇ مەزكۇر سۆزگە ئوخشاش مۇتلەق ئېيتىلغان سۆزدىن نىمىنىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ، دېدى. ئۇنداق ئىكەن خۇسۇسىي كىشىلەر ۋە ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۆرپ ـ ئادەت بولسا، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشنىڭ شەرىئەت ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن كۆپلىگەن كىتابلاردا: شەرىئەت ئۆلچىمىدىن بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسىنى بېرىش مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن <مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى تەقسىم قىلىنىدۇ> دەپ <شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە> دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدىن <بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسى> دېگەن سۆز بايان قىلىنىدۇ. بىرەر ئادەممۇ: <مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە بىر ئوغۇلغا بىر قىزنىڭ ھەسسىسى تەقسىم قىلىنىدۇ> دېمىگەندۇر. چۈنكى بىر ئوغۇلغا بىر قىزنىڭ ھەسسىسىنى بېرىش كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە يوق بىر ئىشتۇر.

<ئەلئەشباھ ۋە ننەزائىر> دېگەن كىتابتا: <ئۆرپ ـ ئادەت (قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل يوق) بىر مەسىلىدە شەرىئەت ھۆكۈمىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاساسلىنىدۇ> دېگەن قائىدىدە، مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغۇچىلارنىڭ (مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلىدىغان ۋاقىتتا دېگەن) سۆزلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چۈشۈنىلىدۇ، دەپ بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ قويغان شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش لازىمدۇر. مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم شەرت قويغان ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئاساسلانغاندىمۇ ئۇنىڭ شەرتتە ئىشلەتكەن سۆزىدىن ئوغۇلغا ئارتۇق بېرىش چىقىدىغان بولسا، مال ـ مۈلۈكنى ئۇ ئادەمنىڭ قويغان شەرتى بويىچە تەقسىم قىلىش لازىم.

بىر سۆزنىڭ مەناسىنى، ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان مەناسىدىن

باشقا بىر مەناغا قارىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مەنا ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۇ سۆزنىڭ مەناسى بولۇپ قالغاندۇر. بىر سۆزدىن ئەگەر ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۇ سۆزدىن باشقا بىر مەنا مەقسەت قىلىنمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەناسى مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: <شەرىئەت ئۆلچىمى بويىچە> دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەناسى ياكى ئىستىلاھ مەناسى (مال ـ مۈلۈكنى) ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش بۆلۈش دېگەن مەنادا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سۆز ئۆرپ ـ ئادەتتە ئوغۇلغا ئارتۇق بېرىش دېگەن مەنادا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۆزنى ئۆرپ ـ ئادەتتىكى مەناسىغا قارىتىش لازىمدۇر. ئەگەر خۇددى مال ـ مۈلۈكنى سەدىقە قىلغاندا بالىلارنىڭ بىرەرسىگە ئارتۇق بېرىش مەكرۇھ بولغىنىدەك، مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلغاندىمۇ ئوغۇلغا قىزغا قارىغاندا ئارتۇق بېرىش مەكرۇھ بولىدۇ ۋە مال ـ مۈلۈكنى بالىلارغا سەدىقە قىلغاندا، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن) ھەدىس، مال ـ مۈلۈكنى بالىلارغا ۋەقپە قىلغاندىمۇ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇش) كۆچكە ئىگە دېيىلسە، بىز بۇ سۆزگە قارىتا مۇنداق دەيمىز: مال ـ مۈلكنى ۋەقپە قىلغان ئادەم قىزىغا قارىغاندا ئوغلىغا مال ـ مۈلۈكتىن ئارتۇق بېرىپ مەكرۇھ ئىشتىن بىرىنى قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۆرپ ـ ئادەتنى ھەدىسنىڭ ئالدىغا قويغانلىق بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ ئادەم قىلغان ئىشىدا مەكرۇھ ئىشتىن بىرنى قىلىش بىلەن بىرگە ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ (مال ـ مۈلكنى ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا ئىشلەتكەن) سۆزىنى ئۆرپ ـ ئادەتتە مەقسەت قىلىنغان مەناسىغا قارىتىش بىلەن ئۇ سۆزىگىمۇ ئەمەل قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەدىس (ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكنى ۋەقپە قىلغاندا ئىشلەتكەن) سۆزىنى، ئۇ سۆزدىن مەقسەت قىلىنىدىغان مەنادىن ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ سۆز ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان مەناسىدا قېلىپ قالىدۇ. ئۇ سۆزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان مەناسى بولسا، ئوغۇلغا قىزغا قارىغاندا مال ـ مۈلۈكتىن ئارتۇق بېرىشتۇر. چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەت ئۇ سۆزدىن قانداق مەنانىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان ئۇ سۆزنىڭ بىر ئالامىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ھەسسىسىنى بېرىش بالىلارنىڭ مىراس ئېلىشتىكى شەرىئەت ئۆلچىمىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم مال ـ مۈلكنى بالىلىرىغا ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا، (مال ـ مۈلۈك ئۇلارغا) شەرىئەت ئۆلچىمى

بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى دېيىشتىكى مەقسىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم. (يەنى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى بالىلىرىغا شۇ بويىچە تەقسىم قىلىنىشى لازىم).[1]

## ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ بايانى

ئەسلىدە ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى باشقا بىرسىگە ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەستۇر. لېكىن ئەگەر ۋەقپە قىلغان ئادەم (ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا) ئۇنى ئالماشتۇرۇدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنى ئالماشتۇرۇش توغرا بولىدۇ. چۈنكى بىز بىر ئاز بۇرۇن (مال ـ مۈلكىنى) ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ قويغان شەرتلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن ئالىملار (مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم، مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان ۋاقتىدا ئۇنى ئالماشتۇرۇشنى شەرت قىلمىسىمۇ) تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا، ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇشنى توغرا كۆردى. چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بۇ شەرتلەر بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ۋەقپە قىلىنغان نەرسە پۈتۈنلەي پايدىلىنالمايدىغان هالەتكە كېلىپ قالغان بولۇشى لازىم.

2 ـ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ، ئۇنى رېمۇنت قىلغۇدەك كىرىمى بولمىغان هالەتتە بولۇشى لازىم.

3 ـ ۋەقپە قىلىنغان نەرسە، ئالماشتۇرۇلۇش باهاسى بىلەن (شۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىغا قارىغاندا) بەك ئەرزان سېتىلماسلىقى لازىم.

4 ـ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇش <جەننەت قازىسى> دەپ ئاتىلىدىغان ئىلىم ۋە تەقۋالىق بىلەن تونۇلغان ياخشى قازىنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا بولۇشى لازىم.

5 ـ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغانلارنىڭ يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن (زېمىن ۋە ئۆيگە ئوخشاش) يۆتكەلمەيدىغان نەرسە، پۇللارغا ئالماشتۇرۇلماسلىقى

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 3 ـ توم، 423 ـ بەت.

لازىم.

**6** - ۋەقپە قىلىنغان نەرسە، گۇۋاھچىلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ياكى قەرزگە بۇغۇلۇپ كەتكەن ئادەمگە سېتىلماسلىقى لازىم.

**7** - ئالماشتۇرۇلغان نەرسە ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن نەرسە بىر تىپتىكى نەرسىدىن بولۇشى لازىم. ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسە (دۇكانغا ئوخشاش) ئىجارىگە قويۇپ كىرىم ئالىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا كەلگەن نەرسە بىر تىپتىكى نەرسىدىن بولمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش كىرىمنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە رېمونت قىلىشقا كېتىدىغان چىقىمنىڭ ئاز بولۇشىدۇر. شۇڭا مەسىلەن: ۋەقپە قىلىنغان دۇكاننى زىرائەت تېرىلىپ مەھسۇلات ئېلىنىدىغان ۋە ئېلىنغان مەھسۇلات دۇكاندىن كېلىدىغان كىرىمگە باراۋەر كېلىدىغان بىر پارچە يەرگە ئالماشتۇرۇپ ياخشىدۇر. (چۈنكى يەرنىڭ دۇكانغا قارىغاندا چىقىمى ئاز بولىدۇ).[1]

## كېسەلچان ياكى قەرزدار ياكى نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنى ۋەقپە قىلىشىنىڭ بايانى

بىز دەسلەپ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كېسەلدە قىلغان ۋەقپىسىنىڭ ھۆكۈملىرى خۇددى مال - مۈلكىنى سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىشنى توغرا كۆردۇق. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كېسەلدە قىلغان ۋەقپىسىمۇ ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن چىقىرىلىدۇ ۋە مال - مۈلكىنى ۋەقپە قىلغاندىمۇ خۇددى مال - مۈلكىنى سەدىقە قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش مالنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە (مالنى قولدىن) چىقىرىپ بېرىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم كېسەل ھالىتىدە يېتىپ تۇرۇپ مال - مۈلكىدىن ئۈچتىن بىرىدىن كۆپ بىر قىسمىنى ۋەقپە قىلغان ۋە بۇنىڭغا ئۇنىڭ مىراسخورلىرى رۇخسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى مىراسخورلار ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىدىن ئۆتۈنۈپ بەرگەندۇر.

كېسەلچان ۋە قەرز ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى قاپلاپ كەتكەن

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 388 - بەت.

بىر ئادەمنىڭ قىلغان ۋەقپىسى كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر. شۇڭا ۋەقپە قىلىنغان نەرسە سېتىلىدۇ ۋە ۋەقپە ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما تېنى ساق، لېكىن قەرز، مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى قاپلاپ كەتكەن ئادەمنىڭ قىلغان ۋەقپىسى ئۇنىڭغا تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلىمە قويۇلۇشتىن ئىلگىرى توغرىدۇر. چۈنكى ۋەقپە قىلىش ئىشى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بار بىر نەرسە ئۈستىدە ۋۇجۇدقا چىقتى. ئەمما ئۇ ئادەم مال - مۈلكىنى ئۇنىڭغا (قەرزگە بۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن) چەكلىمە قويۇلغاندىن كېيىن ۋەقپە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان بۇ ۋەقپىسى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا تەسەررۇپلىرىغا چەكلىمە قويۇلغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق.

ئەگەر بىر نەرسىسىنى (قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا) گۆرۈگە قويغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى (دەسلاپتە) ۋەقپە قىلغان، (ئاندىن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزىنى بېرىۋېتىپ) ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ۋەقپە قىلغان ئۇ نەرسىنى (قەرز ئىگىسىنىڭ قولىدىن) ئاجرىتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن ئۈستىدىكى قەرزگە يەتكىدەك مال - دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ يەنە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئىشى توغرىدۇر. ئەمما ئۇ ئادەم ئۈستىدىكى قەرزگە يەتكىدەك مال - دۇنيا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدا قازى ئۇ ئادەمنىڭ (باشقا بىرسىنىڭ يېنىدا) گۆرۈگە قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇ نەرسىنى قەرزگە ھېسابلاپ ساتىدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «(قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇپ قويغان) نەرسىسىنى ۋەقپە قىلغان پېقىر ئادەمنىڭ قىلغان ۋەقپىسى ۋە قەرزگە بۇغۇلاپ قالغان كېسەل ئادەمنىڭ قىلغان ۋەقپىسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسە ئۇ ئادەملەرنىڭ قەرزلىرىگە ھېسابلىنىپ سېتىلىدۇ ۋە ۋەقپە ئىشى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما قەرزگە بۇغۇلۇپ قالغان ئادەم تېنى ساق ئادەم بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ۋەقپىسى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قولىدىكى بار مال - مۈلكىنى ۋەقپە قىلىۋېتىش ئارقىلىق (قەرز ئىگىلىرىگە ئۇلارنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرۇشنى) كېچىكتۈرۈشنى مەقسەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ۋەقپىسى توغرا بولىدۇ. چۈنكى ۋەقپە قىلىش

ئىشى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بار بىر نەرسە ئۈستىدە ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ ۋەقپە، توغرا بولغان بىر ۋەقپە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ۋەقپىنى، ئۇنىڭغا چەكلىمە قويۇلۇشتىن ئىلگىرى قىلغان بولسا، ئۇنى پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە قەرز ئىگىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ساق ـ سالامەت ۋاقتىدا ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسىدە قەرز ئىگىلىرىنىڭ ھېچقانداق ھەققى يوق. ئەمما ئۇ ئادەم، ئۇنىڭغا (قەرزگە بۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن) تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلىمە قويۇلغاندىن كېيىن مال ـ مۈلكىنى ۋەقپە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى توغرا بولمايدۇ.»

ئەگەر ئۇ ئادەم ۋەقپە قىلغان ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە ۋەقپە قىلىپ، ئۈستىدىكى قەرزنى ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسىدىن كەلگەن كىرىمدىن ئادا قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ۋەقپىسى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۈستىدىكى قەرزنى ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسىدىن كەلگەن كىرىمدىن ئادا قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلمىسمۇ، ئۇ ئادەم قەرزنى ئۇ نەرسىدىن كەلگەن كىرىمدىن ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغىنى بىلەن ئادا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى (ئۆزىگە ئەمەس) باشقا بىرسىگە ۋەقپە قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ كىرىمى پەقەت ئۇ نەرسە ۋەقپە قىلىنغان ئۇ ئادەمگىلا خاستۇر.[1]

# ۋەقپە قىلىنغان مەسچىتلەرنىڭ بايانى

ۋەقپە قىلىنغان مەسچىتنىڭ ۋەقپە قىلىنغان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئايرىم ھۆكۈملىرى بار:

بىر مەسچىت (سۆز ئارقىلىق ئەمەس) ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىقمۇ الله تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسچىتنى ۋەقپە قىلغان ئادەم ئۇنىڭدا جامائەت بىلەن بىر قېتىم ناماز ئوقۇش بىلەن مەسچىت ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بىر يەر سالدۇرغان ۋە كىشىلەرگە جامائەت بولۇپ ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەر رەسمىي مەسچىتكە ئايلىنىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 395 ـ بەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنى ئۇنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى باشقا نەرسىلەردىن (يەنى ئۇ ئادەمنىڭ باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىدىن) ئايرىم تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ئايرىم يول ئېلىش لازىم.

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سالدۇرغان ئۇ يەر يەنە سۆز ئارقىلىقمۇ رەسمىي مەسچىتكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن ئۇنى ۋەقپە قىلغان ئادەم: مەن بۇ يەرنى مەسچىت قىلىۋەتتىم دېگەن بولسا، ئۇ يەر مەسچىت بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە رەسمىي بىر مەسچىتكە ئايلىنىدۇ. ئۇ يەر سۆز ئارقىلىپ ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىدىغان بىر ئادەمگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق مەسچىتكە ئايلىنىدۇ.

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان ئۇ يەرنىڭ مەسچىت بولۇشىنىڭ شەرتى بولسا، ھەتتا ئۇنىڭدىن بەندىنىڭ ھەققى قالماي (يەنى ئۇنىڭدىن بەندە پايدىلانماي ئۇ پەقەت الله غىلا خاس بولۇشى ئۈچۈن) ئۇ يەرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىنىڭ مەسچىتكە تەۋە بولۇشىدۇر. مەسچىتلەرنىڭ الله تائالاغا خاس بىر يەر ئىكەنلىكى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: »مەسجىدلەر اللەغا خاستۇر، اللەغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار«[1] لېكىن مەسچىتنىڭ ئاستىدا ياكى ئۈستىدە مەسچىتنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان يەر بولسا، (ئۇ يەردىن بەندە پايدىلانسا بولىدۇ). مەسىلەن: مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى يەرگە ئىمامغا ئۆي سېلىپ بەرگەنگە ئوخشاش. مەسچىتنىڭ ئۈستىدىكى يەرگە ئىمامغا ئۆي سېلىپ بېرىش توغرىدۇر. چۈنكى ئىمامغا ئۆي سېلىپ بېرىشمۇ مەسچىتنىڭ پايدىسىغا تەۋە ئىشلاردىندۇر.

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان بىر يەر سۆز ياكى ئۇنىڭدا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئارقىلىق رەسمىي مەسچىتكە ئايلىنىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ۋەقپە قىلغان ئادەم مەسچىتنىڭ ئۈستىگە ياكى ئۇنىڭ تېمىغا يۆلەپ بىر نەرسە سالماقچى بولسا، ئۇ ئادەمگە يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن بۇ يەرنى مەسچىت بولسۇن، دەپ ۋەقپە قىلغان ۋاقتىمدىمۇ (ئۇنىڭ ئۈستىگە ياكى ئۇنىڭ تېمىغا يۆلەپ بىر نەرسە سېلىشنى) نىيەت قىلىپ دېگەن، ئىدىم دېسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىلمەيدۇ.

(1) سۈرە جىن 18 ـ ئايەت.

مەسچىتنى ۋەقپە قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ ئۇستىگە ياكى ئۇنىڭ تېمىغا يۆلەپ بىر نەرسە سېلىشقا يول قويۇلمىغان يەردە، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە ئۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە يول قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئۇستىگە ياكى ئۇنىڭ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان شەخسىي ئادەمگە تەۋە ھەر قانداق نەرسىنى چېقىۋېتىش لازىمدۇر.

مەسچىتكە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ، مەسىلەن باراڭلىرىغا قويغان ياغاچلىرىنىڭ بىر بېشىنى مەسچىتنىڭ تېمىنىڭ ئۇستىدە قويغۇنىغا ئوخشاش مەسچىتكە تەۋە بىر نەرسىدىن پايدىلىنىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم مەسچىتكە تەۋە بىر نەرسىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل تۆلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ھالال ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە مەسچىتكە تەۋە يەرلەرنى ئىجارىگە قويۇش ۋە خۇددى ئۇمەۋىي مەسچىتىنىڭ[1] راۋىقىغا سېلىنغىنىدەك ئۇ يەرگە ئۆي ۋە تۇرالغۇ جايلارنى سېلىش توغرا ئەمەس. بولۇپمۇ مەسچىتكە تەۋە يەرلەرگە ئۆي ۋە تۇرالغۇ جايلارنى سېلىش مەسچىتنىڭ پاسكىنا بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالسا، ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.[2]

ئەگەر بىرەر مەسچىتنى يىقىۋېتىپ ئۇنى قايتا يېڭىلاپ سېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ مەسچىتنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ئەمەس ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئادەملەردىن ۋە ئۇنىڭ جامائەتلىرىدىن يىغىلغان پۇل بىلەن سېلىش لازىم.

ئەگەر بىر مەسچىتنىڭ تاملىرى يىقىلىپ كېتىپ ئۇنىڭ جامائەتلىرى تاراپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ (ياغاچلىرىغا ئوخشاش) مەسچىتكە تەۋە كونا نەرسىلەر قازىنىڭ رۇخستى بىلەن سېتىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىلەرنى ساتقان پۇللار، ئۇ مەسچىتكە ئەڭ يېقىن بولغان مەسچىتكە ياردەم قىلىنىدۇ. كونا نەرسىلىرى سېتىلغان مەسچىتنىڭ ئورنى ۋەقپە ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەر ئەرزان بولسىمۇ ئىجارىگە قويۇلىدۇ.

ئەگەر مەسچىتنىڭ ئورنى ئازادە ۋە مەسچىتكە كىرىدىغان يول تار بولسا، مەسچىتكە تەۋە يەردىن ئازراق يولغا قوشۇلسا بولىدۇ. ئەگەر بىرەر مەسچىتكە

(1) بۇ دەمەشىق شەھرىدىكى قەدىمى بىر مەسچىتتۇر.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 371 ـ بەت.

جامائەت سىغماي قالغان بولسا، مەسچىتنىڭ ئەتراپىدىكى يەر ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى يەرلىرىنى ۋە ئۆيلىرىنى (مەسچىتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن رازىمەنلىك بىلەن سېتىپ بەرگىلى ئۇنىمىسا)، ئۇلاردىن ئۇ يەرلەر مەجبۇريي ھالدا سېتىپ ئېلىنىدۇ. چۈنكى ساھابىلەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەرەم مەسچىتى (كىشىلەرگە تار كېلىپ قالغان ۋاقىتدا) ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى، ئىگىلىرىدىن مەجبۇريي سېتىپ ئېلىپ ھەرەم مەسچىتىگە قوشقان ئىدى.[1]

ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغان ئادەم ئىشەنچىسىز ياكى ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئاجىز ياكى ئۇنىڭدا ھارام يېگەنگە ئوخشاش بىر پاسىقلىق ئىشى كۆرۈلسە، ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم بولسىمۇ، قازى ئۇ ئادەمنى ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قاراشتىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەم، (ئۇنى ۋەقپە قىلغان ۋاقىتدا) ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەمنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماسلىقنى شەرت قىلغان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا قارايدىغان كىشىدە ئىشەنچىسىزلىك كۆرۈلسە، ئۇ كىشى يەنە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

## ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى رېمونت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ بايانى

ۋەقپە قىلىنغان نەرسىدىن كەلگەن كىرىمنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئادەملەرگە بېرىشتىن بۇرۇن ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئەسلىدە ۋەقپە قىلىنغان ھالىتىدە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۇ نەرسىنى رېمونت قىلىشقا قارىتىلىدۇ. ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن ئۇنى رېمونت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كىرىمدىن پۇل ئېشىپ قالسا، ئېشىپ قالغان ئۇ پۇل ئۇ نەرسىنىڭ مەنپەئىي تەرىپىنى بىزەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ۋەقپە قىلىنغان نەرسە مەسچىت بولسا، (ئۇنى رېمونت قىلىپ ئېشىپ قالغان پۇلدىن) ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇپ بېرىدىغان ئىمام ئۈچۈن، ۋەقپە قىلىنغان نەرسە دىنىي مەكتەپ بولغان بولسا، ئۇنىڭدا دەرس ئۆگىتىدىغان ئۇستاز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 384 ـ بەت.

تۈرمۇشىغا يەتكىدەك مىقداردا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ پۇلدىن مۇئەززىن ۋە جۇمە كۈنىدە خۇتبە ئوقۇپ تەشۋىق قىلىدىغان ئادەملەرگىمۇ بېرىلىدۇ.

ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئۆي بولسا، ئۇنى ئۇنىڭدا ئولتۇرۋاتقانلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ رېمونت قىلىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىگە تۆلەيدىغان بەدەلمۇ ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان پايدىغا قارىتا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۋاتقان ئادەم ئۇنى رېمونت قىلىشقا ئۇنىمىغان ياكى پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى رېمونت قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۆيگە قارايدىغان ئادەم ياكى قازى ئۇنى ئولتۇرۋاتقان ئادەمگە ياكى باشقا بىرسىگە ئىجارىگە بېرىپ ئىجارىدىن كەلگەن پۇل بىلەن ئۇ ئۆينى رېمونت قىلىدۇ. ئۇنى رېمونت قىلىپ ئېشىپ قالغان پۇل، (ئۇ ئۆي ئاتاپ) ۋەقپە قىلىنغان كىشى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۋاتقان كىشى بولغاچقا ئۇ كىشىگە بېرىلىدۇ.

ۋەقپە قىلىنغان ئۆيدە ئولتۇرۋاتقان ئادەم ئەگەر ئۇ ئۆيگە قارايدىغان كىشى بولمىسا، گەرچە ئۇ ئۆي ئۇ ئادەمنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرۇدىغان ۋە ئۇ ئادەمدىن باشقا ئۇنىڭغا ھەقلىق بولىدىغان بىرەر ئادەم تېپىلمىغان بولسىمۇ ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇ ئۆينى ئىجارىگە قويۇشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋە ئۇنى باشقا ياساپ سالغۇدەك ئۇنىڭ كىرىمى بولمىسا، ياكى ئۇنى ئىجارىگە قويۇپ ئۇنىڭ ئىجارىسىدىن كەلگەن پۇل بىلەن ئۇنى رېمونت قىلغىلى بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇ ۋەقپىنىڭ قالدۇقلىرى سېتىلىدۇ، ئۇنىڭ پۇلىغا مۇمكىن بولسا باشقا بىر ۋەقپە ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ پۇلى ئەگەر ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى بولسا، ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ پۇلى پېقىرلارغا بېرىلىدۇ.

## ۋەقپە قىلىنغان نەرسنى ئىجارىگە قويۇشنىڭ ھۆكمى

ۋەقپە قىلىنغان نەرسنى، ئۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئىكەنلىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكىدەك ھالەتكە ئاپىرىپ قويىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئۆي

بولسا بىر يىلغا قەدەر ئىجارىگە قويۇلسا، ئەگەر يەر بولسا ئۈچ يىلغا قەدەر ئىجارىگە قويۇلسا، توغرا بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن مۇددەت ئىجارىگە قويۇشقا زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۇلارنى زۆرۈر بولۇپ قالغان شۇ مۇددەت بويىچە ئىجارىگە قويىسمۇ بولىدۇ. ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى قانچىلىك مۇددەت ئىجارىگە قويۇش ئىشى يەرگە ۋە زامانغا قارىتا ئالمىشىدۇ. بۇ ھەقتە يېتىملارنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ يەرلىرىنىڭ ھۆكمىمۇ ۋەقپە قىلىنغان يەرلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.[1]

ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى زۆرۈر بىر ھالەت يۈز بېرىپ قالمىسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئەرزان ئىجارىگە قويۇش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغان ئادەم ئۇنى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەردىن ئەرزان ئىجارىگە قويغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇستىدىكى كەم پۇلنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى ئىجارىگە قويغان ئادەم دادا ياكى دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم بولسىمۇ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇستىدىكى كەم پۇلنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم. مەسىلەن: كىچىك بىر بالىنىڭ دادىسى ياكى دادىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ئۇ كىچىك بالىنىڭ ئۆيىنى ئۇ ئۆي ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆيدىن ئەرزان ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇستىدىكى كەم پۇلنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم. چۈنكى دادىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ ئۇ كىچىك بالىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى چۈشۈرۈشكە، ياكى ئۇ ئىجارىدىن پۈتۈنلەي كېچىشكە ھەققى يوق.

ئەگەر مەزكۇر ئادەملەرنىڭ بىرى قول ئاستىدىكى نەرسىنى (مەيلى ئۇ نەرسە ۋەقپە قىلىنغان نەرسە بولسۇن مەيلى كىچىك بالىنىڭ ئۆيى بولسۇن) ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ ئىجارە پۇلىغا ئوخشاش پۇلغا ئىجارىگە قويغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىجارىسى ئۆرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ نەرسە بېشىدىن باشلاپ توغرا بىر شەكىلدە ئىجارىگە قويۇلغان بولىدۇ. لېكىن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن مۇددەت ئۈچۈن ئۇستىدىكى كەم پۇلنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم.

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 397 - بەت.

ئىچىدە مېۋىلىك دەرىخى بار ۋەقپە قىلىنغان بىر قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەمدۇ ياكى يېمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، توغرىسى ئۇ قورۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم، ئۇنى ۋەقپە قىلغان ئادەمنىڭ (ئۇنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېسە بولىدۇ، دەپ) شەرت قويغانلىقىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېمەسلىك لازىم. بۇ ھالدا ۋەقپە قىلىنغان ئۇ قورۇغا قارايدىغان ئادەم، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى (قورۇنى رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش) ئۇ قورۇغا پايدىسى تېگىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە مەسچىتلەرنىڭ ئىچىگە تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ دەرەخ الله تائالانىڭ يولىدا تىكىلگەن بولسا، ئۇ پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان دەرەخ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى ھەممە مۇسۇلمانىنىڭ كېلىپ يېيىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ دەرەخ الله تائالانىڭ يولىدا تىكىلمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرى سېتىلىپ ئۇنىڭ پۇلى مەسچىتكە پايدىسى تېگىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم يەرگە زەرەر بەرمەيدىغان ئىش بولسا، ئۇ يەرگە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز دەرەخ ۋە تال تىكسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەرگە كۆل كولۇشى توغرا بولمايدۇ. ۋەقپە قىلىنغان يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە، ئۇنىڭ ئۇ يەرگە پايدىسى تېگىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ۋەقپە قىلىنغان يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە، تىكىلگەن دەرەخنىڭ يېرىمى ئۆزىگە بولۇش ۋە يېرىمى ۋەقپە قىلىنغان ئۇ يەرگە بولۇش شەرتى بىلەن ئۇ يەرگە دەرەخ تىكىشكە رۇخسەت بېرىش ھەققى بار. كىشىلەرنىڭ ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئادىتىمۇ شۇنداقتۇر. شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بېرىش تېخى ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە، ئۇ يەرگە پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا دەرەخ تىكىشكە رۇخسەت بېرىشكە قارىغانغا پايدىلىقتۇر.

ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇ يەرگە بىر نەرسە سالسا ياكى بىر نەرسە تىكسە، سالغان ياكى تىككەن نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈنلا نىيەت

قىلمىغان بولسا، ئۇ نەرسە ۋەقپە قىلىنغان يەرگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ۋەقپە قىلىنغان يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىمۇ ئۇ يەرگە بىر نەرسە سالغان ياكى تىككەن ۋە سالغان ياكى تىككەن نەرسىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن سالىدىغانلىقىغا ياكى تىكىدىغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ سېلىنغان ياكى تىكىلگەن ئۇ نەرسە ۋەقپە قىلىنغان يەرگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ، سېلىنغان ياكى تىكىلگەن ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سالغان ياكى تىككەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىشنى ۋەقپە قىلىنغان يەرگە تەۋە پۇلدىن چىقىرىپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا سېلىنغان ياكى تىكىلگەن ئۇ نەرسە مەزكۇر ئادەملەر مەيلى ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن نىيەت قىلىپ قىلسۇن مەيلى ۋەقپە قىلىنغان يەرگە تەۋە بولسۇن، دەپ نىيەت قىلىپ قىلسۇن، ۋەقپە قىلىنغان يەرگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.

ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى، بالاغەتكە يەتكەن بالىسىغا ياكى دادىسىغا ئوخشاش ئۇ ئادەم ئۈچۈن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنماي[1] بىر كىشىگە سېتىشى ياكى ئىجارىگە بېرىشى توغرا ئەمەس. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى مەزكۇر كىشىگە ئۇ نەرسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق باھاغا ساتقان، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىجارىسىدىن ئارتۇق ئىجارىگە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى بالاغەتكە يەتكەن بالىسىغا، ياكى دادىسىغا سېتىشى ياكى ئىجارىگە بېرىشى توغرىدۇر. بۇ ھالدا ئۇ ئادەم خۇددى يېتىم بالىغا قاراشقا قىلىنغان ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. يېتىم بالىغا قاراشقا قىلىنغان ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەممۇ يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى سېتىپ ئېلىش يېتىم ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغان ئىش بولسا، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈنمۇ سېتىپ ئالالايدۇ. ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى بالاغەتكە يەتكەن بالىسىغا، ياكى دادىسىغا سېتىشىنىڭ ياكى ئىجارىگە قويۇشىنىڭ توغرا بولماسلىقى، ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ ئىشنى ئۆزى باش تېقىپ قىلغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىشنى قازىنىڭ قېشىغا بېرىپ

(1) بالىنىڭ دادىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك دادىنىڭمۇ بالىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. ت.

قازى ئارقىلىق قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى بالاغەتكە يەتكەن بالىسىغا، ياكى دادىسىغا سېتىپ بېرىشى ياكى ئىجارىگە قويۇشى توغرىدۇر.

ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم قازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئىشلىسە، (يەنى مەسىلەن: ۋەقپە قىلىنغان نەرسە يەر بولۇپ ئۇنىڭغا ئۆي سالماقچى بولسا، ئۇ ئادەم ئۆي سالدىغان ئۇستىلارغا ئوخشاش ئىشلىگەن بولسا)، ئۇ ئادەمگە قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ ئىشلارنى قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ نەرسىنى ھەم ئىجارىگە قويغۇچى ۋە ھەم ئىجارىگە ئىشلىگۈچى بولالمايدۇ.

يەرنى ۋەقپە قىلغان كىشى (ئۇنى ۋەقپە قىلىدىغان ۋاقىتىدا)، يەرنى بىر يىلدىن ئارتۇق ئىجارىگە بەرمەسلىكنى شەرت قىلغان بولسا، ئەگەر ئۇ يەرنى بىر يىلدىن ئارتۇق ئىجارىگە بېرىش پېقىرلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ ئۇ يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ يەرنى بىر يىلدىن ئارتۇق ئىجارىگە بېرىش ھەققى يوق. بۇ ھالدا يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۈستۈگە ئالغان ئادەم بۇ ئىشنى قازىغا يەتكۈزىدۇ. ئاندىن قازى ئۇ يەرنى ئىجارىگە قويىدۇ. چۈنكى قازىنىڭ پېقىرلارغا قايسى ئىش پايدىلىق بولسا، شۇ ئىشنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بار.[1]

## بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشتىن بىر نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۆزنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىنى باشقىلارنىڭ پايدىلىنىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىپ تۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

### بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 429 - بەت.

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، اللّٰه تائالانىڭ ماۋۇ سۆزىدۇر: «شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولىقا بەرمەيدۇ» [1] يەنى ئۇلار ئادەتتە كىشىلەر ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ئۆتنە بېرىشىپ تۇرۇدىغان پالتا، قازان ۋە قاچا ـ قۇچىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىمۇ ئۆتنە بېرىپ تۇرمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلمايدۇ ۋە اللّٰه تەئالانىڭ بەندىلىرىگە، ئۇلار ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا بېرىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ياخشىلىقنى قىلمايدۇ. ئالىملار: «بىر ئادەمنىڭ قوشنىسى بىر نەرسە ئۆتنىگە سوراپ كىرسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قوشنىسىغا بېرىپ ياخشى ئىش قىلىۋېلىشى ۋە قىلغان ئىشلىرى پەقەت پەرز ـ ۋاجىپتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيىدە قوشنىسى ئېھتىياجلىق بولىدىغان نەرسىلەردىن كۆپرەك قىلىپ قويۇشى مۇستەھەپتۇر» دەيدۇ.[2]

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ھەم سۈننەت ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر (اللّٰه تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ۋە باشقىلاردىنمۇ ئۆتنىگە ئالغان.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەنەس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىدە (دۈشمەن كەلدى دېگەن) قورقۇنۇچلۇق بىر خەۋەر تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇتەلھەدىن بىر ئات ئۆتنە ئېلىپ تۇردى. ئۇ ئات: <ئەلمەندۇب> دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (دۈشمەن كەلدى دېگەن يەرگە بېرىپ) قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: «بىز ئۇ يەردە ھېچبىر نەرسە ئۇچراتمىدۇق ۋە بۇ ئات سۇدەك تېز ماڭىدىكەن» دېدى.

ئەبۇئەيمەن بۇ ھەقتە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن (بىر كۈنى) ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە پاختا رەختتىن تىكىلگەن پۇلى بەش تەڭگىلىك (يەنى قىممىتى ناھايىتى ئەرزان) بىر كۆينەك بار ئىدى. ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن

(1) سۈرە مائۇن 4 ــ 7 ـ ئايەتكىچە.

(2) <تەفسىرۇل خازىن>، 6 ـ توم، 579 ـ

رازى بولسۇن!) ماڭا: مېنىڭ بۇ چۆرەمگە قاراڭ، بۇ چۆرەم بۇ كۆينەكنى ئۆي ئىچىدە كىيىشكىمۇ ئۇنۇمايدىغاندەك تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مېنىڭ (مۇشۇنىڭغا ئوخشاش) بىر كۆينىكىم بار ئىدى. مەدىنىنىڭ ئىچىدە (مەيلى توي كۈنىدە بولسۇن مەيلى باشقا كۈندە بولسۇن) چىرايلىق ياسىنىۋالماقچى بولغان ئايال ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ شۇ كۆينەكنى ئۆتنىگە سوراپ تۇراتتى، دېگەن.» (1)

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشتىن ۋە قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن ياخشى ئىشلاردىندۇر. الله تائالا ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق(2)»

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئىشىدا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلارنىڭ ۋە مۇھتاجلارنىڭ ئېھتىياجى راۋا قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئالىملار بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان ھەدىسلىرىدە بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىرىق خىسلەت بار. ئۇنىڭ يۇقىرىسى بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىگە ئۆچكىنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشتۇر. قانداق بىر ئادەم الله نىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئاشۇ خىسلەتلەرنىڭ بىرەرسىگە ئەمەل قىلسا، شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.» (3)

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئاتا ئىبنى يەزىد، ئەبۇ سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھىجرەت قىلىش ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ۋاي ساڭا! ھىجرەت قىلىش (ئادەمگە) بەك ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر. سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇنىڭ سەدىقىسىنى (يەنى ئۇنىڭ زاكىتىنى) بېرەمسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە بېرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرامسەن» دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە شۇنداق قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى سۇغارغان كۈنى سېغىپ سۈتىدىن پېقىرلارغا بېرەمسەن» دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە شۇنداق قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى ئىشنى دېڭىزنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قىلساڭمۇ اللە تائالا سېنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىڭدىن ئازراقىنىمۇ زايە قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى.[1]

## بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ ھۆكمى

ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە، ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن، ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىدا ئۇنى ئۆتنىگە ئالغۇچىنىڭ قەستەنلىكى بولمىسا، ئۇ نەرسە تۆلىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە (ئۇنى ئۆتنىگە ئالغۇچىنىڭ قولىدا) بىر ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئامانەت قويۇلغان نەرسە (ئەگەر ئامانەت قويۇلغان ئادەمنىڭ قېشىدا ئۇ ئادەمنىڭ ھېچقانداق قەستەنلىكى بولماي) يوق بولۇپ كەتسە، تۆلىتىلمەيدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەم ئەمەس باشقا بىر ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنى بۇزۇۋەتكەن، ياكى يوق قىلىۋەتكەن كىشى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىپ بولۇپ ئۇنىڭغا كەتكەن پۇلنى ئۇنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەمدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەم ئۇنى ئۆتنىگە سوراپ كىرگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە ئۇنى ئۆتنىگە ئالغۇچىنىڭ قولىدا بۇزۇلۇپ كەتسە، ياكى يوق بولۇپ كەتسە، ئۆتنىگە ئالغۇچى ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. مالىكىي مەزھەپىدىكى ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەردىن بىر قىسىم ئالىملار: ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ ئۇنى بۇزۇۋەتكەن ياكى يوق قىلىۋەتكەن ئادەم ئۇنى قەستەن شۇنداق قىلمىغان بولسا، تۆلەپ بەرمەيدۇ، دېدى. كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش ئېھتىمالى بار بولغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. لېكىن ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىمۇ ئىمام بۇخارىنىڭ شەرتىگە توشمايدۇ. ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولسا، ئۇمامەنىڭ ھەدىسىدۇر. ئۇمامە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇلغان نەرسە، (ئىگىسىگە) قايتۇرۇلىدۇ. كېپىل بولغان ئادەم (كېپىل بولغان شۇ نەرسىنى) تۆلەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ.[1] بۇ ھەدىستىمۇ ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ بۇزۇۋەتكەن، ياكى يوق قىلىۋەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ھەققىدە ئېنىق دەلىل ـ پاكىت يوق. چۈنكى الله تائالا ئامانەتكە ئالغان نەرسىنىمۇ ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»[2] لېكىن ئامانەت قويۇلغان نەرسە، (ئەگەر ئامانەت قويۇلغان ئادەمنىڭ قېشىدا ئۇ ئادەمنىڭ ھېچقانداق قەستەنلىكى بولماي) يوق بولۇپ كەتسە، تۆلىتىلمەيدۇ. ھەسەن بۇ ھەقتە سەمۇرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قولغا ئالغان نەرسىنى ھەتتا ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت قايتۇرغانغا قەدەر (يەنى بىر كىشى بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش، ياكى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن قولغا ئالغان بولسا)، ئۇنى ساق ـ سالامەت ساقلاش شۇ كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.»[3] لېكىن ھەسەننىڭ بۇ ھەدىسنى سەمۇرەدىن ئاڭلىغانلىقى ھەدىس ئالىملىرى ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلە ئەمەستۇر. ئەگەر ھەسەننىڭ بۇ ھەدىسنى سەمۇرەدىن ئاڭلىغانلىقى ئىسپاتلانسا، بۇ

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە ئىبنى ھەببان ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەسەتۇر، دېدى.

(2) سۈرە نىسا 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم بۇ، توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ھەدىس كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل - پاكىت بولالىشى مۇمكىن. »[1]

لېكىن بۇ ھەدىس ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ بۇزۇلۇپ ياكى يوق بولۇپ كەتمىگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر لازىم:

1 - ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇلغان نەرسە، پايدىلانغىلى بولىدىغان نەرسە بولۇش لازىم.

2 - بىر نەرسىسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان كىشى، قارشى تەرەپتىن ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى قارشى تەرەپتىكى ئادەمدىن ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئەمەس بىر نەرسىنى ئىجارىگە قويۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن، ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىدا ئۇنى ئۆتنىگە ئالغۇچىنىڭ قەستەنلىكى بولمىسا، ئۇ نەرسە تۆلىتىلمەيدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ۋاقتىدا، (قارشى تەرەپكە: ئەگەر سەن بۇنى بۇزۇۋەتسەڭ، ياكى يوق قىلىۋەتسەڭ تۆلەيسەن، دەپ) ئۇنى تۆلىتىش ئۈچۈن قويۇلغان شەرت خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى (ئەگەر يوقۇتىۋەتسە) تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان شەرت كۈچكە ئىگە بولمىغىنىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى بىرسىگە پەقەت بىر كۈنلۈك ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان، لېكىن ئۆتنىگە ئالغۇچى ئۇنى بىر كۈن توشقاندىن كېيىنمۇ قايتۇرۇپ بەرمەي ئىشلەتكەن ۋە بۇزۇلۇپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغۇچى ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ھەقسىز ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى باشقىسىنىڭ نەرسىسىنى ھەقسىز ئېلىۋېلىپ يوقىتىۋەتكەن ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ).[2]

---

(1) «فەتھۇلبارى»، 5 - توم، 241 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 503 - بەت.

# بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش بۇنى ساڭا ئۆتنىگە بەردىم، دېگەن سۆز بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ سۆز بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئوچۇق سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن: ساڭا يېرىمنى تاماق قىلىپ بەردىم، يەنى يېرىمدىن كەلگەن كىرىمدىن پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن يېرىمنى ساڭا ئۆتنىگە بېرىپ تۇردۇم، دېيىش بىلەنمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەن: بۇ كۆينىكىمنى ياكى بۇ چۆرەمنى ساڭا بەردىم ۋە سېنى بۇ ئۇلۇغۇمغا مىندۇرۇپ قويدۇم، دېگەن ۋە بۇ سۆزلەر بىلەن ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپكە سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىشنى نىيەت قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ سۆزلەر بىلەن بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ سۆزلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇ نەرسىنى قارشى تەرەپكە بېرىۋېتىشنى نىيەت قىلمىسا، بۇ ھەقتە كەلگەن ئەڭ ئوچۇق سۆزلەردىن ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۆزلەر بولسا: مەن سىزگە مېنىڭ قورۇيۇمنى تولۇق بىر ئاي ئىجارىگە بەردىم، مېنىڭ خىزمەتچىمنى بىر ئاي سىزگە خىزمەتچىلىككە سېلىپ بەردىم ۋە مېنىڭ قورۇيۇمنى ئۆمۈر بويى سىزنىڭ ئولتۇرۇشىڭىزغا بەردىم، دېگەن سۆزلەردۇر[1].

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش (ئۇنىڭدىن يېنىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە) شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ كېتىدىغان بىر مەسىلە ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان كىشى خالىغان ۋاقىتتا، ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشتىن يېنىۋالسا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ۋاقىتلىق ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان بولسا، ۋاقىت توشۇشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغۇچى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشتىن يېنىۋالسا، بىر نەرسىنى

(1) بۇ ئەرەبلەرنىڭ بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۆزلىرىدۇر. ئەمما بىز ئۇيغۇرلار بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بەرمەكچى بولساق، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە ئىشلىتىپ كەلگەن سۆزلەرنى ئىشلەتسەك بولۇۋېرىدۇ. ت.

ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئىشى ئاياغلاشقان بولىدۇ. ئەگەر (بۇ ۋاقىتتىن كېيىن) ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇلغان نەرسە ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا داۋام قىلسا، ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلگەن ئىش ـ ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى باشقىلارغا ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە قويالمايدۇ. چۈنكى بىر مەسىلە ئۇنىڭدىن باشقا بىر مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەمگە بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋېلىشنى بېرىپ تۇرۇش، دېگەنلىك بولىدۇ. بىر ئادەمگە بىر نەرسىدىن پايدىلىنىۋېلىشنى بېرىپ تۇرۇش بىر مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلە ئۆزىدىن ئايرىم بولغان بىر نەرسىنى ئىجارىگە بېرىش ياكى بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش دېگەن مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (يەنى بىر نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئىجارىگە بېرىشى ياكى گۆرۈگە قويۇشى توغرا ئەمەس).

ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغۇچى ئۇنى ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە قويغان بولسا، ئۆتنىگە سوراپ تۇرغۇچى بىلەن (ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە ئالغۇچى) ئۇ نەرسىگە دۇشمەنلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بەرگۈچى ئۇنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغۇچىغا، ئۇنىڭ (بازاردىكى) پۇلىنى تۆلىتىدۇ. ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ ئۇنى ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە بەرگەن ئادەم (ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىپ بولۇپ) ئۇ پۇلنى باشقا بىرسىدىن (يەنى ئۇنى ئىجارىگە ياكى گۆرۈگە ئالغان ئادەمدىن) ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش بىلەن خۇددى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر نەرسىنى ئىجارىگە قويغان ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ ئۇنى ئىجارىگە قويغان ئادەم، ئۇنىڭدىن كەلگەن پۇلنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغۇچى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى، (ئۇنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ ئىجارىگە قويغان ئادەمدىن ئەمەس) ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن تۆلىتىپ ئالغان ۋە بۇ كىشى ئۇنىڭ (ئۇنى ئىجارىگە قويغان ئادەمنىڭ قولىدا) ئۆتنە سوراپ تۇرۇلغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىگە كەلگەن زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلىۋېلىش ئۇچۇن ئۇ نەرسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇپ ئىجارىگە قويغان ئادەمدىن ئالىدۇ.

ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇلغان نەرسە شۇنىڭدەك يەنە باشقىلارنىڭ يېنىدا ئامانەتكە قويۇلمايدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ ئۆتنىگە بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇلغان نەرسە ھەممە ئادەم بىر خىل شەكىلدە ئىشلىتىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە باشقىلارغا ئۆتنىگە بېرىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمگە ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسە ئۆي بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى ئولتۇرۇدىغان باشقا بىرسىگە ئۆتنە بېرىپ تۇرسا ياكى (زەمبىلدەك) ئۇستىدە بىر نەرسە كۆتۈرۈلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە توشۇيدىغان ئادەمگە ئۆتنە بېرىپ تۇرسا ياكى يەر بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنى زىرائەت تېرىدىغان ئادەمگە ئۆتنە بېرىپ تۇرسا بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر پارچە ئالتۇن ئۆتنە ئېلىپ تۇرغان، ئاندىن ئۇنى بالاغەتكە يەتمىگەن بىر كىچىك بالىغا ساقلاشقا بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئالتۇن ئۇ كىچىك بالىنىڭ يېنىدىن ئوغۇرلىنىپ كېتىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر بۇ كىچىك بالا ئۇستىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساقلىيالىغۇدەك بالا بولسا، ئالتۇننى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغۇچى ئادەم ئۇنى (ئىگىسىگە) تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىك بالا ئۇ دەرىجىدە بولمىسا، ئالتۇننى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغۇچى ئادەم ئۇنى (ئىگىسىگە) تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئالتۇنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئالتۇننى كىچىك بالىغا تاپشۇرۇشى، ئۇنى ئۇ بالىغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇننى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىش ھەققى باردۇر. (ئۇ ئادەم ھەققى بار بىر ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئالتۇننى تۆلەپ بەرمەيدۇ).

ئەگەر بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغۇچى ئادەم بىلەن ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغۇچى كىشى ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش شەكلى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، مەسىلەن: بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بەرگۈچى: مەن بۇ نەرسىنى ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان كىشىگە، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى خۇسۇسىي بىر شەكىلدە ۋە خۇسۇسىي بىر ۋاقىتتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتنىگە بەرگەن، دەپ دەۋا قىلغان، ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان كىشى ئىشنىڭ ئۇنداق بولمىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بەرگەن ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى (ئۆتنىگە بەرگەن ياكى بەرمىگەنلىك ھەققىدىمۇ) ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىناتتى، شۇنىڭدەك ئۇ نەرسىدىن (ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان كىشىنىڭ) قانداق شەكىلدە پايدىلىنىش ھەققىدىمۇ ئۇنىڭ

سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمدىن (ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن) ئۆتنىگە بىر ئۆكۈز سوراپ كىرگەن ۋە ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىگە: مەن ئۆكۈزنى سىزگە ئەتە بېرەي، دېگەن ئەتىسى ئۆكۈزنى سوراپ كىرگەن كىشى ئۆكۈزنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئىشلەتكەن ۋە ئۆكۈز ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆكۈزنى ئۆتنە سوراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. لېكىن <ئەلمۇجتەبا> دېگەن كىتابتا، ئۇ كىشى ئۆكۈزنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆكۈزنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ چىقىپ كەتكەندۇر، دەپ بايان قىلىندى.

بىر دادا قىزىنى ياتلىق قىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا، ئادەتتە ئۇ قىزنىڭ تەڭتۇشلىرىغىمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى ياتلىق قىلغان ۋاقتىدا بېرىدىغان بىر قۇر ئۆي سايمانلىرى بەرگەن، ئاندىن ئۇ دادا: مەن بۇ سايمانلارنى قىزىمغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان دېگەن بولسا، بۇ ھالدا شۇ يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر دادا قىزىغا بۇنچىلىك ئۆي سايمانلىرىنى ئۆتنە ھېسابىدا ئەمەس پۈتۈنلەي بېرىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ دادىنىڭ: مەن بۇ سايمانلارنى قىزىمغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان، دېگەن سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەت ئۇ دادىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر دادا قىزىغا بۇنچىلىك ئۆي سايمانلىرىنى پۈتۈنلەي بېرىۋېتىدىغان بولمىسا ياكى بەزىدە بېرىۋېتىدىغان ۋە بەزىدە بېرىۋەتمەيدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ دادىنىڭ: مەن بۇ سايمانلارنى قىزىمغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان دېگەن، سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ دادىنىڭ قىزىغا بەرگەن ئۆي سايمانلىرى ئادەتتە ئۇ قىزنىڭ تەڭتۇشلىرىغا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى ياتلىق قىلغان ۋاقتىدا بېرىدىغان سايمانلاردىن كۆپ بولغان ۋە ئۇ دادا: مەن بۇ سايمانلارنى قىزىمغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە: ئۇ دادىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە بىر ئانىنىڭ ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك

**قىزنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇ دادىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر[1].**

**بىر ئادەم قىزىنى ياتلىق قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بىر قۇر ئۆي سايمانلىرى بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە مىراسخورلار (قىزنىڭ قولىدىكى) ئۇ سايمانلارنى بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ سايمانلارنى ئۇ قىز كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان ياكى ئۇ ئادەم ئۇ سايمانلارنى ئۇ قىز چوڭ بولغاندىن كېيىن سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزى ساق ـ سالامەت ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مىراسخورلارنىڭ قىزنىڭ قولىدىكى سايمانلارنى بۆلۈشۈمىز، دەپ تەلەپ قىلىش ھەققى يوقتۇر. چۈنكى ئۇ سايمانلار ئۇ قىزنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ.[2]**

**بىر كىشى بىر ئادەمدىن پۇل ياكى (بۇغداي ـ قۇناقتا ئوخشاش) ئۆلچۈلىنىدىغان ياكى (تۇمۇرگە ئوخشاش) تارتىلىدىغان ياكى (تۇخۇم ۋە ياڭاقتا ئوخشاش) دانىسى سانىلىدىغان بىر نەرسە سوراپ تۇرغان بولسا، بۇ نەرسىلەر ئۆتنىگە سوراپ تۇرۇلغان ئەمەس قەرزگە سوراپ تۇرۇلغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر نەرسنى ئۆتنىگە بېرىشتىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىگە قىلىپ بېرىش ئەمەس ئۇ نەرسىدىن كەلگەن مەنپەئەتنى ئىگە قىلىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما مەزكۇر نەرسىلەردە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋەتمەستىن ئۇلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ، مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى (ئۇ نەرسىلەرنى سورىغان كىشىگە) ئىگە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى بىر ئادەمگە ئىگە قىلىپ بېرىش، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىش يولى بىلەن ياكى ئۇنى قەرز قىلىپ بېرىش يولى بىلەن بولىدۇ. قەرز بولسا بۇ ئىككى خىل يولنىڭ ئەڭ ئاددىيسىدۇر.**

**ئۆتنىگە ئالغان نەرسنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى، ئۇنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم كۆتۈرىدۇ. چۈنكى بىر نەرسنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسنى**

(1) مەسىلەن: قىزىغا بىر قۇر ئۆي سايمانلىرى بەرگەن بىر ئانا: مەن ئۇ نەرسىلەرنى قىزىمغا ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان دېگەن بولسا، ئەگەر شۇ يۇرتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە بىر ئانا قىزىغا بۇنچىلىك ئۆي سايمانلىرىنى ئۆتنە ھېسابىدا ئەمەس پۈتۈنلەي بېرىۋېتىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئانىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۆرپ ـ ئادەت ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىزغا ئىگە بولغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ بۇ ھەقتە بۇ ئانىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، **3** ـ توم، **506** ـ بەت.

ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. شۇڭا ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىم ئۇنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى ئۆتنە سوراپ تۇرغان، ئاندىن ئۇنى (ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن) ئىگىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئېغىلغا سولاپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇ ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلىمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغنى ئادەتتە ئۇلاغ ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇپ بېرىلىدىغان بىر شەكىلدە قايتۇرۇپ بەردى.[1]

بىر ئادەم بىر كىتاب ئۆتنە ئېلىپ تۇرغان ۋە ئۇ كىتابتا بەزى خاتا يەرلەرنى كۆرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم (ئۇ خاتا يەرلەرنى تۈزىتىپ قويسا) كىتاب ئىگىسىنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى بىلسە، كىتابتىكى خاتا يەرلەرنى تۈزىتىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (ئۇ خاتا يەرلەرنى تۈزىتىپ قويسا) كىتاب ئىگىسىنىڭ رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلسە، كىتابتىكى خاتا يەرلەرنى تۈزىتىپ قويماي خاتالارنى شۇ پېتى قويۇپ قويىدۇ. خاتا يەرلەرنى تۈزىتىپ قويماي شۇنداق قويۇپ قويۇش گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر خاتالىق (كىتابتا بولماي) قۇرئاندا بولسا، ئۇنى تۈزىتىپ قويماي ئۆتۈپ كېتىش گۇناھتۇر. چۈنكى قۇرئاندا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى مۇناسىپ خەت بىلەن تۈزىتىپ قويۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىر ۋەزىپىسىدۇر.

بىر ئادەم زىرائەت تېرىش ئۈچۈن بىر يەرنى ئۆتنە ئالغان بولسا، يەرنىڭ ئىگىسى يەرنى ئۇ ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مەيلى مەلۇم بىر مۇددەت توختىتىپ بەرگەن بولسۇن مەيلى بەرمىگەن بولسۇن، يەر ئىگىسىنىڭ يەرنى ئۇ ئادەمدىن زىرائەتنى يىغىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى يەرنى زىرائەتنى يىغىدىغان ۋاقىت كېلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالماقچى بولسا، بۇ ھالدا يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئوخشىشىغا بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەققى بېرىلىپ زىرائەت (تاكى ئۇنى يىغىدىغان ۋاقىت كەلگەنگە قەدەر يۇلۇپ تاشلىۋېتىلمەستىن ئۇ يەردە) تۇرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىنغان بولىدۇ.

بىر ھايۋان قانداق شەرت بىلەن ئۆتنىگە ئېلىنسا ئېلىنسۇن، ئىشلىتىپ

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 223 ـ بەت.

تۇرۇش ئۇچۇن ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان ھايۋانلارغا يەم بېرىش ئۆتنىگە ئالغۇچى ئادەمنىڭ ئۇستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر قۇلنى ئىشلىتىپ تۇرۇشنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەممۇ ئۇ قۇلنىڭ چىقىملىرىنى ۋە كىيىم - كىچەكلىرىنى بېرىشى لازىمدۇر.

ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان ھەر قانداق بىر ئادەم قولىدىكى (باشقىلارغا تەۋە بولغان) نەرسىنى، ئۇ نەرسىگە ھەقلىق بولغۇچى ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەردىم، دېگەن ۋە شۇنداق قىلغانلىقىغا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزىمۇ خۇددى قېشىدا بىر نەرسە ئامانەت قويۇلغان ئادەمنىڭ، ۋەكىل ئادەمنىڭ ۋە ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغان ئادەمنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنغىنىدەك قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى قېشىدا بىر نەرسە ئامانەت قويۇلغان ئادەم، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن، ۋەكىل ئىشنى (ئۇنى ۋەكىللىكە تاللىغان ئادەم تاپشۇرغان بويىچە) قىلغانلىقىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن ۋە ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغان ئادەم ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى مەيلى ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسۇن مەيلى باشقا پېقىرلار بولسۇن ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئادەملەرگە بەرگەنلىكىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئىشىمۇ خۇددى بىر نەرسىنى ئىجارىگە قويغانغا ئوخشاش ئۇنى ئۆتنە بېرىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ياكى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر كىتابنى ئۆتنىگە ئالغان، ئۇنى يۈتتۈرۈپ قويغان، ئاندىن كىتابنىڭ ئىگىسى كېلىپ كىتابنى سورىغان ۋە كىتابنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم (بۇ قېتىمدا) كىتابنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر بەرمەي ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان، ئاندىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا كىتابنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم كىتابنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن سۆزلىرى بىر - بىرىگە زىتتۇر.

بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ھەر قانداق بىر تەسەررۇپنى ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەمنىڭ رۇخستى بىلەن قىلغانلىقىنى داۋا قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان ئادەم ئۇ كىشىنىڭ قىلغان داۋاسىنى يالغانغا چىقارغان بولسا،

بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئالغۇچى كىشى داۋاسىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتمىسە ئۇنەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر ئادەم بىر يەرنى ئۇ يەردە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇۋېلىشى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي يەرنىڭ ئىگىسىگە قېلىپ قېلىشى شەرتى بىلەن ئۆتنىگە ئالغان ۋە (ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئۆيدە بىر مۇددەت ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆينى يەرنىڭ ئىگىسىگە تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەن ۋە يەر ئىگىسى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان بولسا)، يەر ئىگىسى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيگە تۆلەنگەن ئىجارىنى تۆلەيدۇ. ئۆي ھەقىقەتتە يەرنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى يەر ئىگىسى يەرنى ئۇ ئادەمگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرماقچى بولغاندۇر. ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسە بەدەلسىز بولىدۇ. ئەمما يەر ئىگىسىنىڭ يەرنى (ئۇنىڭغا سېلىنغان ئۆينىڭ ئۆزىگە قېلىپ قېلىش شەرتى بىلەن) ئۇ ئادەمگە بېرىشى يەرنى ئۆتنىگە ئەمەس مەنا جەھەتتىن ئىجارىگە قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىجارە ئۇ يەرگە ئۆي سالغان ئادەم ئۇ ئۆيدە قانچىلىك مۇددەت ئولتۇرىدىغانلىقى ۋە (ئۇ يەردە ئولتۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن) ئۆينى قانچىلىك سالىدىغانلىقى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆينى (كىچىك سالامدۇ ياكى چوڭ سالامدۇ) بۇ بىر نامەلۇم ئىشتۇر. بۇ ئىجارە شەرتىگە توشمىغان ئىجارە بولغانلىقى ئۈچۈن يەر ئىگىسى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيگە تۆلەنگەن ئىجارىنى تۆلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يەرنى ئۆتنىگە ئالغان ئادەم: (مەن بۇ يەرگە ئۆي سېلىپ بىر يىل ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆينى ساڭا تاشلاپ بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) ئۇ يەردە ئولتۇرىدىغان مۇددەتنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ يەنە يەر ئىگىسىنىڭ ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيگە تۆلەنگەن ئىجارىنى تۆلۈشى لازىم. چۈنكى بۇ ئىجارە (يەنى يەرگە ئۆي سېلىپ بىر مۇددەت ئولتۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن) ئۆينى يەر ئىگىسىگە تاشلاپ چىقىپ كېتىش بولسا، شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرگە سېلىنىدىغان ئۆينىڭ (كىچىك ـ چوڭلىقى، ياخشى ـ ناچارلىقى) نامەلۇمدۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 507 ـ بەت.

# سوۋغا قىلىشنىڭ بايانى

سوۋغا قىلىشتىن بىر نەرسىنى ئۇنىڭ بەدىلىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلماستىن باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ئالىملىرى <سوۋغا قىلىش> دېگەن سۆزگە: <سوۋغا قىلىش بىر نەرسىنى بەدەلسىز بېرىش> دېگەن ئوقۇمنى بەرگەن. بۇ (ئەمەلىيەتتە) مەۋجۇت بىر نەرسىنى سوۋغا قىلىشنى ۋە (بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى) قەرزنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: قەرز ئىگىسى بىر كىشىگە: مەن پالانى ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلنى ساڭا سوۋغا قىلدىم، دەپ ئۇ پۇلنى ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇغان بولسا، بۇ توغرا بىر سوۋغات بولىدۇ. چۈنكى قەرز پۇل، بۇ پۇل سوۋغات قىلىنغان كىشى ئۇنى قولىغا ئېلىش بىلەن (ئەمەلىيەتتە) مەۋجۇت بار بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ماھىيەتتە بىر نەرسىنى سوۋغات قىلىش بىلەن ئۇنى ھەدىيە قىلىشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. چۈنكى ھەدىيەمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ ئالماسلىق ۋە (بەدەلسىز) شەرتى بىلەن بېرىلىدۇ.[1]

## سوۋغىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

سوۋغا - سالام بېرىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن ئېسىل ئەخلاقلاردىندۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ بەدىلىنى بېرەتتى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سوۋغا - سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە بىر نەرسە بېرەتتى. سوۋغا - سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە ئەڭ ئاز، سوۋغا - سالام ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ پۇلىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بىر نەرسە بېرىش لازىم. سوۋغا - سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىش سۈننەتتۇر. ئەگەر سوۋغا - سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشكە ئىمكانىيىتى يەتمىسە، ئۇ ئادەمگە كۆپ رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇش لازىم. بۇ ھەقتە

(1) <ئەك تەئرىفات لىلجۇرجانىي>.

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى الله نىڭ نامى بىلەن پاناھلىق سورىسا، پاناھلىق بېرىڭلار. كىمكى سىلەردىن الله نىڭ نامى بىلەن (بىر نەرسە) سورىسا، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار. كىمكى سىلەردىن الله نىڭ نامى بىلەن ئامانلىق تىلىسە، ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىڭلار. كىمكى سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قايتۇرۇڭلار. ئەگەر (ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرغۇدەك بىرەر ياخشىلىق) تاپالمىساڭلار، ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار.»[1]

سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىش سۈننەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مالىكىي مەزھەپىدىكى بەزى ئالىملار: «ئەگەر سوۋغا ـ سالام بېرىلگەن ئادەم، سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى تەلەپ قىلىنىدىغان ئادەملەردىن بولسا، سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىش ۋاجىپتۇر» دەيدۇ. مەسىلەن: بىر پېقىر كىشى باي بىر ئادەمگە سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ پېقىر بۇ سوۋغا ـ سالام بىلەن ئۇ ئادەمدىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسىدىن كۆپ بىر نەرسە ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. (بۇ ھالدا باي ئادەمنىڭ سوۋغا ئېلىپ كەلگەن ئۇ پېقىرغا بىر نەرسە بېرىشى ۋاجىپتۇر). ئەڭ ئاز قارشى تەرەپنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىگە ئوخشاش بىر نەرسە بېرىش لازىمدۇر. بۇ ھەم ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كونا كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بولسا: «بىر ئادەمگە، ئۇنىڭدىن بەدىلىنى ئېلىش مەقستى بىلەن سوۋغا ـ سالام بېرىش، قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان پۇلغا بىر نەرسە سېتىش ھېسابلىنىدۇ، بۇ توغرا بولمىغان بىر ئىشتۇر» دەيدۇ.[2]

بۇ يەردە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتۈش لازىمكى، سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بەرمەكچى بولغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك، سوۋغا ـ سالامنى ئەمەس بېرىلمەكچى بولغان بەدەلنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ ئەگەر سوۋغا ـ سالام ئۇنىڭ قارشىسىدا بەدەل بېرىش شەرتى بىلەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. سوۋغا ـ سالامنى بېرىدىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قارشىسى ئۈچۈن بىرەر بەدەل بېرىشنى شەرت قىلمىغان، ئەمما كۆڭلىدە پۈككەن بولسا،

(1) بۇ ھەدىسنى نەسائىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 210 ـ بەت.

بۇ ھالدا بۇ سوۋغا ـ سالام ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بۇ توغرا بىر سوۋغا ـ سالام ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوۋغا ـ سالاملارنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر ـ بىرىڭلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭلار، (ئاراڭلاردىكى) ئاداۋەت تۈگەيدۇ. سوۋغا ـ سالام بېرىشىڭلار، (ئاراڭلاردا) مېھرى ـ مۇھەببەت ئورنايدۇ ۋە يامان كۆرۈشۈش تۈگەيدۇ.»[1]

ھەدىيە ياكى سوۋغات قىلىنغان نەرسە قانچىلىك ئاددىي بولسا بولسۇن ئۇنى قوبۇل قىلىش سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر مەن قوينىڭ ئالدى قولى ياكى كەينى پاچىقى بىلەن راستلانغان مېھماندارچىلىققا چاقىرىلسامۇ باراتتىم، ئەگەر ماڭا قوينىڭ ئالدى قولى ياكى كەينى پاچىقى سوۋغا قىلىنسىمۇ قوبۇل قىلاتتىم.»[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئاددىي نەرسە بىلەن ئالىي نەرسىنىڭ مىسالىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قوينىڭ ئالدى قولى بىلەن ئۇنىڭ پاچىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوينىڭ ئالدى قولى باشقا يەرلىرىگە قارىغاندا بەك ياخشى كۆرۈلەتتى. ئەمما قوينىڭ پاچىقى بولسا ئېتىبارسىز بىر ئەزادۇر.

ئىبنى بەتتال (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسدە قوينىڭ پاچىقىنى مىسالغا ئېلىش بىلەن بىر نەرسە سوۋغات قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئاددىي كۆرۈپ سوۋغا ـ سالام قىلىشتىن باش تارتمىسۇن، دەپ سوۋغاتقا ئېلىپ كېلىنگەن نەرسە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى. چۈنكى سوۋغا ـ سالام (كىشىلەر ئارىسىدا) مېھرى ـ مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.»[3] شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر نەرسىنى ئاددىي كۆرۈپ ئۇنى سوۋغا قىلماسلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇسۇلمان ئاياللىرى! بىر قوشنا قوشنىسىغا ئەڭ ئاددىيسى قوينىڭ شاقشىقىدەك ئاددىي

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 200 ـ بەت.

نەرسە بولسىمۇ سۈنۈشنى كىچىك كۆرمىسۇن.»[1]

بۇ ھەدىستىن سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن ھەقىقەتتە قوينىڭ شاقشىقىنى ئەمەس شۈنىڭدەك ئاددىي نەرسە بولسىمۇ ئۇنى ئاددىي كۆرمەي سۇنۇش ۋە سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن سۇنۇلغان نەرسە شۇنىڭدەك ئاددىي بولسىمۇ ئۇنى ئاددىي كۆرمەي قوبۇل قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئادەتتە قوينىڭ شاقشىقى سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن سۇنۇلمايدۇ. يەنى ھەدىسنىڭ مەنىسى خۇددى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: بىر قوشنا قوشنىلىرىغا يېنىدا بار نەرسىنى ئاز ۋە ئاددىي كۆرۈپ ئۇلارغا سوۋغا ـ سالام قىلىشتىن باش تارتمىسۇن. ئەكسىچە قېشىدا بار نەرسە ئاددىي ۋە ئاز بولسىمۇ ئۇنى سوۋغا قىلىپ قوشنىلىرىغا سۇنسۇن، بۇنداق قىلىش پەقەت سوۋغا ـ سالام سۇنمىغانلىقتىن ياخشىدۇر. ئەمما ھەدىستە شاقشىقنىڭ بايان قىلىنىشى مۇبالىغە ئۈچۈندۇر.

ھەدىستىن (بىر قوشنىنىڭ يەنە بىر قوشنىسىغا سۇنىدىغان سوۋغا ـ سالامنى ئاددىي كۆرۈپ بىر نەرسە سۇنۇشتىن باش تارتىشتىن چەكلەش ئەمەس) بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان قوشنىنى سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى ئاددىي كۆرۈپ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشتىن چەكلەش مەناسىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. لېكىن ھەدىسنىڭ مەناسىنى ھەر ئىككى خىل مەناغا قارىتىش بىر خىل مەناغا قاراتقاندىن ياخشىدۇر.[2]

## سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ توغرا سوۋغا ـ سالام بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

سوۋغا قىلىنغان بىر نەرسىنىڭ توغرا سوۋغا ـ سالام بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر لازىمدۇر:

1ـ سوۋغات ـ سالام قىلغان ئادەم ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ھۆر ئادەم بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ، (ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس ساراڭنىڭ) ۋە قۇل ئادەمنىڭ قىلغان سوۋغا ـ سالىمى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش شەرتلىرى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 198 ـ بەت.

توشمىغان ئادەملەردۇر.

2 ـ سوۋغا قىلىنغان نەرسە، (سوۋغا قىلىنغان ئادەم ئۇنى) قولغا تاپشۇرۇپ ئالالايدىغان شەكىلدە سوۋغات قىلىنىشى لازىم. (ئەگەر سوۋغا قىلىنغان نەرسە ئۇ شەكىلدە سوۋغات قىلىنمىسا، بۇ سوۋغا توغرا بولمايدۇ). مەسىلەن: بىر كىشى مەرۋايىتنى يۇتتۇرۇپ قويغان، ئاندىن ئۇنى بىر ئادەمگە سوۋغا قىلىپ ئۇ ئادەمنى ئۇ مەرۋايىتنى ئىزلەشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇ ئادەم مەرۋايىتنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى (ئۇنى سوۋغات قىلغان كىشى) ئېلىۋالغان بولسا، ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر سوۋغات ـ سالام ھەققىدە: بۇ توغرا بولمىغان سوۋغا ـ سالام ھېسابلىنىدۇ» دېدى.[1]

3 ـ سوۋغا قىلىنغان نەرسە چەك ـ چېگرىسى ئايرىلغان، باشقا نەرسە بىلەن ئورتاق بولمىغان نەرسە بولۇشى ۋە باشقىلار ئىشلىتىۋاتقان نەرسە بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار ئىشلىتىۋاتقان نەرسىنى سوۋغات قىلىش توغرا ئەمەس. ئەمما دادا بولغان ئادەمنىڭ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان بىر نەرسىنى سوۋغات قىلىشى توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر دادا كىچىك بالىسىغا ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ياكى ئىچىگە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇپ قويغان بىر ئۆينى سوۋغات قىلغان بولسا، بۇ توغرا بولغان سوۋغات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سوۋغات قىلىنغان ئۆينى بالا تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ نامىدا تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم يەنىلا دادىدۇر. سوۋغات قىلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشى سوۋغاتنىڭ توغرا بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالى بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان ئۆينى سوۋغات قىلىشمۇ توغرىدۇر.

ھايۋاننىڭ يىلىنىدىكى سۈتنى، قوينىڭ ئۈستىدىكى يۇڭنى، (تېخى يىغمىغان) يەر ئۈستىدىكى زىرائەتلەرنى ۋە مېۋە دەرىخى ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى سوۋغات قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى مەزكۇر نەرسىلەر چەك ـ چېگرىسى ئايرىلمىغان ۋە باشقا نەرسە بىلەن ئورتاق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىدە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەر سوۋغات قىلىنغاندىن كېيىن تۇرۇۋاتقان

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 508 ـ بەت.

يەرلىرىدىن ئايرىپ ئېلىنىپ سوۋغات قىلىنغان ئادەمگە تاپشۇرۇلسا، بۇ هالدا بۇ توغرا سوۋغات هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: هايۋاننىڭ يىلىنىدىكى سۈت سېغىلىپ سوۋغات قىلىنغان ئادەمگە تاپشۇرۇلغان، يەر ئۈستىدىكى زىرائەت يىغىلىپ سوۋغات قىلىنغان ئادەمگە تاپشۇرۇلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ سوۋغا توغرا بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە مەزكۇر نەرسىلەرنىڭ سوۋغا قىلىنىشىنىڭ توغرا بولماسلىقىنى چەكلەيدىغان ئامىل يوقالغان.

بىر كىشى بىر ئادەمگە پەقەت يەرنىڭ ئۈستىدىكى زىرائەتنى سوۋغا قىلىپ زىرائەتنى يىغىۋېلىشقا بۇيرۇغان ياكى مېۋە دەرىخىدىكى مېۋىنى سوۋغا قىلىپ ئۇنى يۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇغان ۋە سوۋغا قىلىنغان ئادەم شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئىستىهسان قائىدىسىگە ئاساسەن بۇ توغرا سوۋغات هېسابلىنىدۇ.

ئىككى ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە بىر قورى سوۋغات قىلىشى توغرا بولىدۇ. چۈنكى بىر قورۇنى ئىككى ئادەمنىڭ سوۋغا قىلىشى چەك ـ چېگرىسى ئايرىلمىغان ۋە باشقا نەرسە بىلەن ئورتاق بولغان نەرسىلەرنىڭ هۆكمىدە ئەمەستۇر. ئەمما بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمگە بۇغداينىڭ ئىچىدىكى ئۇننى، كۈنجۈتنىڭ ئىچىدىكى ياغنى ۋە سۈتنىڭ ئىچىدىكى قايماقنى سوۋغا قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى سوۋغا قىلىنغان نەرسە چەك ـ چېگرىسى ئايرىلمىغان ۋە باشقا نەرسە بىلەن ئورتاق بولغان نەرسىلەرنىڭ هۆكمىدىدۇر. ئەگەر مەزكۇر نەرسىلەر سوۋغا قىلىنغاندىن كېيىن تۈرۈۋاتقان يەرلىرىدىن ئايرىپ ئېلىنىپ سوۋغا قىلىنغان ئادەمگە تاپشۇرۇلسا، بۇ هالدا بۇ توغرا بىر سوۋغات هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بۇغداي تارتىلىپ ئۇنىغدىكى ئۇن چىقىرىلىپ سوۋغا قىلىنغان ئادەمگە تاپشۇرۇلسا، بۇ هالدا بۇ توغرا سوۋغات هېسابلىنىدۇ.[1]

## بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغا ـ سالامنىڭ بايانى

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ، ئۇ بالىغا بىر نەرسىنى (ئەگەر ئۇ مەلۇم بىر نەرسە بولسا) سوۋغا قىلىش

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 511 ـ بەت.

ئىشى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا (مەن بۇ نەرسىنى ساڭا سوۋغا قىلدىم، مەن ئۇنى قوبۇل قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئارقىلىق) پۈتۈشۈش بىلەنلا تاماملىنىدۇ. بۇ سوۋغا ـ سالام، ئۇ نەرسە مەيلى شۇ ئادەمنىڭ قولىدا بولسۇن مەيلى باشقا بىرسىگە ئامانەت قويۇپ قويۇلغان بولسۇن مەيلى باشقا بىرسى ئۆتنىگە سوراپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسۇن توغرا شەكىلدە تاماملانغان بولىدۇ. چۈنكى مەزكۇر سوۋغاتنى ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئۆزى تاپشۇرۇپ ئالغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغات يات ئادەم تەرىپىدىن قىلىنغان بولسا، بۇ ھالدا بۇ سوۋغا ئىشى تاكى كىچىك بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۇ سوۋغىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە تاماملانغان بولمايدۇ.

بىر كىچىك بالىغا سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر بولسا، دادا، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تالالانغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا چوڭ دادا، ئۇنىڭدىن قالسا چوڭ دادىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا قازى، ئۇنىڭدىن قالسا قازىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەملەردۇر. مەزكۇر ئادەملەرنىڭ بىرەرسى بار تۇرۇپ مەيلى كىچىك بالا قول ئاستىدا يۈگىنىۋاتقان ئادەم بولسۇن مەيلى كىچىك بالىنىڭ قېرىندىشىغا ياكى تاغىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشاش بالىنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئادەم بولسۇن مەزكۇر ئادەملەردىن باشقا ھېچبىر ئادەمنىڭ كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر مەزكۇر ئادەملەرنىڭ بىرەرسى يىراقراق يەرگە كېتىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا كىچىك بالىغا سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەمگە يۆتكىلىدۇ. چۈنكى كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن يىراق يەرگە كەتكەن ئادەمنى ساقلاپ ئولتۇرۇش، كىچىك بالىغا پايدىلىق بىر ئىشنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقى خۇددى كىچىك بالىنىڭ نىكاھىنى قىلىپ قويۇش ھوقۇقىغا ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەمگە يۆتكىلىدۇ.

ئەگەر كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى بالىنىڭ دادىسى بار تۇرۇپ ئۇ بالا

قول ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئادەم تاپشۇرۇپ ئالسا، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل جاۋاب بار:

بىرىنچىسى: ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ئىككىنچىسى: ئۇنداق قىلىش توغرىدۇر. ئىككىنچى جاۋاب توغرا دەپ قارالغان جاۋابتۇر. مەسىلەن: بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر قىزغا سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى ئۇ قىزنىڭ دادىسى بار تۇرۇپ ئۇ قىزنىڭ ئېرىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان ئادەمنىڭ، توي قىلىپ ئۇ قىزنى ئۆيگە يۆتكەپ ئېلىپ كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قىزغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقى بار. ئەمما توي قىلىپ ئۇ قىزنى ئۆيگە يۆتكەپ ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن ۋە قىز بالاغەتكە يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقى يوق.

ئەگەر مەزكۇر كىشىلەر يوق بولغان ھالەتتە بىر ئايالنىڭ تەربىيەسىدىكى كىچىك بالىسىغا ئۆزى قىلغان ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنغان سوۋغىنى بالىنىڭ نامىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقى بار.

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان سوۋغىنى قوبۇل قىلماي رەد قىلىش ھوقۇقىمۇ بار. ئەمما كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى، ئۇنىڭغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلماي رەد قىلىۋېتىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇ سوۋغىنى، كىچىك بالىغا قىلىنغان سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر قوبۇل قىلماي رەد قىلىۋېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كىچىك بالىنىڭ قوبۇل قىلىشى توغرىدۇر.

كىچىك بالىغا سوۋغا قىلىنغان نەرسىلەردىن ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى يېسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم كىچىك بالىغا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە يېسۇن، دەپ مېۋە سوۋغا قىلغان بولسا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ مېۋىلەردىن يېيىشى توغرا بولىدۇ. مېۋىلەرنىڭ كىچىك بالىغا سوۋغا قىلىنىشى سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ ئاددىي بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ، يېيىلىدىغان نەرسە بولۇشى بىلەن باشقا نەرسە بولۇشىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر.

ئەگەر بىر دادا بالىسىنىڭ نەرسىلىرىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالسا، ئۇ دادىنىڭ بالىسىنىڭ نەرسىلىرىدىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ بەدىلىنى بەرمەستىن يەپ ـ ئىچىشى ۋە ئىشلىتىشى توغرىدۇر.

كىشىلەر خەتنە قىلىنغان بالىنىڭ ئالدىدا سوۋغا ـ سالاملار قويغان بولسا، سوۋغا ئېلىپ كەلگەن ئادەم بۇ نەرسە مەيلى كىچىك بالىغا تەۋە دېسۇن مەيلى ئۇنداق دېمىسۇن بۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىنىڭ كىيىم ـ كىچەكلىرىگە ئوخشاش كىچىك بالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە كىچىك بالىغا تەۋە بولىدۇ. سوۋغا قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنداق نەرسە بولمىسا، ئەگەر سوۋغا ئېلىپ كىرگەن ئادەم دادىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ياكى ئۇنىڭ تونۇشلىرى بولسا، سوۋغا دادىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر سوۋغا ئېلىپ كىرگەن ئادەم ئانىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ياكى ئۇنىڭ تونۇشلىرى بولسا، سوۋغا ئانىغا تەۋە بولىدۇ.

بىر دادا بالىسىغا كىيىم ـ كېچەك بەرگەن، بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كىيىم ـ كىچەكنى باشقا بىرسىگە بەرمەكچى بولغان بولسا، دادا كىيىم ـ كىچەكنى ئۇ بالىغا بەرگەن ۋاقتىدا ئۇ كىيىمنى ئۇنىڭغا ئۆتنە ھېسابىدا بېرىپ تۇرۇدىغانلىقنى دېمىگەن بولسا، دادىنىڭ ئۇ كىيىم ـ كىچەكنى ئۇ بالىدىن ئېلىپ باشقا بىرسىگە بېرىش ھەققى يوق. بىر دادىنىڭ، بالىلىرى ئىچىدىن بەزىلىرىنى بەزىلىرىگە قارىغاندا ئارتۇق ۋە ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەستۇر. چۈنكى ياخشى كۆرۈش دىلنىڭ ئىشىدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ دىلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. دىلغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش اللہ تائالانىڭ ئىشىدۇر. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، اللہ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). (قىيامەت كۈنى) سىلەر اللہ نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر[1]» شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر باشقا بالىلىرىغا زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، بالىلىرىنىڭ بەزىسىگە ئارتۇق بىر نەرسە بېرىشمۇ توغرىدۇر. ئەگەر بالىلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئارتۇق بىر نەرسە بېرىشتىن باشقىسىغا زىيان يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنسا، بۇ ھالدا بېرىلىدىغان نەرسە بالىلار مەيلى قىز بولسۇن مەيلى ئوغۇل بولسۇن ئۇلارغا ئوخشاش بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئارتۇق بېرىش توغرا ئەمەس. بۇ

(1) سۈرە ئەنفال 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا نۇئمان ئىبنى بەشىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق: ئۇنىڭ دادىسى (يەنى نۇئماننىڭ دادىسى) ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: مەن بۇ ئوغلۇمغا مېنىڭ بىر خىزمەتكارىمنى سەدىقە قىلىپ بەردىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتكار بەردىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى قايتۇرىۋەتكىن» دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ» دېۋىدى. ئۇ: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله دىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار» دېدى.[1]

بىر ئادەم ساق ۋاقتىدا مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى بالىسىغا سوۋغا قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلىش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ.[2]

ئەگەر بىر ئادەم كىچىك بالىسىغا بىر قورۇ سوۋغا قىلغان، ئاندىن ئۇ قورۇنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا باشقا قورۇ ئالغان بولسا، سېتىپ ئېلىنغان ئىككىنچى قورۇ ئۇ بالىغا تەۋە بولىدۇ.

## سوۋغا قىلىش ۋە پارا بېرىشنىڭ بايانى

ئەگەر سوۋغا - سالام پارا بېرىش مەقسىتىدە قىلىنغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنى ئېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار[3]» بۇ ھەقتە ئەبۇھۇمەيد ئەسسائىدىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزدى قەبىلىسىدىن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 - توم، 513 - بەت.

(3) سۈرە بەقەر 188 - ئايەت.

ئىبنى لۇتبىيە دەيدىغان بىر كىشىنى زاكات يىغىشقا تەيىنلىدى. ئۇ كىشى زاكات يىغىشتىن قايتىپ كېلىپ: مانا ماۋۇ يىغىلغان زاكات بولسا سىلەرنىڭ ۋە ماۋۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىنغىنى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇنبەرگە چىقىپ) اللە غا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن: «(مەقسەتكە كەلسەك، مەن اللە مېنى ئىگە قىلغان ئىشلاردىن بىرەر ئىشقا سىلەردىن بىرىڭلارنى باشقۇرغۇچى قىلسام، ئاندىن ئۇ كېلىپ: ماۋۇ سىلەرنىڭ ۋە بۇ ماڭا قىلىنغان ھەدىيە، دەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنىدىغىنى راست بولسا، ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇن، ھەدىيە كېلەمدىكىن؟ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلار باشقىلاردىن بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالمىسۇن، ئەگەر ئالسا قىيامەتتە ئۇ نەرسىلەرنى مۈرىسىدە كۆتۈرگەن ھالدا اللە غا ئۇچرىشىدۇ. ئەگەر (ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە) تۆگە بولسا قاتتىق ئاۋاز چىقارغان ھالەتتە، ئەگەر كالا بولسا مۆرۈگەن ھالەتتە، ئەگەر قوي بولسا مەرىۋاتقان ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ «ئى اللە! يەتكۈزدۈممۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. دۇئاغا قول كۆتەرگەندە ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.[1]

ئىبنى سەئد بۇ ھەقتە پۇرات ئىبنى مۇسلىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالما يېگىسى كېلىپ قالغان ئىدى، ئۇ (بازاردىن) ئالما سېتىپ ئېلىپ يەي دېسە، ئۆيىدە ئۇنى سېتىپ ئالغۇدەك بىرەر نەرسىمۇ تاپالمىدى. بىز (بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ) ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىشتۇق. ئۇنىڭغا بىر پەتنۇستا ئالما كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان راھىبنىڭ خىزمەتكارى ئۇچرىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز پەتنۇستىكى ئالمىلاردىن بىرنى قولىغا ئېلىپ پۇرىدى، ئاندىن تەكرار پەتنۇسقا قويۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا (ئۇ ئالمىنى ئېلىپ يېسەڭ بولمامدۇ؟) دېگەندەك بىر گەپنى قىلدىم. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «ئۇنداق قىلىشقا ھېچبىر ئېھتىياجىم يوق» دېدى. مەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىقلارمۇ سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلمامتى؟» دېدىم. ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قىلىنغان سوۋغا ـ سالاملار ھەقىقىي سوۋغا ـ سالامدۇر، ئەمما ئۇ بۈگۈن پارىدۇر» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ: «سوۋغا ـ سالاملار ئۇلار ئۈچۈن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سوۋغا ـ سالام، ئۇلاردىن كېيىنكى ئەمەلدارلار ئۈچۈن پارا ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

پارا بولسا، بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىلمەي ئېلىنغان ۋە ئالغۇچى ئەيىبلىنىدىغان بىر نەرسىدۇر. ئىبنى ئەلئەرەبىي مۇنداق دېدى: «پارا بولسا، يۈزلۈك ئادەمگە توغرا ئەمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن ياردەم تەلەپ قىلىش يۈزىدىن بەرگەن بىر نەرسىدۇر.»

ئىمام تىرمىزىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «پارا ئالغۇچىغا، پارا بەرگۈچىگە ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت ئوقۇلدى». بىر ئادەمگە بىر نەرسە سوۋغا ـ سالام قىلغان ئادەم ياكى ئۇ نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭ دوستلۇقىنى ياكى ئۇنىڭ ياردىمىنى ياكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى (يەنى سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا بىر نەرسە سوۋغا قىلىشىنى) مەقسەت قىلىدۇ. بىر ئادەمگە ئۇنىڭ دوستلۇقىنى مەقسەت قىلىپ سوۋغا ـ سالام بېرىش باشقا مەقسەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ سوۋغا ـ سالام بەرگەنگە قارىغاندا ياخشىدۇر. سوۋغا ـ سالام بېرىلگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى (يەنى سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا بىر نەرسە سوۋغا قىلىشىنى) مەقسەت قىلىپ بىر نەرسە سوۋغا قىلىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى بىر ئادەمگە ئۇنىڭمۇ بىر نەرسە سوۋغا قىلىشى ئۈچۈن سوۋغا بېرىش ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ياخشى نىيەت بىلەن سوۋغا ـ سالام بېرىشىش ئىشىنىڭ ئارتىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە سوۋغا قىلىنىشىقا مۇھتاج بولسا، ئۇنداق ئادەمگە بىر نەرسە سوۋغا قىلىش مۇستەھەپتۇر. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە سوۋغا قىلىدىغان كىشى قىيىنچىلىق تارتىپ قالمايدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قىيىنچىلىق تارتىپ قالىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ بىر نەرسە سوۋغا قىلىشى مەكرۇھتۇر. ئەمما بىر ئادەمگە ئۇنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىپ بىر نەرسە سوۋغا قىلىشقا كەلسەك، ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ياردىمى تەلەپ قىلىنغان ئىش يامان بىر ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە سوۋغا قىلىش ھالال ئەمەس. بۇ، پارا بېرىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش قىلسا ساۋاب بولىدىغان بىر ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە بىر

نەرسە سوۋغا قىلىش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇ ئىش قىلسا خاتا بولمايدىغان بىر ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە سوۋغا قىلىش توغرىدۇر. بۇ، ئەگەر سوۋغات بېرىلگەن ئادەم ھاكىمغا ئوخشاش ئەمەلدار بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. زۇلۇمنى توسۇپ قىلىش ياكى ئۆز ھەققىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر ئادەمدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام بېرىش توغرىدۇر. لېكىن بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سوۋغا ـ سالاملارنى ئالماسلىقى تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ، ئەگەر سوۋغات بېرىلگەن ئادەم ئەمەلدار بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئەمەلدار بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىشى ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «ئەمەلدارغا قىلىنغان سوۋغا ـ سالاملار خۇددى (ئولجىغا چۈشكەن ماللاردىن) خىيانەت قىلىپ ئېلىۋېلىنغان مال ـ مۈلۈككە ئوخشاشتۇر[1]»[2]

## سوۋغا ـ سالامنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ بايانى

بىر ئادەمگە قىلغان سوۋغا ـ سالامنى قايتۇرۇۋېلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشتىن چەكلەيدىغان بىرەر ئامىل بولمىسا، ئۇنى سوۋغا قىلىنغان ئادەم قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىشمۇ توغرىدۇر. بىر ئادەمگە قىلىنغان سوۋغا ـ سالامنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ھارامغا يېقىن مەكرۇھ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئىبنى ئابباس (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەرگەن سوۋغىسىنى ياندۇرۇپ ئېلىۋالىدىغان كىشى قۇسۇپ ئۆز قۇسۇقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ.»[3]

قىلىنغان سوۋغىنى قايتۇرۇۋېلىشنى چەكلەيدىغان ئامىللار بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزىدە يۈزبەرگەن كۆپىيىش. مەسىلەن: سوۋغا قىلىنغان يەرگە ئۆي سېلىش ياكى دەرەخ تىكىش ئۇ يەرنى سوۋغا قىلغان ئادەمنىڭ قايتۇرۇۋېلىشىدىن چەكلەيدۇ. ئەمما سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 221 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

باھاسىنىڭ ئارتىشى، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشتىن چەكلىمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سوۋغا قىلىنغان نەرسە ئەگەر ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ سەمىرىپ قېلىشىمۇ، كىيىم ـ كېچەك بولسا بويۇلىشىمۇ، ئەگەر ئۇزۇن بىر نەرسە بولسا قىسقىراپ قېلىشىمۇ، كېچىك بولسا، يوغىناپ قېلىشىمۇ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزىدە يۈزبەرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدىغان بىر قوشۇمچىدۇر. ئەمما سوۋغا قىلىنغان نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان كۆپىيىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كۆپىيىش سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى چەكلىمەيدۇ. مەسىلەن: سوۋغا قىلىنغان نەرسە قوي بولۇپ ئۇ قوي توغقان بولسا ياكى دەرەخ بولۇپ مېۋە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا قوينىڭ توغۇشى ۋە دەرەخنىڭ مېۋە بېرىشى ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشتىن چەكلەپ قويمايدۇ. (چۈنكى سوۋغا قىلىنغان ئۇ نەرسىدە يۈزبەرگەن كۆپىيىش ئۇنىڭدىن ئاجراپ تۇرىدىغان كۆپىيىشتۇر).

2 ـ بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەم سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتسە، سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر نەرسە سوۋغا قىلغان كىشى، ئۇ نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورى ئۇ نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەمگە: سەن ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشى ھايات ۋاقتىدا ئەمەس ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قولۇڭغا تاپشۇرۇپ ئالدىڭ، دەپ ۋە ئۇ نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەم: مەن ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشى ھايات ۋاقتىدا قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم، دەپ ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورى بىلەن ئۇ ئادەم ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورىنىڭ قولىدا بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

3 ـ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ بەدىلىدە بىر نەرسە ئېلىش. مەسىلەن: بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان كىشى ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلغان ئادەمگە: سەن بۇ نەرسىنى سەن ئېلىپ كەلگەن سوۋغىنىڭ بەدىلىگە ئالغىن، دېگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم سوۋغا قىلغان نەرسىسىنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇۋالالمايدۇ. بەدىلى ئۈچۈن بىر نەرسە ئېلىپ بولۇنغان سوۋغا

ـ سالامنى قايتۇرۇۋالالماسلىق ئۈچۈن بەدىلى ئۈچۈن كەلگەن نەرسىنى سوۋغا ـ سالام قىلغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش، ئۇ كىشى بەدىلى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بەرگەن نەرسىنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىرۋېتىش ۋە ئۇ نەرسە باشقىلارنىڭ ئۈنىڭغا شېرىكلىكى بولمىغان نەرسە بولۇش شەرتتۇر.

دادىنىڭ، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا قىلىنغان سوۋغىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ سوۋغىنى بەرگەن ئادەمگە كىچىك بالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بىر نەرسە بېرىشى توغرا بولمايدۇ.

بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا بىر نەرسە سوۋغا قىلغان خىرىستىيانغا ئۇنىڭ سوۋغىسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن هاراق ياكى چوشقا بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ هاراققا ۋە چوشقىغا بولغان ئىگىدارچىلىقى توغرا بولغان بىر ئىگىدارچىلىق هېسابلانمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسە سوۋغا قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ سوۋغىسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە، ئۇ ئادەم سوۋغىغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمى بولماسلىقى شەرتتۇر. ئەگەر بىر نەرسە سوۋغا قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ سوۋغىسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە ئۇ ئادەم سوۋغىغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ بىر قىسمى بولسا، سوۋغا قىلغان ئادەم خالىسا قالغانلىرىنىمۇ قايتۇرۇۋالالايدۇ. سوۋغا قىلىنغان بوغداينىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ بۇغداينىڭ ئۇننى بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سوۋغا قىلىنغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ بىر قىسمىنى بوياپ بېرىشكىمۇ ياكى سوۋغا قىلىنغان تالقاننىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ تالقاننىڭ بىر قىسمىنى ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

4 ـ بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىۋەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن بولسىمۇ ئۇنى قولىدىن چىقىرۋېتىشى. مەسىلەن: بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى بىر ئادەمگە سوۋغا قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە سوۋغا قىلغان كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇۋالالمايدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلىۋەتكەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى ئادەمدىن قايتۇرۇۋالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى بىرىنچى ئادەمدىن قايتۇرۇۋېلىش هوقۇقى بولىدۇ. سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ

نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى شەرت. ئەگەر ئۇ نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەمنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلغان كىشى ئۇنى قولىغا قايتۇرۇۋالالايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمگە قوي سوۋغا قىلىنغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ قوينى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى گۆشكە ئايلاندۇرغان بولسا، ئۇ قوينىڭ گۆشكە ئايلىنىشى قوينى سوۋغا قىلغان كىشىنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ. چۈنكى سوۋغا قىلىنغان قوينىڭ گۆشكە ئايلىنىشى سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھېسابلانمايدۇ.

5 ـ بىر نەرسە سوۋغا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا، ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلغان ۋاقتىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ بولىشمۇ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئايالغا بىر نەرسە سوۋغا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا بۇرۇن سوۋغا قىلغان ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نىكاھىدا بار بىر ئايالغا بىر نەرسە سوۋغا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئايالدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

6 ـ بىر نەرسە سوۋغا قىلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشىش توغرا بولمايدىغان دەرىجىدىكى يېقىن تۇغقانچىلىقنىڭ بولىشمۇ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر تۇغقىنىغا ياكى بىر يېرىم تۇغقىنىغا (يەنى بىر تۇغقىنىنىڭ بالىلىرىغا) ئوخشاش ئارىسىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان تۇغقاندارچىلىقى بار بىرسىگە مەيلى ئۇ (ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم بار) يەھۇدىي ياكى خرىستىيان بولسۇن مەيلى ئامانلىق تىلىگەن ئادەم بولسۇن بىر نەرسە سوۋغا قىلغان بولسا، سوۋغا قىلغۇچى ئۇ ئادەمنىڭ سوۋغا قىلغان نەرسىسىنى قايتۇرۇۋېلىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم قېرىندىشىغا ۋە يات بىر ئادەمگە بىر نەرسە سوۋغا قىلغان ۋە ئۇ ئىككىسى ئۇ نەرسىنى ئارىلىرىدا بۆلۈشۈپ قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقان بولسا، ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلغان ئادەمنىڭ قېرىندىشىغا ئەمەس يات ئادەمگە تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بار. چۈنكى ئۇ

**ئادەمنى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن چەكلەيدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق.**

**7 ـ سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ياكى ئۇنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋېتىش ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن چەكلەيدۇ.**

**بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن ياكى قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر قازى سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا توسالغۇ بىرەر ئامىلنىڭ تېپىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغان، ئاندىن ئۇ ئامىل يوقالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋالالايدۇ.[1]**

# سوۋغا ـ سالامدا شەرت قويۇشنىڭ بايانى

**ئەگەر بىر ئادەمگە قىلىنغان سوۋغا ـ سالام ئۇنىڭ بەدىلىگە مۇئەييەن بىر نەرسە بېرىش شەرتى بىلەن قىلىنغان بولسا، بۇ باشلىنىشتا سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە باشلانغان، ئاياغلىشىشتا سودا ـ سېتىق سۈپىتىدە ئاياغلاشقان سوۋغا ـ سالام بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سوۋغا ـ سالامدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرتتۇر. بۇ باشلىنىشتا سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە باشلانغان، ئاياغلىشىشتا سودا ـ سېتىق سۈپىتىدە ئاياغلاشقان سوۋغا ـ سالام بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ياكى بىرىدە ئەيىب كۆرۈلسە، ئەيىب كۆرۈلگەن نەرسە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىغا چۈشكەن نەرسىنى كۆرۈش ئىختىيارلىقى بولىدۇ ۋە سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىگە ياكى ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم، ئۇ نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق سۈپىتى بىلەن ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئېلىشنى خالىسا ئۇنى ئالالايدۇ[2].**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 53 ـ بەت.

(2) ئەگەر سودا ـ سېتىق ئۆي ۋە يەرگە ئوخشاش نەرسىلەر ئۈستىدە بولسا، ئۇ نەرسىلەرگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم ئۇ نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق سۈپىتى بىلەن خالىسا سېتىلغان ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئۆزى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بۇ سودا ـ سېتىققا خاس بىر ئىشتۇر. بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىش شەرت قىلىنغان سوۋغا ـ سالام باشلىنىشتا سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە باشلانغان، ئاياغلىشىشتا سودا ـ سېتىق سۈپىتىدە ئاياغلاشقان سوۋغا ـ سالام بولغانلىقى ئۈچۈن مەيلى سوۋغا

بىر كىشى بىر ئادەمگە سوۋغا قىلىنغان قورۇنىڭ ئۇچتىن بىرىگە ياكى تۆتتىن بىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى ئۇ قورۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن مىقتارى نامەلۇم بىر نەرسىنى بېرىش شەرتى بىلەن بىر قورۇ سوۋغا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ سوۋغىسى توغرا سوۋغا ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سۈرەتتە قويۇلغان شەرت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. بىرىنچى سۈرەتتە ئۇنىڭ قويغان شەرتىنىڭ كۈچكە ئىگە بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىش توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى سۈرەتتە ئۇنىڭ قويغان شەرتىنىڭ كۈچكە ئىگە بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنىڭ مىقتارى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. (بەدەل ئۈچۈن نامەلۇم بىر نەرسىنى بېرىش توغرا ئەمەس).

ئەگەر ئەتە بولسا ياكى سەن ئۆلسەڭ، سەن ئۇستىڭدىكى قەرزدىن ئادا ـ جۇدادۇرسەن دېگەنگە ئوخشاش بىر ئادەمنى قەرزدىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋېتىش ئۈچۈن بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى شەرت قىلىش توغرا ئەمەس. ھەم بۇ شەرتمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ شەرت ئەتە بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى قەرزدار ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كىتىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن خەتەر ئۈستىدە تۇرغان بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايال ئېرىگە: ئەگەر مەن مۇشۇ كېسەلمدىن قوپالماي ئۆلۈپ كەتسەم، مېنىڭ تويلۇقلىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، دېگەنگە ئوخشاش (ئۇ ئايالنىڭ، ئېرىگە تويلۇقنى بېرىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىنى شەرت قىلىشمۇ) توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇمۇ خەتەر ئۈستىدە تۇرغان بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمگە: بۇ قورۇ سەن ئۆلگەنگە قەدەر سېنىڭ بولسۇن، سەن ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا قايتۇرۇپ بېرىلسۇن، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىنى شەرت قويۇپ ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۇنىڭ پەقەت ئۆمۈر بويى ئىشلىتىۋېلىشى ئۈچۈن سوۋغا قىلغان بولسا، ئۇ نەرسە دەسلەپتە سوۋغا قىلىنغان ئۇ ئادەمگە ۋە ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تەۋە بولىدۇ. ئۇ نەرسىنى سوۋغا قىلغان كىشىنىڭ: <سەن ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا قايتۇرۇپ بېرىلسۇن> دەپ قويغان شەرتى ئەمەلدىن قالدۇرىلىدۇ. بىر ئادەمگە بىر نەرسىنى ئۇ ئادەم

قىلىنغان ئۆيدەك ياكى يەردەك نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم بولسۇن مەيلى ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن ئۆيدەك ياكى يەردەك نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم بولسۇن، خالىسا ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئۆزى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ت.

ئۆلگەنگە قەدەر ئىشلىتىۋېلىش ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن سوۋغا قىلىش ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە كەڭ تارقالغان بىر ئىش ئىدى. (ئىسلام كەلگەندىن كېيىن بۇ شەكىلدە قىلىنغان سوۋغا ـ سالام بۇرۇنقىدەك داۋام قىلدى. لېكىن سوۋغا قىلىنغان ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش شەرتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا تەۋە بولۇشى يولغا قويۇلدى). بۇ ھەقتە جابىر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر ئادەمگە) ئۆمۈر بويى ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن سوۋغا قىلىنغان نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان.»[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە زۆھرىي ئەبۇ سەلىمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قانداق بىر كىشى بىر نەرسىنى بىر ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ئۆمۈر بويى ئىشلىتىۋېلىش ئۈچۈن سوۋغا قىلغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە، سوۋغا قىلىپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ نەرسە، ئۇنى سوۋغا قىلىپ بەرگەن كىشىگە تەكرار قايتمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى (ئۇ ئادەمگە ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرى) مىراس قىلىپ بۆلۈشۈۋېلىشقا بولىدىغان بىر نەرسە بەردى.»

بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمگە بىر قورۇ سوۋغا قىلىپ: ئەگەر سەن مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭ، بۇ ماڭا قايتۇرۇلىدۇ. ئەگەر مەن سەندىن بورۇن ئۆلۈپ كەتسەم، مېنىڭ بۇ قورۇيۇم سېنىڭ بولسۇن، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ سوۋغا قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇمۇ خەتەر ئۈستىدە تۇرغان بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەكىلدە قىلىنغان سوۋغا ـ سالامنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى شەرت قىلىنىپ تۇرۇپ قىلىنغان سوۋغا ـ سالام ئۇ سوۋغا ـ سالامنى بەرگەن ئادەمگە تەۋە بولىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر.[2]

بىر ئادەم ئايالىغا سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە (ئۆي سايمانلىرىغا ئوخشاش) بىر نەرسە ئەۋەتكەن، ئۇ ئايالمۇ مەيلى سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى ئۈچۈن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا دېسۇن مەيلى دېمىسۇن ئۇ ئادەمگە، ئۇ ئادەم ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى ئۇچۇن بىر نەرسە ئەۋەتكەن ئاندىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان، ئەر ئايالغا ئەۋەتكەن نەرسىلىرىنى سوۋغا ـ سالام سۈپۈتىدە ئەمەس ئۆتنە سۈپۈتىدە ئەۋەتكەنلىكىنى داۋا قىلىپ قەسەم ئىچىپ ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان ۋە ئايالمۇ ئۆزىنىڭ ئەرگە ئەۋەتكەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشى توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالغا ئەۋەتكەن نەرسىلىرى سوۋغا ـ سالام ھېسابلانمىسا، ئايالنىڭمۇ ئەرگە ئەۋەتكەن نەرسىلىرى سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى ھېسابلانمايدۇ. ئايال ئەرگە ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى ئەرنىڭ قىلغان سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى مەقسىتىدە ئەۋەتكەن. ئەمما ئەر ئۆزىنىڭ ئايالغا ئەۋەتكەن نەرسىلىرىنىڭ (سوۋغا ـ سالام ئەمەس) ئۆتنە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىپ ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالماقچى بولغاچقا، ئايالنىڭ ئەرگە ئەۋەتكەن نەرسىلىرى سوۋغا ـ سالامنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن نەرسە ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭمۇ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشى توغرىدۇر.

ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى قارشى تەرەپ ئەۋەتكەن نەرسىنى قەستەنلىك بىلەن يوقۇتۇپ قويسا، ئۇنى تۆلەيدۇ. چۈنكى ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسىنى قەستەنلىك بىلەن يوقۇتۇپ قويغان ئادەم ئۇنى تۆلەيدۇ. قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلنى ئۇ قەرزدارنىڭ ئۆزىگە سوۋغا قىلىۋېتىش ۋە ئۇنى ئۇ پۇلدىن خالاس قىلىۋېتىش ئىشى قەرزدارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشىغا قاراپ تۇرماستىن تاماملىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلغانلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلدىن ئۆتنۈۋاتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.[1]

## نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشنىڭ بايانى

نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشتىن بىر نەرسىنى ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇش ياكى باشقا بىرسىنى ئۇچۇق ئاشكارا ياكى يۇشۇرۇن سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەيىن قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 521 ـ بەت.

نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇش ئۆچۈن نەرسىنىڭ ئىگىسى سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە: مېنىڭ بۇ نەرسەمنى ساقلاپ بېرەمسەن دېيىشى ۋە قارشى تەرەپنىڭمۇ سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇنىڭغا: ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىشى زۆرۈر بولغان بىر شەرتتۇر. مەسىلەن: بىر كىشى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا قويغان ۋە ئۇ ئادەم ھېلىقى كىشى كىيىم ـ كېچىكىنى ئېلىپ كېلىپ قويغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمەي تۇرغان بولسا، مانا بۇ كىيىم ـ كېچەكلەر ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويۇلغان نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم دەڭچىگە: مەن ئۇلىغىمنى نەگە باغلايمەن، دېگەن ۋە دەڭچى: ئۇ يەرگە باغلىغىن، دېگەن ۋە ئۇلاغ ئىگىسى ئۇلىغىنى شۇ يەرگە باغلىغان بولسا، بۇمۇ ئۇلاغنى دەڭچىگە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغىنىدەك <ئامانەت> دېگەن قەستەنلىك بولماي يۈتۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەش لازىم بولمايدىغان بارلىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ئىسىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن <ئامانەت> دېگەن سۆز، ئۆتنىگە ئېلىپ يۈتۈپ كېتىپ، ئىجارىگە قويۇپ ئىجارىكەشنىڭ قولىدا يۈتۈپ كېتىپ ۋە بىرسىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنىپ ۋەسىيەت قىلىنغۇچىنىڭ قولىدا يۈتۈپ كېتىپ تۆلەش لازىم بولمايدىغان ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بىر نەرسىنى باشقا بىرسىگە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان مەسىلىگە كەلسەك بۇ، نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قارشى تەرەپكە سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق: مېنىڭ بۇ نەرسەمنى ساقلاپ بېرەمسەن دېيىشى، قارشى تەرەپنىڭمۇ سۆز ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇنىڭغا: ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىشى ئارقىلىق تاماملانغان ئامانەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامانەت ھېسابلىنىدىغان بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇش ئامانەت ھېسابلىنىدىغان بىر نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرۇش ۋە ئىجارىگە قويۇش ئىشلىرىغا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ.

ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇلغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بەزى يەرلەردە ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇلغان نەرسىگە ئۇ ئادەم خىيانەت قىلىپ ئىشلىتىپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى يەنە

ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى (يۇتۇپ كەتسە) تۆلەش مەسئۇلىيىتىدىن قوتۇلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم يېنىدىكى ئامانەت دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىپ ئىشلىتىپ كېيىن ئۇ نەرسىنى يەنە ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى (ئەگەر يۇتۇپ كەتكەن تەقدىردە) تۆلەشتىن قوتۇلالمايدۇ[1].

باشقىلارغا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىنىڭ، ساقلاپ بەرمەكچى بولغان ئادەم ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا قادىر بولالايدىغان نەرسە بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم قاچقاق قولنى ياكى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىرسىنىڭ يېنىدا قويغان بولسا، ئۇ ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان ئۇ نەرسىنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن ئۇنى تۆلىمەيدۇ.[2]

## بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىدۇر. (يەنى ئىجمادۇر). الله تائالا بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشكە قويۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، الله سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» [3] الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: «ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ يېنىدا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئۇلاغ قويغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئادەم خىيانەت قىلىپ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان ئۇلاغقا مىنگەن ۋە كېيىن يەنە ئۆز ئورنىغا ئېلىپ كېلىپ باغلاپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۇلاغ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن يۇتۇپ كەتكەن تەقدىردە ئۇ ئادەم ئۇ ئۇلاغنى تۆلەشتىن قوتۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمدىن مەن كىيىمەن، دەپ كۆينەك ئۆتنە سوراپ تۇرغان (بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان نەرسىمۇ ئامانەت ھېسابلىنىدۇ) ئاندىن ئۇ ئادەم خىيانەت قىلىپ ئۇ كۆينەكنى باشقا بىرسىنىڭ كىيىشىگە بېرىپ تۇرغان، كېيىن قولىغا تەكرار ئالغان، كېيىن ئۇ كۆينەك ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن يۇتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ كۆينەكنى تۆلەشتىن قوتۇلالمايدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 494 ـ بەت.

(3) سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت.

ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقىتىدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. الله قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر» [1]

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئامانەتنى ئامانەت قويغان ئادەمگە قايتۇر، ساڭا خىيانەت قىلغان ئادەمگە خىيانەت قىلمىغىن.» [2] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «سۈتى كۆپ ۋە تاتلىق بولغان قوينى، سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش نېمە دېگەن ياخشى ئىش. سۈتى كۆپ قوي ئەتىگەندە بىر قاچا، كەچتە بىر قاچا سۈت بېرىدۇ.» [3] بۇ ھەدىس ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىندى: «بىلىڭلاركى، بىر ئادەم بىر ئائىلىگە ئەتىگەندە بىر قاچا، كەچتە بىر قاچا سۈت بېرىدىغان بىر تۆگىنى، سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇشى ساۋابى ناھايىتى كاتتا بىر ئىشتۇر.» مانا بۇ ھەدىسلەردىن بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن باشقا بىرسىنىڭ يېنىدا قويۇشقا بولىدىغانلىق چىقىدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىسلەر سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ھايۋانلارنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ھەققىدە كەلگەن. ھايۋانلارنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ھايۋانلارنى ساقلايدىغان ئادەم لازىمدۇر.

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق رىۋايەت بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇممۇ ئەيمەننىڭ يېنىدا تاشلاپ قويۇپ ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ قويۇپ يولغا چىققان. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بەش كېچە ـ كۈندۈز

(1) سۈرە بەقەر 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(مەككىدە) قېلىپ شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ھەر بىر ئەسىردە ئۆتكەن ئالىملار بىر نەرسىنى باشقىلارنىڭ يېنىدا ساقلاپ بېرىشكە بېرىشنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلدى. قىياسمۇ شۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بەزىدە شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ھەممە ئادەم نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆزى ساقلاپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان باشقا بىرسىگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى خىيانەت قىلماي ساقلاپ بېرىشكە ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان ئادەمنىڭ كىشىلەر ساقلاپ بېرىڭ، دەپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشى مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم شۇنداق قىلغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ مۆمىن قېرىنداشنىڭ ئېھتىياجىدىن چىققان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان بولىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇ نەرسىلەرنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش لازىم. چۈنكى باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىش ئارقىلىق بىر ياخشى ئىش قىلىۋاتقان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ئۇ ياخشى ئىشنى داۋاملىق قىلىشقا زورلاش لازىم ئەمەس.[1]

## باشقىلارغا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسىنىڭ ھۆكمى

باشقىلارغا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسە، ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ يېنىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەرسە ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ سەل قارىشى بولماستىن يوقىتىپ كېتىپ قالسا، مەيلى ئۇ نەرسە بىلەن بىللە ئۇنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەمنىڭمۇ مال - مۈلكى يوقىتىپ كەتسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەم ساھابىلەردىنمۇ ئەبۇبەكرى،

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 62 ـ بەت.

ئەلى، ئىبنى مەسئۇد (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر. شۇرەيھ، نەخەئىي، مالىك، ئەبۇززىناد، سەۋرىي، ئەۋزائىي، شافىئىي قاتارلىق ئىماملار ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ بۇ قاراشتىدۇر.

بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى شۇئەيب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە تۆلەم كەلمەيدۇ.» چۈنكى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش نىيىتى بىلەن ساقلاپ بېرىدۇ. ئەگەر (ئۇ نەرسىلەر يوقاپ كەتكەن ۋاقىتدا ئۇ نەرسىلەرنى) ئۇ ئادەمگە تۆلەتتۇرسەك ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئېلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇ زىيانلىق بىر ئىشتۇر. چۈنكى بىز يۇقىرىدا كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەملەرگە ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمما ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى قەستەنلىك بىلەن ياكى ساقلاشتا سەل قاراپ يوقىتىۋېتىپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر ھۆكۈمدۇر. چۈنكى ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قەستەن بۇزۇۋاتقان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم خۇددى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا تاپشۇرۇلمىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇزۇۋاتسا ئۇنى تۆلەپ بەرگىنىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنىمۇ تۆلەپ بېرىدۇ.[1] بۇ ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بەرگەن ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىش ـ ھەققى ئالمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىش ـ ھەققى ئالغان بولسا، بۇ ھالدا مەيلى ئۇ نەرسىلەرنى يوقۇتۇۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولسۇن مەيلى ساقلانغىلى بولمىسۇن مەيلى ئۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى يوقاپ كەتسۇن مەيلى يوقاپ كەتمىسۇن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى قەستەنلىك بىلەن يوقۇتۇپ قويمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردۇر:

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن».

ئەمرى ئىبنى شۇئەيب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆتىنىگە سوراپ تۇرغان نەرسىگە سۇيىقەست قىلمايدىغان ئادەمگە ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلمىغان ئادەمگە (ئەگەر ئۇ نەرسىلەر يوق بولۇپ كېتىپ قالسا، ئۇ نەرسىلەرنى) تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.» [1]

بۇ ھەقتە يەنە ئابدۇراززاق ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆتىنىگە سوراپ تۇرغان نەرسە خۇددى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن نەرسىگە ئوخشاشتۇر. شۇڭا بىر نەرسىنى ئۆتىنىگە سوراپ تۇرغان ئادەمگە (ئۇ نەرسىنى يوقۇتۇۋېتىش بىلەن ئۇ نەرسىنى) تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. لېكىن ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قەستەنلىك بىلەن يوقۇتۇۋاتقان بولسا، (بۇ چاغدا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم كېلىدۇ).»

ئىشەنچىلىك ئادەمگە (ئەگەر سەن ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولۇڭغا تاپشۇرغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يوقۇتۇپ قويساڭ) ئۇلارنى تۆلەپ بېرىسەن، دەپ قويۇلغان شەرت كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر.[2]

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزى ساقلىسىمۇ ياكى ئۆزىگە تەۋە ئادەملەر بىلەن بىرلىكتە ساقلىسىمۇ بولىدۇ. ئەسلىدە باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قانداق ساقلىغان بولسا شۇنداق ساقلىشى كېرەك. ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسىلەرنى بەزى چاغلاردا ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە ئادەملەرگە بېرىشتىن باشقا چارە تاپالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ داۋاملىق (نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايمەن، دەپ) ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرۇشى ياكى قەيەرگە بارسا ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسىمۇ ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ بەزى چاغلاردا ساقلاش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى ئادەمگە تەۋە ئادەملەرگە بېرىشىگىمۇ رازى بولىدۇ.[3]

(1) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي بىر ـ بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر نەچچە خىل يوللار بىلەن رىۋايەت قىلدى.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 494 ـ بەت.

(3) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 215 ـ بەت.

ئۇ ئادەمگە تەۋە ئادەملەر بولسا، ھەقىقەتەن ياكى (باشقا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان ئائىلى ياكى بالىۋاقىلىرغا ئوخشاش) ھۆكمەن ئۇ ئادەم بىلەن بىللە ئولتۇرۇدىغان ئادەملەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆزى بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ئائىلىغا ياكى ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغان بالىسىغا بەرگەن ۋە ئۇلار ئۇنى ساقلاشتا سەل قارىمىغان بولسىمۇ ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەر يوقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە ئادەملەرگە بېرىشتە ئۆزىگە تەۋە ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىلىك ئادەملەردىن بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەۋە ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىلىك ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگەن ۋە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەر يوقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان نەرسىلەرنى ئۆزىگە تەۋە ئادەمگە ئەمەس باشقا يات بىر كىشىگە ساقلاش ئۈچۈن بەرگەن ۋە ئۇ نەرسىلەر يوقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن بەرگەن يات كىشىلەر، ئۇ ئادەمنىڭ ۋەكىلىگە ياكى ھەم شېرىكىگە ئوخشاش ئۆزىمۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئىشەنچ قىلىپ بېرىدىغان ئادەملەر بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە يوقۇپ كەتكەن ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئەگەر نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن ۋاقىتىدا ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان كىشىنى، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە ئادەمگە بېرىشتىن توسقان بولسىمۇ ئۇ كىشى ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن بەرمىسە بولمايدىغان بولۇپ قېلىپ يېقىن ئادىمىگە بەرگەن ۋە ئۇ نەرسىلەر يوقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىگە يوقۇپ كەتكەن ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە ئۇ كىشى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسە ئايال كىشى ساقلىمىسا بولمايدىغان نەرسە بولغان، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئائىلىغا بەرمەسلىكنى شەرت قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشىنى ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن (ئائىلىغا بېرىشكە مەجبۇر

بولۇپ قېلىپ) ئائىلىغا بەرگەن ۋە ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇ شەرتكە ئەمەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەرت كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن (ئائىلىغا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالماي تۇرۇپ ئۇنى ساقلىغىلى ئائىلىغا بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا)، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ كىشىگە قويغان شەرتى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىگە تەۋە ئادەملەرنىڭ ئىچىدە (ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىدىن باشقا) باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە خىيانەت قىلمايدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھالدا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇ نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئائىلىڭغا بەرمەيسەن، دېگەن شەرتىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ نەرسىنى ساقلاش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ قويغان شەرتى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەمگە: سەن بۇ نەرسىلەرنى بۇ ئۆيدە ساقلىغىن، دەپ شەرت قويغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى شۇ قورۇنىڭ ئىچىدىكى (نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇ ئۆيدە ساقلىغىن، دېگەن ئۆيدىن ھېچقانداق پەرقى يوق) باشقا بىر ئۆيدە ساقلىغان ۋە ئۇ نەرسىلەر يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ قويغان شەرتى كۈچكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى بىر قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئۆينىڭ بىر نەرسە ساقلاشتا بىر ـ بىرىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدا پەرق بولسا، مەسىلەن: نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى: سەن بۇ نەرسىلەرنى بۇ ئۆيدە ساقلىغىن ۋە ماۋۇ ئۆيدە ساقلىمىغىن، دەپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاشتىن توسقان ئۆي (ئىشىكلىرى ياخشى ئېتىلمەيدىغان ياكى ئادەم ئىچىگە ئاسانلا كىرەلەيدىغان ئۆيگە ئوخشاش) ئاجىز ئۆي بولسا، بۇ ھالدا نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ قويغان شەرتى كۈچكە ئىگىدۇر. شۇڭا (ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلىمىغىن، دېگەن ئۆيدە ساقلىغان ۋە ئۇ نەرسىلەر يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ). شۇنىڭدەك يەنە نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: سەن

بۇ نەرسىلەرنى بۇ ئۆيدە ساقلىغىن، دەپ شەرت قويغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى باشقا بىر قورۇدىكى ئۆيدە ساقلىغان ۋە ئۇ نەرسىلەر يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى بىر نەرسە ساقلاشتا بىر قورۇ بىلەن يەنە بىر قورۇنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىنىڭ قويغان شەرتى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.[1]

ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويغان ئۆيگە ئوت كەتكەن ۋە ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى (قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەشتەك) باشقا بىر يەرگە يۆتكىمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەر كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىلەرنى قورۇت ـ قوڭغۇز يېگىلى باشلىغان، (ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى باشقا بىر يەرگە يۆتكىمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەرنى قورۇت ـ قوڭغۇزلار يەپ تۆگەتكەن بولسا)، بۇ چاغدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسىلەرنى بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ساقلاش ئۈچۈن باشقا بىرىگە بەرگەن بولسا، ئۇ سەۋەب تۈگىگەندىن كېيىنلا ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم (سەۋەب تۈگىگەندىن كېيىنمۇ) ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالماي ئۇ نەرسىلەر ئىككىنچى ئادەمنىڭ قولىدا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە تۆلەپ بېرىش لازىم كېلىدۇ.

ئەگەر نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئادەمدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىر تۇرۇپ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئورۇنسىز كېچىكتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۇ نەرسىلەرگە زىيان يەتكۈزگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 218 ـ بەت.

نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىر بولالمىغان ياكى (ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇش جەريانىدا) ئۆزىگە ياكى ئۇ نەرسىلەرگە بىرەر خەۋپ ـ خەتەرنىڭ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەر يوقىتىپ كەتكەن بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرگە تېنىۋالغان ئاندىن ئۇ نەرسىلەر يوقىتىپ كەتكەن بولسا، بۇ چاغدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بۇ ھالدا بۇ نەرسىلەرنى ناھەق ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئەگەر ئۇ نەرسىلەر يوقىتىپ كەتسە ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئادەمگە ئۆلۈم يەتكەن، ئۇ ئادەمگە ئۆلۈم يەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەۋە ئادەملەردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ قېشىدا بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن قوشنىسىغا بەرگەن ۋە ئۇ نەرسىلەر قوشنىسىنىڭ قولىدا يوقىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم كەلمەيدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى قويغان ئۆيىگە ئوت كەتكەن ۋە ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە بولسىمۇ يۆتكىمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەر كۆيۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئۇلاغ كېسەل بولۇپ قالغان، ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئادەم بىر كىشىنى ئۇ ئۇلاغنى داۋالاشقا بۇيرۇغان، ئۇ كىشى ئۇ ئۇلاغنى داۋالىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ ئىككى ئادەمدىن خالىغان كىشىگە ئۇلىغىنى تۆلەتتۇرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلاغنى ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە تۆلەتتۇرسە، ئۇ ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇلاغنى داۋالىدىغان كىشىدىن ئالمايدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلاغنى ئۇنى داۋالىغان كىشىگە تۆلەتتۇرسە، ئۇ كىشى مەيلى ئۇ ئۇلاغنىڭ باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلسۇن مەيلى بىلمىسۇن ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇلاغنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان

ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلاغنى داۋالىماقچى بولغان ۋاقىتتا ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ كىشىگە: بۇ ئۇلاغ مېنىڭ ئەمەس دېگەن ياكى ئۇنى ساقلايدىغان ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇلاغنى داۋالاشقا بۇيرۇمىسىمۇ (ئۇ كىشى ئۆزلۈكىدىن ئۇلاغنى داۋالىغان بولسا)، بۇ ھالدا ئۇلاغنى داۋالىغان كىشى ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇلاغنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمدىن ئالالمايدۇ.[1]

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە، بىر ئادەم بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمگە، باشقا بىرسى بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمگە، ئۆتنىگە بىر نەرسە سوراپ تۇرغان ئادەمگە ۋە باشقا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى سېتىپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە ئوخشاش قېشىدا باشقىلارنىڭ ئامانەت سۈپىتىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋاقىتتا كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ۋە قايسىسىنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى ئىكەنلىكىنى دەپ قويماستىن ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ ئادەم كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ باشقىلارغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەر ئىكەنلىكى بىلىنمىسە، بۇ ھالدا باشقىلارغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەر ئۇ ئادەمنىڭ بويندا قەرز سۈپىتىدە قالىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئۆلۈشۈشتىن بۇرۇن نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىلىرىگە ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيادىن بېرىپ رازى قىلىشى لازىم). چۈنكى ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەم باشقىلاردىن ئالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى بىلدۈرمەسلىك ۋە ئۆلگەن ۋاقىتتا قايسى نەرسىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىنى مىراسخورلىرىغا ئۇقتۇرماسلىق ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يەپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قازىمۇ مال ـ مۈلكى ئىچىدە قايسىسىنىڭ قول ئاستىدىكى يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يېتىملارنىڭ ئۇ ماللىرى قەرز ھېسابىدا قازىنىڭ ئۈستىدە قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى قازىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يېتىمگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەممۇ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 295 ـ بەت.

ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ساقلىغان ۋە ئۇ ئادەم ئۆلىدىغان ۋاقىتدا مال ـ مۈلكىنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ئارىلاشتۇرۇش، ئۇنى تۆلەشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ئارىلاشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. پەقەت كىچىك بالىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئارىلاشتۇرغان ئادەم، قازى، ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغان ئادەم، بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ۋە (بىدىككە ئوخشاش) ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ ئارىسىدا ۋاستىلىق قىلىدىغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ئارىلاشتۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلىمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسەتسىز ئۆلارنىڭ خىلىدىكى نەرسىلەرگە ياكى باشقا خىلدىكى نەرسىلەرگە ئارىلاشتۇرۋاتقان ۋە ئۇ نەرسىلەر ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىپ ئىشلەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. لېكىن ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە ئارىلاشتۇرغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئىككىسى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى شېرىكلەشتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئىككىسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى (بىرەر ئادەم ئارىلاشتۇرمىسىمۇ) ئۆزىچە بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئىككىسى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى شېرىكلەشتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسە ـ كېرەكلەردىن بىرەر نەرسە يۇتۇپ كېتىپ

قالسا، يۇتۇپ كەتكەن ئۇ نەرسە ھەر ئىككىسىگە ھېساب بولىدۇ. قالغان نەرسە - كېرەكلەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا خۇددى شېرىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىنغىنىدەك بۆرۈن ئارىلاشتۇرغان ۋاقتىدىكى مىقدارىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسىنى، ئۇنى قولىغا ئالغان ئادەم ئەمەس باشقا بىرسى ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ئادەم مەيلى كىچىك بالا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ئادەم تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى، ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ دادىسى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلىمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە خىيانەت قىلغان بولسا، مەسىلەن: ئۇ نەرسە كىيىم - كېچەك بولسا ئۇنى كەيگەن ياكى ئۇلاغ بولسا ئۇنى مىنگەن ياكى ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلىۋالغان ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرگەن (مەسىلەن: كىيگەن كىيىم - كېچەكنى سېلىۋەتكەن) ۋە ئۇنىڭ نىيىتىدە تەكرار ئۇ نەرسىگە خىيانەت قىلىش بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم (ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن يۇتۇپ كەتكەن بولسا) ئۇ نەرسىنى تۆلەشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۈستىگە كىيىۋالغان ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان كىيىمنى ئاخشىمى ئۈستىدىن سېلىۋەتكەن، نىيىتىدە ئۇنى ئەتىسى يەنە كىيمەكچى بولغان ۋە ئۇ كىيىم شۇ كېچىسى ئوغرىلىنىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى تۆلەيدۇ.

يېنىدا باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى بار ئىشەنچلىك، دەپ قارالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە خىيانەت قىلغان (مەسىلەن: ئۇ نەرسىنى ئىشلەتكەن)، ئاندىن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىشەنچلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇنى تۆلەش مەسئۇلىيىتى كەلمەيدۇ). لېكىن يېنىدا باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى بار ئادەم، ئۆتنىگە بىر نەرسە سوراپ تۇرغان ئادەم ياكى بىر نەرسە ئىجارىگە ئېلىپ تۇرغان ئادەم بولسا، (ئەگەر ئۇلار يېنىدىكى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە خىيانەت قىلغان مەسىلەن: ئۆتنىگە بىر نەرسە سوراپ تۇرغان

ئادەم ئۇ نەرسىنى باشقا بىرسىگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان)، ئاندىن ئۇلار ئۇ نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىشتىن يانغان (مەسىلەن ئۆتنىگە بىر نەرسە سوراپ تۇرغان ئادەم ئۆتنىگە بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغان ئاندىن ئۇ نەرسىلەر ئۇ ئادەملەرنىڭ قەستەتلىكى بولماستىن يۈتۈپ كەتكەن بولسىمۇ) ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ يەنە ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويسا، (ئەگەر ئۇ نەرسە كېيىن يۈتۈپ كەتكەن بولسىمۇ) ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتى كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسە سېتىشقا ياكى بىر نەرسىنى ئىجارىگە قويۇشقا ياكى ئىجارىگە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم، بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەم، باشقا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى سېتىپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم، باشقا بىرسى بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەم ۋە گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئۆتنىگە سوراپ تۇرغان ئادەم قاتارلىقلارمۇ ئەگەر قولىدىكى نەرسىگە خىيانەت قىلىپ (يەنى ئۇ نەرسىنى ئىگىسى رازى بولمايدىغان شەكىلدە ئىشلىتىپ) ئاندىن ئۇنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ قويغان بولسا، (ئەگەر ئۇ نەرسىلەر كېيىن يۈتۈپ كەتكەن بولسىمۇ) ئۇ ئادەملەرگە ئۇ نەرسىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتى كەلمەيدۇ.

ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇ نەرسىگە تېنىۋالغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئۇ نەرسە كېرەكلەرنى، ئۇ نەرسە تۇرۇۋاتقان يەردىن باشقا يەرگە يۆتكىمىگەن بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىگە تېنىۋېلىش بىلەن ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم كېلىدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم دەسلەپ ئۇ نەرسىگە تانغان ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى داۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا ھۆججەت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە (ئۇ نەرسىنى تۆلەشتىن) قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك

يەنە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە تېنىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە ھۆججەت كۆرسەتكەن ۋە: خاتا تېنىۋاپتىمەن ياكى (ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىمنى) ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن ياكى شەكلىنىپ قېلىپتىمەن دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە (ئۇ نەرسىنى تۆلەشتىن) قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە تېنىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى داۋا قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىدە ئۆزىنىڭ خەۋىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكى ھەققىدە قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇ ھەقتە قەسەم ئىچسە، قازى ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆتىنىگە سوراپ تۇرغان نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ ساقلاش ئۈچۈن بېرىپ تۇرغان نەرسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئەمما بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەم پۇلنىڭ ئىگىسىگە: سەن ماڭا ھېچقانداق نەرسە بەرمىدىڭ، دەپ ئۇ كىشىدىن پۇل ئالغىنىغا تېنىۋالغان، كېيىن پۇل ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ تېنىۋېلىشتىن يېنىپ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە (ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن) يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئالغان پۇلنى تۆلىمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پۇل ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ تېنىۋېلىشتىن يانغان ۋە (ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن) يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى تۆلەش لازىم كېلىدۇ.

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى ئۇ نەرسە بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشتىن توسمىغان ياكى ئەندىشىلەنمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ سەپەرگە چىقسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى ئۇ نەرسە بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشتىن توسقان ياكى ئەندىشىلەنگەن، (ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى شۇنداق قىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ ئادەم يەنە ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ سەپەرگە چىققان) ۋە ئۇ نەرسە سەپەردە يۈتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم كېلىدۇ.

بارلىق ئالىملار، ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسە بىلەن دېڭىز سەپىرىنى قىلغان ۋە (ئۇ نەرسە دېڭىزدا يوقۇپ كەتكەن بولسا)، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەيدۇ، دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلدى.[1]

ئىككى ئادەم (تۇخۇمغا ئوخشاش بازاردا) ئوخشىشى تېپىلىدىغان بىر نەرسىنى بىر ئادەمگە ساقلاش ئۈچۈن بەرگەن بولسا، ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى كەلمەي يەنە بىرسى ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋاقتىدا، كەلگىنىگە ئۇنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. بۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنغان قاراشتۇر. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا خۇددى ئۇ ئىككى ئادەم ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىپ تەڭلا كەلسە، ئۇ نەرسىنى ئۇلارغا بېرىشى توغرا بولغىنىدەك ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىپ كەلسىمۇ كەلگىنىگە ئۇنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى تەلەپ قىلغاندۇر. بۇ ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭمۇ كۆز قارىشىدۇر.

ئەگەر ئىككى ئادەم باراۋەر كېلىپ ساقلاش ئۈچۈن بىر ئادەمگە بەرگەن ئۇ نەرسە، (تۇخۇمغا ئوخشاش بازاردا ئوخشىشى بار نەرسە بولماستىن قوي ـ كالىغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان) نەرسىلەر بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى كەلمەي يەنە بىرسى ئۇ نەرسىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋاقتىدا، كەلگىنىگە ئۇنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشى بارلىق ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس.

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنى ئۇ نەرسە يوقۇپ كەتكەن ۋاقتىدا، ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرۈش ياكى تۆلەتتۈرمەسلىك ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساقلاشتا سەل قاراش ياكى سەل قارىماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى مۇستەھكەم سېلىنغان قورۇسىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئايالى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 499 ـ بەت.

ئىشەنچىسىز ئايال بولغان ۋە (ئۇ نەرسە ئۇ قورۇدىن يوْتۇپ كەتكەن) بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم كىرىپ ئۇ نەرسىنى قورۇنىڭ ئىچىدىن ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يەنە تۆلەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قورۇسى شۇنداق مۇستەھكەم سېلىنغان قورۇ بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ساقلاشتا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان نەرسىنى قورۇنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ قورۇنىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق تاشلاپ قويۇپ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ۋە قورۇنىڭ ئىچىدە ھېچكىم بولمىسىمۇ ئۇ نەرسە يوْتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يەنە تۆلەيدۇ.

نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن ئادەمگە: سەن بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى پالانى كىشىگە بەرگىن، دېگەن كېيىن ئۇ ئادەم: مەن ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە بەردىم، دېگەن كېيىن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە بەرمىگەنلىكىنى دېگەن، ئۇ نەرسە بۇ ئارىلىقتا (ئۇنىڭ قەستەنلىكى بولماستىن) يوقاپ كەتكەن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم قەسەم ئىچكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىلىدۇ. (يەنى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ). چۈنكى ئۇ ئادەم ئىشەنچلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ئۇنى يوقۇتۇپ قويغان ئادەم گەپنىڭ بېشىدىلا: ئۇ نەرسىنىڭ قانداق يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى بىر زالىمنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئەگەر ئۇ زالىمغا ئازراق بىر نەرسە سوۋغا قىلمايدىغان بولسا، زالىمنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ۋە ئۇ زالىمغا يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئازراق بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ زالىمغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ

كىتىۋاتقان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ياكى (يېتىمگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان) ئادەم قولىدىكى نەرسە - كېرەكلەردىن بېرىش ئۈچۈن تەھدىد قىلىنغان، (ئەگەر ئۇلار تەھدىد سالغۇچىغا قولىدىكى نەرسە - كېرەكلەردىن بىر نەرسە بەرمىسە) تەھدىد سالغۇچىنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى بىرەر ئەزاسىنى كېسىۋېتىش ئېھتىماللىقى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەھدىد سالغۇچىغا بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇلاردىن تەھدىد سالغۇچىغا بەرگەن نەرسە تۆلىتىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار زىندانغا تاشلىنىش ياكى باغلاپ قويۇلۇش بىلەن تەھدىد قىلىنغان ۋە شۇنىڭ بىلەن شۇنداق تەھدىد سالغۇچىغا بىر نەرسە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇلار تەھدىد سالغۇچىغا بەرگەن نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار (تەھدىد سالغۇچىغا ئازراق بىر نەرسە بەرمىسە) ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىش خەۋپى بولىدىغان بولسا، بۇمۇ (ئۇلارنىڭ تەھدىد سالغۇچىغا بەرگەن نەرسىنى تۆلەپ بەرمىسىمۇ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر زالىم ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇلاردىن بىر نەرسە ئېلىۋالغان بولسا، ئۇلارغا زالىم ئېلىۋالغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم قولىدىكى نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇنى سېتىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە قازىغا خەۋەر قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم تاكى ئۇ نەرسە تولۇق بۇزۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر بۇ ئىشنى قازىغا خەۋەر قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پول چىقىم قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئادەم بىر ياخشى ئىش قىلىپ قويغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پول چىقىم قىلمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەيدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ياكى گۆرۈگە ئالغان قۇرئاننى

ئوقۇغان ۋە ئۇ قۇرئان ئوقۇش جەريانىدا يىرتىلىپ تۈگىگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ قۇرئاننى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قۇرئاننى ئوقۇش ھەققى بار.

ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمدىن ئالىدىغان قەرزى بولغان ۋە باشقا بىرىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرز پۇلى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قەرزىنى ئۇ كىشىنىڭ مىراسخورلىرىغا بېرىپ قويۇش بىلەن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ. (ئەسلىدە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ قەرزىنى ئۇ كىشىدە قەرز پۇلى بار ئادەمگە بېرىش لازىم).

بىر ئادەمنىڭ ئىشنى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭغان كىشى ياخشى ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. لېكىن بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمگە ۋە بىر نەرسىگە قاراشقا تەيىنلەنگەن ئادەمگە، قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

بىر ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان (مەسىلەن: پۇلغا ئوخشاش) نەرسىنى يېڭىنىڭ ياكى سەللىسىنىڭ بىر يېرىگە قويغان ياكى بىر ياغلىققا باغلاپ يېڭىگە ياكى يانچۇقىغا قويغان، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ يېڭىگە ياكى يانچۇقىغا چۈشمىگەن، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى يانچۇقىمغا چۈشتى دەپ گۇمان قىلىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈك ئىكەنلىكى بىلىنمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېنىقلانغانغا قەدەر ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتمەي قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. يولدا چۈشۈپ قېلىنغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. (يەنى ئۇنى بىر يىلدىن كېيىن ئىگىسى كەلمىسە سەدىقە قىلىۋېتىدۇ).[1]

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز پۇل چىقىم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم بىر ياخشىلىق قىلىپ قويغۇچى ھېسابلىنىدۇ. قازى ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكىگە پاكىت

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 501 - بەت.

كۆرسىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇنىڭغا پاكىت كۆرسىتەلىسە، قازى ئۇنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنى پەيدا بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ كۈنگە قەدەر ئۇ نەرسىگە ئۆزىنىڭ يېنىدىن پۇل خەجلەپ تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۈچ كۈنگە قەدەر كەلمىسە قازى ئۇ ئادەمنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ پۇلىنى يېنىدا ساقلاشقا بۇيرۇيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسە (كالىغا ـ تۆگىگە ئوخشاش) سۈتلۈك ھايۋان بولۇپ ئۇنىڭ سۈتلىرى يىغىلىپ قالغان ياكى زېمىن بولۇپ ئۇنىڭغا تېرىلغان زىرائەتلەر تويلۇنۇپ قالغان، ئۇ ئادەم قازى ياشايدىغان شەھەردە ياكى ئۇ نەرسىلەر بۇزۇلۇپ كېتىشتىن بۇرۇن قازى بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدىغان بىر يەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇلارنى قازىغا خەۋەر بېرىپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئالماستىن سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.

# كېپىل بولۇشنىڭ بايانى

## <كېپىل بولۇش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<كېپىل بولۇش> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن بىر نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە قېتىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

سەھلى ئىبنى سەئد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ۋە يېتىمغا كېپىل بولغۇچى جەننەتتە مانا مۇشۇنداق بولىمىز» دەپ (كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئېچىپ تۇرۇپ كۆرسەتكەن) دېدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە: مەن ۋە يېتىمنى ئۆزىگە ۋە بالىۋاقىلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ئادەم جەننەتتە مانا مۇشۇنداق بولىمىز، دېمەكچىدۇر.

<كېپىل بولۇش> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن كېپىل بولغان كىشىنى، ئۇ كىشى كېپىللىككە ئالغان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىدە بىللە قوشۇپ تەلەپ قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ[1]. كېپىللىككە ئېلىنغان ئادەمدىن

(1) مەسىلەن: ئەھمەد بىرسىگە قەرزدار  بولۇپ قالغان سەمەدكە كېپىل بولغان بولسا، قەرز ئىگىسى سەمەددىن تەلەپ

تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە مەيلى جان بولسۇن مەيلى قەرز بولسۇن مەيلى ناھەق تارتىۋېلىنغان نەرسىگە ياكى سېتىش شەرتىگە توشمىغان نەرسىنى ئېلىپ سالغان نەرسىگە ئوخشاش ئۆزى بولسا ئۆزىنى، ئۆزى بولمىسا ئوخشىشىنى، ئوخشىشى بولمىسا (بازاردىكى نەقدە) پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش لازىم بولغان نەرسە بولسۇن مەيلى بىر نەرسىنى سېتىشقا كېلىشىپ ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئالغان پۇل بولسۇن مەيلى تويلۇق بولسۇن مەيلى ئايالنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق ئۈچۈن ئالىدىغان نەرسە بولسۇن مەيلى قاتىل بىلەن سۈلھە تۈزۈشۈپ ئۇنىڭدىن ئالىدىغان نەرسە بولسۇن بىر كىشىنىڭ مۇشۇ نەرسىلەردە كېپىل بولۇشى توغرىدۇر. ئەمما گۆرۈگە ۋە ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىلەردە كېپىللىك قىلىش توغرا ئەمەس.[1]

# كېپىل بولۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

كېپىل بولۇش قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. الله تائالا كېپىل بولۇشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى»[2]

ئىمام بۇخارى كىتابىدا كېپىل بولۇش ھەققىدە مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىپ ئۇ بۆلۈمدە ھەمزە ئىبنى ئەمرى ئەلئەسلەمىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنى (يەنى ھەمزە ئۆزىنى دېمەكچى) مالنىڭ زاكىتىنى يېغىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ (ماللارنىڭ زاكىتىنى يېغىش ئۈچۈن بارغان يەردە) ئايالىنىڭ چۆرىسى بىلەن زىنا قىلغان بىر ئادەمنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. (ھەمزە ئۇ ئادەمنى چالما - كېسەك قىلىمەن، دېگەن ۋاقتىدا ئۇ يەردىكى خەلق: ئۇ ئادەمگە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ جازالاش ئۈچۈن يۈز قامچا ئۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى). شۇنىڭ بىلەن ھەمزە بۇ ئىشنى تاكى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپ

---

قىلىدىغان قەرز پۇلغا ئەممەدىنىمۇ بىللە قوشۇپ تەلەپ قىلىدۇ. ت.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 250 - بەت.

(2) سۈرە يۇسۇف 72 - ئايەت.

ئىنقلاش ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر كىشىنى كېپىل ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە (ئۆمەرنىڭ قېشىغا) ئېلىپ كەلدى. (ھەمزە ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ئۇ ئادەمنى قامچىلىغان ياكى قامچىلىمىغانلىقىنى، ئەگەر قامچىلىغان بولسا نېمە ئۈچۈن چالما ـ كېسەك قىلماي قامچىلىغانلىقىنى سورىغان ۋاقتىدا) ئۆمەر: ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمنى يۈز قامچا ئۇرغانلىقىنى، (ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ: ئۆمەر ئۇنى يۈز قامچا ئۇردى) دېگەن سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى (چالما ـ كېسەك قىلماي قامچىلاشتىكى مەقسىتىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ چۆرىسى بىلەن قىلغان جىنسىي ـ ئالاقىنىڭ زىنا بولىدىغانلىقىنى) بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، دېدى.»[1]

سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر جىنازە كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئادەمنىڭ قەرزى بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ساھابىلار: ئۇنىڭ قەرزى يوق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يەنە بىر جىنازە كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئادەمنىڭ قەرزى بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ساھابىلار: ئۇنىڭ قەرزى بار، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ نامىزىنى سىلەر ئوقۇڭلار، دېدى. ئەبۇقەتادە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!: ئۇنىڭ قەرزى مېنىڭ ئۈستىمگە بولسۇن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇدى.»[2]

ئەبۇداۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېپىل بولغان ئادەم (كېپىل بولۇپ ئۈستىگە ئالغان نەرسىنى) تۆلىگۈچىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەققىدە بايان سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى بىر ئادەمدىن مىڭ دىنار قەرز سورايدۇ. قەرز سورالغۇچى ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: گۇۋاھچىلارنى ئېلىپ كەلسەڭ بېرەي، دەيدۇ. ئۇ كىشى: گۇۋاھچىلىققا الله يېتەرلىك، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: كېپىل

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئېلىپ كەلسەڭ بېرەي، دەيدۇ. ئۇ كىشى: كېپىل بولۇشقا الله يېتەرلىك، دەيدۇ. قەرز بەرگۈچى: راست دەيسەن، دەپ ئۇنىڭغا پۇلنى مەلۇم مۇددەتكىچە بېرىدۇ. قەرز ئالغان كىشى دېڭىزغا چىقىپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ھاجىتىدىن چىقىدۇ، ئاندىن پۇلنىڭ مۇددىتى توشۇپ پۇلنى ئاپىرىپ بېرىشكە كېمە ئىزدەپ تاپالماي بىر ياغاچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۆشۈك ئېچىپ مىڭ دىنار پۇل بىلەن بىرگە بىر پارچە خەتنى ئۇ تۆشۈكنىڭ ئىچىگە سېلىپ تۆشۈكنى ئېتىدۇ، ئاندىن ياغاچنى دېڭىزغا ئېلىپ كېلىپ: ئى الله! مەن پالانى ئادەمدىن مىڭ دىنار قەرز سورىغاندا، ئۇ مەندىن كېپىل بولغۇچى تەلەپ قىلىۋېدى، مەن الله يېتەرلىك كېپىل بولغۇچى، دېۋىدىم، ئۇ ساڭا رازى بولغانلىقىنى، ئۇ ئادەم مەندىن گۇۋاھ بولغۇچى سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا الله يېتەرلىك گۇۋاھچى بولغۇچى، دېۋىدىم، ئۇ ساڭا رازى بولغانلىقىنى، بىلىسەن. ئامانەتنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىچىگە چۈشۈپ بارغۇدەك بىر نەرسە تېپىشقا ئورۇنغان بولساممۇ، لېكىن تاپالمىدىم. مەن ساڭا ياغاچتىكى پۇلنى ئامانەت قويدۇم، دەپ ياغاچنى دېڭىزغا تاشلايدۇ. ياغاچ دېڭىزغا چۈشىدۇ. ئۇ كىشى يەنە قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ شەھىرىگە چۈشۈپ بارىدىغان نەرسە ئىزدەيدۇ. قەرز بەرگەن ئادەم قەرز ئالغان كىشى ئامانەتنى كېمە بىلەن ئېلىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ (دېڭىزنىڭ يېنىغا كېلىپ) قاراپ تۇرغان ئىكەن. تۇساتتىن ئېقىپ كەلگەن بىر ياغاچنى كۆرۈپ ئوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئۇ ياغاچنى ئېلىپ ئۆينى يارغان ئىكەن، مىڭ دىنار بىلەن خەت چىقىدۇ. كېيىن قەرز ئالغان كىشى يەنە مىڭ دىنارنى ئېلىپ يېتىپ كېلىپ: الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشۈپ كەلگۈدەك بىرەر نەرسە تېپىشقا ئورۇنغان بولساممۇ، لېكىن تاپالمىدىم، دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. قەرز بەرگۈچى: سەن ماڭا بىرەر نەرسە ئەۋەتكەنمىدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى چۈشۈپ كېلىدىغان بىر نەرسە تاپالماي (ئۆزىنىڭ پۇلنى ياغاچقا سېلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى) دەيدۇ. قەرز بەرگەن ئادەم: ھەقىقەتەن الله ياغاچتا ئەۋەتكەن پۇلۇڭنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق سەندىن (قەرزنى) ئادا قىلدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى (ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن) مىڭ دىنارنى ئارقىسىغا قايتىپ ئۇدۇل كېتىدۇ.»[1]

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئايالىنىڭ چۆرىسى بىلەن زىنا قىلغان

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئوتتۇرىسىدا بولغان قىسسە، ئادەمگە كېپىل بولۇشنىڭمۇ يولغا قويۇلغان توغرا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئادەمگە كېپىل بولۇش دېمەك، كېپىل بولغان كىشى (ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا) ئۆز كېپىللىكىگە ئالغان ئادەمنى ئېلىپ كېلىش دېمەكتۇر. بۇ قىسسىنىڭ ئادەمگە كېپىل بولۇشنىڭمۇ يولغا قويۇلغان توغرا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەمزە ئىبنى ئەمرى ئەلئەسلەمىي بىر ساھابىدۇر. ئۇ (ئايالىنىڭ چۆرىسى بىلەن زىنا قىلغان ھېلىقى ئادەم ئۈچۈن بىر كىشىنى) كېپىللىككە ئالدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەمزە ئىبنى ئەمرىنى (قىلغان ئىشى ئۈچۈن) ئەيىبلىمىدى. يەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھايات بار نۇرغۇنلىغان ساھابىلارمۇ ئۇنى ئەيىبلىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىسسە بىر ئادەمگە كېپىل بولۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كاپالەت قىلىنىدىغان ئىش بولسا (زۆرۈر بولۇپ قالغاندا) كېپىللىككە ئېلىنغان ئادەمنى كەلتۈرۈپ (ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورونلارغا) تاپشۇرۇشتۇر. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئادەمگە كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئادەمگە كېپىل بولۇش (تاپشۇرۇشقا زۆرۈر بولۇپ قالغان ۋاقىتدا) تاپشۇرۇش قولدىن كەلمەيدىغان بىر نەرسىگە كېپىل بولۇشتۇر. چۈنكى ئادەمگە كېپىل بولغان ئادەم ئۇنى (ئۇ باشقا يەرگە قېچىپ كېتىپ قالسا) تاپشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئەمما مال - مۈلۈككە ۋە نەرسە - كېرەكلەرگە كېپىل بولۇش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. (يەنى بۇ نەرسىلەرگە كېپىل بولغان ئادەم ئۇنى زۆرۈر بولغاندا تاپشۇرالمايدىغان ئىش بولمايدۇ). چۈنكى مال - مۈلۈككە ۋە نەرسە - كېرەكلەرگە كېپىل بولغان ئادەم (كېپىل بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى تاپشۇرالمىسىمۇ) ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى تاپشۇرىدۇ» دەيدۇ. بىزنىڭ دەلىلىمىز (يەنى ئادەمگە كېپىل بولسا بولىدۇ، دەيدىغان ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ دەلىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېپىل بولغان ئادەم (كېپىل بولۇپ ئۈستىگە ئالغان نەرسىنى) تۆلىگۈچىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مۇتلاق كېلىشىدۇر. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە قانداق نەرسىگە كېپىل بولۇش ۋە قانداق نەرسىگە كېپىل بولماسلىقنى بايان قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس مال - مۈلۈككە ۋە ئادەمگە كېپىل بولۇشنىڭ يولغا قويۇلغان ۋە توغرا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئادەمگە كېپىل بولغان كىشى (ئەگەر ئۇ ئادەم باشقا**

يەرگە قېچىپ كەتسە) ئۇ قېچىپ كەتكەن يەرنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ ياردىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئادەمنى تېپىپ كېلىپ تاپشۇرۇشقا قادىردۇر.

بىر ئادەمگە كېپىل بولۇش ئۇنىڭغا كېپىل بولىدىغان كىشىنىڭ: مەن پالانىغا ياكى ئۇنىڭ بويىنىغا ياكى ئۇنىڭ جېنىغا ياكى ئۇنىڭ تېنىگە ياكى ئۇنىڭ بېشىغا، ياكى ئۇنىڭ يۈزىگە كېپىل بولدۇم، دېيىش ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر ھەقىقەتتە ياكى ئۆرپ ـ ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردۇر.[1]

## كېپىل بولۇشنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

بىر ئىشقا كېپىل بولۇش ساۋاب بېرىلىدىغان ياخشى بىر ئىشتۇر. چۈنكى كېپىل بولۇشتا قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىق ياخشى ئىشلار باردۇر. قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى مۆمىندىن دۇنيا قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، الله ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله مۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بىر بەندە ئۆزىنىڭ بۇرادىرىگە ياردەمدىلا بولسا، الله مۇ ئۇ بەندىنىڭ ياردىمىدىلا بولىدۇ.» [2]

ياخشى نىيەت بىلەن بىر ئىشقا كېپىل بولۇش ساۋاب بېرىلىدىغان ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

<ئەلپەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «كېپىل بولۇشنىڭ

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 87 ـ بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ياخشى تەرەپلىرى ناھايىتى كاتتىدۇر. ئۇ بولسىمۇ (ئالالمايدىغان ئوخشايمەن، دەپ) ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان مال ئىگىسىنىڭ ۋە (مال ئىگىسى كېلىپ ئۆنى سوراپ قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ) ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان قەرزدارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. مانا بۇ ھەر ئىككىسىگە قىلىنغان چوڭ بىر ياخشىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېپىل بولۇش ساۋابى كاتتا ئىشلاردىندۇر.

بىر قىسىم ئالىملار: «كېيىن كېپىل بولغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئادەمنىڭ كېپىل بولماسلىقى ياخشىدۇر» دەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كېپىل بولماسلىقىنىڭ ياخشى بولۇشى پەقەت مال ـ دۇنياسىنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىش تەرەپىدىندۇر[1] ۋە دىن تەرەپىدىن ئەمەس. ئەگەر كېپىل بولۇش ياخشى نىيەت بىلەن بولسا، ئۇ ساۋاب بېرىلىدىغان ياخشى بىر ئىشتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە تەۋراتتا: كېپىل بولۇش بېشى خاتىرجەملىك، ئوتتۇرۇسى پۇشايمانلىق ۋە ئاخىرى تۆلەم تۆلەيدىغان بىر ئىشتۇر، دەپ يېزىلغانمىش.[2]

## كېپىل بولۇشنىڭ شەرتلىرى

1 ـ كېپىللىككە ئېلىنىدىغان نەرسە، (زۆرۈر بولغان ۋاقىتدا مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە) تاپشۇرغىلى بولىدىغان تىرىك ئادەم ياكى مال ـ مۈلۈك بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈك ئادەمنى كېپىللىككە ئېلىش توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بىر ئادەم كېپىللىككە ئېلىنغان ۋاقىتدا تىرىك بولغان ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، كېپىللىك ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يوق بولۇپ كەتكەن ۋە قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقى نامەلۇم ئادەمنىمۇ كېپىللىككە ئېلىش توغرا ئەمەس. (چۈنكى بۇ ئادەمنى زۆرۈر بولغان ۋاقىتدا مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە تاپشۇرغىلى بولمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە (زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا

(1) مەسىلەن: بىر قەرزدارغا كېپىل بولغان ئادەم قەرز ئىگىسى قەرزىنى قەرزداردىن ئالالمىسا، ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەمدىن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېپىل بولغان ئادەم مال ـ مۈلكىدىن زىيان تارتقان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قەرزدارغا كېپىل بولمىسا ئىدى. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ساق ـ سالامەت قالغان بولاتتى. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 252 ـ بەت.

ياكى قامچىلاشقا ئوخشاش) جازا ۋە قىساس ئىشلىرىدا كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئورۇنباسار بولالمايدۇ[1].

2 ـ (ئەگەر كېپىللىككە ئېلىنىدىغان نەرسە) قەرز بولسا، ئۇ قەرزنىڭ ئادا قىلىش لازىم بولغان قەرزلەردىن بولۇشى شەرت. بۇ مال ـ مۈلۈككە كېپىل بولۇش ئىشىغىلا خاس بىر شەرتتۇر.

3 ـ (ئەگەر كېپىللىككە ئېلىنىدىغان نەرسە) قەرز بولسا، ئۇ قەرز پەقەت ئادا قىلىش بىلەن ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆتۈۋېتىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدىغان (قەرز بېرىش ۋە ئېلىشنىڭ) شەرتىگە توشقان بولۇشى ۋە قەرز (قەرزدارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن) چۈشۈپ كەتكەن بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزگە كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس.

4 ـ بىر نەرسىگە كېپىل بولىدىغان ئادەم، كېپىل بولۇشقا لاياقىتى توشقان ئادەم بولۇشى لازىم. ئۇ ئادەم بولسا، (سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش) ياخشى ئىش قىلىشقا شەرتى توشقان ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ، ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى كېپىللىكىگە ئېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسىلدە يېتىۋاتقان ئادەمنىڭمۇ كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر (كېپىللىكىگە ئالماقچى بولغان نەرسە قەرز بولسا)، مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كەلگىدەك مىقداردىكى قەرزگە كېپىللىك قىلسا بولىدۇ.

ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا كېپىل بولۇشقا كەلسە، كىچىك بالىغا كېپىل بولۇشتا پۈتۈن مەسئۇلىيەت ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەمگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك بالا ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەم بىلەن بىللە كېلىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇ كېپىللىك تىجارەتچى بىر كىچىك بالىنىڭ تەلىۋى ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ تەلىۋى بىلەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىچىك بالا (مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە) ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەم بىلەن بىللە كېلىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىك بالا يوق بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭغا

(1) مەسىلەن: زىنا قىلىپ چالما ـ كېسەك قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان بىر ئادەمگە كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى چالما ـ كېسەك قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا كېپىل بولغان كىشىنى ئېلىپ كېلىپ چالما ـ كېسەك قىلىشقا بولمايدۇ. ت.

كېپىل بولغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ دادىسىنى ياكى بالىنى تېپىپ كېلىشكە ياكى ئۆزىنى كېپىللىكتىن ئاجرىتىپ قويۇشقا قىستاش ھوقۇقى بار. بۇ ھەقتە بالىنىڭ دادىسىنىڭ بالىغا قاراشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمىمۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. (يەنى بالىغا كېپىل بولغان ئادەم بالا يوق بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا، ئۇ كىشىنى ياكى بالىنى تېپىپ كېلىشكە ياكى ئۆزىنى كېپىللىكتىن ئاجرىتىپ قويۇشقا قىستايدۇ).

بىر ئادەم كىچىك بىر بالىغا، ئەگەر ئۇ بالا ئۇستىگە چۈشكەن ئىشنى قىلمىسا ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن ئىش ماڭا بولسۇن، دەپ كېپىل بولغان بولسا، بۇ توغرا بىر كېپىللىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ ياكى بالىنىڭ دادىسىنىڭ بالىغا قاراشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۇستىگە ھۆكۈم قىلىنغان نەرسە، ئۇ بالىغا كېپىل بولغان ئادەمدىن ئېلىنىدۇ. بالىغا كېپىل بولغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇ بالىغا تۆلەتمەيدۇ. لېكىن ئەگەر بالىنىڭ دادىسى ياكى بالىنىڭ دادىسىنىڭ بالىغا قاراشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادىمى بالىنى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇسا، بۇ ھالدا بالىغا كېپىل بولغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بالىغا تۆلىتىدۇ.[1]

## كېپىل بولۇشنىڭ ھۆكمى

كېپىل بولۇشنىڭ ھۆكمى كېپىل بولغان ئادەمدىن، ئۇ ئادەم كېپىللىككە ئالغان كىشىنىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەن نەرسىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم قەرز ئىگىسىگە: ئەگەر پالانى سېنىڭ مىڭ سوم قەرزىڭنى پۈكۈنى ۋاقتىقىچە قايتۇرمىسا، ئۇ پۇلنى مەن ساڭا بېرىمەن، دەپ كېپىل بولغان ۋە قەرزدار ئۇ پۇلنى شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە قەدەر قەرز ئىگىسىگە قايتۇرمىغان بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى ئۇ پۇلنى قەرزدارغا كېپىل بولغان ھېلىقى ئادەمدىن تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزنى تۆلەپ بېرىشنى كېپىللىككە ئېلىشى قەرزدارنىڭ قەرزنى ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا بېرەلمەسلىك شەرتىگە باغلانغاندۇر. ئۇنداق قىلىش توغرا بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرت تېپىلغان ۋاقىتتا (يەنى قەرزدار قەرزنى ۋەدە قىلغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 252 - بەت.

ۋاقتىدا بېرەلمىگەن ۋاقتىدا)، ئۇنى كېپىللىككە ئالغان ئادەمنىڭ قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرزدار ئۆلۈپ كەتسىمۇ قەرزنى كېپىل بولغان ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى قەرزدارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى قەرز پۇلنى بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن (قەرز پۇلنى ۋەدە قىلغان ۋاقتىدا بېرەلمەسلىك) شەرتى ۋۇجۇدقا چىققان بولىدۇ.[1]

قەرز ئىگىسى (قەرزنىڭ ۋاقتى كەلگەن ۋاقتىدا ئۇنى) خالىسا قەرزداردىن، خالىسا ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەمدىن سۈيلەيدۇ.

ئەگەر كېپىللىكتە (كېپىل بولغان ئادەمدىن قەرزنى ئۇتتۇۋېتىش) شەرت قىلىنغان بولسا، قەرزدار قەرزنى تۆلەشتىن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھالدا خۇددى (ئۇستىدىكى قەرزنى) باشقىسىنىڭ ئۇستىگە ھاۋالە قىلغان ئادەم ئۇستىدىكى قەرزدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قىلىنغان ھاۋالىمۇ كېپىللىككە ئايلانغىنىدەك ئۇ كېپىللىكمۇ (كېپىللىكتىن) ھاۋالىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھاۋالىنىڭ مەناسى باردۇر.

ئەگەر قەرز ئىگىسى ئىككىسىنىڭ بىرىدىن (يەنى قەرزدار بىلەن ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەمنىڭ بىرىدىن) قەرزنى سۈيلىسە، ئۇنىڭ (قەرزنى ئۇلارنىڭ بىرىدىن سۈيلەپ بولغاندىن كېيىن) يەنە بىرسىدىنمۇ سۈيلەش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىدىن بىراقلا سۈيلەش ھەققىمۇ بار. ئەمما (ئىككى كىشى تەرىپىدىن مال - مۈلكى ناھەق تارتىۋېلىنغان) ئادەمنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. ئەگەر ئۇ مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى مال - مۈلكىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى تاللىسا، (ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىنى تۆلەپ بېرىشنى تاللىغان كىشىدىن باشقا بىرسىدىن تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس). چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى كىشىدىن بىرىنى مال - مۈلكىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن تاللىشى، مال - مۈلكىگە تاللىغان كىشىدىن ئېرىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ مال - مۈلكىگە ئىككىنچى بىر كىشىدىن ئېرىشىشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما بىر ئادەمنىڭ قەرزدار بىر ئادەمگە كېپىل بولۇش سەۋەبى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ مال - مۈلكىنى (كېپىل بولغان ئادەمدىن) تەلەپ قىلىشى، مال - مۈلكىگە ئۇنىڭدىن ئېرىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.[2]

(1) «ئەلھىدايە»، 3 - توم، 89 - بەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 - توم، 90 - بەت.

# قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم مالغا كېپىل بولۇشنىڭ بايانى

ئەگەر قەرز، شەرتى توشقان توغرا يول بىلەن ئېلىنغان قەرز بولسا، قەرزگە بېرىلگەن پۇلنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ ئۇنىڭغا كېپىللىك قىلىش توغرىدۇر. چۈنكى كېپىل بولۇش ئىشى كەڭ قورساق بولۇش پرىنسىپى ئۈستىگە قورۇلغاندۇر. يەنە كېلىپ ئالىملار سېتىلغان لېكىن كېلىش مەنبەيىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىلىنمىگەن نەرسىگە كېپىل بولۇشمۇ نامەلۇم بىر نەرسىگە كېپىل بولۇش بولسىمۇ، بۇ كېپىللىكنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇ كېپىللىك مەسىلەن: بىر كىشى بىر نەرسە ساتقان ۋاقتىدا ئۇنى ئالغۇچىغا بىر ئادەمنىڭ: ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ (ئۇ كىشىدىن باشقا ئىگىسى چىقىپ قالسا) ئۇنىڭ پۇلىنى ساڭا مەن قايتۇرۇپ بېرىشكە مەن كېپىلمەن، دېيىشىدىن ئىبارەتتۇر.

كېپىللىك يەنە بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىگە: سىزگە تەۋە پالانىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىگە كېپىل بولدۇم، سىز پالانىغا ساتقان نەرسىنىڭ پۇلى ماڭا بولسۇن، دېيىشى ئارقىلىقمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن پالانىغا ھەر كۈن بىر سوم بېرىپ قويغىن ئۇنىڭغا مەن كېپىل دېگەن، ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا (ھەر كۈنى بىر سومدىن پۇل بەرگەن)، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە خېلى كۆپ پۇل يىغىلىپ قالغان ۋە ئۇ ئادەمگە: سەن پالانىغا ھەر كۈن بىر سوم بېرىپ قويغىن ئۇنىڭغا مەن كېپىل دېگەن كىشى، مەن ساڭا بۇنچىلىك كۆپ پۇل بېرىپ قويغىن، دېمىگەن ئىدىم دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا كېپىل دېگەن ھېلىقى كىشىدىن ئېلىنىدۇ. بۇ كېپىللىك خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمگە: پالانىغا ساتقان نەرسەڭنىڭ پۇلىغا مەن كېپىل دېگىنىگە ئوخشاشتۇر. (شۇنداق دەپ كېپىل بولغان ئادەمگە سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى قانچىلىك بولسا بولسۇن ئۇنى بېرىش لازىم بولىدۇ). ئۇ كېپىللىك يەنە خۇددى بىر ئادەمنىڭ باشقا بىرسىنىڭ ئايالىغا: سېنىڭ مەڭگۈلۈك تەمىناتىڭغا مەن كېپىل دېگىنىگە ئوخشاش. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: سېنىڭ مەڭگۈلۈك تەمىناتىڭغا مەن كېپىل دېسە، ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ نىكاھىدا بولغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئايالنىڭ تەمىناتى ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر ئەر - خوتۇننىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، كېپىل بولغان

ھېلىقى كىشىگە ئايالىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم ئەمەس.[1]

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، (قەرز ئالغان پۇلغا ئوخشاش مۇئامىلە ئارقىلىق بولغان) پۇلنى تۆلەپ بېرىشكە بولغان كېپىللىك توغرىدۇر. ئەمما بىر ئىشتىن تارتقان زىياننى تۆلەپ بېرىشكە بولغان كېپىللىك توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن قولۇڭدىكى مالنى پالانىغا ساتقىن ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن زىيانغا مەن كېپىل دېگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ كېپىللىكى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن پالانىنىڭ ئۇن زاۋۇتىنى ئىجارىگە ئالغىن، (ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان تارتساڭ) تارتقان زىيىنىڭغا مەن كېپىل دېگەن بولسا، بۇ كېپىللىكمۇ توغرا ئەمەستۇر.[2]

ئەگەر بىر ئادەمگە: سەن ساتىدىغان نەرسەڭنى پالانىغا ساتقىن، ئۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇلغا مەن كېپىل دېگەن كىشى كېپىللىكتىن يېنىۋالغان ۋە ئۇ ئادەمنى نەرسە ـ كېرىكىنى ھېلىقى ئادەمگە سېتىشتىن ياندۇرغان ۋە (نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى نەرسە ـ كېرىكىنى ئۇ ئادەمگە سېتىپ بەرگەن) بولسا، بۇ ھالدا مەن كېپىل دېگەن كىشىگە ھېچقانداق مەسئۇلىيەت كەلمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمگە: پالانىنىڭ ساڭا بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىنغان نەرسىنى ئېلىشقا مەن كېپىل، دەپ كېپىل بولغان كىشى كېپىللىكتىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ يېنىۋېلىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ كېپىللىك، كېپىللىكنى لازىم قىلىدىغان بىر ئىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغاندۇر. بۇ كېپىللىك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: سەن ساتىدىغان نەرسەڭنى پالانىغا ساتقىن، ئۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇلغا مەن كېپىل، دەپ كېپىل بولۇش ئىشىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇ كېپىللىكتە بۇ كېپىللىكنى لازىم قىلىدىغان نەرسە تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىدى.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمدىن قەرز پۇل تەلەپ قىلغان، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە قەرزگە پۇل بەرمىگەن ئاندىن بىر ئادەم قوپۇپ ئۇ ئادەمگە: سەن ئۇنىڭغا قەرزگە پۇل بېرىپ تۇرغىن، ئۇنى ساڭا مەن تۆلەپ بېرىمەن، دەپ كېپىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ھېلىقى كىشىگە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا (ئۇ قەرزگە تەلەپ قىلغان) پۇلنى بەرگەن بولسا، ئۇ كېپىللىك توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى پۇل ئىگىسىنىڭ (ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا: سەن ئۇنىڭغا قەرزگە پۇل بېرىپ تۇرغىن، ئۇنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 264 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 264 ـ بەت.

ساڭا مەن تۆلەپ بېرىمەن، دەپ كېپىل بولغان) ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا قەرزگە پۇل بېرىشى، پۇل ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ كاپالەتلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

بىر كىشى بىر ئادەمگە: كىشىلەر سەندىن بۇلاپ ئېلىۋالغان نەرسىگە مەن كېپىل دېگەن بولسا، بۇ كېپىللىك توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كېپىللىكتە، كېپىللىكگە ئالماقچى بولغان كىشىلەر نامەلۇمدۇر. (يەنى ئۇ ئادەمنىڭ نەرسىسىنى پۇلاپ كېتىدىغان كىشىلەر نامەلۇمدۇر). شۇنىڭدەك كىشىلەردىن سېنى بۇلاپ كەتكەن ياكى ساڭا بىر نەرسە ساتقان، ياكى سېنى ئۆلتۈرۋاتقان ئادەمگە مەن كېپىل دېگەن بولسا، بۇ كېپىللىكمۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن شۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەم نامەلەمدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشىنىڭ: سەن بۇلاپ كەتكەن ياكى ئۆلتۈرۋاتقان ئادەمگە مەن كېپىل دېگەن بولسا، بۇ كېپىللىكمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ كېپىللىكتە (كېپىل بولغان كىشىنى) تەلەپ قىلىدىغان تەرەپ نامەلۇمدۇر. ئەگەر ئۇ كىشى مەزكۇر كېپىللىكتە بىر ئادەمنى تەيىن قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭ كېپىللىكى توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: ئەگەر سېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئادەم تېنىۋالىدىغان ياكى سېنى پالانى بۇلاپ كېتىدىغان ياكى پالانى سېنى ياكى سېنىڭ ئوغلىڭنى، ياكى سېنىڭ ئۇۋ هايۋىنىڭنى ئۆلتۈرۋېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ دىيىتىگە مەن كېپىل دېگەن ۋە بۇنىڭغا ئۇ ئادەم رازى بولغان بولسا، بۇ كېپىللىك توغرا بولىدۇ.

مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمگە: ئەگەر سېنى يىرتقۇچ هايۋان يەپ كەتسە، ئۇنىڭ دىيىتىگە مەن كېپىل دېگىنىگە ئوخشاش. هايۋانلاردىن كېلىدىغان زىيانلارغا كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى

هايۋانلار سالغان زىيان - زەخمەتلەر تۆلەپ بېرىلمەيدۇ[1]. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «هايۋانلارنىڭ سالغان زىيىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.»[2]

(1) ئەگەر هايۋاننىڭ يېنىدا هايۋاننىڭ ئىگىللىرىدىن بىرەر كىشىمۇ بولمىغان ياكى هايۋان زىياننى كۈندۈزدە سالغان بولسا، هايۋاننىڭ ئىگىسى هايۋان سالغان زىياننى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر هايۋاننىڭ يېنىدا بىرەر كىشى بولغان ياكى هايۋان زىياننى كېچىدە سالغان بولسا، هايۋاننىڭ ئىگىسى زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. ت.

(2) بۇ هەدىسنى ئىمام ئەهمەد، نەسائىي ۋە دارىمىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

# كېپىل بولۇشنى شەرتكە باغلاشنىڭ بايانى

كېپىل بولۇشنى مەسىلەن: ئەگەر ئەھمەد (سەپەردىن) قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ ھەممىسىنى مەن ئادا قىلىمەن، دېگەنگە ئوخشاش ئۈيغۇن شەرتكە باغلاش توغرىدۇر. بۇ ھالدا ئەھمەد خۇددى كېپىل بولغۇچى كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمگە ياكى ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە، ياكى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ ئېلىۋالغان ئادەمگە ئوخشاش (كېپىل بولغۇچى كىشى بىلەن بىرەر ئالاقىسى بار ئادەم بولۇپ) ئومۇمىي قىلىپ ئېيتقاندا قەرزنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن ۋاستە بولۇشى لازىم. ئەگەر ئەھمەد (ئۇنىڭغا كېپىل بولغۇچى كىشى بىلەن ئازراقمۇ ئالاقىسى بولماي) ھەممە تەرەپتىن يات بىر ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئەھمەدنى كېپىللىككە تەيىن قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ (كېپىل بولۇپ ئەھمەدنىڭ نامىدىن تۆلەپ قويغان پۇلنى ئەھمەددىن ئېلىشى) قىيىندۇر.

ئۈيغۇن شەرتلەرنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپتۇر. مەسىلەن ئۇ مىساللار: ئەگەر پالانىنىڭ مال - مۈلكى يوق بولۇپ كەتسە، سېنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پۈتۈن مال - مۈلكىڭنى مەن تۆلەپ بېرىمەن، ئەگەر پالانى ھېچقانداق مال - مۈلۈك تاشلاپ قويماي ئۆلۈپ كەتسە، سېنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پۈتۈن مال - مۈلكىڭنى مەن تۆلەپ بېرىمەن، ئەگەر سېنىڭ مال - مۈلۈكىڭنىڭ پالانىنىڭ قولىغا چۈشسە ۋە ئۇ ساڭا ئۇ مال - مۈلۈكنى تاپشۇرمىسا، ئۇنى مەن تۆلەپ بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش قاتارلىقلاردۇر. مەزكۇر مىساللارنىڭ ئىچىگە يەنە ئەگەر سەندىن قەرز ئالغان ئادەم سېنىڭ قەرزىڭنى بەرمىسە، ئۇ قەرزنى مەن بېرىمەن، دېيىشمۇ كىرىدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرز پۇلنى سۈيلىسە ۋە قەرزدار: مەن قەرز پۇلنى بەرمەيمەن ياكى تۆلىمەيمەن دېسە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەمنىڭ قەرز پۇلنى قەرز ئىگىسىگە بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: ئەگەر پالانى سەندىن ئالغان قەرز پۇلنى بەرمىسە، ئۇنى ساڭا مەن بېرىمەن، دېگەن ۋە قەرزدار، قەرز ئىگىسى ئۇنىڭدىن پۇلنى تۇتۇپ ئېلىپ بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قەرزنى

بېرىش كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

كېپىل بولۇشنى مەسىلەن: ئەگەر شامال چىقسا، ياكى يامغۇر ياغسا (پۇكۇنىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلۇڭغا مەن كېپىل) دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇن ئەمەس شەرتلەرگە باغلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ خەتەر ئۈستىدە تۇرغان بىر شەرتتۇر. شۇڭا بۇ شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. كېپىل بولغان كىشىگە كېپىل بولۇپ ئۈستىگە ئالغان قەرز پۇلنى بېرىش لازىم ئەمەس.

ئەگەر شۇنىڭغا ئوخشاش شەرتلەرنى مەسىلەن: سېنىڭ (پالانىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلۇڭغا) شامال چىققانغا، ياكى يامغۇر ياغقانغا قەدەر مەن كېپىل دېگەنگە ئوخشاش، كېپىل بولۇش ۋاقتىنىڭ تۈگەش مۇددىتى قىلىش توغرىدۇر. بۇ ھالدا بۇ توغرا بىر كېپىللىك ھېسابلىنىدۇ. (شامال چىققانغا، ياكى يامغۇر ياغقانغا قەدەر) دەپ بېكىتكەن مۇددەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېپىل بولغان كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ قەرز پۇلنى بېرىشى لازىم.

مەسىلەن: سېنىڭ (پالانىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلۇڭغا) بۇغداينى ئورىيدىغان ۋاقىت كەلگەنگە، ياكى ئۆرۈك پىشقانغا قەدەر مەن كېپىل دېگەنگە ئوخشاش، كېپىل بولۇش ئۈچۈن بېكىتىلگەن مۇددەتنىڭ (بەك ئەمەس) ئازراق نامەلۇم بولۇشى كېپىل بولۇشقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ[1].

كېپىللىك مەيلى بىر ئادەمنىڭ جېنى ئۈستىدە بولسۇن مەيلى مال - مۈلۈك ئۈستىدە بولسۇن تەلەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ ياكى ئۇنىڭ نائىبىنىڭ رازىلىقىسىز توغرا بولمايدۇ[2]. لېكىن ئەگەر بىر كىشى: پالانىنىڭ ئۈستىدىكى پالانىنىڭ قەرز پۇلىغا مەن كېپىل دېگەن ۋە بۇ چاغدا قەرزنى تەلەپ قىلىدىغان قەرز ئىگىسى يوق بولغان بولسا، بۇ ھالدا بۇ كېپىللىك قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز بولسىمۇ توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قەرزلىرىگە يەتكىدەك پۇللىرى بار كېسەل ياتقان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مىراسخورىنى ئۆزىگە كېپىل قىلغان ۋە ئۇ يەردە قەرز ئىگىللىرى بولمىغان بولسىمۇ، (يەنى ئۇ كېپىللىك قەرز ئىگىللىرىنىڭ رازىلىقىسىز بولغان بولسىمۇ) ئۇ كېپىللىك توغرا بولىدۇ.

(1) بۇغداينىڭ قايسى پەسىلدە ۋە قايسى ئايدا ئورۇلىدىغانلىقى مەلۇم، لېكىن ئۇنىڭ قايسى كۈندە ئورۇلىدىغانلىقى نامەلۇم. كېپىل بولۇش ئۈچۈن بېكىتىلگەن مۇددەتنىڭ بۇنچىلىك نامەلۇم بولۇپ قېلىشى كېپىللىككە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ت.

(2) مەسىلەن: ئەگەر كېپىللىك قەرزگە بېرىلگەن مال - مۈلۈك ئۈستىدە بولسا، كېپىللىك قەرزنى تەلەپ قىلىدىغان ئادەم بولغان قەرز ئىگىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭ نائىبىنىڭ رازىلىقى بولماي توغرا بولمايدۇ. ت.

چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسخورىنى ئۆزىنىڭ كېپىلى قىلىشى (ئۇ ئادەمنىڭ پۇللىرى بىلەن ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەشكە) ئۇ مىراسخورغا ۋەسىيەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ۋەسىيەت قەرز ئىگىللىرىنىڭ كىم - كىملەر ئىكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ ئاتىمىسىمۇ (يەنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بولمىسىمۇ) توغرا بولىدۇ.

بىر نەرسە - كېرەكنىڭ ئىگىسى بىر ئادەمنى ئۇ نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، ئۇ ۋەكىلنىڭ نەرسە - كېرەكنىڭ ئىگىسىگە: (ئۇ نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن پۇلنى سىزگە مەن ئېلىپ بېرىمەن، دەپ) ئۇ نەرسە - كېرەكنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى سېتىلغان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ پۇللىرىنى ئۇلارنى ئالغان كىشىدىن ئېلىپ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئۇ ۋەكىلنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئەگەر ئۇ ۋەكىل نەرسە - كېرەكنىڭ ئىگىسىگە سېتىلغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېپىل بولسا، بۇ كېپىللىك نەرسە - كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئەمەس) ئۆزى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. ئالىملار بەرگەن پەتىۋادا: بىدىكلەرنىڭ (ئۆزلىرى ساتقان نەرسىلەرنىڭ پۇللىرىنى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىشكە) كېپىللىك قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىدىكلەر ئىش ھەققى ئېلىپ (بىر نەرسە - سېتىشقا تەيىنلەنگەن) ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. (بىر نەرسە سېتىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن) ۋەكىلنىڭ ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ كېپىللىك (نەرسە - كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئەمەس) ئۆزى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ، دەپ كەلگەندۇر.[1]

شۇنىڭدەك يەنە يېتىم بالىنىڭ مال - مۈلكىگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال - مۈلكىدىن ساتقان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇشى ۋە الله يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسە - كېرەكلەرگە قاراشقا تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ ۋەقپە قىلىنغان نەرسە - كېرەكلەردىن ساتقان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئادەملەرنىڭ ساتقان نەرسىلەرنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ ئۆز ئورنىغا تاپشۇرۇشى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى بىلەن ئالغان

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 - توم، 285 - بەت.

پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭمۇ پۇل ئىگىسىگە (ئۇ پۇللارغا ئالغان نەرسە كېرەكلەرنى سېتىپ ئۇ نەرسىلەرنىڭ) پۇللىرىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ساتقان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ پۇلنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. پۇل ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا بىر ئامانەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. قولىدا ئامانەتنىڭ ئورنىدا تۇرغان بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا سۈيىقەست قىلمىسىمۇ تۆلەپ بېرىشنى كېپىللىككە ئېلىش شەرىئەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمىنى ئۆزگەرتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەم شېرىكىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولغان قەرزگە كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ كېپىللىك ئەگەر توغرا ھېسابلانسا، بۇ ئۆزىگە ئۆزى كېپىل بولۇش ھېسابلىنىدۇ. كېپىل بولغان ئادەم ئادا قىلغان ھەر بىر سوم پۇلدا ئۇنىڭ شېرىكىنىڭمۇ ھەسسىسى بار. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ كېپىللىكىنى پەقەت ھەم شېرىكىنىڭ ھەسسىسىدىلا دەپ قارىغان تەقدىردە، بۇ (ھەم شېرىك ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى) ئورتاق قەرزنى ئېگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككىگە بۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەستۇر.

## كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئادا ـ جۇدا بولۇشىنىڭ بايانى

بىر قەرزدارغا كېپىل بولغان كىشى ئۇ قەرزدار تاكى بوينۇدىكى قەرزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېپىللىكتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرزدارغا كېپىل بولغان بىر كىشى (ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ۋاقتىدا قەرز ئىگىسىگە قەرزگە ھېسابلاپ) قېشىدا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان مال ـ مۈلۈكتىن بېرىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان ۋە ساقلاپ بېرىش ئالغان ئۇ مال ـ مۈلۈك يوقاپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ كېپىل بولغان ئۇ كىشى (كېپىللىكتىن) ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر ئادەمگە ساتقان، ئۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالغان ئادەمدىن پۇلنى ئۇ نەرسىلەرنى ساتقان ئادەمگە ئېلىپ بېرىش

ئۇچۇن بىر كىشى كېپىل بولغان، ئاندىن سېتىلغان ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ (ئۇنى ساتقان ئادەم ئەمەس) باشقا ئادەم ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان ياكى ئۇ نەرسە ئۇنىڭدا ئەيىب كۆرۈلگەنلىكى ئۇچۇن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن، ياكى (ئۇ نەرسىنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئالغانلىقى ئۇچۇن ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن) كۆرۈپ تاللاش ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ ئۇنى ئەرزىتمەي ئۇ نەرسىنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ياكى ئۇ نەرسە سودا بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، بۇ ھالدا (ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن) كېپىل بولغان كىشى كېپىللىكتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۆلگەن ۋە قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەم ئۇنىڭ مىراسخورى بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ قەرزدارغا كېپىللىك قىلغان كىشى كېپىللىكتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنى قەرزدىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋەتكەن ياكى قەرزنى تاپشۇرۇش ۋاقتىنى بىر ئاز كېچىكتۈرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ قەرزدارغا كېپىل بولغان كىشى قەرزدارنىڭ ئادا ـ جۇدا بولغىنىغا ئەگىشىپ كېپىللىكتىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە ماۋۇ ھۆكۈملەر كىرمەيدۇ: ئەگەر قەرزدارغا كېپىل بولغان كىشى (قەرز ئىگىسىدىن قەرزدارغا ئەمەس) ئۆزىگە (قەرزنى تاپشۇرۇش ئۇچۇن) بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە (شۇنىڭ بىلەن قەرز ئىگىسى ئۇنىڭغا مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بەرگەن بولسا)، بۇ مۇددەت پەقەت كېپىل بولغان كىشىگىلا خاستۇر. (قەرزدار بۇ مۇددەتتىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرز ئىگىسى (كېپىل بولغان كىشىگە قەرزنى تاپشۇرۇش ۋاقتىنى) ئازراق كەينىگە سۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇ سۈرۈپ بېرىش پەقەت كېپىل بولغان كىشىگىلا خاستۇر. بۇنىڭدىن يەنە قەرزدار پايدىلىنالمايدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى پەقەت قەرزدارغا كېپىل بولغان كىشىنى ئادا ـ جۇدا قىلىۋەتكەن بولسا، كېپىل بولغۇچى بۇ ئادا ـ جۇدا قىلىۋېتىشنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ كىشى ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەرز كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس قەرزدارنىڭ ئۈستىدىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن كېپىل بولغان ئادەمنىڭ ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا باغلىق ئەمەس. كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئۈستىدە پەقەت (قەرزدارنىڭ پۇلنى قەرز ئىگىسىگە بېرىۋېتىشنى) تەلەپ قىلىشلا بار. بۇ (قەرز ئىگىسىنىڭ كېپىل

بولغان كىشىنى) ئادا ـ جۇدا قىلىۋېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدىغان بىر ئىشتۇر.

كېپىل بولغان كىشى قەرزدارنىڭ پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تۆلىۋېتىشتىن ئىلگىرى قەرزداردىن پۇل بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ. چۈنكى كېپىل بولغان كىشىنىڭ (قەرزدارنىڭ نامىدىن قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن) پۇلغا ئىگە بولۇشى، شۇ مىقداردىكى پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىشتىن بۇرۇن ئەمەس شۇ مىقداردىكى پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى قەرزدارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ قەرزدارغا كېپىل بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلنى قەرز ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن بولسا، كېپىل بولغان كىشى ئۇ پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ.

ئەگەر كېپىل بولغان كىشى قەرز ئىگىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭ 1000 سوم قەرز پۇلىنىڭ ئورنىغا 500 سوم بېرىدىغان بولۇپ 500 سوم بەرگەن بولسا، كېپىل بولغان كىشى قەرزداردىن 1000 سوم ئەمەس 500 سوم ئالىدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسىنىڭ 1000 سومنىڭ ئورنىغا 500 سوم ئېلىشنى قوبۇل قىلىشى 500 سومنى قەرزدىن ئۆتىۋېتىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر كېپىل بولغان كىشى قەرز ئىگىسىگە قەرزنى، قەرزدارنىڭ ئۇ پۇلنى بېرىپ بولغانلىقىنى بىلمەي بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى بۇ پۇلنى قەرزداردىن ئەمەس قەرز ئىگىسىدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ.

قەرزنىڭ ئىگىسى قەرز پۇلنى ئەگەر كېپىل بولغان كىشى باي ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋەتكەن ياكى ئەگەر كېپىل بولغان كىشى پېقىر بولسا، ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىۋەتكەن بولسا، قەرز پۇلنىڭ سوۋغا ياكى سەدىقە پۇل ھېسابلىنىشى ئۈچۈن كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى شەرتتۇر. چۈنكى سوۋغا ۋە سەدىقە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى شۇنداقتۇر. ئەگەر قەرزداردىن باشقا ئادەم قەرز پۇلغا مەسئۇل قىلىنسا، قەرز پۇلنى قەرزداردىن باشقا ئادەمگىمۇ سوۋغا قىلىۋېتىش توغرىدۇر. كېپىل بولغان كىشى ئومۇمي قىلىپ ئېيتقاندا قەرز پۇلغا مەسئۇل قىلىنغاندۇر. (شۇڭا قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا قەرزنى پۇلنى سوۋغا قىلىۋېتىشى توغرا بولىدۇ).

مەلۇم مۇددەتكىچە ۋاقىت توختۇتۇپ بېرىلگەن قەرزنىڭ مۇددىتى كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشى ئۈچۈن توگىگەن

ھېسابلانسىمۇ ئەمما قەرزدار ئۈچۈن تۆگىگەن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم مۇددەتكىچە ۋاقىت توختۇتۇپ بېرىلگەن قەرزنىڭ مۇددىتى قەرزدارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن قەرزدار ئۈچۈن تۆگىگەن ھېسابلانسىمۇ ئەمما كېپىل بولغان كىشى ئۈچۈن تۆگىگەن ھېسابلانمايدۇ. بۇ مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىلگەن قەرزنىڭ مۇددىتى، شۇ مۇددەت بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن (شۇ ئادەم ئۈچۈن) تۆگىگەن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر كېپىل بولغان كىشى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى كېپىللىكتىن چىقىرۋېتىشى ئۈچۈن قەرز ئىگىسىگە بىر نەرسە بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېپىل بولغان كىشىگە (قەرز ئىگىسىگە بەرمەكچى بولغان) ھېلىقى نەرسىنى بېرىش لازىم ئەمەس.[1]

ئەگەر قەرزدار قەرز پۇلنى ئۇنىڭغا كېپىل بولغان كىشىگە بېرىۋەتكەن بولسا، قەرزدارنىڭ ئۇ پۇلنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا (قەرزنى بېرىدىغان ۋاقىتنى) كېچىكتۈرۈپ بەرمىگەن ۋە قەرزدار كېپىل بولغان كىشىگە: مەن قەرز ئىگىسىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئۇ سەندىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئالىدۇ، شۇڭا مەن بۇ پۇلنى ساڭا سەن ئۇنىڭغا ئۇ پۇلنى بېرىشتىن بۇرۇن بېرەي دېدىم، دەپ قەرزدار ئۇ پۇلنى ئۇنىڭغا (بوينۇدىكى قەرز پۇلنى) ئادا قىلىۋېتىش نىيىتى بىلەن بەرگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا (قەرزنى بېرىدىغان ۋاقىتنى) كېچىكتۈرۈپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا قەرزدار ئۇ پۇلنى كېپىل بولغان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قەرزدار ئۇ پۇلنى كېپىل بولغان كىشىگە: سەن بۇ پۇلنى ئېلىپ قەزر ئىگىسىگە بەرگىن، دەپ كېپىل بولغان كىشىنى (ئۇ پۇلنى قەرز ئىگىسىگە) ئەۋەتىپ بەرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ قەرز ئىگىسى (خالىسا) ئۇ پۇلنى كېپىل بولغان كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىش ھەققى بار. چۈنكى بۇ شەكىلدە بېرىلگەن پۇل تېخى كېپىل بولغان كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرمەيدۇ. بۇ پۇل كېپىل بولغان كىشىنىڭ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 456 ـ بەت.

قولىدا ئامانەت ھېسابىدا تۇرىدۇ. بۇ شەكىلدە بېرىلگەن پۇلنى قەرزدارنىڭ كېپىل بولغان كىشىدىن قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئۇ پۇلنى كېپىلدىن قايتۇرۇۋالماسلىقى ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ پۇلغا قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققى قوشۇلۇپ بولغان.

## ئالدىغانلىقتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىشنىڭ بايانى

بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن بۇ يول بىلەن ماڭغىن، چۈنكى بۇ ئىشەنچىلىك يولدۇر، دېگەن شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ يول بىلەن ماڭغان ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى (ئوغرىلار) تارتىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا بۇ يول بىلەن ماڭغىن دېگەن كىشىگە ئۇنىڭ ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن بۇ تاماقنى يېگىن، چۈنكى ئۇنىڭدا زەھەر يوق دېگەن، ئۇ ئادەم ئۇ تاماقنى يېگەن ۋە (ئۇ تاماقتا زەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلگەن) بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭغا بۇ تاماقنى يېگىن دېگەن كىشىگە ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ، ئەگەر ئۇلار يولدا خەتەرنىڭ ۋە تاماقتا زەھەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي، دېگەن بولسا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمگە بۇ يول بىلەن ماڭغىن دېگەن كىشى ئۇ يولدا خەتەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئۇنى ئالدىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەمگە بۇ تاماقنى يېگىن، دېگەن كىشى تاماقتا زەھەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن بولسا، بۇ ھالدا تاماقنى يەپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ كىشىنىڭ بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى (بۇ تاماقتا زەھەر يوق دەپ) ئۇنى ئالدىغان.

ئەگەر ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن ۋاقتىدا، ئۇلارغا تۆلەم تۆلەشنىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنى تۈگمەنچىگە ئالاقىدار تۆۋەندىكى مىسال كۆچلەندۈرىدۇ: بىر تۈگمەنچى بۇغداينىڭ ئىگىسىگە: سەن بۇغدىيىڭنى بۇ تاشنىڭ خاپىنىغا قويغىن، دېگەن (بۇغداينىڭ ئىگىسى بۇغداينى تۈگمەنچى كۆرسىتىپ بەرگەن ھېلىقى تاشنىڭ خاپىنىغا قويغان)، بۇغداي ئۇ خاپانىنىڭ تۆشۈكىدىن سۇغا ئېقىپ كەتكەن ۋە تۈگمەنچى ئۇ خاپانىنىڭ تۆشۈك

ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسا، تۇگمەنچى بۇغداينى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى تۇگمەنچى ئۇ ئادەمنى ئالدىغان ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇلار تۆلەپ بېرىدىغانلىقنى ئوچۇق ـ ئاشكارا شەرت قىلغان بولسىمۇ تۆلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن بۇ يول بىلەن ماڭغىن، ئەگەر ئۇ يول خەتەرلىك بولۇپ مال ـ مۈلكۈڭ تارتىۋېلىنسا، ئۇنى مەن تۆلەپ بېرىمەن دېگەن ۋە (ئۇ ئادەم شۇ يول بىلەن مېڭىپ مال ـ مۈلكىنى تارتقۇزۇپ قويغان) بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ كىشى: <ئۇنى مەن تۆلەپ بېرىمەن> دېگەن سۆزى بىلەن كېپىل بولغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ قەرزدار بولۇپ قالدىغان ئادەم نامەلۇمدۇر. (قەرزدار بولۇپ قالىدىغان ئادەم نامەلۇم بولغان ئىشتا) كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس. كېپىل بولۇش توغرا بولمىسىمۇ ئۇ كىشى ھېلىقى ئادەمنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى بىر كىشى بىر ئادەمنى تۆلەپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ئالدىغان بولسا، ئالدانغان ئادەمنىڭ تارتقان زىياننى ئالدىغان كىشىدىن ئېلىش ھەققى بار. ئالىملارنىڭ گەرچە ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ قەرزدار بولۇپ قالىدىغان ئادەم نامەلۇم بولسىمۇ ئالداپ كېتىش ئىشىدا ئالدىنىپ كەتكەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ بېرىشكە بولىدۇ، دېيىشتىكى سەۋەب بولسا، ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.[1]

بەزى كىشىلەر: كۈنۈمىزدە ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقان سۇغۇرتا كېلىشىمىنى ئالدىغانلىقتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىش ئىشىغا قىياس قىلىدۇ. ئالدىغانلىقتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىش ئىشى سۇغۇرتا كېلىشىمىنى قىياس قىلىشقا ئۇلار ئۈچۈن پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى سۇغۇرتا كېلىشىمى ئەگەر ئالدىغانلىقتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىش ئىشىغا قىياس قىلىنسا، بۇ ھەممە تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قىياس قىلىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سۇغۇرتا كېلىشىمدە تۆلەپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىدە تۆلەپ بېرىشنىڭ سەۋەبى بولغان ئالداش ئىشى كۆرۈلمەيدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 284 ـ بەت.

## كىشىلىككە ئالاقىدار مەسىلىلەر

● بىرىنىڭ قولىدا بىر كىيىم بولغان ۋە ئۇنىڭ ئوغرىلىغان كىيىم ئىكەنلىكى بىلىنگەن، كېيىن ئۇ: مەن بۇ كىيىمنى ئۇنى قولىدىن ئالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردىم، دېگەن ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ئۇ بىرىنىڭ (ئۇ كىيىمنى تۆلەش) مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى بىرىنىڭ ھۆكمى بۇ ھالدا خۇددى بۇلاڭچىنى بۇلىغان بۇلاڭچىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. بۇلاڭچىنى بۇلىغان بۇلاڭچىمۇ بۇلىغان نەرسىنى بۇرۇنقى بۇلاڭچىغا قايتۇرۇپ بەرسە ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، ئۇ نەرسىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلىدۇ.

● قەرز ئىگىسى بىر كىشىگە: سەن پالانى شەھەردىكى ماڭا قەرزدار پالانى ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭدىن پۇلۇمنى ئالساڭ، ئۇ پۇلدىن **10** سوم پۇل سېنىڭ بولسۇن، دېگەن بولسا بۇ ھالدا قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ كىشىگە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قىلغان ئادەمگە قانچىلىك پۇل بېرىلىدىغان بولسا شۇ پۇلنى بېرىش لازىم بولىدۇ. لېكىن ئۇ پۇل **10** سومدىن كۆپ بولماسلىقى لازىم.

● بىر ئايال ئېرىدىن، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئالغان تويلۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن، ئەمما ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ بوينىدا ئالىدىغان پۇلى بار بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرى بىر ئادەمنى كېپىل قىلغان، ئاندىن ئەر - خوتۇن قايتا يېنىشقان بولسا، ئەرگە كېپىل بولغان ئادەم كېپىللىكتىن قۇتۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ كېپىللىكتىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغان بىرەر سەۋەب يوق.[1]

● ئەگەر قەرزدار بىر ئادەمگە ئىككى كىشى كېپىل بولغان بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسى قەرزنى ئۇ كېپىللەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىن سۈيلەيدۇ. ئەگەر ئىككى كېپىلنىڭ بىرى قەرزنىڭ ئىگىسىگە قەرزنى بېرىۋاتسا، قەرزنىڭ ئىگىسىنىڭ قەرزنى يەنە بىر كېپىلدىن سۈيلەش ھەققى قالمايدۇ. قەرزنى بېرىۋاتقان كېپىل قەرزگە بېرىۋاتقان پۇلنى يەنە بىر كېپىلدىن ئالمايدۇ. لېكىن ئىككى كېپىل بىر - بىرىگە كېپىل بولغان بولسا، بۇ ھالدا قەرز ئىگىسىگە پۇلنى بېرىۋاتقىنى پۇلنىڭ يېرىمىنى يەنە بىر كېپىلدىن ئالىدۇ. ئەگەر قەرزنىڭ ئىگىسى ئىككى كېپىلنىڭ بىرىنى كېپىللىكتىن ئادا - جۇدا قىلىۋەتكەن بولسا،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** - توم، **385** - بەت.

پۇلنىڭ ھەممىسى يەنە بىر كېپىلدىن سۇيلىنىدۇ. چۈنكى قەرزنىڭ ئىگىسىنىڭ كېپىل بولغان كىشىنى كېپىللىكتىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋېتىشى قەرزداردىن قەرزنى ئۆتىۋۋاتقانلىقى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز پۇل (قەرزدارنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ كەتمەي) ئۇنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالىدۇ. قەرز ئىگىسى ئىككى كېپىلنىڭ بىرىنى كېپىللىكتىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر كېپىل قەرزدار ئۈچۈن كېپىللىك سۈپۈتىدە قېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇ كېپىلدىن سۇيلىنىدۇ. (ئەگەر ئىككى كېپىل بىر ـ بىرىگە كېپىل بولۇپ قەرز ئىگىسىگە ئۇلارنىڭ بىرى بېرىۋاتقان پۇلنى يەنە بىرىدىن ئالىدىغان ھالەتتە) بولسا، قەرز ئىگىسىگە پۇلنى بېرىۋاتقان كېپىل ھەتتا قەرز ئىگىسىگە قەرز پۇلنىڭ يېرىمىدىن چىقراقنى بېرىۋاتمىغىچە يەنە بىر كېپىلنىڭ قېشىغا پۇلنى بەر دەپ بارالمايدۇ. (ئەگەر ئۇ كېپىل قەرز ئىگىسىگە قەرز پۇلنىڭ يېرىمىدىن چىقراقنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كېپىل يەنە بىر كېپىلدىن پۇلنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئالالايدۇ).[1]

# هاۋاله قىلىشنىڭ بايانى

## <هاۋاله> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى:

<هاۋاله> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن مەيلى قەرز بولسۇن مەيلى جىسىملىق نەرسە بولسۇن بىر نەرسىنى يۆتكەش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<هاۋاله> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن قەرزنى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<قەرزنى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىن باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەش> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى:

بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ سۆزدىن قەرزنى، قەرزنى سۇيلەش ئىشى بىلەن بىرگە يۆتكەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى.

ئىككىنچى قىسىم ئالىملار: «بۇ سۆزدىن پەقەت قەرزنى سۇيلەش ئىشىنىلا يۆتكەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى.

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 97 ـ بەت.

بىرىنچى قىسىم ئالىملارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئالىملارنىڭ تۆۋەندىكى مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىدۇر. ئالىملار، قەرز ئىگىسىنىڭ (قەرزداردىن قەرزنى) ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئادەمدىن قەرزنى ئۆتۈۋېتىشى ياكى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىشى توغرىدۇر. ئەمما قەرز ئىگىسىنىڭ (قەرزدار قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن) قەرزداردىن قەرزنى ئۆتۈۋېتىشى ياكى قەرزدارغا سوۋغا قىلىۋېتىشى توغرا ئەمەس، دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلدى. (مانا ئالىملارنىڭ بۇ بىرلىكى قەرزنىڭ، قەرزدار قەرزنى ئۈستىگە يۆتكەپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئۇنى سۈيلەش بىلەن بىرگە يۆتكۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ).

ئىككىنچى قىسىم ئالىملارنىڭ دەلىل ـ پاكىتىمۇ ئالىملارنىڭ بىرلىكىدۇر. ئۇ ئالىملار، ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە قەرزنى، قەرز ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن بۇرۇن بېرىۋەتسە، بۇ هالدا قەرزدار قەرز ئىگىسىگە پۇل سەدىقە قىلغان هېسابلانمايدۇ. (يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى بېرىش لازىم بولغان پۇلنى بەرگەن بولىدۇ). شۇڭا قەرز ئىگىسى ئۇ پۇلنى ئېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ، دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭدەك يەنە قەرز ئىگىسى ئەگەر ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمنى ئۇ قەرزدىن خالاس قىلىۋەتسە ۋە كېيىن ئۇنداق قىلىشتىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ يېنىۋېلىش بىلەن قەرزدىن خالاس قىلىش ئىشى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن قالمايدۇ. قەرز ئىگىسى ئەگەر قەرز ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمگە ئۇ قەرزنى سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتكەن ۋە كېيىن ئۇنى سوۋغا قىلىشتىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ يېنىۋېلىش بىلەن قەرزنى سوۋغا قىلىش ئىشىمۇ كۈچكە ئىگە بولۇشتىن قېلىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى قەرز ئىگىسى قەرزگە كېپىل بولغان ئادەمنى قەرزدىن خالاس قىلىۋەتكەنگە ياكى قەرزنى كېپىل بولغان ئادەمگە سوۋغا قىلىۋەتكەنگە ئوخشاشتۇر. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزگە كېپىل بولغان ئادەمنى قەرزدىن خالاس قىلىۋەتسە ۋە كېيىن ئۇنداق قىلىشتىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ يېنىۋېلىش بىلەن قەرزدىن خالاس قىلىش ئىشى كۈچكە ئىگە بولۇشتىن قالمايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزگە كېپىل بولغان ئادەمگە قەرز پۇلنى سوۋغا قىلىپ بېرىۋاتقان، كېيىن ئۇنى سوۋغا قىلىشتىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ يېنىۋېلىش بىلەن سوۋغا قىلىش ئىشىمۇ كۈچكە ئىگە بولۇشتىن قېلىپ قالىدۇ. بۇ هاۋالە ئىشىدىمۇ قەرزدىن خالاس قىلىۋېتىش ئىشى كېپىل بولۇش ئىشىدە قەرزدىن خالاس قىلىۋېتىش

ئىشىغا ئوخشاش ۋە قەرزنى سوۋغا قىلىۋېتىش ئىشى كېپىل بولۇش ئىشىدە قەرزنى سوۋغا قىلىۋېتىش ئىشىغا ئوخشاش دېمەكتۇر. شۇنىڭدەك يەنە هاۋالە ئىشىدە ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇستىگە قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەمنى قەرزدىن خالاس قىلىۋەتكەن ۋە بۇ هاۋالە قەرزدارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان بولسا، بۇ هالدىمۇ خۇددى كېپىل بولۇش ئىشىدىكىگە ئوخشاش قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەم قەرزنى قەرزداردىن ئالالمايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇستىگە قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەمگە قەرزنى سوۋغا قىلىۋەتكەن بولسا، قەرزدارنىڭ ئەگەر قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۇستىدە قەرزى بولمىسا، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى قەرزداردىن ئالىدۇ.

## هاۋالەنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

هاۋالە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باي كىشىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈۋېتىشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بىرىڭلارنىڭ قەرزى باشقا بىرسىگە هاۋالە قىلىنسا ئۇنى قوبۇل قىلسۇن.»[1] ھەدىستە كەلگەن <ئۇنى قوبۇل قىلسۇن> دېگەن بۇيرۇق كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا (ۋاجىپقا ئەمەس) مۇستەھەپكە قارىتىلىدۇ. ئۇ بۇيرۇقنىڭ مۇستەھەپكە قارىتىلغانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا ھەسەن، سەمۇرەدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قولىغا ئالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇچىلىك (يەنى بىر كىشى بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش، ياكى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان بولسا، ھەتتا ئۇنى ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت قايتۇرغانغا قەدەر) ئۇنى ساق ساقلاش شۇ كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر»[2] دېگەن سۆزىدۇر[3].

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(3) يەنى بۇ ھەدىستىن ھەر بىر ئادەم قولىغا ئالغان نەرسىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قايتۇرۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ت.

ئالىملار، «باي كىشىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈۋېتىشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. . .» دېگەن ھەدىسنى، قەرزدار قەرزنى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بەرگەندىن كېيىن (ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئۇ ئادەم) ئۆلۈپ قالغانغا ياكى تىجارەتتە زىيان تارتىپ كەتكەنگە ئوخشاش بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇ ئادەمدىن پۇلنى ئېلىش قىيىن بولۇپ قالغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قەرز پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن قەرزدارنىڭ يېنىغا تەكرار كېلىشىگە ھەققىنىڭ يوقلىقىغا دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. چۈنكى ئەگەر قەرز ئىگىسىنىڭ (قەرزنى، ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن ئېلىش قىيىن بولۇپ قالغان ۋاقىتدا) قەرزنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ يېنىغا كېلىشىگە ھەققى بولىدىغان بولسا، قەرزنى قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش بىلەن زۇلۇم قىلغان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنى <باي كىشىنىڭ> دەپ <باي> دېگەن سۈپەت بىلەن سەپەتلەپ كېلىشنىڭ ھېچقانداق مەناسى بولمىغان بولاتتى. قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈش بىلەن زۇلۇم قىلغان ھېسابلىنىدىغان ئادەم <باي> دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن (قەرزنى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىدىغان قەرزدار باي بولمىغاچقا قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇ قەرزنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئۈستىگە قەرزنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا كەلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۆتكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى قەزردار قەرز ئىگىسىگە قەرزگە ھېسابلاپ بىر نەرسە بەرگەن ۋە قەرز ئىگىسى ئۇ نەرسىنى يوقۇتۇپ قويغاندىن كېيىن (قەرزنى ئېلىش ئۈچۈن) قەرز ئىگىسىنىڭ تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا كېلىشكە ھەققىنىڭ يوق بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. (بۇ باشقا مەزھەپدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر). ئەمما ھەنەفي مەزھەپدىكىلەر بولسا: «بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن (ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن قەرزنى ئېلىش قىيىن بولۇپ قالغان ۋاقىتدا) قەرزنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ يېنىغا كېلىشكە بولىدۇ» دېدى. ھەنەفي مەزھەپدىكىلەر ھاۋالە ئىشىنى كېپىل ئىشىغا قىياس قىلدى. (كېپىل ئىشىدا قەرزنى قەرزداردىن ئالغىلى بولمىسا كېپىل بولغان ئادەمدىن، كېپىل بولغان ئادەمدىن ئالغىلى بولمىسا، قەرزداردىن ئېلىشقا بولىدۇ.)

ئالىملار مەزكۇر ھەدىسنى ئەگەر قەرزنى قايتۇرۇشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ

ئۇنى قايتۇرماي كىچىكتۈرۈۋاتقان ئادەمنى قەرزنى بېرىشكە مەجبۇرلاشنىڭ ۋە قەرزنى ئۇنىڭدىن بارلىق ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ مەجبۇرىي ئېلىشنىڭمۇ توغرا بولىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. شۇنىڭدەك يەنە ئالىملار ئۇ ھەدىسنى ھاۋالە ئىشىدا (قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىدىغان) قەرزدار بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە ۋە ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلىدىغان ئادەم ھەدىستە بايان قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېتىبارغا ئالمىسىمۇ بولىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. بۇ (مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەرگە ئوخشاش) كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر بولسا: «ھاۋالە ئىشىدا (قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىدىغان) قەرزدار بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشنىڭ لازىملىقىغا ئوخشاش ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش شەرتتۇر» دەيدۇ. شافىئىي مەزھەپدىكىلەردىنمۇ ئەلئىستەخرىي دېگەن ئالىم: «ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش شەرتتۇر» دېدى.[1]

## هاۋالەنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ھاۋالە قىلىش ئىشى پەقەت قەرز ئىشلىرىدا بولۇشى لازىم. چۈنكى ھاۋالە (بىر نەرسىنى) بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە شەرئىي جەھەتتىن يۆتكەش دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋالەنىڭ پەقەت قەرز ئىشلىرىدا بولىدىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

2 ـ قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ بېرىدىغان قەرزدارنىڭ، قەرز ئىگىسىنىڭ ۋە ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلىدىغان ئادەمنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش لازىم.

قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنىڭ لازىملىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، قەرزدىن ئالىدىغان پۇل ئۇنىڭ ھەققىدۇر. قەرز ھاۋالە ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ

(1) «فەتھۇلبارى»، 4 ـ توم، 466 ـ بەت.

ئۇستىدىن باشقا بىرسىنىڭ ئۇستىگە يۆتكىلىدۇ. ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئەمەس. (يەنى بىرى ئۇستىدىكى قەرزنى بېرىشكە ئالدىرايدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۇنداق قىلمايدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشتا قەرز ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش لازىم.

ئۇستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، قەرز ئۇنىڭ ئۇستىگە يۆتكەپ بېرىلىش بىلەن قەرزنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈكلىنىدۇ. بۇ ئىشنىڭ شۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ رازىلىقى بولماستىن ۋە قەرزنى قوبۇل قىلىپ ئۇستىگە ئالماستىن ئەلۋەتتە بولمايدۇ.

ئەمما قەرزدارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، قەرزنى ھاۋالە قىلىش ئۇنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ رازىلىقى ۋە خالىشى بولماستىن بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. قەرزدارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش يەنە قەرز ئىگىسى قەرزنى ئەگەر ئۇستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن ئالالمىغان ۋاقتىدا، ئۇستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۇ قەرزنى قەرزداردىن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا قايتىشى ئۈچۈنمۇ لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

3 ـ قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۇستىگە يۆتكەپ بېرىدىغان قەرزدار ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەم بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىشىپ قالغان ساراڭ ئادەمنىڭ ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان كىچىك بالىنىڭ قىلغان ھاۋالىسى توغرا بولمايدۇ. ئەمما ھاۋالە قىلىدىغان ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، ھاۋالىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن شەرتتۇر. شۇڭا ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ قىلغان ھاۋالىسى ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ئادەمنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىق بولىدۇ.

4 ـ قەرزنىڭ مىقدارى ئېنىق بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنمىگەن قەرزنى ھاۋالە قىلىپ ئېلىش توغرا ئەمەس. كېپىل بولۇش توغرا بولغان ھەر قانداق قەرزدە ھاۋالىمۇ توغرىدۇر. كېپىل بولۇش توغرا ئەمەس قەرزدە ھاۋالىمۇ توغرا ئەمەس.

# ھاۋالەنىڭ ھۆكمى

ھاۋالەنىڭ ھۆكمى بولسا، قەرزنى ھاۋالە قىلغان قەرزدارنىڭ ۋاقتىلىق قەرزدىن ۋە قەرزنىڭ سۈيلىنىشىدىن خالاس بولۇشتۇر. قەرزدانىڭ قەرزدىن ۋە قەرزنىڭ سۈيلىنىشىدىن خالاس بولۇشى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆز ھەققىنى ئېلىشىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئىگىسى ئەگەر قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ باشقا ئادەمنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلىنىشىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن پۇلنى ساق ـ سالامەت ئالغان بولسا، ئۇنىڭ تەكرار پۇل ئېلىش ئۈچۈن قەرزدارنىڭ قېشىغا بېرىشى توغرا ئەمەس.

قەرزدار قەرزدىن ۋە قەرزنىڭ سۈيلىنىشىدىن خالاس بولدى، دېگىنىمىز ئەگەر قەرزدار ئۆلۈپ كەتسە، قەرز ئىگىسى قەرزنى ئۇ قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن ئالمايدۇ. قەرز ئىگىسى ئەگەر قەرزنى ئالالماسلىقتىن قورقسا، قەرز پۇلنى قەرزدارنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ياكى قەرز ئىگىللىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا كېپىل بولغان ئادەمدىن ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسە سېتىۋالغان كىشى نەرسە ساتقۇچى ئادەمگە (ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى) باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلىپ ئۇ ئادەمنى كۆرسىتىپ قويغان بولسا، نەرسە ساتقۇچى ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى (ئۇنى ئالغان كىشىگە) بەرمەي تۇتۇپ تۇرۇۋېلىشقا ھەققى يوق. (يەنى بۇ مىسالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلنى بېرىشكە بىرىنى ھاۋالە قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ پولنى بېرىشتىن خالاس بولغاندۇر). بىر ئادەمدىن قەرزگە پۇل ئېلىپ قەرز ئىگىسىنىڭ يېنىدا بىر نەرسىسىنى گۆرۈگە قويغان كىشى قەرزنى بېرىشنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلىپ بەرسە، قەرزدارنىڭ نەرسىسىنى گۆرۈگە ئېلىۋالغان قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بەرمەي تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى يوق. (چۈنكى قەرزدار قەرزنى بېرىشنى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىش بىلەن قەرزدىن خالاس بولغاندۇر). شۇنىڭدەك يەنە بىر ئەر ئايالىغا ئالىدىغان تويلۇقنى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلىپ ئايالىغا ئۇ ئادەمنى كۆرسىتىپ قويغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن توسۇش ھەققى يوق.

(چۈنكى ئەر ئايالغا بېرىدىغان تويلۇق ئۈچۈن بىر ئادەمنى ھاۋالە قىلىپ كۆرسىتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا تويلۇق ئېلىشتىن خالاس بولدى).[1]

ئەگەر قەرز ئىگىسى ھەققىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن (يەنى ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن ئالالماسلىقىدىن) ئەندىشە قىلمايدىغان ئىش بولسا، ئۇ قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا بارمايدۇ. (ئەگەر ھەققىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، بۇ ھالدا ئۇ قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا بارىدۇ). بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «(ئەگەر بىر قەرزدار قەرزىنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلغان ۋە قەرز ئىگىسى ئۇنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن) ئەگەر قەرز ئىگىسى ھەققىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان تەقدىردىمۇ قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى قەرزدار (ئۈستىدىكى قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىپ) قەرزدىن مۇتلەق خالاس بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن قەرزدارنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن يېڭى بىر سەۋەب تېپىلىشى (يەنى قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن تەكرار يەنە بىر قېتىم قەرز ئېلىشى) لازىم» دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئۆز قاراشلىرىغا كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتى بولسا، قەرزدارنىڭ قەرزدىن ۋە قەرزنىڭ سۈيلىنىشىدىن خالاس بولۇشى، قەرز ئىگىسىنىڭ پۇلىنى قولغا ساق ـ سالامەت ئېلىشىغا باغلىقتۇر. ھاۋالىدىن بولغان مەقسەت بۇدۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر قەرز ئىگىسى پۇلىنى ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن ئالالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلغان ۋاقىتدا، قەرز ئىگىسى قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا بارسا بولىدۇ.)

قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ:[2]

1 ـ ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قەرزنى ھاۋالە قىلىپ ئالغىنىغا تېنىپ تۇرۇۋېلىپ قەسەم ئىچىشى ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ، ئۇ ئادەمنىڭ ھاۋالىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قولدا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 291 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 99 ـ بەت.

ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتنىڭ بولماسلىقى بىلەن بولىدۇ.

2 ـ ئۇستىگە قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ تىجارەتتە زىيان تارتقانلىقى سەۋەبى بىلەن ئارقىسىدا ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ قويماي، ياكى بىرەر كېپىل تەيىنلەپ قويماي ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ئىككى ئىشقا ئۈچىنچى بىر ئىشنى قېتىپ قويىدى. ئۇ بولسىمۇ قازىنىڭ، ئۇستىگە قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ تىجارەتتە زىيان تارتىپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىشىدۇر. (ئەگەر قازى ئۇستىگە قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ تىجارەتتە زىيان تارتىپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنىڭ يوق بولۇپ كېتىش ئەندىشىسى ۋۇجۇدقا چىققان بولىدۇ). چۈنكى قازىنىڭ بىر ئادەمنىڭ تىجارەتتە زىيان تارتىپ كەتكەنلىكىگە چىقارغان ھۆكۈمى ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر ھاۋالە (بىرەر شەرتكە باغلانماستىن) مۇتلەق بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ھاۋالە بىرەر شەرتكە باغلانغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شەرت يوق بولغان چاغدا قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزنى ئېلىش ئۈچۈن تەكرار قەرزدارنىڭ قېشىغا كېتىش ھەققى بار. مەسىلەن بىر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە باشقا بىرسىنىڭ يېنىدا ساقلاش ئۈچۈن قويۇپ قويغان نەرسىسىنى ھاۋالە قىلىپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا (ھاۋالىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان) ھېلىقى نەرسىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم ھاۋالىدىن خالاس بولىدۇ. قەرز ئىگىسى بولسا قەرزنى ئېلىش ئۈچۈن قەرزدارنىڭ قېشىغا تەكرار بارىدۇ. چۈنكى ئۇ قەرزدارنىڭ قىلغان ھاۋالىسى ساقلاش ئۈچۈن بەرگەن ھېلىقى نەرسىسىگە باغلىقتۇر. (ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ھاۋالىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان ھېلىقى نەرسىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم ھاۋالىدىن خالاس بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئىگىسى قەرزنى قەرزداردىن ئالىدۇ.)[1]

ئۇستىگە قەرز يۈتكەپ بېرىلگەن ئادەم قەرزدارنىڭ نامىدىن قەرز ئىگىسىگە بېرىدىغان پۇلنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ پۇلنى قەرزداردىن تەلەپ قىلىدۇ. (قەرز ئىگىسىگە قەرز پۇلنى بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنى قەرزداردىن تەلەپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 293 ـ بەت

قىلالمايدۇ). ئەگەر بىر ئادەم قەرزدارنىڭ پۇلىنى قەرز ئىگىسىگە قەرزدار ئۇنى ئۇ پۇلنى بېرىۋېتىشنى ھاۋالە قىلىپ بۇيرىمىغان بولسىمۇ بېرىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا قەرزنى بېرىۋاتقان ئۇ ئادەم (پۇل سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش) بىر ياخشى ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بۇ ھالدا قەرزدارنىڭ نامىدىن قەرز ئىگىسىگە پۇل بېرىپ قويغان ئادەم ئۇ پۇلنى قەرزداردىن تەلەپ قىلالمايدۇ).

ئەگەر قەرز (ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن) مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىلمىگەن قەرز بولسا، ئۇنىڭ ھاۋالىسىنى مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇش توغرا ئەمەس. مەسىلەن بىر ئادەم: سېنىڭ پالانىنىڭ ئۈستىدىكى پۇلۇڭغا تاكى مەن ئۇ پۇلنى بىر ئايغىچە پالانىغا ھاۋالە قىلىپ بەرگەنگە قەدەر مەن كېپىل دېگەن بولسا، بۇ يەردىكى <بىر ئايغىچە> دېگەن مۇددەت (ھاۋالىگە ئەمەس) قەرزگە قارىتىلىدۇ. (چۈنكى ھاۋالىنى بىر ئايغىچە ئىككى ئايغىچە دەپ مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ قىلىش توغرا ئەمەس). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمدىن تاكى بىر ئاي ئۆتكەنگە قەدەر پۇل تەلەپ قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ھاۋالىنى ئىككى قىسىمغا ئايرىدى:

1 ـ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىنىدىغان ھاۋالە. بۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىلمىگەن بىر قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىنى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىپ بېرىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھالدا ئۇ ھاۋالە ئۇنى قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگىمۇ مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىلمىگەن ھالەتتە يۆتكىلىدۇ. (يەنى ئۈستىگە قەرز ھاۋالە قىلىپ ئالغان ئادەمگىمۇ قەرز ئۇنى بېرىش ئۈچۈن مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىلمىگەن ھالەتتە يۆتكىلىدۇ). چۈنكى ھاۋالە دېگەن قەرزنى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۆتكەشتىن ئىبارەتتۇر. قەرز قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قانداق سۈپەت بىلەن بولسا، ئۈستىگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۈستىگىمۇ شۇنداق سۈپەت بىلەن يۆتكىلىدۇ.

2 ـ ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن مەلۇم بىر مۇددەت توختۇتۇپ بېرىلگەن ھاۋالە. مەسىلەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە بىر يىلغىچە بەرسە بولىدىغان قەرز بولغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قەرزنى ھاۋالە قىلىپ ئالغان ئادەممۇ ئۇ قەرزنى بىر يىلغىچە بەرسە بولىدۇ. ئەگەر قەرزنى ھاۋالە قىلغان قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ ئۇ مۇددەت يەنە ئوخشاش داۋام قىلىدۇ. ئەگەر قەرزنى ئۈستىگە ھاۋالە قىلىپ

ئالغان ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ مۇددەت ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەم ئارقىسىدا قەرزگە يەتكىدەك مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتمىگەن بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزنى ئەسلىدىكى قەرزداردىن ئالىدۇ. چۈنكى ھاۋالە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاۋالىگە توختۇتۇپ بەرگەن مۇددەتمۇ ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەرز ئىگىسى قەرزنى ئەسلىدىكى قەرزداردىن تەلەپ قىلالايدۇ).

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلماقچى بولغان قەرزدارغا (ئۇ قەرزنىڭ قايتۇرۇلىشىغا) كېپىل بولۇشنى شەرت قىلسا، بۇ شەرت توغرا بولىدۇ. بۇ چاغدا قەرز ئىگىسى قەرزنى خالىسا قەرزداردىن، خالىسا قەرزنى ھاۋالە قىلىپ ئۈستىگە ئالغان ئادەمدىن تەلەپ قىلالايدۇ. چۈنكى خۇددى قەرزدارنىڭ ئۇ قەرزدىن خالاس بولۇپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قىلىنغان كېپىللىك ھاۋالە ھېسابلانغىنىدەك قەرزدارنىڭ ئۇ قەرزدىن خالاس بولۇپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قىلىنغان ھاۋالىمۇ كېپىل بولۇش ھېسابلىنىدۇ.[1]

## يول خەتىردىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن پۇلنى قەرز بېرىپ تۇرۇشنىڭ ھۆكمى

مەزكۇر قەرزنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ: بىر ئادەم بىر تىجارەتچىگە بىر شەھەردە تۇرۇپ پۇللىرىنى، ئۇ پۇللارنى باشقا بىر شەھەردە ئۇ تىجارەتچىنىڭ ئۇ شەھەردىكى ۋەكىلىدىن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە قەرزنى ئالغۇچى تىجارەتچى قەرز ئىگىسىگە قەرزنى ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشقا شەھەردىكى ۋەكىلىنى خۇددى ھاۋالە قىلغاندەك بولىدۇ. پۇللىرىنى قەرز بېرىپ تۇرغان ئادەمنىڭ بۇنداق قەرز بېرىشتىكى مەقسىتى بولسا، ئەگەر ئۇ پۇللىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە يولدا ئېلىپ ماڭسا، يولدا ئۇنىڭغا يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار خەتەردىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈندۇر.

مەزكۇر قەرز ئەگەر بۇ قەرزدە (ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە) مەلۇم بىر

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 296 ـ بەت

مەنپەئەت كېلىش شەرتى بولمىسا توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ قەرزدە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە بىرەر مەنپەئەت كېلىش شەرت قىلىنسا، بۇ شەكىلدىكى قەرز توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئالىملار: «ئەگەر مەزكۇر قەزردە شەرت قويۇلۇش ھارامدۇر. قەرز ئۇنىڭدا قويۇلغان ئۇ شەرت سەۋەبى بىلەن توغرا قەرز ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا شەرت قويۇلمىسا، قەرز توغرا قەزر ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇ قەرزدە شەرت قويۇلۇش مۇنداق بولىدۇ: بىر ئادەمنىڭ بىر تىجارەتچىگە پۇللىرىنى، ئۇ ئادەمنىڭ پۇللىرىنى پۈكۈنى شەھەردىكى ئۇ تىجارەتچىنىڭ ۋەكىلىدىن ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن تىجارەتچىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىش شەرتى بىلەن قەرز بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. قەرزنى بۇنىڭغا ئوخشاش شەرت قويۇپ بېرىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم پۇللىرىنى ئۇ تىجارەتچىگە مەزكۇر شەرتنى قويماستىن قەرز بەرگەن ئەمما تىجارەتچى ئۇنىڭغا پۇلنى پۈكۈنى شەھەردىكى ۋەكىلىدىن ئېلىۋالغىن، دەپ خەت يېزىپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ توغرا شەكىلدە بولغان بىر قەرز ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئالىملار: «ئەگەر بىر ئادەم بىر تىجارەتچىگە: سەن ماڭا مېنىڭ پۇلنى پۈكۈنى يەردە تاپشۇرۇپ ئېلىۋېلىشىم ئۈچۈن بىر خەت يېزىپ بەرگىن، مەن ساڭا پۇلنى بۇ يەردە بېرىمەن، دەپ قەرز بەرگەن بولسا، بۇ قەرزدىمۇ ياخشىلىق يوقتۇر، (يەنى بۇ قەرزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىۋىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر قەرزدۇر)» دېدى.

يول خەتىرىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن پۇلنى قەرز بېرىپ تۇرۇش ھەققىدە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئەگەر قەرزدە (يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش) بىرەر شەرت قويۇلمىغان ۋە قەرزنى ئالغان ئادەم قەرزنى ياخشى بىر شەكىلدە قايتۇرغان بولسا، بۇنداق قەرز ئىشى يامان ئەمەس بىر ئىشتۇر» دېدى. ئالىملار: «ئەگەر مەزكۇر قەرزدە (يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش) بىرەر شەرت قويۇلمىغان ۋە شۇ ئىش (يەنى بىر كىشى بىر ئادەمگە قەرز ئۈچۈن پۇل بەرسە، پۇلنى ئالغان ئادەم ئۇنىڭغا بۇ پۇلنى پۈكۈنى شەھەردىكى ۋەكىلىمدىن ئېلىۋالسەن، دەپ خەت يېزىپ بېرىدىغان ئىش) كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلانمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر قەرز توغرا بىر شەكىلدە بولغان قەرز ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر قەرزدە ئۇ ئىش بىر ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلانغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر

قەرز توغرا بىر شەكىلدە بولغان قەرز ھېسابلانمايدۇ» دېدى.[1]

بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى مەنسۇر خالىددىن ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «ئەگەر سەن بىر ئادەمگە بىر نەرسىنى، كېيىن ئۇ ساڭا ئۇ نەرسىنى باشقا بىر شەھەردە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن بولساڭ، بۇ ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر شەرت قوشۇلۇپ قالغان بولسا ياخشى ئەمەس. ئەگەر ئۇ (ئۇنىڭغا ھېچبىر شەرت قوشۇلۇپ قالماستىن) نورمال بىر يول بىلەن بولغان بولسا، بۇنداق قىلىشتا ھېچبىر گۇناھ يوقتۇر.»[2]

ئىبنى سىرىننىڭ بۇ سۆزى بۇ ھەقتە كەلگەن ئەڭ ئۇچۇق سۆزدۇر. مەزكۇر قەرز ئەگەر ئۇنىڭدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بىرەر ئىش شەرت قىلىنمىسا توغرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپكە پايدا بار. بۇ قەرزدە بىرەر تەرەپكە زىيان كېلىپ قالمايدۇ. شەرىئەت بىرەر كىشىگمۇ زىيىنى كەلمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى ھارام قىلىپ چەكلەشنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە: ئۇنداق ئىشلارنىڭ يولغا قويۇلغان توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەزكۇر قەرزنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قۇرئاندىن ياكى ھەدىستىن ئۇچۇق بىرەر دەلىل ياكى دەلىل بولالايدۇ دېگىدەك بىر نەرسە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر قەرز توغرا ۋە يولغا قويۇلغان قەرز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇنىڭدا (يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك) بىرەر ئىش شەرت قىلىنسا، بۇ ھالدا مەزكۇر قەرز بىر پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. بىر پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز بولسا، ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۇچۇق ھەدىس كەلگەن بىر قەرزدۇر. بۇ قەرز ھەققىدە مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق قەرز جازانە ھېسابلىنىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنى ھارىس ئىبنى ئەبۇئۇسامە ئۆزىنىڭ كىتابىدا رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىدا سەۋۋا ئىبنى مۇسئەب باردۇر. سەۋۋا ئىبنى مۇسئەب خۇددى <ئەلتەلخىسۇل ھەبىر> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغىنىدەك رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئادەمدۇر. لېكىن بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىل - پاكىتلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن (شافىئىي مەزھەپىدىن

(1) «رەددۇلمۇھتار».

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 14 - توم، 497 - بەت.

**بولغان) ئىمام جۇۋەينىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەدىسنى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس دەپ قوبۇل قىلدى. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.[1]**

**بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر قەرز ئېلىپ كەلگەن پايدا قەرزگە پۇل بېرىدىغان ۋاقىتدا ئۇنىڭغا شەرت قويۇلمىغان ھالەتتە بولسا، بۇ (ھارام ئەمەس) توغرا بولىدۇ. بۇنىڭ توغرا بولۇشىدا ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپمۇ يوقتۇر[2].**

**دادا ياكى يېتىم بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىپ بەرگەن بولسا، ئەگەر يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھاۋالە قىلىپ ئۈستىگە ئالغان ئادەم (يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇرۇن ساقلاۋاتقان ئادەمگە قارىغاندا) ياخشى ئادەم بولسا، بۇ ھاۋالە توغرا بولىدۇ. ئەگەر يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھاۋالە قىلىپ ئۈستىگە ئالغان ئادەم ياخشى ئادەم بولمىسا، بۇ ھاۋالە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى دادىنىڭ ۋە يېتىم بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىدە ئېلىپ بارغان تەسەررۇپلىرى يېتىمگە پايدىلىق ئىش قىلىشقا ياكى ئۇنداق قىلماسلىققا قاراشلىقتۇر.**

**بىز بىر ئاز بۇرۇن بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك، ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزىنى باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلماقچى بولغان قەرزدارغا (ئۇ قەرزگە) كېپىل بولۇشىنى شەرت قويسا، بۇ توغرا بولىدۇ. بۇ چاغدا قەرز ئىگىسى قەرزىنى خالىسا قەرزداردىن، خالىسا قەرزنى ھاۋالە قىلىپ ئۈستىگە ئالغان ئادەمدىن تەلەپ قىلالايدۇ. چۈنكى خۇددى قەرزدارنىڭ ئۇ قەرزدىن خالاس بولۇپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قىلىنغان كېپىللىك ھاۋالە ھېسابلانغىنىدەك قەرزدارنىڭ ئۇ قەرزدىن خالاس بولۇپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قىلىنغان ھاۋالىمۇ كېپىل بولۇش ھېسابلىنىدۇ.[3]**

---

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، **14** ـ توم، **499** ـ بەت.

(2) مەسىلەن: ئەھمەد سەمەدكە **100** سوم قەرزگە پۇل بېرىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر كۆينەك ھەدىيە قىلىشنى شەرت قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن سەمەد ئۇنىڭغا بىر كۆينەك ھەدىيە قىلغان بولسا، بۇ ھارامدۇر. ئەمما ئەھمەد سەمەدكە **100** سوم بېرىدىغان ۋاقىتدا ئۇنىڭغا ھېچنەرسە شەرت قىلمىغان، لېكىن سەمەد ئۇنىڭغا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىتدا ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر كۆينەك ھەدىيە قىلغان بولسا، بۇ ھارام ئەمەستۇر. ت.

(3) <ئەددۇررۇلمۇختار>، **4** ـ توم، **296** ـ بەت.

# ۋەكىل بولۇشنىڭ بايانى

## <ۋەكىل بولۇش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<ۋەكىل بولۇش> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن تاپشۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ئادەمنى بۇ ئىشقا ۋەكىل قىلغىن، دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەناسى: بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا تايانغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىن، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇ ئادەم بۇ ئىشقا ۋەكىل بولدى، دېيىش ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىل بولۇشنى قوبۇل قىلدى، دېگەنلىكتۇر.

<ۋەكىل بولۇش> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن راھەتلىنىش ياكى ئاجىز كەلگەنلىك سەۋەبىدىن قېلىش توغرا بولغان مەلۇم بىر ئىشتا باشقا بىرسىنى ئۆز ئورنىغا تۇرغۇزۇپ قويۇش، دېگەنلىك بولىدۇ.[1]

ئۇقۇمدا كەلگەن: <راھەتلىنىش ياكى ئاجىز كەلگەنلىك سەۋەبىدىن> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئۇنى قىلىش جەريانىدا تارتىدىغان چاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىشنى تاشلاپ راھەت كۆرۈش ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىرسىنى تۇرغۇزۇپ قويۇش ياكى ئۇ ئادەمنىڭ بىر ئىشنى ئۆزىنىڭ كېسەل بولغىنىغا ياكى يېشىنىڭ كىچىك بولغىنىغا، ياكى ئەقلى - ھۇشىنىڭ جايىدا بولمىنىغا ئوخشاش بىرەر ئۆزرىسى تۈپەيلىدىن ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىرسىنى تۇرغۇزۇپ قويۇش، دېگەنلىك بولىدۇ.

# ۋەكىل بولۇش يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

ۋەكىل بولۇش قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر.

بىر ئىشقا باشقا بىرسىنى بۇيرۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى اللہ تائالانىڭ بۇ ئايىتىدىن كۆرۈۋالايمىز: «ئۇلارنىڭ (بەزىسى) دېدىكى، «قانچە ئۇزاق

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 - توم، 400 - بەت.

تۇرغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ (بۇنى سورۇشتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق، بىز هازىر ئاچ)، بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەهەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ (شەهەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېهتىيات قىلسۇن سىلەرنى هېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن[1] »

بۇ هەقتە ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزىي (الله تائالا ئۇلارغا رەهمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: « پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەكىم ئىبنى هىزامنى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قوربانلىق قىلىدىغان مالنى سېتىپ ـ ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلغان ئىدى. »

ۋەكىل بولۇش هەم ساهابىلارنىڭ ئىش ـ هەرىكەتلىرى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدا ئەبۇمۇسا (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېگەن: مەن هەسەن بەسرىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئەلىنىڭ ئوغلى هەسەن تاغدەك قوشۇنلارنى باشلاپ مۇئاۋىيىگە قارشى ئاتلانغاندا، ئەمرى ئىبنى ئاس (قۇتراتقۇلۇق قىلىپ) مۇئاۋىيىگە تەڭداشلىرىنى (يەنى قارشى قوشۇننى) ئۆلتۈرمىگىچىلىك چېكىنمەيدىغان بىر قوشۇن كېلىۋاتامدىكىن دەيمەن، دېگەن ئىدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا: الله بىلەن قەسەمكى مۇئاۋىيە ئەمدى ئىبنى ئاستىن ياخشى ئادەمكەن، ئەي ئەمرى، ئەگەر بۇ قوشۇن ئۇ قوشۇننى، ئۇ قوشۇن بۇ قوشۇننى ئۆلتۈرسە، ئاۋامنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ماڭا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ قۇرەيش قەبىلىسى ئەبدى شەمس جەمەتىدىن ئابدۇراهمان ئىبنى سەمۇرە ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئامىر ئىبنى كۇرەيز ئىسىملىك ئىككى كىشىگە: بۇ ئادەمنىڭ (يەنى ئەلىنىڭ ئوغلى هەسەننىڭ) يېنىغا بېرىڭلار، ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلىپ (كېلىشىپ قېلىش ئۈچۈن قانداق تەلىپى بولسا قويۇشنى) تەلەپ قىلىڭلار، دەپ هەسەننىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئىككەيلەن هەسەننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، هەرقانداق تەلىپى بولسا ئوتتۇرىغا قويۇشنى سورىغان ئىدى. ئەلىنىڭ ئوغلى هەسەن: بىز ئابدۇل مۇتەللىپ ئەۋلادى. بۇنداق مالغا تېگىشلىك يولى (خەلىپىلىك) بىلەن ئېرىشىپ بولغان. بۇ ئۇممەت بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۇلارنىڭ ئادىتى بولغان. پەقەت پۇللا ئۇلارنى ئۇرۇشتىن

(1) بۇ كەهف سۈرىسى، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

توختىتىدىغان ئۈممەت، دېگەن ئىدى. ئۇلار مۇئاۋىيە ساڭا مۇنداق مۇنداق نەرسىلەرنى بېرىش بەدىلىگە سەندىن كېلىشىپ قېلىشنى سورايدۇ، دېگەندە، ھەسەن: بۇ ئىشتا كىم ماڭا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دېۋىدى، بىز ساڭا كاپالەتلىك بېرىمىز، دېدى. ھەسەن ئۇ ئىككىسىدىن نېمىلا سورىمىسۇن، ئۇلار ساڭا بىز كاپالەت بېرىمىز، دېيىشتى. ئاخىرى ھەسەن مۇئاۋىيە بىلەن كېلىشتى. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ، يېنىدا تۇرغان ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەنگە بىر قاراپ، كىشىلەرگە بىر قاراپ تۇرۇپ: «مېنىڭ بۇ بالام داھىيدۇر. اللّٰه بۇ بالام ئارقىلىق چوڭ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى تۈزۈشى مۇمكىن»[1]

شۇنىڭدەك يەنە ۋەكىل بولۇشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىگە بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزى قېلىش توغرا بولىدىغان ھەرقانداق ئىشتا باشقا بىرسىنى ۋەكىل قىلىشى توغرىدۇر.

## ۋەكىللىكنىڭ تۈرلىرى

ۋەكىللىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ ئومۇمىي ۋەكىللىك. مەسىلەن: سەمەد ماھمۇدقا: سەن ھەممە ئىشتا مېنىڭ ۋەكىلىمسەن، دېگەن ياكى مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى چىق بولسۇن ھەممە ئىشتا مېنىڭ ۋەكىلىمسەن، دېگەن بولسا ماھمۇد تالاق، قۇل ئازات قىلىش، مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش، سوۋغا ـ سالام قىلىش ۋە سەدىقە بېرىش ئىشلاردىن باشقا ھەممە ئىشلاردا سەمەدنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ماھمۇد تالاق، قۇل ئازات قىلىش، مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلىش، سوۋغا ـ سالام قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشتىن ئىبارەت پەقەت بەش خىل ئىشتىلا سەمەدنىڭ ۋەكىلى بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلاردا بىر نەرسىنى ياخشى يولدا سەرپ قىلىش مەناسى بار. (بۇ مەنا بار ئىشلارنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى قىلىشى لازىم). شۇنىڭ ئۈچۈن ماھمۇد سەمەدگە: مەن سېنىڭ ئايالىڭنى تالاق قىلىۋەتتىم ياكى سېنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئۆيىۋېلىشىغا تىلەپ قىلىپ يېتىپ كىرىپ سوۋغا قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، يەنى ئادەمنىڭ ئىچىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەققى يوق.

شۇنىڭدەك يەنە ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ (ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە قەرزى بار) بىر قەرزدارنىڭ قەرزىنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئاز بىر قىسمىنى كەچۈرۈۋېتىش ھەققى يوق. قەرزدارنىڭ قەرزىنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئاز بىر قىسمىنى كەچۈرۈۋېتىش بىر نەرسىنى ياخشى يولدا سەرپ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى قەرزنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ قىلىشى لازىم).

س: ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ (ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ پۇلىدىن) باشقىلارغا قەرز بېرىش ياكى بەدىلىنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىدىن باشقىلارغا بىر نەرسە سوۋغا قىلىش ھەققى بارمۇ؟

ج: كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقىمۇ ھەققى يوق. چۈنكى قەرز بېرىش بىلەن بەدىلىنى ئېلىش شەرتى بىلەن سوۋغا بېرىش باشلىنىشتا بىر نەرسىنى ياخشى يولدا سەرپ قىلغانلىق سۈپىتىدە باشلىنىدۇ. ئاياغلىشىشتا بىر نەرسە - ئالماشتۇرغانلىق سۈپىتىدە ئاياغلىشىدۇ[1]. (قەرز بېرىش ۋە بەدىلىنى ئېلىش شەرتى بىلەن سوۋغا - سالام بېرىش باشلىنىشتا بىر نەرسىنى ياخشى يولدا سەرپ قىلغانلىق سۈپىتىدە باشلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ قىلىش ھەققى يوق.)

2 ـ خۇسۇسىي ۋەكىللىك. خۇسۇسىي ۋەكىللىكتىن بىر ئادەمنى مەلۇم بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى مەلۇم بىر نەرسە سېتىشقا، ياكى قەرزنى ئېلىپ كېلىشكە تەيىن قىلغانغا ئوخشاش مەلۇم، مۇئەييەن بىر ئىشقا ۋەكىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنى بىر نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىپ بۇيرۇغان كىشى: تاكى ئۇ نەرسە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۈچۈن ئېنىق بولۇشى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ (خاتالىشىپ كەتمەي) ئۇنى سېتىۋېلىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىسىنى، تۈرىنى، سۈپىتىنى ۋە پۇلىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق سۆزلىشى لازىمدۇر.

(1) يەنى قەرزگە پۇل بېرىپ كېيىن قەرزگە ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن پۇل ئېلىش، سوۋغا ـ سالام بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە ئېلىش ئۆز ـ ئارا بىر نەرسە ئالماشتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ت.

# ۋەكىللىكنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ۋەكىللىكنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلار شەرتتۇر:

1 ـ بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلىدىغان كىشى (ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەم قىلىدىغان) ئىشلارغا ئىگە ۋە شۇ ئىشلارغا قىلغان تەسەررۇپى كۈچكە ئىگە بولغان كىشىلەردىن بولۇشى لازىم. چۈنكى ۋەكىل ئىشلارنى ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ۋەكىل قىلىدىغان ئىشلارغا ئىگە بولغان بولۇشى لازىم.

2 ـ ۋەكىل سودا ـ سېتىقنىڭ ۋە بىر نەرسە ئۈستىدە كېلىشىم قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنىدىغان ۋە ئۇنى بىلەلەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى ياكى ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس ساراڭ ئادەمنى ۋەكىل قىلىش توغرا ئەمەس.

3 ـ ۋەكىل قىلىنغان ئادەم مۇئەييەن بىر ئادەم بولۇشى لازىم. (يەنى ئۇنىڭ سەمەد ياكى ئەھمەد ئىكەنلىكى بىلىنىشى لازىم). ۋەكىلنى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمىگەن بىر شەكىلدە تەيىن قىلىش توغرا ئەمەس.

ۋەكىل ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سۈپىتىدە قىلغان ئىشلىرى توختۇتۇپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋەكىل ئىسلامغا تەكرار قايتسا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سۈپىتىدە قىلغان ئىشلىرى كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (اللہ تائالا ساقلىسۇن!) ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن ياكى كاپىر دۆلىتىگە قېتىلىپ كەتكەن، ياكى ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ، مۇسۇلمانلارغا باش بېجى (يەنى جىزيە) تۆلەپ ياشايدىغان خىرىستىيان ياكى يەھۇدىينى ھاراق ياكى توڭگۇز سېتىشقا ياكى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزى ئوۋ ئوۋلانمايدىغان ئېھرامنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئېھرامنىڭ تېشىدىكى بىر ئادەمنى ئوۋ ئوۋلاشقا ۋەكىل قىلىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى ئېھرامنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنى

ئوۋ ئوۋلاشتىن توسۇپ كەلگەن چەكلىمە بولسا، پەقەت ئېھرامدىن چىقىپ بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدىغان ۋاقىتلىق بىر چەكلىمىدۇر.[1]

## بىر نەرسە ئۈستىدە داۋا قىلىشىش ئۈچۈن ۋەكىل تەيىن قىلىشنىڭ بايانى

بەندىلەرنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار ئىشلاردا داۋا قىلىشىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىش توغرىدۇر. لېكىن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا قارشى تەرەپ مەيلى داۋاگەر بولسۇن مەيلى ئۈستىدىن داۋا قىلىنغان ئادەم بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ بۇ ۋەكىللىككە رازى بولۇشى شەرتتۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا قارشى تەرەپنىڭ بۇ ۋەكىللىككە رازى بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملارنىڭمۇ كۆز قارىشىدا قارشى تەرەپنىڭ بۇ ۋەكىللىككە رازى بولۇشى شەرت ئەمەس.[2]

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەمنى داۋا قىلىشىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىش، ئەگەر ئۇ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىشى كېسەل بولۇپ مەھكىمىگە كېلەلمەيدىغان ياكى كەلسە كېسلى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان ياكى سەپەرگە چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇيەردە بولمىغان ياكى سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياكى ئۇ داۋانى ياخشى قىلالمايدىغان ئادەم بولغان ياكى ئۇ ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ داۋاغا ئەۋەتىدىغان تەرەپ ئەرلەر بار يەرگە بارمايدىغان ئايال كىشى بولغان، ياكى قازى داۋانى مەسچىتتە سورىغان بولۇپ ئايال ھەيزدار ياكى نىفاسدار بولغانلىقى ئۈچۈن مەسچىتكە كىرەلمەيدىغان ھالەتلەردە بولسا توغرىدۇر» دەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىرىنى ۋەكىل قىلىشمۇ توغرىدۇر. بۇ چاغدا ۋەكىل ئۇ ئادەمنىڭ

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 4 - توم، 400 - بەت.

(2) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 4 - توم، 401 - بەت.

نامىدىن كىشىلەرگە ئۆلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشى ئۈچۈن بىرىنى ۋەكىل قىلىشىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى بىرىنى ۋەكىل قىلغان ئادەم ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئۇ ھەقلەرنى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ ھەقلەرنى ئېلىشقىمۇ باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىش سالاھىيىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەقلەر (زىناخورنى قامچىلاش ياكى چالما ـ كېسەك قىلىش ۋە تۆھمەتخورنى 80 قامچا ئۇرغانغا ئوخشاش) جازا ياكى قىساس بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى جازا ياكى قىساس ئىجرا قىلىنىدىغان يەردە يوق بولسا، ئۇ ھەقلەرنى داۋا قىلىپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى جازاغا ۋە قىساسقا ئوخشاش ھەقلەرنىڭ (توغرا بىلەن خاتانىڭ ئارىسىدا) شۈبھىلىك بولۇشى سەۋەبى بىلەن يۈرگۈزۈلمەسلىك ئېھتىمالى بار. مەسىلەن: تۆھمەتخورنى قامچىلاش جازاسىدىن كەچۈرۋاتقانغا ۋە قاتىلنى كەچۈرۋېتىپ ئۇنىڭدىن ئالىدىغان قىساسنىڭ ئورنىغا دىيەت ئالىدىغان بولغانغا ئوخشاش بىرىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئۇ ھەقلەرنى كەچۈرۋېتىش ئېھتىمالى بار. (شۇڭا ۋەكىل بۇ ھەقلەرنى ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى جازا ياكى قىساس ئىجرا قىلىنىدىغان يەردە يوق بولسا، ئۇ ھەقلەرنى داۋا قىلىپ ئېلىشى توغرا ئەمەس). قىساس ھەققىدە كەلگەن ئايەت قاتىلنى كەچۈرۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ ئايەت بولسىمۇ اللہ تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىني) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن ) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» [1]

(1) سۈرە بەقەر 178 ـ ئايەت.

# بىر ئادەمنى بىر نەرسە سېتىشقا ۋە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشنىڭ بايانى

بىر كىشى بىر ئادەمگە: سەن ماڭا ئۆيگۈن، دەپ قارىغان نەرسىنى مەن ئۈچۈن سېتىپ ئالغىن، دېگەنگە ئوخشاش ئۇ ئادەمنى بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى سېتىشقا ئومۇمىي ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەش توغرىدۇر. بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ئېلىش ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان مەزكۇر ئادەمگە تاپشۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم قانداق نەرسە ئالسا، ئۇ نەرسىنى ئۇنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن كىشىنىڭ نامىدىن ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ۋەكىل قىلىش ئىشى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئومۇمىي بولماي) خۇسۇسىي بولسا، بۇ ۋەكىللىكنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ۋەكىل، قىلىنماقچى بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق بىلىشى ياكى ئۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق بىلەلمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي قىلىپ ئۇ ئىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرتتۇر. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمنى ئات ياكى قېچىر، ياكى سېرىق بويىلغان كىيىم سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، بۇ ۋەكىللىك ئەگەر ۋەكىل سېتىپ ئېلىنىدىغان ئاتنىڭ قانداق ئات ياكى قېچىرنىڭ قانداق قېچىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەن تەقدىردىمۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئومۇمەن قىلىپمۇ بىلەلمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ۋەكىللىك توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى بىر ئادەمنى ماۋۇ 1000 سومغا بىر ئۇلاغ سېتىپ ئالغىن، دېگەن ۋە (ۋەكىل سېتىپ ئالىدىغان ئۇلاغنىڭ ئات ياكى قېچىر، ياكى ئېشەك ئىكەنلىكىنى) بىلمىگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ ۋەكىللىك توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى تاماق سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىپ ئۇ تاماقتىن قانچىلىك ۋە نەچچە پۇللۇق ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بەرگەن بولسا، بۇ ۋەكىللىك توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ ۋەكىللىك ئادەتتە كىشىلەر يەيدىغان تاماققا قارىتىلىدۇ.

(مەسىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىدە بىر مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئوخشاش) سودا ـ سېتىققا ئالاقىدار پۈتۈن ئىشلار ۋەكىلگە قاراشلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىل سېتىپ كەلگەن نەرسىلەردە بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا بار مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى

قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. (ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمنىڭ رۇخستى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ). ئەگەر ۋەكىل ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ مىراسخورىغا ياكى ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمگە قالىدۇ.

ئەگەر ۋەكىل سېتىپ ئالغان نەرسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىگە رازى بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئېلىش لازىم بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى خالىسا ئۇ نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خالىسا ۋەكىلنى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ كىشى ۋەكىلنى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلاشتىن بۇرۇن يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ نامىدىن يوق بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنىپ (بىر نەرسە ساتقان) ۋە ئۇ ۋەكىلدىن نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىدە بىرەر مەسىلە بايقىغان بولسا، ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ۋەكىلگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەگەر ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۈچۈن ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆز يېنىدىن بەرگەن بولسا، ۋەكىلنىڭ ھەتتا ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىپ قويۇپتۇ، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇنىڭ پۇلىنى بەرمەي قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تاكى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بەرگەنگە قەدەر ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەي قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بار. ئەگەر بىر ئادەمنى بىر نەرسە ئالغىن، دەپ ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن كىشى ۋەكىلگە: سەن ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۆز يېنىڭدىن بېرىپ قويغىن، دەپ ئېنىق دېمىسىمۇ ئۇ كىشى ۋەكىلنى ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ۋەكىل ئۇنىڭ نامىدىن ئالغان نەرسىگە ئۆز يېنىدىن بېرىپ قويغان پۇلنى ئۇنىڭدىن ئالىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنى بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىش ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىپ قويغىن، دېگەنلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[1]

ئەگەر ۋەكىل ئالىدىغان نەرسىنى ئۇنىڭ پۇلىنى نەق بېرىدىغانغا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 403 - بەت.

گەپلىشىپ ئالغان، كېيىن ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى مەلۇم بىر مۇددەتتىن كېيىن بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەلەپ قىلىش ھەققى بار. ئەمما ۋەكىل ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ پۇلىنى مەلۇم بىر مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى شۇ مۇددەت كەلگەن ۋاقىتدا بېرىدۇ. ۋەكىلنىڭ ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەلەپ قىلىش ھەققى يوق.

ئەگەر ۋەكىلگە نەرسە ـ كېرەك ساتقان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ۋەكىلگە سوۋغا قىلىۋاتقان بولسا، ۋەكىل يەنە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس بىر قىسمىنى ۋەكىلگە سوۋغا قىلىۋېتىپ قالغان قىسمىنى ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىل ئۇ كىشىدىن پۇلنىڭ (نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋاتقان قىسمىنى ئالالمايدۇ). ئۇنىڭدىن پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا ھېسابلاپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن قىسمىنىلا ئالىدۇ[1]. (چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋەكىلگە سوۋغا قىلغان پۇل سوۋغا قىلىنغان پۇل ئەمەس سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىدىن چۈشۈپ بېرىلگەن پۇل ھېسابلىنىدۇ، بۇ پۇل ۋەكىلنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن كىشىگە ھېساب بولىدۇ).

ئەگەر نەرسىنىڭ پۇلى **1000** سوم بولغان، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋەكىلگە دەسلەپ **500** سومنى كېيىن **500** سومنى سوۋغا قىلىۋاتقان بولسا، ۋەكىل ئۇ كىشىدىن پەقەت نەرسىنىڭ ئىگىسى كېيىن سوۋغا قىلغان **500** سومنىلا ئالالايدۇ. چۈنكى نەرسىنىڭ ئىگىسى دەسلەپ سوۋغا قىلغان **500** سوم، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىدىن چۈشۈپ بېرىلگەن پۇل ھېسابلىنىدۇ، (بۇ پۇل ئۇ كىشىگە ھېسابتۇر)، نەرسىنىڭ ئىگىسى كېيىن سوۋغا قىلغان **500** سوم، ۋەكىلگە سوۋغا قىلىنغان پۇل ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا ۋەكىلنىڭ بۇ پۇلنى ئۇ كىشىدىن ئېلىش ھەققى بار).

---

(1) مەسىلەن: بىر ۋەكىل بىر ئادەمدىن **1000** سومغا بىر نەرسە ئالغان، نەرسە كېرەكنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا ئۇ پۇلدىن **500** سومنى سوۋغا قىلغان ۋە **500** سومنى ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىغا ھېسابلاپ ئالغان بولسا، ۋەكىل ئۇنى ۋەكىلگە تەيىن قىلغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۆزىگە سوۋغا قىلغان **500** سومنى ئالالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۇ نەرسىگە ھېسابلاپ بەرگەن **500** سومنىلا ئالالايدۇ. ت.

ئەگەر سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ۋەكىلنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوقۇپ كەتسە، ئۇ نەرسە ئۇنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن كىشىگە ھېسابتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى ۋەكىلنىڭ قولى خۇددى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ قولىغا ئوخشاش. ئەگەر ۋەكىل بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇ كىشىدىن ئېلىش ئۈچۈن قولىدا ساقلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۇ نەرسە يوقۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىش لازىمدۇر.[1]

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى مەسىلەن بىر سومغا 10 كىلو گۆش ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان، ئاندىن ئۇ ۋەكىل بېرىپ ئۇ بىر سومغا 10 كىلوسى بىر سوملۇق گۆشتىن 20 كىلو ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى 10 كىلو گۆشنى يېرىم سومغا ئالىدۇ. چۈنكى ۋەكىل مەلۇم بىر مىقداردا گۆش ئېلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. لېكىن ۋەكىل گۆشنى ئۇ مىقداردىن ئارتۇق ئالدى. شۇڭا گۆشنىڭ ئارتۇقى ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۈسۈف، ئىمام مۇھەممەد، ئىمام مالىك، ئىمام شافئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇ بىر سومغا 20 كىلو گۆشنىڭ ھەممىسىنى ئېلىش ھەققى بار. چۈنكى ۋەكىل ئۇ كىشى بۇيرۇغان ئىشنىڭ ئۆزىنى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ياخشى ئىشتىن بىرىنى قىلدى» دېدى. ئەمما ۋەكىل ئۇ بىر سومغا (10 كىلوسى بىر سوملۇق گۆشتىن ئەمەس) ئۇنىڭدىن ئەرزان گۆشتىن 20 كىلو ئالغان بولسا، بۇ ھالدا بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئۇ گۆش ۋەكىلگە ھېساب بولىدۇ. بۇ ھالدا ۋەكىلنىڭ ھۆكمى مەلۇم بىر نەرسە ئېلىشقا بۇيرۇلغان، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئالماي باشقا بىر نەرسە ئالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە ھېسابلىيالمىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ۋەكىل ئالغان نەرسىنىڭ پۇلى ئۈچۈن پول بەرمەي نەرسە ـ كېرەك بەرگەن، ياكى ئۇ نەرسىنى 10 سومغا ئېلىڭ دېسە، 20 سومغا ئالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسە ۋەكىلگە ھېساب بولىدۇ. چۈنكى ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار».

ئۇچۇن ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا بولغان ۋەكىللىكىدىن ئېلىۋېتىلگان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى بىر نەرسە ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىكىتمىگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ۋەكىل ئالغان نەرسە ۋەكىلنىڭ ئۆزىگە ھېساب بولىدۇ. لېكىن ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئالغان ۋاقتىدا، ئۇ نەرسىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە ئالىدىغانلىقىنى نىيەت قىلغان ياكى ئۇ كىشىنىڭ پۇلىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇ كىشىگە ھېساب بولىدۇ.

ئەگەر ۋەكىل بىلەن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ كىم ئۇچۇن نىيەت قىلىپ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىگە كىمنىڭ پۇلى بېرىلگەن بولسا ئۇ نەرسە شۇنىڭغا ھېساب بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى مۇئەييەن بىر نەرسە ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان ۋە ۋەكىل ئۇ نەرسىنى پۇلىنى نەق بېرىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ كىمگە ئاتاپ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ۋەكىلنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى پۇلىنى نەق بەرمەي ئالغان، لېكىن ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتمەي ساق ـ سالامەت بار بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ كىمگە ئاتاپ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ۋەكىلنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ۋەكىلگە ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان سودىنى يېڭىدىن قايتا قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ نەرسە يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ كىمگە ئاتاپ ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بىر نەرسە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى بەك ئالدىنىپ كەتكەن ھالەتتە ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بەك ئالدىنىپ كەتكەن ھالەتتە زىيىنىغا سېتىپ قالسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پۇلغا قەرز ئىگىسىگە ئاتاپ مۇئەييەن بىر نەرسە ئېلىشقا بۇيرۇغان، ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ياكى كىمدىن ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسا،

قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىگە ئاتاپ بىر نەرسە ئېلىشى توغرا بولىدۇ. (قەرز ئىگىسى قەرزدارغا ئالىدىغان نەرسىنى كىمدىن ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا) قەرز ئىگىسى (ئۇ نەرسىنى ساتىدىغان) ئادەمنى قەرزدار ئالىدىغان نەرسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ۋەكىل تەيىن قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرزدار ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىپ ئۇ ئادەمدىن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتىن خالاس بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پۇلغا قەرز ئىگىسىگە ئاتاپ بىر نەرسە ئېلىشقا بۇيرۇغان، لېكىن ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلىپ بەرمىگەن بولسا، بۇ بۇيرۇق توغرا بولمىغان بۇيرۇق بولىدۇ. يەنى ئۇ بۇيرۇق كۈچكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئېنىق بولمىغان بىر نەرسىنى ئېلىشقا بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ بۇيرۇغان بۇيرۇق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان قەرزگە ئالغان پۇللارنى سەدىقە قىلىۋېتىشكە بۇيرۇغان بولسا، قەرزدارنىڭ ئۇ پۇللارنى الله تائالانىڭ يولىغا ئاتىۋېتىشى بىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر ئادەمنى 1000 سومغا بىر ئات ئېلىشقا بۇيرۇغان، ئۇ ئادەم بۇيرۇققا ئاساسەن بىر ئات ئالغان، ئاتنىڭ (بازاردىكى) باھاسى 1000 سوم بولغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئادەمنى ئات ئېلىشقا بۇيرۇق قىلغان كىشى ئۇنىڭغا: سەن بۇ ئاتنى 500 سومغا ئالدىڭ، دېگەن ۋە ئاتنى ئالغۇچى: مەن ئۇنى 1000 سومغا ئالدىم دېگەن بولسا، ئاتنى ئالغۇچى ئادەمنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئىشەنچىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئاتنىڭ ئەگەر (بازاردىكى) باھاسى 500 سوم بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەمگە قەسەم ئىچىش لازىم ئەمەس.

بىر ئادەم بىر مال ـ مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۇنىڭدا ئېلىشلىرى بار كىشىگە بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ياكى ئۇ مال ـ مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋاتقانلىقىنى، ياكى ئۇ مال ـ مۈلۈك ئىگىسىدە ھەقلىرى بار كىشىلەرگە بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنى داۋا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇ داۋاسىغا ئىشىنىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ مال ـ مۈلۈك ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مەزكۇر يەرلەرگە ئىشلەتكەن

بولسا، ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمنى مۇئەييەن بىر نەرسىنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان، لېكىن ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىغان، ۋەكىل مەسىلەن: مەن ئۇ نەرسىنى **40** سومغا ئالدىم دېسە، ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇنىڭغا: سەن ئۇ نەرسىنى **20** سومغا ئالدىڭ دېسە، بۇ ھالدا ھەر ئىككى تەرەپ قەسەم ئىچىشىدۇ. چۈنكى پۇلدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قەسەم ئىچىشنى لازىم قىلىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۇ نەرسىنى ئالىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، مەسىلەن: ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى: مەن سېنى ئۇ نەرسىنى **100** سومغا ئالغىن، دېگەن ئىدىم دېگەن، ۋەكىل: سەن مېنى ئۇ نەرسىنى **1000** سومغا ئېلىشقا بۇيرۇغان، ئىدىڭ دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ قەسەم بىلەن قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ھۆججەت كۆرسەتسە، بۇ ھالدا ۋەكىلنىڭ ھۆججىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھۆججىتى قارشى تەرەپنىڭ ھۆججىتىگە قارىغاندا كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ.[1]

## بىر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ قىلىشقا كۆچى يېتىدىغان تەسەررۇپلارنىڭ بايانى

بىر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسى، ئايالىنىڭ ئېرى ۋە بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەم شېرىكى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقىغا ئوخشاش نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆزى بىلەن ئارىسىدا گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدىغان ئادەملەرگە سېتىشى توغرا ئەمەس. (يەنى ئەگەر بىر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى بالىۋاقىلىرىغا ياكى ئايالىغا، ياكى ھەم شېرىكىگە سېتىشى توغرا ئەمەس). چۈنكى ئۇ ئادەم بىلەن مەزكۇر كىشىلەر ئارىسىدا گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، **4** ـ توم، **406** ـ بەت.

قىلغان كىشى ئۈنىڭغا: سەن بۇ نەرسىلەرنى خالىغان ئادەمگە ساتقىن دېگەن بولسا، بۇ چاغدا ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى مەزكۇر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە سېتىشىمۇ توغرىدۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىلەرنى بازاردىكى باھاسى بويىچە ساتسا، ئۇنى مەيلى مەزكۇر كىشىلەر بولسۇن مەيلى باشقىلار بولسۇن خالىغان كىشىلەرگە ساتسا بولىدۇ» دېدى. ئەمما ۋەكىلنىڭ بىر نەرسىنى مەزكۇر كىشىلەردىن بازاردىكى باھاسىدىن قىممەت ئېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر.

بىر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە، ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا، ياكى قولىغا سېتىشى توغرا ئەمەس. خۇسۇسەن ئەگەر ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا، ياكى قۇلىغا ساتماسلىقنى ئوچۇق دېگەن ۋاقىتدا، ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا، ياكى قۇلىغا سېتىشى قەتئى توغرا ئەمەس. بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. چۈنكى بىر ئادەم ھەم ئالغۇچى ھەم ساتقۇچى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى (ئەگەر ئۇنى ئۆزى ئالماقچى بولسا) باشقا بىرسىگە سېتىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېلىشى لازىم بولىدۇ.

بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم تاماملىنىپ بولغان سودا ـ سېتىقنى بۇزۇش هوقۇقىغىمۇ ئىگىدۇر. بۇ ئەگەر پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تاماملىنىپ بولغان سودا ـ سېتىقنى بۇزۇش هوقۇقى يوقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكنى، ئۇنىڭ باھاسىدىن چۈشۈرۈپ سېتىش ھەققىمۇ يوق. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ۋەكىلنىڭ نەرسە ـ كېرەكنى (بازاردىكى باھاسىدىن) بىر ئاز ئەرزان ياكى بىر ئاز قىممەت ياكى (نەق پۇلغا ساتماي مەسىلەن بۇغداينى پاختىغا ساتقانغا ئوخشاش) نەرسە ـ كېرەككە سېتىشى توغرىدۇر» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ۋەكىلنىڭ نەرسە ـ كېرەكنى بازاردىكى باھاسىدىن بىر ئاز

ئەرزان ياكى بىر ئاز قىممەت ساتماستىن) پەقەت بازاردىكى باھاسى بويىچە ۋە (نەرسە ـ كېرەككە ئەمەس) پۇلغا سېتىش ھەققى بار» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىنى تىجارەت ئۈچۈن سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى (نەق پۇلغا ئەمەس) نېسىغىمۇ سېتىشى توغرىدۇر. ئەمما ۋەكىل ئەگەر ئۇ نەرسىنى (تىجارەت ئۈچۈن ئەمەس) پۇلغا بولغان ئېھتىياجى ئۈچۈن سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى نېسىغا سېتىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئايال ئېگىرىلگەن يىپنى سېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يىپنى نەق پۇلغا سېتىشى لازىم. (چۈنكى بىر ئايال ئېگىرىلگەن يىپنى سېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمگە بېرىشى ئۇنىڭ ئۇ يىپنى تىجارەت ئۈچۈن ئەمەس پۇلغا بولغان ئېھتىياجى ئۈچۈن سېتىشقا ۋەكىل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ). شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنى بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى تىجارەت ئۈچۈن ئەمەس پۇلغا بولغان ئېھتىياجى ئۈچۈن سېتىشقا ۋەكىل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەت كۆرۈلسە، بۇ ۋاقىتتىمۇ ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى نەق پۇلغا سېتىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى بىر كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا سېتىشنى شەرت قىلغان بولسا، ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى مەزكۇر كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا سېتىشى لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنى (نەرسىلەرنى نېسى ساتقان ۋاقىتتا) ساتقان نەرسىلەر ئۈچۈن بىر نەرسە گۆرۈ ئېلىشقا ياكى بىر ئادەمنى كېپىل قىلىشقا بۇيرۇغان، ئاندىن ۋەكىل ئۇ نەرسىنى بىر نەرسە گۆرۈ ئالماستىن ياكى بىر ئادەمنى كېپىل قىلماستىن ساتقان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ سودا ـ سېتىقى توغرا بولمايدۇ. ۋەكىلنىڭ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى قانداق شەرت قويغان بولسا، شۇ شەرت بويىچە سېتىشى لازىم. ۋەكىلنىڭ ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى قويغان شەرتكە خىلاپلىق قىلىشى توغرا ئەمەس. لېكىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك بىر سومغا 10 كىلو گۆش ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ بىر سومغا 20 كىلو گۆش ئېلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 4ـ توم، 407 ـ بەت.

ئەگەر ۋەكىلنىڭ ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ قويغان شەرتىگە خىلاپلىق قىلىشى ئۇ كىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىل ئۇ كىشىنىڭ شەرتىگە خىلاپلىق قىلىسمۇ بولىدۇ.

بىر نەرسە ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بازاردىكى باھاسى بويىچە ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئېلىشتا ئازراق ئالدىنىپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ يەنە بۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولىدۇ. ئەمما ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئېلىشتا بەك ئالدىنىپ كېتىپ قالغان بولسا، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتدا ۋەكىلگە، ۋەكىل ئۇ نەرسىنى دەسلەپ ئۆزىگە ئاپتۇ، ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا يارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمگە: مەن بۇنى ساڭا ئالدىمت، دەپ بېرىپتۇ، دېگەندەك تۆھمەت چاپلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئازراق ئالدىنىپ كېتىشتىن ئىككى ئادەمنىڭ باھا قويۇشىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان باھا مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى 10 سوم دەپ باھالىغان، يەنە بىرسى ئۇنى 8 سوم دەپ باھالىغان، باشقا بىرسى ئۇنى 7 سوم دەپ باھالىغان بولسا، 10 سوم بىلەن 7 سوم باھانىڭ ئارىلىقىدىكى باھا ئىككى ئادەمنىڭ باھا قويۇشىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھېسابلىنىدۇ. (ئازراق ئالدىنىپ كېتىشتىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى ئادەمنىڭ باھا قويۇشىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغان باھا مەقسەت قىلىنىدۇ). بۇ ئەگەر ئۇ نەرسە باھاسىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان نەرسە بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسە نانغا، گۆشكە، شىكەرگە ۋە تۇزغا ئوخشاش دۇكانلاردا باھاسى چاپلاپ قويۇلغان ۋە ئۇنىڭ باھاسىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئازراق ئالدىنىپ كېتىپ بولسىمۇ ئۇنى باھاسىدىن قىممەت ئېلىپ قالسا، باھاسىدىن ئۇستىدىكى پۇل قانچىلىك بولسا بولسۇن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە ھېساب بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى ساتقان بولسا، بۇ سېتىش ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆز قارىشىدا توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇنى (ئۇ نەرسىنى ئۇنداق ياكى مۇنداق سېتىڭ دېمەستىن) ئۇ نەرسىنى سېتىشقىلا ۋەكىل قىلدى. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ

كۆز قارىشىدا ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى شۇنداق سېتىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئەگەر ئۇ نەرسە (ئۆيگە ئوخشاش) يېرىمى باشقا ئادەمگە، قالغان يېرىمى باشقا بىر ئادەمگە سېتىلسا ئەيىب بولىدىغان نەرسە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ نەرسە (يەرگە ئوخشاش) يېرىمى باشقا ئادەمگە، قالغان يېرىمى باشقا بىر ئادەمگە سېتىلسىمۇ ئەيىب بولمايدىغان نەرسە بولسا، ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى سېتىشى ئۇ ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشى بويىچە توغرىدۇر.

بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ سودىسىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ قالغان يېرىمىنى سېتىپ ئېلىشىغا باغلىقتۇر. يېرىمى سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ۋەكىلگە ھېساب بولمايدۇ. چۈنكى ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ سۆزىگە ھەممە تەرەپتىن خىلاپلىق قىلمىدى. ئۇ نەرسە ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگىمۇ ھېساب بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە ھەممە تەرەپتىن ئۇ كىشىنىڭ دېگەن شەكلى بويىچە سېتىپ ئېلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى تاكى ئۇ نەرسىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئېلىشقا باغلىقتۇر.[1]

ئەگەر بىر نەرسە، ئۇنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم تەرىپىدىن سېتىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر مەسىلە تۈپەيلىدىن ئۇ ۋەكىلگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسا، بۇ ھەقىقەتتە ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ئىككى ئادەمنى بىر ئىش ئۈستىدە داۋا قىلىشىشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، ئۇ ئىككى ۋەكىلنىڭ بىرىنىڭ ئۇ ئىش ئۈستىدە قىلغان داۋاسى كۈچكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىككى ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ داۋاسىغا رازى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ ئۇ ئىش ئۈستىدە داۋا قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

بىر ئىشنى قىلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلىشتىن باش تارتسا، ۋەكىلنى (تۆۋەندىكى بەزى مەسىلىلەردىن باشقا مەسىلىلەردە) ئۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى ۋەكىل (بىر ئىشنى ساۋابلىق

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 408 ـ بەت.

ئۇچۇن قىلىدىغان ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ بىر ئىشقا مەجبۇرلىنىشى توغرا ئەمەس). ۋەكىل مەجبۇرلىنىدىغان مەسىلىلەر بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

● ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى مۇئەييەن بىر نەرسىنى مەلۇم بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەكىل قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىن.

● ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئۇنى گۆرۈگە تاشلاپ قويۇپ ئالغان قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى سېتىشى لازىم.

● ئەگەر بىر ئادەمنى ئۇستىدىن داۋا ئېچىلغان بىر كىشى ئۆزى ئۈچۈن داۋا قىلىشىشقا ۋەكىل قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ نامىدىن داۋا قىلىشىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

س: بىر ۋەكىلنىڭ قولىدا ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ پۇلى بار تۇرۇپ، ئۇ ۋەكىل ئۇ كىشىنىڭ ئۇستىدىكى قەرزلەرنى ئادا قىلىشقا ئۇنۇمىغان بولسا، ئۇ ۋەكىل ئۇ كىشىنىڭ ئۇستىدىكى ئۇ قەرزلەر ئۈچۈن (تۇرمىگە) سولاپ قويۇلامدۇ؟

ج: ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى قەرزنى بېرىۋېتىشكە ياكى كېپىل بولۇشقا بۇيرۇغانلىقى ئىسپاتلانسا، بۇ ھالدا ۋەكىل ئۇ كىشىنىڭ ئۇستىدىكى قەرزنى بېرىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر بەرمىسە (تۇرمىگە) سولاپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ۋەكىل قەرزنى بەرسە، (تۇرمىگە) سولاپ قويۇلمايدۇ.

ۋەكىل ئۆزى ۋەكىل قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئىچىدىن مال ـ مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى بېرىۋېتىشتىن باشقا ئىشتا باشقا بىر ئادەمنى ئۆزىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ۋەكىللىككە تەيىن قىلالمايدۇ. ئەمما مال ـ مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى بېرىۋېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇنى بېرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرسىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ۋە ئىككىنچى ۋەكىل مال ـ مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى

**بېرىۋاتقان بولسا، بۇ توغرا بولىدۇ.**

**بۇنىڭ ئىچىگە ۋەكىلنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار ھەقلەر كىرمەيدۇ. يەنى ۋەكىلنىڭ (سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش) ئۆزىگە ئالاقىدار ئىشلاردا ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىر ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلالايدۇ. چۈنكى ۋەكىل ئۆزىگە ئالاقىدار ئىشلاردا (ۋەكىل ئەمەس ئۇ ئىشلارنىڭ) ئەسلى ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇنى ئۇ ئىشلاردا باشقا بىرسىنى ۋەكىل قىلىشتىن توسۇش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ۋەكىلنىڭ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە ئادەمنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ۋەكىل قىلىش ھەققى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ۋەكىل قەرزىنى ئېلىش ئۈچۈن (بالىغۋاقىلىرىغا ئوخشاش) ئۆزىگە تەۋە بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلغان ۋە قەرزدار قەرزنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەمگە بەرگەن بولسا، قەرزدار قەرزدىن خالاس بولغان بولىدۇ. چۈنكى ۋەكىلگە تەۋە ئادەمنىڭ قولىنىڭ ھۆكمى خۇددى ۋەكىلنىڭ قولىنىڭ ھۆكمىدىدۇر.**

**بىر ئىشنى مەسىلەن: ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇنىڭغا: بۇ ئىشنى سەن ئۆزەڭنىڭ قارىشى بويىچە قىلغىن، دېگەنگە ئوخشاش ۋەكىلنىڭ قارىشىغا تاپشۇرۇش، ۋەكىلگە ئۇ ئىشتا باشقا بىرسىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشقا، ياكى ئۇنىڭ قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم (ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە يۇقىرىقىدەك دېگەن تەقدىردىمۇ) ئۇ ئادەم ئۇ ئىشلار ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىرىنى ۋەكىل تەيىن قىلالمايدۇ. چۈنكى تالاق بىلەن قۇل ئازات قىلىۋېتىش ئىشى ئۈستىدە قەسەم قىلىنىدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇڭا بۇ ئىشلارنى ئۇ كىشى تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلىنغان ئادەمدىن باشقا بىرىنىڭ قىلىشى توغرا ئەمەس.[1]**

**بىر ۋەكىل باشقا بىرسىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان بولسا، ئىككىنچى ۋەكىل بىرىنچى ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ۋەكىل بىرىنچى ۋەكىلنىڭ ئۇنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشى بىلەن ياكى ئۆلۈپ قېلىشى بىلەن ۋەكىللىكتىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.**

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 77 ـ بەت.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ۋەكىل بىرىنچى ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ۋەكىللىكتىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

## داۋا قىلىشىشقا ۋە قەرز پۇلنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشنىڭ بايانى

داۋا قىلىشىشقا ۋە قەرز پۇلنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ قەرزنى قەرزداردىن ئېلىش هەققى يوق. چۈنكى هازىر جاهان بۇزۇلۇپ كەتكەت بىر جاهان بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر شەهەردە تىجارەتچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتتە قەرز سۈيلەشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم قەرزنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالىدىغان بولسا، بىر ئادەمنى قەرز سۈيلەشكە ۋەكىل قىلىش ئۇنى قەرزنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىللىك قىلغان هېسابلىنىدۇ. ئەگەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، بىر ئادەمنى قەرز سۈيلەشكە ۋەكىل قىلىش ئۇنى قەرزنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىللىك قىلغانلىق بولۇپ هېسابلانمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە داۋا قىلىشىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ سۈلهى (يەنى كېلىشىش) ئېلىپ بېرىشقا هوقۇقى يوق. چۈنكى بىر ئىشقا ۋەكىللىك قىلىنغان ئادەمنىڭ باشقا بىر ئىشنى قىلىش هەققى يوق. داۋا قىلىشىش بىر ئىش هېسابلىنىدۇ. سۈلهى (يەنى كېلىشىش) باشقا بىر ئىش هېسابلىنىدۇ. داۋا قىلىشىش ئىشىگە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم كېلىشىش ئىشىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى كېلىشىش دېگەن داۋا قىلىشىش ئەمەس ئىككى تەرەپنىكى ئىختىلاپنى تۈگىتىپ ياراشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

قەرز ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئەلچى پەقەت قەرز ئېلىپ كېلىش هوقۇقىغىلا ئىگىدۇر. ئۇ قەرزدار بىلەن داۋا قىلىشىش هوقۇقىغا ئىگە ئەمەستۇر. بىر ئادەمنى بىر يەرگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتىش بىلەن ئۇنى ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتىش بۇ شەكىلدە بولىدۇ: ئەگەر بىر ئادەمنى بىر يەرگە ئەۋەتكەن كىشى ئۇنىڭغا: مەن سېنى بۇ ئىشقا ۋەكىل قىلدىم ياكى سەن مۇنداق قىلغىن، ياكى مەن ساڭا سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلىمەن، دېسە ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: مەن سېنى پۈكۈنى ئىشقا ئەۋەتتىم، ياكى سەن مېنىڭ ئەلچىم بولغىن، دېسە بۇ

ھالدا ئۇ ئادەم (ۋەكىل ئەمەس) ئەلچى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قەرزنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم قەرزداردىن قەرزگە ھېسابلاپ (پۇل ئېلىپ كەلمەي) نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كەلگەن ۋە قەرز ئىگىسى قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىپ كەلگەن ئۇ نەرسىلەرگە رازى بولماي ئۇلارنى قولىغا ئالمىغان بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى قەرزدارغا قايتۇرۇپ بېرىپ قەرزنى قايتا سۇيلەش ھەققى بار.

قەرز ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم قەرزدار بىلەن داۋا قىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قەرز ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ قەرزدار بىلەن داۋا قىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئەگەر قەرزار ئۇ ۋەكىلگە ئۆزىنىڭ قەرزنى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە ئادا قىلىپ بولغانلىقىغا، ياكى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەنلىكىگە ھۆججەت كۆرسەتسە، بۇ ھۆججەت ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە قوبۇل قىلىنىدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر نەرسە بۆلۈشۈشكە ياكى بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم ئۇ نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق سۈپىتى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا ياكى سوۋغا ـ سالامنى قايتۇرۇپ كېلىشكە، ياكى سېتىپ ئالغان نەرسىدە كۆرۈلگەن بىرەر مەسىلە سەۋەبىدىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم، مەزكۇر ئىشلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان داۋاغىمۇ ئىگە بولۇش ھەققى بار. بۇ ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر.[1]

ئەگەر بىر قەرز ئىگىسى بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ قەرزنى قەرزداردىن ئېلىشقا، قەرزنى ئالغاندا ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئېلىشقا بۇيرۇغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قەزرداردىن پەقەت بىر سوملا ئالغان بولسا، بۇ بىر سوم پۇل ئۇ ئادەمنى قەرزداردىن قەرز ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان قەرز ئىگىسىگە ھېساب بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم قەرز ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن پۈتۈن قەرزنى سۇيلەش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرز ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: سەن قەرزداردىن قەرزنى بىر سومدىن

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 412 ـ بەت.

بىر سومدىن پارچە - پارچە ئالمىغىن، دېگەن ئاندىن ئۇ ئادەم قەرزداردىن پەقەت بىر سوملا ئالغان بولسا، بۇ بىر سوم پۇلمۇ قەرز ئىگىسىگە ھېساب بولمايدۇ.

بىر قەرزداردىن قەرز ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇ قەرزدارغا كېپىل قىلىنسا، بۇ كېپىللىك توغرا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىكى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى كېپىللىكنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن كېپىللىك ۋەكىللىككە قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كېپىللىك ۋەكىللىكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئەمما ۋەكىللىك كېپىللىكنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. قەرز ئېلىپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ كېپىللىكى توغر بولسا، مەيلى كېپىللىك ۋەكىللىكتىن بۇرۇن بولسۇن مەيلى كېيىن بولسۇن ۋەكىللىك ئەمەلدىن قالىدۇ.

بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىدىن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېپىل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى (ئۇ كېپىللىك ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۈچۈن ئەمەس) ئۇ كېپىلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. چۈنكى بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىدىن ئېلىپ ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە بېرىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ساتقان پۇلنى ئۇ كىشىگە ئۇ پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېپىل بولۇش سۈپىتى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ۋەكىل ئۇ پۇلنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. (كېيىن ئۇ پۇلنى ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېپىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەس ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغانلىق سۈپىتى بىلەن قايتا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ). چۈنكى ئۇ پۇلنى ئۇ سۈپەت بىلەن تاپشۇرۇش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ۋەكىل ئۇ نەرسىنى ساتقان پۇلنى ئۇ كىشىگە (ئۇ پۇلنى ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېپىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمەس) ئۇ نەرسىنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغانلىق سۈپىتى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىل پۇلنى ئۇ كىشىدىن قايتۇرۇۋالالمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ۋەكىل ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپىسىنى ئەسلى قائىدە بويىچە ئادا قىلغاندۇر.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەردە يوق بىر كىشىنىڭ قەرز يېغىشقا تەيىن قىلغان ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان ۋە قەرزدار ئۇ

ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە ئىقرار قىلغان بولسا، قەرزدار ئۆزىنىڭ قىلغان ئىقرارىغا ئاساسەن ئۇ ۋەكىلگە قەرزنى بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى قەرزدار ئىقرارنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ئۈستىدە قىلغان بولىدۇ. قەرزلەر (قەرز ئۈچۈن ئالغان پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بەرمىسىمۇ) ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئادا بولىدۇ. (قەرزدار ئۇ ۋەكىلنىڭ قىلغان داۋاسىغا ئىقرار قىلغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ئىقرارنى ئەسلىدە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ئۈستىدە قىلغان ھېسابلانغانلىقى ۋە قەرز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالغان پۇلنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بېرىش بىلەنمۇ ئادا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن قەرزدارنى ئۇ ۋەكىلگە قەرز پۇلنى بېرىۋېتىشكە بۇيرۇلىدۇ). ئەمما بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ۋەكىل قىلىندىم، دەپ كەلگەن ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئىقرار قىلىشى قەرزنى يېغىشقا ۋەكىل قىلىندىم، دەپ كەلگەن ئادەمنىڭ سۆزىنى ئىقرار قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. (يەنى بىر نەرسىنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ۋەكىل قىلىندىم، دەپ كەلگەن ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئىقرار قىلىپ ئۇ نەرسىنى ئۇ ۋەكىلگە بەرمەيدۇ). چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ۋەكىلنىڭ سۆزىنى ئىقرار قىلىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. (چۈنكى ئۇ ئادەم ئىقرارنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ئۈستىدە ئەمەس باشقا ئادەمنىڭ  نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىدۇ). ئەگەر بىر قەرزدار قەرزنى قەرز ئىگىسىگە بېرىپ بولغانلىقىنى (پاكىت كۆرسەتمەستىن) داۋا قىلغان بولسا، ۋەكىل ئۇنىڭغا ئىشەنسە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىك ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەردە يوق قەرز ئىگىسى پەيدا بولۇپ كېلىپ (ئۆزىنى ئۇ كىشىنىڭ قەرز يېغىشقا تەيىن قىلغان ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان) ھېلىقى ۋەكىلنىڭ قىلغان بۇ داۋاسىنى ئىنكار قىلمىسا، بۇ بەكمۇ ياخشى ئىش بولىدۇ. (يەنى قەرزدار قەرزدىن خالاس بولىدۇ). ئەگەر قەرز ئىگىسى يوق بولۇپ كەتكەن يەردىن كېلىپ ھېلىقى ۋەكىلنىڭ داۋاسىنى قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا قەرزدارنىڭ قەرزنى قەرز ئىگىسىگە قايتىدىن بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسىنىڭ ھېلىقى

ۋەكىلنىڭ قىلغان داۋاسىنى قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن قەرزدار قەرزنى قايتۇرغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى سېتىپ ئالغان چۆرىدە كۆرۈلگەن مەسىلە سەۋەبى بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەكىل قىلغان، ئۇ چۆرىنى ساتقان ئادەم ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئۇ مەسىلىگە رازى بولغانلىقىنى داۋا قىلغان بولسا، ۋەكىل ئۇ چۆرىنى ھەتتا ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن مەسىلىگە رازى بولمىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرمىغۇچە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ چۆرىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن مەسىلە سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى كېلىپ ئۇنى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئۇ مەسىلىگە رازى بولغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلغانلىقىنى دېسە، بۇ ھالدا ئۇ چۆرە ئۇنى ساتقان ئادەمگە ئەمەس ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىگە تەۋە بولىدۇ.

بەزى بىر ئادەملەرگە تەمىنات بېرىشكە ياكى بىرەر قورۇلۇش ئىشلىرىغا پۇل بېرىپ قويۇشقا ياكى قەرزدار دوستىنىڭ قەرزىنى بېرىپ قويۇشقا ياكى بىر نەرسە ئېلىشقا، ياكى بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىگە كەلگەن زاكاتنى (پېقىرلارغا) بېرىپ قويۇشقا بۇيرۇلغان ئادەم، ئۇنىڭغا شۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلنى (كېيىن ئېلىۋالارمەن، دەپ ئۆيىدە ساقلاپ قويۇپ ياكى شۇ ئىشقا بۇيرۇغان ئادەمدىن ئالماي) يانچۇقىدىكى پۇلدىن ئىشلىتىپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەم شۇ ئىشلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىپ ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقارغان ھېسابلانمايدۇ. يەنى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ گەرچە شۇ ئىشلار ئۈچۈن پۇلنى ئۆز يانچۇقىدىن چىقىرىپ بېرىپ قويغان بولسىمۇ بۇ پۇل ئۇ ئادەمنى شۇ ئىشقا بۇيرۇغان كىشىگە ھېساب بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۆزىگە قەرزدار بىر ئادەمدىن **1000** سوم ئېلىپ ئۇنى (پېقىرلارغا) سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ ئىشقا بۇيرۇلغان ئادەم ئۇ **1000** سوم پۇلنى كېيىن قەرزداردىن ئېلىۋېلىش نىيىتى بىلەن ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ سەدىقە قىلىپ قويغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم سەدىقىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىلغان ھېسابلانمايدۇ.

يېتىمگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان بىر ئادەم يېتىمگە ئۆز مال ـ مۈلكىدىن خەجلەپ بەرگەن ۋە بۇ ۋاقىتتا يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكى يۇتۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ يېتىمگە خۇددى دادىغا ئوخشاش ياخشىلىق قىلغان

ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەگەر يېتىمگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئۇ ئادەم يېتىمگە ئۆز مال ـ مۈلكىدىن خەجلەپ بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا خەجلەپ بېرىلگەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۇ يېتىمگە قەرز ھېسابىدا خەجلەپ بېرىلگەنلىكىگە ياكى ئۆزىنىڭ كېيىن ئۇ پۇلنى ئۇنىڭدىن ئالىدىغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم يېتىمگە ياخشىلىق قىلغان ھېسابلانمايدۇ. (يەنى ئۇ ئادەم يېتىمگە خەجلەپ بەرگەن پۇللارنى كېيىن ئۇنىڭدىن ئالىدۇ). ئەگەر ئۇ ئادەم: مەن يېتىمگە خەجلەپ بەرگەن پۇللارنى مەن ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغان ئىدىم، دېسە ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ھەقتە بىرەر پاكىتى بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ.[1]

## ۋەكىلنى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنىڭ بايانى

ۋەكىللىككە تەيىن قىلىش ئەھدىسى خۇددى بىر نەرسىنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ئەھدىسىگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئۇستىگە چوقۇم ئارتىلىپ كېتىدىغان ئەھدىلەردىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىللىك ئەھدىسىدە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى يوق. (چۈنكى مەسھىلەت قىلىۋېلىش شەرتى بىر ئادەمنىڭ ئۇستىگە چوقۇم ئارتىلىپ كېتىدىغان ئەھدىلەردە بولىدۇ) ۋە ئۇنىڭغا مۇستەقىل تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ. ھۆكۈم پەقەت قەرزدارنىڭ ئۇستىدىن قىلىنغان توغرا داۋانىڭ ئاستىدا چىقىرىلىدۇ. ۋەكىللىك بىر ئادەمنىڭ ئۇستىگە چوقۇم ئارتىلىپ كېتىدىغان ئەھدىلەردىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەكىل تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ۋەكىلنى، ئەگەر ۋەكىلگە باشقا بىرسىنىڭ ھەققى باغلىنىپ قالمىغانلا بولسا خالىغان ۋاقتىدا ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋاتالايدۇ. ئەگەر ۋەكىلگە مەسىلەن ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ داۋاگەرنىڭ ۋەكىللىكىگە تەيىن قىلىنغىنىغا ئوخشاش باشقا بىرسىنىڭ ھەققى باغلىنىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتەلمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى ئۆزىنىڭ داۋاگەرى ئۇستىدىن داۋا قىلىشقا بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلغان، ئۇ داۋاگەرمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇستىدىن داۋا قىلىشقا ۋەكىل قىلىپ قويۇپ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ

---

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 416 ـ بەت.

ۋەكىلنى ھەتتا داۋاگەرنىڭ ھەققىنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى بۇرۇن ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشى توغرا ئەمەس.

بىر ۋەكىلنى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ۋەكىلنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولۇشى لازىم.

بىر ئادەمنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلىۋېتىش، ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇنى ۋەكىللىكتىن ئېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىشى بىلەن ياكى ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھەقتە خەت يېزىپ ۋەكىلگە ئەۋەتىشى ۋە ئۇ خەتنىڭ ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىشى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ۋەكىلگە ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بىر ئەلچىنى ئەۋەتىش ۋە ئۇ ئەلچىنىڭ ۋەكىل مەيلى ئىشەنسۇن مەيلى ئىشەنمىسۇن سېنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى مېنى ئۆزىنىڭ سېنى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ تاشلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، دەپ قويۇش بىلەن ۋەكىل ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن تاشلىنىپ كېتىدۇ.

بىر ۋەكىلنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. بىر ۋەكىل ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ خەۋىرى بولماي ۋەكىللىكتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ۋەكىل مۇئەييەن بىر نەرسە ئېلىشقا ياكى بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەگەر ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ خەۋىرى بولمىسىمۇ ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىشى توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە نىكاھ، تالاق ۋە قۇل ئازات قىلىش ئىشلىرىغا ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ خەۋىرى بولمىسىمۇ ئۆزىنى ئۆزى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىشى توغرىدۇر. چۈنكى بۇ ئىشلاردا ئۇنىڭ ۋەكىللىكتىن چۈشۈپ كېتىشى ھېچقانداق بىر زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋاتقان ۋە بۇنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەم ئىلگىرى ۋەكىل قىلىنغان ۋاقىتىدا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى توغرا شەكىلدە قىلىنغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ۋەكىلنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ۋەكىللىكتىن ئېلىپ

تاشلىۋەتمىسىمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئۇ ۋەكىل ۋەكىللىكتىن ئۆزلىكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم قەرزداردىن قەرزنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان، ئاندىن ئۇ قەرزنى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى ئۆزى كېلىپ ئالغان بولسا، ئۇ ۋەكىلنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىگەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ۋەكىل ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى قىلىپ تۈگەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ۋەكىل ۋەكىللىكتىن ئۆزلىكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۆزىگە خوتۇن ئېلىپ بېرىشكە ۋەكىل قىلغان ۋە ۋەكىل ئۇ كىشىگە خوتۇن ئېلىپ بەرگەن بولسا، ۋەكىل ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر ۋەكىل بىلەن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشى بىر نەرسىنى (بىرىنىڭ ساتقانلىقىنى بىرى بىلمەي) تەڭ ساتقان ۋە قايسىسىنىڭ بالدۇر ساتقانلىقى بىلىنمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئۇ نەرسىنى سېتىۋالغان ھەر ئىككى تەرەپ ھەم شېرىك بولىدۇ ۋە ئۇلارغا (ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم بولىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى ئارىسىدا تاللاش) ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياكى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ ئاياغلىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ۋەكىلنىڭ پۈتۈن بىر يىل ئېلىشىپ قېلىشى بىلەنمۇ ئۇنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ئاياغلاشقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋەكىل بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ساراڭلىقىدىن ئوڭشالسىمۇ ئۇ قايتا ۋەكىللىك ۋەزىپىسىگە (ئەگەر تەكرار ئۇنىڭغا تەيىن قىلىنمىسا) ئۆزلىكىدىن قايتالمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى مەسىلەن ئىككى شېرىكنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىگە، ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكىنىگە، ياكى مەيلى بىلسۇن مەيلى بىلمىسۇن ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمگە تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلىمە قويۇلغىنىغا ئوخشاش ئىشلار بىلەنمۇ ئاياغلىشىدۇ.

أخي المسلم

ترجم وطبع هذا الكتاب إلى اللغة الأويغورية على نفقة من يرجو رحمة ربه هدية منه لروح والديه وذريتهما وهذا الكتاب وقف للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية في المناطق التي تتحدث بهذه اللغة لا يجوز بيعه ولا يورث بل ينقل لمستفيد آخر لتعم الفائدة للمسلمين والساعي لتوصيل هذا الكتاب للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية له من الله الأجر العظيم .

..........................................................................................

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بۇ كىتاب، ساۋابىنى ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ روھىغا بېغىشلىغان بىر مۇسۇلماننىڭ نەپىقىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبۇلئىلىملارغا ۋەقفىتۇر. سېتىشقا ۋە بىر - بىرلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە كۆپ مۇسۇلماننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، پايدىلىنىپ بولغانلار باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ كىتابنى دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبلارغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرگە جانابى ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.